ۋ. گ. يان

# «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

موقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# ۋ. گ. ياننىڭ موڭغۇل ئىستىلاسىغا دائىر ئۈچ تارىخىي رومانى

- چىڭگىزخان
- باتۇخان
- «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش

ISBN 7-228-09939-7
9 787228 099399 >

ISBN 7-228-09939-7
(民文)　定价:35.00 元

15
I512.45
89

ۋ . گ . يان (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

# «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى مۇقىيت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

走向"最后的海洋"/〔前苏〕维·格·扬著；阿布都瓦力·穆克依提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3
ISBN 7-228-09939-7

Ⅰ.走… Ⅱ.①维… ②阿… Ⅲ.历史小说—前苏联—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I512.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 023546 号

责任编辑：穆纳尔江·托合塔洪
责任校对：阿依古丽·阿西木
封面设计：米尔扎提·阿布都拉·塔吉

**走向"最后的海洋"**（维吾尔文）

〔前苏〕维．格．扬 著
阿布都瓦力·穆克依提 译

---

**新疆人民出版社出版**
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 16.875 印张 2 插页
2006 年 4 月第 2 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数：1—1000

---

ISBN 7-228-09939-7 定价(精装)：35.00 元

بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据内蒙古人民出版社一九八五年三月第一版，一九八五年十月第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ھاشىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

## «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش

ئاپتورى: ۋ. گ. يان (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى مۇقىيت
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 16.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—1000
ISBN 7—228—09939—7
باھاسى (قاتتىق مۇقاۋىلىق): 35.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىسقىچە مەزمۇنى

«‹ئاخىرقى دېڭىز›غا يۈرۈش» سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستالىن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىسى ۋاسىلىي گىرد-گورىيۋىچ يانچىۋسكىي (يان — ئەدەبىي تەخەللۇسى) نىڭ تارىخىي ترىلوگىيىسى — «موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزى» (بىرىنچى قىسمى «چىڭگىزخان»، ئىككىنچى قىسمى «باتۇخان») نىڭ ئۈچىنچى قىسمى.

بۇ روماندا XIII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى 40 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل، تاتار قوشۇنلىرىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخاننىڭ باشچىلىقىدا ياۋروپاغا يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلغانلىقى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ سەركەردىلىرى، مۇشاۋىرلىرى، خانىشلىرى، باغداد خەلىپىلىكىنىڭ ئەلچىسى، گېرمانىيە خاقانى، سالنامەچىلەر، جۇڭگو بىناكارلىرى قاتارلىق نۇرغۇن پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. كىيىق قەلئەسىدىكى ئۇرۇش، باتۇخان بارگاھىدىكى بەگلىكلەرنىڭ كېڭىشى، تاغ جىلغىلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە يۈرۈش قىلىۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلىرى ناھايىتى تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، موڭغۇللار، شەرقىي ئاسىيا، كىچىك ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، شامان دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق

دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ دىنىي مۇراسىم شەكىللىد-
ىرى تونۇشتۇرۇلغان .

كىتابنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە ، تەسۋىرلىرى ئىنچىكە ۋە تىلى راۋان بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنى كۆچ-لۈك ھاياجانغا سالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى قىسىم بۇ ئىش باغدادتا بولغان** ........ 1
بىرىنچى باب خاتەم ئويغۇچى — «تەقۋادار دۇتان» ........ 1
ئىككىنچى باب يېرىم كېچىدە ........ 5
ئۈچىنچى باب خەلىپە ئوردىسىدا ........ 11
تۆتىنچى باب «ئات ئورۇق ماڭىدۇ» ........ 19
بەشىنچى باب ئەركىن ئوۋچىنىڭ سىرى ........ 23
**ئىككىنچى قىسىم ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا** ........ 30
بىرىنچى باب قوش ماچىتلىق كېمە — «شامالللار مەلىكىسى» ........ 30
ئىككىنچى باب مۆجىزە ........ 36
ئۈچىنچى باب موڭغۇل ئايغاقچىلىرى ........ 40
تۆتىنچى باب ئابدۇراخمان پالچى ساھىبەنىڭ چېدىرىدا ........ 53
بەشىنچى باب ئەقىللىق بى‌بى قۇندۇز ........ 60
ئالتىنچى باب ئەرەب سودىگىرىنىڭ زىياپىتى ........ 70
**ئۈچىنچى قىسىم باتۇخاننىڭ قارارگاھىدا** ........ 77
بىرىنچى باب «ئالتۇن ئوردا» ........ 77
ئىككىنچى باب باتۇخان زۇۋانغا كەلدى ........ 82
ئۈچىنچى باب ئەزرائىل ........ 86
تۆتىنچى باب «جاھان ياسانچۇقلىرى» ........ 98

بەشىنچى باب   ئەرەب ئەلچىسى تاتارخانىنىڭ قوبۇلىدا ... 104
ئالتىنچى باب   «ئۇرۇش دۆلىتى» پايتەختىنىڭ بەرپا
بولۇشى ........................................ 107
**تۆتىنچى قىسىم   نوۋگورود ئەلچىسى باتۇخان
ھوزۇرىدا** ........................................ 111
بىرىنچى باب   رۇس تۇتقۇنى سوراقتا .................... 111
ئىككىنچى باب   رۇس فلوتى كەلدى .................... 117
ئۈچىنچى باب   ئىپەك ئۆيۈنى.................... 122
تۆتىنچى باب   كىشىنى بىزار قىلغۇچى مېھمانلار ........ 132
بەشىنچى باب   قايغۇلۇق سەپەر .................... 139
ئالتىنچى باب   باتۇخانىنىڭ ئىلتىپاتى .................... 145
يەتتىنچى باب   ياغاچ قونچاق .................... 156
سەككىزىنچى باب   ئۈچ ئېغىز سۆز .................... 160
توققۇزىنچى باب   ئۇ ئاخىر ئۆيگە قايتىپ كەلدى ...... 171
ئونىنچى باب   بەختسىزلىك .................... 176
ئون بىرىنچى باب   دەرد ـ ئەلەم .................... 182
ئون ئىككىنچى باب   موناستىردا .................... 186
**بەشىنچى قىسىم   قارا بۇلۇت** .................... 192
بىرىنچى باب   جىننىڭ بېشارىتى .................... 192
ئىككىنچى باب   كەچكى قۇياش نۇرى ئاستىدا ........... 196
ئۈچىنچى باب   باتۇخانىنىڭ غەزىپى.................... 202
تۆتىنچى باب   نوغايخانىنىڭ ئەدەپسىزلىكى ............. 215
بەشىنچى باب   «جىنىدىن تويغانلار» قارارگاھىدا ........ 225
ئالتىنچى باب   ئۇرۇشقا يۈرۈش قىلىش كۈنى بېكىتىلدى
........................................ 237

ئالتىنچى قىسىم «قوياش پاتقان ئەللەر» خەتەر
ئاستىدا ...................................... 243
بىرىنچى باب مۆڭكەخان كىيىف بوسۇغىسىدا ...... 243
ئىككىنچى باب كوتان خاننىڭ چېدىرىدا .............. 249
ئۈچىنچى باب تەمبەردىنىڭ ھېكايىسى ................... 257
تۆتىنچى باب قىپچاق دالاسى كۆيمەكتە ................ 263
بەشىنچى باب يۈزبېشىنىڭ كالا ھارۋىسى ................ 266
ئالتىنچى باب سۈبەتەينىڭ تۆمۈر ھارۋىسى ........... 270
يەتتىنچى باب ئېتىقاد قىلغۇچىدىن خەلىپىگە ئەۋەتىلگەن
مەكتۇپ ............................................. 272
يەتتىنچى قىسىم دنېپر بويىدا ........................ 276
بىرىنچى باب نوۋگورودتىن ئايرىلىش ................... 276
ئىككىنچى باب ۋادىم كىيىفتا ........................... 287
ئۈچىنچى باب چارۋىچىلارنىڭ دوستى .................... 293
سەككىزىنچى قىسىم كىيىفنىڭ ئاخىرقى كۈن-
لىرى ............................................... 301
بىرىنچى باب كىيىفتا خاتىرجەمسىزلىك ................. 301
ئىككىنچى باب كىنەز سارىيىدا ........................... 305
ئۈچىنچى باب كىيىفنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلق كېڭىشى... 317
تۆتىنچى باب باتۇخاننىڭ چېدىرىدا ....................... 330
بەشىنچى باب ۋادىم قۇربان بولدى ....................... 337
ئالتىنچى باب كىيىفنىڭ ئاخىرقى كۈنى .................. 348
يەتتىنچى باب باغداد خەلىپىسىگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ ... 353
سەككىزىنچى باب تاتارلار كەتكەندىن كېيىن ............ 358
توققۇزىنچى باب ئالغا ! تېزلىك بىلەن ئالغا ! ........... 362

**توققۇزىنچى قىسىم موڭغۇل سالىمىسى ياۋروپا بويىدا** ...... 373
بىرىنچى باب موڭغۇللار ھۇجۇمى ئاستىدىكى ياۋروپا ... 373
ئىككىنچى باب لىگنىتسىكى ئۇرۇش ...... 378
ئۈچىنچى باب قەھرىمان ناخشىچى ...... 383
تۆتىنچى باب ماجار ئېلىدە ...... 395
بەشىنچى باب پوشتا ...... 398
ئالتىنچى باب ھەمراھ شەھەرلەر ...... 401
يەتتىنچى باب كوتان خاننىڭ ئۆلۈمى ...... 404
سەككىزىنچى باب سايئو بويىدىكى ئۇرۇش ...... 410
توققۇزىنچى باب «ئاخىرقى دېڭىز»غا بېرىش يولىدا ... 416
**ئونىنچى قىسىم باتۇخان ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدا** ...... 420
بىرىنچى باب ياۋروپادا خاتىرجەمسىزلىك ...... 420
ئىككىنچى باب بۇ «ئاخىرقى دېڭىز»مۇ؟ ...... 426
ئۈچىنچى باب كۇتۇلمىگەن ۋەقە ...... 431
تۆتىنچى باب قەيسەر تاغلىقلار ...... 437
بەشىنچى باب قىپقىزىل قانغا بويالغان قول ...... 447
**ئون بىرىنچى قىسىم تالاش ـ تارتىشنىڭ باشلىنىشى** ...... 453
بىرىنچى باب باتۇخان تىرگىستوم بوسۇغىسىدا ...... 453
ئىككىنچى باب «ئۇلگېرچ»نىڭ ناخشىسى ...... 458
ئۈچىنچى باب يىراقتىكى ئەلچى ...... 468
تۆتىنچى باب ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي كېڭەش ...... 470

**ئون ئىككىنچى قىسىم كۆكۈچ دېڭىز بويىدا** ...... 488
بىرىنچى باب پادىشاھ داچىسىدا .................... 488
ئىككىنچى باب كۇتۇلمىگەن خەۋەرچى ................ 492
ئۈچىنچى باب «تەقۋادار» دۇتاندىن كەلگەن خەت ...... 503
**ئون ئۈچىنچى قىسىم يۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى** ... 508
بىرىنچى باب دوناي بويىدىكى سۆھبەت ................ 508
ئىككىنچى باب يۇلتۇز خاتۇنىنىڭ يۇلتۇزى كۆچتى ...... 513
ئۈچىنچى باب باتۇخانىنىڭ ئەندىشىسى .................. 519




www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

# بۇ ئىش باغدادتا بولغان

## بىرىنچى باب

## خاتەم[1] ئويغۇچى — «تەقۋادار دۇتان»

باغداد جامەسىنىڭ مەيدانىدىكى كەڭ تاش پەلەمپەيگە يانداپ بىر تاش شىرە قويۇلغان، شىرە يېنىدا ئولتۇرغان تەقۋادار دۇتان سىلىقلانغان بۆرەك شەكىللىك خاتەم ئۈستىگە ئەرەبچە ھۆسنخەت بىلەن خاتەم ئويدۇرغۇچىنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن چېكىشۋاتاتتى. ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈككە ئويۇلغان بۇ سىرلىق تىلتۇمار ئىگىسىگە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايتتى ياكى ئۇنى يامان كۆزلەردىن ۋە قارغىش - ئەپسۇنلاردىن ئامان ساقلايتتى.

جامەگە ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن سالاپەتلىك كىشىلەرنىڭ قايسىبىرى تاش شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان بۇ سەنئەتكارنى، يەنى «تەقۋادار دۇتان» (ھەممە كىشى بۇ خاتەم ئويغۇچىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) نى، ئۇنىڭ ئۇزۇن قىزىل ساقىلىنى، ئۆسكىلەڭ قارا قاشلىرىنى ۋە قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى خۇنۇك، ئەمما

---

① خاتەم — مۆھۈر ئۈزۈك.

www.uyghurkitap.com

تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق كۆزلەرنى كۆرمىگەن دەيسىز ؟

بىر كۈنى ، ئۇستىگە قىممەت باھالىق ، لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت كىيگەنلىكتىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن يۇڭ چەكمەن چاپان كىيگەن ، سالاپەتلىك بىر ئادەم تەقۋادار دۇتاننىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى . ئۇ بىر تەرىپى سۇزۇك ، ئاچ يېشىل رەڭلىك كەھرىۋانى تاش شىرە ئۈستىگە قويۇپ ، دۇتاندىن «مۇقەددەس خەلىپىنىڭ ساقال ئالغۇچىسى ئېھتىياتكار ھاسان» دېگەن خەتلەرنى ئويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

— ئەپۇ قىلغىن ، ئۇزۇم قادىر بولمىغان ئىشلارنى قىلالمايمەن ، — دۇتان قولىدىكى ئىشنى توختاتماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇ خەتلەر ساڭا ئويلىمىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن . ياخشىسى باشقا خەت يازغۇزغىن ، مۇقەددەس خەلىپە ئەخلاق ۋە دىيانەتنىڭ نەمۇنىسى ، ئۇ ھەرگىزمۇ ساقىلىنى ئالدۇرمايدۇ . مۇبادا شۇنداق بولسا ، پۇقرادىن خاتىرجەملىك كۆتۈرۈلدۇ . ماشائاللا ، ماشائاللا ! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ !

— سېنىڭچە ، قانداق خەت مۇۋاپىق ؟ — دېدى ھاسان تەئەججۇپ ۋە ئەنسىز كەيپىيات بىلەن .

— سېنىڭ ئەجدادىڭ ، بۇنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان ساقال ئالغۇچى ئۇستام مۇنداق خەتلەرنى ئىشلەتكەنىدى : «مۇقەددەس خەلىپىنىڭ ساقىلىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئابدۇللا بەربەر» بۇنداق خەتلەر ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرمەيدۇ… چۈنكى ئۇ ساقىلىنى قوغدىغۇچى - دە ! — دېدى دۇتان بىگىز قولىنى مەنىلىك چىقىرىپ ، — بۇنداق بولغاندا خەلىپە — خۇدا ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي — سېنىڭ ئېھتىياتكارلىقىڭدىن مەمنۇن بولىدۇ .

— بولىدۇ ، دېگىنىڭدەك بولسۇن ! — دېدى ھاسان خاتەم ئويغۇچىغا . مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن خەت ئويۇلغان بىر ئالتۇن ئۈزۈككە چۈشۈپ قالدى . بۇ ئۈزۈكنىڭ قانداقتۇر بىر

يېرى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى ، — ئاۋۇ قـاندـداق خەت ، — دېدى ـ دە ، ئۇنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى .

تەقۋادار دۇتان مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ ، قوينىدىكى ئۈزۈكلەر سېلىنغان زۆرۈرىيەت ھەميانىغا سال- دى ۋە :

— بۇ ئۈزۈككە خەتنى تېخى ئويۇپ بولالمىدىم . مەن ئەزەلدىن قولۇمـدىن چىقـمىغان ئىشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى ياقتۇرماي- مەن ، — دېدى .

دەل شۇ چاغدا ، كېلىشكەن ، شوخ ئارغىماققا مىنگەن ياش بىر يىگىت ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە ، ئاتتىن چۈشمەيلا :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك ئۇستازىم — تەقۋادار دۇتان ! مېنىڭ ئۈزۈكۈم پۈتتىمۇ ؟ — دېدى .

ئەزەلدىن خاتىرجەم يۈرىدىغان دۇتان ھولۇقۇپ قالدى . زۆرۈ- رىيەت ھەميانىدىن ھېلىقى ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ ، پەلەمپەي- دىن چۈشكىنىچە ئاتلىقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى .

ئاتلىق يىگىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىنتايىن ياش ، چەبدەس ۋە كېلىشكەن يىگىتلەر ئىدى . ئاتلىق يىگىت 25 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ ، ئاددىيغىنا كىيىنگەنىدى . ئۇنىڭ تۇرقى چۆللۈكنى ماكان قىلغان كۆچمەن بەدەۋىلەرگە ئوخشايتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كىيگەن جۇل ـ جۇل كىيىملىرىدىن ۋە ئۆزىنى تۇتۇشىدىن باتۇر ، ئەركىن ئادەملەرگە خاس مەغرۇرانە قىياپەت جەۋلان قىلاتتى . ئۇنىڭ جىس- مىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى ، پاك قەلبىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئىللىق چىراي ئۇنى تېخىمۇ جەسۇر ۋە يېقىم- لىق قىلىپ كۆرسىتەتتى .

ئاتلىق ئۈزۈكنى ئالغاندىن كېيىن ، مەيداننى توغرىسىغا كې- سىپ چاپتۇرۇپ كەتتى . ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ بېسىل- غاندىن كېيىن ساقال ئالغۇچى ئۇستا ھاسان :

— بۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى .

— كىملىكىنى سوراپ نىمە قىلاتتىڭ! سەن ئۇچۇن بەرىبىر ئەمەسمۇ؟ سەن ساقلىنىشنى ئۆگىنىۋالساڭ بولىدۇ، ئۇ ئىتنى كۆندۈرسۇن. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ بەيگە مەيدانىدىكى ئەڭ چەبدەس چەۋەندازى ئۇ ھەرقانداق توسۇن ئايغىرنى كۆندۈرەلەيدۇ، — دېدى دوتان زەردە بىلەن.

— ئۇنىڭغا ئالتۇن ئۈزۈك نېمىگە ھاجەت بولۇپ قاپتۇ؟

تەقۋادار دوتان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ كەتتى. پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ نامازغا كىرىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ ھەيران بولغىنىدىن توختاپ ئۇلارغا قاراپ قېلىشتى.

— سەن بۇ ئۈزۈك بىلەنلا قالدىڭغۇ؟ نېمە چاتىقىڭ بار، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟ ئەگەر سەن ئوردىنىڭ «جاسۇسى» بولساڭ، مەن ساڭا جاۋاب بېرەي، بولمىسا ھازىر كۆزۈمدىن يوقال!

ساقال ئالغۇچى ئۇستا ھاسان كەينىگە داجىغىنىچە دەرھال كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ ئۇدۇل ئوردىغا كىرىپ بۇ ۋەقەنى ۋەزىرگە مەلۇم قىلدى:

— ئەل - مەنسۇر① نىڭ ئۈزۈكى بولۇشى ئېھتىمال، — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي ۋەزىرگە ئەھۋالنىڭ جەريانىنى مەلۇم قىلىپ، — سىلى بۇ ئەھۋالنى چوقۇم يۇقىرىغا مەلۇم قىلسىلا. بۇ ئىشنىڭ تېگىدە يەنە قانداق خۇپىيانە سىر بار، ئاللا بىلىدۇ.

---

① ئەل - مەنسۇر — كورت خەلىپىنىڭ قۇللار مۇھاپىزەت توپىنىڭ باشلىقى، ئوتتۇرا ئەسىر كىتابلىرىدا ئەلى مەنسۇر دەپ ئاتالغان.

# ئىككىنچى باب

## يېرىم كېچىدە

باغدادتا قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى . دۇتان يولۇچىلارنىڭ كەينىدىن چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ، ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا ، بازاردىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ بولغانىدى .

ئۇ خىلۋەت بىر تار كوچىغا بۇرۇلۇپ ، ئۇدۇلدىكى كىچىك ئىشىكنى قاقتى . بىر غېرىب چىراي يەكچەشمە ئادەم ئىشىكنى غىچىلدىتىپ ئاچتى . دۇتان تار ھويلىغا قويۇلغان كالا ھارۋىسىنى ئەگىپ ئۆتتى . ئاندىن قىستىلىشىپ تۇرغان تۆگىلەرنى ئېھتىيات بىلەن ئەگىپ ئۆتۇپ ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ ماھمۇت يالۋاچىنىڭ[1] مال قويغان ئىككى قەۋەتلىك ئامبار ئۆيىنىڭ يەر ئاستى ھۇجرىسىدا تۇراتتى .

بۇ قورۇ - جاي خارەزمىنىڭ تاۋار - دۇردۇنلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغان كاتتا بىر باينىڭ ئىدى . ئۇ كىشى خۇداگۆي ۋە مېھماندوست بولۇپ ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل مۇقەددەم بۇ يەر ئاستى ھۇجرىنى خاتەم ئويغۇچىغا بەرگەنىدى . دۇتان بۇنىڭ بەدىلىگە باينىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈكىنىڭ كۆزىگە ئۇلۇغ سۇلايماننىڭ[2] ئەپسۇنىنى ئويۇپ بەرگەن .

① يالۋاچ — ماھمۇتنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستاندىكى ئۇرگەنچ ئەتراپىدا .

② سۇلايمان — «ئىنجىل» دىكى سۇلايمان پادىشاھ ، كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قەھرىمان كىشىلەرنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىنغان .

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن سودىگەر ئىنتايىن مەمنۇن بولغانىدى . دۇتان گۆردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىلەپ ۋە سىيپاپ يۈرۈپ پاكار ، كىچىك شىرەنى تاپتى . ئۆشىنىسىگە ئارتىۋالغان (خاتەم ئويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار سېلىنغان ) تېرە خالتىنى كىچىك شىرەنىڭ يېنىدىكى تەكچىگە قويدى ـ دە ، يەر ئاستى ھۇجرىدىن قايتىپ چىقتى . ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەك ئۈستىدە قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىغا ۋە ئاسماندىكى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە بىر كىمنى كۈتۈپ ئولتۇردى .

تۆگىلەر پۈشۈلدايتتى . بەزىلىرى ياتاتتى ، بەزىلىرى ئۆرە تۇراتتى . ئۆرە تۇرغان تۆگىلەرنىڭ پۈتى ئارىلىقىدىن تۆگە يېتىلىگۈچى ھويلا ئوتتۇرىسىغا ياققان گۈلخاننىڭ قىپقىزىل يالقۇنىنى كۆرگىلى بولاتتى .

ئۇ كۈتكەن كۆلەڭگە ئاخىر كۆرۈندى . كۆلەڭگە دۇتاننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . ئۇنىڭ جىسمىدىن ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . كۆلەڭگە ئىنتايىن يېقىملىق بىر ئاۋازدا ئېھتىيات بىلەن :

— ھۆرمەتلىك مەۋلانەم سىزگە سالام يوللىدى ۋە سىزنىڭ مەۋلانەمگە دۇئا قىلىپ تۇرۇشىڭىزنى ئېيتتى ، — دېدى .

ئۇ دۇتانغا قول كۆيگۈدەك قىزىق كاكچا ناندىن بىرنى ۋە ھورى پۇرقىراپ تۇرغان ئۇماچتىن بىر قاچا ئېلىپ كەلگەنىدى . دۇتان قولىنى سوزۇپ تاماقنى ئالىدىغان چاغدا ، قىزنىڭ كۈمۈش ئۈزۈك تاقىغان نازۇك قوللىرىدىن گۈپۈلدەپ تۇرغان پۇراقنى پۇرىدى ، يۈزىگە قىزنىڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرى تېگىپ كەتتى . قىز ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە تال چۈچۈلا ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى . دۇتان ئۇنىڭ كەينىدىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قالدى ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى . ئۇزۇن ئۆتمەي قىز بىرنەچچە تال چۈچۈلىنى ئەكېلىپ ، ئېڭىشىپ پۈۋلىدى . بۇ چاغدا ، ئوتتىن چىققان يالقۇن قىزچاقنىڭ گۈزەل چىرايىنى ، سۇرمە تارتقان

قاشلىرىنى ، پەرداز قىلىنغان ماڭلىيىنى يورۇتتى . ئۇ بىرئاز مەسخىرە قىلغاندەك :

— ھەر قېتىم قول ئۈزىتىپ تاماق ئالغان ۋاقتىڭىزدا قولىڭىز نېمانچە تىترەيدۇ ؟ شۇ چاغدا ئۇماچنى تۆكۈۋەتمىگىيدى دەپ بەكمۇ ئەنسىرەيمەن ، — دېدى - دە ، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى .

دۇتان ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ ، چۇچۇلىنى پۈۋلەپ بىرنەچچە تال نوتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى . ئۇ پىلىلداپ تۇرغان ئوت يالقۇنىدا قېلىن قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئاق ئورۇنلارغا خەت يېزىشقا باشلىدى . ئۇ كىشى چۈشىنىپ بولمايدىغان سۆزلەرنى توختىماستىن پىچىرلاپ ئوقۇيتتى . خۇددى باشقا بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقاندەك توختىماي ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلايتتى .

كېچە… بۈگۈن كېچە ! بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى . يۈرىكىم يەنە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ . بۇ سەرگەردانلىق تۇرمۇشقا ئەمدى خاتىمە بېرىش كېرەك … توغرا ، مەن يەنە تولۇپ تاشقان ئۈمىدتىمەن … مېنى تېخى ھېچكىممۇ ئۇتۇپ باققىنى يوق . شاھماتتا ئۇتۇشنى ئويلىساڭ ، ئاتنى ياخشى ئوينىشىڭ كېرەك . ئالۋاستى مۇبادا تاغدىن چۈشۈپ يول تورىماقچى بولسا ، ئۇنىڭغا ئۇدۇل مېڭىش ئەلۋەتتە ئەخمەقلىق . ئەتە سەھەردە مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىم كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر چاچقۇسى . كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ھالقا تۈزۈپ ، نەچچە ۋاقىتتىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولۇپ كەلگەن مەندەك بىر چۈمۈلىنىڭ زەئىپ ئاۋازىغا ئەسەبىيلەرچە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . بەخت قۇشى مېنىڭ بېشىمغا قونۇپ ، ئىشلىرىم روناق تاپىدىغان پەيت كەلدى . مېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىم بار . شۇم چايانلار مېنىڭ قەلبىمنى ئۆرتىيەلمەيدۇ .

دۇتان ئىشىكنىڭ تاقىقىنى ئېلىپ ، تۈرۈكلۈك كىگىزنى ئېچىپ سالدى ، ئاندىن قاراڭغۇ ھۇجرىغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى .

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ، تىنۇش چىقارمايلا كىرىپ كەتتى . قا-

راڭغۇلۇق ئىچىدە شوتىنى سىلاپ يۇرۇپ بىرنەچچە بالداق تۆۋەنگە چۈشۈپ يەنە يۇقىرىغا چىقىدىغان بىر شوتىنى تاپتى. ئاندىن ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭغا ياماشتى. ئاخىر ئۇ تار، ئۇزۇن شىرە قويۇلغان بىر ھۇجرىغا كىردى. بۇ ھۇجرىدا بىر كىچىك روجەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېچە ئاسمىنىدىكى خىرە يۇلتۇزلار ھۇجرىغا ماراپ قارايتتى.

دۇتان يەرگە يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، پەس ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلدى. قىرائەتنى دەسلىپىدە ئەرەبچە، ئاخىرىدا باشقا بىر خىل تىل بىلەن قىلدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھراب شەكىللىك روجەككە بىر پەس قارىغاندىن كېيىن يەنە تۆۋەنگە قاراپ قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى، ئۇن - تىنسىز ھالەتتە ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتى، جىمجىتلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ئولتۇراتتى.

ئەمدى تولۇن ئاي ئاستا - ئاستا روجەكتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ كونا يولى بىلەن مېڭىپ يەر يۈزىگە كۈمۈش نۇرىنى چاچماقتا.

يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلىۋاتقان دۇتان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن شىرەنىڭ چېتىنى چىڭ تۇتتى... ئاي نۇرى شىرە ئۈستىدىكى تالدىن توقۇلغان ئۇزۇن تاختىپۈشنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

تاختىپۈش ئۈستىدە قارا تاۋاردىن كۆڭلەك كىيگەن بىر ئايال ياتاتتى. ئۇ ئايال شۇنچىلىك دەرىجىدە جۇدەپ كەتكەنىدىكى، پۈتۈن بەدىنى قۇرۇپ قاقشال بولغان بىر تاياققا ئوخشاپ قالغانىدى، پۈرلىشىپ تۇرغان كىيىملەر ئىچىدىن جىسمىنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇنىڭ قورايدەك بىر جۈپ قولى كۆكسىگە قويۇلغان بولۇپ، كۈمۈش رەڭ، جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئۈزۈك تاقىۋالغانىدى.

دۇتان كەينىگە ئۆرۈلۈپ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلى-

دى... تولۇن ئاي دەل روجەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، نازۇك بىر گەۋدە روجەكتە پەيدا بولدى. ئاينىڭ نۇرىدا ئۇ بەكمۇ ئېنىق كۆرۈنەتتى.

دۇتان پەس ئاۋاز بىلەن تەلۋىلەرچە ئىلتىجا قىلدى:

— سېنىڭ سادىق خىزمەتكارىڭ بۇ يەردە... ھەرقاچاندىكىدەك مەن سېنىڭ قېشىڭدا... مۇلايىم، گۇناھسىز مەريەم! سەن مېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسەن! نازۇك قوللىرىڭنى سوزۇپ پېشانەمنى سىلاپ قوي! ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن!

ئۇ روجەكتىكى گەۋدىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرىنىڭ مىدىرلىشىنى، يۈزىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىنى، قايتا تىرىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

— ئەي خۇدا، ئەتراپىمدا قىسمەت بالاسى! مېنىڭ قەيسەر ئىرادەمۇ بۇ قورقۇنچلۇق تەقدىرگە تاقابىل تۇرالمىدى. سەن مېنىڭ كۆز ئالدىمكى ھەممە نەرسىنى گۇمران قىلدىڭ، مەن تەييارلىغان ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلدىڭ، بارلىق تىلەكلىرىمنى ئەھمىيەتسىز قىلدىڭ، بىراق مەن ھەرگىزمۇ تىز پۈكمەيمەن!

ئاي كۆكتە ئاستا - ئاستا ئۆزۈپ روجەكتىن كېتىپ قالدى. نازۇك بەدەن گۈزەل ئايالنىڭ ئاجايىپ سايىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يوقىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

دۇتان گۇپپىدە قىلىپ يەرگە تىزلاندى - دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قايغۇ - ھەسرەت بىلەن:

— پاك، گۇناھسىز مەريەم ۋاپات بولدى. مەن ئۇنى ئاخىرقى قېتىم، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرمەكتىمەن. ئەتە ئۇ مەڭگۈلۈك خاتىرجەم ماكانغا كېتىدۇ! — دېدى.

توساتتىن ھويلىدىن چىققان چۇقان - سۈرەندىن ئۇ ئۆزىگە كەلدى.

— دۇتان! ھەي، خاتەم ئويغۇچى دۇتان! ئىشىكنى تېز ئاچ، بولمىسا بۇزۇپ كىرىمىز!

www.uyghurkitap.com

دۇتان بىرنەچچە دەقىقە ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، دەرھال يۇقىرىغا يۇگۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قاراڭغۇ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى كىگىز بىلەن يېپىپ قويدى.

سىرتتىكىلەر ئىشىكنى ئۆكتەملىك بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ تاقاقنى ئېلىۋەتتى.

بىر زەڭگى قۇل مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا بېسىپ كىردى. ھۇجرىنىڭ ئىچىنى مايىنىڭ قاڭسىق ھىدى قاپلىدى. قۇلنىڭ كەينىدىن بەستلىك بىر پالۋان كېلىپ ئىشىكنى توغرىسىغا توراپ تۇردى. دۇتان بىر قاراپلا بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان خەلىپىنىڭ قول ئاستىدىكى جاللات ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— سەن ھېلىقى داڭلىق «تەقۋادار دۇتان» دېگەن خاتەم ئويغۇچىمۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭ، ھۆرمەتلىك مەنسۇر، ئادالەتنىڭ شەمشىرى، مۇقەددەس خەلىپە تەختىنىڭ قۇدرەتلىك تۈۋرۈكى!

— بىز بىلەن بىرگە ماڭ، تەقۋادارلىقىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقايلى. ھەي قۇللار! بۇ ئادەم قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتمىسۇن، قولىنى چىڭ باغلاڭلار، بولمىسا بۇ سېھىرگەر شەپەرەڭگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

— مەۋلانەم، مەن ئەزەلدىن ھاياتنى قەدىرلەيمەن، — دەپ دۇتان ئىتائەتمەنلىك بىلەن قولىنى كۆتۈردى. ئىككى زەڭگى قۇل دەرھال توم ئارقان بىلەن ئۇنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى.

## ئۈچىنچى باب

# خەلپە ئوردىسىدا

ئىككى زەڭگى دۇتاننى قولتۇقلاپ يەر ئاستى ھۇجرىدىن چىقتى . ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، دۇتان ئۇشتۇمتۇت جىننىڭ بارچە ۋارقىرىدى . ئۆگزىدە ئۇخلاۋاتقان كىشىلەر ئويغىنىپ كېتىپ ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشقا ، تىللاشقا باشلىدى :

— تەقۋادار قېرى ئادەمنى نېمە ئۈچۈن قىينايسىلەر؟ قويۇپ بېرىڭلار ! ھەي ياۋۇزلار !

— تېز ماڭ ، تېز ! — دەپ ۋارقىرايتتى مەنسۇر زەڭگىلەرنى نوقۇپ .

دۇتان تىرەجەپ ماڭماي تۇرۇۋېلىپ ۋارقىرىدى :

— ھوي ، قۇيرۇقسىز مايمۇنلار ، قولۇمنى نېمىشقا باغلىشىسەن؟ مەن مۇشۇ قولۇمغا تايىنىپ جان باقىدىغان ئادەم تۇرسام ! مېنى باغلىمىساڭمۇ ماڭىمەنغۇ...

ئۇ ئاجايىپ بىر جاسارەت بىلەن يېنىدىكى زەڭگىگە قايرىلىپ :

— مېنىڭ كۆزۈمگە تىكىلىپ قارا ، چوشقىنىڭ كۈچۈكى ! سەن مۇشۇ تۆگە پادىسىنىڭ ئىچىدە يېتىپ ئۇخلاشنى خالىغان بولساڭ ، بار ، يېتىپ ئۇخلا ! دەرھال سۇغۇردەك قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بول ! — دېدى .

ھېلىقى گۈللۈك چاپان كىيىپ ، بۇرنىغا مىس بالداق تاقىغان بەستلىك زەڭگى شۇ زامان دەلدەڭشىگىنىچە بېرىپ يەرگە يىقىلدى ـ دە ، سۇنايلىنىپ ياتتى .

دۇتان ئىككىنچى تەرەپكە قاراپ ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆ-

www.uyghurkitap.com

زىنى ئىككىنچى زەڭگىگە تىكتى .

— ھەي لەقۋا ، سەنمۇ ئۇخلاشنى خالامسەن! ئۇنداق بولسا ئاۋۇ كالۋا قېرىندىشىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ ياتقىن ، قارا سىيىرغا ئوخشاش پۇشۇلداپ يات ! — دېدى .

ئىككىنچى زەڭگىمۇ دەلدەڭشىگىنىچە ھېلىقى يەردە يېتىپ ئۇيقۇغا غەرق بولغان يولدىشىنىڭ قېشىغا باردى ـ دە ، گۈپپىدە قىلىپ يىقىلدى . بىر پەستىلا ئىككىسى بەس ـ بەس بىلەن خورەك تارتىشقا باشلىدى .

غەزەپلەنگەن مەنسۇر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان زەڭگىلەرنى تارتىپ باقتى ، تېپىپ باقتى ، ئاخىر بەلۋېغىنى يېشىپ پېشانىسىدىكى مونچاقتەك تەرلەرنى سۈرتۈپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە ، دۇتاننىڭ ئالدىغا كەلدى . دۇتان ۋەزمىن قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ :

— ئەي تەڭـدىشى يـوق گـۈزەل ئـاي ، — دەپ خىتاب قىلدى ، — سەن ئالىي نەسەب ۋە تۆۋەن نەسەبتىكىلەرنىمۇ ، ئاقىل ۋە نادانلارنىمۇ ئوخشاشلا يورۇتۇپ تۇرسەن . ئىشنىڭ يولىنى بىلـ-مەيدىغان بۇ نادانلارنىڭ كاللىسىنى سەگىتىپ قويغايسەن . ئۇلار تەقۋادار بىچارە دۇتاننى قوينى سۆرەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقاندەك ئۆلتۈرۈپ قويۇشمىسۇن !

ئۇ مەنسۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈر-گەندىن كېيىن :

— مەرھەمەت قىلىپ مېنى بەختلىك ھالدا ئادىل سوراقچى بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر قىلغىن ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ خەلە-پىگە ئىنتايىن لازىم بولىدىغان بۇ گۈلدەك بىر جۈپ قولۇمنى باغلاپ قويىسەن؟ مېنى يېتەكلىمىسەڭمۇ ماڭالايمەن . بۇ ئىككى ئەخمەق تۆگە ، تاڭ ئاتقۇچە بۇ يەردە سۇنايلىنىپ ياتسۇن . ئۇلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھازىر بۇيرۇق بېرىمەن :

— ھەي ئىككى ئۆلۈك بۆرە ، ئىككىڭ دەرھال ئۆيۈڭگە قايـ-تىپ بېرىپ ، ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئويغىنىش !

ئىككى زەڭگى قوۋل ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، ئىككى قولى بىلەن ئىشتىنىنىڭ بېغىنى كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى .

دۇتان خەلىپە ئەۋەتكەن مەھرەمگە مۇنداق دېدى :

— سەن ئالدىمدا يول باشلىغىن . ياخشى نىيەت بىلەن پەند - نەسىھەت قىلغۇچى ھۆرمەتلىك مەنسۇر ، مەن ساڭا ئەگىشىپ ماڭاي .

ئوتقاشنى ئېگىز كۆتۈرگەن زەڭگى قوۋل ئەڭ ئالدىدا ماڭدى . ئۇنىڭ كەينىدىن قولىدىكى ھاسىسىنى ھەيۋە بىلەن يەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ ۋە دەممۇدەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ مەنسۇر كېلىۋاتاتتى . ئەڭ كەينىدە تەقۋادار دۇتان چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى .

بۇ بىر قۇرغا تىزىلغان ئۈچ كىشى سۈكۈت ئىچىدە باغدادنىڭ تار ، ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرىدا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى . كۈندۈزى بۇ كوچىلار ئىنتايىن ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى ، جاھان غوۋغالىرى بۇ يەردىن پەلەككە كۆتۈرۈلەتتى ، ھازىر پەقەت بىرنەچچە لالما ئىتلا تۆت كوچا ئېغىزىدا كىشىلەر تاشلىۋەتكەن سۆڭەكلەرنى تالىشىپ بىر - بىرىگە خىرىس قىلماقتا . كېچىلىك جېسەككە چىققان قاراۋۇللار يىراقتىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ۋارقىرىدى :

— كىمسەن ، ئەگەر جاۋاب بەرمىسەڭ ، جېنىڭنى ئالىمەن !

خەلىپىنىڭ جاللىتى — ياۋۇز مەنسۇرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان ، قاراۋۇللار يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ، ئاغزىغا كەلگەننى شىۋىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى .

ئۇلار چوڭ يولنى بويلاپ ئاخىر بۈيۈك دەجلە[1] دەرياسىنىڭ يېنىغا كېلىشتى ، بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان خەلىپە كېمىسىگە چىقىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتى . ئۇ قاتتا ئۇلارنى ۋەزىر ۋە نەيزە تۇتقان بىرنەچچە لەشكەر كۈتۈپ تۇرغانىدى .

— دەۋرىمىزنىڭ پۇشتى - پاناھى تەقەززالىق ئىلكىدە چېچىل-

---

① دەجلە — تىگر دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى .

www.uyghurkitap.com

ماقتا ، — دېدى ۋەزىر ، — ئۇ تېخى ئۇخلىمىدى ، بۇ خەتەرلىك ياۋۇزنى دەرھال ئالدىغا ئېلىپ كىرىشكە پەرمان بەردى.

— ئەي قۇدرەتلىك ئەل ـ مەنسۇر ، — دېدى دۇتان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئايغا رۇسلىنىپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ، — بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىڭ ، پەيتى كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قىساس ئالغايسەن !

مەنسۇر ۋەزىرنى بىر چەتكە چاقىرىپ پەس ، لېكىن جىددىي ئاھاڭدا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

— بۇ ئېگىز بويى ، قىزىل ساقال قېرى تەڭداشسىز سېھىرگەر ئىكەن ، ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ ، ئۇنى ئېھتىيات بىلەن ئوردا ئىچىگە ئەكىرىۋالايلى ، شەپەرەڭگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىشىدىن پەخەس بولايلى . بۇ قېرى ، زەڭگىلەرنى يات دېۋىدى ، زەڭگىلەر قاتتىق مەست بولغان ئادەملەردەك يەرگە يىقىلدى ، كېيىن بىرلا بۇيرۇق بېرىۋىدى ، زەڭگىلەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك يۈگۈرۈپ كېتىشتى .

— چۈشەندىم··· مەرھەمەت ، ھۆرمەتلىك تەقۋادار دۇتان ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭ ! پادىشاھى ئالەم (ئاللا ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي ) سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، تېزرەك بولايلى .

خەلىپىنىڭ ئوردىسى ۋە چار باغلىرى پۈتۈن شەھەرنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى . ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئوردا تاملىرىنىڭ ئىچى بوك ـ باراقسان دەرەخزارلىق بولۇپ ، ئۇ يەردىكى ياپيېشىل خورما دەرەخلىرى ۋە قامەتلىك ئارچا دەرەخلىرى بەكمۇ كۆركەم ئىدى . دەرەخ ئارىسىدىن سان ـ ساناقسىز قۇببىلىق راۋاقلار ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . راۋاقلار ئىچىدە خەلىپە مۇستەنسىرنىڭ «مەرۋايىت»لىرى (ئۇنىڭ يەتتە يۈز خوتۇنى ) تۇراتتى ، مىڭلىغان ھەرەم خادىملىرى ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ كۈتەتتى . ئوردىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئوردا مەسچىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشقان مۇنارى يىراق ـ يىراقلاردىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئوردىنىڭ كۈنگۈرىلىك ئاسارلىرىنىڭ

ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە بىردىن قاراۋۇل نەيزىلىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا مىدىر قىلماي تۇرۇشاتتى .
ئېگىز بىر جۇپ راۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئوردا دەرۋا-زىسىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئەسكەر قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى . ئۇلار تەبىئىتى ياۋۇزلۇق بىلەن تولغان ، ھەرىكىتى يانغىن بىلەن سۇغۇ-رۇلغان ئوردا ياساۋۇللار باشلىقىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززا-لىق ۋە خاتىرجەمسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشاتتى .
قاراۋۇللار كەينىگە چېكىندى ، تەقۋادار دۇتان مەزمۇت قەدەم تاشلاپ خەلپىنىڭ چار بېغىغا بىرىنچى بولۇپ كىرىپ كەلدى . ئۇ قەددىنى پۈكمەي تۈپتۈز مېڭىپ كېلىۋاتاتتى .
ۋەزىر بىلەن مەنسۇر يۈگۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ ، ساراي دەرۋازد-سىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ساراي ئىچىدە باش ۋەزىر مىستىن ياسال-غان گۈللۈك پانۇس تۇتقان ئىككى مۇلازىم بىلەن بىرگە خېلىدىن بېرى بۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى .
— سەن كىم ؟ — دەپ سورىدى باش ۋەزىر كۈمۈشتەك ساقاللىرىنى سىيپاپ تۇرۇپ .
— ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى — خاتەم ئويغۇچىمەن ، كىشىلەر مېنى تەقۋادار دۇتان دەپ ئاتىشىدۇ .
— سەن ھازىر خەلىپە مۇستەنسىرنىڭ (ئاللا مەڭگۇ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ) ھۇزۇرىغا كىرىسەن . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، سې-نىڭ سوئال سورىشىڭغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ ، بەلكى ئۇ سورىغان سوئاللارغىلا جاۋاب بېرىسەن .
— مەن پادىشاھ ئالىيلىرى بىلمەكچى بولغاننىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن ، — دېدى دۇتان ، ئاخىرىدا چۈشىنىكسىز غو-دۇڭشىپ قويدى .
ھەممىسى ئايلانما پەلەمپەي ئارقىلىق ئوردا سالامخانىسىغا قاراپ كۆتۈرۈلدى . سالامخانا ئىچىگە يۇمشاق گىلەملەر سېلىنغان ، تورۇستا بىباھا زۇمرەت ياقۇتلار بەئەينى كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇراتتى .

سالامخانىنىڭ بىر چېتىگە ئاتاقلىق باغداد قىزىل ئۆچكىسىنىڭ سۈپەتلىك تېرىسى بىلەن قاپلانغان كۇرسىلار قويۇلغانىدى. بۇ كۇرسىلارنىڭ بىرىدە ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇزۇن ساقىلى قاپقارا قىلىپ بويالغان، بېشىغا ئاپئاق سەللە يۆگىگەن، قىزىل تونىنىڭ مۈرىلىرىگە كالۋۇتۇندىن نەقىشلەر چېكىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە مەھرەم قول قوۋۇشتۇرۇپ، يۈكۈنگەن پېتى يېرىم دائىرە ھاسىل قىلىپ تۇراتتى.

دۇتان قەدىمىنى توختاتتى. ئۇ كۈتۈشنىڭ ئېغىر مىنۇتلىرىدىن پايدىلىنىپ يىراقلارغا نەزەر سالاتتى.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى سودا رايونىنىڭ ئۈستىنى سۇس تۇمان قاپلىغانىدى. بىرقانچە جايدا ھېلىمۇ چىراغنىڭ يورۇقى پىلىلداپ تۇراتتى. دەجلە دەرياسىنىڭ ئېقىنى كۈمۈش ئاي نۇرىدا تاۋلىناتتى. سۈتتەك ئاي يورۇقىدا دەريا سۈيىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ يىراقتىكى پارس قولتۇقىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

«مەن ئاخىر ئۇلۇغ خەلىپىنىڭ ئوردىسىغا كىرىشكە مۇيەسسەر بولدۇم، — دەپ ئويلىدى دۇتان ھاياجاندىن نەپەسى قىسىلغان ھالدا، لېكىن سىرتتىن قارىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ۋەزمىن كۆرۈنەتتى، — توققۇز يىلدىن بېرى مانا مۇشۇ بەختلىك مىنۇتلارنىڭ كېلىشىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتتۈم. قۇدرىتى تەڭداشسىز پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تىلسىماتلىق بۇ ئوردىسىدا بەخت ماڭا قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن... مېنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىم قانداق بولىدۇ؟ بۇ پۇتـۇنـلەي مېـنـىڭ ماھارىتىمگە باغلىق... »

— ساڭا ئېيتىپ قوياي، مەرھەمەتلىك كىشى، — ۋەزىر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن دېدى، — سەن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، باش قويۇپ ئۇنىڭ سوئال سورىشىنى كۈتۈشۈڭ كېرەك.

دۇتان كەشىنى گىلەم ئۈستىگە سېلىپ قويۇپ، خەلىپىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئالدىغا يالاڭ ئاياغ باردى ۋە تىزلىنىپ باش قويۇپ ئاياغ ئاستىدىكى گىلەمنى قايتا ـ قايتا ئۆپتى .
— ياخشىمۇسەن ، قىزىل ساقال ! — دەپ گەپ باشلىدى خەلىپە ، — ئاڭلىسام ، سەن بەزى مەخپىيەتلىكلەرنى بىلەر-مىشسەن !
— سىز ئەزەلدىن ھەقىقەتنى سۆزلەيسىز ، دانالىقتا تەڭدىشى يوق پادىشاھى ئالەم . سىزنىڭ شۆھرىتىڭىز ۋە قۇدرىتىڭىز ئالدىدا قۇياش خىرە بولغاي ، مەن بىلىدىغان مۇھىم ئىشلارنى سىزگە ، پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ئېيتماقچىمەن . بۇ سورۇندا ئۆزگىلەرنىڭ بو-لۇشىنى خالىمايمەن . بۇ ئەل ـ مەنسۇرنىڭ ۋەسىيىتى .
— مېنىڭ سادىق دوستلىرىم ،— خەلىپە يۇكۈنۈپ ئولتۇرغان مەھرەملەرگە قاراپ دېدى ،— سىلەر سارايىنىڭ چوڭ زالىغا چىقىپ دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار ، بۇ يەردە مېنىڭ باش ۋەزىرىم قالسۇن !
مۇلازىملار ئورنىدىن تۇرۇپ ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئۈششاق دەسسەپ سالامخانىدىن كېتىشتى .
دۇتان سۈكۈت ئىچىدە خەلىپىگە قاراپ تۇرغاندا ، ئۇنىڭ كۆڭ-لىگە مۇنۇلار كەچتى : «مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ كىشى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ھەم پەيغەمبەر ئەۋلا-دى . بۇ ئەرەبنىڭ ھالىتى ئىنتايىن تىنچ كۆرۈنگىنى بىلەن ، ئۇنىڭ جىسمىغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ يۈكسەك روھىي قۇدرىتى يوشۇرۇن-غان . ۋەھالەنكى ، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى-دىكى كىشىلەر مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ، ھەممىسى ئۇنى ئەسلەيدۇ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ . بۇ ھال مېنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختنىڭ ئەڭ ئېگىز چوق-قىسىغا ئاچىقىدۇ ۋە ياكى مېنى ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ گىردابىغا سۆرەپ كىرىدۇ» .
خەلىپە سىرتىغا نەقىشلەر ئويۇلغان كۈمۈش قۇتىدىن بىر دانە ئۈزۈكنى ئېلىپ سورىدى :
— بۇ ئۈزۈككە سەن خەت ئويغانمۇ ؟

— مەن كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن بىر نەرسە دەي .

— ئالغىن !

دۇتان خەلپىنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ بېرىپ قولىدىن ئۇزۇكنى ئالدى . ئۇزۇكنى ئالغان ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ قولى خەلپىنىڭ مۇقەددەس قولىغا تېگىپ كەتتى . ئىسلام دىنىنىڭ روھىي قۇدرىتى مۇشۇنداق تېگىپ كېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى .

دۇتان ئۇزۇككە بىر هازا قارىغاندىن كېيىن :

— بۇ ئۇزۇكنى بۇنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم ئويغانىدىم ، — دېدى .

— بۇ ئۇزۇكنىڭ كۆزىگە مۇشۇنداق خەت ئويغانلىقىڭ ئۇچۇن ، ئاشۇ ئەخمەق كاللاڭنىڭ تېنىڭدىن جۇدا بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ـ يوق ؟

— سىز شۇنداق قىلىشقا تامامەن قادىرسىز ، شەرىئەتنىڭ هامىيسى . لېكىن ، بۇنداق بولغاندا ، بارلىق مەخپىيەتلىكنى كاللام بىلەن بىرگە خۇدانىڭ دەرگاهىغا ئېلىپ كېتىمەن . سىز هېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايسىز ، هالبۇكى بۇ مەخپىيەتلىك تەقدىرىڭ ئۆتكۈر شەمشىرىدەك ، دەرهال سىزنىڭ يۈرىكىڭىزگە بېرىپ سانجىلىدۇ ، — دېدى دۇتان .

خەلپە ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى .

— سەن بىلىدىغانلىرىڭنىڭ هەممىسىنى سۆزلە ، مەن سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچـتىم ، سېنىـڭ بىرتـال مويۇڭـمۇ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ…

# تۆتىنچى باب

## «ئات ئورۇق[1] ماقىدۇ»

دۇتان ئۆمىلەپ ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ كەلدى ـ دە ، دۇئادا ئولتۇرغاندەك يوكۇنۇپ ئولتۇردى ، ئاندىن شاققىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى . كەينىدە ساراي مەھرەملىرىدىن ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى ، دەسلىپىدە سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى ، سۆزلىگەنسېرى ئۆزىنى باسالماي قىزىپ كەتتى .

— جانابىي ئالىيلىرى ، سىزگە ئايدەك ئېنىق تۇرۇپتۇ ، دانالىقتا تەڭدىشى يوق خەلىپە ھارون رەشىد[2] ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بۈيۈك ئەرەب مىللىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شانۇ شەۋكىتى تەۋرىنىشكە باشلىدى . ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇبىيەتلەر زاھىر بولدى .

— بۇ ئەلۋەتتە بىزگە مەلۇم ، بۇ ھال بىزنى تەشۋىشكە سالماقتا !

— غەربىي چېگراسى ماۋرىتانىيىدىن تارتىپ ئوتتۇرا شەرق ، ھەتتا چىننىڭ قەشقەرىيە چۆللىرىگىچە سوزۇلغان بۇ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىنى غالىب ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر تىغى بىلەن قوروپ چىققانىدى . ھالبۇكى ، ھازىر ئىچكى نىزالار ۋە ياۋايى موڭغۇللار قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلى بۇ بۈيۈك ئىمپېرىيە تەۋرىنىپ قالدى .

— بۇنى ھەم بىلىمەن !

---

① ئات — شاھمات تاختىسىدىكى ئاتنى كۆرسىتىدۇ .

② ھارون رەشىد — ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلىپىسى (مىلادى 736—809) .

— بىز ئېتىقادىمىزغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار . ئەرەبلەرنىڭ كۆچ ـ قۇدرىتىنىڭ كۆندىن ـ كۆنگە ئاجىزلىشىشى ۋە ئاخىرقى پاجىئەلىك كۆنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى كۈچىمىزنى توپلاپ ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۈيۈك يېشىل تۇغىنى بۇ دۇنيادا يەنە بىر قېتىم جەۋلان قىلدۇرىمىزمۇ ؟

— بۇ خىيال ئۇزۇندىن بېرى مېنى قىينىماقتا !

— ئۇرۇش مەيدانىدا هالاك بولغان نامەلۇم بىر لەشكەرنىڭ قولىدىكى ئۇزۇك مېنى تەشۋىشكە سالدى . بۇ لەشكەر بۈيۈك قوماندان ئابدۇراخماننىڭ پۇشتى . ئېهتىمال ئابدۇراخمان (كىشىلەرنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ، سالاپەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم) نىڭ ئوغلى تېخى هاياتتۇر… ئەرەبلەر شەيخلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشىدىن بەكمۇ ئازابلانماقتا .

— بەرهەق ، بىزمۇ ئۇزۇندىن بېرى بۇ ۋەجدىن ئازابلانماقتىمىز ! — دەپ خەلىپە ئېغىر خورسىنىپ قويدى .

— ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۈچۈن ، هامان ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر تۈركۈم قابىل قولداشلار بولۇشى تەهقىق زۆرۈردۇر . ئەگەر ئابدۇراخمان (پەرەڭلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە تەهدىت سالغان ئۇلۇغ قوماندان )نىڭ ئوغلى هازىرمۇ زېمىنىنىڭ ئۈستىدە هايات بولسا… ئەگەر ئۇ سىزنىڭ مەدرىسىڭىزدە چوڭقۇر ئىلىم تەهسىل قىلىپ ، دانا ۋە قابىلىيەتتا كۆكتىكى ئايدەك يېگانە بولسا ، چەۋەندازلىقتا ئۈستۈن ، ئايغىرلارنى كۆندۈرۈپ ، ئەلەم قورالىرىنى چاقماق كەبى ئوينىتىدىغان ياش يىگىت هازىرمۇ هايات بولسا… سىز قۇدرەتلىك خەلىپە ، بۇ يىگىتنىڭ ئۆز پەرزەنتىڭىزگە ئوخشاش ئۆزىڭىزگە يېقىن بولۇشىنى ، سىزگە خۇددى ئاللانىڭ ۋەهىيسىگە ئىشەنگەندەك سەمىمىيلىك بىلەن ئىشىنىشىنى ، ئۇنىڭ سىزنىڭ مىسلىسىز نۇرغۇن ئەسكەرلىرىڭىزگە سەردار بولۇپ زەپەر قۇچۇشىنى ، ئەرەبلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى قۇدرەتلىك شانۇ شەۋكىتىنى بۇ ئالەمدە قايتا

نامايان قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىمۇ؟

...

خەلىپە ھەيرانۇ ھەس بولۇپ ۋەزىرگە بۇرۇلدى. ۋەزىر [illegible] ئاۋاز بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— بۇنداق مۇنەۋۋەر ئەسكەر، سادىق دوست ۋە [illegible] بولسا، ئەلۋەتتە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغان دۇشمەندىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. مۇبادا كىمدە كىم ئەرەب مىللىتىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىكەن، ئۇ كىشى باغداد خەلىپىسىنىڭ قوللىشى ۋە ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ.

— ئەگەر سىنىڭ دېگەن بۇ يىگىتىڭ ھازىر ھايات بولسا، ھالبۇكى ئۇ بازاردا ئاغزىغا كەلگەنچە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ مۇبالىغە قىلىنغان مال بولمىسىلا، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كۆرسەتكىن، ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— مەن سىزگە ئۇنى تامامەن كۆرسىتەلەيمەن. بىراق، ئىشىتىن كېيىن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەجەل گىردابىغا يېتىلەپ كەلگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلىپ، ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمغا تۇغان سالالماي قالارمەنمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

— مەن ساڭا كاپالەت بېرەي. ئەگەر ئۇ سەن دېگەندەك بولسا، ئۆتمۈشتىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ھېچقانداق يامان ئىشلارنى قىلمىغان ۋە قىلمايدىغان بولسا، ئۇ ھەرقاچان مېنىڭ ھامىيلىقىمدا بولىدۇ، سىزنىڭ بۇنىڭغا قانداق پىكرىڭىز بار، مېنىڭ سادىق، دانا ۋەزىرىم؟

— مەن بىر ئېغىز مەسلىھەتىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن، مېنىڭ مەسلىھەتىمنى سىزنىڭ بىھۆرمەتلىك ۋە نادانلىق دەپ ھېسابلىمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

— سۆزلەڭ! — دېدى خەلىپە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— سىز تەھقىق مۇنداق بىر سۆزنى ئاڭلىغان بولسىڭىز كېرەك. ھازىر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە دەھشەت ۋە ۋەھىمە ئۇرۇقىنى چاچقۇچى، تاجاۋۇزچى تېمۇچىن (چىڭگىزخان) ئۆزىنىڭ ياۋايى

موڭغۇل ـ تاتار چېرىكلىرىنى باشلاپ مەشرىقتىن مەغرىبكە قاراپ يۈرۈش قىپتۇ ، كېيىنچە ئۆز نەۋرىسىنى خارەزمدە قالدۇرۇپتۇدەك ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ! سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز قورقۇنچلۇق باتۇخان بولسا كېرەك ؟ بۇنى سوراش نېمە ۋەجدىن ؟

— مەن مۇنداق بىر تەكلىپ بەرمەكچى ، ئەگەر بۇ باتۇر يىگىت راستىنلا تەقۋادار دۇتان تەسۋىرلىگەندەك بولسا ، ئۇ سىزنىڭ ۋەكىلىڭىز سۈپىتىدە سىزنىڭ مەكتۇپ ۋە سوۋغاتلىرىڭىزنى ئېلىپ ، دەھشەتلىك تاتارخاننىڭ ئالدىغا بارسۇن ، سىز بۇ يىگىتكە تاتارخاننىڭ يېنىدا قىلىشقا بۇيرۇق قىلىڭ . ئۇ باتۇخاننىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتسۇن . مۇبادا باتۇخان خەلىپە زېمىنىغا چېرىك تارتىپ كەلمەكچى بولسا ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى ۋەيران قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇشتىن... بۇرۇن ئۇنىڭ قانداق پىلانلىرى بار ، بۇنىڭدىن بىز تامامەن بىخەۋەر ، ئېھتىمال تاتارلار بىزنىڭ بەختىيار زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلماقچىدۇ ؟ ئۇنداقتا ، سىز ئەۋەتكەن بۇ ئايغاقچى تاتارلارنىڭ پۈتۈن تەييارلىق ئەھۋالىنىڭ شاھىتى بولىدۇ . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەلۇماتلارنى بىزگە ئالدىن مەلۇم قىلىدۇ ، بىزنىڭ غالىب قوشۇنىمىز ھەرقاچان جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرىدۇ .

خەلىپە بىرئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى :

— سىز مېنىڭ ئىشەنچلىك چاكىرىم ، ھەرقاچان ماڭا پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىپ كەلدىڭىز . لېكىن ، بىرىنچى قەدەمدە مەنسۇر بۇ ياش يىگىتنى بىر سىناپ كۆرسۇن . شۇڭا ، تەقۋادار دۇتان ئېيتقان ئۇ يىگىتنى مېنىڭ ئالدىمغا ئۇدۇل باشلاپ كىرسۇن ، ئۇنى تاتارخاننىڭ يېنىغا ئەۋەتىمىزمۇ ياكى باشقا ئىشقا تەيىنلەيمىزمۇ ، ئۇنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن .

— پەرمانبەرداردەن ، ياش ئابدۇراخماننى دەرھال ھۇزۇرىڭىزغا يەتكۈزۈپ كېلەي .

— ئۇنداقتا ، تەقۋادار دۇتان ، سەن سۆزلىگەن بۇ يىگىتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشىڭنى سۆزلەپ بەرگىن .

## بەشىنچى باب

# ئەركىن ئۇۋچىنىڭ سىرى

تەقۋادار دۇتان قول قوۋۇشتۇرۇپ رۇسلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۇنىڭدىن 500 يىل مۇقەددەم ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان چوڭ يىغىلىق توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىڭىز ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىدۇ ؟ ئەينى ۋاقىتتا شەۋكەتلىك ، غالىب ئەرەب ئەسكەرلىرى ئىسپانىيىنى بويسۇندۇرۇپ ، پىرېنېسكىي تاغلىرىغا قايتقان ۋە گۇل - چېچەككە پۇركەنگەن پەرەڭلەر ۋادىسىغا خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كىرگەن... ئۇ چاغدا ھەممە غەپلەتتە ئىدى . ھەممىنى پەرق ئەتكۈچى جانابىي ھەزرەتنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە ئېنىق بولسا كېرەك . ئۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بىزنىڭ شىددەتلىك ئەسكەرلىرىمىز مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە بولدى . لېكىن ، پەرەڭلەر خۇددى قۇترىغان بۆرىدەك جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇشتى . شۇڭا ، جەڭگاھتىكى زەپەر بايرىقى گاھ ئۇياقتا ، گاھ بۇياققا لەپەڭشىپ تۇردى... پەرەڭلەر ئەسكەرلىرىنىڭ سەردارى بېشىغا دۇبۇلغا ، ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن جەسۇر قوماندان كارل مارتېل ئىدى . بۇ ئىسىم «گۇرزە» دېگەن مەنىدە ئىدى . ئۇنىڭ خۇدانىڭ مېھرى - شەپقەتلىك كۆزىگە ئوخشاش كۆزىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ سادىق مۇرىتلىرى ھەممە يەردە غەلىبە قازىنىۋاتاتتى... لېكىن ئۇشتۇمتۇت ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ۋەقە سادىر بولدى . ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتىدە بىزنىڭ شەۋكەتلىك داھىيمىز ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ ئېتى يەرگە

يىقىلدى . يەرگە يىقىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ سادىق تۇغچىسى بار ئىدى . «غازات»چىلارنىڭ بېشىدا جەۋلان قىلىپ تۇرغان پەيغەمبەرىمىزنىڭ يېشىل تۇغى يەرگە چۈشۈپ جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا چەيلەندى .

— ئاھ ! نېمىدېگەن بەختسىزلىك !— خەلپە ئېغىر خورسىنىپ قويدى .

— ئۆز تۇغىنى كۆرەلمىگەنلىكتىن ، سەرۋازلارنىڭ سېپى بۇزۇلدى ، ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ ، نېمە بولۇشىنى كۈتتى . ئېغىر تالاپەت كۆرگەن پەرەڭ ئەسكەرلىرى جاپالىق ئۇرۇشتا چارچاپ ھالى قالمىغانلىقتىن يېڭىلىپ قالدۇق ، دەپ ئويلاپ ، تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ شەرققە قاراپ چېكىنىدى ··· بىزنىڭ ساداقەتلىك قەھرىمانلىرىمىز پۇتكۇل پەرەڭ ۋادىسىنى خۇددى يىڭنىنى ئىزدىگەندەك تىنتىدى . لېكىن ، تىنتىش بىھۇدە بولۇپ چىقتى . ئۇلار ئابدۇراخماننىڭ جەسىتىنى ، نە ئۇنىڭ قورالى ، نە ئۇنىڭ جەڭ ئېتىنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى··· ئېھتىمال ئەزرائىل ئۇنى ئۇنىڭ قورالى ۋە جەڭ ئېتى بىلەن قوشۇپ تىرىك پېتى ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكەندۇ··· مۇبادا بىزنىڭ شەۋكەتلىك داھىيىمىز شۇ ۋاقىتتا تېپىلغان بولسا ، ئەسكەرلىرىمىز دەرھال سەپكە تىزىلىپ ، چېكىنگەن پەرەڭلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ بارغان بولاتتى . بىزمۇ ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، پۇتكۇل پەرەڭ دۆلىتىنى ئىگىلىگەن بولاتتۇق . باشقا سەردارلار كېچىلەپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ، ئۇزۇن مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن مۇنداق قارارغا كېلىشتى : «بىز كەلگۈسىدە جەڭ ئەسكەرلىرى تۈزۈپ ، ئاندىن پەرەڭلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلىمىز ، بۇ كۇپارلارنى ئۈزۈل - كېسىل بەربات قىلىمىز ۋە بويسۇندۇرىمىز» . ئاقىۋەت بىزنىڭ بۈيۈك لەشكىرىمىز چېكىنىدى .

— بۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ، مىللىتىمىزنىڭ شۆھرىتىنى تۆكىدىغان قارار !

— ۋاقىت ئېقىندەك ئۆتۈپ كەتتى . مانا بۇنىڭغا توپتوغرا



www.uyghurkitap.com

500 يىل بولدى··· — دۇتان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئەرەب شەيخلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس ئۆچمەنلىكلەر يېڭى بىر ئابدۇراخماننىڭ قايتا دۇنياغا كېلىشىگە ئىمكان بەرمىدى . پۈتۈن خەلقنى بىرەر تۆمۈر قولىنىڭ ئاستىغا يىغىپ ، يېشىل تۇغ ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، غەيرىي دىندىكىلەرنى ھۇپپىدە گۇللەر ئېچىلغان بۇ ۋادىدىن سۈر - توقاي قىلىپ چىقىرىشقا زادىلا ئىمكانىيەت بولمىدى···

— ئەجەبا ، شۇنىڭ بىلەن شۆھرەتلىك ئابدۇراخماننىڭ ھېچقانداق دېرىكى بولمىسا - ھە ؟ — خەلىپە ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سورىدى .

دۇتان ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ :

— مەن ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن — ياشانغان ئىماملاردىن ، مەدرىسىنىڭ تالىپلىرىدىن ، جاھانكەزدى دەرۋىشلەردىن ، قەدىمكى رىۋايەتلەردىن خەۋىرى بار تۇتىزملاردىن سۈرۈشتۇردۇم ··· ھەممىسىلا بۇ توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى . سىزگە مەلۇم ، مەن سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىكى (سىزنىڭ بۈيۈك نامىڭىز دۇنيادا مەڭگۇ سەلتەنەت سۈرگەي ) ۋە سىز قۇرغان جامەنىڭ پەلەمپىيىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىستىقامەت قىلىپ كەلدىم . ئۇ يەردە مەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىمەن ، شۇڭا مەن ئۇلاردىن كىشىلەرنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ۋەقەلەرنى ئاڭلايمەن···

— سەن ئاشۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ۋەقەلەرنى سۆزلىگىن .

— بىر كۈنى ، بىر سەييياھ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن ، كۆزلىرى سىرلىق ئىدى . مېنىڭ ھەيران قالغىنىم ، ئۇ مەندىن خاتەمگە مۇنداق بىر خەتنى ئويۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى ··· — دۇتان سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالدى .

— قانداق خەتنى ؟ تېز سۆزلە ! — خەلىپە پەس ، تىترەك

www.uyghurkitap.com

ئاربلاش غەزەپ بىلەن سورىدى .

— ئۇ مەندىن مۇنداق بىر خەتنى ئويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى : «ئابدۇراخمان — پەرەڭ ئەسكەرلىرى ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئۇمىدى »...

— سەن ئويدۇڭما !

— خېرىدار تەلەپ قىلغاچقا ئويدۇم .

— ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى قانداق ؟ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆردۇڭمۇ ؟ ئۇ باغدادتىمۇ ياكى باشقا ئەللەردىمۇ ؟

— كېيىن مەن ئۇنى يەنە بىرنەچچە قېتىم كۆردۇم . مەن ياشانغان ئادەممەن ، نى - نى ئىشلارنى كۆردۇم ! ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنى كۆرگىنىمدە ، ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقارغان بولۇپ ، ئالدىراپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىۋاتقانىكەن . ئۇنىڭ يېنىدا قولىدا قۇرئان تۇتقان بىر يىگىت روھلۇق ھالدا كېتىۋاتاتتى . بۇ يىگىت مېنىڭ خاتىرەمدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى . كېيىن ئۇ مەدرىسىگە تالىپچاق بولۇپ كىردى . بىر قېتىم مەن ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدىم ، ئۇ كېلىپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى . ئۇنى خورما يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم . ئۆزئارا سۆھبەتلەشتۇق ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدىم . ئۇ يەنە مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كېلىپ تۇردى . مەن بۇ خۇش چاقچاق ، ئېتىك يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدىم . ئۇنىڭ خۇش پېئىللىقىنى ، گۈزەل ئەخلاقىنى ، ئۆتكۈر زېھنىنى ، قەدىمكى زامان قوشاقلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . ئۇنى ئۆزىگە رام قىلغان نەرسە دىنىي كىتابلار بولماستىن ، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ بۈيۈك جەڭ نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت ھېكايىلەر ئىدى .

— بۇ يىگىت ھازىر قەيەردە ؟ مەن ھازىر سەرۋازلارنى ئەۋەتىپ سەن دېگەن يەردىن ئۇنى تاپتۇرۇپ كېلەي !

— كەمىنىڭىز دىققىتىڭىزگە كىچىككىنە بىر نەرسىنى ھاۋالە قىلماقچى . ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقى ماڭا ئايان . ئۇ مەدرىسىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، بىن ئاييىاد قەبىلىسىنىڭ چۆللۈكتىكى غېرىب كەپىسىگە قايتىپ بېرىپ ، ئاتا - ئانىسى

بىلەن بىرگە ئىستىقامەت قىلدى . ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا قەدىمكى چۆل قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بەردى . ئۇ بۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەھرىمان يىگىتلەردىن بىرى ئىدى . ئۇ كىتابنى قاتلاپ قويۇپ ، پۇتۇنلەي شاش ئاتلارنى كۆندۈرۈش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلدى . ئۇ باغدادقا كەلگەن چاغلىرىدا ماڭا سالام بېرىپ ئۆتەتتى ھەم ماڭا قۇرۇت ، خورما ۋە ئۈزۈملەرنى ئېلىپ كېلەتتى . ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇنىگەن چاغلاردا ، مەن ئۇنىڭغا قەدىمكى زامان ھېكايىلىرىنى ئېيىتىپ بېرەتتىم . ئەگەر ئۇ سىزنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىسا ، ئەلۋەتتە خۇشاللىقىدىن باش ئېگىپ ، سىزنىڭ تاپاـدلىرىڭىزدىن كۆتـۈرۈلـگەن چاڭـلارنى كۆزىگە سۈرتىدۇ .

خەلىپە بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن :

— سەن دېگەن يىگىت مۇبادا ئاشۇنداق بىلىملىك ھەم قەھرىمان بولسا ، مەن ئۇنى ... — خەلىپە بۇ يەرگە كەلگەندە تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزنى يۇتۇۋېتىپ ئاندىن دېدى ، — ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىم مۇمكىن .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، تەقۋادار دۇتان ئۆزى تونۇشتۇرغان ھېلىقى يىگىتنى ئېلىپ خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئوردىغا كىردى . خەلىپە ئىككىسىنى سالامخانىدا قوبۇل قىلدى . سالامخانىدىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر ئارىسىدىكى چاچقۇلاردىن زۇمرەت سۇلار ئېتىلىپ ، خانىقاغا سالقىنلىق بېغىشلايتتى .

بۇ يىگىت سۇباتلىق ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ، كەمتەر ھەم سالاپەتلىك يىگىت ئىدى .

ئۇ ئۇچىسىغا ئاددىي كۆچمەنلەر چەكمەن چاپىنىنى كىيگەن ، بېلىگە قەدىمكى دەمەشق شەمشىرىنى ئېسىۋالغانىدى .

خەلىپە يىگىتكە ئالدىدىكى گىلەمدە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلدى ھەم ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ قارىدى . بىراق ، دۇتان خەلىپىنىڭ چاقناپ تۇرغان قىسىق كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بەتنىيەتلىك ئالامەتلىرىنى سەزگەندەك قىلدى . خەلىپە يە-

www.uyghurkitap.com

گىتتىن ئات كۆندۈرۈش ئەھۋاللىرىنى ، ئاتا ـ ئانىسىنى ، قاچان ، قەيەردە ، قايسى قەبىلىدە تۇغۇلغانلىقى ، شىرنى قانداق ئۇۋلىغانلىقىنى تەپسىلىي سۈرۈشتە قىلدى .

ئابدۇراخمان قىسقا ۋە سەممىي جاۋاب بەردى :

— مەن ئىشىنىمەنكى ، پات ئارىدا بىر مەيدان قىرغىن بولغۇسى . مەن ئەنە شۇ چاغدا مەيدانغا چۈشۈپ ئۆتكۈر تىغىم بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغىنى قوغدايمەن . مەن يىراقتىكى يات مەملەكەتلەرگە بېرىشنى ، بولۇپمۇ مەغرىبتىكى قۇياش پاتىدىغان مەملەكەتلەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن . ئىسپانىيىگە بېرىپ ، ئەينى يىللاردا بىزنىڭ بۈيۈك ئەجدادلىرىمىز ئۇ زېمىننى بويسۇندۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ قەيسەر ئەۋلادلىرىدىن ئۇ قەدىم ماكانلاردا قالغانلىرى بارمۇ - يوق ، بۇنى بەك بىلگۈم كېلىدۇ .

— ھازىر بارىدىغان يەر ئىسپانىيە ئەمەس ، ئەكسىچە شەرق ۋە شىمال . ئۇ يەرلەردە چوڭ ئىشلار بولغۇسى ، مىسلى كۆرۈلمەگەن ئۇرۇش توغرىسىدا ئەنە شۇ يەردە تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنمەكتە ، — دەپ سۆز قىستۇردى دۇتان .

— بۇنداق خىيالغا كېلىشىڭ نېمە ۋەجىدىن ؟ — دەپ سورىدى خەلىپە ۋە شىرازى ، شارابتىن كەلتۈر ، دەپ مۇلازىمغا بۇيرۇق قىلدى . ئۇ بىر تەرەپتىن ، دۇتان بىلەن ياش يىگىتنى شارابقا تەكلىپ قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلارنىڭ جاۋابىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى .

دۇتان كىچىك پېئىللىق بىلەن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— سەيياھلار تونىنى كىيگەن ، يىراقلاردىن كەلگەن كىشىلەر ماڭا ، ئەزەلدىن قۇلاق ئىشىتمىگەن ، ئاجايىپ قۇدرەتلىك ۋە دەھشەتلىك دىنسىز موڭغۇل ـ تاتارلار بۈيۈك ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كېلىپ بارگاھلارنى قۇردى ، دېدى .

— بۇ بەكمۇ مۇھىم خەۋەر ، مەن ئۇ يەرگە ئەڭ مەخپىي ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىمەن .

— ئەگەر ئابدۇراخماننى تاتارخانىنىڭ يېنىغا ئەۋەتمەكچى بول-

سىڭىز ، مېنى كىتابپۇرۇش ۋە ھېكىم قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە
ئەۋەتىڭ ، شەكسىزكى ، ئۇ تېز ئاردا دەھشەتلىك تاتارخانىنىڭ
ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالايدۇ ، مەنمۇ خان ئوردىسىنىڭ ھېكىمى بو-
لۇپ قالىمەن . ئۇ چاغدا ئۇلۇغ جانابىي ئالىيلىرىغا ئەڭ ئىشەنچلىك
كىشىلەردىن ، شىمالدىن كەلگەن ياۋايى دۈشمەنلەرنىڭ سەردارلى-
رىدا قانداق خىياللار بار ، ئۇلارنىڭ كۈچى زادى قانچىلىك ، ئۇلار-
نى قانداق قىلغاندا يەڭگىلى بولىدۇ ، دېگەندەك ھەرخىل مەخپىي
خەۋەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىمىز .

— بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن ئويلىنىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي .
سەن ھازىر مېنىڭ ھۆرمەتلىك جاھانكەشتىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان
نامازخانامغا بېرىپ ئارام ئالغىن . ئابدۇراخمانمۇ شۇ يەرگە بېرىپ
قەدىرلىك مېھمانلار قاتارىدا بارلىق كۈتۈنۈشلەردىن بەھرىمەن بول-
سۇن . ئۇ نېمىنى خالىسا شۇ ھازىر بولسۇن ، سەن ئۇنىڭ بىلەن
تۇرغىن ، سەپەرگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى
ۋەزىرلەر تەييارلاپ بەرسۇن .

دۇتان خەلىپىگە چوڭقۇر تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى .

— ئەرشتە تۇرغۇچى ئاللا ئىگەم سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلى-
غاي ، سىز ۋە سىزنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىڭىزنىڭ شەرەپلىك نامى
سىزگە ھەمراھ بولغاي !

دۇتان ۋە ئابدۇراخمان سالامخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كې-
يىن ۋەزىر مۇنداق دېدى :

— بۇ يىگىتنىڭ بېشىدا غەلىبىدىن بېشارەت بەرگۈچى يۇلتۇز-
لار پارلاپ تۇرۇپتۇ ، ئۇنى موڭغۇل خاقانىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكىنىڭىز
بەك ياخشى بولدى . لېكىن ، قۇدرەتلىك باتۇخان ئۇنى ئەڭ يىراق
دېڭىز بويلىرىغا ئېلىپ كەتسە ، ئۇ ئىككىسىگە ئەجدادلىرى ياشاپ
ئۆتكەن بۇ يۇرتلارغا قايتا قەدەم بېسىش پۇرسىتىنى بەرمىسە تېخى-
مۇ ياخشى بولاتتى .

خەلىپە ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلاپ تۇرۇپ :

— كەلگۈسىدە بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى
ئەرشتىكى ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ ، — دېدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا

## بىرىنچى باب

## قوش ماچتىلىق كېمە — «شامالالار مەلىكىسى»

قوش ماچتىلىق كېمە — «شامالالار مەلىكىسى» يەڭگىللىگىنە چايقىلىپ، سوغۇق ئەبېسكۇن[1] دېڭىزىدا شىمالغا قاراپ ئۈزمەكتە. گىرۋەكلىك قىلىپ ياسالغان بۇ كېمە قاپقارا دېۋىرقاي بىلەن سىرلانغانىدى. ئۇنىڭ يەلكەنلىرى بولسا كۆل رەڭ ۋە قىزىل رەڭلەردىن قۇراق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، خۇددى شاھمات تاختىسىغا ئوخشايتتى. ھازىر شامال ئوڭ تەرەپتىن ئۇرغاچقا، يەلكەنلەر تولۇق كۆتۈرۈلگەنىدى. ھېرىپ ـ ئېچىپ ھالىدىن كەتكەن، پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنغان پالاقچىلار ئۇزۇن ئورۇندۇق ئۈستىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىپ ئارام ئالماقتا. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قورۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويغان كىيىملەر تۇراتتى.

بويى پاكار كەلگەن رولچى كۆزىنى كۈن نۇرىدىن دالدا قىلىش ئۈچۈن نىل رەڭلىك سەللىنى ئالدىغا باسۇرۇپ كىيىپ، كۆزىنى

---

[1] ئەبېسكۇن دېڭىزى — كاسپىي دېڭىزى. كونا كىتابلاردا ھەزەر دېڭىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قىسسىپ ، يىرتقۇچ قۇشلارغا تەقلىد قىلىپ ئويۇلغان كېمە بېشىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا تىكىلىپ قارايتتى .
يىراقلاردا كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى . ئەنە دېڭىز ئۈپۇقىـدا قومـۇشلۇق بەلـۋاغ كۆرۈنـدى . بۈيـۈك ئەتىل (ئېدىل ) دەرياسى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قۇيۇلۇش ئېغىزلىرى ئارقىـلىق ئەبېسكۇن دېڭىزىغا قۇيۇلاتتى .
شا كىچىك زەڭگى يىرتقۇچ قۇشقا تەقلىد قىلىپ ياسالغان كېمە بېشىنىڭ ئەگرى بوينىغا مىنىۋېلىپ ، رولچىنىڭ ئۆزىگە جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ بېرىۋاتقان قوپال سوراقلىرىغا قۇلاق سالاتتى ۋە جاۋاب قايتۇراتتى .
— سەئىد ، هەي قاراپاقا ! دەريانىڭ قۇيۇلۇشىنى كۆردۈڭمۇ ؟ قومۇشلۇق ئارىسىدىكى دەرياغا كىرىدىغان قولتۇقنى كۆردۈڭمۇ دەيمەن ! ؟
— مەن ئىنتايىن جىق قولتۇقلارنى كۆردۈم ، — دەپ ۋارقىـرىدى سەئىد .
— قىرغاقتىكى دۆڭلۈكنى تاپ ، دۆڭ ئۈستىدە بىر تاش بۇت بار . نېمىشقا تاپالمايسەن ، هەي هاراملىق ! كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارا !
— بۇت كۆرۈنمەيدۇ... هېچقانداق بۇتنى كۆرەلمىدىم...
— ماچتىنىڭ ئۇچىغا چىق ! چاققان بول !
كېمە گىرۋىكىگە يېقىن قويۇلغان خۇش پۇراق پالما ياغىچىـدىن ياسالغان ساندۇق ئۈستىدە بىر ئەرەب يىگىت ئولتۇراتتى . ئۇ ئۈستىگە قىزىل تون كىيىپ ، ئەتلەس بەلۋاغ بىلەن بېلىنى باغلىۋالغانىدى . نىل رەڭلىك پانۇستەك كۆپۈپ تۇرىدىغان كەڭ شىمىنىڭ پۇچقىقىنى قوپال تىكىلگەن سېرىق بۇلغار ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىقىۋالغانىدى . مەيىن شامال ئۇنىڭ قاپقارا ماڭلاي چاچلىـرىنى ۋە سول تەرىپىگە چۇشۇرۇلگەن قاردەك ئاپئاق سەللىنىڭ پەتىنىسىنى ئەركىلىتەتتى . ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن ئۇقۇمۇشلۇق زات ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

بىر توپ كۆل قۇشلىرى قومۇشلۇق ئىچىدىن كۆككە كۆتۈرۈلدى .

— ئەتىل دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزى قەيەردە؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەرەب يىگىت .

— بۈيۈك ئەتىلنىڭ 70 قۇيۇلۇش ئېغىزى بار ، — دېدى رولچى ، — گەپ ئۇنىڭ ئاساسلىقىنى ئىزدەپ تېپىشتا . ئەگەر قۇيۇلۇش ئېغىزىغا خاتا كىرىپ قالسا ، كېمە ئايىغى چىقماس قومۇش ئاراللىرىنىڭ ئىچىدە ئۆز يۆنىلىشىدىن ئادىشىپ قالىدۇ- دە ، ئاخىر سايازغا چىقىپ توختاپ قالىدۇ… سەئىد ، ھېلىقى تاش ھەيكەلنى ئىزدە !

— بىر تاش دۆۋىسىنى كۆردۈم ! ئۇ يەردە بىر تاش ھەيكەل ياتىدۇ !

— كونا ھەيكەل ئۆلۈپتۇ ! سازلىق ئۇنى يۇتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ ! — ئەرەب سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۈگۈنكى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇندىكى يېڭى مەبۇد كىشىلەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى تاتارلارغا مەنسۇپ . ئۇلار ئاشۇ موڭغۇللار ئۈچۈن ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدۇ .

— پالاقنى تۇت ! — رولچى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ، — ھەي نازارەتچى ، ئۇيقۇڭنى ئاچ ، پالاقنى قولغا ئېلىڭلار ! شەيخ ئابدۇراخمان ، قاراڭا ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ! — رولچى ئەرەب يىگىتكە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىدىن چىقىپ ، بۈيۈك ئەتىلنىڭ تاتلىق سۈيىگە كىردۇق . ئەنە ، سۇ ئۈستىدە ئاپئاق بېلىق سۆڭەكلىرى لەيلەپ يۈرىدۇ . كۆكتە بېلىقچى قۇشلار… پالاقنى ئىتتىكلىتىڭلار ! ئەتىل دەرياسىغا كەلدۇق .

— پالاقنى ئۇرۇش ! — دەپ ۋارقىرىدى بېشىغا يىرتىق سەللە يۆگىگەن ، قاپىقى تۈرۈك ، سۈرۈن چىراي نازارەتچى . ئۇ باياتىن بېرى ئارقان دۆۋىسىدە يېتىپ ، ئەمدى قىزىق قۇياش تەپتىدىن

ئويغانغانىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن ، يىلاندەك ئۇزۇن قامچىسى بىلەن پالاقچىلارنىڭ يالىڭاچ تەنلىرىگە ئۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ياغاچ بولقا بىلەن تاختايغا ئۇرۇپ تەڭكەش قىلىپ ، پالاقچىلارنىڭ بىردەك ھەرىكەت قىلىشىغا قوماندانلىق قىلاتتى .

— لەنىتى قۇرتلار ! يول بويى ئوڭ شامال چىقىپ ئارام ئېلىپ قېلىشتىڭ... ئەمدى تېزرەك ئىشلەشمەسەن ، كىم ھارامزادىلىك قىلىدىكەن ، شۇنىڭغا تاماق بېرىلمەيدۇ !

— تاماقنى ھامان بېرىدىسەن ، — دەپ ۋارقىراشتى بېلىقچىلار ، — ئەگەر بىز بولمىساق ، سەن مەنزىلىڭگە يېتەلمەيسەن !

كۆپكۆك دەريا سۈيىگە چوڭقۇر چۆككەن پالاقلار نازارەتچىنىڭ تېز رىتىمدا ئۇرغان بولقا ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ بىرخىل رىتىم بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى . پالاقچىلار پۈتۈن جەھلى بىلەن پالاق ئۇراتتى ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەددى خۇددى يادەك ئېگىلىپ كېتەتتى . پالاقنى كەينىگە ياندۇرغاندا بولسا ، ئۇلارنىڭ دۈمبىسى كېمە تاختىيىغا تېگەي - تېگەي دەپ قالاتتى .

كۆل رەڭ يەلكەن چۈشۈرۈۋېتىلدى . ئۇ سەلكىن شامالدا بوش تەۋرىنىپ تۇراتتى .

— ھاجى تارخان[1]... مەن ھاجى تارخاننى كۆردۈم !— ماچتا ئۈچىدىكى زەڭگى بالا خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى .

— ھەي ئىسلام ئاغا[2] ، ئۇيقۇڭىزنى ئېچىڭ ، — رولچى كېمە باشلىقى ئولتۇرغان ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى ، — ھاجى تارخانغا كېلىپ قالدۇق !

كېمە ھۇجرىسىنىڭ تار دېرىزىسىدىن ئەسنىگەن ، تىللىغان ۋە ئايال كىشىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئالدىغا قاراپ ھەيدە ، مەخسۇم ! ھاجى تارخاننى ئەگىپ ئۆت ، — ئۇ يەردىن بوغۇق ئاھاڭدا بۇيرۇق بېرىلدى ، — كېمىگە

① ھاجى تارخان — ھازىرقى ئاستىراخان ، ھەزەر پادىشاھىنىڭ پايتەختى بولغان ، كېيىن كىيېۋ كىنەزى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان .

② ئاغا — ئەرەبچە خوجايىن دېگەن مەنىدە .

ئادەم چىقىرىلمىسۇن ! ئەگىپ يۇرگەن كىچىك كېمىلەرنى يىقىن يولاتما ! ئەتىل دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى بويىچە ئۈرلەڭلار !

مەخسۇم پۇتۇن گەۋدىسى بىلەن رولنى بېسىپ، يەلكەننىڭ يۆنىلىشىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتتى .

ئانچە چوڭ بولمىغان بىر شەھەر ئاستا ـ ئاستا كېمىدىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى (بۇ بازار ئەينى يىللاردا باي ، ئاۋات ھەزەرنىڭ پايتەختى ئىدى ) . قىرغاقتا قومۇش بىلەن يېپىلغان كەپىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بۇ كەپىلەر دەريا سۈيىنىڭ ئىچىگە قېقىلغان چوڭ ـ چوڭ تۇۋرۇكلەر ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى . كىچىك ياغاچ پرىستاندا قىستىلىپ تۇرغان كىشىلەر قوللىرىدىكى ھەر خىل رەڭلىك لىپىتىلارنى پۇلاڭلىتىپ ، جىنىنىڭ بارىچە كېمىنى چاقىراتتى . نۇرغۇن كىشىلەر تار ، ئۇزۇن تەڭنە كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ يەلكەنلىك كېمىگە قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى .

يەلكەنلىك كېمىدىكى قوللىرىغا ئىلمەك خادىلارنى تۇتقان پالاقچىلار كېمە گىرۋىكىدە دېۋەيلەپ تۇرۇپ تەڭنە كېمىدىكىلەرگە : «قايسىڭ كېمىگە چىقىشقا ئۇرۇنىدىكەنسەن ، ھازىر سۇغا غەرق قىلىنىسەن» دەپ ھەيۋە قىلاتتى .

ئىسسىق چىراي ، سودىگەر سۈپەت ، ئۇزۇن ساقاللىق ياشانغان بىر كىشى چوڭ بىر كېمىدە بىرنەچچە پالاقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يەلكەنلىك كېمىگە يېقىنلاپ كېلىپ :

— ھەي ئىسسالام ئاغا ، ئىسسالام ئاغىنى چاقىرىۋېتىڭلار !— دەپ ۋارقىرىدى ، — ئىسلام ئاغا سالامەت تۇردىمۇ ؟ مەن ئۇنىڭ قەدىناس دوستى بولىمەن ، مەن ئۇنى كۆپ مېھمان قىلغان . «شامالار مەلىكىسى»گە كۆپ چۈشكەن ، غوجاڭلارغا ئېيتىڭلار ، مەن باغدادلىق ئابدۇل پاتىخ بولىمەن !

ئەرەب يىگىت كېمە ھۇجرىسىنىڭ نەقىشلەنگەن ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئۇنى يەڭگىل چەكتى ۋە :

— ئىسلام ئاغا ! بۇ كىشىنى كېمىگە چىقىرىۋالايلى ، بۇ كىشى توغرۇلۇق كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسام ، — دېدى .

ھۇجرىنىڭ نەققاشلىق ئىشىكى ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئىرغاڭلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئىنتايىن سېمىز، خۇددى ياغاچ كۈپكە ئوخشايتتى. ئۇ ئۈستىگە توق نىل رەڭلىك ئۇزۇن تون كىيگەن، بەلۋاغ باغلىغانىدى. ئاپئاق يۈزىنى يىرىك ساقال باسقان، يۈزىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، چىرايىنى ئۆمۈچۈك توردەك قورۇقلار قاپلىغان، ئاستىنقى قاپاقلىرى شەلۋەرەپ ئىششىغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ پۈتۈن كۈنىنى ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلاردىن ئىكەنلىكىنى دەلىللەيتتى.

بۇ كىشى كېمىنىڭ خوجايىنى — ئىسلام ئاغا ئىدى. ئۇ كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان ساقىلىنى قولىدا ئويناپ، پۇتىغا سېپىۋالغان سېرىق كەشىنى سۆرەپ كېمە گىرۋىكىگە يېقىنلاشتى.

ئەرەب يىگىت ئېچىلغان ھۇجرا ئىشىكىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىرايى ئاپئاق تاتارغان بىر ساھىبجامال چىقىپ كەلدى. ئۇ كۆك رەڭ ئۇزۇن چاپان كىيىپ، بېلىنى قىزىل رەڭلىك تار بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئىنچىكە ۋە گۈزەل بويىنىغا ساپ مەرۋايىتتىن بىر زۇننار ئاسقان، ئۇنىڭ كىيىنىشى ۋىزانتىيە قىزلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قايرىپ، قاپقارا ئاھۇ كۆزلىرىنىڭ سۈكۈت ئىلكىدىكى نەزىرىنى بۇ ئەرەب يىگىتنىڭ بەستىدە بىر دەقىقە توختاتتى (ئۇنىڭ قارىشىدا تەئەججۈپ ۋە سوئال نەزىرى بار ئىدى). ئاندىن شاققىدە ئۆرۈلۈپ دېڭىزغا قارىۋالدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئويماقتەك ئېغىزى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن پەس ئاۋازدا پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئېھ ناتونۇش سەھرا! قۇمۇشلار ۋە سازلىقلار! بىچارە دافنى، ئالدىڭدا سېنى يېڭى قۇللۇق تۇرمۇش كۈتۈپ تۇرىدۇ...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، ئاجايىپ نەقىشلەر چېكىلگەن كۈمۈش بىلەزۈك تاقىغان ئاپئاق نازۇك قوللىرى بىلەن ئىككى كۆزىنى چىڭ باستى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاراڭغۇ ھۇجرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

## مۆجىزە

ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر كۆچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى قەبىلە باشلىقى نۇرالى چابدارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمدىگەنە بالقىپ چىققان قۇياش نۇرىنى ئۇزىگە يېپىنچا قىلغان مەخمەلدەك ياپيېشىل ئوتلاقنى بويلاپ كېلىۋاتاتتى . سۇيى مول ، چەكسىز ئۇزاقلارغا سوزۇلغان ئەتىل دەرياسى بۇ كۆچنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . دەريا ساھىلىدىكى چىغىر يوللاردا كېتىۋاتقان قوي پادىلىرى ، قۇياش تەپتىدىن كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن يالىڭاچ باللارنىڭ هايت - هۇيت دەپ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلمىغاندەك ئېرىنچەكلىك بىلەن ئالغا سىلجىيتتى . باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىگە چېتىلغان تۆگىلەر كارۋىنى يىراقتىن قارىغاندا خۇددى تولغىنىپ كېتىۋاتقان غايەت زور يىلانغا ئوخشايتتى . تۆگىلەرنىڭ ئۇستىگە ئۆي سايمانلىرى ۋە يىغىلغان كىگىز ئۆيلەر ئارتىلغانىدى . بۇ يۈكلەرنىڭ ئۇستىدە چىرايى قارىداپ كەتكەن ، مۇكچەيگەن ، ئورۇق مومايلار بوۋاقلارنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى .

ئەسلىدىكى بېغىر رەڭگى ئۆڭگەن يىرتىق كىيىملەرنى كىيىشىۋالغان ئايالار چۇۋۇرلىشىپ تۆگە كارۋىنىنىڭ بىر تەرىپىدە ، ئەرلەر بولسا ئۆچتىن - تۆتتىن بىر توپ بولۇشۇپ يەنە بىر تەرەپتە كېتىۋاتاتتى . ئۇلار پەس ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇر تالىشاتتى ، بەزىدە هاياجانلىنىپ قوللىرىنى سىلكىپ كېتىشەتتى . بىرنەچچە كىشى ئالدىغا ئېگىشكىنىچە قوم بارخانلىرىنىڭ ئۇستىگە يۈگۈرۈپ چىقاتتى - دە ، ئەتراپقا بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن دەرھال قايتىپ

چۇشەتتى . كۆپچىلىكنىڭ كەيپى قانداقتۇر بىر ۋەھىمە ئىلكىدە قالغانىدى .

تونۇش بولغان قەدىمكى ماكان... بۇ جاي ئۇزۇن يىللاردىن بېرى نۇرالى چابدار ئاقساقالنىڭ قەبىلىسى كۆكلەم قىلىپ كەلگەن گۈزەل ۋە مۇنبەت يايلاق ئىدى . ئەسلىدە بۇ جاي بۇكەن پادىلىرى ۋە ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرسە ئۈركۈپ قاچىدىغان ياۋايى قۇلۇنلارنىڭ ماكانى ئىدى .

ھالبۇكى ، ۋەھىمە بىلەن كەلگەن بۇ يىلنىڭ باھارىدا ، بۇ پايانسىز كەتكەن كەڭرى يايلاقنىڭ تاغ باغرىدا ئۇشتۇمتۇت بىر مۆجىزە — دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بىر ئوردا پەيدا بولۇپ قالدى . بۇ شاھانە ئوردىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، ھەرخىل ساپاللار بىلەن بېزىتىلگەن ئىنچىكە ، ئېگىز مۇنارى ئاسمانىنىڭ قەرىدە چوقچىيىپ تۇراتتى . پۈتۈن ئوردىدىن ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇراتتى . بەدىئىي سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، ئوردا خۇددى گۈزەل يايلاقتا باھاردا ئېچىلغان بىر توپ تاغ گۈلىگە ئوخشايتتى . بارلىق چوڭ - كىچىك يوللاردا ، يىراق - يىراقلاردىكى تاغ چوققىلىرىدا بويى پاكار ، يۇڭلۇق ، ئەمما مۇشۇكتەك چاققان ئاتلارغا مىنگەن سۇۋارىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى .

نۇرالى چابدارنىڭ بارلىق ۋارىسلىرى — ئۇزۇن ساقاللىق ، بەقۇۋۋەت ئوغۇللىرى ، يېڭىلمەس زەبەردەس نەۋرىلىرى (بۇ ئەرلەر جەمئىي 990 — ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىگە قادىر خۇدا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ) ، قىسقىسى ، چابدار قەبىلىسىنىڭ ئۈيۈشقان بارلىق ئەزالىرى قۇياش چاقناپ تۇرغان بۇ سەھەردە نېمە قىلارىنى بىلىشمەي ، بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇشاتتى . ياشانغان بىرى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى :

— بۇ قانداق ئىش ؟ ئالۋاستى بىزگە چاقچاق قىلىۋاتامدۇ يا ؟ پەقەت ئاللانىڭ جەننىتىدىلا بۇنداق ئالتۇن ئوردا بولىدۇ ! ياكى بولمىسا قۇدرىتى تەڭداشسىز ئىبلىس بۇ دالىغا ئۆزى ئۈچۈن مانا مۇشۇ ئەپسانىۋى ئوردىنى سالدۇردىمۇ يا ؟ قانداق ئادەم مۇنداق ھەشەمەتلىك ئوردىدا ئولتۇرالايدۇ ؟

كۆپچىلىك سۈكۈت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قاراشقاندىن كېيىن، خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك ھەممىسى قەبىلە باشلىقىنىڭ ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئاقساقاللارنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. بېشىغا ئاپئاق يوغان سەللە يۆگىگەن، ئۈستىگە رەڭگى ئۆڭگەن چەكمەن چاپان كىيگەن نۇرالى چابدار قەدىناس كۈرەڭ ئېتىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىگە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كۈمۈش باشلىق ھاسىسىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا توغرا قويۇپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزىنى ئۆمرىدە زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئەپسانىۋى قەسىرگە تىكىپ قاراپ تۇراتتى.

ئاخىر، نۇرالى ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئۇنىڭ بىرلا ۋارقىرىشى بىلەن پۈتۈن كۆچ مېڭىشتىن توختىدى. ئوغۇل ۋە نەۋرىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئادىل قەبىلە باشلىقىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. مەيىن شامال بۇ ياشانغان كىشىنىڭ قاردەك ئاقارغان ساقىلىنى يەلپۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئاز خىرقىرىغان، لېكىن پەس ئاۋاز بىلەن ھەسرەت ۋە ئەلەمگە تولغان سۆزلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمدى جاپالىق دەۋرلەر يېتىپ كەلدى! سىلەرنىڭ باياتىن كۆرگەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن بالايىئاپەتتىن بېشارەتتۇر. دەرۋەقە، بۇ ئىشلار ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز پۈتۈن غەيرىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ، بۇ جاھالەتلىك دىيارنى تەرك قىلمىقىمىز، تېزدىن ئېتىمىزغا قامچا ئۇرۇپ، بىزنى قۇتقۇزغۇچى ئاشۇ ئىشەنچلىك سوقماقلارغا چۈشمىكىمىز زۆرۈر... بىزنى بۇ يەردە ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە يايلاپ كەلگەن يايلاقلىرىمىزدا ئەمدى باشقىلار ماللىرىنى باقىدۇ... بىزنىڭ ئىپپەتلىك قىزلىرىمىز ئۇلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىدۇ، مال ـ چارۋىلىرىمىز ئۇلار تەرىپىدىن تالىنىدۇ. بىزنىڭ يۈكسەك ئۈمىدىمىز بولغان، سۆيۈملۈك بولغان پەرزەنتلىرىمىزنى ئۇلار بولاپ كېتىپ يات ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىۋېتىدۇ! ماللارنى دەرھال ھەيدەپ يىراق تاش يوتا[1] يايلاقلىرىغا ئې-

① تاش يوتا — جەنۇبىي ئورال.

لىپ كېتەيلى... بۇ ماكاندىن كېتەيلى. بۇ ياۋۇز ۋە رەھىمسىز موڭغۇللاردىن يىراق كېتەيلى ! خۇدا غەزەپ چاقمىقىنى بۇ ياۋايى چېرىكلەرنىڭ بېشىغا چۈشۈرگەچكە ، ئۇلار قۇياش چىقىدىغان ئاشۇ يىراق ئەلدىن قوزغىلىپ ، بىزنىڭ ئانا ماكانىمىزغا بېسىپ كەلگەن . بىز بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى ! بەلكىم ئۇ يەرلەر بۇ يەردىن ياخشىراقتۇ... بىزنىڭ سەپەر يولىمىزنى قاپقارا بۇلۇت قاپلاپ تۇرۇپتۇ . ئاھ ، ۋەھشىيلەر دەۋرانى ! — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، نۇرالى چابدار قولىدىكى ھاسىسىنى تىك يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇپ دۇئا قىلدى . دۇئادىن كېيىن ، ئۇ «كائوش»[1] نىڭ ئۆكچىسى بىلەن كۆل رەڭ ئاتنىڭ بىقىنىغا ئۇردى - دە ، ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئەرشتىكى ئاللادىن باللىرىنىڭ ، نەۋرىلىرىنىڭ ۋە چەۋرىلىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى تىلىدى .

① كائوش — قوۋزاقتىن توقۇلغان ئەرلەر ئۆتۈكى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# موڭغۇل ئايغاقچىلىرى

ماچتىنىڭ توغرا ياغىچىغا يامىشىپ چىقىۋالغان بۇدۇر چاچلىق شاكىچىك زەڭگى سەئىد ئۈشتۈمتۇت ۋارقىرىغىنىچە ماچتىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، كېمە سەھنىسىگە شالدەك يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە:

— ئىسلام ئاغا! ئالدىمىزدا ھارۋا ئۈستىگە ئورنىتىلغان بىر شەھەر ۋە ئالتۇن ئوردا كۆرۈندى! — دېدى.

— سېنىڭ ئۇ ئەقلىسىز كاللاڭ تاشقا تېگىپ يېرىلسۇن! شەھەرنى چۈشۈڭدە كۆرگەنسەن! نەدىكى شەھەر؟ قېنى، شەھەر، قەيەردە؟

— بالا خاتالاشمىدى، — دېدى رولنىڭ يېنىدا تۇرغان كېمىچى سۆز قىستۇرۇپ، — ئالدىمىزدا راستىنلا يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر تاتار شەھىرى بار. ئۇ ئورنىدىن يۆتكىلەلەيدىغان غەلىتە بىر شەھەر. پۈتكۈل شەھەر ھارۋا ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يايلاقتا بىر ئورۇندىن ئىككىنچى ئورۇنغا يۆتكەشكە بولىدۇ.

— ئەجەبا مەن كۆرمىدىمغۇ؟ — دېدى كېمە خوجايىنى نىل رەڭلىك تونىنىڭ كەڭ يېڭى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سازلىقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇمان سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىپتۇ، مەست بولغان ئادەمدەك ئالجىپ سۆزلەشكە باشلىدىڭلار.

— ئەنە، ئاۋۇ تەرەپكە قاراڭ! — زەڭگى بالا ھەدەپ بوينىنى سوزۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەنە قاراڭ، تاغ ئۈستىدە

بىر ئالتۇن ئوردا تۇرامدۇ ؟
— ھە ، كۆردۇم . ئۇ يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغۇ .
— ئۇ ھەرگىزمۇ گۈلخان ئەمەس ! ئۇ پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن ياسالغان ئوردا . ئۇ قۇياش نۇرىدا خۇددى ئوتقاشتەك تاۋلىنىدۇ .
— ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈشمە ، ھەي قاراپ باقە ! بۇ چۆل - جەزىرىدىكى يايلاقتا قانداقمۇ ساپ ئالتۇندىن ئوردا ياسالسۇن ؟
— ئۇ يايلاق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كارامىتى ، — كىمىچى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۇلار مۇقەددەس مەككىگە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان كىشىلەرنى بۇلايدۇ ، بۇلاپ پۈتۈنلەي يالىڭاچ قىلىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى قەتلى قىلىپ جەسەتلىرىنى بۇ دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ .
كىشەنلەنگەن قىپيالىڭاچ قۇللار پالاقنى تاشلاپ قويۇپ ، كېمە گىرۋىكىگە ئېسىلغان ھالدا ، يىراقتىكى ئالتۇن نۇر ئىچىدە تاۋلىنىپ تۇرغان سارايلارغا تەلمۈرۈپ قارىشىپلا قالدى .
— ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ئوردا ! — كېمىچىلەر گالللىرىنى قىرىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراشتى ، سەكرەشتى ، — ئەگەر ئۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر پارچىغا ئىگە بولغان بولساق ، ھەممىمىز ھۆرلۈككە ئېرىشەلەيتتۇق . خۇدا بىزگە يولۇقتۇرغان بۇ ئالتۇن ئوردىنى چېقىپ ئۆز ئۈلۈشىمىزنى ئالايلى !
— بۇ بىر شەھەر ! دېگىنىم توغرا ! بۇ بىر شەھەر ئىكەن ، — زەڭگى بالا قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەشكە باشلىدى ، — ئىسلام ئاغا ، سىز ، تاتار شەھىرىنىڭ سېپىلىنى كىم بىرىنچى بولۇپ كۆرسە ئۇنىڭغا بىر كۈمۈش تەڭگە بېرىمەن ، دېگەنىدىڭىزغۇ ، ئەڭ باشتا مەن كۆردۇم ، ئەمدى ماڭا تەڭگىنى بېرىڭ .
— ھەركىم ئۆز ئورنىدا ھازىر بولسۇن ! پالاقلار ئۇرۇلسۇن !— كېمە خوجايىنىنىڭ ھۆكۈمرانلارچە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .
نازارەتچى ئۇزۇن قامچىسى بىلەن پالاقچىلارنىڭ يالىڭاچ بەدەن-

www.uyghurkitap.com

لىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى . ئۇلار ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقى-راپ كېتىشتى ۋە دەرھال ئۇزۇن ئورۇندۇق يېنىغا كېلىپ پالاق-لارنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى .

— بۇ بىر مازار ، — دېدى كېمە خوجايىنى تەكەببۇرلۇق بىلەن ، — يايلاقتىكى بىر خان ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىگە ھەشەمەتلىك بىر قەبرە ياساتقان بولسا كېرەك… بۇ بىر مازار ، قەبرە ! ئۇنىڭ قەيىرى شەھەر بولسۇن ! ئۇنىڭ مەسچىتى قېنى ؟ مەدرىسى قېنى ؟ ئۇنىڭ يەنە ھامام ۋە دۇكانلىرى قېنى ؟ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى قېنى ؟ ئۇنىڭ نېمىسى شەھەر بولسۇن ؟ ھەي ئىتنىڭ بالىسى ، ساڭا كومۇش تەڭگە تۇرماق پوچۇق تىيىنمۇ يوق .

— ياق ، بۇ يۈتكەشكە بولىدىغان تاتار شەھىرى ، — رولچى پوتونلەي ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا سۆزلىدى ، — بۇ ھېلىقى كىشى-لەرگە ۋەھىمە ئېلىپ كېلىدىغان غالىب مىللەتنىڭ قۇرۇپ چىققان يېڭى پايتەختى . ئۇلار شەرقتىن ھەر مىللەت خەلقىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى . ئۇلار ھارۋا ئۈستىگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇردۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ شەھىرى بىردەم چۆللەرگە ، بىردەم مۇنبەت يايلاقلارغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ . بۇ ئالتۇن ئوردىدا ئۇلارنىڭ باش خاقانى ئولتۇرىدۇ . ئۇ خاننىڭ بېشى قازاندەك يوغان ، ئۇنىڭ كۆزى ئىككى تەرەپتە . ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەملەر ئۆز ئورنىدا تۇرالماي يەرگە يىقىلىپ چۈشىدىكەن…

— پالاقنى كۈچەپ ئۇرۇش ! تېزدىن ئالغا ! — كېمە خوجايى-نى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ، — نازارەتچى ، ماۋۇ ئىشقا يارىماس ھايۋانلارنى تېزلەت !

پوتون جىسمىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان پالاقچىلار جىنىنىڭ بارىچە پالاق ئۇرۇشقا باشلىدى . چىرايلىق قوش ماچتىلىق يەلكەن-لىك كېمە دەريا ئېقىنىغا قارشى ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى . كېمىنىڭ ئىككى گىرۋىكىدە تۇرغان كېمىچىلەر ئۇزۇن

بامبۇك بىلەن سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ باقتى :
— ساياز ، كېمىنىڭ ئاستى تېگىپ قالدى…
— لەڭگەرنى تاشلا ! — دەپ ۋارقىرىدى خوجايىن .
ئىككى لەڭگەر سۇغا چۈشۈرۈلدى ، زەنجىرلەر چىڭ تارتىلدى . كېمىگە كېلىپ ئۇرۇلغان سۇ تورۇلۇپ قات ـ قات دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى .
ئېگىز ، قويۇق قومۇش ئۆسكەن قىرغاق ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى .
پايانسىز كەتكەن يايلاقتا بىر توپ ئاتلىق سۇۋارىلار پەيدا بولدى . ئۇلار پەشلىرى كەڭ جۇۋا ، تۆپىسى ئۇچلۇق تەلپەكلەرنى كىيگەنىدى . بۇ ئاتلىقلار دەريا بويىغا كېلىپ توختاپ ، قولىدىكى قىسقا دەستىلىك نەيزىسىنى پۇلاڭلاتتى ۋە چۈشىنىكسىز بىرخىل تىلدا ۋارقىرىدى . دەريادىكى چوڭقۇر بىر ھاڭ ئۇلارنى بۇ يەلكەنلىك كېمىدىن ئايرىپ تۇراتتى . ئۇلار مەيلى ياش ياكى قېرى بولسۇن ، ھەممىسى كوسا ئىدى . شامال ۋە قۇياش تەپتىدىن ئۇلارنىڭ چىرايى قارايغانىدى . ئۇلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرى قىسقا ، بوينى توم ، ئۆزى يوغلۇق بولۇپ ، دەريانىڭ جىددىي ئېقىنىغا قاراپ پۇشقۇرۇپ قوياتتى .
ئاتلىق سۇۋارىلار ئىچىدىن يوللۇق تون كىيگەن ، ياشانغان بىر كىشى چىقتى . ئۇ بېشىغا تاۋاردىن ئۇچلۇق تەلپەك كىيگەن ، تەلپەكنىڭ چۆرىسىگە كەڭ ـ كەڭ تۈلكە تېرىلىرىنى ئېسىۋالغانىدى . بۇ قېرى كىشى ئېتىنى ئالدىغا دېۋىتىپ كېلىپ پارس ، ئەرەب ۋە قىپچاق تىللىرىدا ئارىلاشتۇرۇپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى :
— سىلەر نېمە ئادەملەر ؟ نەدىن كەلدىڭلار ، بۇ كىمنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى ؟ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەن ؟ كېمىگە نېمە باستىڭلار ؟ جاۋاب قايتۇرۇڭلار ! مەن دۇنيا ھۆكۈمرانىنىڭ تىلماچى .

كۆپنى كۆرگەن رولچى قىپچاق تىلىدا جاۋاب قايتۇردى :

— بۇ تۆمۈر چاقسا[1] دىن كېلىۋاتقان ھۆرمەتلىك سودىگەر ئىسلام ئاغىنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى . بۇ كېمىدە باغداد خەلىپىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئالاھىدە ئەلچى بار . سىلەر نېمە ئادەم-لەر ؟ بۇ يەر دۇنيا ھۆكۈمرانىنىڭ ئولتۇرغان تەختى ھۇزۇرىدىن قانچىلىك يىراق ؟ بىزنىڭ كېمە خوجايىنىمىز ئۇنىڭ تەختى ئالدى-دىكى گىلەمدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭنى كۆزىگە سۈرتۈشكە تەشنا . خانغا قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلماقچى .

قېرى تىلماچ ئىتىنى قامچىلاپ دەرياغا چۈشۈپ ئۈزەڭگە چىلاشقۇدەك يەرگىچە كەلدى ـ دە ، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى :

— ھەممىڭ كېمىدىن چۈشۈپ قىرغاققا چىقىش ! موڭغۇل دۆلەت چېگرىسىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان يولخېتىڭنى ئې-لىش ، تەكشۈرىمىز !

باشقا ئاتلىق سۇۋارىلارمۇ قوشۇلۇپ ۋارقىراشتى :

— جاھانگىر چىڭگىزخانغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىڭلارنى بىزگە كۆرسىتىڭلار !

كېمە خوجايىنى ئىسلام ئاغا تىترەپ كەتتى . ئۇ كېمىچىلەرگە پەس ئاۋاز بىلەن :

— يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دەرھال ئاستىنقى ئۆيگە يوشۇرۇڭلار ! ئۇنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىڭلار !

دېۋىرقاي سۇركەلگەن تار ۋە ئۇزۇنچاق بىر كىچىك كېمە قىلىن قومۇشلۇق ئىچىدىن ئۈزۈپ چىقتى . كېمىدە تولۇق قورال-لانغان تاتار سۇۋارىلىرى بار ئىدى . ئۇلار ئۇزۇن دەستىلىك ، ئىلمەكلىك نەيزە بىلەن يەلكەنلىك كېمىنىڭ گىرۋىكىنى ئىلىۋې-لىپ ، ئارقان شوتا ئارقىلىق كېمە سەھنىسىگە چىقتى . چىرىكلەر

---

① تۆمۈر چاقسا — كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى دىربىنت شەھىرى . بۇ شەھەر ئىرانغا ئۆتىدىغان مۇھىم قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يولى (تار بوغۇز ) بولغاچقا ، كىشىلەر «تۆمۈر چاقسا» دەپ ئاتاشقان .



www.uyghurkitap.com

كېمىگە چىقىشى بىلەنلا تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنى تىمىسقىلاپ يۇرۇپ ، قاپلارنى ئۆرۈپ ، تېڭىقلارنى خەذ- جەرلىرى بىلەن يىرتىپ ، ھەرخىل ماللارنى بىر يەرگە دۆۋىلىدى . خورما ۋە كىشمىشلەرنى ئايرىم قويدى .

كېمە ئۇستىدىكى غوۋغانى ئاڭلىغان بىرنەچچە يولۇچى كېمە- نىڭ ئاستىنقى بۆلۈمىدىن ئۇستىگە چىقىشتى . ئۇلار كۇچلۇك قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىدە قاراڭغۇغا ئۆگىنىپ قالغان كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ ، كېمە ئۇستىدە قالايمىقان يۇگۇرۇپ يۇرگەن نۆكەر- لەرنى كۆردى .

ياش ئەرەب ئەلچىسى بىر قولى بىلەن قوينىدىكى قىسقا دەس- تىلىك خەنجىرىنى تۇتۇپ ماچتىنىڭ يېنىدا تۇراتتى . ئۇ بولۇۋاتقان ئىشلارغا قىلچە پىسەنت قىلمىغاندەك ئىدى . ئۇنىڭ كەينىدە ئۇزۇن قىزىل ساقاللىق مىرزا بىر قولىدا خۇرجۇن ، يەنە بىر قولىدا مۇقەددەس قۇرئاننى تۇتۇپ تۇراتتى .

ئىككى تاتار نۆكىرى ئارقىدىن ماراپ كېلىپ ، ئەلچىنىڭ ئۇستىدىكى تونىنى يەشتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئېسىلدى . ئەل- چى بىرلا كۇچەپ ئىككى نۆكەرنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى ـ دە ، قوينىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولدى .

دەل شۇ چاغدا ، ئىللىق چىراي قېرى تىلماچ ئارقان شوتا ئارقىلىق يەلكەنلىك كېمىگە چىقتى . ئۇ چوڭ قەدەملەر بىلەن كېلىپ كېمە خوجايىنىغا سالام بەردى ، ئاندىن تولۇپ تاشقان ئە- شەنچ ۋە توغرا تەلەپپۇز بىلەن :

— كىم ئەزىز مېھمانلار بىلەن جاھانگىر قوبۇل قىلىدىغان ئەلچىنى بوزەك ئەتتى ؟ قەھرىمان ، ئالىي نەسەبلىك نۆكەرلەر ، ئۇ چەت ئەللىك كىشىگە تەگمەڭلار ! كەلگەن ئەلچى كىم ؟ ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنى ئېيتسۇن !

— باغداد خەلىپىسىنىڭ مۇبارەك ئەلچىسى بۇ توپىلاڭدا ئېغىر ھاقارەت قىلىندى ! — دېدى غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەت-

كەن كىمە خوجايىنى تېخىمۇ ۋارقىراپ ، — بۇ بۇلاڭچىلار دەل ئاشۇ ئەلچىنىڭ نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلدى .

— ئۇلار بۇلاڭچى ئەمەس ! — دېدى تىلماچ تەئەددى بىلەن ، — ئۇلار ئۇلۇغ تاتارخانى باتۇخاننىڭ يېڭىلمەس باھادىرلىرى !

بىر ياش سىپاھ تىلماچنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى . ئۇ ئۇستىگە ساۋۇت ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ، دۇبۇلغا ئۇستىگە بىر تۇتام قوتان ئۇككىسى تاقىغانىدى . بۇ ياش سىپاھ ھەيۋە بىلەن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋارقىرىدى :

— بۇيرۇق !

— پەرمانبەردارمىز ، — دەپ بىردەك ۋارقىرىدى موڭغۇل سۇۋارىلار ھەم بىراقلا ھەرىكەتتىن توختاپ ، ئۆز ئورۇنلىرىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قېلىشتى . كېيىندىكى ھەممە كىشى بۇ ياش سىپاھقا قاراشتى .

— قەھرىمان ، يېڭىلمەس قىرانلار ، مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئاڭلاڭلار ! ۋاقتىنچە ھەرىكەت توختىتىلسۇن ! — ياش سىپاھ كىمە باشلىقىغا قارىدى ، خوجايىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ قورۇنۇپ تۇراتتى . تۆۋەن چۈشۈپ كەتكەن كەك ئاغلىق ئىشتىنىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا يۇقىرى كۆتۈرۈپ قوياتتى ۋە غەزەپلىك كۆزى بىلەن يەر ئاستىدىن ھومىيىپ قارايتتى .

— خاقاننىڭ نۆكەرلىرىگە قول ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان بۇ بەختسىز تەلۋە كىم بولىدۇ ؟

خوجايىن ئاغزىنى ئېچىپ بىرئاز كېكەچلىگەندىن كېيىن جاۋاب بەردى :

— باغداد خەلىپىسىنىڭ مۇبارەك ئەلچىسى .

ئەرەب يىگىت بىر تەرەپتىن تىللاپ ، بىر تەرەپتىن يىرتىلغان كىيىملىرىنى تۈزەپ ، ئەتراپىدا تۇرغان موڭغۇل نۆكەرلىرىگە ھومىيىپ قويدى . ياش موڭغۇل سىپاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— باھادىرلار ، سىلەرگە مەلۇم ، چەت ئەل پادىشاھىنىڭ ئەل-

چىسى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىزدۇر . ئۇلارغا قول تەگكۈزۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكىنى سالدۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ . سىلەر بۈگۈن باغداد خەلىپىسىنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ۋە كېمە خوجايىنىنىڭ سوۋغاتلىرىغا ئىگە بولدۇڭلار . شۇڭا ، سىلەر بۇ ئىككى كىشىگە رەھمەت ئېيتىڭلار !

— سوۋغىتىڭلارغا رەھمەت ! — دېدى موڭغۇللار ۋارقىراپ .

— بىرىنچى «ئون» لۇق كېمە ئۈستىدە قالسۇن ، قالغان نۆكەرلەر كېمە ئۈستىدىكى بارلىق سوۋغاتلارنى قىرغاقۇا چىقىرىپ ئاندىن باتۇخاننىڭ قارارگاھىغا يەتكۈزسۇن .

دەل شۇ پەيتتە ، كېمە خوجايىنى تۇرىدىغان ھۇجرىدىن بىر ئالىغاي موڭغۇل نۆكەر يۈگۈرۈپ چىقتى . ئۇنىڭ قولىدا گىلەم خۇرجۇن بار ئىدى . بۇ خۇرجۇننى ھېلىقى چىرايى تاتىراڭغۇ نازۇك ئايالنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانىدى . ئۇ ئايالمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ، ئۇنىڭ ئايىغىدىكى كۈمۈش قوڭغۇرىقى جاراڭلاپ تۇراتتى . موڭغۇل نۆكەر باشقا نۆكەرلەرنىڭ قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، قولىدىكى خۇرجۇننى يەرگە تاشلاپ تىك تۇردى .

— ئەرەب ئەلچىسى ، كېمە خوجايىنى ۋە بۇ كېمىگە ئولتۇرغان بارلىق يولۇچى مېھمانلار ! — ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن سىپاھ داۋاملىق بۇيرۇق بېرىۋاتاتتى ، — سىلەر نۆكەرلىرىمىزنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقنى ئويلاۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟ ئۇلار سىلەرنى بوزەك قىلمىدىغۇ ؟

— ھىم ، ئەيىبكە بۇيرۇماسمىش ! — خوجايىن يەنە غودۇردى ، — ئۇلار كېمىدە كۆزگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بۇلىۋالدى…

— ئاغزىڭنى يۇم ! — ياش سىپاھ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى ، — شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى ، تاتار خاقانىنىڭ قەھرىمان ، غالىب نۆكەرلىرى ئەزەلدىن كىشىلەرنى بۇلىغان ئەمەس . ئۇلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بولغانلىقى يۈزىسىدىن ، ئۆزلىرى مۇقەررەر

www.uyghurkitap.com

ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئۇرۇش ئۆلجىسىنى ئالدى ، خا- لاس . هازىر سەن مېنىڭ نۆكەرلىرىمنى قاراقچى دەپ هاقارەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتىلىسەن . مەن سېنى مۇشۇ يەردە ، كۆز ئالدىمدا جازالايمەن··· سەن تۆهمەت قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈز- دۈڭ . «ياساق» قانۇنى بويىچە ساڭا بېرىلىدىغان جازا··· جازا ئىنتايىن ئاددىي ، توقماق بىلەن كاللاڭغا ئۇرۇش ، دەرهال ئىجرا قىلىنىدۇ ، ئۆزگەرتسەكمۇ بولىدۇ ، ئۇ هالدا سېنى ماچىتىغا ئىپ- سىش كېرەك .

— هېچكىم ئەرزىيەت ئېيتقىنى يوق ! — خوجايىن قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى قىرىپ ، تىترىگەن ۋە يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا سۆز- لىدى ، — هەقتائالا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ، بىزنىڭ ئەرزىمەس سوۋغى- تىمىز چەكسىز هۆرمەتكە سازاۋەر بولدى . چەكسىز ئادىل تاتار خاقانىنىڭ شەۋكەتلىك نۆكەرلىرىنىڭ خۇشال بولۇشى بىزنىڭ بې- شىمىزنى كۆككە يەتكۈزدى .

ياش سىپاھ خوجايىنغا مىت قىلماي بىر هازا تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى :

— ئەسلىدىكى هۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم ، بىراق مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشىسەن ، كېيىندىكى بارلىق يولۇ- چىلار ، كېمىچىلەر ۋە خوجايىن بىر تەرەپكە تىزىلىڭلار··· ئەلچى بۇنىڭ سىرتىدا . سەن بۇ تەرەپتە تۇر . خۇنى ، مۆڭكى ، سىلەر بۇ يولۇچىلارغا قاراڭلار .

يۈزىگە قورۇق چۈشكەن ، ئاق يۈزلۈك ، قىسىق كۆزلۈك قېرى موڭغۇل نۆكەر يولۇچىلار رېتىنىڭ ئاخىرىغا كەلدى . ئۇ ئالدىرىماي ، تەمتىرىمەي يولۇچىلارنىڭ بەلۋاغلىرىنى بىر - بىردىن يەشتۈرۈپ ، قويىنىدىكى هەمىيانلىرىنى ئېلىۋالدى ، زۇمرەت ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ ، پۇتىدىكى ئۆتۈكلىرىنى يەشتۇ- رۇۋالدى···

بارلىق يولۇچىلار موڭغۇللارنىڭ يېنىغا ئېسىۋالغان تۆمۈر توقماقلىرىغا خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قاراپ قوياتتى .

يەنە بىر موڭغۇل ئۇستىدىكى جۇۋىسىنى يېشىپ كېمە ئۇستى-
گە يېيىپ سالدى ـ دە ، يولۇچىلاردىن ئېلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە يىغدى .

قېرى تىلماچ بىر چەتتە تۇرۇپ ھەربىر يولۇچىنى يېپى-
دىن ـ يىڭنىسىغىچە سوراپ چىقتى .

— سەن نىمە ئادەم ؟ نەدىن كەلدىڭ ؟ نەگە بارىسەن ؟ نىمە
ئىش قىلغىلى بارىسەن ؟ خېلى ۋاقىت كېتەمدۇ ؟

— مەن بىر سودىگەر . ئۆزۈم خارەزملىكمەن . ئۇرگەنچتىن
كېلىشىم ، — دېدى چېكە چاچلىرى ئاقارغان ، ئالىپتە كىيىنگەن
بىر يولۇچى . ئۇ ئۇستىگە بەقەسەم تون ۋە قىزىل رەڭلىك كەڭ
ئىشتان كىيگەن ، بېشىغا نىل رەڭلىك سەللە يۆگىگەنىدى ، — مەن
تاۋار ـ دۇردۇن ، ياقۇت ۋە ئۈنى ئىشلەتكەن كىشىلەرگە خۇشاللىق
بېغىشلايدىغان ھىندىستان كۆكنارلىرىنى ئېلىپ ساتىمەن . چىڭ-
گىزخان (ئۇنىڭ مۇبارەك مېيىتى خۇش پۇراق چاچقاي ) نىڭ دانا
«ياساق»ىدا مېنىڭ ماللىرىمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك
دەپ كۆرسىتىلىدىكىن ؟

— سەن ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن سېتىشقا ھەقلىقسەن .
بىراق ئالدى بىلەن پۈتۈن مېلىڭنى بەش ئۇلۇشكە بۆلۈپ ، ئۇنىڭ
بىر ئۇلۇشىنى بىزنىڭ ئادىل جاھانگىرىمىزغا سوۋغات قىلىسەن .
يەنە بىر ئۇلۇشىنى پۈتۈن موڭغۇللارنىڭ خاقانىغا سوۋغات قىلى-
سەن . بۇ سوۋغاتلارنى خاقانىنىڭ پايتەختى قارا قورۇمغا ئەۋەتىپ
بېرىشىڭ كېرەك .

ئىككىنچى يولۇچىنىڭ ھالى ئىنتايىن خاراب بولۇپ ، ئۇ ئۇس-
تىگە دەرۋىشلەرنىڭ كونا جەندىسىنى ، بېشىغا ئۇچلۇق كۇلا كىيگە-
نىدى . ئۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا چۇشەندۇرۇپ كەتتى :

— چۆل شاملى ئۇچۇرغان قامغاقتەك ، دۇنيا كېزىپ يۇرگەن
دەرۋىشمەن . ئىسمىم شەيخ مۇسلى ئەددىن . مەن شېرىن نەزمىلەر-
نى يازىمەن . مېنىڭ باش تىققۇدەك ماكانىم ، ئارام ئالغۇدەك باغچى-
لىرىم يوق بولغاچقا ، باج ـ سېلىقتىن ئازادمەن . پۈتۈن سىياقىم

مېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇم . مېنىڭ پۈتۈن بايلىقىم مۇشۇ مىس دۈۋەتتىن كېلىدۇ .

چوقماق كۆتۈرگەن قېرى موڭغۇل نۆكەر دەرۋىشنى تىنتىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ قوينىدىن بىرنەچچە كۈمۈش تەڭگە سېلىنغان ھەميانىنى تارتىپ چىقتى . ئۇنىڭغا قوشۇپ دەرۋىشنىڭ بەلۋېغىغا باغلاقلىق تۇرغان مىس دۈۋەتنى ئېلىپ مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋىدى ، قاپقارا سىياھ ئۇنىڭ قولىنى بۇلغىۋەتتى .

دەرۋىش ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراشقا باشلىدى :

— مېنىڭ دۈۋىتىمنى ئالغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈچەي قارنىمنىمۇ قاغىلارغا تاشلاپ بېرىڭلار !

چوقماق كۆتۈرگەن موڭغۇل غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

— سېنىڭ بۇ قىممەتلىك دۈۋىتىڭنى بىزنىڭ مىرزىلىرىمىزمۇ ئىشلىتەلەيدۇ .

يەنە بىر موڭغۇل دەرۋىشنىڭ ئۈستىدىكى ئەسلىي رەڭگىنى بىلىپ بولمايدىغان جەندىسىنى دەرھال يەشكۈزۈۋېلىپ ، كېمە ئۈستىگە يايدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولجىلارنى دۆۋىلەشكە باشلىدى .

شەيخ مۇسلى ئەددىن شاققىدە يۈكۈنۈپ ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توستى ، ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلىغىنىچە ھۆڭگىرەپ يىغلىدى ۋە ئاللىنىپىملەرنى دەپ پىچىرلىدى . بۇ چاغدا ياش موڭغۇل سىپاھ دەرۋىشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى نوقۇدى :

— ھەي سەن نېمە ئادەم ؟ قەلەندەرمۇ ، باخشىمۇ ياكى يۇلتۇزلارغا قاراپ قۇر ئاچىدىغان مۇنەججىممۇ ؟ نېمىشقا يىغلايسەن ؟

— مەن قەلەندەر ئەمەس . مەن ئەسلىي ئەڭ قۇدرەتلىك شاھلاردىنمۇ باي ئىدىم . ھازىر ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر گاداي بولۇپ قالدىم . بۇ جەندىنى كىيىپ بۇ دۇنيانى كەزگىنىمگە توپتوغرا 30 يىل بولدى . ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ، قۇشلارنىڭ پەيلىرى بولغىنىدەك ، مېنىڭ پەقەت مۇشۇ جەندەملا بار . ئۇ مېنىڭ ھەم يېپىنچام ، ھەم داستىخىنىم . كېچىلىرى ئۇنىڭ يېرىمىنى

سېلىنچا، يېرىمنى يېپىنچا قىلىمەن. چوقماق بىلەن بېشىمغا ئۇرساڭمۇ مەيلى. مەن دېيىشكە نىيەت قىلغانلىرىمنى دەي، چىڭ-گىزخاندىن قالغان دانا «ياساق»تا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانىنى مەدھىيىلەپ زىكرى سوقۇپ يۈرگەن بىر گادايىنىڭ دۆۋەتنى ۋە جۇل - جۇل جەندىسىنى تارتىۋېلىشىڭلارنى قارار قىلىنمىغان.

بۇ چاغدا چوقماق تۇتقان قېرى موڭغۇل سۇۋارى جەندىنىڭ تۆت ئۇچىدىن تۇتۇپ كۆتۈردى. يولۇچىلاردىن بۇلىۋالغان تەڭگە-لەر، ئۈزۈكلەر ۋە باشقا ئۇششاق نەرسىلەر چاپاننىڭ يىرتىقلىرى-دىن تىرىڭلاپ كېمە ئۈستىگە چۈشتى.

— سەن مېنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ، بىزنىڭ چەكسىز توغرا خانىمىزنىڭ قوبۇلىدا بولغىن. سېنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇنىڭ ئۆزى بېكىتسۇن، — دېدى موڭغۇل سىپاھ، — خۇنى، بۇ جەندىنى ۋە دۆۋەتنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەر. سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم، — دەپ سورىدى ئۇ قېرى ئورۇق كىشىنى كۆرسىتىپ. بۇ قىزىل ساقال قېرى كىشى بولۇپ، ئۈستىگە ئاق، قارا يوللۇق ئەرەبچە يۇڭ چەكمەن تون كىيگەنىدى.

— ئۇ مېنىڭ مىرزام. ئۇ ئىنتايىن ماھارەتلىك ھېكىم ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ قۇر ئېچىپ كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگۈچى مۇنەججىم، — دەپ تونۇشتۇردى يېنىدا تۇرغان ئەرەب ئەلچىسى.

— ھېكىم؟ ! — موڭغۇل سىپاھ ھەيرانلىق ئىلكىدە ۋارقىرى-ۋەتتى، — مەن ئىلمى ۋە ماھارىتى بار بىر ھېكىمگە تولىمۇ موھتاج. تۇلۇمۇڭنىڭ ئىچىدە نېمىلەر بار؟

— ئۇنىڭدا دىنىي ئەقىدىلەرگە چىن ئىخلاس قىلىدىغان كى-شىلەرنى كېسەل ئازابى ۋە ئەجەل گىردابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان قۇتقۇزغۇچى دورىلار بار. قولۇمدىكى بۇ كونا كىتاب ئۇلۇغ پەيغەم-بىرىمىزنىڭ «كالامۇ شەرىف» (ئۇنىڭغا ئېتىقاد ۋە ھۆرمەت بىلدۈ-رەيلى) ى.

موڭغۇللارنىڭ ئولجىلىرى بېسىلغان كىچىك كېمە بىرنەچچە قېتىم قاتناپ ماللارنى قىرغاققا توشۇدى. موڭغۇللار قولغا چۈ-

شۇرگەن ئۇلجىلارنىڭ ئىچىدە يەنە نازۇك پۇتىغا كۈمۈش قوڭغۇراق تاقىغان ئايال، دەرۋىش ۋە شاكىچىك زەڭگىمۇ بار ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ كېمىدە قالدۇرۇلغان «ئون»لۇقى كېمىنىڭ قۇيرۇقىغا يىغىلىشىپ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

كېمە خوجايىنى ئىسلام ئاغا كېمە گىرۋىكىدە تۇرۇپ، كۆزىدىن توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى مۈشتۈمى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— قولۇمغا سانجىلغان تىكەن، زەھەرلىك سەكسەن پۇت مېڭىمدىن ئايرىلىپ كەتتى!

ئەرەب ئەلچىسى ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتقان ھالەتتە ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭغا ھەسرەت چېكىش نەھاجەت! قايسىلا بازارغا بارساڭ ئايال قۇل دېگەن تولۇپ يېتىپتىغۇ، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆڭلۈڭگە يارىغىنىنى چېكىپ تۇرۇپ ئالالايسەن.

— بىراق، بۇنداق ئاي نەسەب ئائىلىسىدىن چىققان ۋىزانتىيە پادىشاھ جەمەتىنىڭ قىزىنى تاپالمايسەن. بۇنداق قىزنى ئىككىنچى قېتىم ئىزدەپ تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈز قاپ ئالتۇن، يۈز قاپ گۆلە - قاق بېرىشكە رازىمەن. نېمە ئۈچۈن ئۇنى مېنىڭ قولۇمدىن بۇلاپ كېتىدۇ؟!

— ئۇنى شۇنچىلىك بەدەل تۆلەپ ئېلىپ قېلىشقا ئەرزىمدۇ؟ ۋىجىك، چىرايى سولغۇن، جىسمى خۇددى ياغاچتەك ئورۇق بۇ ئايال دائىم سېنىڭ بىلەن سوقۇشىدۇ، يۈزۈڭنى تاتىلايدۇ، ئۆلتۈرىمەن دەپ ساڭا تەھدىت سالىدۇ...

— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق! — دېدى كېمە خوجايىنى، ئاندىن ئېڭىشىپ ئەلچىنىڭ قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — ئەپسۇسكى، ئۇ سېنىڭ قەلبىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان ئىستەكلىرىڭنى پاش قىلالايدۇ.

— يارەببىم! — دېدى ئەجەبلەنگەن ئەلچى، — بۇ ئاز ئۇچرايدىغان كارامەت!

# تۆتىنچى باب

## ئابدۇراخمان پالچى ساھىبەنىڭ چىدىرىدا

ئابدۇراخمان كېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، يايلاق خەلقى ماكان-لاشقان سىرلىق زېمىنغا ئاياغ باستى . بۇ يەرگە كېلىش ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرىقى ئارزۇسى ئىدى . بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ باغدادتىن ئايرىلىپ ، كوردىستان تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ، بەكمۇ ئۇزۇن ، مۇشكۈل ۋە خەتەرلىك سەپەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى .

ئۇ قاپقاراڭغۇ بۇ تۈندە ، ئۆزىنىڭ مۇستەبەھكەم زېمىن ئۈستىدە مەزمۇت تۇرغانلىقىغا ئىشەندى . ئۇنىڭ پۇتى دۈمپەش ئۈستىدە سۇرۇلۇپ كەتتى . دۈمپەش ئۈستىدىكى چۆپلەر گەرچە ئۇنىڭ ئايد-ىغىغا سانجىلغان بولسىمۇ ، ئۇ خۇددى قەدىناس دوستى بىلەن كۆ-رۈشكەندەك سۆيۈنۈپ كەتتى .

— ھاسان ، ھاسان ، سەن قەيەردە ؟ — ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى سارايغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولغان دېڭىزچىنى چاقىردى .

— ھاسان بۇ يەردە ! — قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن دېڭىزچىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، — ئاغا ، بىر ئاز سەۋر قىلىڭ ، مەن كېمىگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەي . ھەممە نەرسىنى قوللىرىڭلاردا كۆتۈرۈپ تۇرۇڭلار ، بولمىسا بۇ يەرنىڭ قۇلاق كەستىلىرى قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئوغرىلاپ كېتىدۇ . مەن بىر بىكار تەلەپنى تاپتىم ، ئۇ بۇ ئېغىر قاپنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى ، ئەمما ئۇنىڭ بويىنىنى ئارغامچا بىلەن باغلى-ۋالمىسام قېچىپ كېتىشى مۇمكىن .

ئابدۇراخمان توختاپ ئۇلارنى كۈتتى . ئۇنىڭ كۆزى ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ ، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئىلغا قىلىشقا باشلىدى . ئىككى قارا گەۋدە يېقىنلاپ كەلدى . بۇ خەلىپىنىڭ قىممەتلىك سوۋغاتلىرى قاچىلانغان قاپنى كۆتۈرگەن دېڭىزچى بىدـ لەن ھېلىقى «بىكار تەلەپ» ئىدى . كېمە خوجايىنى ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچىنى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان ، ئۇ بۇلارنى ئەرەب سودىگىرىنىڭكىگە باشلاپ بارماقچى ئىدى . ئەمما ، كىشىدـ لەر ئۇيىاقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ، توختىماي ۋارقىراپ ـ جارقىرىشاتتى .

قاياققا مېڭىش كېرەك ؟ سوغۇق شامال چاڭ ـ توپىلارنى ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە . ئالدى بىپايان زېمىن ، يىراقتىن پىلىلدىغان چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇردۇ . يېقىن ئەتراپتا كىشىلەرنىڭ سايىدـ سى توختاۋسىز ھەرىكەتلەنمەكتە . ئەلۋەتتە ، ئېھتىياتچان بولماق لازىم . ئەتراپتا مال ـ دۇنيا ئۇچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ياۋايىلار يۈرۈپتۇ . ئادىسومنى موڭغۇل چارلىغۇچىلىرى تۇتۇپ كەتتى ، سادـ دىق ھەمراھىدىن ئايرىلدى . تىكەندەك يالغۇز جاھان كەزمەك نېمەدـ دېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە ، نېمىدېگەن قىيىن ـ ھە··· بىر خىل ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئابدۇراخماننىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالدـ غانىدى .

ياكى مۇشۇ دەريا بويىدا تۈنەپ تاڭ ئېتىشنى كۈتەيمۇ ؟ تاڭ ئاتقاندا ئاندىن مېھماندوست يۇرتداشلىرىنى ، ئەرەب سودىگىرىنى تاپسام ··· ئۇلار تاماق ۋە ياتاق راسلاپ بېرەتتى . بىخەتەر بىر چېدىرنى ئاجرىتىپ ، ئايىغى چاققان ، قولى ئەپلىك چاكاردىن بىرـ نى بەرسە ، گىلەم ئۈستىگە يىپەك داستىخان سېلىپ ، ئۈستىنى ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ ، خەلىپە ئەلچىسىنىڭ كەلگەنلىكىگە مەرھابا ئېيتىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالاتتى .

بىر چاغدا ، زىلۋا بىر قىزنىڭ يۇمران قولى ئابدۇراخماننىڭ مۇسكۇللىرى قاتقان ، كۈچلۈك ئالىقىنىغا تەگدى ۋە شۇ زامان ئۇنىڭ قولىقى تۈۋىدە ئاجايىپ يېقىملىق ۋە خىجىللىق ئىلكىدە

قورۇنغان بىر ئاۋاز ياڭرىدى . ئايال دەسلەپتە ئۇ چۈشەنمەيدىغان تىل بىلەن سۆزلەپ ، كېيىن ئەرەبچە سۆزلىدى .

— يىراقتىن كەلگەن مۆھتەرەم سەيياھ ! مۇبادا سىلى بۇ سوغۇق مۇدھىش كېچىدە ئىللىق ماكانىنى ئارزۇ قىلسىلا ، مېنىڭ بىلەن بىرگە ماڭسىلا ، قاراڭغۇ تۈننى يات مىللەتنىڭ قەبىھ لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقان بۇ جايدا ئۆتكۈزۈش سىلى ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىك ، ناتونۇش مېھمان . ئەمما ، سىلى ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى كۆكۈللىرىگە ياقىدىغان تۇرالغۇغا بارالايدىلا ، ئۇ يەردە قىزغىن مېھماندوستلۇق سىلىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . پاكىز مەشۇت گىلەملەر سېلىنغان ، پەي ياستۇقلار قويۇلغان ، ئىسسىق كەچلىك تاماق ھازىرلانغان ئورۇندا سەپەر ھاردۇقىدىن كېيىنكى لەززەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولىدىلا ، ماڭا ئىشەنگەيلا !

دېڭىزچى بىتاقەتلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

— سەن نېمە ئادەم ؟ بىز سېنى پۈتۈنلەي تونۇمايمىز ، سەن زۇلمەت ۋە قەبىھلىكنىڭ بىرىكمىسى !

— مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئاڭلىغايسىلەر ، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلار ! مەن پەقەت سىلەرنىڭ مەنپەئىتىڭلار ئۈچۈن سۆز قىلىۋاتىمەن . دەريا بويىدا تۈنەشكە قەتئىي بولمايدۇ ، ساراي پۇلىمۇ قىممەت ئەمەس ، ئاران ئۈچ تەڭگە .

— ھاسان ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارايلى ! ئىشقىلىپ ، بىر ماكان تاپايلى !

— پەرمانبەردارمەن ، ئاغا ! ئاللا سىزنى مۇساپىرچىلىقتىكى 990 قېتىمىن ئۆتكەلدىن ئامان ئۆتكۈزگەي !

ئابدۇراخمان زىلۋا قىزنىڭ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ يېتەكلەشىگە كۆندى . ئۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان ئاشۇ جايغا بېرىش قارارىغا كەلدى .

— سېنىڭ بىلەن باراي ! ئەگەر سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست بولسا ، مەن بەش تەڭگە تۆلەيمەن . سەن باشلاۋاتقان بۇ ئادەملەر ساڭا بەخت كەلتۈرەلەيدۇ .

— ئۇنداقتا، بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن سىلەر بەخت ئىچىگە چۆمىسىلەر... — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى نازاكەت بىلەن تارتىنىش مۇجەسسەم بولغان ئاۋاز.

ئۇلار بىر دۆڭلۈكتىن ئېشىپ، ئاندىن بىر ئورمانلىقنى ئايلىنىپ ئۆتتى. بىرئازدىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر تاغ چوققىسىدىن ئاشتى. يول ئىنتايىن ئۇزۇن، خۇددى ئايىغى تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ئاخىر بىرنەچچە قاپقارا چېدىر، يۇڭ ئارقانلار بىلەن تارتىپ ياسالغان تونۇش ئەرەب چېدىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. چىراغنىڭ قىزىل نۇرى چېدىر يىرتىقلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىز يېتىپ كەلدۇق، — دېدى ھېلىقى زىلۋا يول باشلىغۇچى ۋە چېدىرنىڭ ئىشىكىنى كۆتۈرۈپ ئاچتى.

چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك گۈلخان يېقىلغان بولۇپ، گۈلخان ئۈستىگە قاپقارا مىس قۇمغان ئېسىلغانىدى.

ئۇزۇن يىل ئىسلىنىپ رەڭگى قارىداپ كەتكەن چېدىر ئۈستىنى چەڭزە بىلەن تىرەپ كۆتۈرۈپ قويغانىدى. تىرەپ قويۇلغان يەنە بىر چەڭزىگە ساپال چىراغ ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاجىز يورۇقى چېدىر ئىچىنى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئابدۇراخمان يەلكىسىگە ئارتقان سەپەر خالتىسىنى ئالدى، بېلىگە ئاسقان ئوقدىنىنى، بەلۋېغىنى ۋە بەلۋاغدىكى كۈمۈش دەستىلىك خەنجىرىنى يېشىپ، ھەممىنى مەشۇت گىلەم ئۈستىگە بولۇشىغا تاشلىدى. ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەس ئاۋاز بىلەن پاتىھە ئوقۇپ دۇئا قىلدى.

ياش دېڭىزچى بىلەن كىيىمى جۇل - جۇل، كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان ھېلىقى «بىكار تەلەپ» كۆتۈرۈپ كەلگەن يۈك - تاقنى چېدىرنىڭ ئىشىك تۈۋىگە قويۇپ بولۇپ، تونىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈپ، خوجايىنىنىڭ پۇل بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— پۇلنى كۆپرەك بېرىڭ. يائاللا، نېمىدېگەن ئېغىر نەرسە

بۇ ، — دەپ غودۇڭشىدى «بىكار تەلەپ» ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ مېھماننىڭ ئەكەلگىنى مىخ ئەمەس ، ئالتۇن ئوخشايدۇ . ئاللاتائالا ، ئىـگەم ئوقىتىـڭىزنى ئىلگىرى ، بايلىـقىڭىزنى زىيادە قىلغاي !

ئابدۇراخمان «بىكار تەلەپ»كە باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ قارىدى . ئۇنىڭ بۇرنى خۇددى قۇشنىڭكىگە ئوخشايتتى . بېشىغا دۈگىلەك تەلپەك كىيگەن ، ئەمدىگىنە ئاقارغان ساقىلى تارالمىغاچقا ، چاڭگا بولۇپ كەتكەنىدى .

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە ؟ — دېدى ئابدۇراخمان ھەرقايسىسىغا بىرنەچچە تەڭگىدىن بېرىۋېتىپ .

— مېنىڭ ئىسمىمما ؟— دېدى «بىكار تەلەپ» تەڭگىلەرنى يىغىۋېتىپ ، — ھازىر مېنى «دەردمەن سامۇئىل» دەيدۇ . ئەسلىدە مېنىڭ ئىسمىم سامۇئىل بىن ئابىرام ئىدى . ئېرۇسالېمدا قورۇ - جايىم بولۇپ ، ھويلامدا بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخى بار ئىدى . مەن ئۇ يەردە ئەڭ ئېسىل ماللارنى ساتاتتىم . ئاشۇ يىللاردا قولۇمدا دەل ھازىرقى ماڭا ئوخشاش «دەردمەن» قۇللاردىن يەتتە يۈزى بار ئىدى . شۇڭا مەن بۈگۈنكى كۈنگە قالدىم . بۇنىڭ ھەممىسى پەرەڭلەرنىڭ ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ كاساپىتىدىن بولدى . ئۇلار ئۆز مەملىكىتىدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەي ، ئېرۇسالېمغا كېلىپ ئاسايىشتا ئۆتۈۋاتقان ئاھالىنى پاراكەندە قىلدى . ئۇلار «خۇدانىڭ قەبرىگاھ»نى ئازاد قىلارمىش . ئازاد قىلغۇدەك نېمە بار ئىدى ؟ قەبرىگاھ دېگىنى مېيىت ياتىدىغان ساندۇقمۇ ؟ مېنىڭچە ، ئازاد قىلىمىز دېيىشكە ئەرزىگۇدەك ئىش يوق . گۇناھقا پاتقىنى ، ۋەيران بولغىنى يەنىلا يوقسۇل كىشىلەر . دەسلەپتە ، مەن پەرەڭلەرگە ئەسىر چۈشتۈم . بىر بەگزادە مېنى ئۆزىگە ئاشپەز قىلىۋالدى . ئاشپەز بولغىنىم بىلەن قورۇغۇدەك ياكى مايدا پىشۇرغۇدەك تاماقنىڭ تايىنى يوق . دائىم ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ خوجايىن ئۈچۈن قوي گۆشى ۋە خورما ئىزدەيتتىم (ئۇنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئوغرىلاپ كېلەتتىم )... كېيىن مەن يەنە ئەرەبلەرگە ئەسىرگە چۈش-

www.uyghurkitap.com

تۇم . ئۇلار مېنى يىراق ـ يىراقلارغا ئاپىرىپ سېتىۋەتتى . ئاخىر مەن بۇ ئەتىل ۋادىسىغا كېلىپ قالدىم...

— مۆھتەرەم ساموئىل بىن ئابىرام ، سەن يەنە قانچىلىك پۇل تەلەپ قىلىسەن ؟

— قانچىلىك پۇل ؟ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى ، — دېدى «دەردمەن ساموئىل» ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ .

— مەن بۇ يەردە قايسى خىلدىكى پۇلنىڭ ئاقىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن ، قانداق تېگىشىشنى بىلمەيمەن .

— پەقەت جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ساپ ئالتۇن ياكى ساپ كۈمۈش تەڭگە بولسىلا بولىۋېرىدۇ... ئاھ ، ئالتۇن ! ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مېنىڭ بۇ قولۇم بۇنداق ئالتۇن دىنارنى كۆرۈپ باقمىغان ! ئەمما ، بۇرۇن مېنىڭ مەخسۇس ئالتۇننى كۈمۈشكە ، كۈمۈشنى ئالتۇنغا تېگىشىدىغان دۇكىنىم بار ئىدى . مېنىڭ سىزگە يەنە نېمىلەرنى ئېيتماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىز ؟

— نېمىنى ئېيتىپ بەرمەكچىسەن ؟ ساموئىل بىن ئابىرام !

— ئەگەر سىزنىڭ بىر ئوچۇم ئالتۇنىڭىز بولسا ، ئۇنى بۇ يەردە ئۈچ ئوچۇم ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ . بۇ يۇرتتا ئۇلار بۇلاپ كەلگەن بايلىق تولۇپ يېتىپتۇ... ئاھ ، قاراڭە ، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ! بۇلاپ كەلگەن ئەمەس ، قەھرىمان باتۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى باشقا مەملىكەتلەردىن توشۇپ كەلگەن . ئۇلار ھەرقايسى ئەللەرنى شىلىپ قىپيالىڭاچ قىلىۋەتتى . بىراق ، لەشكەرلەر ئۆز قولىدىكى مالنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ . ھازىرقى ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ماللارنى تۆۋەن باھادا ئېلىپ ، يۇقىرى باھادا سېتىش . بۇ يەردىن باشقا يەنە قەيەردە بۇنداق ياخشى ئوقەت بار دەيسىز... ئەتە سىز ئىنتايىن چوڭ بۇ شەھەرنى كۆرىسىز ، بۇ ئاجايىپ گۈزەل شەھەر يېقىندىن قۇرۇلۇۋاتىدۇ . ئۇ يەردە ئىنتايىن نۇرغۇن كىشىلەر بار ، ھەممىسى كۆپرەك يېيىشنى ، كۆپرەك ئىچىشنى خالايدۇ . ھەي بىچارە ، ساموئىل بىن ئابىرام !

ئاھ ، ئەگەر سەندە ھۆرلۇك بولغان بولسا ، سېنىڭ قۇلىقىڭغا ئاسقىنىڭ مىس ھالقا بولمىغان بولسا ، ئوڭ بىقىنىڭغا ئىگەڭنىڭ تۆمۈر تامغىسى بېسىلمىغان بولسا ، جەزم قىلىمەنكى ، سەن بۇ ياش موڭغۇل پايتەختىنىڭ داڭدار سودىگىرى بولۇپ قالغان بولاتتىڭ !

— سېنىڭ خوجايىنىڭ كىم ؟

— خوجايىن ئەمەس . ساھىبە بى بى قۇندۇز… ئۇھ… ئۇ مۇشۇ يەردە . ئاھ ، ئۇ ئەقلى كامالەتكە يەتكەن ئايال ! ساھىبەنىڭ كۆز قىرى چۈشكەنلىكى ئادەمنىڭ ئىچكى سىرلىرى ئۈنىڭ ئۈچۈن ئەسلا مەخپىي ئەمەس . چۈنكى ، ئۇ بىر قاراپلا ئۇ كىشىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى دەپ بېرەلەيدۇ . ئاشۇ كىشى توغرىسىدا ساھىبەنىڭ ئېيتقانلىرى ئۈنىڭ «تەقدىر لەۋھەسىگە» يېزىلغان يازمىشلىرى بىلەن بىر دەك چىقىدۇ . شۇڭا ، كىشىلەر ئۈنىڭغا ئىنتايىن نۇرغۇن پۇل تۆلىشىدۇ .

— ئۇنداقتا ، سەن نەچچە پۇلغا تۇرىسەن ؟ يەنى سېنى قۇللۇق-تىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كېتىدۇ ؟

— نەچچە پۇل دەمسىز ؟ مېنىڭ ساھىبەم مېنى ساتمايدۇ . مەن ئۈنىڭغا لازىم . ئۇ قانداق ئىش قىلسۇن ، مەيلى ساتسۇن ، مەيلى ئالسۇن ، مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئالىدۇ . ئۇ مېنى ئازاد قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقانىدى ، — سۆزلەپ بۇ يەرگە كەل-گەندە ، ئۈنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى ، — بىراق ئايالالارنىڭ سۆزى ئەزەلدىن ئىشەنچلىك بولغانمىدى ؟ ئۇھ… گەپ قىلماڭ ! ئۇ كېلىۋاتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# ئەقىللىق بىبى قۇندۇز

چېدىرنىڭ كىگىز ئىشىكى كۆتۈرۈلدى. ئۇزۇن قىزىل تون كىيىپ، چېچىغا رەڭدار لېنتىلارنى باغلىغان ئايال كىرىپ كەلدى.

— سەپەر هاردۇقى يەتكەن مېهمانلارغا سالام! سىلەرگە راھەت ۋە ئاسايىشلىق هەمراھ بولغاي!

ساهىبە بورىنىڭ چېتىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكۈر ۋە تىنىق كۆزلىرىنى مېهمانلارغا تىكتى. ئۇنىڭ مەردانە قاراشلىرىدىن: «مەن سەندىن ئەقىللىق» دېگەن قىياپەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى تىپىك ئەرەبلەرگە ئوخشايتتى. بەش ئەزايى راۋۇرۇس، يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. بىر جۈپ تىنىق كۆزى خۇددى بىر جۈپ تاش ئالمىدەك، بويىنىدا چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت، مارجان ۋە يېشىل رەڭ جىلۋە قىلىپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك ئۇزۈكى بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇراتتى.

— سىلى ئېهتىمال بەختىيار ئەرەب ئېلىدىن ياكى پۈتۈن ئالەمگە داڭقى كەتكەن يىراقتىكى باغدادتىن كەلگەن بولسىلا كېرەك؟ بۇ تەخمىنىنى سىلىنىڭ كىيىملىرى ۋە گىلەم خۇرجۇنلىرىدىكى ئويما نەقىشلەر دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

— بىرلا قارىدىيۇ، بولىدى كۇپايە، ئېيتىقىنى توغرا چىقىدۇ، — دەپ غودۇڭشىدى پەس ئاۋاز بىلەن «دەردمەن سامۇئىل».

ساهىبە چاكارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك تەبەسسۇم بىلەن

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— مۇبادا سىلى بۇ شەھەرگە چوڭ ئىشلارنى بېجىرىشنى جەزم قىلىپ كەلگەن بولسىلا ، مېنىڭ مەسلىھەتىمگە قۇلاق سالغايلا ، شۇ چاغدىلا ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ . بۇ لەشكىرىي قارارگاھ-تىكى بارلىق نەرسىلەر بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىلەرگە مۇخالىپ ھالدا پۈتۈنلەي يېڭىچە ئۆزگەرتىلگەن . شۇڭا ، سىلىنىڭ بۇ يەردە تۇزىتىپ بولمايدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىشلىرىنى خالىمايمەن . ئالتە ئۆلچەپ بىر كەسكەن ، ئاقىللارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان كىشىلەرلا ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ... ھالبۇكى ، قول ئۇچىدا ئىش قىلىدىغان ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ كۆرمەيدىغان كىشىلەر ئاخىر پۇشايمانغا قالىدۇ . بۇ غەلىتە مىللەتنىڭ ئاجايىپ شەھەرىدە ئۆزىگە خاس قانۇن ۋە قائىدە - يوسۇن ئورنىتىلغان . پۇشايمانغا قالماسلىق ئۈچۈن بۇ قانۇن ۋە قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگەنمەك ھاجەت . تاتارلار بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى ، ئەگەر ئۇلار سىزنى ياخشى كۆرمىسە ، دەرھال تۇتۇپ پۈتۈن مۈلكىڭىزنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزىڭىزنى سوغۇق ئەتىل دەرياسىغا تاشلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن سەندىن بۇ دۇنيادا ھېچ-قانداق نامۇنىشان قالمايدۇ .

— ئۇلار ماڭا قول تەگكۈزەلمەيدۇ ! — ئابدۇراخمان ئەسەبىي-لەرچە ۋارقىراپ كەتتى ، — مېنى باغداد خەلىپىسى (ئۇنىڭ تېنى سالامەت بولغاي ) ئەۋەتكەن .

— سىزنىڭ بۇنداق جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئالىلىقاچان پەم-لىگەندىم ، — دېدى بىبى قۇندۇز . ئۇنىڭ بولاقتەك تىنىق كۆزلى-رى ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان جەزبىدار كۈلكىسى ئەلچىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى . ئابدۇراخمان خۇددى قۇيرۇقىنى كۆتۈر-گەن بوغما يىلاننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قوتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئۆلجىدەك ، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككەن بويىچە مىدىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى .

— سامۇئىل ، دائىم ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان

تائام — «كاۋاپ»نى تەييارلاڭلار ، — دېدى ساھىبە قىياپىتىنى بۇزماي تۇرۇپ ، ئاندىن ئۇ مېھمانلارغا يەنە كۆزىتىش نەزىرى بىلەن قارىدى .

ئابدۇراخمان قېرى مۇلازىمغا نەزەر سالدى . ئۇ كاۋاپدان ۋە زىخلارنى ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن ، گىلەم ئۈستىگە گۈللۈك داستىخاننى سېلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاۋاپ ئۈچۈن توغرالغان گۆشنى تۆكتى .

بىبى قۇندۇز قوزغالماي ئولتۇرۇپ قېرى مۇلازىمغا بۇيرۇپ تۇراتتى :

— ساموئىل ، تەكچىدىكى ئۈستى كۆكەرمىگەن ، ئاغزى ھىم شىرازى شارابىدىن كەلتۈر . مۆھتەرەم مېھمان ، تاماق پىشقۇچە مېنىڭ ئايال قۇلۇم سوفىيەنىڭ ساتا يۇرت ناخشىلىرىدىن ئېيتىپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلغايسەن . كۆڭۈل ئاسمىنىڭدىكى ئەندىشە بۇلۇتلىرىنىڭ تېزرەك تارقاپ كېتىشىنى خالايمەن… خاتىرجەم بول ، بېشىڭدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت يۇلتۇزىنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن…

ئابدۇراخمان شۈركۈنۈپ كەتتى .

— بۇ قىزچىقىمىزنىڭ ئاۋازى خۇددى بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش يېقىملىق ، ئۇنى رەت قىلمىغايسەن .

— مېنىڭ ناخشا ئاڭلاشقا تاۋىم يوق ! ئەگەر سەن راستىنلا ھەممىنى بىلگۈچى بولساڭ ، مېنىڭ ئىستىقبالىم توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگىن . بۇ يىل مېنىڭ تەقدىرىم قانداق بولىدۇ ؟

بىبى قۇندۇزنىڭ ئاپتاپتەك چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ جىددي تۈس ئالدى . كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاھۇ كۆزلىرى يەرگە تىكىلدى .

— سېنىڭ چىرايىڭدىن بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىشنى خالىمايمەن ، — بىبى قۇندۇز سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى بەكمۇ غەمكىن ۋە سوغۇق ئىدى ، — سەن ھامان مېنىڭ شانلىق غەلىبى-

لىرىڭ توغرىسىدا سۆزلىشىمنى ياقتۇرۇپ ، جاپا ۋە ھاقارەت ئىچىدە ئۆتىدىغان كۈنلىرىڭ توغرىسىدا سۆزلىشىمنى خالىماسەن ؟

— جاپا ۋە ھاقارەت ئىچىدە ئۆتىدىغان كۈنلەر ؟ ! — ئابدۇراخمان تەئەججۇپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى ، — ھاياتىمنىڭ كەلگۈسى مۇساپىسىدە جاپا ۋە ھاقارەتلىك كۈنلەر بولسا ـ ھە ؟ ئەمما مەن ئەزەلدىن غورۇرۇمغا تېگىدىغان ئىشلارغا يولۇققان ئەمەس . ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگىن ، ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن . دېگەنلىرىڭنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى كەلگۈسى ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ . ماڭا تەھدىت بولۇۋاتقان نېمە ، شۇنى بىلمەكچىمەن . شۇنداق بولغاندا ئەما كىشىنىڭ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىدەك ھال يۈز بەرمەيدۇ .

— «تەقدىر لەۋھەسى»گە يېزىلغان يازمىشلارنى ھىيلە ياكى قەھرىمانلىق بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ . سەن ئۇ پارلاپ تۇرغان يازمىشلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشنى ئويلايسەن ، ئۇمۇ مۇمكىن ئەمەس ، سوفىيە ! — دەپ چاقىردى ئۇ .

ئابدۇراخماننى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ھىلىقى قىز كۈمۈش تەڭگىلەر قادالغان قارا يېپىنچىنى كىيىپ چېدىرغا كىرىپ كەلدى . ئۇ ئىشارەتنى كۆرگەندىن كېيىن ، يېپىنچىنى يېشىپ ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن يورغىلاپ يۈرۈپ ، بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر خالتا ، بىر دانە قومۇش تاياق ۋە بىر چىنە سوغۇق سۇ ھازىر قىلدى .

بىبى قۇندۇز چىنىدىكى سۇنى ئالدىغا قويدى . كىچىك خالتىدىن ھەرخىل رەڭدىكى تاشلاردىن بىر ئوچۇم ئېلىپ گىلەم ئۈستىگە چاچتى ـ دە ، چىنىدىكى سۇغا ھەم گىلەم ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان تاشلارغا زەن سېلىپ قارىدى .

ئايال پالچى تاشلاردىن دىققىتىنى يىغقاندىن كېيىنلا ، ئابدۇراخمان چوڭقۇر نەپەس ئالدى . ئۇ ئايالنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى تەقىپ قىلاتتى . ئايال پالچى چېچىلغان تاشلارنى يىغىۋېلىپ يەنە بىر قېتىم چاچتى . شۇ زامان چىنىدىكى سوغۇق سۇ پالچىنىڭ

ئېغىشىپ تىكىلىپ قارىشىدىن خۇددى ئاستىغا ئوت قالىغاندەك قايناپ ـ تېشىپ كەتتى . بىبى قۇندۇز پىچىرلاپ سۆزلىدى :

— مەن ئۇرۇشنى كۆردۈم . نۇرغۇن جەڭلەرنى… قامچىلانغان ئاتلار كىرىچىنىڭ ئوقىدەك ئۇچماقتا ۋە ئات ئۇستىدىن چەۋەندازلار قالىپاقتەك ئۇچۇپ چۈشمەكتە… ئوت دېڭىزى… شەھەرلەر كەينى ـ كەينىدىن كۆيمەكتە ، قويۇق ئىسلار تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ كەزمەكتە… ئۇ ئوتقاشتەك قىزارغان بۇلۇت ئۇستىگە چىقتى… نېمىدېگەن كۆپ قان . زېمىننى قىپقىزىل قانغا بويىدى… كېلىشى نامەلۇم بولغان بىر كۈنلەردە ، كىرىچ ئوقى ۋە شەمشەر تىغى ساڭا ھالاقەت بېرەلمەيدۇ… تەقى ـ تۇرقى ساڭا ئوخشايدىغان ياش چەۋەندازنىڭ تاغ بېغىرلاپ بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . ئۇ شۇنچىلىك ئۆرلىدىكى ، قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلانغان ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىقتى… يېنىڭدىكى ئالتۇن تۇمار سېنى قوغدىماقتا… بىراق بۇلۇتلار تەتۈر ماڭماقتا ، دەھشەتلىك بوران يېتىپ كەلدى ، سەن مەزمۇت تۇرالمايۋاتىسەن ، تاغ جىلغىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۇچۇن ئاران ـ ئارانلا بەرداشلىق بېرىۋاتىسەن… مەن بىر مۇنارنى كۆرۈۋاتىمەن… راست ، بىر مۇنارنى كۆرۈۋاتىمەن . مۇنارنىڭ ئەڭ ئۇستىدە ياش ئەسكەر تۇرىدۇ… ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن چاچلىق بىر قىز تۇرىدۇ… ئەسكەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى . يىگىت ئۇ قىزغا ئىشەندى . ئەمما ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىمەك ھاجەت ، خۇددى ئۆلۈمدىن ئېھتىيات قىلغاندەك… ئۇ سېنى ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىشنى نىيەت قىلدى… ئۆلۈم ساڭا تەھدىت سالماقتا… سەن ئاشۇ ئالتۇن چاچلىق قىزدىن ھەزەر ئەيلە !

— ئۇ قىز ماڭا زىيانكەشلىك قىلامدۇ ؟ — دېدى ئابدۇراخمان تىترىگەن ھالدا .

— مەن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم ، خالاس…

— مەن باي بولالايمەنمۇ ؟

— باي بولۇش ؟ ياق ! سېنىڭ ئىزدىگىنىڭ شان ـ شەرەپ ،

ھەرگىز بايلىق ئەمەس... سىنىڭ ئۆمرۈڭ بۇ بىپايان دۇنيانى كېزىش بىلەن ئۆتىدۇ . كەلگۈسىدە ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىگە بارىسەن... بايلىق خۇددى قۇمغا ئوخشاش ، بارماقلىرىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ ئېقىپ كېتىدۇ . بىراق ، سەن كەلگۈسىدە مۇستەھكەم ئىرادىدىن ساۋۇت كىيىپ ، سەۋر يېپىنچىسىنى ئارتقان قەيسەر ئەسكەر بولۇپ يېتىشىسەن .

ئابدۇراخمان گىلەم ئۈستىدە ياتاتتى . ياغاچ كۆمۈر كۆيۈپ بولغان ، ئۇنىڭ چوغلىرىنى كۈل باسقانىدى . چېدىرنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ، كۆكتىكى ئىككى يۇلتۇز چېدىر يىرتىقىدىن ماراپ قارايتتى . ئۇ تېخىچىلا ئۇخلىيالمىغانىدى... ئۇنى ئاللىقانداق بىر ھاياجان چۇلغىۋالدى... ئەنە تاتار خانى بىلەن كۆرۈشەلەمدۇ — يوق ، دېگەن ھەرخىل ئەندىشىلەر... پالچىنىڭ ئېيتقان ھۆكۈملىرىگە ئىشىنىشكە بولامدۇ — يوق ... ھەربىر قەدىمىگە خەتەر ۋە ياۋۇز دۈشمەنلىك يوشۇرۇنغان ئاشۇ ئۇزۇن سەپەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر... ئايال پالچى بىلەن بىللە بولغان كەچلىك تاماق ۋە ئۇنىڭ زەن سېلىپ قاراشلىرى... كاسىلاردا ئاجايىپ خۇش پۇراقلىق شارابلارنى ئېلىپ كەلگەن سوفىيە ۋە ئۇنىڭ يۇمشاق مېڭىشلىرى... ھېلىقى «دەردمەن سامۇئىل» ۋە ئۇنىڭ چاڭگا ساقىلى ، كاۋاپدان... ئۇيقۇ پەردىسى نېپىز تۇمان كەبى توسۇپ ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خىيال دەرياسىدىن بىر — بىرلەپ ئۈزۈپ ئۆتتى...

ھاۋانىڭ تەۋرىنىشى ئۇنى سەگەكلەشتۈردى . بىر نازۇك قول ئۇنىڭ لەۋلىرىنى ، قاپاقلىرىنى سىلاپ ئۆتتى .

ئابدۇراخمان قولنى سوزدى . ئۇنىڭ قولى بىر ئايالنىڭ ئەۋرىشىم بەللىرىگە ، چىنىگۈلنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدەك پۇرايدىغان ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن سىلىق ، يۇمشاق چاچلىرىغا تەگدى... يېرىم ئېچىلغان ئويماقتەك ئېغىز ئۈن — تىنسىز كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ...

كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئۇڭ پۇتىنىڭ باشمالتىقىنى غىدىقلىدى . ئابدۇراخمان ئويغىنىپ كەتتى . كىچىچە كۆرگەن چۈشتىن ھېچقانداق ئەسەر يوق . چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈلخان ئاجىز يېلىنجاپ تۇرۇپتۇ . ئوت كىشىلەرگە ئىسسىقلىق ، خۇشاللىق ۋە ئارام بېغىشلايدۇ .

— كىم ؟

— مەن — ئادىسوم ، غوجام ! سىلىنى ئات بىلەن ئېلىپ كېتىشكە كەلدىم . تاتارخانى مېنىڭ باغداد خەلىپە ئەلچىسىنىڭ مۇلازىمى ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن قويۇۋەتتى .

ئابدۇراخمان ئاخشامقى ئەسلىمىلەر تۈپەيلى قوزغالغان ھاياجىنىنى تېخىچىلا باسالمايۋاتاتتى . بۇ قەيەركىنە ، بويىدىن چىنىگۈلنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلىدىغان ھېلىقى قىز قەيەردىكىنە ؟ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدى .

مۇلازىم گىلەم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇراتتى ، ئۇنىڭ بىر قولىدا مىس چىلاپچا ، يەنە بىر قولىدا ئىبرىق تۇراتتى .

— مۆھتەرەم ئاغا ، سىلىگە پاكىز سۇ ئەكەلدىم ، تاھارەت ئېلىپ ، ناماز ئۆتىۋالسىلا .

— ئاتنى كىم ئەۋەتىپتۇ ؟

كىگىز ئۆيىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئاۋاز كەلدى :

— سىلىنىڭ يېڭى دوستلىرى . ھەممىمىز يىغىلىپ سىلىدىن يۇرتىمىزنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلايلى ، دەپ تەقەززا بولۇپ تۇرىمىز .

ئابدۇراخمان ئۈچ «رەكەت» ناماز ئوقۇدى . ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئورنىغا چۈشمىدى . كۆزلىرى داۋاملىق بويىدىن خۇشبوي گۈلنىڭ ھىدى كېلىدىغان ئاخشامقى سايىنى ئىزدەيتتى .

قېرى مۇلازىم چوڭ ساپال تاۋاقتا كىشمىش ئارىلاشتۇرۇلغان پولۇ ۋە دۈملەنگەن توخۇ گۆشى ئېلىپ كىردى . ئۇ تاماقنى ئېكىشىپ تۇرۇپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى . ئاندىن قوينىدىن بىردانە قىزىل قولياغلىقنى چىقىرىپ مېھماننىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى .

— يەنە نېمە بۇيرۇيدىلىكىن ؟



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— قېنى ... — ئابدۇراخمان گەپنىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋېتىپ ئالدىرىماي سورىدى ، — بۇ يەرنىڭ ساھىبەسى؟

سۆزنىڭ ئاخىرى چۈشمەيلا ساھىبە كىرىپ كەلدى . ئۇ يەنە توزدەك ياسانغان ، چېھرىدىكى ئۇماق كۈلكىسى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى .

كەڭ ، پۈرمە - پۈرمە ھەشەمەتلىك شايى تون كىيگەن بى بى قۇندۇز ئاستا كېلىپ گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى . ئۇ چېچىغا سۆ-سۈنە گۆللۈك ، نىل رەڭ لېنتا باغلىغان ، لېنتىنىڭ ئۈستىگە بولسا بىر تىزىق مەرۋايىت قادىغانىدى .

ئابدۇراخمان ئەسلىي ئۇنىڭدىن بىرنەچچە مەسىلىنى سورىماق-چى ئىدى . بىراق ، «ئۆزۈڭ ئاڭلاشقا ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سورىما !» دەپ ئۆزىگە ھاي بەردى . ئاخىرىدا بىرلا جۈملە سوئال سورىدى :

— ئاتنى قەيەردىن ئەۋەتتى ؟ مېنى كىملەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ؟

ساھىبە ئىنتايىن نەپىس قول ئىشارىتى بىلەن چېدىر ئىشىكى-دە ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئوچۇق چىراي ، مۇلايىم ئادەمنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى :

— بۇ ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ باشلىرى ئەۋەتكەن كىشى . ئۇ ساڭا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ بېرىدۇ .

مۇلازىم ئادىسوم ئېڭىشىپ ، ئابدۇراخماننىڭ يۆلىنىشى ئۇ-چۈن ياستۇق قويۇپ بەرگەن بولۇپ ، قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى :

— ھەرگىز يالغۇز بارمىسىلا ، مېنى بىرگە ئېلىپ بارسىلا . قىيىن پەيتلەردە سىلىگە ھەمراھ بولالايمەن .

ئابدۇراخمان ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىگە :

— مىرزامغا بىر ئات تاپقىلى بولامدۇ؟ — دېدى

— بولىدۇ ، تەقسىر ! سىلىنىڭ ھاجەتلىرىگە يېتىدۇ . ھازىر ئىككى ئات تەييارلاپ قويدۇق .

ئادىسوم غودۇڭشىدى :

— مەن ئىسسىق قەھۋە بىلەن ئىسسىق ئۇماچنى ياخشى كۆرد-

مەن ، ئەمما ئاشنى ياخشى كۆرمەيمەن . مەن ئەقلىدىن ئاداشقان چەۋەنداز ئەمەس ، بەلكى جىمجىتلىقتا كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن «پەقىھ»[1] .

ئابدۇراخمان ئورنىدىن تۇرۇپ ، ھەيۋە بىلەن بۇيرۇق قىلدى :

— دۇتان ! سەن بۇ يەردە قېلىپ ، سەپەر مۇلۇكلىرىمگە قارا .

— خوپ ! — دەپ جاۋاب قايتۇردى مۇلازىم . ئۇ ئاچچىقى بىلەن خۇرجۇندىن بۇلغار مۇقاۋىلىق كىتاب ۋە قەلەمداننى ئېلىپ گۈلخاننىڭ يېنىدىكى گىلەم ئۈستىگە قويدى . ئاندىن يۈگىدىن تو-قۇلغان يېپىنچىنى ئېلىپ غوجىسىغا بەردى . يېشىل غىلاپلىق خەنجەرنى ئۇنىڭ كەمىرىگە تاقىدى ، كەمەرگە يەنە ئىككى دانە شەمشەرنى ئاستى ، ئەڭ ئاخىرىدا ئالىي سۈپەتلىك ئۆچكە تېرىسى-دىن تىكىلگەن قىزىل پاشنا ، يېشىل رەڭلىك ساختىيان ئۆتۈكنى كىيگۈزدى . ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن ئورالغان سەللىنى خۇددى گۆھەرنى تەقدىم قىلغاندەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ ، ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىنى ھۆرمەتلىگەندەك سۇنۇپ بەردى .

ئابدۇراخمان چېدىردىن چىقىپ كېتىۋېتىپ :

— ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ تەئەللۇقاتلاردىن بىر قەدەم نېرى كېتىشىڭگە بولمايدۇ . مەن ھازىرلا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىشىم مۇمكىن ، — دېدى .

ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ قالدى . بېشىغا قىزىل سەللە يۆگىگەن ، بەستلىك كەلگەن ئىككى ھەبەش قۇل يەرنى چاپچىپ تىزگىن سىيرىپ تۇرغان ، ئادەتتە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان ئاق ياللىق جىرەن ئارغىماقنى تۇتۇپ تۇراتتى . ئاتنىڭ يەنە بىرى ئېگىز ، باغ بويىن ئات بولۇپ ، ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ ، ئالدىنقى ئاياغلىرى بىلەن يەرنى چاپچىپ تۇراتتى .

ئابدۇراخمان كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ ، ئات بىلەن ھەپىلە-شىۋاتقان ئىككى ھەبەشنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى .

ئۇلار مېنى بۇ ئاتنى مىنىشكە جۈرئەت قىلالامدۇ - يوق ، دەپ

---

[1] «پەقىھ» — مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان بىلىملىك قانۇنشۇناس كىشى .

بىر سىناپ باقماقچى ئىكەن ـ دە . مەن ئاسماندىن بالا تېشى ياغسا قورقمايدىغان ئابدۇراخمانمەن . چەۋەندازلارغا ئۆز قۇدرىتىنى سىناپ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئارتۇق خۇشاللىق ئىش بارمۇ...

ئۇنىڭ كۆزى ئاتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاپئاق كۆپۈكلەرگە ، ئاجايىپ گۇللەر چېكىلگەن كۇمۇش ئومۇلدۇرۇك بىلەن بېزەلگەن كۆكسىگە چۈشتى . ئۇپۇقتىن ئەمدىگىنە كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياشنىڭ بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتكەن قىزىل نۇرى ئاستىدا بۇ ئات تېخىمۇ كۆركەم ، تېخىمۇ توسۇن كۆرۈنەتتى .

ئابدۇراخماننى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان نەرسە يالغۇز ئاتلا ئەمەس ئىدى ، ئەلۋەتتە . بەلكى ، ئارغىماقنىڭ كەينىدىكى تاش دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھېلىقى گۈزەل ، زىلۋانىڭ قامىتى — كومزەكتىكى سۇنى مۇرىسىدە كۆتۈرگەن قىز... «چىنىگۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدى»...

تۇندىكى چۈش ئابدۇراخماننىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئايان بولدى... ئۇ مەغرۇرانە ھالدا قاپقارا كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئارغىماقنىڭ يېنىغا كەلدى . سول قولى بىلەن تىزگىننى تۇتۇپ تۇرۇپ ، بىرلا قاڭقىپ ، ئەرەب ئىگىرىنىڭ ئۈستىگە يەڭگىلگىنە قوندى ـ دە ، ئىككى پۇتى بىلەن كەڭ ئۈزەڭگىنى چىڭ دەسسىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئالتىنچى باب

# ئەرەب سودىگىرىنىڭ زىياپىتى

مۇلازىملار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ پاكار ـ پاكار قومۇش كەپىلەر ئارىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن يول باشلاپ ماڭدى . ئەتراپتا يەنە نۇرغۇنلىغان هارۋا ئۈستىگە قورۇلغان چېدىرلار كۆرۈنەتتى . موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ ئائىلىلىكلىرى پۈتۈن ـ پۈتۈن ياغاچلاردىن ياسالغان كېلەڭسىز هارۋىلار يېنىغا چېدىرلار تىكىشكەن . ئۇلار كوزىلاردا ، مىس قازانلاردا تاماق ئېتەتتى ، سۇ قايناتاتتى ، ياغاچ كۆمۈردە گۆشلەرنى كاۋاپ قىلاتتى .

بىر توپ قاقشال دەرەخنىڭ ئاستىدىكى كىچىك ئۆينىڭ ئالدىغا بىر توپ ئەرەب سودىگەرلىرى يىغىلغانىدى . ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ھەربىر سودىگەر بىرنەچچىدىن خوجىدار ۋە مالايلىرىنى بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس باغداد ۋە ئۇلۇغ خەلىپىنىڭ تاتارلارغا ، تاتارلارنىڭ تاجاۋۇزىغا بولغان قاراشلىرىنى بىلگۈسى كېلەتتى .

ھۆرمەتلىك مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا گىلەمدىن پاياندار سېلىنغان . بېشىغا قارا ئەلتېرىدىن پاپاخ كىيىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجىلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان ئاپئاق سەللە يۆگىگەن ئاقساقال كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى نەۋرىسى قوللىرىدا بىر نەچچە ساپتىن ئۈزۈم سېلىنغان پەتنۇس تۇتۇپ تۇراتتى .

ئابدۇراخمان ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ ، چۇلۋۇرىنى مالايغا بەردى . ئاندىن ئاقساقالنىڭ ھەمراھلىقىدا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ

تۇرغان ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ رىتىمنى بويلاپ ماڭدى . ئۇ ھەربىر سودىگەردىن بىر - ئىككى ئېغىز ئامانلىق سوراپ قوياتتى . بەزى سودىگەرلەر ئۇنى كىچىكىدىن تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى . بەزى ياشانغان ئاقساقاللار ئۇنىڭ غازات جېڭىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان دادىسى توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىنى ئېيتىشتى .

ئاقساقال قەدىرلىك مېھماننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى . ئۆي ئىچىگە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ، ئىناۋەتنى بار بىرقانچە سودىگەرلەرلا كىرەلىدى . كۆپچىلىك قېلىن گىلەم ئۈستىدە يېرىم دائىرە بولۇپ ئولتۇردى . مۇلازىملار ھەربىر سودىگەرنىڭ يېنىغا شايى پەي ياستۇقلارنى ياكى گىلەمدىن ياسالغان يۆلەنچۈكلەرنى قويدى .

— بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى بىلەلمەيۋاتىمىز ، — دېدى ياشانغان سودىگەر يۈرەكسىزلىك بىلەن پەس ئاۋازدا ، — بىز بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇپ تىجارەت قىلامدۇق ياكى يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتەمدۇق ؟ موڭغۇللارنى دېگەندەك چۈشەنمەيمىز ، باتۇخانغىمۇ بەك ئىشەنمەيمىز . ئۇ گەرچە بىزنىڭ ئەركىن تىجارەت قىلىشىمىزغا ئىجازەت بەرگەن بولسىمۇ ، موڭغۇل سەردارلىرى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ماللىرىمىزنى تارتىپ كېتىدۇ ، لېكىن ھېچقانداق سوئال - سوراقتا تارتىلمايدۇ . مۇبادا بۇ جايدا ئەمىنلىك ئورنىتىلسا ، بىز تىجارىتىمىزنى بۇنىڭدىن ئون ھەسسە ئاشۇرالايتتۇق . بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئەمىنلىكنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز ، ئەلۋەتتە...

— بۇ ئىشلار توغرۇلۇق سەن قانداق پىكىردە ، مۆھتەرەم مېھمان ؟ باغداد خەلىپىسى (ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىق يار بولغاي ! ) نېمىلەرنى دېدى . بىزنىڭ بۇ يەردە قالغىنىمىز ياخشىمۇ ياكى قالغان ماللىرىمىزنى ئېلىشىغا سېتىپ بۇ يەردىن خاتىرجەم بىر شەھەرگە بارغىنىمىز ياخشىمۇ ؟

ئابدۇراخمان بىرئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن ، ئاندىن سۆز باشلىدى :

— جانابىي پادىشاھىي ئالەمنىڭ ئېيتقانلىرى كۆپ ئەمەس ،

www.uyghurkitap.com

ئەمما ئىنتايىن مۇھىم . ئۇ ئەرەبلەرنىڭ بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇنقى دۇنياۋى شۆھرىتىنى قايتا تىكلىمەكچى . ئەرەب شەمشىرى بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ، پەيغەمبەر تۇغىنى ھەممە يەردە جەۋلان قىلدۇرماقچى . ئۇ قەھرىمان ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ ساپ دىل بولۇپ ، مالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ، باھانى ئەرزان قىلىپ ، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلاردىمۇ ئابرۇيى تىكلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ .

سودىگەرلەر ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن پەس ئاۋازدا چۇشەندۈرۈشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، باتۇخان يېڭى پايتەختكە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئورۇننى تاللىغان . بۇ جاي جاھان سودا يولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ ، بۇ يەردىن خارەزم ، ھىندىستان ، چىن ، ۋىزانتىيە ۋە «قۇياش پاتقان پەرەڭ دۆلەتلىرى» ، ئىران ھەم ئەرەب دۆلەتلىرىگە بارغىلى بولىدىكەن . يەنە ئەتىل دەرياسى ئارقىلىق ئۇزاقتىكى ھىندىستانغا كېمە بىلەنمۇ بارغىلى بولىدىكەن... دېمەك ، باتۇخان ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى پايتەختىنى دۇنيانىڭ مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچىمىش . ئەلقىسسە : ئەگەر سودىگەر ۋە تىجارەتچىلەر بۇ شەھەرنىڭ تەرتىپى ۋە ئەمىنلىكىگە ئىشەنچ قىلالىسىلا ، بۇ يەرگە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن سودا كېمىلىرى بىلەن تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن .

— جاھان سەۋدالىرىنى كۆپ كۆرگەن ۋەتىنىنىڭ ئەزىز ئوغلانلىرى ! سىلەر مەشرىقتىن مەغرىبكىچە نۇرغۇن ئەللەرنى كەزدىڭلار . ماڭا ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈڭلارنى ئېيتىڭلارچۇ ، تاتارلار راستىنلا پەرەڭىستان ، رۇم ۋە باشقا «قۇياش پاتقان ئەللەر» نى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان قۇدرەتكە ئىگىمۇ ؟ ئۇنىڭ قوشۇنى راستىنلا يېڭىلمەس غالىبمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇراخمان ئۇلاردىن .

سودىگەرلەر ئاقساقلى جاۋاب بەردى :

— ئەسكەرلەر باشلىقلارغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ . ئۇلاردا قەھ-

ـرىمان روھ بار . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇلار تىنچ ياتقان پۇقرالار ئىچىگە ۋەھىمە ئۇرۇقىنى چاچالايدۇ — بۇلارنىڭ ھەممىسى تاتارلار ئۈچۈن پايدىلىق . مۇبادا «قۇياش پاتقان ئەللەر»دىكى مىللەتلەر ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشماي ، يەنە بۇرۇنقىدەك بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرسە ، يۈزمىڭلىغان ياۋايى تاتارلار قوشۇنى خۇددى رەھىمسىز قارا بوراندەك بېسىپ ، ئاسايىشلىقتا تۇرغان «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ . چىڭگىزخاننىڭ «ياساق» قانۇنى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ قانۇنىنىڭ ئورنىغا تىكلىنىدۇ .

— باتۇخان زادى قانداق ئادەم ؟ ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش دۆلەت پاناھىمۇ ؟ ئۇ ئىرادىنى بويسۇندۇرغان بۈيۈك «قوش مۇڭ-گۈزلۈك» ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ئوخشاش جاسارەتلىك ، ئۇلۇغ-ۋار قوماندانمۇ ؟ — دېدى ئابدۇراخمان .

ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقىلى جاۋاب بەردى :

— باتۇخان «پەرى» ۋە «جىنلار»نىڭ ھامىيسىدا . ئۇ قىلغان-لىكى ئىشىدا غەلىبە قىلىدۇ… بۇلار ئۇنىڭ كارامىتىنىڭ پەقەت بىر تەرىپى . يەنە بىر تەرىپىدىن ئېيتقاندا ، ئۇ يۈكسەك ئىرادىگە ، ئاجايىپ قەھرىمانلىققا ۋە ھەممىنى كۆزىتىپ توغرا ھۆكۈم چىقىرى-دىغان سەگەك كاللىغا ئىگە . مانا بۇلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ ئىشلىرى-نى كامالەتكە يەتكۈزدى ، بۇنى بىر ـ بىرلەپ كىممۇ سۆزلەپ بېرەلىسۇن ؟

— ئۇنىڭ قولداشلىرى قانداق كىشىلەر ؟ ئەگەر بىر كىشى پەقەت ئۆزىگە سادىق ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىشەنچلىك كىشى-لەر بىلەن ئىتتىپاقلاشسا ، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىنى جان پىدالىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا ئۇ كىشى ئۇلۇغ شەخس بولالايدۇ .

— قولداشلىرى ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنى باتۇخان ئۆزى تاللاپ قويغان . پۈتۈن چېرىكلەر ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ ، چۈنكى چېرىكلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىد-دۇ . شۇڭا ، ئۇنى «ساھىبقىران خان» دەپ ئاتىشىدۇ . مېنىڭچە ،

باتۇخان غەربكە يۈرۈش قىلىشتا «قوياش پاتقان ئەللەر»گە ھۇجۇم قىلىشتا بىر نىيەتكە كېلىپ، قەتئىي ئېغىشماي ھەرىكەت قىلسا، ئۇ چوقۇم ئېتىنىڭ تۇيىقى يەتكەن ھەرقانداق ئەلنى بويسۇندۇرالايدۇ. ئۇنىڭ قولى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە، ھەتتا «ئاخىرقى دېڭىز»غىمۇ يېتىدۇ.

— مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇزاق يۈرۈشلەرگە بارماقچىمەن. بۇنداق قىلىش زۆرۈرمىكىن؟ — ئابدۇراخمان يەنە سورىدى.

— ئەلۋەتتە زۆرۈر! ئىنتايىن زۆرۈر، — دەپ ۋارقىراشتى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى، — بۇنداق بولغاندا، سەن ئەرەب سودىسىنىڭ باتۇخان ئاچقان يېڭى يول بويلاپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلالايسەن. بىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىن!

بۇ قىممەتلىك مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئەرەب سودىگەرلىرى بەكمۇ مەرد ۋە سېخىيلىق قىلدى. داستىخان ئۈستىگە تىزىلغان تۈرلۈك - تۈمەن نازۇ نېمەتلەر ئۇن ئەلچى ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىم، چاكارلىرىدىنمۇ ئېشىپ قالاتتى.

ئابدۇراخمان ئەرەب ئادىتى بويىچە ئېغىز تەگكەن ھەربىر تائامنى (ھەربىرىدىن پەقەت بىر چىمدىم ئېلىپ تېتىپ قويىدى) ئىنتايىن يۇقىرى باھا بىلەن ماختىدى ۋە ساھىبخانىنىڭ مېھماندوستلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى.

— بىرقانچە بولمىغۇر سوئاللارنى سورىغىنىمىزنى ئەپۇ قىلغايسەن، — دېدى ئاقساقال، — بۇ پەقەت بىزنىڭ ياخشى نىيىتىمىز، لېكىن سوراشقا پېتىنالمىدۇق، سەن تاتارخانىغا قانداق سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلدىڭ؟

ئابدۇراخمان ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر كۆزلۈك، دانا سۇلايماننىڭ دۇئاسى پۈتۈلگەن خاتەم، دەمەشق پولىتىدىن ياسالغان شەمشەر، يامان كۆزلەردىن ساقلايدىغان تۇمار پۈتۈكلۈك ئالتۇن جام ۋە باشقا قىممەت باھالىق ماللارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەن بىر ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قوياي، — دېدى ئاقسا-

قال ، — ساڭا مەلۇم ، ئەرەبلەردە دەمەشق شەمشىرىدىن باشقا ئەڭ مەشھۇر نەرسە ئەرەب ئارغىمىقى...

— مەن ھازىر قەيەردىن ئۇنداق ئارغىماق تاپالايمەن ؟ مۇقەددەس خەلىپە مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان ۋاقىتىدا ئارغىماق توغرىسىدا گەپ قىلمىدى .

— بىز ساڭا ياردەم قىلىمىز ، باتۇخاننىڭ قوبۇلىغا بارىدىغان چاغدا ، بۈگۈن سەن مىنىپ كەلگەن ھېلىقى ئارغىماقنى مىنىپ بارغىن . نى - نى يىگىتلەر ئۇ ئاتنى مىنەلمىگەنىدى ، سەن ئۇنى تىزگىنلىيەلىدىڭ ، سەن ئۆز سالاھىيىتىڭگە مۇناسىپ ھالدا بۇ ئاتنى مىنىپ باتۇخاننىڭ چېدىرىغا بارىسەن ، ئادەت بويىچە خاننىڭ چېدىرىغا يېقىنلاشقان ھەرقانداق كىشى ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭىدۇ ، ئاندىن سەن قاراۋۇللارغا ، باغداد خەلىپىسىنىڭ ساھىبقىرانغا ھەدىيە قىلغان دوستلۇق سوۋغىتى بولغان گۈزەل ئارغىماقنى مىنىپ كەلگەنلىكىڭنى ۋە ساھىبقىران بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىڭنى ئېيتىسەن . تاتارخانى غەزەپلەنسە ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمە . ئۇ بۇنداق ئېسىل نەسىللىك ئارغىماقنى كۆرۈش بىلەنلا سېنى كەچۈرىدۇ ۋە سېنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ .

باشقا سودىگەرلەرمۇ سۆزگە كىرىشتى :

— سەن بۇ بىرنەچچە توپ رەڭدار تاۋارنى ۋە 27 دانە مەرۋايىت ئۆتكۈزۈلگەن زۇننارنى ئالغىن . تاۋارلارنى باتۇخاننىڭ خوتۇنىغا ھەدىيە قىلغىن . «دۇنيا جاۋاھىراتلىرى»دىن بولغان زۇننارنى بولسا باتۇخاننىڭ كىچىك خوتۇنى يۇلتۇز خاتۇنغا ھەدىيە قىل .

— قەدىرلىك قېرىنداشلار ، سىلەرگە بولغان رەھمىتىمنى ئىزھار قىلىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ . مەن ياش جەھەتتىن ھەممىڭلاردىن كىچىك بولساممۇ ، ماڭا يۇكسەك ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلدۇردۇڭلار . سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلار قانداقتۇر مېنىڭ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىمدىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ھالبۇكى ، بۇ سىلەرنىڭ باغداد خەلىپىسىگە (ئۇنىڭ قۇدرىتى تەڭداشسىز ، دەۋرانى مەڭگۈلۈك بولغاي ) بولغان چەكسىز ساداقىتىڭ-

لار جۇملىسىدىندۇر ، — دېدى ئابدۇراخمان .
سودىگەرلەر ئاقساقىلى ئابدۇراخمانغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئاتارخا-
نى بىلەن كۆرۈشۈش ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولىدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭغىچە ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن باشقا يەرگە قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى
ئېيتىپ مېھماندوستلۇقىنى بىلدۈردى .

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم

# باتۇخاننىڭ قارارگاھىدا

## بىرىنچى باب

## «ئالتۇن ئوردا»

«كۆك تۇغلۇق غالىبلار »دىن تۈزۈلگەن تۈمەن مىڭ كىشىلىك قوشۇن تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ ، ئەتىل دەرياسىنىڭ ئەبىسكۈن دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ ، قارارگاھ قۇردى ، ئاتلىرىنى بولسا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلاقىقا قويۇپ بەردى .

باتۇخاننىڭ پۈتۈنلەي ئاق بوز ئاتقا مىنگەن مۇھاپىزەتچى «يۈز » لۈكى چوڭقۇر سۇنى كېچىپ ئۆتۈپ تار ، ئۇزۇن بىر ئارالغا چىقىپ چېدىر تىكتى . بۇ ئارالنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ، يەنى شىمال تەرىپىدە ، ئېگىز بىر دۆڭلۈك بار ئىدى ، ئۇستىدە ئاجايىپ كۆركەم ۋە ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بىر كىچىك ئوردا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدىكى نەپىس ئىشلەنگەن بىر مۇنار خېلى يىراق-لاردىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . پۈتۈن ئوردا رەڭدار كاھىشلار بىلەن ياسالغان ، ھەربىر كاھىش خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل-گە ئوخشايتتى . ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەكمۇ ئۇستاتلىق بىلەن گۈل تاجى قوندۇرۇلغانىدى . تاڭ سەھەردىكى بالقىپ چىققان قۇياش نۇرىدا پۈتۈن ئوردا ئالتۇندەك جۇلالىنىپ ، يىراقتىن قارىغاندا ،

كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان ئاجايىپ بىر گۈلخانىغا ئوخ-
شايتتى .

بۇ كىچىك ئوردا ياش ھۆكۈمران باتۇخاننىڭ ئىرادىسى بويىچە قەدىمكى بىر شەھەر خارابىسىنىڭ ئۈستىگە چاقماق تېزلىكىدە قۇرۇلغانىدى . ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى — دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چىڭگىزخان خىتاينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىن ئېلىپ كەلگەن ئاتاقلىق مىمار ۋە كەشپىياتچى لى تۇڭپۇ ئىدى . نۇرغۇن خىتاي ئۇستىلىرى قول قىلىنىپ لى تۇڭپۇ بىلەن بىرگە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەن . ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن چىققاندا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئىدى ، لېكىن ئەتىل دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە ، ئۇلاردىن ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا قالدى .

لى تۇڭپۇ ھازىر چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن ئوردىلارغا ئوخشايدىغان بىر ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ قەددى - قامەتلىك ، بەستلىك كىشى بولۇپ ، ئۈستىگە قارا جۇبازا ، بېشىغا خىتايچە قىرلىق بۆك كىيگەنىدى . بىر تال ئۇزۇن قوش پېيى كەڭ يەلكىسىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇنىڭ دۈگىلەك ، تەمكىن يۈزى پۈتۈنلەي ساقالسىز بولۇپ ، ھەرقاچان سالماق ھالەتتە تۇراتتى . ئۇنىڭ چاشقان بۇرۇتى ، پىستە كۆزلىرى ئۆزىگە خوپ ياراشقان ، بۇ ھال خىتاي مىمارچىلىقىنىڭ پېشۋاسىغا بەكمۇ تەمكىن ۋە ئۇلۇغۋار سۈپەت بەخش ئەتكەنىدى . ئۇ ئاشىقلارنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا يەتمىگۈچە توختىمايدىغان روھى بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئاجايىپ ئوردىنى ياساپ چىقتى . تۇرمۇش ۋە رىۋايەت مۆجەسسەم قىلىنغان .بۇ ئەپسانىۋى ئوردا كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان بىر مۆجىزە ئىدى .

لى تۇڭپۇ رەڭدار كاھىشلار بىلەن ياسالغان دەرۋازا تۈۋىدە ئىككى رەت بولۇپ تىزىلىپ تۇرغان قۇللارغا قاراپ قىمىر قىلماي تۇراتتى . قۇللار بىرىنىڭ سۆزىگە بىرى كىرمەي گەپ تالىشاتتى .

ياش بىر تاتار چېرىكى لى تۇڭپۇنىڭ يېنىغا كەلدى . ئېگىز بويلۇق بۇ يىگىت بېلىگە كۈمۈش كەمەر باغلىغان ، كەمەرگە يېشىل

غىلاپلىق ئەگرى خەنجەر ئاسقان ، خەنجەرنىڭ دەستىگە ياقۇت ۋە ئالماسلاردىن كۆزلەر قويۇلغانىدى . بۇ ئۇنىڭ خانغا يېقىن كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى دەلىللەيتتى . ئۇ چىرايىغا بىرخىل جىددىي تۈس بېرىپ ، شەپىسىز كېلىۋاتاتتى ، ھەرىكىتى خۇددى مۈشۈككە ئوخشاش چاققان ئىدى .

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولغاي ، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق لى تۇڭپۇ !

يىگىتنىڭ قارايغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

لى تۇڭپۇ زورۇقۇپ ئېگىلىپ ، قولىنى يەرگە تەگكۈزۈپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى .

— مەنمۇ سىلىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن ، مۆھتەرەم مىسىق تەيجى[1] ،يەنە سىلىنىڭ جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولۇشلىرىنى ، ھەرقاچان پىداكار بولۇشلىرىنى تىلەيمەن ! خان كەلگەندۇ ؟

— تۈنۈگۈن نامازشامدىن ئىلگىرى كەلگەن ، — دېدى بىر چېرىك جاۋاب بېرىپ ، — ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولغاندۇ ، پاراسەتلىك لى تۇڭپۇ .

— كۆڭۈلدىكىدەك بولدى ، چۈنكى مەن خاننىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ بولدۇم ، — لى تۇڭپۇ ئىچىدە نارازى بولغاندەك بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بىراق ھازىر خۇشال بولغۇدەك نېمە بار ؟ غايە ئەمەلگە ئاشتى ،ئاجايىپ ئوردىنى قۇرۇۋاتقان كۆڭۈللۈك كۈنلەر ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى… ئەمدىكىسى ھارغىنلىق ، قان - تەر ئاققۇزۇپ جەڭ قىلىش . مەن يەنە پالاخمان ياسايمەن… خەلققە ۋەھىمە ۋە ئۆلۈم ئۇرۇقىنى چاچىمەن… سىلى مەندىن ئايرىلىپ كېتەرلىمۇ ؟

— جاھانگىر ماڭا ئالدىنقى سەپكە بار ، دەپ بۇيرۇق قىلدى . مېنى ئەڭ چەبدەس چارلىغۇچىلارغا باش قىلماقچى . مەنمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلماقچىدىم . خان مېنى قارارگاھتا كۆرۈش-

---

[1] تەيجى — ئەسلىي ۋەلىي ئەھدى ، تەخت ۋارىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ ، بۇ يەردە موڭغۇل خان جەمەتى دېگەن مەنىدە .

نى زادىلا خالىمايدۇ .

— ئۇ سىلىنى چىچەن ، پاراسەتلىك چىرىك دەپ قارايدۇ . شۇڭا ، ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ زىياپەتلەردە نەغمە ـ ناۋا ئاڭلايدى- غان مېھمان قىلىپ كۈتۈشنى خالىمايدۇ ـ دە .

مىسىق تەيجى ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ مۈرىسىنى قىسىپ قويىدى .

— بەلكىم بۇ سەۋەب بولالماس... بولدىلا ، بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى ، ھەممىسى تاتلىق ئەسلىمىلەرگە يەتمەيدۇ . بىز جا- ھانگىرنىڭ بۇيرۇقىنى قانداق بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداپ ، ئور- دىنى ئۆز ۋاقتىدا پۈتتۈردۇق ـ ھە . جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەجرى- مىزنى جاھانگىرمۇ كۆرەر ؟

ئۇلار «ئالتۇن ئوردا»نى قۇرۇشتا بىرگە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەشتى . لى تۇڭپۇ خان تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇند- دى . خان توققۇز ئاي ئىچىدە بۇ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ، ۋاقىتلىق ئوردىنى پۈتتۈرۈشنى قارار قىلغان . بۇلار ئالدىراپ ـ سالدىراپلا ئىشنى يىغقان بولسىمۇ ، بىراق ئىش ھەرھالدا ياخشى بولغانىدى . بۇ توققۇز ئاي ۋاقىت پۈتۈنلەي ساپال ئۇستىخانىسى ، رەڭدار كا- ھىشلارنى پىشۇرىدىغان خۇمدان ، ساپال نوكەش ۋە ئوردىنىڭ ھەر- بىر خانىلىرىنىڭ كاڭلىرىغا قويۇلىدىغان ساپال كانايلارنى ياساشقا سەرپ قىلىندى... يارامىلىق قۇرۇلۇش ماھىرلىرىنى تېپىش ئۈچۈن- مۇ كۆپ ۋاقىت كەتتى . ھېسابسىز نۇرغۇن ئەسىرلەر قامچا ئاستى- دا ئۆلۈپ ، بۇ ساماۋى ئوردىنىڭ ئۇلىغا بېسىلدى . ئۇلارنىڭ خور- لانغان ئاجىز جەسەتلىرى ئەتىل دەرياسىغا تاشلاندى . ئەتىل دەريا- سى كىشىلەر ئارىسىدىكى چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئۆز ئېقىنى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى ، جەسەتلەر دولقۇنلار ئىچىدە جىمجىت ئۈزەتتى . توپ ـ توپ چاڭىلداپ يۈرگەن دېڭىز لاچىنلىد- رى ئۇ جەسەتلەرگە ھەمراھ بولۇپ تا ئەبىسكۇن دېڭىزىغىچە بىللە باراتتى .

هازىر تېخنىكىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان قۇرۇلۇش ئۇستىسى لى تۇگېپۇ خاننىڭ ئەڭ ئالىي سوۋغىتى — يۇرتىغا قايتىشقا مۇيەسسەر بولۇشى مۇمكىن... باشقىلار تەبىئىيكى يەنىلا جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۆتىدۇ . ئەنە ، بىلىگە ئۈچ ئۆرۈمە قامچىسىنى قىستۇرۇۋالغان ئەزرائىل — قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى نازارەت قىلغۇچى ئۇلارنى قاتار تىزىۋېلىپ كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىشلىتىش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن تىللايتتى ، رەھىمسىزلەرچە مەجبۇرلايتتى ، ھەتتا ئۇلار گۈلخان يورۇقىدىمۇ ئوردىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختاتماي ئىشلەيتتى . ئۇلار جېنىنى تىكىپ ئىشلەۋاتاتتى . ئۇلار ئۆزىگە لايىق ئىنئاملارنى ئالدى... جاھانگىر مەرد ئەدى ، ئۇ ھەرقايسى ئۇستا - ھۈنەرۋەنلەرگە ئىنئام بېرىپ تۇراتتى . قۇللار ھەر رەڭدىكى ئۇزۇن - قىسقا تونلارنى كىيىشىپ ، جاھانگىرنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى . چۈنكى ، بەتبەشىرە ھالەتتە نۇر چاقناپ تۇرغان جاھانگىرنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراشقا مۇمكىن بولمايتتى . بۇ تونلار جاھانگىرنىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ساقلىنىدىغان ئامبارلاردىن كەلتۈرۈلگەن . قۇللار قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك ئۇزۇن تونلارنى كىيىشكەن ، تونلارنىڭ تېشىدىن كىر پۇتلىرى ۋە ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

باتۇخان نەدىكىنە ؟ ئۇ تېخىچىلا كۆرۈنمەيتتى . بىركەمدە باتۇخاننىڭ مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ بىر «يۈز» لۈكى يىراقتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە . ئۇلار تورۇق ، جەرەن ، قۇلا ئاتلارغا مىنگەن بولۇپ ، دۆڭلۈك تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى .

ئاخىر قارا تەرگە چۈمگەن بىر موڭغۇل لەشكىرى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى - دە ، دېمى سىقىلغاندەك ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ۋارقىراشقا باشلىدى .

— خان ئالىيلىرى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدى . ئوت يېقىڭلار ! ھەممە يەرگە گۈلخانلار يېقىلسۇن ! شامانلار دۇرۇت ئوقۇپ ، ناخشا ئېيتسۇن ، جاھانگىر ئوتقا قاقلانسۇن ، بەدىنى سوۋۇپ كەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# باتۇخان زۇۋانغا كەلدى...

ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۆگە كارۋىنى ئاتلىق چېرىك-لەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە يايلاق تەرەپتە كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە نار تۆگە بولۇپ ، ئۇستىگە رەڭمۇرەڭ چىدىرلار تىكىلگە-نىدى . بۇ چىدىرلاردا باتۇخاننىڭ يەتتە يۇلتۇزى كېلەتتى . ئۇلار يول بويى ۋارقىراپ - جارقىراپ ، ئالتۇن ئوردىنىڭ قورغۇچىسى — ھىيلىگەر ھەم جاھىل خىتاي لى تۆكىپۇنى ئالدىغا چاقىراتتى .

لى تۆكىپۇ دەرھال كېمىگە ئولتۇرۇپ بۇ قاتقا ئۆتتى . ئۇستىدە چىدىر تىكىلگەن ھەربىر تۆگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تو-رۇپ سالام بەجا كەلتۈردى . تۆگىنىڭ ئۇستىدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى :

— بىز يېڭى ئوردىدا تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ! بىزنى كىم توسۇيالايدىكەن ؟ بىزنى نىمە ئۈچۈن ئارالغا ئۆتكۈزمەيسىلەر ؟ بىز ئۆزىمىز كېمىنى ھەيدەپ ئۆتىمىز ، ئەگەر ئۆتكۈزىدىغان ئادەم بولمىسا ، سۇغا چۆكۈپ ئۆلگىنىمىز ياخشى !

لى تۆكىپۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، مىڭ بىر قەسەم ئىچىپ ، باتۇخاننىڭ جىددىي بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ، بۇيرۇقتا : خان ئۆزى كېلىپ بىۋاستە كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئىلگىرى ھەر-قانداق ئادەمنى ، بولۇپمۇ غەلۋىسى تۈگىمەيدىغان ئاياللارنى ئوردا ئىچىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ . ئەگەردە كىمدە كىم بويسۇنمىسا ، دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن ! بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇستىلاردىن باش-

قا ھەرقانداق ئادەم كىرىپ ئوردىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆرمىگەن بولۇشى كېرەك . بۇنىڭدىن كېيىن جاھانگىر ئوردا توغرىسىدا باشقا بۇيرۇق بېرىشتىن ئىلگىرى ھەرقانداق كىشى ئۇنى كۆرىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسۇن ، دېيىلگەنلىكىنى ئېيتتى .

باتۇخاننىڭ بىر يۇلتۇزى چېدىرنى قايرىپ تۆگىدىن چۈشكەچ ۋارقىراپ كەتتى :

— جاھانگىرنىڭ ئاغرىقى ئېغىر بولغاچقا ، باشقا ئادەم بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭ ھوقۇقىنى مەن ۋاكالىتەن يۈرگۈزد-مەن . مەن ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى ! ھازىر مەن بۇيرۇق بېرىمەن ! مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلمىغانلار دەرھال تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ ! قاغىدەك چاڭىلدىماي ئاغزىڭنى يۇم ، ھوي سېمىز تاش-پاقا ، يۈرىكى يوغىناپ كەتكەن خىتاي ، قىغ دۆۋىسىدىكى قۇرت ، چېۋىننىڭ پوقى !

مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى جېدەل قىلىۋاتقان ئاياللارنى دەرھال مۇھاسىرىگە ئالدى . ئاتلىق چېرىكلەر تۆگىلەرنى قامچىلاپ مېڭىشقا قىستىدى . ئاخىر تۆگە قوڭغۇراقلىرىنىڭ كولدۇرلىغان ئاۋازى ۋە تۆگىچىلەرنىڭ ھايت - ھۇيتلىرى ئىچىدە كارۋان كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە يايلاقنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

يەنە بىر تۆگە كارۋىنى يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئالدىدا مۇھاپى-زەتچى «يۈز» لۈك كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى قولا ئاتلى-رى تەر ۋە توپا - تۇمان دەستىدىن خورما رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى . تاڭغۇت تۆگىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈك ۋە يىغىلغان چې-دىرلار ئارتىلغان ، ئەتىۋارلىق بىرنەچچە ئۈچ قۇر ئارغىماقلار كۈمۈش ئېگەر - جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ ، ئۆزئارا كۈ-مۈش زەنجىر بىلەن چېتىلغان . ئۇلارنى تەجرىبىلىك ئاتچىلار يېتى-لىۋالغانىدى . ئالدىدا كېلىۋاتقان بۆرتە يورغا باتۇخاننىڭ ئەڭ سۆ-يۈملۈك ئېتى ئىدى .

بىرنەچچە تال ئۇزۇن بامبۇك قومۇش ئىككى تۆگىنىڭ ئوتتۇ-

رىسىغا توغرىسىغا قويۇلۇپ ، ئۇزۇنلۇقى ئۇستىگە زەمبىل قو-
يۇلغان… ئۇنىڭ ئىچىدە تاتارلارنىڭ داھىيسى بولغۇن تىرىسىگە
پۈركۈنۈپ قىمىر قىلماي ياتاتتى . تۆگە كارۋىنى دەريانىڭ ئىگىز
قىرىغا چىققاندىن كېيىن تۆۋەندىكىلەر چۇرقىرىشىپ كەتتى :
— ئاھ ، مانا بۈيۈك ئەتىل دەرياسى !
كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق ساداسىنى ئاڭلىغان باتۇخان يوتقانىنى قايرىۋېتىپ ، ياشلاردا بولىدىغان جۇشقۇن جاسارەت بىلەن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، تۆگە ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى . ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يىراقلارغا قارىدى .
تۇمان ئىچىدە ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئارالغا ۋە ئارال ئۈستىدىكى چاقناپ تۇرغان ساماۋى ئوردىغا خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قارىدى . ئوردىنىڭ مۇنارى ئۈستىدە ئۇنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق بايرىقى يەل-پۈنۈپ تۇراتتى .
— ئاتنى كەلتۈر ! — دەپ ۋارقىرىدى باتۇخان .
ئۇنىڭ تامدەك تاتارغان چىرايى ۋە دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر تەئەججۇپ ئىلكىدە قالدى . ئىككى چېرىك دەرھال بۆرتە يورغىنى يېتىلەپ كەلدى .
باتۇخان ئىنتايىن زەئىپلەشكەن تېنىنى ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئارتتى . ئۇ چەكسىز كەتكەن تۇزلەڭلىكنى ئىككىگە بۆلۈپ ، قۇياش بىلەن ئوينىشىپ ، ئۇزاقلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقان نىل رەڭلىك دەريا سۈيىنى كۆرسىتىپ (دەريادا قىزىل يەلكەنلىك ، قوش ماچتىلىق كېمە كېتىۋاتاتتى ) قاتتىق ھاياجان بىلەن ، لېكىن كېسەل سەۋەبى-دىن ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :
— بۇ يەرگە كەلگۈسىدە مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئوردام قۇرۇلىدۇ .
بۇ يەر كەلگۈسىدە مەن بويسۇندۇرغان مىللەتلەرنىڭ پايتەختى بولىدۇ . بۇ يەردە تەڭرى ئوردىسىدىنمۇ ئېگىز بولغان دۆلەت…
ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ ئالدىغا يىقىلدى . ئەگەر ئاتنىڭ يالىدىن تۇتۇۋالمىغان بولسا ، ئاتنىڭ بويىنىغا دومىلا يىقىلغان بولاتتى .
تۇرغاۋۇتلار دەرھال كېلىپ باتۇخاننى يۆلىۋالدى . ئاندىن ئۇ-

نى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈرۈپ ئېلىپ ، ھەرخىل گۈل ۋە كەشتىلەر چېكىلگەن ئات يوپۇقىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى .

نۆكەرلەر ۋە خىزمەتكارلار پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى . ئۇلار تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ ماللارنى چۈشۈرۈپ ، يېتىپ قالغان بۇ قو-ماندان ئۈچۈن ئىنتايىن تېزلىك بىلەن يىپەك چېدىرنى تىكتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## ئەزرائىل

چىرايى تامدەك تاتارغان باتۇخان بۆلغۈن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنىڭ كۆك تاشلىق يېقىنى چىڭ چىشلىگەن پېتى گىلەم ئۈس-تىدە ياتاتتى . ئۇ بىر كۆزىنى يۇمۇپ ، يەنە بىر كۆزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىپ ، چېدىر تۈشۈكىدىن يىراقتا كۆيۈۋات-قان چۆل گۈلخانىغا قارايتتى .

باتۇخانىنىڭ ئەڭ كىچىك ئايالى يۇلتۇز قارا رەڭلىك ھىندى كالۇۋۇتۇندىن يېپىنچا كىيىپ ، خاننىڭ ئايىغىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇ-راتتى . ئۇ ئالتۇن بىلەزۈك سالغان ئاپئاق ، نازۇك قوللىرى بىلەن باتۇخانىنىڭ كۈن نۇرىدا قارايغان يۈزىنى ئېھتىيات بىلەن توختىماي سىلايتتى . خاننىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان ، چېكە چاچلىرى ئۆرۈل-گەن ، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ، قورغۇيىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدى-غان بۇرنى تېخىمۇ قىرلىنىپ كەتكەندى ، چىرايى ھەرىكەتسىز ۋە ئىپادىسىز بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوي - پىكرى خۇددى قاناتلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلاتتى .

چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ سىرتتا پەس ئاۋازدا قىلىشىۋاتقان سۆزلىرى چېدىر ئىچىگە بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى :

— ئۇنىڭ ئەجەل بىلەن ئېلىشىۋاتقىنىغا توپتوغرا 40 كۈن بولدى . بۈگۈن قىرىق بىرىنچى كۈنى ، ئەزرائىل ئۇنىڭغا رەھىم قىلارمۇ ياكى ئۇنى ئېلىپ كېتەرمۇ ؟

— ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى قويۇش لازىملىقىنى ئويلىشىدىغان

ۋاقىت يەتتىمۇ نېمە؟

— بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن هەزەر ئەيلە. تامنىڭمۇ قۇلىقى بار… سەن ياخشىسى باشقىلارغا: «خاقانىمىز هامان غالىبتۇر، باشقا كىشىنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇش نەهاجەت…» دېگىن.

ئات تۇيىقىنىڭ يىراقتىن تارسىلدىغان ئاجىز ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى… شەكسىزكى، بۇ كېلىۋاتقان ئىنتايىن قەدىرلىك مېهمان. چۈنكى، خانلارلا سەلتەنەتلىك تاتار قوماندانىنىڭ قارارگاهىغا ئاتلىق كىرەلەيدۇ. ئات توختىدى. ئاندىن ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ياشانغان بىر نۆكەر ئىشىكنى كۆتۈردى. چەبدەس بىر موڭغۇل پۇتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بوسۇغىنى ئاتلاپ كىردى ـ دە، ئاستا يەرگە تىزلىنىپ، سۇنايلىنىپ ياتقان باتۇخاننىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قارىدى.

يۇلتۇز يېپىنچىسىنى تۈزەپ، مېهماننىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ بېرىپ، باش ئېگىپ يەرنى ئۆپتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يېپىنچىسىنى كەينىگە تاشلىدى ـ دە، چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان گۈلخان ئۈستىگە بىرنەچچە تال شاخ ـ شۇمبىنى تاشلىدى. گۈلخان لاۋۇلداپ يېنىپ، چېدىرنىڭ ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋەتتى.

— ياخشىمۇسەن، يۇلتۇز! ئىنىمغا نېمە بولدى؟ ئەنسىرەپ قالدىم… ئەهۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئاخىرقى ماغدۇرىدىن كېتىۋاتسا كېرەك… ئۇنىڭ چىرايى نېمىدېگەن سېرىق؟ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان قانداق ئالۋاستىدۇ؟

— سەن بىزگە ئۈمىد ئېلىپ كەلدىڭ، قەدىرلىك ئورداخان[1]. مۇبادا هازىر بىر ئامال قىلىپ خاقانغا ئەم قىلىنمىسا، ئەتە تۈگەيدۇ.

---

① ئورداخان — باتۇخاننىڭ ئاكىسى، ئۇ باتۇخاننىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئورداخان ئالتۇن ئوردىنىڭ خانلىق تەختىنى ئۆزلۈكىدىن باتۇخانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن، بىراق خاقان سايلىمىدا، ئورداخاننىڭ ئىسمى يەنىلا باتۇخاننىڭ ئالدىغا قويۇلغان.

ئورداخان نەپسى قىسىلغاندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، غودۇڭشىغىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىدا بىر پەس سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاغرىقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭغا يەنە تىكىلىپ قارىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ سەن بىر نەرسە دېگىن. كىمنى چاقىرىپ كەلسەك بولار؟ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلايلى. قارا كالا، قارا ئات، قارا قوي ھەرقايسىسىدىن توققۇزدىن ياكى توققۇز يۈز توققۇزدىن بولامدۇ؟

— بۇنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇق...

— يەنە قانداق ئامال - چارە بار؟ مەن تۇلپارغا مىنىپ شۇ ياققا ئۇچاي. يىراق نەگە، كىمگە بارىمەن؟

يۇلتۇز ئىسسىق ياشقا تولغان كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

— تەجرىبىلىك، ئۇستا تېۋىپ چاقىرماق لازىم. بۇنى پۈتۈن قوشۇنغا جاكارلايلى... — ئورداخان تىترىگەن ئاۋازدا سۆزلەيتتى، — پاراسەتلىك خىتاي ئۇستىسى لى تۇڭپۇ ئۆزىنىڭ جۇڭيى دورىلىرىنى بەرسۇن: مەرۋايىت تالقىنى، شەپەرەڭ يۈرىكى...

— خاقان، بۇلارنىڭمۇ ھەممىسى قىلىنغان. پاراسەتلىك لى تۇڭپۇمۇ كەلدى. دورىلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ كۆردۇق، لېكىن شىپا بولمىدى. لى تۇڭپۇ ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئەيىبلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ يايلاققا قېچىپ كەتتى، ھازىر ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەۋاتىمىز. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆزى بەك خىجىل ئىكەن. ئۆزىنى تاشقا ئېتىپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ... ئۇ خاقاننى داۋالاشنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈملۈك چارىسىنى تاپالماپتۇ...

ئورداخان ئەسەبىيلىشىپ، بېشىدىكى قالپىقىنى ئېلىپ يەرگە ئاتتى. مۇشتى بىلەن تىزىغا ئۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى.

— قانداق قىلىمەن؟ ئەتە تۈگەيدىغۇ! مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم تۈگەيدۇ! «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى كىم بېرىپ بويسۇندۇرىدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كىشى بىزنىڭ بۇ قۇدرەت-

www.uyghurkitap.com

لىك قوشۇنىمىزنى تىزگىنلەپ كېتەلمەيدۇ ! قانداق قىلغۇلۇق ؟ !
يۇلتۇز يىپىنچىنى كەينىگە تاشلاپ قويۇپ ، ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ ، پەس ئاۋازدا سۆزلىدى :
— ئەڭ ئاخىرقى بىر ئامالنى تەۋەككۇل دەپ قىلىپ باقاي .
ئورداخان جىمىپ قالدى ، ئۇ يۇلتۇزنىڭ بىر ئامال قىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى .
ئۇ يۇلتۇزنىڭ بىلەكلىرىنىڭ ئالدىغا سوزۇلغانلىقىنى ، سۈپ-سۈزۈك كۆزلىرىنىڭ ئاسمانغا تىكىلگەنلىكىنى كۆردى . ۋەزمىن ، ياڭراق ئاۋازدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدى .
— ئەي ، خالىس ، مۇقەددەس خىزىر پەيغەمبەر ! بىزگە رەھىم قىلغىن ، بىزدەك باش - پاناھسىز يېتىملارغا رەھىم قىلغىن . بۇ يايلاقتا نەگە بېرىشنى بىلمەي تۇرغان بىزدەك ئاجىزلارغا شەپقەت قىلغىن !
ئاۋازى خۇددى يۇلتۇزنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئاۋاز چېدىر سىرتىدىن ئاڭلاندى .
— ھە··· مانا مەن كەلدىم ! مېنى كىرگۈزگىن !
ئورداخان دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، ھەيرانۇ ھەس بولغان ھالدا ئىشىككە قاراپ قالدى .
ئىشىكتىن بىر نۆكەر كىرىپ كەلدى . ئۇ چوڭقۇر تەزىم قىلدى . تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ ، بەلۋېغىنى بويىنىغا ئاستى . ئۇ قىمىر قىلماي دۇئا قىلدى - دە ، ئاندىن ئورداخانغا :
— مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ يۈز بېشى ئەرەبشاھ بىرنەچچە ناتونۇش كىشىلەرنى ئېلىپ كەلدى . ئۇلار سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ، — دېدى .
— كىرسۇن !
باتۇخان چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ مىدىرلىغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا :
— سوغۇق··· — دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلالىدى .
يۇلتۇز باتۇخاننىڭ ئۈستىگە ئىككى جۇۋىنى يېپىپ قويدى .

ناتونۇش كىشىلەر كىردى. ئۇلار ئىشىك تۈۋىدىلا تىزلاندى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ياداڭغۇ، ئۆڭى قارا، قىزىل ساقاللىرى چاڭگا بولۇپ كەتكەن، قۇش بۇرۇن، قورۇق باسقان قاپاقلىرىنىڭ ئاستىدا بىر جۈپ قاپقارا كۆزى پارقىراپ تۇرغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر تېرە خالتا بولۇپ، ئۇنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئايال تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئايال ئەجنەبىيچە قەدىمكى پاسوندىكى كۆل رەڭ ئۇزۇن چاپان كىيگەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاپئاق تاتارغان، بىر جۈپ زەڭگەر كۆزلىرىدىن ئاللىقانداقتۇر بىر ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى. ئۇچىنچىسى كىچىك زەڭگى بالا، ئۇستىگە چاقماق كۆڭلەك كىيگەن خۇشخۇي، ئوماق ئىدى. ئۇ بۇدۇر چاچلىق بېشىنى توختىماي بۇراپ، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىپ قارايتتى.

بۇ ناتونۇش كىشىلەرنى باشلاپ كەلگەن يۈز بېشى ئەربشاھ، سول پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سوئال كۈتۈپ تۇراتتى.

— بۇلار نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى ئورداخان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— خوپ! — ئەربشاھ ئاۋازىنى پەسەيتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — قىممەتلىك ماللار قاچىلانغان قوش ماچتىلىق بىر كېمە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. مەن قاراۋۇلدا تۇرغان نۆكەرلەرنى كېمىگە چىقىپ قورسىقىنى ئاچە-مۇنچە توقلىۋالسۇن دەپ بۇيرۇق قىلغانىدىم (نۆكەرلەر ئۇزۇندىن بېرى بىر نەرسە يېمىگەنىدى). كېيىن كېمە ئۇستىگە ئۆزۈم چىقىپ تەرتىپ ئورناتتىم ۋە بۇ ئۈچ كىشىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم. بۇ ئىككىسى ھېكىم. ماۋۇ قىزىل ساقال ئەرەبلەرنىڭ مىرزىسى ھەم ئۇستا تېۋىپ ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، خاتەم ئويىدىغان كاسىپ ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ قۇر ئاچىدىغان مۇنەججىم ئىكەن. ئۇ بىر ياش ئەرەب شەيخىنىڭ مالىيى ئىكەن. بۇنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئۇ ئەرەب شەيخى مۇقەددەس باغدادنىڭ ئۇلۇغ خەلىپىسى ئەۋەتكەن ئەلچىمىش...

— بۇ يۈزى قەغەزدەك تاتارغان، ئۆزى ئەرۋاھتەك جادۇگەر

ئايالچۇ ؟

— ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بۇيۇك رۇملۇق[1] ئايال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۆزى خان جەمەتىدىن ئىكەن ، ساقايماس كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىدىكەن . تىلماچىنىڭ كېيىمە خوجايىنىدىن ئاڭلىشىچە ، بۇ رۇملۇق قېرىلارنىمۇ ياشارتارمىش .

— ئۇنداقتا بۇ كىچىك زەڭگى بالىمۇ تېۋىپمۇ ؟

— مەن ئۇنى شامان تېۋىپلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئېلىپ كەلدىم . ئۇنى ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا ئىشلىتىمىز . شامان تېۋىپنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەگەر باشقا دورىلار زادىلا شىپا قىلمىسا ، بۇ زەڭگى بالىنىڭ بەدىنىدىن ماي ئېلىپ ، ئۇنى چەككىلەپ ، ئاندىن بۇ مايىنى بىمارغا سۈركىسە شىپا بولىدىكەن .

زەڭگى بالا سۆزنىڭ ئۆزى ئۇستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى بولغاي ، غەمكىن ئولتۇرۇپ قالدى . قىزىل ساقال ھېكىم سۆز قىستۇرۇپ :

— چوڭ كىشلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى بالىلارنىڭ ئالدىدا دېمەسلىك كېرەك ، — دېدى .

ئورداخان ئالدىرىماي بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئايالغا قارىدى . ئۇنىڭ كۆزى ئايالنىڭ يۈرەكلىك ۋە خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان كۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— سەن نېمە ئادەم ؟

— مەن رۇمنىڭ گرېتسىيە مەلىكىسى دافنى بولىمەن . سىلى ماڭا سۆز قىلغاندا ئەدەپلىكرەك بولسىلا . مەن قەدىمكى كامىنىيە پادىشاھلىقىنىڭ ۋارىسى بولىمەن…

— رۇم مەلىكىسى ، سىز بۇ ئوتنىڭ يېنىغا كېلىڭ .

دافنى ئۇزۇن تونىنى تۈزەشتۈرۈپ ، خۇددى توزدەك مېڭىپ ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى . ئۇ چىرايلىق ، چاققان پۇتىغا قىزىل ئاياغ كىيگەن بولۇپ ، ئاياغ يىپىغا ئىنچىكە كۈمۈش زەنجىر ئۆتكۈزۈۋالغانىدى .

---

① رۇم — ئەينى ۋاقىتتىكى ۋىزانتىيە ۋە كىچىك ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

— رۇم مەلىكىسى ، سىزنى قانداق شاماللار بىزنىڭ بۇ چۆل-لەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟ سىزنىڭ كېنىزەكلىرىڭىز ، خوجىدار ۋە قۇللىرىڭىز ، مۇھاپىزەتچى نۆكەرلىرىڭىز قېنى ؟

— مەن مۇھاپىزەتچىلىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا كېمىگە چۈشۈپ رۇمدىن ئايرىلغانىدىم . مېنىڭ بولغۇسى ئېرىم گروزدىن شاھزادى-سى ئىدى . ئۇ مېنى يولدا كۈتمەكچى ۋە مېنى ئېلىپ ئۆز مەملىكى-تىگە بارماقچى بولغان . كېيىن مەن چۈشكەن كېمە بورانغا يولۇ-قۇپ پاچاقلىنىپ كەتتى . مەن بەختلىك ھالدا مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ پاناھىدا كىچىك بىر تاختايغا ئېسىلىۋېلىپ ئامان قالدىم . ئاخىر دولقۇن ئۇرۇپ مېنى قىرغاققا چىقىرىپ قويدى . ئۇ يەردە مەن ھايۋان كەبى ياۋايى كۇردلارنىڭ قولىغا چۈشتۈم ، مېنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشتى . بىراق ، مېنىڭ خوجايىنىم مېنى ئېلىپ قېلىشنى خالىمىدى . چۈنكى ، مەن بىر مەلىكە بولغانلىقىم ئۈچۈن ، ئېغىر ئىشلارنى قىلالمايتتىم ، ئۇلارنى چىشلەيتتىم ، قام-چا بىلەن ئۇرۇشتىنمۇ قورقمايتتىم . كۇردلار مېنى ئەبېسكۈن دېڭىزى بويىدىكى كازۋىن شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى . كېيىن مەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ ، ئەرەب ئەلچىسى ئابدۇراخمان بىلەن بىللە كې-مىدە بۇ يەرگە كەلدىم . ئەلچىمۇ يېقىندا سىلەرنىڭ خان چېدىرىدا ھازىر بولغۇسى .

— سىز قايسى بىلىملەرنى بىلىسىز ؟

— مەن دانىشمەنلەرنىڭ مەخپىي سىرلىرى يوشۇرۇنغان كى-تابلارنى بىلىمەن . گىپپوگراتنىڭ[1] ئادەم بەدىنى ھەم ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەنمەن .

ئورداخان ئۇنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن ، تومىقى-نى گەجگىسىگە ئىتتىرىپ ، ئالقىنى بىلەن قۇلىقىنى قالقانداپ دىققەت بىلەن ئولتۇردى . لېكىن ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ،

---

① گىپپوگرات — قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ دوختۇرى (ئىرامىزدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان ) تېببىي ئىلمىنىڭ ئاتىسى دەپ نام ئالغان ، يېزىپ قالدۇرغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار .

دېگەننى ئويلاپ، ئۆزى جاۋاب بېرەلمەي ئىككىلىنىپ قالدى. بۇ رۇم مەلىكىسىگە ئىشىنىشكە بولارمۇ؟ ئۇ دافنىغا لەپپىدە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزى مەلىكىنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆپكۆك كۆزلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم دوقۇرىشىپ قالدى.

— سىز ئەمدى زادى قانداق قىلماقچى؟

— كىشىلەرنىڭ قوپاللىقى ۋە بىھۆرمەتلىكىدىن بىزار بولدۇم. باشقىلارنىڭ ماڭا مەلىكىلەرگە خاس مۇئامىلە قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. ئەگەر تەلىپىم ئىجابەت بولسىلا، بۇ يەردە، يەنى ئۇلۇغ تاتار قوماندانىنىڭ قارارگاھىدا قالىمەن. كېسەللەرنى داۋالايمەن، ياردارلارنىڭ يارىسىنى تاڭىمەن… ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بېرىمەن. ئۆتمۈشنىڭ سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، كەلگۈسى، ئىستىقبالنىڭ پەردىسىنى ئاچىمەن.

— بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنسىز، — ئورداخان باش لىڭشىتىپ رازىلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئەرەبشاھقا، — بىز ئۈچۈن ئىنتايىن كېرەكلىك بولغان بۇ خانىم بىزدە قالسۇن، — دېدى. كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئۇ مېنىڭ چېدىرىمنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن.

كېسەل مىدىرلاپ ئىڭراپ قويدى.

ئورداخان يېنىدىكى قىزىل ساقال ئەرەب تېۋىپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەنمۇ كېسەللەرنى داۋالىيالامسەن؟ — دېدى.

— ھازىرغىچە ئۆلۈكتىن باشقا ھەرقانداق كېسەللەرنى داۋالاپ كېلىۋاتىمەن.

— كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالىساڭ، ھېسابسىز ئىنئامغا ئىگە بولىسەن، ئاغرىقنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولساڭ، سېنى ياغاچ قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، تىرىك پېتى كۆيدۈرۈۋېتىمەن، داۋالاشنى باشلا!

سېرىق ساقال تېۋىپ ئېھتىيات بىلەن مىدىرلىماي ياتقان باتۇخاننىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى. يۇلتۇز تىترىگەندەك بولدى ـ دە،

ئاندىن ئاغرىقنى ئۆز بەدىنى بىلەن قوغداپ قالماقچى بولغاندەك ھالەتتە تۇرۇپ قالدى . ئورداخان يالىلداپ تۇرغان شەمشەرنى غىلەپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ شىپقاپ كەلدى .

ئەرەب تېۋىپى باتۇخاننىڭ چاڭگا بولۇپ كەتكەن چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقىپ مېڭىسىنى سىلاپ كۆردى . ئاندىن خاننىڭ جۇدەڭگۈ قولىنى كۆردى — ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بۇ قول يېقىندىلا پۈتۈن تاتار قوشۇنىنى تىزگىنلەپ تۇرغان قۇۋۋەتلىك قول ئىدى .

تېۋىپ بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇ قۇلىقىنى ئاغرىقنىڭ نەپىسى چىقىۋاتقان لېۋىگە يېقىن ئاپىرىپ تىڭشىدى ، ئاندىن يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆرۈپ ، بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى . ئارقىدىنلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ ئىچىنى تىڭشىغان بولدى بولغاي ، چىرايى تاتىرىپ ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى .

— مەن ساقايتالمايدىكەنمەن ، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ .

— قارشىلىق كۆرسىتىشكە بولمايدۇ ، داۋالايسەن ! — دېدى ئورداخان شەمشىرنى تېۋىپىنىڭ گەجگىسىگە سانجىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ .

— داۋالىيالمايمەن ، ئاللىقاچان… داۋالىيالمايمەن… مەندە داۋۇدنىڭ نۇسرىتى ، دانىشمەن سۇلايماننىڭ مىڭ خىل كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئابىھايات سۈيى يوق ، شەۋكەتلىك خاقاننى ئارامىغا قويايلى !

دافىنى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى :

— مەن ۋېنزانتىيە مەلىكىسى دافىنى ، خاننىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالايمەن ! مەن بۇ خىل كىشىنى چۆچۈتىدىغان كېسەلنى داۋالاشنىڭ يولىنى بىلىمەن . بۇ ئاغرىققا گىرىپتار بولغان كېسەلنىڭ چىرايى كۆز يۇيۇپۇرمىقىدەك سارغىيىپ كېتىدۇ . بۇ كېسەلنى «سېرىق بەزگەك» دەيدۇ .

— بۇ قىزىل ساقال پاراسەتلىك تېۋىپ ئەمەس ، بەلكى ئاجىز بىر قۇرت ئىكەن ! — دېدى ئورداخان غودۇڭشىپ ، — رۇم



www.uyghurkitap.com

مەلىكىسى ، سىز قول سېلىپ داۋالاڭ . لېكىن ، شۇ نەرسە ئېسىدە بولسۇنكى ، مۇبادا خان ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا ، سىزنىڭ قېنىڭىزنى هاراققا ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ قەبرىسىگە يېقىلغان گۈلخان ئۈستىگە چاچىمەن . ئەگەردە ئىنىمنى ساقايتىپ قالالىسىڭىز ، 99 خىل ئىنئام بەرگەندىن سىرت ، يەنە بىر قورا ئەڭ ياخشى ئاتلارنى بېرىمەن .

— ئەركىنلىكچۇ ؟

ئورداخان بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تولۇقلاپ قويدى :

— مەڭگۈلۈك قۇياش ھەققى قەسەم قىلىمەنكى ، سىز ئەركىنلىككە ئېرىشىسىز .

گرېتسىيىلىك قىزنىڭ يۈزىگە بىر خىل سىرلىق كۈلكە يۈگۈردى . دافنى ئورنىدىن يەڭگىلگىنە تۇرۇپ ، كەينىدىكى گىلەم خۇرجۇننى ئالدىغا يەڭگىلگىنە تارتىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر قۇتىنى ئالدى ، قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، ئىچىدىن توققۇز تال قېنىق رەڭلىك ئۇششاق كۆمىلاچنى ئېلىپ ئالىقىنىغا قويدى ـ دە ، ئاغرىقنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى . ئۇ يۇمران ۋە نازۇك قوللىرى بىلەن باتۇخاننىڭ ھەم قارا ، ھەم يىرىك چېچىنى قايرىپ تۇرۇپ ، قاپىقىنى يەڭگىلگىنە ئۇۋۇلىدى ... ئاندىن كەينىگە شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئورداخانغا :

— هازىر ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ داۋالاش كېرەك ! ئۆلۈم يېقىنلىشىپ قالدى ! بۇ قىزىل ساقال تېۋىپ ماڭا ياردەملەشسۇن ، — دېدى .

قىزىل ساقال تېۋىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ :

— بولمايدۇ ! سىز داۋالايمەن دېگەندىكىن ئۆزىڭىز داۋالاڭ ! — ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىشى چۈشىنىپ بولمايدىغان بىرخىل تىل بىلەن دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى .

ئورداخان بىر قولى بىلەن شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ ، يەنە بىر قولى بىلەن تېۋىپنىڭ قىزىل ساقىلىنى تۇتۇۋېلىپ ھەيۋە قىلدى :

— ياردەملەشكىن ، ھوي سېرىق تۈكلۈك تۈلكە .

تېۋىپ قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇ دەرھاللا گرېتسىيىلىك قىزنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى ـ دە ، ئۇنىڭ قولى-
دىكى كۈمىلاچقا زەن قويۇپ قارىدى .

— بۇ نېمە ؟

— مۇشۇنىمۇ بىلمەمسەن ؟ — دېدى مەلىكە سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ .

— قارىسام جۇزبۇۋاغا ئوخشاۋاتىدۇ… لېكىن ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە دانىشمەن سۇلايماننىڭ كۆزى چېكىلىپتۇ ، بۇ سىرنى يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ .

— ئېيتقىنىڭ توغرا . سەن ھازىر مېنىڭ دېگىنىمنى بويىچە قىلىسەن . ئالدى بىلەن مىس ئىدىشقا بۇ جۇزبۇۋۇلارنى سېلىپ قورۇغىن ، ئاندىن ھاۋانچىدا سوقۇپ تالقانداپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچكە بۆلۈپ ئاغرىققا ئىچۈر . ھازىر بىر قېتىم ، چۈشتە بىر قېتىم ، كەچتە بىر قېتىم بولسۇن . مەن بولسام ئوردا قىزى ، بۇنداق قارا ئىشلارنى قىلسام بولمايدۇ . بۇنداق ئىشلارنى ساڭا ئوخشاش قول تېۋىپلارلا ئىشلەيدۇ . ئەمما ، مەن ئاغرىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئەھۋالنى كۆزىتىمەن . خاننىڭ سالامەتلىكى تېزدىن ئەسلىگە كېلىپ ، قايتىدىن جەڭ تۇلپارىغا مىنىدۇ .

دافنى يۇلتۇزنىڭ يېنىدا بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ تېۋىپ-
نىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى .

تېۋىپ توققۇز دانە جۇزبۇۋۇنى مىس ئىدىشتا قورۇپ بولۇپ ، مىس ھاۋانچىدا سوقۇپ تالقان قىلدى . ئاندىن ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ قوشۇق بىلەن ئىلەشتۇردى .

— بۇ دورىدىن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز بىر قوشۇق ئىچىپ بېقىڭ ! — دېدى ئورداخان قوپال ، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن .

— سىزمۇ مەن بىلەن بىللە تېتىپ بېقىڭ ، — دېدى دافنى قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن .

تېۋىپ مىس ئىدىشتىكى دورىدىن گرېك قىزنىڭ تېتىپ بېقى-
شى ئۈچۈن بىر قوشۇق بەردى ، ئاندىن ئورداخاننىڭ تېتىپ بېقىشى

www.uyghurkitap.com

ئۆچۈنمۇ بىر قوشۇق بەردى ، ئورداخان دورىنى ئاغزىغا ئالغاندىن كېيىنلا : «پاھ ، نېمىدېگەن قېرىق ـ ھە» دەپ ۋايساپ كەتتى .

تېۋىپ مىدىر قىلماي ياتقان باتۇخاننى يۆلەپ تۇرغۇزدى ، ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى خۇنۇك كۆرۈنەتتى . تېۋىپ خېلى ھەپىلەشكەندىن كېيىنلا ، باتۇخاننىڭ كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرى-نى ئاجرىتالىدى . دافنى قوشۇق بىلەن باتۇخاننىڭ ئاغزىغا دورا قۇيدى . ئېغىزىغا قۇيۇلمىغان دورىلار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تۆكۈلۈپ كەتتى .

بارلىق كىشىلەر باتۇخاننىڭ مۇردىدەك تاتارغان چىرايىغا تى-كىلىپ قارىشاتتى .

دافنى ئىنتايىن ئىشەنچ بىلەن :

— ئۇ ھازىر ئارام ئېلىشقا موھتاج . خان يەتتە قەۋەت ئاسمان-نىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن روھلىرىنى تېنىگە چاقىرماقتا...

گىرېك قىزى سېھرىي كۈچكە باي زەڭگەر كۆزلىرى بىلەن ئورداخانغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، باشقىدىن ئولتۇردى .

ئورداخان ئۆزىگە كېلىپ بېلىنى بىرئاز رۇسلىدى . چاقناپ تۇرغان شەمشىرىنى غىلىپىغا سالدى .

توساتتىن ، چېدىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر ئايالنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى .

— چاتاق بولدى ! پالاكەت باستى ! — ئورداخان بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى غودۇڭشىدى ، — خاننىڭ ساھىبجامال خا-نىشلىرى ، ھېلىقى «جاھان ياسانچۇقلىرى» كەلدى... ئۇلار ئالەم-نى مالەم قىلىپ يىغلاپ ، ئىنىمىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان بولدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## تۆتىنچى باب

# «جاھان ياسانچۇقلىرى»

ئۈچ نەپەر خانىش چېدىر ئىچىگە كىرىپ كەلدى . ئۇلار چىرايلىق گۈللۈك تاۋاردىن چاپان ، بېشىغا كالۋۇتۇندىن ئىشلەنگەن كىچىك تەلپەك كىيگەن ، تەلپەكنىڭ ئۈستىگە قىممەت باھالىق ، ئۇزۇن ئاققۇ ئۇكىسى تاقىغانىدى . ئۇلار بوسۇغىدىن كىرىشى بىلەنلا چېدىر ئىچىنى قاتتىق يىغا ئاۋازى ۋە ئەلەملىك مىچىلداشلار قاپلاپ كەتتى . خېنىملار ۋارقىراپ يىغلاشتا بىر - بىرىنى بېسىپ كېتىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى .

— بىزنىڭ سۆيۈملۈك خاقانىمىز ئۆلىدىغان بولدى… بىز تۇل قالىدىغان بولدۇق ! كىممۇ بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالار ، سەن بىزنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمىگىن…

— ئاغزىڭنى يۇم ، — ئورداخان غەزەپ بىلەن ۋارقىردى ، — ئەگەر ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇرۇشمايدىكەنسەن ، ھەرقايسىڭنى گىلەمگە يۆگەپ ئاغاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلايمەن .

ئۈچ خانىش ئەدەپلەنگەندىن كېيىن جىمىپ كېتىشتى . ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشقاندىن كېيىن ، بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇشتى . ئاندا - ساندا بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى . چېدىرنىڭ ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە . زەڭگى بالا تىزىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . گىرېك قىزى تۆشەك ئۈستىدە بېشىنى بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ خۇددى ئۇخلاۋاتقان قىياپەتتە ياتاتتى . ئەمەلىيەتتە تۇرۇپ - تۇرۇپ بىر كۆزىنى قىيا ئېچىپ چېدىر ئىچىدىكى پۈتۈن ھەرىكەتنى كۆزىتەتتى . ئورداخان يانپاشلاپ يې-

تىپ خورەك تارتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئەرەب تېۋىپمۇ بۇرنىدا پۇشتەك چېلىۋاتاتتى . نۆكەر ئىشىك ئالدىدا نەيرىسىنى تۇتقان پېتى مۈگدەيتتى .

ھېلىقى ئۈچ خانىش يۇلتۇزنىڭ يېنىغا شاپاشلاپ ئۆمىلەپ كېلىشتى . چېدىرنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ۋىچىرلاشقان ئاۋازى كۆتۈرۈلدى .

— سەن ئۆزۈڭچە ، مەن يۇلتۇز خېنىم دەپ يۈرەمسەن ؟ سەن بىر تېگى پەس گادايىنىڭ قىزى ، يۇلتۇز قارا خوتۇن دېگەن سەن !

— ئۆزۈڭچە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىمنى بۇلار بىلمەيدۇ ، دەپ ئويلامسەن ؟

— ھوي ، ھارامزادە بۇزۇق !

— سەن ھېلىقى ئاشناڭ — مىسىق دېگەن نۆكەر بىلەن بىرلىشىپ ، قەھرىمانلىقتا تەڭدىشى يوق خاقانىمىزنى دەپسەندە قىلدىڭ...

— ئۇ ناكەسمۇ ساڭا ئوخشاشلا بۇزۇق ، مۈشۈككە ئوخشاش ھىيلىگەر ، تۇزكور ، شەرمەندە !

— سەن خانغا زەھەر بەردىڭ !

يۇلتۇز خۇددى بۇ ھۇجۇمدىن مۇداپىئە كۆرگەندەك ، قارا يېپىنچىسىغا تېخىمۇ چىڭ يۆگىنىپ ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى .

— سەن خېلى بۇرۇنلا خانغا سېھىر ئىشلەتكەن ، ھوي ، زەھەرلىك يىلان !

— سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمىزگە خۇش بولۇپ ، دەرھال بۇ يەردىن يوقال ! خانغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇش بىز چوڭ خوتۇنلارنىڭ ئىشى .

— بىز خاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز . ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى خانغا ئېيتىمىز .

ئۇشتۇمتۇتلا ، جۇۋا بىر تەرەپكە ئىرغىتىپ تاشلاندى ـ دە ، باتۇخان ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى . ئۈچ خانىش دەرھال ئۇنىڭ پۇتىغا يىقىلدى .

— خان ئالىيلىرى ، سەن گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلدىڭ ، سەن ئەمدى باشقىدىن ئالتۇن تۇرۇقنى چاچىسەن . بىزنىڭ ئالتۇن- دەك ئېسىل ، گۆھەردەك باھاسىز خانىمىز ! بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمىگىن .

باتۇخان قەتئىي ۋە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى :

— نۆكەر ، بۈگۈن قايسى «تۈمەن» چارلاشقا مەسئۇل ؟

نۆكەر دەرھال ئۆيقۇسىنى ئېچىپ جاۋاب بەردى :

— ھە ، ئۇلار يېنىڭىزدىكى چېدىردا ، ئۇنىڭدا بۇرۇنتاي ، قورماش ، يەنە ياشانغان نارىن خاقان بار .

— ئۇلارنى تېزدىن چاقىرىپ كېلىڭلار . سۇبەتەي باھادىرغا ئېيتىڭلار ، ئىنىم شەيبان خان بىلەن مۆڭكە خاننى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلسۇن . مەن ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزىمەن .

— خوپ ، — نۆكەر كەينىگە شاققىدە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەت- تى . باشقا بىر نۆكەر دەرھال ئۆيگە كىرىپ چىقىپ كەتكەن نۆكەر- نىڭ ئورنىغا كېلىپ تۇردى .

ئورداخان ئۆيغىنىپ قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە نېمە ئىش بولۇۋاتانلىقىنى بىلەلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى .

باتۇخان تىز چۆكۈپ ئولتۇرغان خانىشلارنى پۈتى بىلەن ئىت- تىرىۋېتىپ ، دەلدەڭشىگىنىچە ئورداخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— قەدىردان قېرىندىشىم ! ماڭا چاپلاشقان ئالۋاستىنى قوغ- لاپ ، ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەپسەن . سەن مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇستازىم . مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچ- لىك ھىمەتتىم ۋە نىجاتكارىمسەن . ساڭا نۆكەر بولۇشقا ، سەن ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا رازىمەن .

سىمىز ۋە كالانپاي كەلگەن ئورداخان باتۇخاننى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى يالاپ قويدى ، ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن :

— غەلىبىدىن - غەلىبىگە زەپەر قۇچۇپ ماڭىدىغانلىقىڭ ماڭا ئايان... مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىم ، سېنىڭ ھەربىي

يۇرۇشۇڭگە دەخلى قىلىۋاتقان توسقۇنلۇقلارنى ئىرغىتىپ ، ھەسەت-خور دۇشمەنلىرىڭنى قوغلاش !

يۇلتۇز گۈلخان ئۈستىگە بىرنەچچە تال شاخ تاشلىدى . لاۋۇل-داپ كۆيگەن ئوت چېدىر ئىچىنى باشقىدىن يوپيورۇق قىلىۋەتتى .

ئۈچ نەپەر «تۈمەن» بېشى كىرىپ كەلدى . ئۇلار ھازىرلا ئۇيقۇدىن تۇرغاچقا ، يېڭى بىلەن تىنماي كۆزىنى سۈرتەتتى . بۇ ئۈچ كىشى : بويى ئېگىز ، ياداڭغۇ كەلگەن بورۇنتاي ، سېمىز ، گەۋدى-لىك كەلگەن قورماش ، قەددى پۈكۈلگەن ، مىجەزى ئېغىر - بې-سىق نارىن خاقان . ئۇلارنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپلا تەتۇر ئۇستى-خان يەكچەشمە ، ئاسقاق يىلپىز ، ئاتاقلىق سەردار سۈبەتەي باھادىر كىرىپ كەلدى .

كەلگەنلەر قائىدە بويىچە كۆرۈشۈپ ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، باتۇخان سەلتەنەتلىك ئاھاڭى بىلەن سۆز-لەشكە باشلىدى :

— مېنىڭ سادىق خىزمەتكارلىرىم ، «تۈمەن» بېشى بورۇن-تاي ، قورماش ، نارىن خاقان ! سىلەر دوستلار ئۈستىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشلىرىدە ، قىپچاق قوشۇنلىرى بىلەن بولغان قانلىق جەڭ-لەردە ھامان غالىب بولدۇڭلار ، سىلەر جەسۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ زەپەر قۇچتۇڭلار . مەن ئۆزۈڭدىن بىرى سىلەرگە ئىن-ئام بېرىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم . قەھرىمان بورۇنتاي ، سەن سىت دەرياسى بويىدا دوستلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانىدىڭ . مەن ساڭا بىر تال مەرۋايىتىمنى ، يەتتە يۇلتۇزۇمنىڭ بىرى — خوتۇنۇم يىركە خاتۇن (قارا كۆزلەر شاھى )نى ساڭا ھەدىيە قىلدىم . قور-ماش ، سەن ساداقەتمەن «يۈز » بېشى . يەنە بىر مەرۋايىت ئالىيەمىد-زاسۇن (جىلۋىسى شوخ مەرۋايىت ئۆتكۈزىدىغان يىپ )نى ساڭا ھەدىيە قىلدىم . مەن بىلىمەن ، سەن بۇ يىپنى چىشلەپ ھەرگىز قويۇپ بەرمەيسەن . سېنى مولايىملىق ئالدىيالمايدۇ ، قوۋلۇق يې-ڭەلمەيدۇ ! سەن مۇقەددەس بوۋامنىڭ سەپدىشى ، ئۇلۇغ قوماندان ، ھۆرمەتكە سازاۋەر نارىن خاقان ، ساڭا ئەڭ ياخشى گۈزەل قابۇچ

(ھاياتىنىڭ لەززىتى )نى ھەدىيە قىلدىم . سەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولساڭ بەخت شارابىنىڭ كەيپىنى سۇرىسەن…

ئۈچ «تۇمەن» بېشى رەھمەت ئېيتىشتى . ئۈچ خوتۇن بولسا ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى .

— بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىگىن ! بىزنى ئۆز يېنىڭدىن ئايرىما ! بۇرۇن بىزدىن سەۋر ـ خاتالىق ئۆتتى ، ئۇ بولسىمۇ پەقەت سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزدىن بولغان . بىزنى ئەپۇ قىلغايسەن ، شەۋكەتلىك خاقانىم !

— سىلەر ئەرلىرىڭلارنىڭ قوينىدا خاتىرجەم ، بەختلىك بولىسىلەر . بۇ يەردە بولساڭلار خۇددى سېغىزخانىدەك ئاغزىڭلار بېسىلمايدۇ . سەن ۋالاقتەككۇرلەرنىڭ ئاغزىنى باسقىلى بولمايدۇ… ھازىر كۆزۈمدىن يوقىلىش !

— سەن بىزنىڭ بەختىمىز ، بىزنى ياندۇرۇۋالغىن ، بىزنى تاشلىۋەتمە .

باتۇخان قولىنى شىلتىپ :

— ئېغىزدىن چىققان سۆزنى قول بىلەن ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ . سۇنغان قۇدۇقنى[①] قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ . «تۇمەن» باشلىرى ، خوتۇنۇڭلارنى دەرھال ئېلىپ كېتىڭلار . مەن ھازىر ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى ، بۇ كېڭەشكە «تۇمەن» بېشىنىڭ ئاياللىرى قاتنىششقا بولمايدۇ . دەرھال چىقىپ كېتىڭلار !

ئۈچ «تۇمەن» بېشى ئاياللىرىنى تۇتۇپ قوپاللىق بىلەن سىرتقا سۆرەپ چىقىپ كەتتى . ئورداخان مۇنداق دېدى :

— نۆكەرلەر ، قىزىل تۇكلۇك تۈلكە بىلەن بۇ كىچىك بالىنى يېقىن ئەتراپتىكى يۇرتچىغا[②] تاپشۇرۇپ بېرىڭلار . بۇلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرسۇن . ئاندىن مەن بۇ ئىككى كىشى بىلەن يەنە سۆھبەتلىشىمەن . رۇم مەلىكىسى ، سىز مېنىڭ ۋەدەم بويىچە بىر

---

① قۇدۇق — يىلقىچىلار يىلقا تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان ، ئۇچىغا ئارقان باغلانغان خادا ياغاچ .

② يۇرتچى — يايلاقلارنى تاللاپ تەقسىم قىلىدىغان ئەمەلدار .

قورا يىلقىغا مۇيەسسەر بولىسىز .

— يەنە ئەركىنلىك ۋە نۇرغۇن سوۋغاتلار بار ، — دېدى دافنى ئورداخانغا تىكىلىپ تۇرۇپ ، — ئورداخان سۆزنى بىر قىلىدۇ ، ئىككى قىلمايدۇ .

— سىزنىڭ ئامىتىڭىز قانداق ، بۇ قېتىم يەنە بىر سىناپ كۆرىمىز . ھازىرچە ، يېنىمىزدىكى چېدىرغا چىقىپ يېتىپ تۇرۇڭ .

نۆكەر رۇملۇق قىزنى ، قىزىل ساقال تېۋىپنى ۋە كىچىك بالىنى ئاچىقىپ كەتتى . باتۇخان تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇردى ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ سۇرلۇك ۋە ئاجايىپ سىرلىق چىرايىدا نۇرغۇن قورۇقلار پەيدا بولدى . ئۇ كىرەگىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يۇلتۇزغا چەكسىز مەمنۇنىيەت بىلەن تىكىلدى . يۇلتۇز قورۇنۇش ئىلكىدە خوجايىنغا تىكىلدى . يۇلتۇزنىڭ گۈزەل كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز ھالەت ئەكس ئېتەتتى . باتۇخاننىڭ چىرايىغىمۇ قارا بۇلۇتلار سايە تاشلىدى .

ئۇ مۇنداق دېدى :

— ئوبدان باشقۇرماقچى بولىدىكەنسەن ، ئومۇمىي ئەھۋالنى بىلىشىڭ كېرەك . مەن بىتاب بولۇپ قالغان ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە ، كىشىلەر مېنى ھېچ نەرسىنى بىلمىدى دېيىشكەندۇ . ئەمما ، مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئەھۋاللارنىڭ تەكتىنى بىلىۋالدىم . بۇ ئىشلار ماڭا قوشۇنغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىشنى ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»دىن تارتىپ «ئاخىرقى دېڭىز»غىچە قانداق ھۇجۇم قىلىشنى ، قانداق قىلغاندا پۈتۈن دۇنيانى موڭغۇل يايلىقىنىڭ بۇركۈتلىرى ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# ئەرەب ئەلچىسى تاتارخاننىڭ قوبۇلىدا

ئابدۇراخمان تۆت تېمىغا گۈزەل يايلاق ، ئاق تورنا ۋە ئالتۇن ئەجدىھا كەشتىلەنگەن ئازادە چېدىرغا كىرىپ بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى . ئۇ كۆڭلىدە : «بۇلارنىڭ ئىچىدە تاتارلارنىڭ ئەڭ چوڭ خانى قايسىدۇ ؟» دېگەننى ئويلىدى .

ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا موڭغۇلچە ئۇزۇن چاپان كىيىپ ، بەللىد-رىنى تاسما بىلەن باغلىغان ئونچە تاتار قوماندانلىرى بولۇپ ، پارس گىلىمىنىڭ ئۈستىدە يېرىم ھالقا ھالەتتە ئولتۇراتتى .

ئابدۇراخمان سالامنى خاتا بېرىپ ، كۈلكىگە قېلىشتىن ئېھتىد-يات قىلىپ ، بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، بىر نىشانغا قارىماي ، ئالدىغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئىسلام تۆپرىقى ۋە خەلقىنىڭ مۇقەددەس خەلىپىسى باتۇر تاتار قوشۇنىغا ۋە ئۇنىڭ ياش قوماندانىغا سالام يوللايدۇ . خاننىڭ تېنى سالامەت ، جەڭ ئولجىلىرى زىيادە بولغاي…

چەتتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تىلماچ ئابدۇراخماننىڭ ئەرەبچە سۆزىنى جۈملىمۇ جۈملە ئۆرۈپ تۇردى .

— خەلىپە بارلىق ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئىچىدىن مېنى ساڭا ئەۋەتتى (پەرەڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ، شان - شەرەپ قۇچقان ئەرەب قوماندانى ئابدۇراخماننىڭ ئەۋلادىنى سېنىڭ قوبۇ-لۇڭغا ئەۋەتتى ) ، پۈتكۈل تاتار خەلقىنىڭ ھۆكۈمرانى ، مېنى غا-لىب تاتار قوشۇنىنىڭ يۈرۈشىگە قاتناشتۇرۇشۇڭنى ئىلتىماس قى-لىمەن ھەمدە سېنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىڭنى ۋە سەن بېسىۋالغان

يەرلەرنى خەلىپىگە ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىمەن .
يېرىم ھالقا تۈزۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى سىمىز ، يۈزىدە قىزىل تاتۇقى بار ، يەكچەشمە قېرى سۆز قىستۇردى :
— مۇبادا ياۋ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە ، ساھىبقىران خانىمىزنى بىزگە ئوخشاش مۇھاپىزەت قىلالامسەن (دۇنيانى بوي-سۇندۇرغۇچى خاقانىنىڭ نەۋرىسىنى ) ياكى يالتىراپ تۇرغان شەم-شىرىڭنى غىلاپتىن چىقارماي ئۇخلاپ ياتامسەن ؟
— مەن بىر نۆكەر ، شۇڭا مېنىڭ قولۇمدىكى شەمشەر ئۇرۇش مەيدانىدا تاتارخانىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ .
بۇ چاغدا بىر ياش موڭغۇل سۆز قاتتى . قارىماققا ئۇ باشقىلار-دىن ھېچقانداق پەرقلەنمىسىمۇ ، لېكىن كەسكىن تەلەپپۇزىدىن ، قىسىق قارا كۆزىنىڭ چاقناپ تۇرۇشىدىن ئۇنىڭ بۇيرۇق بېرىشكە ئادەتلەنگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولاتتى .
— سەن راستىنلا ئۇلۇغ ئەرەب قوماندانىنىڭ ئەۋلادى بول-ساڭ ھەمدە دوستلۇق سالىمى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن بولساڭ ، مەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان غالىب «تۈمەن» لىرىمنىڭ «قۇياش پاتقان ئەللەر »گە قىلغان يۈرۈشىدە يېنىمدا قالساڭ بولىدۇ . سې-نىڭ باغداد خەلىپىسىگە يازغان مەلۇماتىڭ تەقىپ قىلىنمايدۇ . بىراق ، نېمىنى كۆرسەڭ ماڭا ئەينىنى سۆزلەيسەن...
— شان ـ شەرەپ سېنىڭ دانا ھۆكمىڭگە مەنسۇپ ! — دېدى ئابدۇراخمان ئۆزىنى تاتارخانى باتۇخانغا رۇسلاپ ھەم ئۇنىڭغا تە-شەككۇر بىلدۈردى .
— سەن ھازىر بىزگە شەۋكەتلىك ئەجدادلىرىڭنىڭ پەرەڭلەر بىلەن قانداق ئۇرۇشقانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەرگىن ، — دېدى باتۇخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ .
— ھېكايىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى ، بۈيۈك خەلىپىمىزنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرىنى ئالدىڭغا قوياي ، — ئابدۇراخمان شۇنداق دېدى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلدى .
— مەن تەييار ، — دېدى ئىشىك تۈۋدە تۇرغان تەقۋادار دۇتان

پەس ئاۋازدا . ئۇ دەرھاللا تىزلىنىپ ئابدۇراخماننىڭ يېنىغا باردى ـ دە ، قوينىدىن تاۋارغا يۆگەلگەن بىر بولاقنى ئېلىپ بەردى .

ئابدۇراخمان بولاقنى ئېچىپ ، سوۋغاتنى باتۇخاننىڭ ئالدىغا قويدى . بولاق ئىچىدە غىلاپ ئۈستىدە غاز مامۇقى يېپىشتۇرۇلغان ۋە ئالماس كۆزلەر قويۇلغان بىر دانە زۇلپىقار ، بىر دانە ئالتۇن قۇتا ، مۇقاۋىسى ئالتۇن رەڭلىك مەشۇت بىلەن تاشلانغان ئىنتايىن كىچىك قۇرئان ، دەستىسى پىل چىشىدىن ياسالغان بىر جۈپ خەنجەر ، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇنلىغان جاۋاھىرلار بار ئىدى .

باتۇخان خۇشاللىق بىلەن ئالدىدىكى سوۋغاتلارغا قارىدى . تو-ساتتىن ئۇ قول سوزۇپ قىنىق رەڭلىك ئالماس كۆز ئورنىتىلغان ئادەتتىكى بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى ئالدى . ئالماس كۆز بىردە يېشىل ، بىردە قىزىل رەڭ چېچىپ جىلۋە قىلاتتى .

— بۇ ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە بېغىشلىما ئويۇلۇپتۇ ، بۇنىڭ نېمە كارامىتى بار ؟

— بۇ ، مۆجىزاتلارنىڭ سىرىنى بىلگۈچى داۋۇدنىڭ ئوغلى — سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكى . بۇ ئۈزۈك كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلىدۇ . ئۇنى تاقىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئۈزۈك ئۈستىگە ئاللانىڭ : «كۆڭلۈڭدىكىدەك بول-غاي !» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئويۇلغان ، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇراخمان .

باتۇخان ئۈزۈكنى يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى يۈزىدە تاتۇقى بار سېمىز چالغا بەردى . ئۇ كىشى مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشى-تىپ قويۇپ ، ئۈزۈكنى باتۇخاننىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا سېلىپ تۇرۇپ :

— بۇ ئىنتايىن ئابرۇيلۇق سائەت ، — دېدى ـ دە ، ئابدۇراخ-مانغا بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى ، — مېنىڭ خوجايىنىم ساڭا تەشەك-كۈر ئېيتتى . ئۇ 999 قېتىم غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ، بۇ ئۈزۈككە قاراپ : «بەرھەق ، ھەممىسى ئاللانىڭ ئېيتقىنىدەك بول-دى» دەيدۇ . ھازىر ئۇ سېنىڭ ھېكايەڭنى ئاڭلىماقچى...

# ئالتىنچى باب

## «ئەرش دۆلىتى» پايتەختىنىڭ بەرپا بولۇشى

يەڭگىلگىنە سوققان سالقىن شامال چېدىر ئىشىكىدىن كىر-ىرىپ ، ئوتتۇرىدىكى گۇلخاننى يېلىنجاتتى . ئولتۇرغان كىشىلەر-نىڭ ھەممىسى كۆپكۆك ئىسنىڭ ئارىسىدا قالدى .

بۇيۇك ھەربىي سەردار سۇبەتەي بۇ ئىشقا تەبىر بېرىپ :

— بۇ ئۇرۇش خۇداسى سۇلدىنىڭ بىزنىڭ قوشۇن تارتىش توغرىسىدا دەرھال ھۆكۈم قىلىش - قىلالماسلىقىمىزنى ئالدىن تەكشۈرۈپ كەلگەنلىكىنىڭ نىشانىسى . جاھانگىر ، سەن شانلىق جەڭلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆز پايتەختىڭنى قو-رۇش ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ چوڭ ئامبارلارنى ياسىشىغا ئالماشتۇرماقچىمۇ؟ بۇنى ئويلىشىپ كۆرىدىغان ۋاقتىڭ بولدى .

بۇنى ئاڭلىغان سورۇندىكى بارلىق غالچىلار ھەيرانلىقتىن داڭقىيىپ قېلىشتى . چۈنكى ، بۇنداق تەئەددى سۆزلەرنى قىلىشقا پەقەت باتۇخاننىڭ تەربىيىچىسى سۇبەتەي باھادىرلا جۈرئەت قىلالايت-تى . باتۇخان ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆتكۈر سىناش نەزىرى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقىپ ئاندىن سورىدى :

— قايسىڭلار جاۋاب بېرىسىلەر ، شۆھرەت دېگەن نېمە؟

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى باتۇخانغا تىكىلىپ قارىدى . ئۇلار-نىڭ ئىچىدە بىرقانچە قوماندان ، ئەرەب ئەلچىسى ئابدۇراخمان ، ھەرقانداق نەرسىنى توكىنىڭ يىپىنىشى بويىچە سىلايدىغان بىرقانچە سۇخەنچىلەر بولۇپ ، ھەممىسى يېرىم ھالقا تۈزۈپ ئولتۇرۇشاتتى .

www.uyghurkitap.com

سۇبەتەي باھادىر بىرىنچى بولۇپ جاۋاب بەردى :

— شۆھرەت دېمەك ، غەلىبە دېمەك . ئۇرۇشتا غەلىبە قانچە كۆپ بولسا ، شۆھرەت شۇنچە چوڭ بولىدۇ .

خاننىڭ ئالتۇن ئوردىسىنى قۇرغۇچى ، ھۈنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن خىتاي مىمار لى تۇڭپۇ سۆز قىستۇردى :

— شۆھرەت يالغۇز جەڭ مەيدانىدا قازانغان غەلىبىلا ئەمەس ، مۇبادا بىر شاھ پۇقرالىرىنىڭ ھالىغا يەتسە ، يېڭى شەھەرلەرنى بىنا قىلسا ، پۇقرالار ئۈچۈن يول ، كۆۋرۈك ياسىسا ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى باج - سېلىقلارنى يەڭگىللەتسە ، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئەمىنلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلسا ، ئۇ ھالدا ئۇ شاھ ھەقىقىي ساھىبقىران بولىدۇ ، خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ ، مەڭگۈلۈك شۆھرەت تاپىدۇ .

كىشىلەر تەرىپىدىن ساھىبقىران دەپ ئاتالغان باتۇخان ئۆزىنىڭ تارىخچىسى ۋە مۇنەججىمى ھاجى رەھىمدىن سورىدى :

— دانا ئۇستازىم ! سىنىڭ بىلىدىغانلىرىڭ كۆپ . نېمە ئۈچۈن «قوش مۈڭگۈزلۈك» ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئارىسىدىكى شۆھرىتى تا ھازىرغىچە ئۆچمەيدۇ ؟

— قەدىمكى بىر كىتابتا مۇنداق دەپ يېزىلغان : بۈيۈك ئىسكەندەر ھەربىي يۈرۈش سەپىرىدە بارلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش بىلەن بىللە ، ئەمدىگىنە بويسۇندۇرۇلغان ئەللەردىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنى ئۆز قوينىغا تارتتى . ئۇلارنى خورلاش ياكى ئېزىش بۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى . شۇڭا ، «قوش مۈڭگۈزلۈك» ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ شۆھرىتى ھەقىقىي ، مەڭگۈ ئۆچمەس شۆھرەت بولغان .

— ياق ، توغرا ئەمەس ، — دېدى باتۇخان ، — «قوش مۈڭگۈزلۈك» ئىسكەندەرنىڭ بەرپا قىلغان نەرسىلىرى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن يەنىلا تەۋرەنمەي تۇرۇپتىمۇ ؟ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىمپېرىيىسى ھالاك بولدى… ئۇنىڭ ياش ، گۈزەل ئايالى — پارس قىزى روشەن بىلەن ئوغلى — ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ ۋەلىي ئەھدىسى بىرگە زىندانغا تاشلاندى . ئاندىن ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى سەپداشلىرى

ئۇلارنى بوغۇپ ئۆلتۈردى ، كېيىن بۇ كىشىلەر ھاكىمىيەت بېشىغا
چىقىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا پادىشاھ بولدى . ئىسكەندەرنىڭ
پۈتكۈل ئىمپېرىيىسى يېرىلغان مۇزدەك پارچىلىنىپ كەتتى . ئۇ-
نىڭ دۆلىتى خۇددى قۇياش نۇرى ئاستىدىكى قار ئادەمدەك
ئاستا - ئاستا ئېرىپ ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نام - نىشان قالمىدى .
سورۇندا ئولتۇرغان كىشىلەر ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋې-
لىپ ، گاللىرىنى بوشقىنە قىرىپ قويۇشتى . باتۇخان سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى :
— ئۆز شۆھرىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىرادە باغلىغان ھەرقان-
داق پادىشاھ ئىنتايىن زور ، ھەشەمەتلىك بىر ساراي سالدۇرۇشى
لازىم . بۇ ساراي ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ شۆھرىتىنىڭ
نامايەندىسى بولۇپ ، ئۇزۇن يىللار ، ھەتتا بىرنەچچە يۈز يىل قەد
كۆتۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك .
— توغرا ! بۇ ئىنتايىن توغرا گەپ بولدى !
— سىلەر ھازىر تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىشلار-
نىڭ باشلىنىشىغا شاھىت بولۇۋاتىسىلەر . ئۆتمۈشتىكى چۆللۈك
ئۈستىگە ئاجايىپ بىر دۆلەت قۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋا-
تىسىلەر... سىلەر يېڭى تۇغۇلغان بىز بوۋاقنىڭ بۆشۈكى يېنىدا
تۇرۇۋاتىسىلەر... ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ . ئۇ كەلگۈسىدە دۇنيا بويىچە
تەڭدىشى يوق قەھرىمان بولىدۇ...
باتۇخان جىمىپ قالدى . كەينىدىنلا سوئاللار سورالدى :
— بىزگە ئېيتقىنا ، ئۇ قەھرىماننىڭ ئىسمى كىم ؟ بۇنىڭدىن
كېيىن بىز يات مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ ، يەر بىلەن يەكسان
قىلمايمىزمۇ ؟ ئۇلارنى ئېتىمىزنىڭ تۇيىقىغا باش قويدۇرمايمىزمۇ ؟
سەن دېگەن ساراي تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن موڭغۇل دۆلىتى-
دۇر ؟ ياكى قىپچاق دۆلىتىدۇر ؟
— ياق ، — باتۇخاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ، ئۇ يۇقىرى
ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى ، — ئۇنى موڭغۇل دۆلىتى دەپ
ئاتاشقا بولمايدۇ ، چۈنكى موڭغۇل دۆلىتى ئاللىقاچان قۇرۇلۇپ
بولغان — خاقاننىڭ موڭغۇل دۆلىتى . ئۇنىڭ پايتەختى قاراقۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇم . ئۇنى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۇرگەن مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم قۇرۇپ چىققان . مېنىڭ ھازىرقى قوشۇنۇمدا موڭغۇللار ئىنتايىن ئاز ، پەقەت تۆت مىڭدەك مۇھاپىزەتچىلىرىم بار ! بۇ دۆلەتنى قىپچاق دۆلىتى دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . قىپچاقلار ئىنتايىن تەكەببۇر بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشقا ھېچقانداق ھەققى يوق ، ئۇلار بىزگە قارشى چىققان ، بىز ئۇلارنى بويسۇندۇردۇق . ھازىر بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولۇۋاتىدۇ .

— ئۇنداقتا ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ، قۇياش بىلەن بەسلىشىدىغان بۇ دۆلەتكە نېمىدەپ نام بەرمەكچىسەن ؟ — دەپ سورىدى دانا لى تۇڭپۇ .

باتۇخان سۈكۈتتە تۇرۇپ ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىدى . ئاخىرىدا :

— باتۇخاننىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى يېشىل ئوردا[1] دەپ ئاتىلىدۇ . كۆكتىن يەرگە چۈشكەن بۇ ئەرش دۆلىتى ھەرقايسى مەملىكەت پۇقرالىرىنىڭ ئۈستىدىن مەڭگۈگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ . مانا بۇ يەر — دۇنيا ھۆكۈمرانىنىڭ شۆھرىتى مەڭگۇ ئۆچمەيدىغان يەر بولۇپ قالىدۇ .

---

① يېشىل ئوردا — يېشىل چېدىرلىق خاننىڭ دۆلىتى دېگەن مەنىدە .

# تۆتىنچى قىسىم

# نوۋگورود ئەلچىسى باتۇخان ھۇزۇرىدا

## بىرىنچى باب

## رۇس تۇتقۇنى سوراقتا

سەلتەنەتلىك تاتار ئوردىسىنىڭ سارايي سالنامىچىسى ھاجى رەھىم باتۇخان قوشۇنىنىڭ تۇرالغۇسىدىكى كىچىك بىر كىگىز ئۆيدە گىلەم ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، گۈڭگا يېنىۋاتقان چىراغ ئاستىدا، بۈگۈنكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەرەبچە ھۆسنىخەت بىلەن «سەپەر خاتىرىسى»گە يازماقتا.

ئۇ كىتاب بېتىگە مۇنۇ سەھىپىلەرنى يازدى:

«مەن ساھىبقىران بىلەن بولغان كۆپ سۆھبەتلەردىن، ئۇنىڭ شىمالدىكى باي، ئاۋات رۇس شەھىرىدىن كەلگەن خەۋەرلەردىن خاۋاتىرلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئېھتىمال بۇ خىل ئەندىشە ئۇ شەھەرلىكلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. رۇسلار بۇ شەھەرنى ئىپتىخارلىق بىلەن «بۈيۈك جانابىي نوۋگورود» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئۇلار موڭغۇللارنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ باققان ئەمەس. بۇنىڭدىن ئىككى يىل مۇقەددەم باتۇخان ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا، پۈتۈن كۈچى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نوۋگورودنى بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان، ھالبۇكى، چىڭگىزنىڭ ۋاقتىدا سازلىققا چۆكۈپ كەتكىلى تاس قالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەركىنلىكنى مۇقەددەس دەپ بىلىدىغان نوۋگورودلۇقلار ئۆزلىرىنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق غالىب ھېسابلاپ بەكمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى. قوشنا دۆلەتلەرنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى.

ئاڭلىشىمچە، باتۇخان خېلى بۇرۇنلا نوۋگورودقا ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىغانىكەن. ئۇ: «سۇبەتەي باھادىرلا بولىدىكەن، نوۋگورودنىڭ كۈلى كۆككە ئۇچىدۇ، نوۋگورودلۇقلار تالان - تاراج قىلىنىپ، قۇللۇققا تۇتۇلىدۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ شىمالىي چېگرام نازارىستان (قەبرىستان)غا ئوخشاش جىممىدە بولۇپ قالىدۇ، دېگەنىكەن».

ئەتىگەن باتۇخان چوڭ چېدىردا مېھمان قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىتتا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. باتۇخاننىڭ ئەڭ يېقىن مۇھاپىزەتچىسى ئەرەبشاھ ئالدىن كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

— ساھىبقىران، تاپشۇرۇقۇڭ ئورۇندالدى. سەن شىمالغا بارغان، بولۇپمۇ نوۋگورودنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رۇس تۇتقۇننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدىڭ، ئۆزىمىزنىڭ تۇتقۇنلىرى ئارىسىدىن كاللىسى سەگەك ئىككىسىنى ئېلىپ كەلدىم. ئۇلار ساڭا كۆپ ئەھۋاللارنى دەپ بېرەلەيدۇ.

— ئۇلارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كىرگىن، سۇبەتەي باھادىرمۇ ھازىر بولسۇن. بۇ يەردىكى مېھمانلار مېنىڭ «سالىيام» ىمغا چىقىپ تۇرسۇن.

ئولتۇرغان مېھمانلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئايرىم - ئايرىم تەزىم قىلىپ، خۇشامەت سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ چېدىردىن چىقىپ كېتىشتى. پەقەت ھاجى رەھىملا قالدى. ھايال بولماي سۇبەتەي باھادىرمۇ ھازىر بولدى.

ئەرەبشاھ ئىككى نەپەر رۇس تۇتقۇننى ئېلىپ كىردى. بىرى

بويى ئېگىز ، يۈزىدە تىغدىن قالغان تاتۇقى بار ، ئورۇق كەلگەن چال بولۇپ ، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغانىدى . يەنە بىرى ، ياش بولۇپ ، بوي ـ تۇرقى چالدىن پەرقلەنمەيتتى . ئۆزى غوللۇق ، يۈزى ياپىلاق ، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى . ئادەتتە تۇتقۇنلار يالاڭ ئاياغ ، يىرتىق كىيىملەر بىلەن يۈرۈشەتتى . بۈگۈن ئۇلارنى تاتار خانىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىش يۈزىسىدىن ئۇزۇن چاپان ۋە «كائوش» بىلەن كىيىندۈرگەنىدى . ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىككىلا تۇتقۇننىڭ قوللىرى باغلانغان .

ئەرەبشاھ بىر قولىدا زۇلپىقارنى تۇتۇپ ، ئۇلارنىڭ چەكتىن ئاشقان بىرەر ھەرىكەت قىلىپ قويۇشىدىن ھوشيار بولۇپ يېنىدا تۇراتتى ۋە رۇس تىلىنى بىلگەچكە ، تىلماچىلىقمۇ قىلاتتى .

باتۇخان ھە دېگەندىلا ، ئۇلارنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ، نەدە قولغا چۈشكەنلىكى ، نوۋگورود دېگەن شەھەرنى بىلىدىغان ـ بىلـ. مەيدىغانلىقىنى سورۇشتە قىلدى .

چال ھېچقانداق تەمتىرىمەي سۆزلەشكە باشلىدى ، ئەھۋالغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست بولسا كېرەك .

— مېنىڭ ئىسمىم ساۋۋا بابراۋنىڭ ، دەسلەپتە ئورماندا ئوۋ. چىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن . كىنەزىمىز يارۇسلاۋ ۋسىۋالو. دوۋىچقا ئوۋ ئولجىلىرى ۋە ھەرخىل موي ـ تېرىلەرنى ئاپىرىش ئۈچۈن پېرې يارۇسلاۋغا دائىم بېرىپ تۇراتتىم . بۇ ياش بالىنىڭ ئىسمى كاژېمياك . ئۇ كۈچتۈڭگۈر . يەنە ئات ، كالا تېرىلىرىدىن بۇلغار چىقىرىشنى بىلىدۇ . بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئىككى. مىز ۋولگا دەرياسىدا تاتار چارلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈش. كەن . ئەينى ۋاقىتتا بىزمۇ جەھلىمىز بىلەن ئېلىشقان . لېكىن ، ئىككىمىز ئون كىشىگە تەڭ كېلەلمىدۇق . قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئامال بولمىدى .

— سەن نوۋگورودقا بارغانمۇ ؟ ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى كىم ؟

— مەن ئۇ يەرگە كۆپ بارغان ھەم ئىككى يىل ئىستىقامەتمۇ قىلغانمەن . نوۋگورودنىڭ ھۆكۈمرانى بىر تۇركۈم ئاقسۆڭەكلەر .

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق يوق . ئاپەتلىك يىللاردا پاكى ئاق-سۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدا نىزا تۇغۇلغان ۋاقىتلاردا نىمىسلار بىلەن شۋىتلار بىزگە ھۇجۇم قىلاتتى...

— ئۇلار نىمە ئادەملەر ؟

— ئۇلار نوۋگورودلۇقلارغا قوشنا . باشقىلارنىڭ زىمىنىغا ئىنتايىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايدىغان مىللەت ، — دىدى ياش تۇتقۇن دەرھال جاۋاب بىرىپ .

— كاژىمىاك ، سەن توختاپ تۇر ، مەن سۆزلەپ بولاي ، — دىدى چال ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — نوۋگورودلۇق ئاقسۆ-ڭەكلەر ئىچىدە ئىختىلاپ تۇغۇلغان ھامانلا ، ھەرقايىسىسى ئۆز ئال-دىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كىنەز يارۇسلاۋ ۋىسىۋالودوۋىچتىن دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ نوۋگورودنى تىنچلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى . كىنەز دەرھال ئەسكەر تارتىپ نوۋگورودقا كىلىپ ، تەرتىپ ئورنى-تىپ ئەمىنلىك تۇرغۇزاتتى .

— بۇ كىنەزنىڭ ئەسكىري كۈچى قانچىلىك ؟

— يارۇسلاۋ كىنەزنىڭ ئەسكىرى داڭلىق قوشۇن ، — ساۋۋا ئىپتىخارلىنىپ سۆزلەپ كەتتى ، — ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسكىرى يىنىپ تۇرغان بىر ئوت . ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭ تۇلپارلىرىغا مى-نىپ ، قوللىرىغا ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈمۈش ساۋۇتلارنى كىيىپ شەھەرگە كىرىپ كەلسە ، پۇقرالار كوچىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپ ، ناخشا ئىيتىپ پىري يارۇسلاۋ ئەسكەرلىرىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ .

باتۇخاننىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى .

— ئەسكەرلەرنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈمۈش ساۋۇتلار-نى كىيگەنلىكى ھىچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ . كىنەز يارۇسلاۋ قەھرىمان-لىق بىلەن ئۇرۇش قىلالامدۇ ؟ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كىلەلەمدۇ ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ! — ساۋۋا جاۋاب بەردى ، — تۆت يىل بۇرۇن مەن نوۋگورودلۇق ئوۋچىلار بىلەن بىرگە يارۇسلاۋ كىنەزد-نىڭ چاقىرىقى بويىچە پىدائىيلار توپىغا قاتنىشىپ ، يىقىنلىشىپ

كېلىۋاتقان نېمىس قوشۇنلىرىغا قارشى ئاتلاندۇق . گېرمانلار جان ـ جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ نوۋگورودنى بويسۇندۇرۇش قەستىدە ئىدى . بىز ئوماۋجا[1] دەرياسى بويىدا تۇتۇشۇپ قالدۇق . كىنەز دۈشمەن قوشۇنىنى چۆپتەك قىرىۋەتتى . بىرى دەريانىڭ مۇزى ئويۇلۇپ كېتىپ سۇغا غەرق بولدى .

— كىنەز يارۇسلاۋنىڭ ياردەمچىلىرى كىم ؟

— ھەممىسىلا ئاتاقلىق قوماندانلار ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى ئۆزىنىڭ ئوغلى كىنەز ئالېكساندىر . كىنەز ئوغلى 15 ياشقا كىرگەندە يۈز مۇھاپىزەتچى نۆكەر بىلەن ئالېكساندىرنى جەڭ مەيدانىغا سالغان . ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئەسكەرلەردەك دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن زەربە بەرگەن .

— ئۇ يىگىتتىن خەۋىرىم بار . ئىسكەندەرنىڭ نەق ئۆزى ئىكەن ، — دېدى باتۇخان ، — مېنىڭ ئىگىلىگەن خەۋەرلىرىمگە قارىغاندا ، ئۇ ھازىر نوۋگورودنىڭ سەردارى ئىكەن . قوشۇنىمۇ كېڭىيىپتۇ ، ئۇ ھازىر خەتەرلىك شەخس بولۇپ قالدى . «قوش مۈڭگۈزلۈك» ئىسكەندەر ۋە باشقا بۈيۈك قوماندانلارنىڭ ھەممىسى بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ھەربىي ئىشلاردا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلغان . مەن نوۋگورودلۇق بۇ ئىسكەندەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللىرىنى بىلىشكە قىزىقىمەن . شىمالنىڭ قار ـ شىۋىرغانلىرىدا چېنىقىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ ئەرباب بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىم ئېھتىمالغا بەك يېقىن . نۆكەر ! ئەسىرلەر ئېلىپ چىقىلسۇن !

ئىككى نۆكەر دەرھال كىرىپ ، رۇسلارنى ئاچىقىپ كەتمەكچى بولدى . ئىككى تۇتقۇن بىر ياقتىن تەزىم قىلىپ ، بىر تەرەپتىن كەينىگە شوخشىغىنىچە ماڭدى . ئۇلار بوسۇغىدىن چىقىپ كېتەي دېيىشىگە ، باتۇخان چۆچۈگەندەك تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى .

---

① ئوماۋجا دەرياسى (ئەمباخ ياكى ئەماينىگى دەرياسى دەپمۇ ئاتايدۇ ) — چورىسكى كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ بىرى . 1234 ـ يىلى نوۋگورود قوشۇنى بىلەن گېرمان ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئوماۋجا دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇشىدا ئۇرۇش قىلغان . نەتىجىدە ، گېرمانلار نوۋگورودلۇقلار تەرىپىدىن يېڭىلگەن .

www.uyghurkitap.com

— توختا ! سەنلەر ماڭا بىر نەرسىنى ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك . نوۋگورودلۇق سەردارنىڭ قانچىلىك ئەسكىرى بار؟

چال ئىككىلىنىپ قالدى . دەل مۇشۇ پەيتتە كازبىيياك گىلەم قېتىغا پۇتلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ ئۆزىنى چالغا ئاپىرىپ ئۇردى ۋە پەس ئاھاڭدا :

— ئېيتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ ! — دېدى .

— شەپقەتلىك خان ، — دېدى ساۋۋا ياۋاشلىق بىلەن ، — مەن ئۇنى بىلمەيمەن . ئۇ چاغلاردا مەن پىدائىيلار سېپىدىن چىقىپ ئورمانغا كەتكەنىدىم . كىنەزنىڭ نەچچىلىك ئەسكىرى بارلىقىنى نەدىن بىلەي .

— يوقال ! — دېدى باتۇخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ تۇرۇپ .

ئىككى ئەسىر يەنە بىر قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن چېدىردىن چىقىپ كەتتى .

— مەن ئۇ ياش ئىسكەندەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، — دېدى سۇبەتەي باھادىر ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئۇ تۇغما قەھرىمان بولسا كېرەك . مېنىڭچە ، ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن رۇسلارغا مىڭ بېشى بولۇپ ، ساڭا ئەگىشىپ «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇشقا بارسا ياخشى بولاتتى .

— دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە قولۇمنى سېلىپ كۆرىمەن ، — دېدى ۋە ئەرەبشاھقا بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇ ئىشنى سېنىڭ بېجىرىشىڭگە تاپشۇرىمەن .

— بېشىم بىلەن ! — دەرھال جاۋاب قايتۇردى ئەرەبشاھ .

— سەن پېرى يارۇسلاۋ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق نوۋگورودقا بارىسەن . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ بۇ ياش ئىسكەندەرنىڭ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە كەلگۈسىدە نېمىلەرنى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىسەن . نۆكەرلەر ئىچىدىن ئۆزۈڭگە بىر ياردەمچى ئېلىۋال . ئۇ ئارقىلىق ماڭا مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇرىسەن ، بۇگۈنلا يولغا چىق .

— مەرھەمەتلىك خان ، ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندايمەن ، — دېدى ـ دە ، ئەرەبشاھ دەرھال بۇرۇلۇپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى .

# ئىككىنچى باب

## رۇس فلوتى كەلدى

باتۇخان ۋە ئۇنىڭ يېقىن سىپاھلىرى «ئالتۇن ئوردا»نىڭ
يۇقىرىقى قەۋىتىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جە-
مەت قېرىندىشى ھىلاكو خاننىڭ ئەبىسكۇن دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي
قىرغىقىدا قوشۇن توپلاۋاتقانلىقى ۋە بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى يې-
شىل ئوردا چېگراسىدىكى كورىنا دەريا ۋادىسىغا ئەۋەتىپ ، يول
بويى ئەسىر تۇتۇپ ، باتۇخان قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قات-
تىق سۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى .
بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشى ياشانغان ، تەجرىبىلىك
موڭغۇل چېرىكى بولۇپ ، ئەينى يىللاردا چىڭگىزخاننى كۆرگەنى-
دى ، «تۇمەن» باشلىرى ئۇنىڭدىن سوئال سورىغاندا ، ئۇ ھېچقان-
داق ئىككىلەنمەيلا : «چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان ھىلاكوخان
ساھىبقىراننىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ ،
ئۇرۇش پات ئارىدا جەنۇبتا كۆتۈرۈلىدۇ» دېدى .
ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ، باتۇخان بۇ خەۋەرگە قانداق ئىپا-
دە بىلدۈرەركىن ، دەپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراشتى .
باتۇخاننىڭ سوغۇق چىرايىدا ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمەيت-
تى . ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزمىن قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي ، «يۇز» بېشى-
نىڭ مەلۇماتىنى زەن سېلىپ ئاڭلىدى . لېكىن ، ھېچنېمە
دېمىدى .
دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، بىر نۆكەر تۆۋەندىن ئۇچقاندەك چىقىپ ،
شىمالدىكى قىپچاق دالاسىدىن بىر چاپارمەننىڭ كەلگەنلىكىنى ،

www.uyghurkitap.com

چاپارمەننىڭ ئۆزى ۋە ئىتىنىڭ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانلىقى ۋە چاپارمەننىڭ غالىب خانغا بىۋاستە ئېيتىدىغان مۇھىم خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتتى .

— ئېلىپ كىرىلسۇن ! — دېدى باتۇخان .

ياش قىپچاق چەۋەنداز كىرىپ كەلدى . ئۇ خارەزم شايىسىدىن ئۇزۇن يەكتەك ، تۇلكە ياقىلىق قىسقا چاپان كىيىۋالغانىدى . كىرىپلا باتۇخاننىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ ، گىلەمنى ئۆپتى . ئاندىن كۆمۈش بەلۋېغىنى يېشىپ قارا تۇلكىنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقىنى ئالدى ـ دە ، خاننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى .

— خان ئالىيلىرى ، كەچۈرگەيلا ، — چەۋەنداز تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى ، — رۇس ئەسكەرلىرى كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريا بىلەن كېلىۋاتىدۇ . مەن ئۇچقۇر ئىتىمغا مىنىپ بۇ خەۋەرنى سىلىگە يەتكۈزدۈم ، جەڭگە ھازىرلانغايلا ، — دېدى .

باتۇخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويدى ، لېكىن چىرايىدا غەيرىي ئالامەت كۆرۈنمىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ راۋاقنىڭ سالاسۇنىغا يېقىن كەلدى ـ دە ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى . قورۇلۇش ئۈستىدە كېتىۋاتقان شەھەر قۇياش نۇرى ئاستىدا بەش قولدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى . ئالدىراشچىلىقتا سېلىنىغان كىچىك ئۆيلەر چوڭ ـ چوڭ چېدىرلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغانىدى . كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان دەريا ئېقىنى چەكسىز ئۇزاقلارغا قاراپ سوزۇلغان ، دەريا دولقۇنى قۇياش بىلەن ئويىنىشىپ رەڭگارەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى .

چاپارمەن يىراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— ئاشۇ تەرەپكە قارىسىلا ! رۇسلار ئاشۇ دەريانى بويلاپ كېلىۋاتىدۇ ، تويتوغرا بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇلاردا قىلىچىمۇ ياخشى نەيزە يوق .

— ئۇلارنىڭ كېمىلىرى زادى قەيەردە ؟ مەن ئۇلارنىڭ ماچتىسىنى ياكى يەلكىنىنىمۇ كۆرمىدىمغۇ ؟

— ئۇلاردا ماچتا، يەلكەن دېگەن نەرسىلەر يوق. ئۇزۇن ياغاچلاردىن ياسالغان سال. سال ئۇستىدە بىردىن كەپىسى بار. كەپە ئىچىدە رۇسلار بار. رۇسلار بۇنداق سالالارنى «فلوت» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ فلوتلىرى ئىنتايىن نۇرغۇن. ئۆزۈمنىڭ سانىغىنى 50 نەچچە...

— چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغانلار، ئاڭلاڭلار! — باتۇخان كىشىلەرنى هەيران قالدۇرۇپ خۇشاللىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — نوۋگورودلۇق سەردار ئىسكەندەر يەنىلا ماڭا سادىق ئىكەن. ئۇ دېگىنىنى قىلىپتۇ. بۇلار ئۇنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن، يەنى كەلگۈسى دۇنيا پايتەختىنىڭ ئوردىسىغا كېرەكلىك بولغان ياغاچ ماتېرىياللار، مەيلى قانداقلا بولسۇن، قىپچاق ئەسكەر، مەن ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن. سىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىڭ ۋە ماڭا يەتكۈزگەن خۇش خەۋىرىڭ ئۈچۈن ئىنئام بېرىمەن. تۇرغاۋۇت! بۇ چەۋەندازغا سەمەرقەنت تونى كىيگۈزۈلسۇن!

يۈز يىللىق ياغاچلاردىن قۇرۇلغان رۇس فلوتى نۇرغۇن جاپا چېكىپ، مۇدۇمىسكى ئورمانلىرىدىن ئېقىپ، نىژنى - نوۋگورودقا، ئاندىن كەڭ دەريا ئېقىنى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن. نىژنى - نوۋگورودقا كەلگەندە فلوت قىرغاقتا توختاپ كىنەز ئالېكساندىر تەييارلىغان ئەشيالارنى قاچىلاپ «دۇبۇك» دەپ ئاتىلىدىغان كېمىنىڭ هەمراهلىقىدا داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭغان... «دۇبۇك»تىكى كېمىچىلەر ۋە رولچىلار پۈتۈن فلوتنىڭ بىخەتەر مېڭىشى ئۈچۈن يول باشلاپ ماڭغانىدى.

فلوت كۆزلەنگەن نىشانغا كەلگەندە، بارلىق كېمە خادىملىرى ۋە فلوتنى هەيدەپ كەلگەن ئىشچىلار تاتارخانىنىڭ مەرھەمىتىگە سازاۋەر بولدى. تاتارلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان رۇس تۇتقۇنلىرىمۇ قويۇپ بېرىلدى. بۇ دەل فلوتنىڭ ۋولگا دەرياسىنىڭ تاتارخانى ئىلكىدىكى تۆۋەنكى ئېقىنىغا يېتىپ كەلگەن كۈنى ئىدى.

— يول بويى هاۋا ئىنتايىن ياخشى بولدى...

— بۇمۇ مۇقەددەس مەريەمنىڭ شاپائىتى. شەپقەتلىك مۇقەد-

دەس مەريەم يول بويى بىزگە پاناھ بولدى ، — دېيىشتى فلوتچىلار.

ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلىغان ، بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەر سەپەر بويى ئىككى قېتىم بولدى . بۇ چاغدا فلوتنىڭ باشلىقى «ۋاتىمان» كارۋان ئاۋكسىپنتى كۆپچىلىكنى قىرغاقتا توختاشقا بۇيرۇپ ، ھاۋا ئېچىلىپ ، دەريا تىنچىغاندىن كېيىنلا مېڭىشقا رۇخسەت قىلدى .

ئاخىر ئۇپۇقتا ئالتۇن رەڭلىك ئېگىز ، ئىنچىكە مۇنارلار كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى . كېيىن بولسا سانسىزلىغان كىگىز ئۆيلەر ، تام ئۆيلەر ، تاش ئۆيلەر ۋە پاخال بىلەن يېپىلغان كەپىلەر كۆرۈندى . فلوتچىلار تاتارلارنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلگەنلىكىمنى بىلىشتى . قىرغاقتا بىرنەچچە ھەربىي كېمىلەرنىڭ ماچتىسى كۆرۈندى . بىر پەسكە سۆزلەر بېسىلىپ قالدى . پەقەت ۋولگا دەرياسى تال بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ باغلانغان دۇگىلەك ياغاچلارغا يەڭگىلگىنە ئۇرۇلۇپ ، شالاقلىغان ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى .

توساتتىن يىراقتىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق بىر ناخشا لەرزان ئاڭلىنىشقا باشلىدى :

باستى تۇمان زەڭگەر دېڭىز ئۈستىنى
قايغۇ ـ ئەلەم قاپلىدى ئوتلۇق قەلبىمنى...

— بۇ بىزنىڭ ناخشىمىزغۇ ! بۇ يەرلەردىمۇ يۇرتىمىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىيالايدىكەنمىز ـ ھە !

رۇس كېمىچىلىرى رول تۇتقان كىچىك بىر كېمە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى . كېمىدە تولۇق قورال-لانغان موڭغۇللار بولۇپ ، ئۇلار رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىشىۋالغانىدى . ئۇلار فلوتقا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ، كېمىچىلەر ۋارقىرىدى :

— خرىستىئان مۇرتلىرى ، سىلەرنى قايسى شامال بۇ ياققا ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟

— بىز نوۋگورودلۇقلار ! كىنەز ئالېكساندىر يارۇسلاۋىچنىڭ

بۇيرۇقىغا بىنائەن كەلدۇق . سىلەرنى قۇتقۇلدۇرۇپ ئېلىپ كېتىمىز .

موڭغۇللار ئىلمەك نەيزىلىرىنى سالغا سانجىپ ، كەپە ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرمەكچى بولۇپ فلوتقا چىقىشقا تەمشەلـدى ، بىراق قەتئىي نىيەتلىك فلوت باشلىقى ، ھەرقانداق كىشىنىڭ فلوت ئۈستىگە چىقىشىغا بولمايدۇ ، دەپ بۇيرۇق قىلدى .

— نوۋگورودتىن مىڭ بىر جاپادا ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى باشقا ئادەملەرگە كۆرسىتىشكە بولمايدۇ . بۇ بۇلاڭچى ئەبلەخلەر ھەممە نەرسىنى بۇلاپ كېتىشى مۇمكىن .

ئاۋكسېنتى ئىتلارنى قويۇۋېتىڭلار ، دەپ بۇيرۇدى .

ھۈرپىيىپ تۇرغان ، بەستلىك ئىتلار بۇ سالدىن ـ ئۇ سالغا سەكرەپ يېقىنلاشقان كىشىلەرگە خىرىس قىلىپ ، جان ـ جەھلى بىلەن قاۋاشقا باشلىدى .

فلوت تاتارلارنىڭ تۇرالغۇسىدىن ئۈچ ۋېرىستاخ[①] نېرىدىكى قىرغاققا چىقتى . باتۇخان ئەۋەتكەن مۇھاپىزەتچىلەرمۇ مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . رۇس تۇتقۇنلار يۇرتداشلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تەرەپ ـ تەرەپتىن دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى . ئۇلار جۇدەپ ، قۇرۇق قاقشال بولغان ، چىرايلىرى سارغىيىپ ھالىدىن كەتكەن ، ئۈستىدىكى كىيىم ـ كېچەكلەر جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەندى . بىراق ، ئۇلار ھېچ نەرسىگە قارىماي ئۆزلىرىنى دەرياغا ئېتىپ ، فلوتقا يامىشىپ چىقىپ ، كەلگەنلەرنىڭ كىملىكىنى ، نەدىن كەلگەنلىكىنى ، ئارىسىدا تونۇش يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈردى ، يۇرتنىڭ خەۋەرلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلاشتى .

① ۋېرىستاخ — رۇس چاقىرىمى ، بىر چاقىرىم تەخمىنەن 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ .

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# ئېيىق ئويۇنى

باتۇخان نوۋگورودلۇق ئەلچىنىڭ ئېلىپ كەلگەن قىممەت باھالىق سوۋغاتلىرىنى «ئالتۇن ئوردا» غا ئەكىرىشكە ئىجازەت بېرىپ ، ئەلچى گاۋرىلى ئالېكسىچنى ئەتە ئەتىگەندە ئوردىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى . باتۇخان ئۆز مۇلازىمىغا : «ئېيىقنى ئەكېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن» دەپ تاپىلىدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە گاۋرىلى ئالېكسىچنىڭ نازارىتى ئاستىدا سوۋغاتلار بېسىلغان ھارۋىلار رەتلىك تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن ، بىر - بىرلەپ باتۇخاننىڭ سۆيۈملۈك ئايالى يۇلتۇز تۇرۇۋاتقان «ئالتۇن ئوردا»غا كىردى .

ھەربىر ھارۋىنىڭ يېنىغا تولۇق قوراللانغان ئىككىدىن ئەسكەر قويۇلدى . ئۇلار ئۇزۇن نەيزىلىرىنى ھەيۋە قىلىپ ، ئەتراپتا تاماشا كۆرۈۋاتقان موڭغۇللارنى ھارۋىغا يېقىن يولاتمايتتى . ئوردا ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇستەھكەم بىر تۈۋرۈك ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا بىر ئېيىق باغلاغلىق تۇراتتى . بۇ ئېيىق كىشىلەردىن ياتسىراپ توختىماي چىرقىرايتتى ، يەرنى تاتىلاپ ، تۈۋرۈكنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولاتتى .

يەنە بىر چوڭ ئېيىق ھارۋىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ ، ئۇ تۆمۈردىن ياسالغان قەپەس ئىچىگە بەند قىلىنغانىدى . قەپەس ئىچىدە بولسا كۈمۈش بۇيۇملار ۋە قىممەتلىك جاۋاھىرلار بار ئىدى . بۇ نەرسىلەر نوۋگورودلۇقلارنىڭ تاتارلار قولىدىكى رۇس تۇتقۇنلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بېرىدىغان تۆلەم ماللىرى ئىدى .

ئۇردا ھويلىسىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئات باغلايدىغان ياغاچتا كىنەز ئالېكساندىر باتۇخانغا ھەدىيە قىلغان ئېگىز ئارغىماق باغلاقلىق تۇراتتى. بۇ ئارغىماق توقۇلما ئورۇندۇققا ئوخشاش چەت ئەل پاسونىدىكى ئېگەر بىلەن ئېگەرلەنگەن، كەڭ ئۈزەڭگىلىككە ئالتۇن شىرنىڭ ئەندىزىسى نەقىش قىلىپ ئويۇلغان، نەپىسلىكتە كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ ئات جەڭدە يېڭىلگەن شىۋىت قوماندانىدىن ئولجىغا چۈشكەنىدى.

كىمخاب تون كىيىپ، كەمەر دەستىسىگە ئالماس كۆزلەر قويۇلغان شەمشەر ئاسقان باتۇخان ئوردىدىن ھويلىدىكى تاش پەلەمپەيگە چىققاندا، كاناي بوغۇق ئاۋاز چىقىرىپ بەلگە بەردى. باتۇخان پەس، لېكىن كەڭ تەختكە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ تەختنىڭ تۆت تەرىپىگە ئالتۇن ئەجدىھا نەقىش قىلىپ ئويۇلغانىدى. بۇ تەخت ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ بوۋىسى — دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چىڭگىزخان خىتاي ئوردىسىدىن ئېلىپ چىققان ۋە ئۆزى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇرغان قىممەتلىك مىراس ئىدى. شۇڭا، باتۇخان بۇ تەختنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى ھەم ئۇنى سەلتەنەتلىك بويسۇندۇرغۇچىنىڭ سىمۋولى دەپ ھېسابلايتتى.

تەختنىڭ سول تەرىپىدىكى گىلەم ئۈستىدە باغداد خەلىپىسىنىڭ باتۇخاننىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «قۇياش پاتقا ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىرگە بارىدىغان ياش ئەلچى ئابدۇراخمان ئالتۇن رەڭلىك تاۋار بىلەن قاپلانغان كۆرسىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە ھەرقايسى سىپاھلار كېلىپ ئولتۇرۇشتى. تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تەڭدىشى يوق باتۇر، سۇرچىراي سۇبەتەي باھادىر كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزى ھازىرمۇ چاقناپ تۇراتتى.

ئوردىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئۈچۈپ چۈشكەن پەرىلەردەك تاۋار - دۇردۇنغا پۈركەنگەن ئاياللار تۇساتتىن پەيدا بولدى. ئۇلار باتۇخاننىڭ خوتۇنلىرى بولۇپ، خاننىڭ ماقۇللۇقى بويىچە ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن چىققانىدى. ئۇلار سالا-

سۈننى بويلاپ سىلىنغان گىلەم ئۈستىدە قاتار بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

كاناي يەنە بىر قېتىم چېلىنغاندىن كېيىن، ئوردا دەرۋازىسى يوغان ئېچىلىپ، نوۋگورودلۇق ياش ئەلچى گاۋرىلى ئالېكسىچ كىرىپ كەلدى. ئۇ كۈمۈش رەڭلىك ساۋۇت، چوغدەك چاقناپ تۇرىدىغان دۇبۇلغا كىيگەن، قولىغا يەڭلىك، پۇتىغا تىزلىق تارتقان. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەردلىك، كۆزلىرىدىن جەسۇرلۇق چاقناپ تۇراتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى. ئۇنىڭ بويى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان بەستلىك موڭغۇل تىلماچتىن خېلى كۆپ ئېگىز ئىدى، تەقى - تۇرقى خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان قەھرىمانلارغا ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇ باتۇخان ئولتۇرغان تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بېشىنى ئېگىپ تىزلاندى - دە، بويىندىن ئۈچ يىكوننى[①] بىرلەشتۈرۈپ ياسىغان كىچىك كۈمۈش بۇتنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ سۆيدى ۋە يەڭگىل ئاۋاز بىلەن دۇرۇت ئوقۇدى: «خۇدا، بىزنىڭ تۇپرىقىمىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...» دۇرۇتنىڭ ئاخىرىنى كىشىلەر ئاڭلىيالماي قالدى.

باتۇخان ئالېكسىچنى گىلەم سېلىنغان كۇرسىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

بۇ چاغدا باتۇخاننىڭ ئاتچىسى ھېلىقى شۇئىت ئارغىمىقىنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە پىرقىراپ چىقىپ، ئاندىن ئاتنى باتۇخاننىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كەلدى. بىر قول ئالتۇن تاۋاقتا ئاتقا بېرىدىغان قوتۇرماچنى سېلىپ كەلدى، باتۇخان توسۇن ئاتنى سىلاپ تۇرۇپ، تاۋاقتىكى قوتۇرماچنى ئۇنىڭغا يېگۈزدى ۋە يۇقىرىغا قارىدى.

— سىلەر بۇ ئارغىماقنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ — دېدى باتۇخان ئوردىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇرغان ئاياللارغا.

— بۇ ئات ئەپسانىلەردە ئېيتىلغان تۇلپارغا ئوخشاش نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئېسىل - ھە! — دەپ چۇرقىراشتى

---

① يىكون — خرىستىئان دىنىدىكى ئىلاھلار.

خوتۇنلار ، — بىراق بىز نوۋگورودلۇق مېھمانلارنىڭ كۆندۈرۈلگەن ئېيىقنى ئوينىتىپ بېرىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمىز .
تىلماچ خوتۇنلارنىڭ سۆزىنى رۇسچىغا ئاغدۇرۇپ بەردى . ئالېكسىچ ئورنىدىن تۇرۇپ :
— مەلىكىلەرگە ئېيتىپ قوي ، مەن ھازىر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرىمەن .
ئاياللار خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ كەتتى .
گاۋرىلى ئالېكسىچ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى . ئۇ باتۇخاننىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى يۇلتۇزنىڭ يېنىدا بىر غەيرىي ئايالنى كۆردى . ئۇنىڭ زۇمرەتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ، ئېتىدىلىشقا تەييار تۇرغان ئوقيادەك ئۇزۇن كىرپىكلىرى ، كامالچىدەك ئېگىلگەن قاپقارا ، ئىنچىكە قاشلىرى ، گىلاستەك قىزىرىپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى . قىزنىڭ كۆزى ئالېكسىچنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ، تىرناقلىرىغا قىزىل لاك سۈرتۈلگەن نازۇك قولىنى سوزۇپ ، كۇمۇش تەشتەكتىن بىر دانە ئەتىر گۈلنى ئۈزۈپ ئالدى - دە ، تەبەسسۇم بىلەن رۇس ئەلچىسىگە قاراپ ئاتتى .
ئالېكسىچ گۈلنى تۇتۇۋېلىپ ، يېنىدىكى تىلماچقا بۇرۇلۇپ :
— بۇ گۈزەل كىم بولىدۇ ؟ — دېدى .
— بۇ خاقان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇسسۇلچىلارنىڭ بىرى ، ئىسمى زىرىبئەت . ئۇ ئۇسسۇلنى ياخشى ئويناپ قالماي ، ناخشىنىمۇ شۇنداق ياخشى ئېيتىدۇ . جاھانگىر ئۇنى ساڭا ھەدىيە قىلىشى مۇمكىن ، سەن ھەرگىزمۇ رەت قىلمىغىن ، ئۇ سېنى بەخت كۆلىگە چۆمدۈرىدۇ !
— بۇ ئادەمنى پالاكەت باسىدىغان بىر ئىش ، — دېدى ئالېكسىچ غودۇڭشىپ . كەينىدىنلا ئۇ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرگە ئىككى ئېيىقنى ئېلىپ كىرىڭلار ، دەپ بۇيرۇدى .
— خەتەرلىك ئەمەستۇ ؟ — دەپ سورىدى باتۇخان .
— تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئىشلاردا دائىم خەتەر بولۇپ تۇرىدۇ .

www.ghurkitap.com

خەتەردىن قورقساڭ غەلىبە ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ . بۇنداقتا هاياتـ نىڭمۇ مەززىسى بولمايدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى گاۋرىلى ئالېكسىچ .

— قالتىس گەپ قىلدىڭ !

يەكچەشمە سۇبەتەي باهادىر ئانچە رازى بولمىغاندەك بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— ئون پالۋان كېلىپ مۇهاپىزەت قىلسۇن !

ئىككى رۇس مۇهاپىزەتچىسى هارۋا ئۈستىدىكى قەپەستىن ئېيىقنى بوشاتتى . ئېيىق يەرگە چۈشۈپ بىر كىچىك دۆڭلەك ياغاچنى كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئالدى ـ دە ، ئۆرە تۇرۇپ ، ئادەمدەك ئىككى پۇتلاپ مېڭىپ باتۇخاننىڭ ئالدىغا كەلدى . ئاندىن ئېھتىيات بىلەن ياغاچنى يەرگە قويدى ـ دە ، خۇددى سوۋغات تەقدىم قىلىۋاتـ قاندەك ئالدىنقى بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

باتۇخان نۆكەرگە ، قوتۇرماچ تاشلاپ بەر ، دېدى .

— خان ، — دېدى ئالېكسىچ ، — ئەمدى بۇ ئېيىق سېنىڭ چېرىكلىرىڭ بىلەن ئېلىشىدۇ . سەن كۈچتۈڭگۈرلىرىڭنى چىقار ، بۇ ئېيىقنى يىقىتسۇن .

گاۋرىلى ئالېكسىچ ئۆزىنىڭ مۇهاپىزەتچىلىرىگە قول ئىشارەـ تى قىلىۋىدى ، بىرى يۈگۈرۈپ كەلدى ، ئۇنىڭغا :

— كىرىشا ، سەن ئېيىقنىڭ يېنىدا تۇرغىن ، ئۇنىڭ چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن ساقلان ، — دېدى .

ئۈچ نەپەر بەستلىك موڭغۇل پالۋان سۇبەتەي باهادىرنىڭ بۇيـ رۇقى بويىچە ئېيىقنىڭ يېنىغا كەلدى . كىرىشا ئېيىقنىڭ زەنجىـ رىنى هوشيارلىق بىلەن تۇتۇپ تۇراتتى .

ئۇ ئېيىققا مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دېدى :

— هەي مىشىنكا[1] ، نوۋگورودلۇقلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ پالۋانلار بىلەن بىر چېلىشىپ باققىن .

① رۇسلار ئېيىقنى ئادەتتە مىشا ، مىشكا ، مىشىنكا دەپمۇ ئاتايدۇ .

ئېيىق بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ جانلىنىپ كەتتى . ئۇشتۇمتۇتلا ئۈچ
پالۋانغا قاراپ دەھشەت بىلەن ئېتىلدى . ئۇلار قورققىنىدىن پۈتۈن
ھويلىنى ئايلىنىپ قاچتى . ئېيىق زەنجىرنى سۆرەپ ئۇلارنىڭ كەي-
نىدىن قوغلىدى . تاماشىبىنلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈشتى .

— ھەي مىشكا ، — دېدى كىرىشا ، — توختا ! قايتىپ كەل !
سەن ئىگەڭنى قانداق ياخشى كۆرىسەن ؟ شۇنى كۆپچىلىككە كۆرسى-
تىپ بەرگىن .

ئېيىق دەرھال توختاپ كىرىشانىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ
چوقچىيىپ ئولتۇردى - دە ، ئىككى پۇتىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە
ئېلىپ ، تىلىنى چىقىرىپ كىرىشانىڭ يۈزىنى يالاشقا باشلىدى .

تىلماچ ئېيىق ئويناتقۇچىنىڭ سۆزىنى موڭغۇلچىگە ئاغدۇرۇپ
بەردى . موڭغۇللار ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى ھەم
قاتتىق كۈلۈشتى . ئوردىنىڭ راۋىقىدا تۇرغان موڭغۇل ئاياللىرى-
نىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ئاۋازلىرى پەلەككە كۆتۈرۈلدى .

ئالېكسىچ قول ئىشارىتى قىلىۋىدى ، ئېيىق ئويناتقۇچى ئېيىق-
نى ئەكېلىپ ھارۋىغا باغلاپ قويدى . باتۇخاننىڭ خوتۇنلىرى :

— ھەي رۇس باتۇرى ، سەن ئاۋۇ تۆۋرۈككە باغلاقلىق تۇرغان
ئېيىق بىلەن ئېلىشىپ باقالامسەن ؟ — دېيىشتى .

— ئەلۋەتتە بولىدۇ . نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تاما-
شىبىنلار كۆرسۇن ! — ئالېكسىچ ۋارقىرىدى ، — كىرىشا ، ئال-
ۋاستىنى يېتىلەپ كېلىڭلار !

ئالۋاستى ئىسمىلىك يوغان ئېيىقنى دەرھال باتۇخاننىڭ تەخ-
تىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . ئۇنىڭ بويىنى بىر تال زەنجىر بىلەن
باغلانغان ، يەنە بىر تال زەنجىر بولسا يوغان بېلىگە كەمەردەك
يۆگەلگەنىدى . ئالتە مۇھاپىزەتچى زەنجىردىن چىڭ تارتىپ ، ئېيىق-
نى باتۇخاننىڭ تەختىگە يېقىن كەلتۈرمەي تۇراتتى .

«ئالۋاستى» چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ ، بېشىنى لىڭشىتىپ
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى . بىر تەرەپتىن ، غەيرىي پۇراقنى پۇ-
راپ ، ئەتراپتىكى ناتونۇش ئادەملەرگە ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن

هومىيىپ قارايتتى .

كىرىشا ئېيىقنىڭ يېنىغا كېلىپ مۆرىسىگە ئۇرۇپ قويدى - دە ، كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىپ :

— ھەي ئالۋاستى ! — دەپ ۋارقىراپ ، يەنە بىرنى نوقۇدى ،— سەن نېمىشقا تۈنۈگۈن مېنىڭ بىر قويۇمنى يەپ كېتىسەن؟ دەرھال قايتۇرۇپ بەرگىن .

ئېيىق نارازى بولغاندەك خىرقىراپ قويدى .

— نېمە ئۈچۈن بۇلتۇر مېنىڭ ئايالىمنى بوزەك ئېتىسەن ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ خورىزىنى ئوغرىلاپ كېتىسەن ؟

ئېيىق بېشىنى چايقىدى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كىرىشانىڭ ئەيىبلىشىنى ئىنكار قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

— نېمىشقا بېشىڭنى چايقايسەن ، قىلمىشىڭدىن تانماقچىمۇ ؟ — كىرىشا ئۇنى قەستەن تېرىكتۈردى ، — مېنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ دېمەكچىمۇسەن ؟ ئۇنداق بولسا بىز بىر مەيدان ئېلىشايلى ، كىم يەڭسە شۇ ھەق بولىدۇ ، بارلىق كۈچۈڭنى كۆرسەتكىن . چۈنكى ، سەن يات يېقىندا يېڭى ئىگەڭنىڭ قولىغا ئۆتىسەن . ھەي ، ئورنۇڭدىن تۇر ، — نۆكەر ئۇنى ئۇچلۇق ئايىغى بىلەن تېپىپ قويدى .

ئېيىق ئالدى قولى بىلەن كىرىشانىڭ تەپكەن پۇتىنى قۇچاقلىۋالدى . كىرىشا ئېيىقنىڭ ئىككى قولىقىنى قاماللاپ تۇتۇۋالدى . ئېيىق ئۇنىڭ پۇتىنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى . ئېيىق ئەمدى كەينى ئىككى پۇتى بىلەن لەسسىدە ئۆرە تۇرۇپ دەلدەڭشىگىنىچە ، كەينىگە شوخشىۋاتقان كىرىشاغا قاراپ ماڭدى .

كىرىشا چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ بېرىپ ئېيىقنىڭ بەلۋېغىدىن قامالاپ تۇتتى - دە ، دەس كۆتۈرۈپ مۆرىسىگە ئېلىپ ئاندىن يەرگە يىقىتتى .

ئېيىق چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ كىرىشاغا ئۇمتۇلدى . قورقىنىدىن تاماشىبىنلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .



www.uyghurkitap.com

— يەنە ئېلىشماقچىمۇسەن؟ قېنى كەل، يەنە بىر چېلىشىپ باقايلى! — دېدى كىرىشا.

ھەش - پەش دېگۈچە ئىككىسى قۇچاقلىشىپ گىرەلىشىپ كەتتى. كىرىشا پەملەپ تۇرۇپ، بىرلا چاپۇتلاپ ئېيىقنى ئاستىغا بېسىۋالدى.

تاماشىبىنلار چۇقان كۆتۈرۈشتى، كىرىشا يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتكەچ مەيدان سىرتىغا قاراپ ماڭدى. ئالېكسىچ پەس ئاۋازدا ئېيىقنى باغلاپ يۈرگەن مۇھاپىزەتچىلەرگە تاپىلىدى.

— ئېيىقنى تۈۋرۈككە چىڭ باغلاڭلار، بولمىسا كىرىشانى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ راستتىنلا غەزىپى كەلدى!

مۇھاپىزەتچىلەر ئېيىقنى زەنجىر بىلەن تۈۋرۈككە مەھكەم باغلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ توختىماي يۇلقۇناتتى، ھۆركىرەيتتى.

باتۇخان تىلماچنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. تىلماچ گاۋرىلى ئالېكسىچنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بىزنىڭ ئۇلۇغ جاھانگىرىمىز ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئۇ ساڭا ۋە سېنىڭ نۆكەرلىرىڭگە تارتۇق بەرمەكچى. شۇڭا، سېنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقىڭنى سورايدۇ، — دېدى پەس ئاۋازدا، ئاندىن مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى، — سەن ئۇنىڭ گۈلزارلىقىدا ئېچىلىپ تۇرغان ئەڭ گۈزەل ئەتىر گۈلىنى ئالغىن، ئۇ سېنى چوقۇم بەختلىك قىلالايدۇ.

گاۋرىلى ئالېكسىچ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، باتۇخانغا تەنتەنىلىك ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇلۇغ خان! پايتەختىڭنىڭ گويا ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر دەستە گۈل كەبى گۈزەل، تۇرمۇشى پاراۋان، خەلقى بەختىيار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ يەرگە قەدىمى يەتكەنلىكى مېھمانلار سېنىڭ دانا ۋە ئۇلۇغلۇقۇڭنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغۇسى. ۋەھالەنكى، بۇ يەردە بەختسىز رۇس قېرىنداشلىرىمنىمۇ كۆردۈم. ئۇلار جاپالىق ئەمگەك، ئاچ - يالىڭاچلىق ئازابىنى چېكىۋېتىپتۇ، ئۇلار-

نى بەختلىك قىلىش پەقەت سىنىڭ قولۇڭدىنلا كېلىدۇ. مۇبادا سەن ئاشۇنداق يۈكسەك نىيەتكە كېلىدىغانلا بولساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار سېنىڭ شەپقىتىڭنى ئۆلسىمۇ ئۇنتۇمايدۇ.

— سېنىڭ قايسى قېرىنداشىڭ؟ كىمنى دېمەكچىسەن؟ — دېدى باتۇخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

— رۇس تۇتقۇنلىرىنى دېمەكچىمەن. ئۇلار سېنىڭ غالىب قوشۇنۇڭ تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان شەھەر ۋە قىشلاقلاردىن بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىنگەن. سەن ئۇلارغا ھۆرلۈك بەرگىن!

باتۇخان قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك جىمىپ كەتتى. بىر مۇلا-يىم ئاۋاز تىنچلىقنى بۇزدى:

— مېھمانىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلمىغايسىز، ساھىبقى-ران. سىز بۈنىڭ بەدىلىگە كۆپ بەختلىك بولىسىز.

گاۋرىلى ئالېكسېچ بېشىنى كۆتۈرۈپ باتۇخانىنىڭ يېنىدىكى كەڭ كۈرسىدا رەڭدار تاۋارلارغا يۆگىنىپ ئولتۇرغان خانىنىڭ كە-چىك خوتۇنى يولتۇزنى كۆردى. ئۇنىڭ كەينىدە، ئاغزىدا گۈل چىشلىگەن گۈزەل بىر پولوۋېس قىز ئۆرە تۇراتتى. بۇ قىز ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە كۈلۈپ تۇرغان بولاقتەك كۆزلىرىنى ئالېكسېچتىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

— بولىدۇ، — دېدى باتۇخان، — بىر قىسىم رۇس تۇتقۇنلى-رىنى قويۇپ بېرەي. ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەن ئۆز يۇرتىغا يېتىۋې-لىشى ئۈچۈن ئۆزۈڭ ياردەم قىلارسەن.

— بۈيۈك جاھانگىر، — دېدى يەكچەشمە سۇبەتەي سۆز قىس-تۇرۇپ، — سەن تۇتقۇنلاردىن ئالاھىدە بىر قوشۇن تۈزمەكچى ئەمەسمىدىڭ؟

— بۇنى ئۇنتۇغىنىم يوق، لېكىن قەھرىمان باھادىر، مەن ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ سوراپ كۆرمەكچى. ئۇلار بۇ ئالاھىدە «تۈمەن» دە قېلىپ، مېنىڭ قوشۇنۇم بىلەن بىرگە «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇشقا بارامدۇ - يوق؟ قېلىشقا قوشۇلغان ھەربىرىگە قورال، كىيىم - كېچەك ۋە ئات بېرىپ، قېلىشقا بۇيرۇق قىلىمەن. ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەربىرى مېنىڭ



www.uyghurkitap.com

چېرىكلىرىمىگە ئوخشاشلا جەڭ غەنىيمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ .

— بۈيۈك جاھانگىر ، سەن بۈگۈن مېنىڭ نۇرغۇن رۇس قېرىنداشلىرىمنى ۋە مېنى بەختكە چۆمۈلدۈردۈڭ .

— سېنىڭ ئېرىشكىنىڭ قوش بەخت بولىدۇ ، — دېدى باتۇخان جاۋاب بېرىپ ، — ئۇزۇن ئۆتمەي مېنىڭ ئالتۇن ئوردامنىڭ يېنىغا ساڭا ئاتاپ مەخسۇس چېدىر تىكىلىدۇ . سەن ئۇ يەردە مېنىڭ گۈلزارلىقىمدىكى ئەڭ گۈزەل گۈلگە — زىربىئەت خانىمغا نائىل بولىسەن . قارا ، ئۇ بۇ يەردە تۇرىدۇ ، — دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن گۈزەل پولۇۋىس قىزىنى كۆرسەتتى .

رەسمىي ، تەنتەنىلىك قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، گاۋرىلى ئالېكسىچ ياش ، خۇشخۇي ئابدۇراخماننىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى :

— بىزنىڭ ياش قوماندانىمىز راتشىپىنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ ئۇنى زادىلا كۆرەلمىدۇققۇ .

ئەرەب ئەلچىسى يۇمىغان ئاغزىنى ئاچماي باشقا ياققا قارىۋالدى .

— نوۋگورود كىنەزى ئالېكساندىر بۇ يەرگە دەسلەپتە مېنى ئەۋەتتى ، — دېدى گاۋرىلى ئالېكسىچ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — تۇتقۇندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغىن ، ئۇلار ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىسۇن ، ئۇلارنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ ، يېقىندا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى باتۇخاندىن سېتىۋالماقچى .

— مەن بەكمۇ يامان بىر خەۋەرنى ئاڭلىدىم ، — دېدى ئابدۇراخمان پەس ئاھاڭدا ، — سىلەرنىڭ راتشىپى باتۇخاننىڭ مۇددىئاسىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پۇت ـ قولىغا كىشەن ۋە كويزا سېلىنغان ، لېكىن قەيەرگە بەند قىلىنغانلىقىنى بىلمەيمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# كېشىنى بىزار قىلغۇچى مېھمانلار

شۇنىڭدىن كېيىن ، گاۋرىلى ئالېكسىچ ئالتۇن چېدىر خانىدا-نىنىڭ سۇرلۇك ھۆكۈمرانى بىلەن قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدى . خېلى كۈنلەردىن كېيىن توساتتىن ، بىر كۈنى كەچتە باتۇخاننىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى ئەمەلدار بىر مىرزىنى ئېلىپ ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە ئۇنىڭ ۋاقىتلىق تۇرال-غۇسىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ ئىككىسى كىمخاب تون كىيىپ ، قوللى-رىغا كەھرىۋا تەسۋى تۇتقان بولۇپ ، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئۆزلى-رىنى ئېسىلزادە مويسىپىتلاردىن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى . ئۇلار گىلەم ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىن ، بەلۋاغلىرى-نىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى ، بىر ھازادىن كېيىن تىنىقى ئورنىغا چۈشۈپ دېمى رۇسلاندى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ ئىككى ئەمەلدار ئىنتايىن مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەن بولسا كېرەك .

ئالېكسىچ مۇلازىملارغا ھەسەل قاچىلىرىنىڭ ئېغىزىنى ئې-چىپ ، مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈشنى تاپىلىدى . ئۇ ئۆزى بىر تەرەپتىن ، كۈمۈش باكاللارغا ھەسەل شارابىنى قۇيۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ قانداق غەرەز بىلەن كەلگەن-لىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تەپتىش نەزىرى بىلەن كۆزەتتى .

ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن تىلماچ ئەينى يىللاردا قىپچاقلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ، قىپچاق تىلىنى ئۆگەنگەن ، تاتارلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئادەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن تەجرىبىلىك كى-

شى ئىدى . ھازىر ئۇ چېدىرنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ ، مېھمانلار بىلەن گاۋرىلى ئالېكسىچ ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋابلارنى تەرجىمە قىلاتتى ھەم سۆھبەتنى باشتىن - ئاخىر خاتىرىگە يازاتتى . ئۇ ۋە ئىككى ئەمەلدار مىستىلاۋ ئۇدالگو ئوردىسىدا پولۇۋىس ئايالىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان ئالېكسىچنىڭ پولۇۋىس تىلىنى[①] بىلىشىگە شەك كەلتۈرمەيتتى .

ئىككى ئەمەلدار ئالدى بىلەن سوئال سوراشقا باشلىدى .

— رۇس ئەلچىسى ، سىلەر كەلگەن ئېتىڭىز ھارمىغاندۇ ؟ ئۆيدە قالغان مال - چارۋىلىرىڭىز ئوبداندۇ ؟ نەچچە كۈن يول يۈردىڭىز ؟ يول بويى قايسى شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتتىڭىز ؟ ئۇ شەھەرلەردە تۇرغان ۋاقتىڭىز ئۇزۇن بولدىمۇ ؟ ئاڭلىشىمىزچە ، رۇس شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا قارا تۈلكە ۋە قۇندۇزلار چېپىپ يۈرەرمىش ، كىشىلەر ئۇياق - بۇياقتىن تۇسۇپ ئۇلارنى ئوڭايلا تۇتۇۋالغۇدەكمىش ، بۇ راستمۇ ؟ نوۋگورود كىنەزى ئالېكساندىرنىڭ نەچچە خوتۇنى بار ؟ ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنىنىڭ ئىسمى نېمە ؟ كىنەزنىڭ نەچچە بالىسى بار ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىچۇ ؟

ئالېكسىچ پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە تۈرۈپ سوئاللارغا ئۇدۇللا جاۋاب بېرىۋەردى . ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن مۇلازىمغا مېھمانلار ئالدىدىكى بۇ باكاللارغا مەست قىلغۇچى قويۇق شارابنى توختىماي قۇيۇپ تۇرۇشقا ئىشارەت قىلاتتى .

مىرزا بەلۋېغىدىكى مىس دۇۋەتنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ بىر تەرەپتىن تەكرار سوراپ ، يەنە بىر تەرەپتىن قومۇش قەلەم بىلەن كىنەزنىڭ ۋە زەردارلارنىڭ ئىسىملىرىنى ، شەھەر ناملىرىنى ، ھەتتا نىۋادىكى جەڭگە قاتناشقان شىۋېتلارنىڭ ئەسكەر سانى ۋە ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ سانىنى خاتىرىسىگە يېزىۋالدى .

ئالتۇن چېدىر خانىدانىنىڭ ئىككى ئەمەلدارىنىڭ ياشراقى مەستلىكىدىنمۇ ياكى يالغان مەست بولۇۋالدىمۇ ، ئولتۇرۇپ ئۇزۇن

① پولۇۋىس تىلى — باتۇخان تىزگىنلىگەن دائىرە ئىچىدە ئېغىزچە ئالاقىلەر پۈتۈنلەي پولۇۋىس تىلى بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى (ئەسلىدىكى تۈرك قىپچاق تىلى) .

www.uyghurkitap.com

ئۆتمەيلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، كەشىنىڭ خىيالىغا كىرىپ ـ چىقمايدىغان سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى .

— رۇس ئورمانلىرىدا ئاجايىپ بىر كىلەڭسىز ھەم قورقۇنچلۇق يالغۇز مۈڭگۈزلۈك بىر ھايۋان بارمۇ ؟ نوۋگورود كىنەزىنىڭ شىماللىق بىر پالۋاننى بۇ يەرگە ئەۋەتىشىدە موڭغۇل قىزلىرىدىن بىرەرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش نىيىتى بارمۇ ـ يوق ؟ ئەزىز مېھمان كىيىپنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلەمدىكىن ؟ موڭغۇل خانىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ يەردىكى «ئىبادەتخانىلار»نىڭ مۇنارلىرى پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن ياستىلىغانمىش ، سىلەرنىڭ نوۋگورودمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشمۇ ؟ بۇ يەردىن نوۋگورودقا ئاتلىق كىشى نەچچە كۈندە بارىدۇ ؟ يوللاردا ئات ئالماشتۇرىدىغان بېكەتلەر بارمۇ ؟

گاۋرىلى ئالېكسىچ بۇ سوئاللاردىن بىزار بولۇپ ئاخىرقى ئىككى سوئالغا جاۋاب بەرمەي قويدى ھەمدە يۈز ـ خاتىر قىلمايلا :

— خانىڭلار شۇنچىلىك كۆپ ئىشلارنى بىلمەك بولغان بولسا ، ئۆزۈم بىرىپلا جاۋاب بېرەي ، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ سورىدى ، — مېنىڭ ئۈچ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلەمسىلەر ؟

— بىلىدىغانلا بولساق جاۋاب بېرىمىز ، ئەلۋەتتە جاۋاب بېرىمىز .

— ئاڭلىشىمچە ، ئۇلۇغ باتۇخان يۈز قەدەم يىراقلىقتا تۇرۇپ ساداق ئوقى بىلەن خوتۇنىنىڭ قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى چەنلەرمىش ، بۇ راستمۇ ؟

— ھە ، ھىم··· — بۇ ئىككى ئەمەلدار بىر ـ بىرىگە قاراپ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي قالدى .

— ئاڭلىشىمچە ، ئۇلۇغ ۋە دانا باتۇخان چوشىدە ئەرشكە چىقىپ مۇقەددەس بوۋىسى چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ ، پۈتۈن دۇنيانى قانداق قىلىپ بويسۇندۇرۇش ھەققىدە كېڭەش قىلارمىش ، يەنە جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ روھىدىن تەشكىللەنگەن ئەرشتىكى چوڭ قوشۇنغا ياخشى رەھبەرلىك قىلىش

ھەققىدە يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى مۇقەددەس بوۋىسى ئۇنى مۇھىم خەۋەرلەر بىلەن تەمىن قىلارمىش ، بۇ سۆزلەر راستمۇ ؟ يەنە ئاڭلىشىمىزچە ، چىڭگىزخاننىڭ روھى ھەر دائىم ۋەلىئەھد نەۋرىسىگە رەھمەت ئېيتارمىش . ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە سەمىمىي سالامىلىرىغا بارىكاللا ئېيتارمىش .

ئالېكسىچ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە جۈملىنى ئىككى ئەمەلدارنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ ئېيتتى .

بۇنى ئاڭلىغان ئەمەلدارلار ئاغزىنى ئاچقان پېتى ھاڭۋېقىپ بىر - بىرىگە قاراشتى - دە ، ئالدىراپ - سالدىراپ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشتى . يېشى چوڭراقى مىرزىنىڭ قولىدىن خاتىرىنى تارتىۋېلىپ قوينىغا سالدى . ياشراقى كېكەچلەپ تۇرۇپ :

— بىز بۇنداق جاۋاب بېرىشكە قىيىن بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالمىدۇق ، كېلەر قېتىم ساھىبقىران سىزنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى بېكىتكەندىن كېيىن ، ئۇنى ساڭا ئۇقتۇرۇشقا كەلگەن ۋاقتىمىزدا جاۋاب بېرەيلى ، — دېدى .

سۆزلىرى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۇ ئىككىسى توختىماي تەزىم قىلىپ خوشلاشقىلى تۇردى ۋە بىر تەرەپتىن ، قولىنى يىلاندەك سوزۇپ باياتىن شاراب ئىچكەن باكاللارنى ئېلىپ قويۇنلىرىغا تىقىشىپ چېدىردىن چىقتى - دە ، ئاتلىرىغا مىنىپ ، ئەسلى كەلگەن تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىشتى .

ئەتىسى سەھەردە ، ئەمدىگىنە كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى دەريا بويىدىكى دەرەخزارلىقلاردىن ئۆتۈپ گاۋرىلى ئاللېكسىچنىڭ چېدىرىغا چۈشكەن ۋاقىتتا ، مۇھاپىزەتچىلەر گۇلخانلىرىنى ياندۇرۇپ بولغانىدى . ئۇلار چوڭ مىس قازانلارنى ئاسقان ، يېڭى سويۇلغان قوينى پارچىلاپ گۆشلەرنى چۆپ ئۈستىگە يېيىلغان قوي تېرىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلىماقتا . دەل مۇشۇ پەيتتە ، پۈتۈنلەي قوراللانغان بىر توپ سۇۋارى چېدىرغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ، ئۇلار چېدىرغا ئون نەچچە قەدەم قالغاندا ئاتتىن

چۈشتى . گاۋرىلى ئالېكسىچ دەرھال چېدىر ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، تۈنۈگۈن كەلگەن ھېلىقى ئىككى بىزەك مېۋە-مانغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ، كەمىرىگە ياقۇت كۆزلەر قويۇلغان خەنجەر ئاسقان قامەتلىك ياش نۆكەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى . يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى . تىلماچ گاۋرىلى ئالېكسىچ-نىڭ يېنىغا كېلىپ سۆزمۇ سۆز ئاغدۇرۇپ تۇردى .

— بىزنىڭ ئۇلۇغ قوماندانىمىز ، باتۇر ، قۇدرەتلىك باتۇخان... — بۇنى ئاڭلىغان گاۋرىلى ئالېكسىچ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىدىكى قۇندۇز قۇلاقچىسىنى قولىغا ئېلىپ ، كەلگەن كىشى بىلەن كۆز ئىشارىتى قىلىشقاندىن كېيىن ، دىققەت بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى .

—... مەرھەمەتلىك ، قەھرىمان نوۋگورود ئەلچىسى ، خان ساڭا مۇنۇلارنى ئېيتىشىمنى بۇيرۇق قىلدى . خان دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى بىلەن ئىنتايىن ئالدىراش بولغاچقا ، ساڭا دىگەندەك غەمخورلۇق قىلالمىدى . ئەمدى ئۇ ۋاقىت چىقىرىپ سەن بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى ، خان سېنى — مەرھەمەتلىك بويارنى ئەتە چۈشتە ئۆز چېدىرىغا تەكلىپ قىلىدۇ . ئەتە ئەتىگەندە خاننىڭ ئاتچىسى ئات ئەكېلىپ سېنى ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭنى بىرلىكتە ئېلىپ كېتىدۇ . سىلەر ئاشۇ ئاتلارغا مىنىپ قوماندان قوبۇل قىلىدىغان جايغا بارغايسىلەر .

گاۋرىلى ئالېكسىچ قۇلاقچىسىنى مۈجۈپ تۇرۇپ :

— خاقاننىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ، خاقانغا يەتكۈزۈپ قويغايسەن ، ئۇنىڭ سادىق قۇلى ئۆز ۋاقتىدا ھازىر بولىدۇ . ئاز - تولا سوۋغات ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىنمىكىن ؟

— سوۋغات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەن ھېچقانداق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالمىدىم . مۇبادا سۆھبەت جەريانىدا ئۇلۇغ ساھىبقىرانىمىز سېنى قىزغىن كۈتۈۋالسا ، ئۇ چاغدا سوۋغات ئىشىنى بىر نەرسە دېيىشەرمىز .

تاتار نۆكىرى قەددىنى ئېگىپ سىلىق قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى (ئوڭ قولىنى كۆكسىگە، لېۋىگە ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزدى)، ئاندىن كەينىگە شاققىدە ئۆرۈلۈپ، ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ تۇرغان تورۇق ئېتىنىڭ قېشىغا باردى ـ دە، بىرلا سەكرەپ ئېگەرگە يەڭگىلگىنە قوندى. ئۇ چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، ئالېكسىچقا قاراپ:

— يەنە دەيدىغان گېپىڭ باردەك قىلىدىغۇ، مەرھەمەتلىك رۇس ئەلچىسى؟ — دېدى.

— توغرا دەيسەن، باتۇر يىگىت، سېنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىڭنى بىلىشكە ئىنتىزارمەن.

— ئىسمىم مىسىق، ئۇلۇغ خاقاننىڭ شەخسىي قورۇقچىسىمەن.

قەددى ـ قامەتلىك، ياش، تېتىك نۆكەرنىڭ ئۈستىگە قۇياش سېخىيلىق بىلەن نۇر چاچماقتا، ئۇنىڭ قىزىل كىمخاب تونى ۋە ئېتىنىڭ كۈمۈش جابدۇقلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە ئىشارەت بىلەن يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلدۈردى ـ دە، تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە دەرەخلىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئالېكسىچ كۆك تاۋار كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ، بېشىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئات يوپۇقىنىڭ ئۈستىدە ياتقان پېتى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلغانىدى. بىردە تىپتىنچ كۆل ئۈستىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان پېرې يارۇسلاۋ قورغانلىرى، بىردە بولسا ئاپئاق قار ئاستىدا مۈكچىيىپ قالغان دېھقان ئۆيىنىڭ پىلىلداپ تۇرغان چىرىغى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى باي ـ ئاۋات نوۋگورودنىڭ ھەشەمەتلىك چېركاۋلىرىغا قاراپ ئۇچاتتى. بايرام كۈنلىرى قوڭغۇراق ئاۋازى پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلاتتى (ئەنە بىر ـ بىرىنى چاقىرىشقان، ۋارقىراشقان

كىشىلەر توپى ) ، پۇقرالار پارلامېنت ھويلىسىغا قاراپ ئاقماقتا . ئۇ بالا ۋاقتىدا كۆپ قېتىم ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە ئۇ يەرگە بارغان . كېيىن مەرد ، باتۇر ئالېكساندىر كىنىۋز بىلەن بىرگە ئۇ يەردە بولغان...

خىيال يىپلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۈلىنىپ ، ئاخىر سەلتەنەتلىك باتۇخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا كېلىپ توختىدى . بۇ ھال كۆپ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەتىكى ئۆلۈمدىن بېشارەت ئىدى... چەكسىز كەتكەن يايلاقلارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان جىمىغۇر ، كەم سۆز ھۆكۈمرانغا نېمىلەرنى دېيىشىم كېرەك ؟ بۇتتەك قېتىپ تۇرىدىغان موڭغۇل قوروقچىلىرى ۋە ئاغزىغا كەلگەننى ۋارقىرايدىغان شامانلار مۇھاپىزەتتىدىكى باتۇخاننىڭ ئۈستى ئۈچلۈق يىپەك چېدىرى — بۇ چېدىرغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئورمانغا ۋە ئوتقا قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىش كېرەك ، ئۇ ئاشۇنداق قىلىپ كىرەلەمدۇ ؟ ئۆزى غۇرۇرى كۈچلۈك ، تىز پۈكمەيدىغان رۇس قەھرىمانى تۇرۇقلۇق ، باتۇخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلامدۇ ؟ ياكى كۆز تىكىپ تۇرغان بىچارە رۇس تۇتقۇنلىرى ئالدىدا خۇددى ئۆتمۈشتە چىڭگىزخان قوشۇنى كەلكى دەرياسى بويىدا غەلىبىنى تەبرىكلەپ رۇس تۇتقۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە تاختاي قويۇپ ئۈستىدە بەزمە قۇرغاندەك ، مەنمۇ ئازاب شارابىنى ئىچەرمەنمۇ ؟ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان باتۇخان چۆل ۋەھشىيلىرىدىن قۇرۇلغان قوشۇنىنى باشلاپ زالېسكىغا ، سۇزدالىسكى رۇسقا ، ئەركىنلىكنى قەدىرلىگۈچى مەغرۇر نوۋگورودقا يەنە ھۇجۇم قىلارمۇ ؟ داۋاملىق رۇس تۇپرىقىغا كۆز ئالايتىپ يۈرگەن نېمىس ۋە شۋېتلار بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان باتۇخاننىڭ قايسىسى نوۋگورودلۇق ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ؟

## بەشىنچى باب

# قايغۇلۇق سەپەر

تاتار نۆكىرى ئاتلارنى ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتا، گاۋرىلى ئا-لېكسىچ خان ھۇزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۇستىگە كۇمۇشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان ساۋۇت كىيگەن، بېلىگە كەڭ كۇمۇش كەمەر باغلىغان، كەمەرگە ئالتۇن بېزەك تاقىغانىدى. ئوڭ تەرىپىگە زۇلپىقار ئاسقان، ئۇنىڭ كۇ-مۇشتىن ياسالغان غىلاپىغا زۇمرەت كۆزلەر قويۇلغان، دەستىسى دېڭىز پىلىنىڭ چىشىدىن ياسالغانىدى. بېشىغا ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان دۇبۇلغا كىيگەن، دۇبۇلغىنىڭ ئاستىدىن سۇس جىگەر-رەڭ بۇدۇر چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۇتىغا ئۆكچىلىرىگە ئاجا-يىپ نەقىشلەر ئويۇلغان ئالىي دەرىجىلىك قىزىل شاۋرۇن ئۆتۈك كىيگەن، ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى سەل يۇقىرىغا قاراپ تۇراتتى.

رەڭگى ئۆچكەن بىرنەچچە قورۇقچى چېدىر ئىچىگە كىرىپ، ئىنتايىن ساراسىمە ئىچىدە كېكەچلەپ تۇرۇپ دوكلات قىلىشقا باشلىدى:

— ھازىر خاقاننىڭ ئەۋەتكەن ئاتلىرى كەلدى، بىراق... كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن... ئۇ ئاتلارنىڭ بەتبەشىرىلىكى... ھەي، سىز ھەرگىزمۇ مۇنداق ئاتلارنى مىنىشكە مۇناسىپ ئەمەسسىز! تاتارلار ئۆزى كۆرسىمۇ مازاق قىلىشىدۇ، — دېدى - دە، چېدىر-نىڭ ئىشىكىنى يۇقىرىغا قايرىدى.

چېدىر ئالدىغا توختىتىلغان ئات ھەقىقەتەنمۇ ئەبگار بولۇپ، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلگەن، كالپۇكلىرى ساڭگىلىغان، قېرىلىقتىن

چىشلىرى سارغايغان بىر بايتال ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىدە خان ئىشـ
لەتكەن كونا ئېگەر ، كەينىگە يىرتىلىپ ھالى قالمىغان قىزىل
يىپەك يوپۇق يېپىلغان . ئېگەر ـ جابدۇقلار كونىراپ ئەسلىدىكى
جەزبىدار ، پارقىراقلىقىنى يوقۇتۇپ بولغان . ئات بولسا خۇددى
قاتتىقراق شامال چىقسا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ، تۆت پۇتى دىرىلـ
دەپ تىترەپ تۇراتتى . باشقا ئىككى ئاتنىڭمۇ ھالى ئاشۇنداق خاراب
ئىدى . گەرچە ئاتنى يېتەككە ئېلىپ كەلگەن تاتار نۆكەرنىڭ
كىيگىنى ئالىپتە ، تۇرقى ھەشەمەتلىك بولسىمۇ ، لېكىن مىنگەن
ئېتى بىر چەۋەندازغا نىسبەتەن ھاقارەت ئىدى .

گاۋرىلى ئالېكسىچ چېدىرنىڭ ئىشىكىنى چۈشۈرۈۋەتتى . ئۇ
غەزەپ بىلەن بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنى ئېلىپ يەرگە ئاتتى ، ئۇستىـ
دىكى ساۋۇتىنى يەشتى ، مۇھاپىزەتچىلىرىگە پۇتىدىكى ئۆتۈكىنى
تارت دەپ ۋارقىرىدى . ئۇ پۈتۈن كىيىمىنى يەڭگۈشلىدى . ئۇستىگە
قېنىق كۆك رەڭلىك دۇردۇن كۆڭلەك (ياقىسىغا بىر تال مەرۋاـ
يىت تاقالغان) ، سىپتا قىلىپ تىكىلگەن كۆك رەڭلىك تون ،
بېلىگە ئادەتتىكى تاسما بەلۋاغ ، پۇتىغا ئاددىي بۇلغار ئۆتۈك كىـ
يىپ ، يېنىغا ھېچقانداق قورال ئاسمىدى . كىيىمىنى پۈتۈنلەي
يەڭگۈشلەپ بولغاندىن كېيىن ئىشىكىنى ئېچىپ :

— نىكۇدىمانى چاقىرىڭلار ، — دەپ ۋارقىرىدى .

— مەن تەييار ، غوجام ! — دېدى ئالېكسىچقا ھەمراھ بولۇپ
بارىدىغان قېرى ئامبارچى نىكۇدىما .

— نىكۇدىما ، قولاق سال ، بۈنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي مېنىڭ
دېگىنىم بويىچە قىلىسەن : ھېلىقى ئەڭ ياخشى چەت ئەل غاز
پېيىدىن توقۇلغان يوپۇقنى بايتالنىڭ ئۇستىگە ياپقىن ، ئاندىن ئۇنى
ئالتۇن بەلۋاغ بىلەن ئاتنىڭ قورسىقىدىن تارتىپ چىڭ باغلا ،
ئالتۇن بەلۋاغ ئەڭ چىرايلىقىدىن بولسۇن ، مەرۋايىت تىزىقلىرى
بىلەن ئاتنىڭ بېشىنى زىننەتلەڭلار ، يەنە بىر ئاتنىڭ ئۇستىگە
ئىككى دانە بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاياللار جۇۋىسىنى ئارتىڭـ
لار ، ئۇنىمۇ چىرايلىق بەلۋاغ بىلەن باغلاڭلار ، چۈشۈپ



www.uygurkitap.com

قالمىسۇن .
نىكۇدىما بېشىنى كۆتۈرۈپ گاۋرىلى ئالېكسىچقا تىكىلىپ قا-
رىدى ، لېكىن ھېچ نەرسە دېمىدى .
— پەرمانبەردارمەن ، غوجام ! بىرئاز تەخىر قىلىسىڭىز ، سە-
پەر تەييارلىقىنى قىلىۋالايلى .
ئالېكسىچ ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن كىنەز چېركاۋنىڭ
پوپى ۋارسانوۋنىڭ بىر چەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى .
— پوپ ! سۆزۈمگە قۇلاق سال ، سەن ئەڭ ياخشى تونۇڭنى
كىيىپ ، قولۇڭغا ئىسرىقداننى ئال - دە ، دەرھال مېنىڭ بىلەن
بىرگە يولغا چىق ، بىز ئىنتايىن قىيىن سىناقىقا دۇچ كېلىشىمىز
مۇمكىن ، بىزنى پاجىئەلىك تەقدىر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ، ئېھتىمال
ئامان قايتىپ كەلمەسمىز .
— چۈشەندىم ، بالام ! ئىسرىقداننى ۋاقتىدا ياندۇرۇش ئۈچۈن
چۇچۇلا ئېلىۋالاي .
نىكۇدىما ۋە مۇھاپىزەتچىلەر ئاتلارنى بېزىدى . ئات ئېلىپ
كەلگەن موڭغۇل خۇددى بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاندا -
ساندا مىدىرلاپ تۇرىدىغان قاش ياكى لەۋلىرىدىنلا ئۇنى تىرىك ئادەم
ئىكەن دەپ جەزىم قىلغىلى بولاتتى . گاۋرىلى ئالېكسىچ كەينىگە
بۇرۇلۇپ چېدىر ئىچىگە كىردى . باتۇخان ئەۋەتكەن تىلماچمۇ ئۇ-
نىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپلا چېدىر ئىچىگە كىردى . بىراق ، تىل-
ماچنى شۇ زامانىلا غولىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى . كېيىن ئام-
بارچى چېدىر ئىشىكىنى قايرىپ ئىچىگە قاراپ دوكلات قىلدى .
— ھەممىسى تەييار بولدى !
گاۋرىلى ئالېكسىچ چېدىردىن چىقىپ ، بېشىغا بۆلغۇن قۇلاق-
چىسىنى كىيدى ، ئاندىن موڭغۇل نۆكىرىگە قاراپ :
— ماڭا بۇ بايتالنى ئېلىپ كېلىپ ، روشەنكى خاتا قىلىنغان .
مېنىڭچە ، تاتار خانى ۋە رۇس كىنەزى تەھقىق ئايغىر مىنىشى
كېرەك . بۇنداق بايتاللارنى ئاياللارنىڭ مىنىشىگە ياكى يۈك ئار-
تىشقا ئىشلىتىدۇ . شۇڭا ، سىلەر بۇ بايتالنى دانا تاتارخاننىڭ

ھۆرمەتلىك ۋە دانىشمەن ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار ، — ئۇ سۆز-لەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، بېشىدىكى بۇلغۇن قۇلاقچىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ قوشۇپ قويدى ، — شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇڭلار ، قۇلۇم قىسقا بولغانلىقتىن ، ئالاھىدە بىر سوۋغات تەييارلىيالمىدىم . ئاز بولسىمۇ ساداقەتمەن قۇلى بولغان نوۋگورود ئەلچىسىنىڭ بۇ سوۋغىتىنى ئەيىبكە بۇيرۇماي قوبۇل كۆرسۇن .

باتۇخاننىڭ ئىككى ئەمەلدارى بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى ، ئالېكسىچ يەنە كەسكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— تاتار خانى بىرنى بىر ، ئىككىنى ئىككى دەيدۇ . رۇس قەھرىمانىمۇ شۇنداق ، ئەلۋەتتە ! مەن دېگىنىمنى قىلىدىغان يىگىت-مەن ! — دېدى - دە ، سالماق قەدەملىرى بىلەن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ناتونۇش سىرلىق تەقدىرگە قاراپ يول ئالدى . ئۇنىڭ مەزمۇت قەدەملىرى قەتئىي ھالدا ئالغا تاشلىناتتى . باشقا ئادەملەر ، ئاتلار ، سوۋغاتلار بېسىلغان ھارۋىلار تۇرنىلاردەك تىزىلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن يولغا راۋان بولدى . سوۋغاتلار تەق قىلىنغان ، باتۇخان-نىڭ قوبۇلىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان شىماللىق مېھماننىڭ ئارزۇ قىلغان ۋاقىتلىرى مانا مۇشۇنداق ھالەتتە يېتىپ كەلدى .

يوللار ئويمان - چوڭقۇر ئىدى . يولنىڭ ئىككى چېتىدە ئەمدىگىنە قۇرۇلۇۋاتقان ئۆيلەر ۋە كىچىك دۇكانلار بولۇپ ، دۇكان-لاردا مايدا پىشۇرۇلغان بېلىق ، قارا بۇغداي ۋە ئاق بۇغداي نانلىرى سېتىلاتتى . ھەممىلا يەردە توپ - توپ ئىشلەۋاتقان رۇس ئەسىر-لەرنى كۆرگىلى بولاتتى .

كېيىنچە ئۇلار ماڭغان يول تاغ ئارىسىغا كىردى . ئالېكسىچ-نىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان تىلماچ قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ :

— بۇ تاغنى ئېشىپ چۈشكەندىن كېيىن چەكسىز كەتكەن ھەربىي لاگېرنى ۋە موڭغۇل خاقانىنىڭ ئالتۇن ئوردىسىنى كۆرىسىز ، — دېدى .

ئالتۇن ئوردا كۆرۈنۈشكە باشلىدى . قۇياش نۇرىدا ئالتۇن ئوردا ۋە ئۇنىڭ رەڭدار كاھىشلىق ئۆگزىلىرى ئوتقاشتەك تاۋلىناتتى-

تى . يول بىردە ئۇياققا ، بىردە بۇياققا بۇرۇلاتتى . گاۋرىلى ئالېكـ-
سىچ بىردىنلا كىشىنىڭ ئەقلىنى ئاداشتۇرىدىغان دەھشەتلىك بىر
مەنزىرىنى كۆردى ، ئۇنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . يولنىڭ
ئىككى چېتىگە ھەر قەدەمدە بىر قوزۇق قېقىلغان بولۇپ ، ھەربىر
قوزۇققا بىردىن ئادەم كاللىسى سانجىلغانىدى . گاۋرىلى ئالېكسىچ
ئىختىيارسىز قەدىمىنى ئاستىلىتىپ توختاپ قالدى ، ئۇنى ئەگـ-
شىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا ئورنىدا توختاپ قېلىشتى .
— ۋارسانوۋ پوپ ، سەن قەيەردە ؟
بوۋاي يۇگۇرۇپ كەلدى . ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدا ئىسـ-
رىقدان ۋە ئىسرىقنى تۇتاشتۇرىدىغان چۇچۇلا بار ئىدى .
— كەل ، پوپ ئاتا ! دۇرۇت ئوقۇيلى !
— ھەممىسى تەييار بولدى...
— بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يۇرتداشلىرىمىز... باتۇخان
ئۇلارنى قويۇۋەتمەكچى بولغان ۋە مېنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز يۇرتلىـ-
رىغا قايتىشىغا ئىجازەت قىلغانىدى...
تۇيۇقسىز سوققان ئىزغىرىن شامال قوزۇققا سانجىلغان كالـ-
لىلاردىكى قىزىل ، ئاقۇش ، قارا ساقاللارنى ۋە ئۇزۇن چاچلارنى
يەلپۈپ ئۆتتى . ئادەم باشلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، بۇ قوزۇقلار
كۆز يەتكۈزىسىز يىراقلارغا سوزۇلغانىدى .
قاقىلداپ يۈرگەن قاغىلار خۇشاللىقىدىن بىردە ئۇ كاللىغا ،
بىردە بۇ كاللىغا تەكەللۇپسىز قونۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتسىز كۆز-
لىرىنى چوقۇيتتى .
ۋارسانوۋ ئىسرىقداننى تەۋرىتىپ ئۇننى سوزۇپ دۇرۇت ئو-
قۇدى . ئىسرىقنىڭ كۆك ئىسى يەڭگىلگىنە ئۇچۇپ كېسىلگەن
باشلارنىڭ يۈزلىرىنى سۆيۈپ ، خۇددى ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىۋاتقانـ-
دەك ئايلىنىپ يۈرەتتى .
گاۋرىلى ئالېكسىچ كرېست سىزىپ چوقۇنۇپ ، ئاستا ئالغا
سۈرۈلۈپ ماڭدى . توساتتىن ئۇ بىر كاللىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ
ئولتۇرۇپ قالدى . بۇ باشنىڭ كۆزى تېخى چوقۇلمىغانىدى . كۆزى

يېرىم ئوچۇق ھالەتتە خۇددى قېلىن قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىن سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغاندەك ئىدى ، ئۆسكىلەڭ ساقاللىرى قىرقىلغان ، ئاپئاق بۇرۇتى شامالدا تىترەيتتى . يەنە ئېيتىدىغان سۆزى باردەك ئېغىزى يېرىم ئوچۇق ھالەتتە ئىدى .

— راتشا ! قەدىرلىك بوۋا…

ئالېكسىچ ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ ، قولى بىلەن ئوچۇق قالغان كۆزنى ئۇۋۇلاپ ياپتى . ئاندىن بۇ باشقا يەنە بىر قېتىم قارىدى ـ دە ، يولغا بۇرۇلۇپ تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى . ئۇ پەقەتلا توختىمىدى ياكى كەينىگە بۇرۇلۇپمۇ قارىمىدى .

ۋارسانوۋ پوپ ئىسرىقدانىنى تەۋرىتىپ پەس ئاھاڭدا دۇرۇت ئوقۇيتتى . ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى ، ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش غوۋغالىرى ئىز سالغان يۈزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى .

# ئالتىنچى باب

## باتۇخاننىڭ ئىلتىپاتى

باتۇخان گاۋرىلى ئالېكسىچنى ئالاھىدە قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا نىيەت قىلغان كۈندىن باشلاپ، بۇ ئەلچىنىڭ ھال - ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. رەڭگارەڭ ئۇزۇن تونلارنى كىيىشكەن، تەۋەززۇلۇق مۇلازىملار بۇ قىممەتلىك مېھماننى ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىدىكى ئورمان ئىچىگە تىكىلگەن بىر يېشىل چېدىرغا باشلاپ كەلدى. بۇ چېدىرنىڭ ئەتراپىغا كىچىك - كىچىك چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، ئەتراپىتا پۇزۇر كىيىنىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان موڭغۇل ئاياللىرى ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. گاۋرىلى ئالېكسىچ ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلمىغان قىياپەتتە، ئۇندىمەي ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەتراپتىكى ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلارمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئەمەس ئىدى.

ئالېكسىچقا ئاتاپ تىكىلگەن بۇ چېدىر باشقا چېدىرلارغا قارىغاندا چوڭ ۋە كۆركەم ئىدى. چېدىرنىڭ تىۋىت كىگىز ئېسىلغان ئىشىكىدە قاتار تۇرغان موڭغۇللار ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭرىتىۋەتتى.

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە، دېگەندەك، گاۋرىلى چېدىرغا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا توختاپ، موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قىلماقچى بولدى. كەينىدىن چېدىر ئىشىكى ئىچىدىن قايرىلىپ ئېچىلدى. چاقماقتەك چاققان بىر ئايال چېدىر ئىچىدىن چىقىپ كەلدى - دە، نازاكەت بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇردى. كۈچلۈك ئاپتاپتا بۇ ياش ئايالنىڭ زىلۋا قولى ھەم تۈپتۈز

پۇتىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەردىن ياسالغان بىلەزۈكلەر كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى . ئۇ ئايال يەڭگىلىگىنە دەسسەپ ئالېكسىچىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەنگەن ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۆتۈكنى قۇچاقلىدى . خۇددى سايىسىدەك ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان تىلماچ ئالېكسىچقا پەس ئاۋازدا :

— بۇ گۈزەل يىگىت كېلىنىنى قۇچاقلا ! ئۇنىڭ يۇلتۇزدەك كۆزلىرىگە سۆي ! ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، ئۆز چېدىرىڭغا ئېلىپ كىرگىن ، — دېدى .

گاۋرىلى ئالېكسىچىنىڭ بەدىنىگە ئاجايىپ بىر تاتلىق سېزىم تاراشقا باشلىدى . ئۇ كۆز ئالدىدا سادىر بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا خۇددى بىر تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ياكى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان قىزىق بىر ئويۇننى كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى . ئۇ قىزنى بوشقىنا قۇچاقلىدى ، قىز يىلاندەك چىرمىشىپ بۇ باتۇرنىڭ گەۋدىلىك كۆكرىكىگە چىڭگىدە چاپلاشتى .

— سۆي ! سۆي... — ئۇزۇن قىزىل ساقال تىلماچ ھەدەپ ئۇنى دەۋەت قىلدى .

— سەن ئۆگەتمەيلا قوي ! نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن ، — گاۋرىلى چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ چېدىرغا قاراپ ماڭدى . ئۇ كىرىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە ، پۇتۇڭ بوسۇغىغا تېگىپ كەتمىسۇن دەپ ئاگاھلاندۇردى .

چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلغانىدى . ئۇ گۈلخاننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ ، ھېلىقى قىزنى تاۋار كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ئاندىن چاققانلىق بىلەن قىزنىڭ جامالىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ ، قىزنىڭ بەختكە چۆمگەن قاپقارا كۆزلىرىنى ۋە ياقۇت رەڭ لەۋلىرىنى مۇھەببەت بىلەن قىزغىن سۆيدى .

تىلماچ يەنە بىر نېمىلەرنى دېگەنىدى ، گاۋرىلى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ قولىنى سىلكىدى .

ئەتراپتىن ناخشا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. دۇمباق ۋە جاڭلار چېلىندى. قىز بولسا ئالېكسچنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقتى ـ دە، چېدىرنىڭ كەينى تېمىغا يېقىن بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— تېزرەك ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالغىن! — دېدى تىلماچ پەس ئاۋاز بىلەن ھەم ئۆزى ئالېكسچنىڭ يېنىغا بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، — قوبۇل قىلغايسەن، بۇ ئۇلۇغ ساھىبقىرانىنىڭ ساڭا كۆرسەتكەن ئەڭ ئالىي ئىلتىپاتى.

چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرى موڭغۇللار، قىپچاقلار ئايىغى ئۈزۈلمەي چېدىرغا كىرىپ تۇردى. كەلگەن ھەربىر مېھمان، بېشىڭلار تەڭ ئاقارسۇن، تۇرمۇشۇڭلار بەختلىك بولسۇن، دەپ ئۆزلىرىنىڭ تەبرىك سۆزلىرىنى بايان قىلاتتى ۋە ئۇلارنى مۇبارەكلەپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن بىلەزۈك، چىنە، رەخت، گۈللۈك چاپانلارنى گىلەم ئۈستىگە قويۇپ، كەينىگە شوخشىغىنىچە چىقىپ كېتىشەتتى. قوشنا چېدىرلارغا گىلەم سېلىنىپ، ھەرخىل نېمەتلەرگە تولغان يوغان مىس تاۋاقلار تارتىلىپ، كەلگەن مېھمانلار كۈتۈلدى.

ئالېكسچنىڭ چېدىرىغا ئەڭ ئاخىرىدا كىرگەن چەبدەس ئىككى ياش نۆكەر ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇلۇغ باتۇخان (ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز) ساڭا دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر تۇلپارنى تەقدىم قىلدى.

— سەن چېدىردىن چىقىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولۇڭغا ئال ۋە ئۆز قولۇڭ بىلەن چېدىر يېنىغا باغلاپ قوي، — دېدى تىلماچ پەس ئاھاڭدا.

ساڭا بىر ئات ھەدىيە قىلدى دېگەننى ئاڭلىغان ئالېكسچ سۆيۈنگەن ھالدا سىرتقا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا قىزىل يوپۇق يېپىلغان تەڭگە گۈللۈك بىر ئارغىماق يەرنى چاپچىپ، ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك چاچرىتىپ تۇراتتى. ئىككى ئاتچى بىر قولىدا ئاتنىڭ ئالتۇن يىپلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ، يەنە

بىر قولى بىلەن ئاتنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئالېكسىچ ئاتنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ تىزگىنىنى قولىغا ئالمىدى، بەلكى قولى بىلەن ئاتنىڭ بۇرنىدىن ئېلىۋالدى. ئات تېپىرلاپ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن يوپۇقنى دەسسىۋەتتى، پۇشقۇردى. ئالېكسىچ ئاچىقىڭلار دەپ بۇيرۇغان تاتلىق قۇيماقنى ئاتقا بەردى. ئات ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئاخىر تاتلىق قۇيماق ئاتنىڭ كانىيىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسىمۇ ھەر تەبىقىدىن كەلگەن كىشىلەر يىپەك گىلەم، كۈمۈش قومغان ۋە باشقا نادىر كۈمۈش جابدۇقلارنى ئەكىلىپ ئالېكسىچنى مۇبارەكلەشتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ زادى نىمە زۆرۈرلىيەتتىن شۇنداق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇ زادىلا چۈشەنمەيتتى… ئۇمۇ ھەرقايسى كىشىگە ئۆز لايىقىدا سوۋغات قايتۇرۇپ تۇردى. ئالېكسىچنىڭ كۆڭلى پەقەت بىرلا نەرسىگە ئىنتىزار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ باتۇرخاننىڭ تۇرالغۇسىدىن ئىمكانقەدەر تېزرەك قۇتۇلۇپ، شىمالدىكى ۋەتەنگە قايتىش.

ياش ئەرەب ئەلچىسى ئابدۇراخمان ئەڭ بۇرۇن كېلىپ ئالېكسىچنى مۇبارەكلىگەن مېھمانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۇياقتىن - بۇياقتىن سۆزلەپ، سۆزىنى جىق ئەگىتكەن بولسىمۇ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

بۇنى سەزگەن گاۋرىلى سۆزىنى ئوچۇق قىلىپلا سورىدى:

— بۇ يەردە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ۋەھشىيلىك يۈز بېرىپتۇ. بۇنى ھەممە كىشى بىلسە كېرەك، لېكىن ئۇلار مېنىڭدىن يوشۇرۇۋاتىدۇ. مەرھەمەتلىك ئەمىر، بۇ نىمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— سېنىڭ سورىغىنىڭ رۇس قوماندانى راتشا توغرۇلۇقمۇ؟

— شۇنداق، مەن ھېچ چۈشەنمىدىم. مېنىڭ بوۋام راتشاغا ئوخشاش مۇنداق مول تەجرىبىلىك، ئېھتىياتچان كىشى قانداق قىلىپ خاقاننىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىپ قويىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كەچۈرۈشىگە ئىگە بولالمايدۇ؟

— ساڭا پۈتۈن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بېرەي… ئەسلىي ، باتۇخان راتشانىڭ داڭقى چىققان رۇس قوماندانى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە شان ـ شەرەپ ئىنام قىلماقچى بولىدۇ . باتۇخاننىڭ زور كۆلەمدىكى بۇ قوشۇنىدا ئەڭ ئالىي شان ـ شەرەپ يات مىللەتتىن بولغان بىر سىپاھىنىڭ موڭغۇل قوشۇنىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا سەردار قىلىپ بېكىتىلىشى ئىدى .

بىر كۈنى ، باتۇخان راتشانى ئالدىغا چاقىرتىپ ، ئۇنى ئۆز قوشۇنىغا قوبۇل قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

— ئۇنىڭدىن كېيىن مەن نېمە ئىش قىلىمەن ؟ — دەپ سورايدۇ راتشا .

— سەن رۇس تۇتقۇنلىرى ئىچىدىن تاللانغان بىر قوشۇن تۈزىسەن ، ئاندىن ئۇلارنى مەشق قىلدۇرىسەن ، بۇ قوشۇن ماڭا سادىق بولۇشى كېرەك . كېيىن مەن سىلەرگە قورال ۋە ئات بېرىمەن .

— بىزنى كىم بىلەن جەڭ قىلىشقا سالىسەن ؟

— مەن بىلەن بىرلىكتە بويسۇنماس رۇس شەھەرلىرىنى ئېلىشقا بارىسەن .

— مەن بۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن ۋە بېرىپ باشقىلارغىمۇ دېمەيمەن ! — دەيدۇ راتشا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا .

باتۇخاننىڭ غەزىپى چېكىگە يېتىدۇ . ئۇ راتشانى بېسىم بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇنى لەخمىگە بەند قىلىشنى بۇيرۇيدۇ . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئالدىغا چاقىرتقاندا ، بۇ ياشانغان سىپاھ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس جاۋابىنى بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يۈز رۇس ئەسىرنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ . ئالدى بىلەن راتشانىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ .

— بۇنداق دە ، — دېدى ئالېكسىچ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا ، — مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى قەھرىمان بوۋام دەل ئاشۇنداق ئىدى .

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئالېكسىچ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئىچىدە قالدى . ئۇ ئەسىرلەرنى تۇركۇم ـ تۇركۇمگە بۆلۈپ (بىر گۇرۇپپا 23 كىشى ) يىغىپ ، ئۇلارغا كىيىم ، ئۇن ، قۇرۇتۇلغان بېلىق، بولكا ۋە ئات تەقسىم قىلدى ھەمدە ئۇلارنى ئەتىل دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ ، ئاندىن قومۇلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ رەزانغا بېرىشقا ئورۇنلاشتۇردى . كېسەل ، ئاجىزلارنى ئاتقا مىنگۈزدى .

— تېز مېڭىڭلار ، يىگىتلەر ! يىگىتلەر ، تېزرەك يۇرتقا يېتىۋېلىڭلار !— ئالېكسىچ ئۇلارنى ئالدىراتتى ، — تاتار خانى ھەرقاچان ئۆز لەۋزىدىن يېنىۋېلىپ ، سىلەرنى ئۆي سېلىشقا تۇتۇۋېلىشى ياكى يۇرۇشكە ئاتلاندۇرۇشى مۇمكىن .

بەزىدە باتۇخان گاۋرىلى ئالېكسىچنى ھەربىي كېڭەشكە چاقىرىپ «قوياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇش مۇزاكىرىسىگە قاتناشتۇراتتى . ئۇ باتۇخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كىيىپ ، چەرىنگو ۋە غەربتىكى رۇس شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئىنتايىن ئازابلىناتتى… يۇرۇش پات ئارىدا بولماقچى . تاتار قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ئاللىقاچان قىپچاق دالالىرىدىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئالېكسىچ بۇ قېتىمقى يۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىنى باتۇخاننىڭ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

كۈنلەر ئېقىندەك ئۆتمەكتە… بىر كۈنى ئەتىگەندە ، ئالېكسىچ چېدىرىدىن چىقىپ دەريا بويىغا كەلدى . بۇ يەردە دەريا بويىنى بويلاپ گۈلخانلار يېقىلغانىدى . گۈلخان ئەتراپىدا ئۇنىڭغا تونۇش بولغان سالچىلار ئولتۇراتتى . ئۇلار ھازىر ساپال تاۋاق ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ياغاچ قوشۇقتا تۇزسىز بېلىق شورپىسىنى ئىچمەكتە .

— بېلىق شورپىسى ئىچىۋاتامسىلەر ؟ — ئالېكسىچ سوئال سورىغاچ بىر چالىنىڭ يېنىدىكى كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇردى . بۇ چال قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جوۋا كىيىۋالغان ، ئەسكى جوۋىنىڭ يىرتىقلىرىدىن بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— بىلىق شورپىسى ئىچمەي يەنە نېمە ئىچەتتۇق ؟ بۇ يەرنىڭ بېلىقى قانچىلىك دېسەڭ شۇنچىلىك بار ، قارماق كەتمەيدۇ ، بۇلار پەقەت ئۆزلىرى قىرغاققا سەكرەپ چىققانلىرى ، شۇنىسى تۇز يوق .
گاۋرىلى كەينىگە قاراپ ئىسقىرتتى ، ئۇنىڭ ئالدىغا غەمكىن چىراي بىر تاتار مۇلازىم هازىر بولدى . بۇ مۇلازىم خۇددى ئۇنىڭ سايىسىدەك كەينىدىن قالماي يۈرەتتى .
— شاكىر ، تۇز بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى . ئۇ تاتار ئوردىسىدا يۈرۈپ ئاز - تولا تاتارچە سۆزلەشنى ئۆگىنىپ قالغانىدى .
— مەۋلانەم ، سىزگە نېمە هاجەت بولسا شۇ هازىر بولىدۇ . ئەگەر بولمىسا ، دەرهال پەيدا قىلىنىدۇ ، — مۇلازىم گىلەم خۇرجۇنىڭ بىر كۆزىنى ئېچىپ ئاختۇرۇپ بىر تېرە خالتىنى ئالدى . گاۋرىلى خالتىدىن بىر سىقىم تۇزنى ئېلىپ بىلىق شورپىسى قۇيۇلغان تاۋاققا سالماقچى بولۇۋىدى ، چال دەرهال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى .
— توختا ، توختا ، ياخشى يىگىت ! بىزگە تۇز ئالتۇندىنمۇ قىممەت . بۇ تۇزنى مېنىڭ خالتامغا قۇيۇپ بەرگىن . بىز ئاز - ئازدىن ئىشلىتەيلى .
چال قوينىدىن چاپاننىڭ بىر يېڭىنى چىقاردى . گاۋرىلى ئۇنىڭ يەڭدە ياسىغان خالتىسىغا بىرنەچچە ئوچۇم تۇز قۇيۇپ بەردى .
— سېنىڭ تونۇڭ قېنى ؟
— توزۇپ تۈگىدى . پەقەت مۇشۇ يەڭلا قالدى . ئۆيگىلا يېتىۋالسام ، خوتۇنۇم يېڭى بىر تون تىكىپ بېرەتتى .
— شاكىر ، يېڭى بىر تون كەلتۈر !
مۇلازىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ، پەس ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى :
— پەرمانبەردارمەن ! مەۋلانەم . بۇ جۇلدۇر كېپەنگە تون كىيگۈزگىلى بولماس .
— مەن ساڭا نېمە دېدىم ؟
شاكىر بىر دانە قىزىل شايى تونى ئېلىپ ، خۇرجۇنى يەرگە

www.uyghurkitap.com

قويدى ـ ده ، تونىنى بىر ـ ئىككى سىلكىۋېتىپ ، ئالېكسېچقا بەردى .

چال ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ :

— مەن بۇ كىيىمنىڭ لايىقى ئەمەس ، گاۋرىلى ئالېكسېچ ، سەن سوۋغات بەرگەندە قاراپ لايىقىدا بەرگىن ، بۇنداق ئېسىل تون پەقەت مەرھەمەتلىك ئېسىلزادىلەرگىلا مەنسۇپ ، بىزگە يىرتىق ـ يالاڭ ، قوپال كىيىملەر بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، — دېدى .

— بۇ كىيىم كۆڭلۈڭگە ياقمىغان بولسا ، باشقىسىغا تېگىشىۋالساڭمۇ بولىدۇ .

— تېگىشسەم ئاددىي كىيىملەردىن بەشىگە ئالىدىغان ئادەم هازىرلا چىقىدۇ . سىنىڭ ماڭا ھەدىيە قىلغان نەرسەڭنى باشقا كىشىلەرگە تېگىشكۈم يوق . بۇ تونىنى كىيىپ ئۆيگە بارىدىغان بولسام ، خوتۇنۇمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالار !

گۆلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان باشقا سالچىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يىرىك قوللىرى بىلەن بۇ ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن تونىنى سىلاپ بېقىشتى .

— بولىدۇ ! — دېدى ئالېكسېچ ، — تون سىنىڭ بولدى . نېمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ ئۆزۈڭدە .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قوشنا گۆلخانغا قاراپ كەتتى . ئۇ يەردە سالچىلار ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى سورىدى . ئەسلىي كۆپچىلىك سۆيۈملۈك يۇرتىنى — كەڭ ۋالخوۋ دەرياسىنى ، تىپتىنچ ئىلمېن كۆلىنى سېغىنغانىدى .

— بىر ئاز تەخىر قىلىڭلار ! باتۇخاننىڭ ئوردىسىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ، يۇرتقا ھەممىمىز بىرلىكتە قايتىپ كېتىمىز .

ئالېكسېچ گىلەم خورجۇندىن نەرسىلەرنى ئېلىپ جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقان ھۈنەرۋەن كىشىلەرگە ھەدىيە قىلىپ بەردى . ئاندىن ئۆزى بىر تاغ ئۈستىگە چىقتى . ئۇ تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراق ـ يىراقلارغا كۆز تىكتى . يېقىنلا بىر يەردە كىشىلەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان ناخشا ئېيتماقتا . ئەنە كۆتەككە ئورۇلغان

پالتىنىڭ ئاۋازى ، تۆگە قوڭغۇرىقىنىڭ ئادەم يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋەتكىدەك غەمكىن مۇڭى ، ئاتلارنىڭ كىشنىشى ۋە رۇس ناخشىلىرى .

كۈنلەر ئەنە شۇنداق توختاۋسىز ئۆتمەكتە...

ھەر كۈنى كەچتە ئالېكسىچنىڭ ھۇزۇرىغا مېھمانلار قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇخاننىڭ ئىشداش-لىرى ياكى ئاغىنىلىرى ئىدى . مۇلازىملار كەينى - كەينىدىن پېچەتلەنگەن ۋىنولارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچاتتى . كىشمىش ۋە قۇي-ماقلارنى تاۋاق - تاۋاقلارغا دۆۋىلەپ ئېلىپ كىرەتتى .

مېھمانلار شاراب بىلەن تاماققا تويغاندىن كېيىن ، كۆرپە ئۈس-تىدە ئولتۇرۇپ ئالېكسىچ نوۋگورودتىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى نەپەر سامتور①چالغۇچى ئورۇندىغان يات مىللەت ناخشا - مۇزىكى-لىرىنى ئاڭلايتتى . بەزىدە گاۋرىلى ئۆزىمۇ بىرنەچچە ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى پەس ، ياڭراق ئىدى . ئۇنىڭ ياڭراق ناخ-شىسى چېدىر ئىچىنى بىر ئالاتتى .

مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن ئايال خىزمەتكارلار ئۆيگە شەپە-سىز كىرىپ داستىخاننى يىغىشتۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىس ھالقا ئاسقان ، يېشى بىرقەدەر چوڭراقى ئاستا گاۋرىلىغا :

— بىزنىڭ گۈزەل ئايال خوجايىنىمىز خېلىدىن بېرى كۆڭلى-دىكى كىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، — دېدى .

ئالېكسىچ چېدىردىن چىقىپ ، دەريا بويىدىكى تىك قىيا ئۈس-تىگە كېلىپ توختىدى . ئۇ يەردىن ئاي نۇرىنىڭ دەريا ئېقىنى بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولات-تى . يىراق - يىراقلاردىكى گۈلخان ئوتلىرى دەريادا يالىلداپ ئەكس ئېتەتتى . يېقىن ئەتراپتىكى تاتارلار لاگېرى ئۇيقۇغا چۆم-گەن . پەقەت قاراۋۇلنىڭ پارول ئاۋازى ، تەستە كۆندۈرۈلگەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ پۇشقۇرىشى ۋە يىراقتا قاۋىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازى كې-

---

① سامتور — قەدىمكى ئۈچ تارلىق چالغۇ ئەسۋاب .

لىپ تۇراتتى . گاۋرىلى جىمجىت كېچىنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلـ-
دىغان بۇ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ قانغاندىن
كېيىن ، شەرق گۈزەللىرىنىڭ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى . زەربىئەت خا-
نىم كىچىك گىلەم ئۈستىدە ئولتۇراتتى . ئۇ ئالېكسىچنىڭ كىر-
گەنلىكىنى كۆرۈپ ، خۇددى مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ
بوينىغا ئېسىلدى . ئايالنىڭ قول ۋە پۇتلىرىغا سالغان بىلەزۈكلىرى
يېقىملىق جىرىڭلاپ كەتتى .

ئاينىڭ كۈمۈش نۇرى چېدىر تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ ، ئۇنىڭ
كىشىنى لال قىلىدىغان قاپقارا كۆزلىرىنى ، ئىنچىكە ياسالغان
قاشلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى...

— نېمە ئىش سېنى مۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت مالال قىلدى ؟ كىم
بىلەن كۆرۈشتۈڭ ؟ كىم بىلەن سۆھبەتلەشتىڭ ؟ ئەل ئىچىدە داڭ-
قىڭ بار ، كىنەزىم ، سەن بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ ؟ ماڭا ئېيتىپ
بەرگىن . مەن سېنى قانچىلىك چىدام ۋە غەيرەت بىلەن كۈتۈپ
ئولتۇردۇم ، — دېدى ئۇ ئىنتايىن كۆيۈنگەن هالدا .

— ساڭا كېيىن ئېيتىپ بېرەي ، هازىر مەن چارچاپ كەتتىم ،
سەن ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرگىن...

ئالېكسىچ ئۇنى يېپەك يېكەندازنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى ،
ئۆزى يېرىم ئۇيقۇ ، يېرىم ئويغاق هالەتتە ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەپسانىۋى
هېكايىلىرىنى ئاڭلىدى : يېقىملىق گۈزەل مەلىكە هەشەمەتلىك
ئوردا ئىچىدە ئولتۇرۇپ يىراق ئۇرۇش مەيدانىغا كەتكەن سۆيگەن
يىگىتىنى ئەسلەيتتى . ئەرەنچە ياسانغان مەلىكە ئاسىيانىڭ چوڭ
يولى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ . ئۇ هەممە يەردىن ئۆزىنىڭ ئاشىقىنىڭ
دېرىكىنى قىلماقتا . ئۇ كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ ، ئاخىر بىر كونا
قەلئەنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىن ئۆز يىگىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ
چىقاردى...

گاۋرىلى ئالېكسىچ ئاڭلاۋېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى . لېكىن ، ۋە-
هىمە ئېغىچىلا ئۇنى تىنچلاندۇرمايتتى . چۈشىدە قاپقارا بۇلۇتلار

ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى . پايانسىز دالادا جىددىي كېتىۋاتقان كىشىلەر...

تۇيۇقسىز بىر خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىگە نەشتەردەك سانجىلدى .

ئۇ ئويلىدى : ئۇلار ساۋۇت كىيىپ ، جەڭ ئاتلىرىغا مىنگەن تولۇق قوراللانغان سەرخىل نېمىس ئاتلىق ئەسكەرلىرى... قايتىپ كەت ، دەرھال قايتىپ كېتىشىڭ كېرەك !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# ياغاچ قونچاق

بىر كۈنى ، مۈرىسىگە قىيىن قوۋزىقىدىن توقۇلغان سىۋەت ئارتقان ، ئاپئاق ساقاللىق بىر جاھانكەزدى بوۋاي گاۋرىلى ئالېك-سىچنىڭ چېدىرى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئۇنىڭ ئۇچىسىدا رەڭ-گى ئاپتاپتا ئۆڭگەن كاناپ چەكمەن ، بېشىدا نوۋگورود پاسونىدا تىكىلگەن ئەلتىرە پاپاخ ، بېلىدە قىيىن قوۋزىقىدىن تىكىلگەن ، تېخى ئايىغىغا سالمىغان بىر جۈپ كەش باغلاقلىق ئىدى . ئېھتىمال بۇ كەشنى ئۇ ئۇزۇن سەپەردىن قايتىش ۋاقتىدا كىيىشنى نىيەت قىلىپ ساقلاپ يۈرگەن بولسا كېرەك . تاتار سىپاھلار ئۇنى قوغلاپ چېدىرغا يېقىن يولاتمىدى .

— مەرتىۋىلىك بارىن ! — دېدى بوۋاي ،— گاۋرىلى ئالېك-سىچ ! سەن قەيەردە ؟ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسەن ! بۇ دەھرىلەر مېنى كىرگۈزمەيۋاتىدۇ . ساڭا يۇرتتىن سالام ئېلىپ كەلدىم .

گاۋرىلى چېدىردىن ئېتىلىپ چىقىپ ، جاھانكەزدىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە ، ئۇنى ئىككى مۈرىسىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ :

— چىرايىڭ تونۇشلا تۇرىدۇ ، قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى ئې-سىمگە ئالالمايۋاتىمەن... — دېدى .

— قەيەردە بولاتتى ، نوۋگورودنىڭ بازىرىدا بولمامدۇ . مەن دائىم مىروننىڭ كوزا ساتىدىغان دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قۇيماق-خانىنىڭ قېشىدا ئوۋچىلار ئالىدىغان (بۇلغۇن ، تىيىن ، قىرغاۋۇل تۇتىدىغان ) تورلارنى توقۇيتتۇم ئەمەسمۇ .

— توغرا ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى . يۈر ، چېدىرغا كىرىپ

مۇگدىشايلى . سېنى كۆرگىنىم ئۈچۈن بەكمۇ خۇشالمەن .

— مەنمۇ سېنى تاپقىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال-
مەن ، — دېدى جاھانكەزدى گاۋرىلىنىڭ كەينىدىن چېدىرغا كى-
رىپ . ئۇ كۆيۈۋاتقان گۇلخانغا يېقىن ئولتۇردى .

ئۇ ئۇستىدىكى كونا چەكمەننى يېشىپ ئاۋايلاپ قاتلاپ قويدى ،
ئاندىن قېيىن قوۋزىقىدىن توقۇلغان سېۋەتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قوي-
دى ـ دە ، يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ، ئىچىدىن بىر نەرسىنى ئاختۇرۇش-
قا باشلىدى .

— سېنى قانداق شامالالار ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟

— ئالدىرىما ، بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىمەن . دەسلەپتە
سېنىڭ سالچىلار ۋە كېمىچىلەر بىلەن بىرگە ئەتىل دەرياسىنىڭ
تۆۋەن ئېقىنىغا بارىدىغانلىق خەۋىرىڭنى ئاڭلىغانىدىم . لېكىن ،
سەن بىلەن بىرگە كېتەلمەي كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان بولدى .
كېيىن بىر ئىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ ،
قەدىناس ئاغىنەم ئاكسىنوم ئاسپوۋىچ بىلەن كېڭەشتىم...

— ئاكسىنوم ئاسپوۋىچ بىلەنمۇ ، — دېدى گاۋرىلى ئالېكسىچ
بېشىنى لىڭشىتىپ ، — ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئەڭ ياخشى
سادىق قاراۋۇلۇم .

— مەن ئۇنى ئىزدەپ بارغاندا ، ئۇ پەلەمپەي ئالدىدا كېرەك-
سىز ياغاچلاردىن كىرىچنىڭ ئوقىنى ياساۋاتقانىكەن . ئىككىمىز
ئۇلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ، بارىنە — سېنىڭ ئايالىڭ ئۆيدىن چى-
قىپ ، پەلەمپەينىڭ ئالدىدا ماڭا : «بوۋا ، كېچىكىپ قالدىڭ ، خو-
جايىن خېلى بۇرۇنلا ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا بېرىپ
تاتارخانى باتۇخان بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋە ئۇنىڭدىن تۇتقۇن قىلىنغان
قېرىنداشلارنى سېتىۋېلىپ كېلىشكە كەتتى . مانا ئالۇچا دەرىخى
يەنە گۈللىدى ، لېكىن ئۇنىڭدىن تېخىچە دېرەك يوق . قاچان قاي-
تىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . پەقەت تەڭرىگە سېغىنىپ ئۇنىڭ
ئامانلىقىنى تىلەشتىن باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ . سەن ئۇنى
كۆرۈپ كېلىشنى خالىمامسەن ؟ سەپەر ھازىرلىقلىرىڭنى پۈتۈنلەي

ئۆزۈم تەييارلاپ بېرىمەن…» دېدى . مەن ئۇنىڭغا : «ئەلۋەتتە بارىمەن ! ئەتىل مېنىڭ ئانام . ئۆتمۈشتە كېمىگە رولچى بولۇپ ياشلار بىلەن بىرگە بۇ ئەزىم دەريادا قانچە قېتىم قاتنىغانلىقىم ئېسىمدە يوق» دېدىم . ئۇ مېنى بالىخانىغا باشلاپ چىقىپ مېنىڭ ئالدىمدا يىغلاپ كەتتى . سەندىن يوشۇرمايمەن ، ئۇ راستتىنلا يىغ- لىدى . ئۇ ساڭا ماۋۇ بىر نەرسىلەرنى ئەۋەتتى ، — بوۋاي سېۋەت ئىچىدىن يوغان تېرە خالتىنى ئېلىپ گاۋرىلى ئالېكسىچقا سۇندى .

گاۋرىلى ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئاچتى . ئەسلىدە يۆگەك ئىچىدىكى نەرسە ئۇنىڭغا تونۇش بولغان تاغ تېرىكىدىن ياسالغان بالىلار قونچىقى ئىكەن . ئۇنىڭ بىرى چوقچىيىپ ئولتۇر- غان ئېيىق ، يەنە بىرى ، ئۈچ تارلىق سامتور چېلىۋاتقان ، بېشىغا ئەلتېرە پاپاخ كىيگەن بىر يىگىت ئىدى . بۇ قونچاقلارنى ئۆزۈن يىللاردىن بېرى بالىلار ئويناپ كونىرىتىۋەتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئەسلىدە نەپىس ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى .

— بۇ ئىككى قونچاقنى بارىن خانىم ئۆز قولى بىلەن تېرە خالتىغا سېلىۋېتىپ : «تېرىدىن تىكىلگەن بۇ خالتا گاۋرىلى ئالېك- سىچقا رۇس يۇرتىنىڭ پۇرىقىنى يەتكۈزگەي . ئۇنداق بولمىسا ، پەرۋەردىگارىم ، ئۇ ئۆز يۇرتىنى ئۇنتۇپ ، تاتارلارنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىپ قالىدۇ…» دېدى ، — دەپ بوۋاي سۆزىنى توختاتتى .

گاۋرىلى خالتىغا يۈزىنى يېقىپ ، يۇرتىنىڭ پۇرىقىنى (قەدىم- كى ئورمانلىقتىكى دېۋىرقاي ھىدىنى ) قانماي پۇراپ ، خىلىغچە شۈككىدە بولۇپ قالدى . سېغىنىش ۋە ھىجران ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ كەڭ ھويلا - ئارامى ، ھويلا ئىچىدە ئۆسكەن ياپيېشىل چۆپلەر ، چۆپ ئۈستىدە ئاستا كېتىۋاتقان خوتۇنى لىۋ باۋا . ئۇ قىزىنى كۆتۈرۈۋالغان ، ئاق كۆڭ- لەك كىيگەن چوڭ ئوغلى ئانىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋالغان . ئۇلار ئېگىز چۆپلۈك ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدۇ . ئۇ خوتۇنىنىڭ خۇش پىچىم چىرايىنى ئەسلىدى . ئۇنىڭ قىپقىزىل يۈزىدىكى ئىككى زىنىقى ، ئارا پاشنىلىق ، ئەلا سۈپەتلىك شاۋرۇن-

ـدىن تىكىلگەن ئۆتۈكىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى… قەدىمكى نوۋگورود شەھەر قەلئەسى ، ھەيۋەتلىك ۋالخوۋ دەرياسى ، قاينام ـ تاشقىنغا چۆمگەن شەھەر پارلامېنتى ئۇنىڭ خىيال دېڭىزىدا بىر ـ بىرلەپ ئۇزۇپ ئۆتمەكتە… بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىدېگەن يىراقتا ، نېمىـ دېگەن يېقىملىق ـ ھە ! ھىيلە ـ مىكىرلىك بۇ تاتار خانى ئۇنى ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا قويۇپ بېرەرمۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب

## ئۈچ ئېغىز سۆز

يوغان سەللە يۆگەپ، يول ـ يول رەختتىن تون كىيگەن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان تىلماچ يەرگە ئەمدىگىنە يورۇق چۈشكەن سەھەر پەيتىدە ئالېكسىچنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ بەكمۇ مۇلايىملىق بىلەن پەس ئاۋازدا:

— ئۇلۇغ ساھىبقىران نوۋگورود ئەلچىسى بىلەن دەرھال كۆرۈشمەكچى، — دېدى.

— نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — ئالېكسىچ كىيىم يەڭگۈشلەۋېتىپ سورىدى، — ماڭا ئىنئام قىلىدىغىنى شاپائەتمۇ ياكى قەھر ـ غەزەپمۇ؟

— مەن ساڭا نېمىمۇ دەپ بېرەلەيتتىم؟ پەقەت بۇيرۇقنىلا يەتكۈزگۈچىمەن. ئۇ تەرىپىنى بىر ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

گاۋرىلى تىلماچىنىڭ قولىغا بىر تىللا تۇتقۇزدى. تىلماچ ئۇ-ڭايسىزلانغاندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— مەن بىر ئىشنى ئاڭلاپ قالدىم. بۈگۈنكى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن جىددىي، خۇددى يەر يېرىلىپ، ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك. لېكىن، مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىمەن. ئەنە شۇ يەردە قانداق قىلىشىڭ توغرىسىدا بېشارەت بېرىپ تۇرىمەن.

— ھېچقانداق بېشارەتكە موھتاج ئەمەسمەن! قانداق قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن!

— مەۋلانەم، ماڭا كايىما، مەن سېنىڭ مالىيىڭ، — تىلماچ

پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، — ھەرھالدا زۇلپىقارنى ئالماي بارغىنىڭ ياخشىمىكىن.

ئالپكىسچ بارلىق ياراغلىرىنى، ھەتتا يېنىدىن بىر نەپەسمۇ ئايرىمايدىغان خەنجەرنىمۇ چېدىرغا قالدۇرۇپ، تىلماچ بىلەن بىرگە كەتتى.

سەھەرنىڭ شالاڭ تۇمانى ئەمدىگىنە ئويغانغان ئالتۇن چېدىر خاندانىنىڭ تۇرالغۇسى ئۈستىدە بىمالال ئۈزەتتى. يىراق - يىراق- لاردا يېنىۋاتقان گۇلخانلارنىڭ نۇرى سۇنغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي گاۋرىلى ئالپكىسچنىڭ كۆزى كەڭرى مەيدانغا چۈشتى. ئەتراپى قىپچاقلارنىڭ ئاددىي كىگىز ئۆيلىرى بىلەن ئو- رالغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا كاتتا بىر ئاق چېدىر يېگانە تۇراتتى. ئۇدۇل ئاق چېدىرغا قاراپ كەتكەن بىر چىغىر يول ئۈستىدە ئۈچ ئورۇنغا گۇلخان يېقىلغانىدى. گۇلخانىنىڭ كەينىدە چېدىرغا يېقىن يەردە ئۈچ توپ باراقسان تىكەنلىك دەرەخ ئۆسكەنىدى.

تىلماچ چۈشەندۈرۈپ، خاقانغا يامان نىيەتتە بولغان ھەرقانـ- داق كىشى بۇ ئۈچ توپ يايلاق چاتقىلىدىن ئۆتۈپ كېتەلمەي- دۇ، — دېدى.

ئالپكىسچ قەدىمىنى توختىتىپ، بىر دەقىقە ئويلانغاندىن كې- يىن، يەنە ئالغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ باتۇخان بىلەن كۆرۈش- مەكچى بولغان بارلىق كىشىلەر قىلىشقا تېگىشلىك بولغان رەسمى- يەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش قارارىغا كەلدى. تىكەنلىك دەرەخلەرنى ئايلىنىپ ئۆتتى، ئۈچ گۇلخاننى ئاتلاپ ئۆتتى. گۇلخان ئەتراپىدى- كى موڭغۇل شامانلىرى بىر تەرەپتىن، داپلىرىنى داراڭشىتىپ، مولۇنغا ئوخشاش غەلىتە ئاۋازلاردا چىرقىراپ، يەنە بىر تەرەپتىن، گۇلخان ئۈستىگە قورايلارنى سالاتتى. ئوت دۆۋىسىدىن كىشىنى مەست قىلغۇچى خۇشبۇي پۇراق تارقىلاتتى.

ئەرەب ئەلچىسى ئالپكىسچنى كۈتۈۋالدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئالپكىسچقا:

— مەردانە نۆكەر، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ. خاقان ھېلىلا سې-

نىڭ دېرىكىنى قىلغانىدى .
ئالېكسىچ چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى . دۇبۇلغا ـ
ساۋۇتلارنى كىيگەن كەڭ گەۋدىلىك ئىككى موڭغۇل نۆكىرى ئىك-
كى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ چېدىر ئىشىكىنىڭ ئىككى قانىتىدا
تۇراتتى . ئۇلار خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك مىدىر ـ سىدىر
قىلىشمايتتى .
ئابدۇراخمان ئاۋازىنى سوزۇپ : «خوش ، قېنى» دېدى . دەر-
ھال چېدىر ئىچىدىن پەس ئاۋاز ئاڭلاندى . ئىككى نۆكەر شارتتىدە
بۇرۇلۇپ يولنى ئاچتى . گاۋرىلى ئالېكسىچ ئابدۇراخماننىڭ كەينى-
دىن چېدىرنىڭ تار ئىشىكىدىن ئاتلاپ ئىچكىرىگە كىردى .
چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر گۇلخان گۇرۇلدەپ ياناتتى .
گۇلخاندىن كۆتۈرۈلگەن ئىس چېدىرنىڭ تۈڭلۈكىدىن كۆككە قاراپ
كۆتۈرۈلمەكتە .
چېدىرنىڭ تۆرىدە ، ھەيۋەتلىك موڭغۇل قوشۇنىنىڭ زەردارى
توققۇز پارچە كىگىزدىن تىكىلگەن قۇراق كىگىز ئۈستىدە باداشقى-
نىنى قۇرۇپ ئولتۇراتتى . ئۇ بىر باغلام تالنى يېنىغا قويۇۋېلىپ ،
بىر تالدىن ـ بىر تالدىن سۇغۇرۇپ ئوتقا تاشلايتتى .
ئۇنىڭ يېنىدا ئوردا تارىخچىسى ھاجى رەھىم ئولتۇراتتى .
تىلماچ باتۇخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھۆر-
مەت بىلدۈردى ۋە پەس ئاۋازدا دۇرۇت ئوقۇدى .
گاۋرىلى ئالېكسىچ ھازىر ئابدۇراخماننىڭ ئۆزىگە دېگەن گې-
پىنى ئويلاپ ، شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلدى . لېكىن ، ئۇنىڭ
كاللىسىدا ھەرخىل خىياللار تىنماي كېزەتتى . بىراق ، ئۇ ئۆزىنى
مۇنۇ بىر نۇقتىنى ئويلاشقا مەجبۇرىي ھالدا زورلايتتى : يىراقتىكى
ۋەتەندە رۇس خەلقى ئۇنىڭ ئالتۇن چېدىر پادىشاھلىقىدىن
ئامان ـ ئېسەن كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە . ئۇلارغا
تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىشنى ، ھەرقانداق شارائىتتى-
مۇ خەلق ئۈچۈن يېڭى باش ئاغرىقى تېپىپ بەرمەسلىكنى ئۈمىد
قىلىماقتا .

باتۇخان قول ھەرىكىتى بىلەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .
شۇنىڭدىن كېيىن بىر يۇرۇش تىنچ ـ ئامانلىق سوراش باشلىنىپ كەتتى : «ئەھۋالىڭ قانداق ؟ مال ـ مۈلكۈڭ ئامانمۇ ، ھال ـ كۈنۈڭ قانداق ...» ئەھۋالدىن قارىغاندا ، باتۇخان يەنە بىر كىشىنى كۈتۈۋاتسا كېرەك .
ئۇزۇن ئۆتمەي ، باتۇخاننىڭ كۈتكەن ئادىمى — ئۇنىڭ يەكچەشمە سەردارى سۇبەتەي باھادىر كىرىپ كەلدى . ئۇ باتۇخانغا پىچىرلاپ بىر نەرسىلەرنى دېدى ـ دە ، ئۇنىڭ يېنىدىكى گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى . ئاندىن ئۇ بېشىنى بۇراپ كايىغان تەلەپپۇزدا خىرقىراپ تۇرۇپ ، چۈشىنىپ بولىمايدىغان ئىككى ئېغىز سۆز قىلدى :
— ۋاقتى يەتتى ! ئالىلقاچان ۋاقتى يەتتى !
ئارقىدىنلا باتۇخان ئىككى قولىنى جۈپلەپ چاۋاك چېلىپ سۆز باشلىدى :
— سېنىڭ بىلەن ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئۈستىدە پاراڭلاشماقچى بولۇپ چاقىرتتىم . مېنىڭچە ، سەن بۇ سوئاللارغا ئوچۇق ـ يورۇق جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك .
— خاقان ، قۇلىقىم سەندە ، تەھقىق توغرا گەپ قىلىمەن .
باتۇخان كۆزىنى چىمىلدىتىپ ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى رۇس ئەلچىسىنىڭ ۋەزمىن يۈزىگە تىكتى . ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى . سۆزى سىلىق ، تەلەپپۇزى بىرقەدەر ئىللىق ئىدى ھەم قىسقا ـ قىسقا سۆزلەپ ، تىلماچنىڭ رۇسچىغا ئاغدۇرۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى .
ئالېكسىچ قاشلىرىنى ھىمىرىپ ، باتۇخاننىڭ سۆزى نېمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلاتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ : «ھەرگىز قوپاللىق قىلما ، ئالدىراپ ئىشەنچنى يوقاتما ، مۇئامىلىدە سىلىق بول» دېگەننى ئويلايتتى .
— گەرچە سەن ياش بولساڭمۇ ، ئاڭلىشىمچە ، جەڭنىڭ ئەڭ

قىيىن پەيتلىرىدە ئاجايىپ جاسارەت ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دائىم كىنەزىڭلار ئىسكەندەر[1] بىلەن بىرگە غەلىبە قىلىدىكەنسەن. سېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇڭ ھامان نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن.

— خاقانىنىڭ ماختىغانلىقىغا چەكسىز تەشەككۇر ئېيتىمەن. باتۇخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھازىر مەن سېنىڭ يەنىلا شىمالدا ئۇرۇش قىلىشىڭنى خالىمايمەن. ۋەھالەنكى، مەن بۇ توغرىدا ساڭا بىرقانچە قېتىم ئېيتقانىدىم. ساڭا ئېيتقان ئۇلۇغ يۇرۇشتە شانلىق نەتىجىلەرگە ئېگە بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. سەن ماڭا قانداق ياردەم قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

ئالېكسىچنىڭ كاللىسىدىن بىر خىيال چاقماقتەك چېقىپ ئۆتتى: «ئۇ مېنىڭ ئۆزى بۇيرۇغان بارلىق ئىشلارنى شەرتسىز بەجا كەلتۇرۇشۇمنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئۆزۈمنىڭ پۇت- قولىنى چۇشەپ قويغان بولىمەن، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. شۇڭا، بۇ ئىشتا بەكمۇ ئېھتىياتچان بولمىقىم لازىم».

— مەن نېمە دېسەم ياخشى بولار؟ سەن گۈزەل يايلاقنىڭ بورىكۈتىسەن، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىسەن، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىسەن. مەنچۇ؟ مەن نوۋگورودنىڭ قېلىن ئورمانلىقىغا بېكىنىۋالغان بىر ئېيىقمەن. ئۆزۈمنىڭ ئۇۋىسىنى سۆيىمەن ھەم ئۇنى قوغدايمەن...

باتۇخان قوشۇلمىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى.

— شۇنداق، شۇنداق! سېنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىڭ شۇنى ئىسپات قىلدىكى، سەن ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان نۆكەر. بۇنداق نۆكەرلەرنى بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن ئېيتقاندا «باھادىر» دەيمىز. بۇ ئىشقا نىسبەتەن نېمە ئۈچۈن گەپنى ئەگىتىسەن؟ بىزنىڭ بۈيۈك دۆلىتىمىزدە، قىلىچ، قالقانلار قەيەردە جاراڭلىسا، بىزنىڭ قورق-

---

[1] ئىسكەندەر — كىنەز ئالېكساندىرنى دېمەكچى.

ماس باھادىرلىرىمىز شۇ يەردە ھازىر بولىدۇ . مېنىڭ بۈيۈك قوشۇنۇم ئالغا ئىلگىرىلەپ ، پۈتۈن دۇنيانى ئىلكىگە ئېلىش ئالدىدا تۇرغاندا ، ئەجەبا سەن بىر تەرەپتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرامسەن ؟ ھەتتا خىلۋەتتىكى ئۇۋاڭغا قايتىپ كېتەمسەن ؟ بۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولامدۇ ؟

باتۇخاننىڭ كۆزلىرى خۇددى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئالېكسىچ-نىڭ مەقسىتىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى .

— مەن ساڭا ئەڭ چوڭ شان - شەرەپ — كىيىپفنى بويسۇندۇ-رۇشنى بەردىم !

بۇنى ئاڭلىغان گاۋرىلى ئالېكسىچ بىر پەسكە جىمىپ قالدى . نېمدەپ جاۋاب بېرىش كېرەك ؟ باتۇخاننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى خۇددى ئۇنىڭ يىپەك تون ئاستىدىكى ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىدى . لېكىن ، ئۇ ئاخىر زور كۈچ بىلەن ئۆزىنى تىنچلاندۇردى . سوكۇت ئىچىدە تاتار خانىنىڭ يەنە نېمىلەر-نى دەيدىغىنىنى كۈتتى .

باتۇخان داۋاملىق سۆزلىمەكتە . ئۇنىڭ تەلەپپۇزى يەنە يۇم-شاشقا باشلىدى :

— مەن ساڭا يات مىللەت نۆكىرى ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەڭ چوڭ شان - شەرەپنى بەردىم . سەن «مىڭ» بېشى ياكى «تۈمەن» بېشى بولىسەن . ئۇن مىڭلىغان چېرىكلەرگە قوماندانلىق قىلىپ ، ماڭا ۋاكالىتەن كىيىپفنى بويسۇندۇرىسەن . ئۇنى مېنىڭ دۆلەت تەۋەيىمگە كىرگۈزىسەن . مېنىڭ مۇقەددەس بوۋام — «دۇنيانى تىترەتكۈچى» ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ئۆتمۈشتىكى رەقىبىگە موڭغۇل قوشۇنىنىڭ سەردارلىقىنى بەرگەن . ئەمەلىيەتتە جاباتويون بوۋامنىڭ ئەڭ سادىق ۋە ئىشەنچلىك ياردەمچىسى بولۇپ قالغان .

— خاقان ، — دېدى گاۋرىلى ئالېكسىچ ، — نوۋگورودنى خىلۋەت ئورمان دېگەنلىكىمنى ئەپۇ قىلغايسەن . بىز ئىت ، ئېيىققا ئوخشاش ئىنىدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەملەردىن ئە-مەس ، بەلكى دۆلەت چېگراسىدا قەتئىي تۇرۇپ ، تاجاۋۇز قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

پىتىنغان دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشقا دائىم تەييارمىز. ئىسسىق قېنىمىز بىلەن ۋەتەننى قوغدايمىز . ۋەتەنىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن مۇشۇ پەيتتە ، كىنەزنىڭ سادىق بىر نۆكىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇ ئەزىز تۇپراققا تەلپۈنمەي قانداقمۇ تۇرالايمەن !

ئالىكسىچ يۈرەكلىك ھالدا باتۇخاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ، ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارىنى كۈتتى .

— راست دەيسەن ، راست ، — دېدى باتۇخان غودۇڭشىپ ، ئاندىن سۆبەتەي باھادىرغا قاراپ ، — سەن نېمە دەيسەن ، دانىشمەن ئۇستازىم ، — دېدى .

بۇ ياشانغان قولباش بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن :

— ساھىبقىران ، مەن سىنىڭ سوئالىڭغا سوئال بىلەن جاۋاب بەرمەكچىمەن . تارىخچىلىك ھاجى رەھىمدىن بىر سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن . ئەينى زاماندا ماخمۇت يالۋاچ ھاجى رەھىمنى ئۆرگەنچتىن سىنىڭ داداڭغا يوللىغانىدى . يالۋاچىنىڭ دانالارنىڭ داناسى جۇجىخانغا يازغان مەكتۇپىنى ھاجى رەھىم دەرۋىش ھاسىسىنىڭ دەستىسىگە يوشۇرۇۋېلىپ بارغانىدى . ئۇ مەكتۇپقا نېمىلەر يېزىلغانىدىكىن ؟

باش چۆكۈرۈپ قەلەم تەۋرىتىۋاتقان ھاجى رەھىم بۇ تۇيۇقسىز سوئالدىن چۆچۈگەندەك توختاپ قالدى . ئاندىن ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا :

— سەپەر ھاسامنىڭ دەستىسىگە يوشۇرۇنغان مەكتۇپقا : «بۇ ئادەمگە ئىشىنىڭلار» دېگەن ئۈچ ئېغىزلا سۆز پۈتۈلگەنىدى ، — دېدى .

باتۇخان كۆزىنى چىمىلدىتىپ ، دىمىغىدا كۈلدى ـ دە ، تەشۋىش ـ ۋەھىمىسىدە زوۋان سۈرمەي ئولتۇرغان ئالىكسىچقا :

— ساڭا «سىنىڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن» دېگەن ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بېرىمەن . ئەمدى ئۆزاقتىكى نوۋگورودقا قايتىپ ، كىنەزىڭ ئىسكەندەرگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلساڭ بولىدۇ .

— مېنىڭ سادىق ئەمرىم ئەرەبشاھ ھازىر شۇ يەردە ، ئۇ سىلەرنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلىرىڭلاردىن بىزگە ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ . گەرچە مەن يىراق يۇرۇشكە نىيەت قىلىپ بولغان بولساممۇ ، لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا نۇۋگورودتا . كېتىشىڭگە ئىجازەت قىلدىم . ئەمدى گۈزەل زىربىئەت خانىمنىمۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكىن .

ئالېكسىچ چېدىردىن چىقىشىغىلا ، باتۇخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، خۇددى قەپەسكە بەند قىلىنىغان ئېيىقتەك ئوخشاش بىر ئۇيان ـ بىر بۇيان مېڭىشقا باشلىدى . ئۇ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەيتتى ، بىردەم ئولتۇراتتى ، بىردىنلا سەكرەپ تۇرۇپ كېتەتتى . ئاخىر ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى :

— مەن ئۇرۇشنى كۆرۈۋاتىمەن… ئەنە كۆيۈۋاتقان شەھەرلەر… مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن سەرۋازلار تىغمۇ تىغ ئېلىشىماقتا . جەڭ ئاتلىرى خەندەكلەر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتمەكتە . سەرۋازلار ئات ئۈستىدىن قالپاقتەك ئۇچۇپ چۈشمەكتە . يات مىللەت فورمىسىدا كىيىم كىيگەن پىيادە چېرىكلەر قەيسەرلىك بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا… ئۇلار مېنىڭ تەڭداشسىز باھادىرلىرىمنىڭ كاللىسىنى كەسمەكتە . مەن كەلگۈسىدە ئادەم قېنىدىن دەريا ياسايمەن . ئىلكىمگە ئۆتكەن دۈشمەنلىرىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن… دۈشمەننىڭ ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزۇپ ، جەڭ ئاتلىرىمغا نەزىر قىلىمەن . قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان بارلىق ئاياللارنى ، قېرىلارنى ، باللارنى قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىمەن . گۈزەل يايلاق ، پايانسىز ئېتىزلارنى قۇدرەتلىك موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنىغا چەيلىتىپ پايخان قىلىمەن . ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ گىياھ ئۈنمەيدىغان بولىدۇ… ئەنە شۇ چاغدا ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بۇ جەڭ مەيدانىغا چاقىرىمەن . ئەسلى مەن ئۇلاردىن كۆپ ئۈمىد كۈتكەنىدىم ، لېكىن ئۇلار بۇ ئىشقا قىلچىمۇ ئېتىبار قىلمىدى ، مېنىڭ بۇ شانلىق يۇرۇشۇمگە قاتنىشىشقا ئۈندىمىدى . ئۇلار ھەقىقىي ھاماقەتلەر ! بولغۇسى بۈيۈك جەڭ پات

ئاردا كىمنىڭ ھەق ، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا ، ئۇلار مېنىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ «قوياش پاتقان ئەللەر»نىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇشقا قاتناشمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ...

باتۇخان ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ ، ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى . ئاندىن خۇش پۇراق چىقىدىغان تال چىۋىقىدىن بىرنەچچىنى گۈلخان ئۈستىگە تاشلىدى . ئۇ قول ئىشارىتى بىلەن تىلماچنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— سەن بۈگۈندىن باشلاپ بۇ رۇس سەركەردىنىڭ باسقان ھەربىر قەدىمىنى تەقىپ ئاستىغا ئالغىن ، ئۇنىڭ خىياللىرىنى بىلىشكە تىرىشقىن . دوست ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلا . مېنىڭ ئىنئام ۋە جازايىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ساڭا ئايان...

— بېشىم بىلەن ، — دېدى قورققىنىدىن چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن تىلماچ تىترىگەن ئاھاڭدا ، — لېكىن بۇ رۇس مېھمىنىنىڭ خىيالىدىكىنى بىلىش بەكمۇ مۈشكۈل ، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ھېچقانداق ئادەمگە تىنغان ئەمەس .

— بۇ ئىشتا زىرىبەت خانىم ساڭا ياردەم قىلىدۇ . ئۇ ھازىرغىچە پۈتۈن ئەھۋالدىن مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ كەلدى . سېنى ئالېكسېچ بىلەن بىرگە كېتىشكە بېكىتتۇق . خېتىڭنى كۈتىمەن . ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ ، — دەپ تاپىلىدى باتۇخان تېخىمۇ پەس ئاھاڭدا .

ھەرقانداق بىر ھېكايىنىڭ ياكى قىزىق بىرەر خەۋەرنىڭ باش ـ ئاخىرى بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . لېكىن ، بەزى ئىشلارنىڭ ئاخىرى كىشى ئويلاپ باقمىغان ھالدا تاسادىپىي بولىدۇ...

گاۋرىلى ئالېكسېچ خاقانىنىڭ نوۋگورودقا قايتىش ئىجازىتىگە نائىل بولغاندىن كېيىن ، خۇشاللىقى قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئۆز

تۇرالغۇسغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇنى ئەجەبلەندۈرگىنى ، بۇ قېتىم مۇھاپىزەتچى مۇلازىملارنىڭ بىرىمۇ ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقمىدى . تاتار گۈزىلىنىڭ چېدىرىدىمۇ ئادەمنىڭ سايىسى كۆرۈنمەيتتى . نېمە ئىش بولدىكىنە ؟

ئالپكىسچ ئەتراپنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ، توساتتىن بىر چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان زىرىئەت خانىمنىڭ مالاي ۋە چۆرىلىرىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئىككى تەرەپكە يەڭگىل تەۋرىنىپ ، پىغان بىلەن نالە قىلاتتى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ تېز سۆزلە !

— بىزگە غەزەپ ئوتلىرىنى چاچمىغايلا ! خىزمەتلىرىدە بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزنى ئەپۇ قىلغايلا ، رەھىم قىلغايلا ، رەھىم قىلغايلا ! بۇنداق ئېغىر بەختسىزلىكنىڭ سىلىنىڭ ۋە بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىماپتىكەنمىز ! ۋاي قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى .

— ئېنىقىنى ئېيتىڭلار ، نېمە بەختسىزلىك بولدى ؟

— بىزنىڭ ئارزۇلۇق گۈلىمىز ، بېغىمىزنىڭ بۇلبۇلى زىرىئەت خانىمنى ئوغرىلاپ كەتتى .

ئالپكىسچنىڭ كەينىدىن قالماي يۈرگەن تىلماچ مۇلازىملاردىن ئەھۋالنى تەپسىلىي سوراپ بىلگەندىن كېيىن ، ئالپكىسچقا چۈشەندۈردى :

— يىسون نوغاي ئىسىملىك ياش ، بەگزادە خان بولۇپ ، ئەتىدىن كەچكىچە لاغايلاپ يۈرگىنى يۈرگەن . ئۇ دائىم شىكارغا چىقىدۇ ياكى بولمىسا ياش خانزادىلەر بىلەن بىرگە مەيخورلۇق قىلىدۇ . ئۇ سىزنىڭ يوق ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرگە ئىككى قېتىم كەلگەن . ئات ئۈستىدە غېجەك چېلىپ ، زىرىئەت خانىمنى مەدھىيىلەيدىغان گۈزەل ناخشىلارنى ئېيتقان .

— بۇ ئەبلەخنى بىلىمەن ، دائىم ئاتقا مىنىۋېلىپ سايىقلىق قىلىپ يۈرىدۇ .

— ئۇ بۈگۈن يەنە ئاتلىق بۇ يەرگە كېلىپ ، زىرىئەت خانىم-

نىڭ چېدىرى ئالدىدا ناخشا ئېيتقان . ناخشىسىدا گۈزەل بىر جاناز-نىڭ قورقۇنچلۇق ئېيىقنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ ، مەھبۇسلۇق ئازا-بىنى چېكىۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئۇ گۈزەلنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۈيلىگەن . زىربىئەت خانىم ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چېدىردىن چىقىپ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن . ئۇ خانىمنىڭ بىلىكىدىن تۇتقان پېتى دەس كۆتۈرۈپ ئېگەرنىڭ قېشىغا ئالغان - دە ، قېچىپ كەتكەن . مۇلازىملار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن . ئۇلارنى ئەپۇ قىلىغايسەن !

مۇلازىملار يەنە باش قويۇپ نالە - پەرياد قىلىشقا باشلىدى .

— مەن سىلەرنى جازاغا تارتمايمەن ، ئىنئاممۇ بەرمەيمەن .

گاۋرىلى ئالېكسىچ مۇلازىملارغا زىربىئەت خانىمنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى ھېچكىمگە تىنماسلىقىنى تاپىلىدى . ئۆز كۆڭلىدە بۇ ئىشقا بەكمۇ ھەيران بولدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ خانىنىڭ بۇ نىيىتىدىن ئايرىلدى . دەھشەتلىك موڭغۇل ھۆكۈمرانىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئىلتىپاتىغا ياكى غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇ يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى جىددىي قىلىشقا كىرىشتى .

## توققۇزىنچى باب

# ئۇ ئاخىر ئۆيىگە قايتىپ كەلدى

خوتۇنىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزى ئۇنىڭ خىيالىدىن زادى كەتمەيتتى . گاھ ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن شادلانغان كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولسا ، گاھ ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتى . ئەنە ، ئۇلار خوشلاشقاندىكى مەنزىرە ، لەپىلدەپ يېغىپ تۇرغان قار ، ئۇ قارا بۇلغۇن جۇۋىسىنى كىيىپ ئېگىز باسقۇچ ئۈستىدە گۈللۈك ياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپ ، خوش دەپ قالدى . دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئالېكسېي ئىختىيارسىز ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ ، باسقۇچنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئايالىنىڭ ئىللىق ، لېكىن كۆچلۈك كىچىك قوللىرىنى يەنە بىر قېتىم تۇتتى . ئۇنىڭ قولىدىن گۈللۈك ياغلىقىنى ئالدى ـ دە ، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ قوّيۇندەك چېپىپ كەتتى . ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن قار ئۇچقۇنلىرى كۆككە كۆتۈرۈلدى . بۇ كۈننى ئۇ تالاي ـ تالاي قېتىم ئەسلىدى . يۇرەكنىڭ پارىسى بولغان بۇ ياغلىق ئۈستىگە چېكىلگەن باھار گۈللىرىدىن ئۇنىڭ دىمىغىغا خۇشبۇي ھىد ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ ھەر دائىم بۇ ياغلىقنى يوشۇرۇنچە يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ قاراپ تويمايتتى .

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك يارىنى ئۇنتۇمايدۇ ، ئۆزىنىڭ ليۇباۋاسىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ كاللىسىنى بىر مەھەل تاتار قىزى قايمۇقتۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى ، مەجنۇنلاردەك ئۇسسۇللىرى ، يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان بەللىرى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ چېدىرىدا ھېسابسىز نۇر-

www.uyghurkitap.com

غۇن ئىشرەت كېچىلىرىنى ئۆتكۈزدى ، جانانىنىڭ كىشى جىسمىنى ئېرىتىدىغان يېقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئېسىنى يوقاتتى . لالەرەڭ شارابلىرىدىن قانغۇدەك ئىچىپ ، كەيپ ئىچىدە غەمدىن خالاس بولدى .

ئەمدى ياخشى بولدى . ئۇ باتۇخانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە زىرىبئەتنى نوۋگورودقا ئېلىپ بارمايدىغان بولدى . ئۇ ئۆمۈرلۈك كىشەندىن قۇتۇلۇپ ، بىرئات ، بىرقامچا بىلەن قالدى . ئۆزىگە بالا ـ قازا ئېلىپ كەلگۈچى ئاپەتتىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپ ، ئەجەب ياخشى بولدى .

سەپەر مەنزىلى بەكمۇ ئۇزۇن ، ئۇنى قىينايدىغان خىياللارنىڭ چېكى يوق . ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە مۇلازىملىرى قوشۇلۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر كارۋان بولۇپ دەريانىڭ يۇقىرىغا قاراپ چىغىر يول بىلەن يىلاندەك تولغىنىپ كېتىپ باراتتى . پەقەت قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنلا ، قېلىن قار ئاستىدا ياتقان بىر يېزىغا كىرىپ تۈنەشتى .

زارىقىپ كۈتكەن بۇ كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى . مەنزىل ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئايان بولدى . ئەنە تونۇش دەرۋازا ، ياغاچ ئۈستىگە بېسىلغان مىستىن ياسالغان مۇقەددەس ھەيكەل . لەمپە ئۈستىدىكى قېلىن قار ، دەرۋازىنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشى ، ھويلىدا قاۋىغان ئىتنىڭ ئاۋازى ، زەنجىرنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى...

قېرى مۇلازىم خوجايىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ ، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئاچتى .

گاۋرىلى ئالېكسىچ سالماق قەدەم بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان چىرىمتال① دېرىزىلەر ، نەقىشلەنگەن يېشىل رەڭلىك دېرىزە قاپقاقلىرى ، ئۆگزە گىرۋەكلىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان چوكا مۇزلار ، ئۆگزىدىكى قېلىن قارلار ، ئېگىز باسقۇچلۇق كارىدور ۋە ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ھەيۋەتلىك ئويما قىزىل تۈۋرۈكلەر ئارىسىدىن

① ئۇ چاغلاردا ئەينەك بولمىغاچقا ، چىرىمتالنى دېرىزىگە قادايتتى .

بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك تەلمۈرۈپ قارايتتى .
باسقۇچلۇق سۇپا خۇددى ئايرىلىش كۈنىدىكىدەكلا تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىنى بىر كىشى كۆتۈل قويۇپ سۈپۈرگەن بولسىمۇ ، ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت قار يېغىپتۇ ، ئەجەبا ئۇنىڭ خوتۇنى كۆرۈنمەيدۇ… سۇپا ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ ماڭغان ئاياغ ئىزى تۇرىدۇ . گاۋرىلى ئالېكسىچ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، خوتۇنىنىڭ ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى ئويىنىتىپ ، ئېغىر ئىشىكنى ئېچىپ ، يالاڭئاياغ ھالەتتە يۈگۈرۈپ چىقىشىنى كۈتتى…
ئۆي ئىچىدىن قىزلارنىڭ ۋارقىرىغان ، پاراڭلاشقان خۇشخۇي ئاۋازى كەلدى .
ئەنە ، ئۇنىڭغا بالىلىق چاغلىرىدىنلا تونۇش بولغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . ئۆيدىن ئۈستىگە كۆك تاشلىق جۇۋا كىيگەن ، ئاپئاق باشلىق دەرۋازىۋەن ئاكسىن ئاسپوۋىچ چىقىپ كەلدى . ئۇ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ باسقۇچلۇق سۇپا ئۈستىگە كەلدى - دە ، بېشىدىكى قۇلاقچىنى ئېلىپ ، خوجايىنىغا ئېگىلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى .
— ياخشىمۇسەن ، قەدىناس دوستۇم ، — دېدى گاۋرىلى ئالېكسىچ ، — مېنىڭ خوتۇنۇم نەگە كەتتى ؟ ياكى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدىمۇ ؟ — ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ، چۇلۋۇرىنى ئالدىدىكى مالايغا تۇتقۇزدى .
بۇ چاغدا ، خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان مۇھاپىزەتچىلەر ھويلا ئىچىگە كىرىپ كەلدى . پۈتۈن ئەتراپنى كۈلكە ، قورال-لارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان جاراق - جۇرۇق ئاۋازى ، قىزغىن سالاملىشىشلار قاپلاپ كەتتى .
ئاكسىن ئاسپوۋىچ ئالېكسىچنىڭ كەينىدىن كېلىپ :
— مېنىڭ ئايال خوجايىنىم — سىنىڭ لىيۇباۋاڭ بۇ يەردە ئەمەس ! ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى موماي ساڭا ئېيتىپ بەرسۇن . مەن ئۆز تىلىم بىلەن ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن ، ھەي ! — بوۋاي ئۈمىدسىزلىك بىلەن قولىنى سىلكىدى . ئۇ ئۇش-

شاق قەدەملىرى بىلەن تەمتىلەپ يۇرۇپ ، ۋارقىرىشىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارىسىدىن ئارىلاپ ئۆتۈپ ، دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى .

ئۆي ئىچىدىن ياشانغان بىر موماي چىقىپ كەلدى . ئۇ بىر قولى بىلەن مۇرىسىگە يېپىنچاقلىغان كالتە جۇۋىسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ، يەنە بىر قولى بىلەن بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان رومىلىنى تۈزەشتۈرەتتى . ئۇ ھالسىز قەدەملىرىنى زورىغا بېسىپ ، باسقۇچتىن تۆۋەنگە چۈشۈپ يەرگە تىزلاندى ـ دە ، كۆزدىن ياش تامچىلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى :

— شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى ، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلمەيسەن ؟ نېمە ئۈچۈن خاقان ئوردىسىدا ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە يۈرۈپ ، ئۆمۈرلۈك خوتۇنۇڭنى ئۇنتۇپ قالىسەن ؟

گاۋرىلى ئالېكسىچ ئېڭىشىپ مومايىنىڭ پېشانىسىگە يېنىك سۆيدى ھەم ئىككى قوللاپ مومايىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى . ئاندىن پەس ئاۋازدا :

— مېنىڭ خوتۇنۇم زادى نېمە بولدى ؟ ئەھۋالىنىڭ راستىنى ماڭا ئېيتقىن ، — دېدى .

موماي بۇرنىنى تارتىپ ، كەڭ يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئۇ ماڭا بىرقانچە قېتىم يىغلاپ تۇرۇپ : «مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم ، ئېرىم خاقان ئوردىسىدا بىر ئايالنىڭ كەينىگە كىرىپ ، مېنىڭدەك بىر بەختسىز خوتۇنىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ . ئەمدى مەن بۇ جاھاندا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمەن ، ئۆلگىنىم ياخشى . ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالاي دېسەم خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن… » دېگەنىدى . ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇ خۇددى مەڭگۈگە ۋىدالاشقاندەك مېنى قاتتىق قۇچاقلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى ۋە باللارغا ياخشى قارىغىن ، دەپ تاپىلاپ قويدى ـ دە ، كېچىدە ئاتقا مىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى .

موماي سۆزلەپ تۇرغاندا ، باشقا ئايال خىزمەتكارلار ۋە مالايلار سۇپا ئۈستىگە يىغىلغانىدى . ئۇنىڭ بالىلىرى — ئوغلى ۋە قىزىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشتى . كۆپچىلىك بىرىنىڭ سۆزىگە بىرى يول بەر-مەي ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەيتتى ، بەزىلىرى كۆز يېشى قىلاتتى . گاۋرىلى ئالېكسىچ غولچىنى كەڭ يېيىپ بالىلىرى-نى باغرىغا باستى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ :

— بولدى ! بولدى ! بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ سۆزلەۋەرمەڭلار ! بارىنەنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى مەن بىلىمەن . ئەتە مەن ئۈچ ئات قوشقان قوڭغۇراقلىق هارۋا بىلەن بېرىپ بارىنەنى ئېلىپ كېلى-مەن . هەممىڭلار قايتىپ ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار . قىممەتلىك مېهمانلارنى كۈتۈڭلار . مېنىڭ مۇهاپىزەتچىلىرىمنى ياخشى تويغۇ-زۇڭلار ، — دېدى .

كۆپچىلىك تارقاپ كېتىشتى . گاۋرىلى ئالېكسىچنىڭ ئالدىدا بويى ئېگىز كەلگەن ئايال غوجىدار نىكال نىكاتورووۋنالا قالغانىدى . ئايال غوجىدار ئۇنىڭ يېڭىنى تارتىپ تۇرۇپ ، ئاستاغىنە :

— خوجايىن ، مەن سىلىگە ئايال خوجايىننى نەدىن ئىزدەيدى-غانلىرىنى ئېيتىپ بېرەي . مەن هەممىدىن خەۋەر تاپتىم . باشتا ئۇ پېرىخوننىڭ يېنىغا بارغان . ئايال پېرىخون ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇقمايمەن . ئاخىر ئۇ موناستىرغا بېرىپتۇ . چېچىنى چۇشۇرۇپ ، پاك موناخ بولۇشنى خالاپتۇ . ئۇنىڭ بۇ يېشىدا موناخ بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش... چاچنى چۇشۇرۇش ! بۇ چاقچاقمۇ ؟ قارىسىلا ، ئەھۋال قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ! بۇ ئىشنى پەقەت ئۆزلىرىلا ئوڭشىيالايدىلا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# بەختسىزلىك

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان گاۋرىلى ئالېكسېچنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان ئىدى . مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتىيۇ ، لېكىن سوئال سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى .

— قارىچۇقىمىز بەكمۇ غەمكىن بولۇپ كەتتىغۇ ! ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق ، ئۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئاتقا ئارتىپ ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆيگە كەلسە ، خوتۇنى ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقمىغاندىكىن ، شۇنداق بولىدۇ - دە .

— ئۇ كۈن بويى ئۇستەلدىن قوپماي هاراق ئىچكىنى ئىچكەن .

— بارىنە زادى قەيەرگە كەتكەندۇ ؟

— نەگە كېتەتتى ، ساڭا ئېيتسام ، ئۇ بىرى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ .

— راستمۇ ؟ ئويۇنچى قارىقاش يىگىتلەرنىڭ بىرى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنمىدۇ يا ؟

— ئۇنۇڭنى ئۆچۈر ! قالايمىقان سۆزلىگۈچى بولما !

— بۇ مەن تاپقان گەپ ئەمەس ، بارىنىنىڭ ئايال ئاشپىزى دەپ يۈرىدۇ .

— ئايال ئاشپەزنىڭ دەپ يۈرگىنى باشقا بىر گەپقۇ . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، بارىنە موناستىرغا بېرىپ ئىبادەت قىلىۋاتسا كېرەك . ئايال خوجىدارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، بارىنە چېچىنى چۇشۇرۇپ موناخ بوپتۇدەك . بەزى گەپلەرگە قارىغاندا ، ئۇ ئالېكسېچنى شۇنچە كۈتسە كەلمەپتۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، خاقان ئوردىسىدا بىر ئايالنىڭ

كەينىگە كىرىپ يولدىن چىقىپتۇ ، دېگەنلەرنى ئاڭلاپ زادىلا چىدى-
يالماپتۇ . يۈرىكى ئەلەم دەستىدىن پارە - پارە بوپتۇ . ئاخىر
موناستىرغا كىرىش قارارىغا كەپتۇ . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئەقلى-
دىنمۇ ئازغان ئوخشايدۇ .
— توغرا ! ئۇنىڭغا بىرەرى قەست قىلىپ مەجۇن بېرىۋەتتىمۇ
يا ، بارىنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس .
— ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ! ئۇ ئاچچىق ھەسرىتىدە شۇنداق
قىلغان . ئويلاپ باقمامسىلەر ، بىزنىڭ بارىنەگە ئوخشاش ئاق كۆ-
ڭۈل ، ئەقىللىق ۋە گۈزەل بىر ئايالغا نومۇسنى بىلمەيدىغان بىر
خوتۇن كۈنداش بولسا ، ئۇ قانداقمۇ چىداپ تۇرالايدۇ ؟
— ئۇ مۇتتەھەم خوتۇن قەيەردىكەن ؟ ھەي ئۇنداق
ئىش يوقتۇ ؟
— بار ئىكەن . ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ-
تۇ . بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەر بولمامدۇ…
— مەيلى قانداق بولسۇن ، تەرىقەت يولىغا مېڭىش چاقچاق
ئەمەس - دە ! چاچنى چۈشۈرۈپ موناخ بولغان ئادەمنىڭ بۇ يولدىن
قايتمىقى مۇمكىن ئەمەس ! •
بىر ئازدىن كېيىن تالاش - تارتىش قىلغۇچىلار جىمىپ قال-
دى . بىرقانچە مۇلازىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ، مۇھاپىزەتچىلەرنى بۇيار
قوبۇلخانىغا چاقىرىۋاتىدۇ ، دەپ ئۇقتۇردى .
مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەممىسى تۇگەل كېلىپ بولمىغانىدى .
بەزىلىرى ئۆيلىرىگە كەتكەن ۋە بەزىلىرى ئۇزۇن سەپەر ھاردۇقى
بىلەن تېخىچە تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغانمىغانىدى .
مۇھاپىزەتچىلەر كىيىملىرىنى تۈزەپ ، چاچلىرىنى تاراپ ،
بەلۋاغلىرىنى چىڭىتىپ باسقۇچ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئۆزلىرىگە
ئەزەلدىن تونۇش بولغان قوبۇلخانىغا كىرىشتى . قوبۇلخانىنىڭ ئى-
چى بۇرۇنقىدەكلا بېزەلگەنىدى . نەقىشلىك كۈمۈش رامكىغا ئېلىن-
غان مۇقەددەس مەبۇدنىڭ رەسمى بۇلۇڭغا ئېسىلغان ، ئىككى يانغا
تامغا يېقىن قىلىپ توق قىزىل رەڭلىك موۋۇت يېپىلغان ئۇزۇن

دىۋان قويۇلغان، مۇز تۇتقان دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۇزۇن ئۇستەل ئۇستىگە سېلىنغان قەدىمكى ئۆرنەك بويىچە ئىشلەنگەن داستىخان ئۇستىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئەتىگەندە ئۇ بارلىق خىزمەتكارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىنلا، ئالېكساندىر يارۇسلاۋىچنىڭ ئالدىغا بېرىپ، باتۇخان بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلماقچى بولدى. كېيىن كىنەزنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىغا شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئىككى كۈنگىچە نوۋگورودقا قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ، سەپەر ھاردۇقىنى چىقىرىۋالالايتتى.

ھازىر ئۇ چاپانمۇ كىيمەي، كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنىمۇ ئەتمەي، ئېيىق تېرىسىنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان رەئىس ئورۇندۇقىدا يالاڭ ئاياغ ئولتۇراتتى، ئوچۇق مەيدىسىدە كۈمۈش زەنجىرلىك بۇت يالتىراپ تۇراتتى. رەڭگارەڭ بويالغان شاۋرۇندىن تىكىلگەن تاتار ئۆتۈكى دىۋان ئۇستىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ چوڭقۇر — چوڭقۇر تىنىپ ھاسىرايتتى. قوبۇلخانىغا كىرگەن مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ بىر — بىرلەپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىشلىرى تۈگىگۈچە ئۇلارغا غەمكىن نەزىرى بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەل قىرىدا ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان قەدەھ ۋە شاراب كۈپى تۇراتتى.

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولغاي، گاۋرىلى ئالېكسىچ، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقى بويى ئېگىز، يېشى چوڭراق، قىزىل ساقال كىشى گاۋرىلىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ. گاۋرىلىنىڭ رەڭگى بۇرۇنقىدەكلا جەزبىدار بولسىمۇ، لېكىن خېلى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇرۇپ — تۇرۇپ تىلى بىلەن گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قوياتتى.

— يىگىتلەر، ياخشىمۇسىلەر! — ئۇ خۇددى ئېغىر ئۇيقۇدىن ھازىرلا ئويغانغاندەك ئەندىككەن ئاھاڭدا سۆزلىدى، — كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار. سىلەر بىلەن كېڭەشىدىغان ئىش بار. ھەي، مالاي!



www.uyghurkitap.com

يەنە بىر كۆپ ھەسەل كەلتۈر ، بىرنەچچە چىنە ئەكەل ، كىچىكىنى ئەمەس ، چوڭىنى ئەكەل .

مالايلار يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ تام ئىشكاپتىكى باكاللارنى ۋە چەت ئەلنىڭ گۈللۈك چىنىلىرىنى ئالدى .

ئالېكسىچ بىر مالايغا گۈللۈك پايتىمىنى پۇتىغا يۆگەتكۈزۈپ ، ئاندىن ئۆتۈكىنى ئۆزى كىيدى . دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، يەنە بىر مالاي يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ چاپىنىنى كىيگۈزدى ، ئاندىن ئۇ بەلۋېغىنى مەھكەم باغلاپ ، چاچلىرىنى تاراپ ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ قايتىدىن نەقىش ئويۇپ ئىشلىگەن بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى . ئۇ بېلىنى رۇسلاپ ، ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن مۇھاپىزەت-چىلەرگە قاراپ تىكىلدى . ھازىر ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ئاشۇ بىر جۈپ كۆزى ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ئۇزۇن كېچىسىگە ئاشۇ بىر كۆپ شارابنىڭ ھەمراھ بولغانلىقىنى دەلىللەيتتى .

— كوزما شالۇخ نەگە كەتتى ؟ ھەي ، كوزىيا ! — گاۋرىلى بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھويلىدا يۈرگەن كىشىمۇ بىمالال ئاڭلىيالايتتى .

— مەن بار ، مانا مەن ، — كوزما جاۋاب بەرگەچ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ قوبۇلخانىغا يۈگۈرۈپ كىردى ، — مەن ھازىرلا سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇم ، ھازىر بېشىم يەڭگىللەپ سەگىپ قالدى ، — ئۇ خۇشاللىق بىلەن تەزىم قىلىپ ، ئالدىراپ بېرىپ ئىشىك ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى - دە ، بارىنىغا تىكىلىپ قاراپ ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چىرايىدىن بىلىۋېلىشقا تىرىشتى .

مالايلار ئۈستەل ئۈستىگە يېمەكلىك ، ھەسەل ۋە قويۇق چەت ئەل شارابلىرىنى كەلتۈرۈپ ، باكاللارغا ۋە چىنىلەرگە شاراب قۇ-يۇپ بولغاندىن كېيىن ، گاۋرىلى ئۇلارغا :

— بولدى ، ھەممىڭلار بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار ، ئىشىكنى ھىم يېپىڭلار . ئارىمىزدا كىم ياش بولسا ، شۇ باشقىلارغا ھەسەل قۇيۇپ بەرسۇن !

www.uyghurkitap.com

مۇھاپىزەتچىلەر باكاللارنى ، چوڭ چىنىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇ-رۇپ بارىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى :

— دوستلار ، سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرتتىم ، — ئالېكسىچ يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلغاندىن كېيىن ، كەڭ ئالىقىنى بىلەن كۆزىنى تۇتۇپ سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى .

— نېمىسلار بېسىپ كىرگەن بولمىسۇن يەنە ؟ — مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى .

— توغرا ، بىز بۇ ئىشنى ئالدىقاچان مۆلچەرلەپ يەتكەن ، — ئالېكسىچ قولىنى ئاستا چۇشۇرۇپ جاۋاب بەردى ، — نېمىسلار داۋاملىق يېزىگە تەھدىت سالماقتا ، لېكىن ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىدىغان كۈنلەرگە ئانچە ئۇزۇن قالمىدى .

— توغرا ، ئەنە شۇ چاغدىلا بىز ئۆزىمىز بەگ ، ئۆزىمىز خان بولالايمىز ، — دېدى كوزىيا خۇشاللىق بىلەن ۋارقىراپ .

— ئۆزىمىز بەگ ، ئۆزىمىز خان ، — دېيىشتى باشقىلارمۇ .

— توختاڭلار ! مېنىڭ ھازىر دېمەكچى بولغىنىم پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش . بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ھىيلىگەرلىكىڭلار كېرەك ، — ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇپ قويدى ، — بۇنىڭغا بىر ئاز قۇۋلۇق كېرەك ! چۈنكى ھەممىمىز ۋاسكى بوسلايېف[1] نىڭ ئەۋلادلىرىمىز .

— توغرا ، توغرا ! — مۇھاپىزەتچىلەر مۇنازىرە قىلىشتى ، — بىز ساڭا ئەگىشىمىز ، بىز قۇۋلۇق قىلىشنى بىلىمىز... بىراق سېنىڭ نېمە توغرىسىدا ئېيتىۋاتقانلىقىڭنى بىلسەك ياخشى بولاتتى .

— نېمە ، سىلەر تېخى ئويلاپ يېتەلمىدىڭلارمۇ ؟ كوزىيا ، سەن دەپ باققىنا ؟

[1] ۋاسكى بوسلايېف — نوۋگورودلۇقلارنىڭ قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان ، قورقماس باتۇر ، ئەركىنلىكنى قەدىرلەشتە داڭق چىقارغان .

— مىنىڭچە ، سەن بىزنى شىكارغا ئېلىپ چىقمايدىغانسەن ؟
بىر قوڭۇر رەڭلىك كىچىك تۈلكە قېچىپ كەتتى ، ئۇ ئادەتتىكى تۈلكە ئەمەس . ئۇنىڭ كۈمۈش رەڭلىك ئۇزۇن موي بار .
— توغرا ، كوزىيا ، دەل تاپتىڭ . بۇ بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز . ئەڭ مۇھىمى ، بۇ ئىشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ . بۇ قىممەتلىك تۈلكىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن باشقىلار ئاللىقاچان قول سالدى . بۇ ئوۋچىلارنىڭ قولىدىن ئۇنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك…
— بىز چوقۇم تۇتۇپ كېلىمىز ، چوقۇم ! — دەپ ۋارقىراشتى مۇھاپىزەتچىلەر . ئۇلار ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ ، ئالېكسىچنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق بىلگەنلىكىنى ئىشارەت قىلىشتى .
— بىز ئېيىقمۇ ئوۋلىغان ، بۆرىمۇ ئۆلتۈرگەن… بىر تۈلكىنى تۇتۇش بىزگە نېمىتى .
گاۋرىلى ئالېكسىچ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىككى قولى بىلەن ئۇستەلگە تايىنىپ تۇرۇپ ، پەس ئاۋازدا ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئېلان قىلدى :
— دىققەت ، هازىردىن باشلاپ هېچكىمنىڭ ئۆيگە بېرىپ خوتۇن - بالىلىرىنى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ . ئەگەر سىلەردىن كىچىككىنە بىر شەپە سېزىلىپ قالسا ، ئەتە پۈتۈن نوۋگورود ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ . هەرقايسىڭلار مېنىڭ ئېغىلىمدىكى ياخشى ئاتلاردىن بىردىن تاللىۋېلىپ ، ئېگەرلەڭلار ، بىز دەرهال هەرىكەت باشلايمىز .

www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

## دەرد ـ ئەلەم

نوۋگورودتىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا ئېقىنى تېز ، دولقۇنلۇق ۋالخوۋ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ قىيا تاشلىق قىرغىقىدىكى قېيىنزارلىقتا «مۇقەددەس ئانا» دېگەن بىر موناستىر بار ئىدى . ئۇ دەسلەپتە يۇڭ سودىگىرى ئاكا ـ ئۇكا نازدىرىلىنلار ئۆتمۈشتە نازدىرىلىنلار نەسەبىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ ئۆتكەن پىراسكوۋى دارمىدولىتوف ئاننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تاش بىلەن قوپۇرۇپ ياسىغان چېركاۋ ئىدى . ئۇنى «چاقماق تاش» چېركاۋى دەپمۇ ئاتىشاتتى . نازدىرىلىنلار جەمەتى چەت ئەللەرنىڭ پايتەخت شەھەر-لىرىدە چوڭ كۆلەمدە يۇڭ سودىسىنى قىلاتتى .

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ چېركاۋ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىل-دى . چېركاۋدا ئىستىقامەت قىلغۇچىلار ئاساسىي جەھەتتىن نوۋ-گورود ئايمىقىدىن كەلگەن ئاياللار ئىدى . كېيىنچە ، خەلق ئارىسى-دا مۇنداق بىر ئەقىدە شەكىللەنگەنىدى : مۇقەددەس ئانىغا ئىخلاس-مەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلغان ئاياللىڭ كېسىلى مۇقەررەر ساقىيى-دۇ . ئۇ ئايال غەم ـ قايغۇدىن خالاس بولىدۇ . ھەممىدىن خەۋەردار مۇخلىسلارنىڭ ئېيتىشىچە ، مۇقەددەس ئانا ھايات ۋاقتىدا جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان . 13 پەرزەنتنى تۇغۇپ چوڭ قىلغۇچە كۆر مىڭ قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن . شۇڭا ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، جاپا ـ مۇشەققەت ، دەرد ـ ئەلەم چەككەن ئاياللارغا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلارمىش .

ئاكا ـ ئۇكا نازدىرىلىنلار يالغۇز بۇ چېركاۋنىلا سېلىپ قال-

ماستىن ، يەنە شەمشاد ۋە قارىغايدىن مۇكەممەل بىر ئايالالار موناس-
تىرىنىمۇ سالغانىدى . بۇ موناستىرنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ئىبادەتخا-
نا ، ياتاقلار ، ئاتخانا ، ئىسكىلات ، مۇنچا ، گەمە ، بېلىق ئىسلايدىغان
ئۆي ، ھەتتا موناستىرنىڭ بېلىقچى كېمىلىرى توختايدىغان كىچىك
پىرىستانىمۇ بار ئىدى .

ئايالالار موناستىرىنىڭ باشلىقى نوۋگورودتىكى چوڭ چىركاۋ-
نىڭ باش پوپى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى . بۇ يەردە تۈزۈم ئىنتايىن
قاتتىق ئىدى . كۈلۈشكە ، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە رۇخسەت
قىلىنمايتتى . خۇدانىڭ ئىرادىسىگە شەرتسىز بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ-
دىن قورقۇش يولغا قويۇلغاچقا ، بۇ ئورۇندىكى ئايال موناخلار ۋە
ۋىلادىمىر ئايمىقىنىڭ يىراق - يېقىن يېزىلىرىدىن كېلىدىغان
مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى مۇستەھكەم تىزگىن ئىلكىدە ئىدى . ئۇ-
لار موناستىرنىڭ تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى ، مال - مۈلۈك-
لەرنى ئاسرايتتى ، ھەرقانداق بۇزدى - چاپتى ئىشلارغا يول قويۇل-
مايتتى . تۈزۈمگە بىپەرۋالىق قىلغانلار بولسا قاتتىق جازاغا تارتى-
لاتتى . موناستىرنىڭ بابكار دۇكانلىرى ، كەشتە تىكىدىغانلار ، مۇ-
قەددەس ئىلاھلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىدىغان رەسساملار ، ھەسەل
ئومارتىلىرى ، ئالمىلىق ، گىلاسلىق باغلاردىكى ئەمگەك ئەھۋالل-
ىرى ھەر دائىم نازارەتچىلەر تەرىپىدىن نازارەت قىلىناتتى .

بۈگۈن ئەتىگەنلىك ئىبادەتتىن كېيىن ياش مۇخلىس فىكلۇشا
ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ موناستىر باشلىقى يېۋفىمىيانىڭ ئىشخانىسى-
غا يۈگۈرۈپ كىردى .

— بۈگۈن قاراۋۇل مىخىچ دەرۋازىنى ئېچىشىغىلا دەرۋازا
ئالدىدا تۇرغان بىر ئاتلىق كىشىنى كۆرۈپتۇ . ئۇ ئەسلىي ياش بىر
بارىنە ئىكەن ، ئۇ راستتىنلا بارىنە ئىكەن ، ئىنتايىن ياش ، قۇلىقى-
دا مەرۋايىت سىرغا بار ئىكەن . ئۇنىڭ ياغلىقى بېشىدىن سىيرى-
لىپ كەتكەنىكەن ، بوستان چاچلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ .
دەرۋازىغا ئۇدۇل كېلىۋاتقانىكەن ، ئۇنى كۆرۈپ مىخىچ قورقۇپ
كېتىپ ، دەرھال دەرۋازىنى تاقىۋاپتۇ . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، بۇ بارىنە

ئىنتايىن پەرىشان ئىكەن . ئېھتىمال ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى ئۆلتۈرۈش-
كە جەزم قىلغان بولسا كېرەك . بولمىسا ، بۇ گۈزەل ياش ئايالنىڭ
قوللىرى نېمە ئۈچۈن توختىماي تىترەيدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئەلەملىك
كۆز ياشلىرىنى توختىماي تۆكىدۇ... ئۇنىڭ بىلەن ئىككى دېدەكمۇ
بىرگە كەلگەنىكەن ، ئۈچىلىسى خۇددى تاتارلارنىڭ ئەسىر لاگېرى-
دىن قېچىپ چىققاندەك ئاتقا مىنىشكەنىكەن .

— ئۇلار ھازىر قەيەردە؟ ئىچكىرىگە كىردىمۇ - يوق؟

— ياق ، ئۇلار تېخى كىرمىدى . يېۋفىمىيا ئانا ! مىخىچ ئۇلار-
نى كىرگۈزمەيۋاتىدۇ . ئۇنىڭ دەرۋازىنى زادىلا ئېچىپ بەرگۈسى
يوق .

— ھەي ، بۇ ئەخمەقنى قارا !

— ئۇ دەرۋازىنى ئاچقىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ . مەن ئۇنىڭغا : «مى-
خىچ ، دەرۋازىنى ئېچىپ بارىنەنى كىرگۈزۈۋەت ، قاراپ باققىنا ،
ئۇ چارچاپ ھالىدىن كېتەي دەپتۇ» دېدىم . ئۇ قوللىرىنى يېيىپ :
«مۇبادا بارىن ھازىرلا كەينىدىن قوغلاپ كەلسە ، بالانىڭ چوڭىغا
قالىدىغان گەپ ، مەن ئۇنداق ئىشەككە كۈچى يەتمىسە ئۇر توقۇمى-
نى ، دەيدىغان ئەرلەردىن تالايىنى كۆرگەنمەن» دېدى . ئۇ يەنە :
«موناستىر باشلىقى كىرسۇن دەپ بۇيرۇق بېرىدىغان بولسا ، مۇخ-
لىسلار ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالسۇن ، مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشالماي-
مەن» دەپ ، ۋالخوۋ دەرياسىنىڭ بويىغا بېلىق تۇتقىلى كەتتى .

— ھوي ئالۋاستى قېرى ، ئۈچىغا چىققان ئەخمەق ! سەن
يۈگۈرۈپ بېرىپ پاۋېلا ئانىغا مېنى ئېيتتى دېگىن ، دەرھال دەرۋا-
زىنى ئاچسۇن ، ئۇ بارىنەنى يالغۇز ئۆيىدە قوبۇل قىلسۇن . ھە ، يەنە
دەرھال مۇنچىغا ئوت ياقسۇن !

فېكلۇشا يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى . موناستىر باشلىقى
بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىيىنىپ - جابدۇنۇۋالدى . بىر ئازدىن
كېيىن ئۆزىنىڭ دەبدەبىلىك ھەيۋىسى بىلەن بارىنەنى قوبۇل قىلىش
ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى .

موناستىرغا كىرگەن ياش بارىنە موناستىرنىڭ خوجىدارى پا-

ۋىلانىڭ يالغۇز ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتى. ئاندىن پاۋىلا ئۇنى پار مۇنچىغا ئەكىرىپ يۇيۇندۇردى. كۋاس مۇنچىسىغا چۆمۈلدۈردى. ئۇلار يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن، پاۋىلا موناستىر باشلىقىغا، ياش بارىنەنىڭ بەدىنىنى يوشۇرۇن تەكشۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق يارا ياكى تاتۇق ئىزى يوق ئىكەنلىكىنى، يۇغۇچ ئارقىلىق بارىنەنىڭ يەلكىسى، كۆكرىكى قاتارلىق ئورۇنلارنى سىلاپ كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ غۇنچە بويى بەدىنىنىڭ ساغلام ۋە يۇمران ئىكەنلىكىنى، ھامىلىدارلىقنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى سېزىلمىگەنلىكىنى، بۇ خانىمنىڭ تۇرمۇشى مۇھەببەت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇ: «مېنى موناستىردا ئېلىپ قېلىڭلار، مەن چېچىمنى چۈشۈرۈپ مەڭگۈلۈك موناخ بولىمەن» دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— سەن نېمىدېگەن سەمىمىي ئادەم ـ ھە! — موناستىر باشلىقى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى، — مۇبادا ئۇ بىزنىڭ موناستىرغا رەسمىي قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز چوڭ بايلىق، يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولاتتۇق. بىزنىڭ موناستىرىمىز ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان زېمىن، تېرىلغۇ يەر، يايلاق قاتارلىق مەڭگۈلۈك تەئەللۇقاتلارغا ئىگە بولاتتى. بارىنە ئۆزىنىڭ ئېسىگە كېلىشتىن بۇرۇن دەرھال ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ئىشىنى پۈتتۈرۈش كېرەك. فىكلۇشا، سەن بېرىپ داسفىيا پوپنى چاقىرىپ كەل، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان كېلىشىۋالاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## ئون ئىككىنچى باب

# موناستىردا

لىۋباۋا چىركاۋدا «ئىنجىل» ئوقۇيدىغان ئۇستەل ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تامدا مۇقەددەس ئانىنىڭ رەسمى ئېسىقلىق ئىدى . لىۋباۋانىڭ يېنىدا يەنە ياشانغان بىر ئايال موناخ قولىدا ئۇزۇن قارا پەرىجە ۋە قارا لىچەك تۇتقان هالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى . ياش بارىنە موناخ بولۇش رەسمىيىتىدىنى ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ كىيىملەرنى كىيمەكچى . هازىر ئۇنىڭ سۇس بىغىررەڭ ئۇزۇن چاچلىرى يېقىملىق يەلكىسىنى بىمالال يېپىپ تۇراتتى . موناخ بولۇش رەسمىيىتى ئادا بولغاندىن كېيىنلا ، بۇ گۈزەل چاچلار قىرقىلىپ ، تاش يېيىتىلغان مۇزدەك يەرگە چۈشەتتى .

چىركاۋ ئىچىدە پەقەت بىرلا مۇخلىس بار ئىدى . لىۋباۋانىڭ قوللىرى ئۆزىگە بويسۇنمىغان هالدا تىترەيتتى . ئۇ هېسسىياتسىز نەزىرى بىلەن بوۋاق كۆتۈرۈۋالغان مۇقەددەس ئانىنىڭ رەسىمىگە تىكىلىپ قاراپ ، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ دۇرۇت ئوقۇيتتى . تۇرۇپلا چۈشىنىكسىز ، بىر - بىرىگە باغلانمايدىغان سۆزلەر بىلەن تىلاۋەت قىلاتتى : «ئەي خۇدا ! مېنىڭ ئىرادەمنى چىڭىتقايسەن ! مۇقەددەس ئانا ، خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىشلەشىمگە ياردەم قىلغايسەن ! ئىرادەمنى بوشاتقۇچى شەيتانلارنى مەندىن نېرى هەيدىگەيسەن ! »

هەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك موناستىر باشلىقى يېۋفىميا دۇرۇت ئوقۇۋاتقان لىۋباۋانىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تۇردى . ئۇنىڭ قولىدا

ئالتۇن دەستىلىك ئۇزۇن ھاسا بولۇپ، قاپقارا قاشلىرىنى توختىماي ھىمىرىپ تۇراتتى، ئۆتكۈر كۆزلىرىگە قايغۇ ـ ئەلەم ۋە چوڭقۇر سوكۇنات يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ئاشۇ نەزىرى بىلەن تۇرۇپ غۇنچە بوي بارىنەگە قادىلىپ قارىسا، تۇرۇپلا داسىفىيا پوپقا قارايتتى. داسىفىيا پوپ ئېگىشىپ تۇرۇپ بارىنەنىڭ قولىقىغا تەۋرەنمەس تەلەپپۇز بىلەن ۋەز ئېيتاتتى:

— دۇرۇت ئوقۇغىن، بالام... سەن ماڭا ئەگىشىپ قەدىمدىن ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان دۇئانى تەكرارلا، «مەن خۇدانىڭ گۇناھكار قۇلى...»

بارىنە خۇددى پوپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك، قېنى قاچقان، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، چۈشىنىكسىز باشقىچىلا سۆزلەرنى قىلاتتى.

موناستىر باشلىقى يانغا بۇرۇلۇپ، كۈمۈش قوشۇقتىكى ئىسسىق ھاراقنى پەتنۇس بىلەن كۆتۈرۈپ كەلگەن ئايال موناخقا جىددىي شەرەت قىلدى. ئايال موناخ دەرھال نازارەتچى پوپ داسىفىيانىڭ يېنىدىكى ياردەمچى پوپنىڭ ئالدىغا كەلدى. يوغان، قىزىل يۈز، ئۇزۇن ساقال كىشى كۈمۈش قوشۇقنى لېۋباۋانىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ، پەس ئاۋازدا:

— بالام، بۇ قوشۇقتىكى ئىسسىق ھاراقنى ئىچكىن، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالىسەن، — دېدى.

مۇناجات ئېيتىدىغانلار تىزىلدى. ئايال موناخلار گۈزەللىكنى مەدھىيىلەيدىغان مۇناجات ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. مۇناجاتتا بۇ دۇنيانىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋە ۋاپاسىزلىقى توغرىسىدا سۆزلىنەتتى.

«تېپتىنچ دۇنيا، مۇقەددەستۇر شان ـ شەرەپ، قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇردى، لېكىن قىزارماقتا كەچكى شەپەق» ئاياللارنىڭ زىل ئاۋازىدا ئېيتىلغان بۇ مۇناجات خۇددى يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆككەندەك ئىشىتىلەتتى. قاتار تىزىلغان بۇ ئايال موناخلار كىشىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ مىسكىن ۋە قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى. موناخلار مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش قارا كىيىم

كىيىپ ، ئىخلاس بىلەن كرېست سىزاتتى . ئىغىر سوكۇنات ئىچىدە بىردە يەرگە تىزلانسا ، بىردە ئورۇنلىرىدىن تۇراتتى .

دەل مۇشۇ پەيتتە ، مۇخلىس فىكلۇشا ئايال موناخلارنىڭ ئارىسىدىن خۇددى چاشقانغا ئوخشاش غۇيۇلداپ ئۆتۈپ ، موناستىر باشلىقىنىڭ يېنىغا كەلدى . باشلىق باشتا ئۇنىڭغا كايىغاندەك ئالىيىپ قارىدى ، بىراق ئۇنىڭ خاۋاتىرلىنىپ تۇرغان ئەپتىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ھەيۋەتلىك قەددىنى بىرئاز پۈكۈپ ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى .

— كېلىشتى ! ناھايىتى نۇرغۇن يىگىتلەر كەلدى··· ھەممىسى ئاتلىق··· بەزىلىرى دەرۋازىنى ئۆكتەملىك بىلەن قېقىۋاتىدۇ ، قالغانلىرى بولسا پۈتۈن موناستىرنى قورشىۋالدى . پاۋىلا دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ ئۇلارغا : «بۇ يەردىن يوقىلىڭلار !» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ . ئۇ مېنى سىزگە ئەۋەتتى . ئەمدى قانداق قىلىمىز .

— ئۇنىڭغا ئېيتقىن ، دىنىمىزنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرسۇن . بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىزگە يار - يۆلەك بولىدۇ . گۇناھكار ئىبلىسلار ھەرگىز موناستىر ئىچىگە كىرەلمەيدۇ .

بۇ خەۋەر خۇددى گۈر قىلىپ سوققان شامالدەك رەت - رەت تىزىلغان ئايال موناخلار ئارىسىغا تارقىلىپ ، ئۇلارنى يەڭگىلگىنە تەۋرىتىۋەتتى . لېكىن ، ئۇلار دەرھال تەقۋادارلىقتا قايتتى . ئاردىلىقنى ئېغىر سوكۇنات قاپلىدى . فىكلۇشا چىقىپ كەتتى . موناستىر باشلىقى زەردە بىلەن بېشىنى چايقاپ ، داسىفىياغا نەشتەردەك قادىلىپ :

— تېز بولۇڭ ! — دېدى - دە ، دەرھال يېنىغا بۇرۇلۇپ ، بويى پاكار ، سېمىز ئايال موناخقا پەس ئاۋازدا ، — شامنى كەلتۈرۈڭلار ، — دېدى .

ئىككى ئايال موناخ رەت - رەت تىزىلىپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقان ئايال موناخلارنى ئارىلاپ ھەر - بىرىگە بىردىن شام تارقاتتى . ئارقىدىنلا شاملار ياندۇرۇلدى . ھېسابسىز نۇرغۇن شاملار چىراقۋ

ئىچىنى يورۇتۇۋەتتى . مۇناجات تېخىمۇ قايغۇلۇق باسقۇچقا كىرگەندى . بۇخىل ناخشىلارنى پەقەت مۇسىبەت كۆڭۈللىرىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى . ئۇلار : «خۇدانىڭ قۇللىرى كېتەر بىۋاپا دۇنيادىن ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قول ئۈزۈپ ، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق خۇشاللىقلىرىنى تەرك ئېتىپ ، ساداقەتلىك خرىستىئان مۇرتى بولۇپ» دەپ ئېيتاتتى .

داسفېيا پوپ يەنە ئېڭىشىپ تۇرۇپ ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ليۇباۋاغا نەسىھەت قىلدى :

— بالام ، سەن مېنىڭ ئوقۇغان دۇرۇتلىرىمنى تەكرارلىغىن : «مەن خۇدانىڭ ھامىيلىقىنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قوبۇل قىلدىم… »

ئايال موناخ بارىنەنىڭ قولىنى ئۆزى ئېچىپ بىر دانە ياندۇرۇلغان شامنى تۇتقۇزۇپ قويدى . تىترەپ تۇرغان شام يالقۇنىدا ، ئۇنىڭ تامدەك ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن نازۇك چىرايىنى ۋە قايرىلما كىرپىكلىرىنىڭ ئارىسىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى .

داسفېيا تۇك بېسىپ كەتكەن قولىقىنى ليۇباۋانىڭ ئاغزىغا يېقىپ تۇرۇپمۇ ، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز سۆز قىلغىنىنى ئاڭلىيالمىدى .موناستىر باشلىقى ليۇباۋانىڭ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي سۈكۈتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ، يەنە كەسكىن ئاھاڭدا بۇيرۇق بەردى .

— ئۇ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈردى… ئۇ ھازىر تەكرارلاشقا تېگىشلىك بولغان دۇرۇتلارنى تەكرارلاۋاتىدۇ . داسفېيا پوپ ، ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇڭ ، چاچ ئېلىشنى باشلاڭلار ! قايچا قەيەردە ؟

— بۇ يەردە ، قايچا مېنىڭدە ، — ياردەمچى نازارەتچى داتلىشىپ قالغان قايچىنى كۆتۈرۈپ كېكەچلەپ سۆزلەشكە باشلىدى .

— يەنە نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسەن ؟ — موناستىر باشلىقى ئۇنى ئالدىراتتى ، — ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدا كىرېست سىزىڭلار ،

ئاندىن دەرھال چوقۇنغۇچىلىرىدىكى چاچنى قىرقىشلار...

— ليۇباۋا ! مېنىڭ ليۇباۋايىم ! باھاردا ئېچىلغان گۈلۈم ! سېنى قانداق ئېزىتقۇ شامال بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟ سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ ، مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ؟

ليۇباۋا خۇددى قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك ئەندىكىپ كەتتى ، قولىدىكى شامنى يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ غۇۋا يورۇپ تۇرغان چېركاۋ ئىچىدە ، يوراقلىق كۆجىلەر يېنىپ تۇرغان ئىسرىقدانلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بىرى زارىقىپ كۈتكەن سۆيۈملۈك ئېرىنى كۆردى . ئېرى ئىنتايىن خۇشال ئىدى . ئۇ ئوتلۇق كۆزلەرى بىلەن خوتۇنىنى سۆيمەكتە .

ليۇباۋا ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ، دەلدەڭشىگىنىچە گاۋرىلى ئالېكسىچقا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى . لېكىن ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنىمۇ سەرپ قىلىپ بولغانىدى . شۇڭا ئۇ مۇزدەك يەرگە «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى .

— ھەي ، پەسكەش دىنسىز ، سەن قەيەردىن كەلدىڭ ؟ — موناستىر باشلىقى چىرقىراق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى . ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنىمۇ ئەستىن چىقارغانىدى ، — سەن قانداق نىقاب بىلەن بۇ موناستىرغا كىردىڭ ، ھازىر كۆزۈمدىن يوقال ، ھوي يۈزسىز ، نومۇسنى بىلمەيدىغان تاتار جادۇگىرى .

چېركاۋ ئىچىدىكى ئايال موناخلار ئاللىقاچان پاتىپاراق بولۇشۇپ ، بولۇڭ ـ پۇچقاقلارغا مۆكۈنگەنىدى . گاۋرىلى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتۈك بىلەن تارسىلدىتىپ دەسسەپ ، نەيزىنى كۆتۈرۈپ چېركاۋغا كىرىپ كەلدى . ئۇ كىرىۋېتىپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرايتتى . موناستىر باشلىقىنىڭ غەزەپتىن يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى . ئۇ ھاسىسىنى شىلتىگىنىچە گاۋرىلى ئالېكسىچقا قاراپ ئېتىلدى . گاۋرىلى ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدى . ئۇ ھوشىدىن كەتكەن ليۇباۋانى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈرۈۋالدى ـ دە ، چېركاۋدىن ئاققان يۇلتۇزدەك تېز چىقىپ كەتتى . مۇھاپىزەتچىلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن چىقىپ كېتىشتى ، لېكىن ئۇلار چىقىپ كېتىش

ۋاقتىدا ساراسىمىگە چۈشكەن ئايال موناخلارغا كۆز تاشلاشنى ئۇن-تۇپ قالمىدى .

مۇناجات توختاپ قالدى . مۇناجات ئېيتىۋاتقان ئايال موناخلار هاڭۋېقىپ قاراپلا قېلىشقانىدى . پەقەت موناستىر باشلىقىلا هاسى-سى بىلەن يەر چوقۇپ توختىماي ۋارقىرايتتى .

— هوي چەكسىز گۇناهلارغا كۆمۈلگەن ئەبلەخ ! مەن باش پوپقا ئەرز قىلىمەن ! كېيىنكى بېرىپ مىتورپولىتقا[1] ئەرز قىلىمەن ، ئۇ ساڭا قورقۇش ، دەهشەتلىك تىترەشنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ .

---

① مىتورپولىت — ئەڭ چوڭ روهانىي .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى قىسىم

# قارا بۇلۇت

## بىرىنچى باب

## جىنىنىڭ بېشارىتى

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن)

تۈنۈگۈن كېچىدە ئاجايىپ غەلىتە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە كەڭرى بىر قاقاس چۆللۈكتە كېتىۋاتقۇدەكمەن. تۇرۇپ ئارقامغا قاراپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگۇدەكمەن، تۇرۇپلا تاش - شېغىللاردىن ئاتلاپ ئۆتكۇدەكمەن. تاشلار ئارىسىدا يېشىل رەڭ-لىك كەسلەنچۈك كېتىۋاتقۇدەك، تۇرۇپلا ئۇ ئالتۇن رەڭلىك يىلانغا ئايلىنىپ قالغۇدەك.

تۇساتتىن ھۇۋۇلداپ بوران چىقتى، شۇنداقلا ئۇ تېزدىن جىم-مىپ قالدى. خۇددى قارا رەڭلىك كاتتا بىر قۇش يېنىمدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، دەرھال گۇگۇم قويۇنىغا يوشۇرۇنغاندەك بولدى.

تەرەپ - تەرەپكە يىلان ئىزىدەك سوزۇلغان، توپا - چاڭ توزۇپ تۇرغان بىرنەچچە يولنىڭ تۇتاشقان جايىدا، تۇتىزىملارنىڭ نامەلۇم بىر قەبرىسى تۇراتتى. ياۋا گىياھلار قويۇق ئۆسكەن بىر

قەبرە ئۈستىدە مېنىڭ «جىنىم»[1] چوقچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ .

مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنى كۆرمىگەنىدىم . لېكىن ، ئۇنىڭ بەتبەشىرە يۈزىنى ، ئالماستەك يورۇق ۋە ئۆتكۈر كۆزىنى ھەم ئالتۇن كالۋۇتۇندىن نەقىشلەر ئىشلەپ ، ئۇنچە - مارجانلاردىن بېزەك تاقىغان بېغىررەڭ تونىنى كۆرۈپ ئۇنى تونۇدۇم . يېقىن كېلىپ قارىدىم . ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇراتتى ، بەدىنى بولسا قاپقارا كۈيىدەك ئىدى .

ئۇ ئېغىز ئاچتى… سۆزلىرى يۇمشاق ۋە يېقىملىق ، خۇددى شارقىراتمىدەك شارقىراپ تۇراتتى ، گويا قەدىمكى گۈزەل چۆل قوشاقلىرىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى .

— سەن مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ ؟ خېلىدىن بېرى ئۆزۈڭنى دالدىغا ئېلىپ يۈرىسەن ، شۇنداقمۇ ؟ قايىنىغان رەستىلەردە ، ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ سەيلە - تاماشا قىلىسەن ، يەنە ھەسەتخورلار بىلەن يات دىنىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆچمەنلىشىدىغان خىلۋەت جايلىرىدىمۇ پەيدا بولۇپ قالىسەن - ھە ؟ قانچە ئايلار ئەنە شۇنداق نام - نىشانسىز ئۆتۈپ كەتتى . نازىل بولغان خۇشاللىقنى ۋە كۆپكۆك ئاسماننى يېرىپ ئۆتكەن نۇرلۇق يۇلتۇزۇڭنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ…

مەن نەپسىمنى چىقارماي ، سۈكۈت ئىچىدە ، ماڭا ھامىي بولغۇچىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى ئېسىمدە ساقلاشقا تىرىشاتتىم .

— مەن بۈگۈن ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈندۈم . مۇبادا سەن يەنە ئۆلمەس پىكىرلىرىڭدىن ۋاز كېچىپ ، ئۇلۇغ ئەرۋاھلارغا ئەگىشىپ مېڭىشتىن باش تارتىپ ، شانلىق سەپەر ئۈچۈن جەڭگىۋار يىگىتلەرگە بەرگەن قەسىمىڭدىن يېنىۋالساڭ ، مېنى ئىككىنچى قېتىم كۆرىمەن دەپ خام خىيال قىلما .

---

① جىنىم — قەدىمكى زاماندا ئەرەبلەر ئېتىقاد قىلغان دىندا ، جىن روھتىن تاشقىرى ھايات بىر نەرسە ، ئۇ دائىم دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ يۈرىدۇ ، دەپ قارالغان .

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردىم :

— سىنى ئىزدەپ (رەھىمسىزلىك ۋە قەيسەرلىكنىڭ پىرى) ئۇزۇن يىللاردىن بېرى دۇنيانى كېزىپ يۈردۈم . لېكىن ، سىنىڭ ئالدىراپ يۈرىدىغان سايەڭنى كۆرەلمىدىم ، ھەتتا ماڭغان ئىزىڭنىمۇ تاپالمىدىم...

جىن تەۋرىنىپ قويدى . ئۇ ھىلال ئاي نۇرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرۇۋاتقاندەك ، كۆل رەڭ زېمىندا ئىرغاڭلاپ قوياتتى .

— سىنىڭ ھېلىقى ئەسەبىي دوستۇڭ — پىكىرلىرىڭ قېنى ؟ ئۇ سىنى غەيرىي زېمىنلارغا باشلاپ بارغانىدى . ھازىر قەيەرگە كەتتى ؟ ئەجەبا ، مەن ئۇنى سىنىڭ يېنىڭدا كۆرمەيمەنغۇ ؟ ياكى ئۇ سىنى يارىماس دەپ تاشلاپ كەتتىمۇ ؟

— ياق ، ئۇ ئىشلار كەمىنەڭگە ئارتۇقچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ . پېقىر ياۋۇزلۇق ۋە نەپرەت ئوتتۇرىسىدا ھامان غەم ـ ئەندىشىسىز يۈرۈپ كەلدى . باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىشىنىڭ دوستى قەتل قىلىندى . ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ جاھانكەزدىلىك قىلماقتىمەن . تېنىم شىكەستىلەندى ، مەن ھازىر كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان بىر يېتىم ـ مۇساپىرمەن...

— جۆيلۈمە ، سەن كىشىلەر ئارىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان كاتتا زات بولۇپ چىقىشىڭ كېرەك ! پەقەت سىنىڭ ئىرادەڭلا سىنى بۇ مەنزىلگە باشلاپ بارالايدۇ... ئادەم ھامان ئۆلىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئويلىرى ئۆلمەيدۇ... مانا مەن ھېلىقى چەبدەس دوستۇڭنىڭ ئەۋرىشىم سايىسىنىڭ سىنىڭ بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى كۆردۈم...

جىن ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ ئۇزۇن سايىسى كەچكى ئۇيۇقتا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى : ئۇنىڭ كەينىدىكى چەكسىز دالىدا قىپقىزىل يالقۇن ئۇن ـ تىنسىز كۆيمەكتە . جىن غەرب تەرەپنى كۆرسىتىپ :

— سىنىڭ سەپىرىڭ توپتوغرا غەربكە قاراپ بولىدۇ . يېقىندا غەربتىكى پايانسىز كەتكەن تۇزلەڭلىكتە كىشىنى دەھشەتكە سالىدىغان ئۇرۇش بولىغۇسى . سەن ئۇ يەرلەردە ۋەتىنىنى قوغدىغۇچىلار ـ

نىڭ ئاجايىپ پىداكارلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بويسۇندۇرغۇ-
چىلارنىڭ توسقىلى بولمايدىغان ئىرادىسىنى كۆرسەن . قوغدىغۇ-
چىلار بىلەن بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ كۈچى بىر - بىرىدىن غالىب
كېلىدۇ . سەن ئاشۇ قەھرىمان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بولىسەن .
ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىسەن···

جىنىنىڭ ھەيۋەتلىك سايىسى پارغانسىرى سۇزۇكلىشىپ ، ئا-
خىر گۇگۇم قوينىغا سىڭىپ كەتتى .

ئىزغىرىن شامال سوقماقتا ، قۇرۇپ قالغان گىياھلاردىن ۋى-
ڭىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى . قەبرە ئۈستى بوش ۋە غەمكىن ئىدى .
غەربكە بېرىشقا ، ئوت يالقۇنىدا گاھ يورۇپ ، گاھ قاراڭغۇلىشىپ
تۇرىدىغان ئاشۇ جايغا بېرىشقا قارار قىلدىم .

مەن ئەنە شۇنداق غەلىتە بىر چۈش كۆردۇم . بۇ چۈش ئەمەلى-
يەتكە ئايلىنىپ قالارمۇ···

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# كەچكى قۇياش نۇرى ئاستىدا

يازنىڭ ئوتتەك ئاپتاپلىق كۈنلىرى ئۆتۈپ كېتىپ ، سوغۇق شامالىق كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى . سۆگەكتىن ئۆتىدىغان ئىزغىرىن سوغۇق شامال كىشىلەرگە جۇۋا كىيىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى دەپ خەۋەر بېرىۋاتقان كۈنلەردە ، يولتۇز باتۇخاننىڭ تاتار قوشۇنىنىڭ «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان كۈننى ئېنىق بەلگىلىگەنلىكىدىن بىرىنچى بولۇپ خەۋەر تاپتى...

بۇ پەسىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ، ئويناق ئاقىدىغان ئېرىق سۇلىرىنىڭ ئۈستى مۇز قاتتى ، چوڭ ئېقىنلىق دەريالار شۇرمەللەندى . بۇ ھال ، دەريا سۈيىنىڭ پات ئارىدا توڭلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئۇ چاغدا يول - يوللارغا بۆلۈنۈپ ماڭغان تۈمەنلىگەن ئاتلىق قوشۇنلار توسالغۇسىز سەپەر قىلالايتتى ھەمدە تۆگە كارۋانلىرىغا ۋە ياز بويى سەمرىگەن ئەگرى مۈڭگۈزلۈك ئۆكۈزلەر قوشۇلغان ھارۋىلارغىمۇ كۆپ ئوڭاي بولاتتى .

كەم سۆز يولتۇز بىلەن ئۇنىڭ سادىق جورىسى — چىنلىق يې لىيەنخې ئالتۇن ئوردا يېنىدىكى تاش تام بىلەن قورشالغان باغچە ئىچىدە ۋاقتىنى بوشقا ئۆتكۈزەتتى . باش باھاردا يې لىيەنخې ئاتقا مىنىپ ئوتلاقلارغا چاپتۇرۇپ باراتتى . ئۇ يەرلەردىن يىراقتىكى يۇرتىدا ياخشى كۆرىدىغان گۈلسەپسەر ، لەيلىگۈل ۋە باشقا چىرايلىق گۈللەرنى ھەم دورا چۆپلەرنى ئېلىپ كېلەتتى . ئۇ بۇ گۈل - گىياھلارنى ئالتۇن ئوردىنىڭ قورغۇچىسى لى تۇڭپۇ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان ۋە نەپىس ياسالغان باغچىغا تىكىپ ئۆستۈر-

دى . لى تۆڭپۇ يەنە بەكمۇ كۆركەم قىلىپ چىن پاسونىدىكى بىر شىپاڭ ياسىدى . ساراي شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىكى بۇلاق سۈيىنى باشلاپ ، بۇ باغچە ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ ئاققۇزدى . يەنە بىر چوڭ ئۆستەڭ قازدۇرۇپ ، ئۇنى پايتەخت ئىچىدىن ئۆتكۈزدى ۋە بىرقانچە ئورۇنلىرىغا شارقىراتما ياسىدى . بۇ ئۆستەڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئۇن تارتىدىغان بىر تۈگمەن ماڭغۇزدى . ئۇ تۈگمەن ئوردىدىكىلەرنى ئۇن بىلەن تەمىنلەيتتى .

باغچە ئىچىدە رەڭدار تاشلار ياتقۇزۇلغان بىر كۆل بار ئىدى . كۆل ئىچىدە ئالتۇن بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى . يۇلتۇز بۇ كۆل بويىغا كېلىپ ئالتۇن بېلىقلارغا ئوزۇق تاشلاپ بېرىشكە ھېرىس ئىدى . ئۇ كىچىك قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقان ھامان بارلىق بېلىقلار سۇ يۈزىگە چىقىپ يەم تالىشاتتى .

بۇ يىل كۈز ، خېلى كۈنلەرگىچە باتۇخاننىڭ يۇلتۇز بىلەن بىرگە بولىدىغان بوش ۋاقتى بولمىدى . ئۇ داۋاملىق سىرتقا چىقىپ ھەرقايسى يوللار بىلەن يۈرىدىغان قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى ياكى تۈمەن باشلىرى بىلەن غەربكە يۈرۈشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى كېڭەشەتتى . غەربكە بولغان يۈرۈش مۇقەررەر ئۇشتۇمتۇت بولۇشى ، چاقماق تېزلىكىدە بولۇشى كېرەك ئىدى .

بىر كۈنى كەچكە يېقىن باتۇخان يۇلتۇزنىڭ يېنىغا كەلدى . ئىككىسى شىپاڭدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ ، غەرەزسىز ھالدا تۈنجى قېتىم گەپ تالىشىپ قالدى . يۇلتۇز كۆزىنى يەردىن ئۈستۈن قىلماي سۆزلەيتتى :

— مېنى كەچۈرگەيسەن ، سېنىڭ پىلانىڭ توغرۇلۇق بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئېيتماقچىمەن ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى سىرتتىن ئاڭلىغان گەپلەر . مېنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان ئىش توغرۇلۇق ئېيتاي ، مەن سېنى سۆيىمەن ، بۇ قانداقتۇر سېنىڭ غالىب قوماندان بولغانلىقىڭدىن ياكى بىر بۈيۈك دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى بولغانلىقىڭدىن ئەمەس . دەسلەپتە مەن سېنى قېچىپ يۈرگەن ۋاقتىڭدا كۆرگەن . سەن چەبدەس چەۋەندازلارچە جاسارەت بىلەن باش-

قىلارنىڭ قولىدىكى ئاق بوز ئاتنى ئېلىپ ئۆزرجىنىڭنى قوتۇلدۇر-
غانىدىڭ . شۇ چاغدا سىنىڭ جەزىبدار تۇرقۇڭنى كۆرۈپ پۈتۈن
بەدىنىم لاغىلداپ تىترەپ كەتكەنىدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ
كىچىككىنە يۈرىكىمنى سىنىڭ ئالىقىنىڭغا تاپشۇردۇم ، خىيالىم
ھەرقاچان ساڭا ھەمراھ بولدى...
يۇلتۇز خانىم جىمىپ قالدى . ئۇنىڭ قورقۇنچ ئىلكىدە تۇرغان
قەلبى كەچكى قۇياش نۇرىنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلاردىن ئۆتۈپ ،
باتۇخاننىڭ قارا ۋە سۇرلۇك چىرايىدا ئۇششاق قىزىل داغلارنى پەيدا
قىلغانلىقىغا دىققەت قىلاتتى . يەڭگىلگىنە چىققان شامال ئۇششاق
قىزىل داغلارنى توختىماي تەۋرىتىشكە باشلىدى . «بۇ قىزىل
داغلار ، — دەپ ئويلايتتى يۇلتۇز خانىم ، — قىزىل قان . مېنىڭ
يېنىمدا جىمجىت ئولتۇرغان بۇ ئادەم كەسكىن بىر قول ئىشارىتى
بىلەن بىھۇدە ئاققۇزغان قانلار .»
— بىز پات ئارىدا ئايرىلىمىز ، — دېدى باتۇخان ، — سىنى
يۈرۈشكە ئېلىپ بارالمايمەن . بۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەس ،
ئەلۋەتتە .
— بۇ سىنىڭ ئىمتىيازىڭ ، — دېدى يۇلتۇز كەشتىلەنگەن
يېڭى بىلەن كۆزىنى توسۇپ .
— يىغلىدىڭمۇ ؟
— ھەر قېتىمقىدەك مېنى يەنە تاشلاپ كەتمەكچىمۇ ... مەن
بىر نەرسىنى سورىسام بولامدۇ ؟
— سورا .
— يەنە بىر قېتىم ئۇزاق يۈرۈشكە ئاتلىنىشىڭ زادى نېمە
ۋەجىدىن ؟
يۇلتۇز ئۇنىڭ ھەيرانلىقتىن قاشلىرىنىڭ ئېگىلىپ ، ئىككى
كۆزىنىڭ نارازىلىق ۋە سوراق نەزىرى بىلەن ئۆزىگە قادىلىپ تۇر-
غانلىقىنى كۆردى .
— سەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى سورايسەن ؟ مۇقەددەس بوۋام-
نىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىكەنلىكىم ساڭا خېلىدىن

بىرى ئايانغۇ . ئۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق پەرمان قىلغان : بىزنىڭ غالىب موڭغۇل قوشۇنىمىز «ئەڭ ئاخىرقى دېڭىز»غىچە بېرىشى كېرەك .

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭ كېرەك ئىكەن··· — سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە يۈلتۈز قورقۇنچ ئىچىدە قالدى . بىرئازدىن كېيىن ئۇ يەنە غەيرىتىنى يىغىپ دېدى ، — ئۇ قورقۇنچلۇق بوۋاي شۇنداق ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن ـ دە ؟

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان باتۇخان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى .

— ئۇ سېنىڭ داداڭ جۇجىخاندىن قورقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى . مۇبادا ئۇ هايات بولغان بولسا ، ساڭمۇ ئۆچمەنلىك قىلغان بولاتتى ، سېنىڭ جەڭ غەلىبىلىرىڭگە هەسەتخورلۇق قىلغان بولاتتى .

باتۇخاننىڭ كۆلكىدىن بىر كۆزى قىسىلىپ ، لېۋى قىيسىيىپ كەتتى .

— يۈلتۈز ، سەن يېشىل ئوردا ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر ئايال-سەن . پەقەت سەنلا هەرقانداق بىر باتۇر ئەزىمەت چىش يېرىپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان سۆزلەرنى ئېيتتىڭ .

— مېنىڭ ساڭا بولغان مۇهەببىتىم هەرقانداق دەهشەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . شۇڭا ، مەن ساڭا ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالايمەن . سېنىڭ پادىشاهلىقىڭنىڭ چېگراسى كېڭىيىپ هازىرقى هالەتكە يەتتى . سەن ئەلۋەتتە بۇنى مۇستەهكەملىشىڭ ۋە قوغدىشىڭ لازىم ئىدى··· مېنىڭچە··· رۇسلارنىڭ پايتەختى كىيېف-نى ۋەيران قىلما ، ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ ئىككىنچى پايتەخت شەهىرى قىلىپ «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە تاقابىل تۇرىدىغان ئالدىنقى قارا-ۋۇل قىل···

باتۇخان دەرغەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

— سېنى بۇنداق دېيىشكە كىم ئۆگەتتى ؟ سېنىڭ بۇلارنى ئويلاپ يېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ! سېنىڭ بۇ پەند ـ نەسىهەتلىرىڭ ئاياللار هۇجرىسىدىن چىققان بىمەنە گەپ ياكى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن

ئۇركۈيدىغانلارنىڭ تاپقان سۆزى ! مەن قىلغان قەسىمىمگە خىيانەت قىلالمايمەن . مەن پۈتۈن چېرىكلىرىمگە ، كىمدە كىم كىيىنقا بىسىپ كىرسە ، چېركاۋ مۇنارى ئۈستىدىكى ئالتۇن پارچىسىنى شۇ ئالىدۇ ، دەپ جاكارلىغان . مەن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن پۈتۈن قوشۇنغا مۇنداق دەپ جاكارلىغان : رۇسلارنىڭ باي – ئاۋات شەھەرى نوۋگورودنى تالاپ قۇرۇتۇۋېتىڭلار ! بۇ قېتىم قوشۇنۇمنى ئۆتكىلى بولمايدىغان سازلىقلارغا باشلىمايمەن . ئۇنداق بولمايدىكەن ، مېنىڭ باھادىرلىرىم مېنى پوچى دەيدۇ ، قىلغان قەسىمىمگە خىيانەت قىلغان بولىمەن .

يۇلتۇز قارا رەڭلىك نېپىز ياغلىق بىلەن يۈزىنى ياپتى .

— يەنە يىغلاۋاتامسەن ؟

— سېنىڭ يۇرۇشتە بولىدىغان ۋاقتىڭ ئۇزۇنمۇ ؟

— 12 ئاي .

باتۇخان مېڭىشقا تەمشىلىپ يەنە توختاپ قالدى . ئۇ يۇلتۇزنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۇمشاق يەلكىسىنى تۇتتى ۋە پەس ئاۋازدا :

— ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگىن ! مېنىڭ ئوغۇللىرىم كۆپ . لېكىن ، ھەسرەت بىلەن شۇنى كۆرۈۋاتىمەنكى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەردار بولۇپ چىقىدىغان بىرىمۇ يوق ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇياشتەك چاقناپ تۇرىدىغان ، ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر ئىز باسارىم يوق ! مېنىڭ ئوغۇللىرىم ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ، بىر – بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ . بۈيۈك ئىرىشنى بىلىدىغان كىشىلەر ئىز باسار بولالايدۇ . لېكىن ، مېنىڭ ئۇنداق ئوغلۇم يوق !

يۇلتۇز خىجىل بولۇپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى .

— شۇڭا مەن سېنىڭ ئۇزاق يۇرۇشۇڭگە قوشۇلمىغان ، سەن قۇياشقا ئوخشاش چاقناپ تۇرغان ئوردادا تۇرۇپ بەختىنى قۇچۇشۇڭ كېرەك . مەن سېنىڭ بۇ سارايدا مەڭگۈگە قېلىشىڭنى تىلەيمەن .



www.uyghurkitap.com

— نىمە ئۈچۈن ؟

— چۈنكى مەن ئۇزۇنغا قالماي ساڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمەن . ئۇنىڭ ساڭا ئوخشاش ئۆتكۈر كۆزلىرى ، قورقماس يۈرىكى ، ساڭا ئوخشاش بۇيرۇق بېرەلەيدىغان تالانتى بولىدۇ…

باتۇخان سۈكۈت ئىچىدە توختاپ قالدى . ئۇنىڭ بەستىنى كەچكى قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرى يورۇتماقتا ئىدى .

— ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، باتۇر ، مەردانە ئوغۇلنىڭ بولۇشى ئەڭ چوڭ بەخت . مەن پۈتۈن يۈرۈش جەريانىدا ، سېنى ئويلايمەن ، سېنىڭ بىباھا سوۋغىتىڭنى كۈتىمەن . بىراق ، مەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئاتلىنىشىم كېرەك… مەڭگۈلۈك قۇدرەتلىك بولۇش ئۈچۈن ، قوشنا دۆلەتلىرىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىم كېرەك ياكى بولمىسا ئۇلار مېنى يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# باتۇخاننىڭ غەزىپى

ئادەتتە باتۇخاننىڭ ئاچچىقلانغان ۋاقىتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ياڭاق پوستىدەك قورۇق چۈشكەن ، سوغۇق ۋە قاپقارا چىرايى ھەرقاچان تەمكىن ئىدى . كىشىنى ساراسىمىگە سالىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولسىمۇ ، لېكىن چىرايى يەنىلا ۋەزمىن كۆرۈنەتتى . ئۇرۇشنىڭ كەسكىن پەيتلىرىدە ، «جېنىدىن تويغان» لارنىڭ جەھلى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ياكى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەن پەيتلىرىدە ، ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى ئەسەبىيلەرچە پىكىر قىلىشقا مەركەزلەشەتتى — مەسخىرە ۋە پۇشايمانلىرى يۇغۇرۇلۇپ ، قاتتىقلىقتا تەڭدىشى يوق ئالماسقا ، چىشلەپ ئۈزۈۋېلىشتا پولات ئامبۇرغا ئايلىناتتى . ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسى قىسقا ، ئەمما جىددىي بۇيرۇقلار بىلەن بىرلىشىپ ، ھەرقانداق قۇدرەت ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى .

بۇنداق پەيتلەردە ، ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى چاقناپ كېتەتتى . كەمتۈك لەۋلىرىنىڭ سول تەرىپى بىر ئاز ئىچىدلىپ بىرنەچچە تال ئۆتكۈر چىشى كۆرۈنەتتى ـ دە ، قاپقارا ۋە سوغۇق چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە ، چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

باتۇخان بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي : «قۇدرەتلىك ئۇرۇش خۇداسى ‹سولدى› مېنى ئالدىمايدۇ» دەيتتى .

بىراق ، بۈيۈك ئىشلارغا نىيەت قىلغان بۈگۈنكىدەك ھالقىلىق كۈندە ، ساھىبقىران ئۆزگە يوشۇرۇن بىر خەتەرنىڭ تەھدىتى بار

ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى . ئادەتتە ئۇ : «دۇنيادا مېنىڭ قولۇم-
دىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان ھېچ نەرسە يوق» دەپ ئۆز - ئۆزىگە
تەمەننا قوياتتى . ئەگەر ئۇ بۈگۈن ئۆز بېشىغا ئاپەت قۇشىنىڭ قارا
سايىسى چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىسا ، ئۇنىڭ مىڭ بىر مۇ-
شەققەتتە ھازىرلىغان ئۇزاققا يۈرۈش پىلانى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇ-
چە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالاتتى . ئۇنىڭ ھېلىقى تەلەي-
لىك ھەم كىشلەرنىڭ نەپرىتىگە قالغان مۇقەددەس بوۋىسىنىڭ
غۇۋا خىيالى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ، كىشىلەرنى لەرزىگە سا-
لىدىغان ھەرىكەت — دۇنيانى بويسۇندۇرۇشنىڭ بۈيۈك پىلانى بۆ-
شۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى .

ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى دەلىللەش ئۈچۈن ، باتۇخان چىڭگىز-
خان ئەۋلادىدىن بولغان ئەڭ چوڭ يەتتە خان ۋە باھادىرلارنى يىغىپ
كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى بولدى . ئۇ ئۆزى ھېس قىلغان خەتەرنى
يىغىن ئەھلىگە ئالدىن ئېيتماسلىقنى قارار قىلدى . لېكىن ، بۇ
ئىشنىڭ سۆھبەت جەريانىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇ-
شىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى . بۇنداق بولغاندا ، بۇ ئەندىشە باشقىلار-
نىڭ خىيالى بولۇپ چىقاتتى ، ئەلۋەتتە .

بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ، پۈتۈن يىغىن ئەھلى ئىككى قولىنى
كۆكسىگە قويۇپ ، ئىككى قانىتىغا چىن ئۇسۇلىدا ئەجدىھا سىزىل-
غان ئىشىكنى ئېچىپ مەسلىھەتخانىغا كىرىپ كېلىشتى . مەسلى-
ھەتخانا ئانچە چوڭ بولمىغان تۆت چاسا ئۆي ئىدى . ئالدىغا خارەزم-
نىڭ قىزىل گىلىمى ، كەينى تام تەرەپكە قەدىمكى ئۆرنەك بويىچە
توقۇلما ئىككى پارچە پارس يىپەك گىلىمى سېلىنغانىدى . ئوتتۇرى-
غا موبى ئۆسكىلەڭ كەلگەن تۆت چاسا تۆگە تېرىسى سېلىنغان .
تۆردىكى تامغا ئىككى دانە تۇغ چاپراس قىلىپ ئېسىلغان . بۇ
موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانات ۋە سول قانات بايراقلىرى ئىدى .
ئىككى تۇغ ئوتتۇرىسىغا جاھانگىرنىڭ پۈتكۈل قوشۇنىغا قوماندا-
لىق قىلىدىغان توققۇز قۇيرۇقلۇق تۇغى ئېسىلغان . مەشھۇر چىڭ-
گىزخان مىنگەن جەرەن ئاتنىڭ قۇيرۇقى سەككىز تارا قوتاز قۇي-

www.uyghurkitap.com

رۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغانىدى.

دۇنيانى تىترەتكۈچىدىن قالغان 27 تۆگە تېرىسى (ئۈچ توقۇز ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى) بۈگۈن ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخاننىڭ سەپەردىكى تەختى بولۇپ قالدى. بارلىق موڭغۇللار باتۇخاننىڭ مۇنۇ سۆزىنى زادى ئېسىدىن چىقارمايدۇ: «قوماندان ئالتۇن تەختىنى ھەرگىزمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرمەيدۇ، بەلكى دۈشمەننىڭ ئالتۇن تەختىنى تارتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قەدەھ ياساپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرگە غەلىبە شارابىنى ئىچىدۇ. بۈيۈك ۋە قەھرىمان بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تەختى ئۇنىڭ ئىتتىدىكى ئېگەر بولۇشى كېرەك».

ھەربىي يۈرۈشتە تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغانلار ھەرقايسى يوللار بىلەن يۈرىدىغان قوشۇننىڭ سەردارلىرى — چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان ئورداخان، شەيبان خان، گۈيۈك خان ۋە مۆڭكەخانلار ئولتۇرۇشى كېرەك. بۈگۈن كەچ ئورداخان كەلمىدى. گۈيۈك (يەنە بۇرۇنقىدەك) چاپارمەنلىرىدىن: «ئاغرىق، بارالمايمەن» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى. سول تەرەپتە نويۇزلۇق تۈمەن باشلىرىدىن ھەيدەرخان، بۇرۇنتاي ۋە باتۇخاننىڭ ئۇستازى، ئاسقاق يىلپىز — يەكچەشمە، كۆزىدىن ھېچ نەرسە قۇتۇلمايدىغان سۇبەتەي باھادىرلار ئورۇن ئالدى.

باتۇخان ئايالىنىڭ پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، شەپىسىزلا مەسلىھەتخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانلار بىردەك:

— مەڭگۈلۈك تەڭرى سىنى تۈمەن يىللار ئامان قىلغاي! — دەپ ۋارقىراپ تەزىم قىلدى.

باتۇخان ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن تۆگە تېرىسىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى ھەم بۇ سورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. لېكىن، ئۇ چىرايىدىن خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇرغان بىرەر كىشىنى بايقىمىدى.

كۆپچىلىك بىر - بىردىن باتۇخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يەردىكى

گىلەمنى ئۆپتى . بۇ قائىدە بويىچە ئۆزىنىڭ ساداقەتلىكىنى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئىدى . كۆرۈشۈش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئۇلار تام تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئولتۇردى . كىچىك زەڭگى سەئىد كىچىك گىلەم كۆرپىلەردىن بىر قۇچاق ئەكىرىپ ھەربىر كىشىگە بىردىن تارقىتىپ بەردى . پەقەتلا باتۇخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى ئورۇن بوش قالدى . ئۇ ئورۇندا ئۇنىڭ قەدىرلىك ئاكىسى ئورداخان ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى .

مۆڭكەخان ئالدى بىلەن ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن سۆزلىدى :

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بەختلىك كۈنلىرىمىز — ئۇزۇندىن بېرى تەلمۈرۈپ كۈتكەن بۈيۈك يۈرۈشنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ . قەدىردان ساھىبقىران ، تېنىڭ سالامەتمۇ ؟ قۇۋۋىتىڭ تولۇقمۇ ؟ كۆڭلۈڭ ئازادىمۇ ؟ ئىككى بىلىكىڭدە كۈچ بارمۇ ؟

باتۇخان سوغۇقلا جاۋاب بەردى :

— مەڭگۈلۈك تەڭرىگە رەھمەت ! سالامەتلىكىم ياخشى . ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك ، ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ ؟

مۆڭكە غودۇڭشىغان ئاھاڭدا ئادەتتىكىدەك رەھمەت ئېيتتى .

كۆپچىلىك جىمىپ قالدى . ئۇلار باتۇخاننىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتەتتى . باتۇخان ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ھۆرمەتلىك خانزادە مۆڭكەنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا . بەختلىك كۈنلەر مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ . لېكىن... سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ ، بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتامدۇ ؟ — باتۇخان غەمكىن نەزىرىنى ھەربىر كىشىنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرتۈپ ئۆتۈپ ، ئەڭ ئاخىرىدا شەيبان خان ئۈستىدە توختاتتى . شەيبان خان قارا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۈچلۈق تۇمىقىنىڭ يەلكىسىگە تېگىپ تۇرغان قۇلاقلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ :

— ھەممىسى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقاندەك . باھادىرلىرىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

روھى ئۇستۇن ، ئۇلار يۇرۇشكە ئاتلىنىشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلماقتا . بىر ياز يايلاقتا ماللارنى ئوبدان سەمرىتىۋالدۇق . غالىب ۋە قۇدرەتلىك ئۇرۇش خۇداسى دەل ھازىر بېشىمىزدا ئەگىپ ، لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئىس ـ تۈتەك ، چاڭ ـ توزانلارنى پەلەككە كۆتۈرۈشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە . بۇ قېتىمقى يۇرۇشى-مىز تەڭدىشى يوق ساھىبقىران باشلىغان باشقا يۇرۇشلىرىمىزگە ئوخشاش ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇسى . ھازىرقىدەك بىر يەڭدىن قول ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىش بۇنىڭدىن بۇرۇن بولۇپ باققان ئەمەس .

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ۋارقىرىدى :

— ئۇلۇغ ساھىبقىران تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن ! غەلىبە مەشئىلى مەڭگۈ يالقۇنجىسۇن ! بارلىق رەقىبلەر يەر بىلەن يەكسان بولسۇن ! كىم ئۇنىڭ يولىنى توسۇشقا جۈرئەت قىلىدىكەن ، شۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم !

باتۇخان پەس ئاۋازدا چىشىنىڭ يوچۇقلىرىدىن قىستىلىپ چىققان بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى قىلدى . كۆپچىلىك ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزنى ئېنىق ئاڭلىدى ، ئەلۋەتتە .

— شەيبان خان بەزى ئەھۋاللارنى بىلىدۇ ، لېكىن ئۇ مەقسەت-لىك ھالدا ئۇنى ئېيتمىدى ، — باتۇخان كۆزىنى سوكۇتتە ئولتۇر-غان مۆڭكەخانغا يۆتكىدى ، — سەن نېمە دەيسەن ، مېنىڭ سەممىي ئۇستازىم ؟

كۆپچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ، تازا ئۆتۈپ كەتكەن كاسا ، لېكىن يامان ئىشتىن خالىي بولغان مۆڭكەخان قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ :

— مەن نېمە دەي؟ مەن ئەزەلدىن خىيىمخەتەردىن خالىي ئەمەسمەن . بىرەر كاشىلا ياكى تەھدىتكە يولۇققان ھامان ھوشيار-لىقىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىمەن ، ھەسسىلەپ تىرىشىمەن . پۈتۈن غەيرىتىمنى ئىشقا سالىمەن . مېنىڭ قىلىدىغىنىم مانا مۇشۇ . ئەڭ

ياخشىسى شەيبان خان مەقسەتلىك دېمىگەن سۆزىنى دەپ بەرسۇن .
شەيبان خان كېڭەش ئەھلىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ، ئاندىن ئىشىك تۈۋىدە ئاغزىنى ئېچىپ گەپ ئاڭلاپ تۇرغان كىچىك زەڭگى بالىغا قاتتىق ۋارقىرىدى :
— بۇ يەردىن يوقال ، كىچىك قارا يىلان ! — سەئىد قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، شەيبان خان پەس ئاۋازدا ، — پەردە ئارقىسىدا كىم بار ؟ — دېدى .
— يۇلتۇز ، — دېدى باتۇخان يەڭگىل ئاھاڭدا جاۋاب بېرىپ ، — ئۇ مېنىڭ سايەم ، مېنىڭ پۈتۈن ئوي ـ پىكىرلىرىمنى ياخشى بىلىدۇ . سەن جاۋاب بەرگىن . ئالتۇن ئوردامنىڭ كىچىك خوجايىنى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىشىڭ-نى خالايمەن .
— مەن بۇ يەردە ، خاقانىم ! — بىر زىل ئاۋاز جاۋاب قايتۇردى .
ئالتۇن ئەجدىھا كەشتىلەنگەن پەردە قايرىلدى . كىچىك ھۇج-رىدىكى پاكار ئۇزۇن ئورۇندۇق ئۈستىدە ئىككى ئايال ئولتۇراتتى . باتۇخاننىڭ ھەمراھلىرى ئۇ ئىككىسىنى تونۇيتتى . ئۇلار باتۇخان-نىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى يۇلتۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ سادىق چۆرىسى يې لىەنخې ئىدى . ھۇجرىنىڭ پېشايۋانغا چىقىدىغان ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق ئىدى . بۇ ئىشىكتىن پەسلىگەن بۇلۇتلارنى ۋە قىزارغان كەچكى قۇياشنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى .
شەيبان خان ئاۋازىنى سوزۇپ ، ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :
— مېنىڭچە ... ھازىر ... يۈرۈش قىلىشىنىڭ ۋاقتى ئەمەس... ئەڭ بولمىغاندا مۇۋاپىق ئەمەس .
ئولتۇرغانلار چەكسىز ھەيرانلىق ئىلكىدە شەيبان خانغا چەك-چىيىپ قاراپ قېلىشتى . ئۇنىڭ بۇ بىرنەچچە جۈملە سۆزى يۈرەك-لىك بولۇشنىڭ چېگراسىدىن بىرئاز ھالقىپ كەتكەنىدى .
— قانداقچە مۇۋاپىق ئەمەس ؟ — باتۇخان سوغۇقلۇق بىلەن

سورىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئالامەتنى سەزگىلى بولمايتتى .

— ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس ! بىر دىنلا قوشۇنىمىزنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى كېمىيىپ كەتتى . ئېھتىمال يېرىمى كېمىيىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن .

— نېمە ئۈچۈن ؟ — باتۇخان ھېچقانداق ئۆزگەرمەستىن تۇرۇپ سورىدى .

شەيبان خان ھاياجان بىلەن جىددىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى .

— بىز خېلىدىن بېرى قىپچاق خانلىرىدىن كېلىدىغان ئەلچىلەرنى كۈتتۇق ، لېكىن كۈتكىنىمىز بىكار بولۇپ چىقتى . قىپچاقلارنىڭ ھەرقايسى قوشۇنلىرى بىز تەرەپتىن مەغلۇپ قىلىنغان . ھازىر ئۇلار يايلاقلاردا چېچىلىپ يۈرۈپتۇ . بىراق ، ئۇلار ھازىر يەنىلا بىز بىلەن قارشىلاشماقتا . قىپچاقلار باتۇر ۋە جاپاغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان رەقىبلەر . بىز ئۇلارغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتۇق . ئەلچىلىرىمىز ئۇلارنى غالىب موڭغۇل قوشۇنىغا قاتنىششقا دەۋەت قىلدى . ئەگەر ئۇلار «قويۇش پاتقان ئەللەر»گە قىلىنغان يۈرۈشكە قاتنىششقا رازىلىق بىلدۈرگەن بولسا ، ھېسابسىز نۇرغۇن بىسات - دۇنيالار ئۇلارنىڭ غانجۇغىسىغا باغلىناتتى . بىراق ، قىپچاقلارنىڭ يەلكىسىنىڭ ئۈستىگە چىققىنى كاللا ئەمەس ، بەلكى قۇرۇق قاپاق ئىكەن . پەقەت پەرقى ئۇزۇن ئۆسكەن ساقىلى بىلەن چېچى . ئۇلار نېمە ئۈچۈن قاچىدۇ ، قېچىپ نەگە بارىدۇ ؟ قىپچاقلارنىڭ ئالتە تۈمەندىن ئارتۇق ھارۋىسى بار . ئۇلار ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماي ئېتىراپ يۈرگەن قاچاقلاردىن بىزگە ئالتە تۈمەن ئاتلىق قوشۇننى يىغىپ بېرەلەيتتى . ھالبۇكى ، ئۇلار بىزنى ھەيران قالدۇرۇپ ، ئەلچىلىرىمىزنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈۋەتتى . ھازىر چارلىغۇچىلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ دالىلىرىغا ئەۋەتسەك ، دانا سەردارىمىز سۇبەتەي باھادىرنىڭ دوستلۇق سوۋغاتلىرىنى بىرگە يوللىساق ، قىپچاقلار قورققىنىدىن ئۆيلىرىنى يىقىتىپ ، تۆگىلەرگە ئارتىپ دەرھال قويۇش پاتقان تەرەپكە قاراپ ئاتلىناتتى .

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سۈكۈت ئىچىدە باتۇخانغا تىكىلدى.
باتۇخان تەئەددى بىلەن دانە - دانە قىلىپ سورىدى:
— ئوڭۇشسىز بولغان ئىشلىرىمىزدىن يەنە قايسىلىرى بار؟
— يەنە، — دېدى شەيبان خان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بوينى قاتتىق، جاھىل، ھەدېسە ھۇدەيدىغان قارام رۇسلار بىزگە ئون تۈمەن ئەتراپىدا پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەر ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇ چاغدا بۇنداق ھەيۋەتلىك شەرق قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا «قۇياش پاتقان ئەللەر» تاقابىل تۇرالايتتىمۇ؟
— سەن يەنە شۇ رۇسلارنىڭ گېپىدىمۇ؟ تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئېغىزىغا ئالغىلى بولمايدۇ! — دېدى مۆڭكەخان رەددىيە بېرىپ، — بىز ئۇلارنى ئوبدان كۆرۈپ قويدۇق، ئۇ ئۇزۇن ساقاللار ئۆزىنىڭ ئېيىق ئىنىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىنىدىن سىرتقا چىقىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. پەقەت ئۆز يۇرتىنى قوغداش لازىم بولغاندىلا قىرغىنچىلىق قىلىدۇ، قوشنىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇشتىن ئۈمىد كۈتمە! ئېيىقلارنى بىز بىلەن بىرگە مېڭىشقا مەجبۇرلاپ، ئاتلىق كۈنىگە مىڭ يول ماڭساق، ئۇلار يېرىم يولغا بارماي يەنىلا سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ.
— ئۇلارنى ھېچكىم ياردەمگە چاقىرغىنى يوق، — دېدى سۆز قىستۇرۇپ ھەيدەرخان، — قىپچاقلار ھەرگىزمۇ بىز تەرەپتە تۇرمايدۇ. ئۇلار بىر تال تۈكۈمگىمۇ ئەرزىمەيدۇ! تۇفى! — ئۇ كانىيىنى قىردى، — ھازىر ئۇلار بىزدىن يىراقلاپ كەتتى. ئۇلار مۇشۇ قاچقانچە ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىماي، كارپات تاغلىرىدىن ئۆتۈپ بىراقلا توختايدۇ. قىپچاقلار بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. پەيتى كەلگەندە دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ شەرمەندىلەرچە قېچىپ يۈرگەن ئۇ ئەبلەخلەردىن نېمە ياخشىلىق كېلەتتى!
— بىراق، بۇ قىپچاقلارنى ھەرگىز ئەستىن چىقىرىشقا بول-

مايدۇ ھەم ھەرگىز كەچۈرۈشكە بولمايدۇ! — سۈبەتەي باھادىر سوغۇق ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەقلىدىن ئاداشقان بۇ بىر توپ بۇرىلەر بىزدىن يۈز ئۆرۈدى. مۇبادا ئۇلار بىز بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئاسىيلارغا ئوخشاش سېپىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرماقچى بولسا، ئۇلارنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمىز! ئەگەر ماجار[1]لار بىزگە قارشى چىقىدىغان بولسا، بىز ئادەتتىكى دۈشمەنلەرنى جازالىغان جازادىنمۇ ئېغىر جازالايمىز. بىزنىڭ ھەممىنى ئالدىن كۆرۈشكە قادىر بولغان خاقانىمىز ئىشەنچلىك ئەربابلاردىن ماجار كارولى بىلىغا كۆپ قېتىم خەت ئەۋەتىپ، قانداش[2] قېرىنداشلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشنى، بىز بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاق تۈزۈپ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇشقا بىرلىكتە ئاتلىنىشنى، دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەم پولات زەنجىرى بىلەن ئاردىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ئاگاھلاندۇرغانىدى.

— ناۋادا ئۇلار ئالدىدا ماقۇل دەپ، كەينىدىن ئاسىيلىق قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى شەيبان خان.

«توققۇز كىشىلىك مەخپىي كېڭەش»نىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئەزەلدىن ئاچچىقى چىرايىغا چىقمايدىغان باتۇخاننىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە. ئۇ گەۋدىسىنى ئالدىغا تاشلاپ، يەرگە ئىككى قولى بىلەن تاياندى، ئىككى پۇتى بىلەن ئاستىدىكى كۆرپىنى تېپىپ ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ مۇشۇ ھالەتتە تۆت ئاياغلىق بولۇپ بىر پەس توردى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، كۆزى ئالىياتتى، ئۇ خۇددى بىر توپ ئىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسەبىيلەرچە خىرىس قىلىپ تۇرغان چىلبۆرىگە ئوخشايتتى.

— بىكار گەپ! يالغان! قارىغۇنى قورقۇتۇش! شەيبان خاننىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئەمەس.

---

① ماجار — ھازىرقى ۋېنگىرلار.
② ۋېنگىرلارنى ھونلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، موڭغۇللار ئۆزىنىمۇ ھونلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دەپ قارىغاچقا، ماجارلارنى موڭغۇللار بىلەن بىر قان سىستېمىسىدا دېمەكچى.

باتۇخان بىرلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— يۇرۇشكە ئاتلىنىدىغان ۋاقىتتا يانغان ئاتتەك ئىككى يېنىغا قاراپ ئۆزىگە دوست ئىزدەيدىغان قوماندان ، مېنىڭچە ، رەزىل ۋە پەسكەشتۇر… شۇيبانخاننىڭ نەزىرىدىكى خىلمۇ خىل ئوڭۇشسىزلىقلار ، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئەڭ چوڭ شان - شەرىپىمىز . قويۇنۇڭدىكى دۇشمەن ئاشكارا دۇشمەندىن خەتەرلىك . ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان ، ھەتتا بىزنىڭ بېرىپ قۇتقۇزۇشىمىزغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىتتىپاقداشلارنىڭ بىزگە قىلچىمۇ پايدىسى يوق ! ئۇلار سازلىقلىرىغا كېتىۋەرسۇن ، ئالۋاستى مانگۇسنىڭ[1] يېنىغا بارسۇن ! ئەگەردە شەيبان خان ئېيتقاندەك راستتىنلا بىزنىڭ قوشۇنىمىز كېمىيىپ ، دۇشمەن قوشۇنى ئېشىپ كەتكەن بولسا ، بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزنىڭ چۈشەنچىمىز مۇنداق — سۇبەتەي باھادىر ، مېنىڭ ئەقىللىق ئەلەم ئۇستازىم ھەم شۇنداق ئويلايدۇ ، ئەلۋەتتە ، مەن ئالتۇن مەملىكىتىگە[2] ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا ، ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئۇرۇش قائىدىسىنى ئۆگەتكەنىدى . «مۇبادا ئەسكىرى كۈچىمىز ئاز بولۇپ قالسا ، ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىڭدا قاپلاندەك چاققان بول ، دۇشمەن قوشۇنى ئوڭ كۈندە باسقان مۇساپىنى سېنىڭ قوشۇنۇڭ شامالدەك يۇرۇپ ئىككى كۈندە بېسىپ بولۇشى كېرەك . مەن ئارىسالدىلىق ۋە بوشاڭلىقنى قىلچە ياقتۇرمايمەن . بۇنداق كىشىلەر بىلەن بىرگە قىلغان ئىش ھېچقاچان غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ» . سەن ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەنىدىڭ ، ئېيتقانلىرىم راستمۇ ؟

— توغرا ! پۈتۈنلەي توغرا ! — سۇبەتەي باھادىر بوغۇق ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇردى .

— بىز ئەنە شۇنداق چاقماق كەبى تېز ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك ! — باتۇخان قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — «قۇياش

---

① مانگۇس — موڭغۇللار رىۋايىتىدىكى ئالۋاستى .
② ئالتۇن مەملىكىتى — جۇڭگونى دېمەكچى .

پاتقان ئەللەر»گە ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، يولىمىزدا ئۇچرىغان بارلىق ئادەم بالىسىنى رەھىم قىلماي پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلايمىز. مىنىڭ سۇناس ئوك قانات قوشۇنۇم ئالدى بىلەن رۇسلارنىڭ چېرنىكوۋ-قا، ئاندىن پراسلاۋغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە پولەكلەر بىلەن ئوگرووۋلار① غا ياكى ماجارلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. سول قانات قوشۇنۇم دىنېپىر دەرياسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، كىيېفنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ چېركاۋ مۇنارلىرىدىكى ئالتۇن خادىلارنى يۇلۇۋالىدۇ. رۇسلارنىڭ بۇ قەدىمىي شەھىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، كۈلىنى كۆككە سورۇيدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ بىزدىن يۈز ئۆرۈگەن جاھىل مىللەتكە بەرگەن ئەجەللىك زەربىمىز. بىز ئۇلار-نىڭ غولىغا كېلىشتۈرۈپ بىر پىچاق ئۇرايلى...

— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى! — خانزادىلەر چۇرقىراشتى.

— مەن كىيېف بىلەن بولدى قىلمايمەن! — باتۇخان ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ سۆزلەيتتى، — ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئۆلچىلار تۇرۇپتۇ... بەكمۇ نۇرغۇن! ئالدى بىلەن پولەك كارولىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، بۇ قوشۇننى بىلىنى قايتا ئۇششىيالمايدىغان، تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىمىزدا كەينىمىزدىن كېلىپ بىزنى چىشلىيەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بارلىق پولەكلەر ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى گېرمانلار — دۆمبىسىگە ئاق كرېست سىزىپ يۈرىدىغان پوچىلار ۋە باشقا بارلىق ئىتتىپاقداشلار بىزنىڭ ئۇچقۇر جەڭ ئاتلىرىمىز-نىڭ تۇياق ئاستىدا چەيلىنىپ بىتچىت بولىدۇ. تۇپراق بىلەن بىرلىشىپ ئاسمانغا سورۇلىدۇ... ئەنە شۇ چاغدا، مەن ئۆچ ئالغاز-لىقىمنىڭ لەززىتىنى تېتىيمەن! ئاندىن مەن ئاسىي قىپچاقلار بىلەن ماجارلارغا ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنى قىيما-چىيما قىلىپ پۇخادىن چىققاندىن كېيىن، مۇنبەت ۋە تەپتەكشى ئۆگىر يايلاقلى-رىغا قايتىپ، جەسۇر چېرىكلىرىمنى ۋە چارچاشنى بىلمەيدىغان تۇلپارلىرىمنى دەم ئالدۇرىمەن...

① ئوگرووۋ — ۋېنگىرلار.



www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك نېمە دېيىشىنى بىلمەي ، ھەيرەتتە چەكچىيىپ قال-
غان كۆزلىرىنى سۆزمەن باتۇخاندىن ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى . بۇ
چاغدا باتۇخان ئۆرە تۇرۇپ ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ، بۇرنىنىڭ چاناق-
لىرىنى كېرىپ ، تېز - تېز نەپەس ئالاتتى ، لەۋلىرى تىترەيتتى .
ئۇ مەسخىرە كۈلكىسىنى كۈلۈپ قويۇپ ، يەنە سۆزلەشكە
باشلىدى :
— قەسەم ئىچىمەنكى ، مەن ماجار كارولى بىلىنى تىرىك
تۇتۇپ ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭ يۈلۈنىنى ئۈزۈپ تاشلاپ قېنىنى
ئىچىمەن... مەن ئەنە شۇ چاغدا ئاندىن ئارام تاپىمەن . ئاندىن
يەكدىللىق بىلەن «قۇياش پاتقان ئەللەر»دىكى باشقا ئەللەر بىلەن
ئېلىشىپ باقماقچىمەن . شۇ ۋاقىتتا شەيبان خان قۇدرەتلىك ، شا-
مالدەك تېز ، غالىپ ئاتلىق قوشۇن بىزنىڭ موڭغۇل ئاتلىق قوشۇ-
نىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئېزىلەڭگۈ ، ساۋۇتلار ئىچىگە بېكىنگەن ، قال-
قانلار كەينىگە يوشۇرۇنغان ئاتلىق قوشۇنىمۇ؟ ئېنىق كۆرۈ-
ۋالايدۇ...
— ئىنىم ، سەن چوقۇم غەلىبە قىلىسەن! سەن ھەقىقي
باھادىرسەن ، — بۇ پەس ، بوم ئاۋازغا ئەگىشىپ ئىشىك تۈۋىدە
پاكار ، سېمىز ئورداخان پەيدا بولدى ، — سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن
مۇقەددەس بوۋامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندەك — دۇنيانى تىترەت-
كۈچىنىڭ قۇدرەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بارلىق موڭغۇللار ئورنىدىن تۇرۇپ قول
قوۋۇشتۇرۇپ ، بىرنەچچە قېتىم ئالدىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ،
ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇشتى .
ئورداخان باتۇخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى . تىلى-
نى چىقىرىپ خاقاننىڭ يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى يالىدى . ئاندىن
ئۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان تۆگە تېرىلىرىنى يىغىپ ، بىر يەرگە
تىزىپ ، چىرايى تاتارغان ، روھىي سولغۇن باتۇخاننى ئولتۇرغۇز-
دى . باتۇخان يېنىدىكى ئورۇننى ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا كۆرسىتىپ
تۇرۇپ سورىدى :

— نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟ سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ؟ كۆڭلۈڭ قانداق؟

ئورداخان قولىنى سىلكىپ، سېمىزلىكتىن قات - قات بولۇپ كەتكەن بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ:

— چاتاق بولدى! بەك چوڭ زىيان بولدى! — دەپ كۆچەپ سۆزلىدى.

— چۈشەندىم، ھېلىقى گىرىك گۆزەللىرىنىڭ ئىشى ئىكەن - دە! — دېدى باتۇخان ئالدىرىماي جاۋاب بېرىپ.

## تۆتىنچى باب

# نوغايخاننىڭ ئەدەپسىزلىكى

يىغىن ئەھلى ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈشۈپ كەتتى. ئورداخان قوللىرىنى شىلتىپ:

— ئۇ مېنىڭ ئىدى. ئەمدى قولۇمدىن كەتتى. ئۇنى باشقىلار بۇلاپ كەتتى. ئېھتىمال ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قېچىپ كەتكەندۇ... لېكىن مەن ئۇنىڭ ساھىبقىران، ياش، قارانىيەتچى نوغايخاننىڭ چېدىرىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىمەن، نوغايخان مۆھتەرەم ئاتا - ئانىنىڭ پۇشتىدىن تامغان شاللاق خانزادە.

كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ سوراشتى.

— نېمە؟ مۆھتەرەم تاتارخان ئاشۇنداق بەڭۋاش يىگىت بوپتۇمۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟

— سىلەر ئۇنى بىلمەيسىلەر. ياش نوغايخان بىر يىلدىن بېرى يايلاقتا سەيلە - تاماشا قىلىپ، كېيىك، تۈلكە، بۆرە ئوۋلاپ يۈرىدۇ. يېقىندا ئۇنىڭ دادىسى يۈرۈشكە ئاتلىنىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوغلىنى تۇرالغۇسىغا چاقىرتقان. بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان ھەرقانداق كىشىنىڭ قاتنىشىشى جايىز. شۇڭا، دادىسى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە قاتنىشىپ تەجرىبىلىك ۋە سالماقلىق باتۇر ئوغلان بولۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ تۇرالغۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇشتلىشىپ، توپلىشىپ جېدەل چىقىرىپ، ھەممە ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. ئۇ داۋاملىق مەست ھالەتتە

قاراگىر ئېتىغا مىنىپ، غىجىكىنى چېلىپ، ھۆرمەتلىك خانزادىلەرنىڭ چېدىرى ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتتى…

— ھەي … — ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى نارازىلىق بىلەن باشلىرىنى چايقاپ خورسىنىپ قويۇشتى.

— ھېلىقى كاللىسى ئايىنىپ قالغان خوتۇنلار نوغايخاننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ چېدىر ئالدىغا چىقىدىكەن. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۇلارنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئالىدىكەن - دە، ئۆز تۇرالغۇسىغا قاراپ قۇيۇندەك چېپىپ كېتىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇلاپ بارغان خوتۇنلىرى بىر ئۆيگىلىق توشقانمىش. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قېتىم بۇلاپ كەتكىنى نوۋگورود ئەلچىسىگە سوۋغات قىلىنغان زىربىئەت خانىم…

— ئۇنداقتا بىر ئۆي خوتۇننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بۇزۇق خوتۇن سىزنىڭ ھېلىقى گىرېك مەلىكەڭ ئىكەن - دە؟ — دەپ سورىدى باتۇخان بىپەرۋالىق بىلەن، — سەن نېمىشقا نوغايخان بىلەن ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئالمىدىڭ؟

ئورداخان سۈكۈتتە ئولتۇرغان يولتۇز ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بويى ئېگىز يې لېيەنخېيغا قاراپ:

— مۆھتەرەم چىنلىق قىزچاق! ماڭا ئىككى پارچە كۆرپە بەرگىنە، خاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالاي. بىر ئاز بىئارام بولۇۋاتىمەن.

يې لېيەنخې ئۈندىمەستىن گىلەمدىن ياسالغان ئىككى پارچە كۆرپىنى يەرگە سالدى. ئورداخان جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق، نوغايخاننى ئۆلتۈرمىدىم. ئېھتىمال بۇ مېنىڭ خاتالىقىمدۇر! لېكىن مەن، ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر، دېگەندەك بىر ئىش قىلدىم. ئىككىنچى كۈنى نوغايخان خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك تۈلكە تۇمىقىنى ئىككى قولىغا

ئېلىپ ، بەلۋېغىنى بويىنغا ئېسىپ[1] ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئالدىمغا كەلگەندە ، مەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم . ئۇ مەندىن ئۆزىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشنى تەلەپ قىلدى . گرېك مەلىكىسىنىمۇ ئېلىپ كەلگەندى . يەنە ماڭا بىر ياخشى ئات ، بىر پارچە پارس گىلىمى ۋە 20 قۇل بەرمەكچى بولدى . گرېك مەلىكىسىنى بۇلاپ كەتكەن كۈنى ، ئۆزىنىڭ غەرق مەست ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان گەپ ، ئەلۋەتتە . ئۇ يەنە قىزىق گەپ قىلىپ مېنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى . مەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، ئۆز رازىلىقىم بىلەن ھېلىقى زەھەرلىك يىلاننى ، ئادەم سىياقىدىكى قۇرتنى ، قولغا ئۆگەتكىلى بولمايدىغان كىچىك چايانىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدىم ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىغا بەختلەر تىلىدىم . بىز ئەنە ئاشۇنداق قۇچاقلاشقان ھالەتتە ئۇزۇن ئولتۇردۇق ، ئاخىر تاڭمۇ ئېتىپ كەتتى . خاتىرجەمسىزلىكىمنىڭ مەنبەسى ، مەڭگۈ قانائەت قىلمايدىغان ، ئالەمشۇمۇل شەرتلەرنى قويىدىغان رۇم مەلىكىسىدىن ئاجايىپ ئوڭۇشلۇق قۇتۇلغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم . ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن شاراب تۇتتۇم . نوغايخان مەندىن ئىنتايىن رازى ئىدى . ئۇ توختىماي ناخشا ئېيتاتتى .

— سىنىڭچە ، نوغايخان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتەلەرمۇ ؟

— نوغايخان گەرچە ياش بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا قوماندانلارغا خاس ئۆتكۈر كۆز ۋە سەگەك كاللا بار . ئۇ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان... ھوي ، بۇ ئەبلەخ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ بۇ يەرگىمۇ كەلدىمۇ نىمە ؟ ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ ، پەقەت ھەر كۈنى يېڭى بىر گۈل ئۈزۈۋشنى ئويلايدۇ .

كۆپچىلىك قۇلاق سالدى . كوچىدىن بىر ناخشا ئاۋازى كېلەتتى . ئۇ ئەر ناخشىچىنىڭ ياڭراق ۋە قىزغىن ئاۋازى ئىدى .

---

① گۇناھىنى تىلەشنىڭ بىرخىل شەكلى .

www.uyghurkitap.com

تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم ، موڭغۇل قىزى بەك گۈزەل ،
ئوتلۇق كۆزى كېچىدە ، چاقناپ تۇرار بىمالال ،
قوڭغۇزلاردەك[1] ئۇچىدۇ ، باھار پەسلى يايلاقتا .
كىمدە بولسا گەر جۈرئەت قوغلاپ تۇتقاي ئۇلارنى .
ئاشۇ يىگىت بەختلىك ، قۇچار قوۋناق شەرەپنى…

خانلار كۇسۇرلىشىپ كەتتى .

— راست ! كېچىدە ئۇچقان پارقىراپ قوڭغۇزلار نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە ! بىزنىڭ موڭغۇل قىزلىرى ھەقىقەتەن چىرايلىق . يىراقتىن كېلىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى .

شۆھرىتىڭدۇر ئالەمچە ، قورقماس باتۇر ئورداخان ،
چېدىرىڭدا پەرۋىش قىلدىڭ قۇشتەك گۈزەل بىر جانان .
زۇمرەتتەك يالتىرار ، گۈزەل جانان كۆزلىرى ،
ئوۋلىماق بوپ سەرگەردان[2] ، كۈتەر ئۇنىڭ پەيتىنى .
كېلىپ مانا قوندى قۇش ، ئېگەر قېشى ئالدىمدا ،
قاراگىر[3] ئۇچىمىز ھىملەشتۇق ، قىل سىغمايدۇ ئارىغا .

خانزادىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە قاراپ ئىختىيارسىز باشلىرىنى لىڭشىتتى ۋە ھەممىسى ، ئورداخاننى قانداق قىلاركىن ، دەپ ئۇنىڭغا قاراشتى . ئورداخان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئاھ ! مەڭگۈلۈك خۇدا ، مەن نېمىدېگەن بەختلىك ، نېمىدېگەن خۇشال ـ ھە ! ھازىر مەن ھېلىقى رۇم پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان مەلىكىنىڭ تۇگىمەس كاشىلا ۋە غوۋغالىرىدىن خالاس بولۇپ ، ئەمدى ئارام ئالىدىغان بولدۇم ، چېدىرىمدا تىنىمگە سانجىلىدىغان تىكەننى قايتا كۆرمەيدىغان بولدۇم .

① قوڭغۇز — يايلاقلاردا كېچىسى ئۇچقاندا ئۆزىدىن چىرايلىق نۇر چىقىرىدىغان پارقىراق قوڭغۇزنى دېمەكچى .
② سەرگەردان — نوغايخان ئۆزىنى دېمەكچى .
③ قاراگىر — مىنگەن ئېتىنى دېمەكچى .

ناخشا ئاۋازى تۈن پەردىسىنى يېرىپ بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى :

ئالتۇن ئوردا ئىچىدە ، تۇرار گۈزەل قىزىلگۈل ،
يۈزلەپ تايغان ، مىڭلاپ جېسەك بولار ئاڭا قاراۋۇل .
ئۇچار قۇشمۇ كۆرەلمەس ، ئالتۇن ئوردا ئىچىنى ،
جاھانكەزدى ناخشا ئېيتىپ ، يوللار ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى .
مەدھىيىلەيمەن ناخشامدا ئۇنىڭ جادۇ كۆزىنى —
سەۋر ـ تاقەت بويى ھەم لەۋەن دەسسەپ يۈرۈشىنى .

باتۇخاننىڭ چوڭقۇر ئويغا پاتقان چىرايىدا سىرلىق بىر كۈلكە پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ قىسىق كۆزلىرى بىلەن يۈلتۈزغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى . يۈلتۈز يۈزىدىكى قارا يىپەك چۈمبەردىسىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، قاپقارا كۆزلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا باتۇخانغا تىكىپ قارىدى . ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىدىكى مۇلايىملىق ۋە ئىتائەتمەنلىكىنىڭ ئورنىنى بىردىنلا خاپىلىق بۇلۇتلىرى قاپلىدى . ئۇ خۇددى چىڭ تارتىلغان تارىدەك تىككىدە تۇراتتى ، كىچىك مۇشتۇملىرى ھەم تۈگۈلگەنىدى .

— ناخشا بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇر ! — دېدى باتۇخان پەس ۋە سىلىق ئاھاڭدا .

— جاۋاب قايتۇر ؟ ئۇ يۈزسىز قاراقچىغا جاۋاب قايتۇرمەنمۇ ؟ ھەرگىز ئېيتمايمەن .

— ئېيت ! ئۇنى ناخشا بىلەن بۇ يەرگە باشلاپ كىر ! — دېدى باتۇخان بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن ، — مەن ئۇنى كۆرمەكچى ! ئۆز كۆزۈم بىلەن دەل مۇشۇ سورۇندا كۆرۈشنى خالايمەن .

بويى ئېگىز كەلگەن يې لىيەنخې جۇغى كىچىك يۈلتۈزنىڭ قۇلىقىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ ، قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىنلا ، يۈلتۈز بېشىنى لىڭشىتىپ غېجەكنى قولىغا ئالدى ـ دە ، ئايۋانغا چىقتى . ئۇ يېقىملىق ۋە كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاھاڭ-

www.uyghurkitap.com

دا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى . بۇ ناخشا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان پايتەختنىڭ كېچىلىك ئاسمىنىغا يېيىلىپ ، يىراق ـ يىراقلارغا تارقىلاتتى .

چارچىغان سەيياھ — قىممەتلىك مېھمان ،
مەرھەمەت ئۆيۈمگە كىرگىن يېگانە .
كۆرگىنىڭ كۆپ ، بىلگىنىڭ كۆپ جاھاندا ،
قىلغىن بىزگە دۇنيا سىرىن ھېكايە .

يۈلتۈز بىردىنلا چىرقىراپ ھۇجرىغا قېچىپ كىردى ـ دە ، ئۆزىنى يې لىيەنخېنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى .

ئەسلىي ئۇزۇن تون كىيىپ ، بېلىنى كۈمۈش كەمەر بىلەن باغلىغان ، بېشىغا تۇلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۈچلۈق خارەزم دوپپىسى كىيگەن بىر يىگىت ئايۋانغا مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن يامىشىپ چىقتى . ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قارايغان بولۇپ ، بىر جۈپ قاپقارا كۆزىدىن ئۆزىگە بولغان تولۇق ئىشەنچ پارلاپ تۇراتتى ، پېشانىسى كەڭ ، چىرايى ئىللىق ئىدى .

ئۇ دەرھال تىزلىنىپ ، ئۈمىلىگىنىچە باتۇخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويدى . يىگىتنىڭ بۇنداق كىرىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن باتۇخان كەينىگە بىر قەدەم شوخشىدى ، يىغىن ئەھلىمۇ كەينىگە داجىشتى . يىگىت ۋارقىراپ تۇرۇپ گەپ قىلدى :

— يۈرىكىمنى قايتەك قىلىپ ، ئالدىڭدا بىھۆرمەتلىك قىلدىم . بۇ جىنايىتىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمەن ! ئەي ، شەپقىتى ئاپتاپ خاقانىم ، مېنى جازاغا بۇيرۇشتىن ئىلگىرى ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن ! مەن ئۈچقۇر ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ نىشانغا سالما تاشلاشنى ، تىك قىيالارغا ئارقان شوتا بىلەن يامىشىپ چىقىشنى ئادەت قىلغان ئادەممەن . چىللىغان يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان بىر سەكرەپ بۇ يەرگە كىرىشىم شۇ

سەۋەبتىن . بۇنداق لەۋەن ناخشا ئاۋازى بولمىغان بولسا ، مېنىڭ بۇ مۇقەددەس گىلەم ئۈستىگە ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلىشىم مۇمكىنمۇ؟ سەن مېنىڭدىن مىڭ مەرتەم ئەقىللىقسەن ، ئەلۋەتتە . سەن خۇددى تەجرىبىلىك ئوۋچىلاردەك ، بۇ نازاكەتلىك ناخشا بىلەن مېنى قاپقانغا دەسسىتىپ ، ماڭـا ئۆز بۇرچۇمـنى تونۇتـقۇزماقچى بولدۇڭ...

— قانداق بۇرچ؟

— بىر موڭغۇل چېرىكىنىڭ بۇرچى — بۈيۈك يۇرۇشتە قوشۇنـنىڭ ئالدىدا بولۇش!

باتۇخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ ، ئانچە ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن يىگىتكە قارىدى . نوغايخان دانە - دانە قىلىپ سۆزلىدى:

— سەن مېنى ئاددىي بىر چېرىك سۈپىتىدە ئۆزۈڭنىڭ ئالدىن يۇرەر قىسمىڭغا قوبۇل قىلغىن ۋە ماڭا مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى بەرگىن ، — نوغاي يەنە باش قويۇپ ، قىمىر قىلماستىن ھۆكۈمنى كۈتتى .

باتۇخان بۇرۇلۇپ ئورداخانغا:

— مۆھتەرەم خانزادە ، ھۆرمەتنى بىلمەيدىغان بۇ ئەبلەخنى ساڭا تاپشۇردۇم ، ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىل ، — دېدى .

ئورداخان كېلىپ ئېيىقنىڭكىدەك كۈچلۈك قوللىرى بىلەن يىگىتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ھەم ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ قويدى .

— ھەي غەلىتە مەخلۇق ، — دېدى ئورداخان ، — راستىنلا ئۆلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ ھازىر سەن بىر چەتتە تۇرۇپ ، سۆيۈملۈك ساھىبقىرانىنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن چىقارغان قارارىنى كۈتكىن .

باتۇخان ئۆزىنىڭ تەربىيىچىسى ۋە ئەلەم ئۇستازىغا قاراپ:

— دانا سۇبەتەي باھادىر ، بۈيۈك يۇرۇشكە ئاتلانغاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا سېنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشتىم . سېنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردا پاساھەتلىك پىكىرلەرنى بەرگەنلىكىڭ ھېلىمۇ ئېسىمدە . بۇ پىكىرلىرىڭنى باشقىلار بىلمەيدۇ .

سەن مۇشۇ ئولتۇرغان سادىق خانزادىلەرگە ئۆز پىكىرلىرىڭنى بايان قىلىپ بەرمەمسەن؟ — دېدى.

سۆبەتەي دېمى قىسىپ تۇرغاچقا، غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىدىغان قوپال ئاۋازى بىلەن جىددىي، ئەمما قىسقا جۈملىلەرنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز مۇقەددەس ئاتىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز... ئۇنى ئۇلگە قىلىشىمىز لازىم... ئۇ چىنغا ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، دەسلەپكى مەزگىلدە ياپلاق خانزادىلىرىدە ئۇنچىلىك قۇدرەت يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتۇن دۆلىتىنىڭ ئادەم نوپۇسى ياپلاقلىرىمىزدىكى ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇسىدىن 333 ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى سايىنىڭ تېشىدەك نۇرغۇن ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ئاتلىق چېرىكلىرىمىز مۇقەددەس ئاتىمىزنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن باستۇرۇپ كىرىپلا كەتتى... چىنلىقلارنىڭ ئېگىز تاش سېپىللىرىغا يېقىنلاشقىلى بولمايتتى... ئۈركۈگەن خەلق شەھەر ئىچىگە بېكىنگەن... ئۇلار قوللىرىغا ئايپالتا ۋە نەيزىلەرنى تۇتقان. بەزىلىرى لاي ۋە شال پاخىلىدىن ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان ئاجايىپ بۇتلار بىلەن بىزنى قورقۇتماقچى بولاتتى... لېكىن ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن بىزگە تەسلىم بولدى... ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك... بىز ئەمدى رۇسلار، رۇملار، ماجارلار، قىپچاقلار، لاتىنلار، پەرەڭلەر ۋە باشقا دۆلەت خەلقلىرى بىلەن تۇتۇشىمىز. زادى ئۇلار قانچىلىك؟ بۇلارنىڭ سانىنى مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ئۆزىمۇ دەرھال ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ... لېكىن بىز مۇقەددەس ئاتىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىساقلا، چوقۇم غەلىبە قازىنىمىز. «قۇياش پاتقان ئەللەر»نىڭ پايتەختلىرى خۇددى قارا بوراندا قالغان چېدىردەك، ئاسمانىڭ قەرىگە كىرىپ كېتىدۇ... بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز چاقماقتەك تېز بولۇشى، توسۇشقا ئامالسىز قىلىشى... دۈشمەن

ئويلىمىغان يەردە••• دۈشمەننى غەپلەتتە قالدۇرۇشىمىز كېرەك . ئالدى بىلەن ئۇلارغا قورقـقانلىقىمىزدىـن شەپـە بېرىپ ، «گار ! گار ! » (قايتىش ، چېكىنىش ) دەپ سەپنى بۇزۇپ ئارقىغا چېكىنىش كېرەك . ۋاقىتلىق غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن مەست بولغان دۈشمەن سېپى بۇزۇلۇپ ، چېكىنگەن چېرىكلىرىمىزنى قوغلايدۇ . بىز ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىمىز . بىز بۈنى بۈگۈن يەنە نېمە ئۈچۈن تەكىتلەيمىز ؟ بۇ سىلەرگە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك .

سۈبەتەي باھادىر سىڭار كۆزىنى يۇمدى ، ئۇنىڭدىن ياۋايى ھايۋانلارغا خاس خىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ بىردەمدە ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— مۆھتەرەم ئەلەم ئۇستازىمىز ، يەنە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلساڭ ، — دەپ ئۆتۈندى ئورداخان .

سۈبەتەي باھادىر ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان نوغاينى بىگىز قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— جىيەن ئوغلۇڭ مىڭبېشى بولۇشى كېرەك••• «جېنىدىن تويغانلار » قىسمىنىڭ تۈمەنبېشى ! ئۇ يەردە ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش قورقماس ، يۈرەكلىك دوستلار بىلەن قول تۇتۇشىدۇ . ئۇ باشقىلارغا بوزەك بولماسلىقى ، بەلكى ئۆز دۈشمىنىنى بويسۇندۇرۇشى شەرت . مېنىڭچە ، ئۇ چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن••• ئەڭ مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىپ ، يەنە بىر يىلدىن كېيىن سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى ئەڭ قەيسەر تۈمەنبېشى بولۇپ قالىدۇ ! ئۇنى بىر سىناپ كۆرگىن .

باتۇخان بىـردەم جىـم تۇرۇپ كـەتـتى ، ئاندىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— يىسۇن نوغاي[1]••• سەن ئۆزۈڭنىڭ ئېتىغا ئوخشاش ئۆتكۈر

---

① يىسۇن نوغاي — «تۆمۈر ئىت» دېگەن مەنىدە بولۇپ ، كېيىن نوغايغا لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغان .

پۇراق سىزىمىڭنى ۋە تۆمۈردەك قاتتىقلىقىڭنى نامايان قىلىشىڭ كېرەك . ئۆزۈڭنىڭ ئارقان شوتاڭنى ئېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشقىن . ئارقان شوتاڭ بىلەن بىرىنچى بولۇپ رۇس پايتەختى كىيېفنىڭ سېپىلىغا چىققىن . ئەمدى ئىشىكتىن چىقىپ ئۆز چېدىرىڭغا بار- غىن . تورغاۋۇتلار مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ساڭا يەتكۈزىدۇ . كەتسەڭ بولىدۇ .

نوغاي شايىدىن ئېشىلگەن ئارقان شوتىسىنى كۆتۈرۈپ ، كەي- نىگە شوخشىغىنىچە مەسلىھەتخانىدىن چىقىپ كەتتى .

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# «جېنىدىن تويغانلار» قارارگاھىدا

ئۇلار كەھرىۋا رەڭلىك مازاندىران[1] شارابى قاچىلانغان كومـزەكتىن يەنە بىرىنى ئېچىپ قانغۇچە ئىچىشتى. ئەڭ ئاخىرقى تامچە ھاراقنى ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە باشلىرىغا تۆكۈشتى. باتۇخان قولىنى توختىماي ھاۋادا پۇلاڭلىتاتتى. ئېھتىمالىم، ئۇ پەرۋانىنى تۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتسا كېرەك.

— ئۇلارنى بىر كۆرۈپ باقاي، مىجەزى تەرسا، يۈگەنسىز چېرىكلەرنى بىر كۆرەي... ئۇلارنىڭ قوپال ئاۋازلىرىنى، ناخشىلىرىنى ۋە تىللاشقانلىرىنى بىر ئاڭلاپ باقاي.

— سەن ئۇ ھاراقكەش جېدەلخورلارنىڭ ماكانىغا بارمايلا قوي، — دېدى سۇبەتەي باھادىر. ئۇ يەنىلا خاتىرجەم، ۋەزمىن ھالەتتە ئولتۇراتتى. پەقەت ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى قىلىچ ئىزىدىن قالغان جاراھەت تاتۇقى ھاراق تەپتىدىن قىزارغانـدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — «جېنىدىن تويغانلار» ئەدەپ - قائىدىنى بىلمەيدۇ. سېنىڭ بېرىپ كۆرۈشۈڭگە ئەرزىمەيدۇ...

— ماڭا ھېچقانداق ئەدەپ - قائىدە كېرەك ئەمەس! ئىككى رەقىبىنىڭ پىچاقلىشىش ئالدىدىكى تىللاشلىرىنى ئاڭلىماقچىمەن. شۇڭا، سەيياھلار كىيىمىنى كىيىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىمەن - دە، ھەممىسىنى بىمالال كۆرىمەن ۋە ئاڭلايمەن.

---

[1] مازاندىران — ئىراننىڭ شىمالىدىكى جاي نامى.

— ھەي ، خاقانىم ، سىنىڭ مۇقەددەس ئاياغلىرىڭ سەن ئارام ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئۆيدىكى گىلەم ئۈستىنى پاكى يۇرۇشكە ئاتلانغان تۇلپارنىڭ ئۇزەڭگىسىنى دەسسىشى كېرەك

— لېكىن ، بۈگۈن مەن ئاشۇ چۆل گۈلخانلىرىنى زىيارەت قىلىشنى جەزم قىلدىم ، يالغۇز نوغايخانىنىڭ ئۆزىلا ماڭا ھەمراھ بولسا كۇپايە ، ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ماڭا كىيىم ئېلىپ كېلىڭلار !

سۇبەتەي باھادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئىشىك تۈۋىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان تورغاۋۇتىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەرمان چىرلىدى :

— ئەڭ ناچار جۇببەدىن[1] بەشنى ئېلىپ كېلىڭلار ! ئون تورغاۋۇت يىراقتىن ئەگىشىپ مېڭىڭلار . قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ ، ھەرقاچان جەڭگە ھازىر تۇرۇڭلار !

— پەرمانبەردارمەن ! — دېدى - دە ، تورغاۋۇت چېدىردىن چىقىپ كەتتى .

باتۇخان ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ، توختىماي سۆزلەيتتى ۋە پەرۋانىنى تۇتماقچى بولاتتى . دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ھاجى رەھىم باتۇخانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى :

— خان ، مېنى بىرگە ئېلىپ بارغايسەن . «جىنىمدىن تويغانلار» دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن كېلىشكەن جاھىل سولتەكلەر . ئۇلارنىڭ تىللاشلىرىنى ، ئېيتقان ناخشىلىرىنى ، قىلغان سۆزلىرىنى چۈشىنىشىڭ ئۈچۈن ياردىمىم تېگەر…

— بولىدۇ ، بىرگە بارغىن ، لېكىن قاراڭغۇ تۈندە پالاكەت ئازگاللىرىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلە . راستىنلا بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا ، بۈيۈك يۇرۇش قىسسىسىنى كىم يازىدۇ ؟

بىرئازدىن كېيىن جۇلدۇر جەندىلەرنى كىيگەن بەش نەپەر كىشى چېدىردىن چىقىپ ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشتى .

---

① جۇببە — شەيخلەر كىيىدىغان مەخسۇس تون .

يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئات تۇياقلىرىنىڭ تارسىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بىرنەچچە ئاتلىق كىشى ھېلىقى بەش كىشىنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىدى...

تەكشى كەتكەن پەس ئېدىرلىقلار ئارىسىدا كەڭ بىر ۋادا ياتاتتى . بۇ يەردە سانسىزلىغان گۈلخانلار يېقىلغان . ۋادىنىڭ ئوت- تۇرىسىدا بازار ئورۇنلاشقان . ھازىر بۇ يەرگە تۆگىلەر چۆكتۈرۈل- گەن بولۇپ ، بىر چەتتە مال قاچىلانغان تاغارلارنى قۇچاقلاپ ياتقان سودىگەرلەر ۋە كارۋان بېشى ھەم خىزمەتكارلار ئورۇنلاشقانىدى . لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۈلخانلار ئەتراپىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلى- رىدىن كەلگەن ، ھەرخىل تائىپە ئەسكەرلىرى سۇنايلىنىپ ياتاتتى . ئۇلار ئىچىدە تەرتىپ ئورنىتىلمىغان ، باشقۇرغۇچىمۇ قويۇلمىغان . شۇڭا ، ئەسكەرلەردە بىرلىك يوق ئىدى . «جېنىدىن تويغانلار» دەپ ئاتالغان چېرىكلەر ئەتىل دەرياسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بۇ تۇزلەڭلىكتە بارگاھ قۇرۇشقانىدى . ئۇلار گۈلخان ئەتراپىدا قىسى- تىلىشىپ ئولتۇرۇپ ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە قىلىنىدىغان يۈ- رۈشنى كۈتمەكتە . بۇ يەردە ھەرخىل تىللارنى : تۈرك تىلى ، پارس تىلى ، بىلۇد تىلى ، كۇرد تىلى ، ئادگى تىلى ، لىزگىن تىلى ۋە باشقا تۇزلەڭلىك ۋە تاغلىق تائىپىلەرنىڭ تىللىرىنى ئاڭلاشقا بولاتتى .

ئۇ ۋادىغا ساپلا سەپەر قونالغۇلىرىدا تىكىلىدىغان كىچىك كىگىز ئۆيلەر ياكى ئاددىي رەختلەردىن تارتىلغان چېدىرلار تىكىل- گەن . بۇ بارگاھنىڭ گۈلخانلار يورۇتۇپ تۇرغان كېچىلىك ئاسمى- نىدا ھەرخىل غوۋغالار بىلەن مەستلەرنىڭ ناخشا ئاۋازلىرى كېزىپ يۈرەتتى .

بىرقانچە قەبىلىنىڭ ئەسكەرلىرى گۈلخان ئەتراپىدا قىستىلى- شىپ ئولتۇرۇپ ، قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا بولغان قېرى ئەسكەر- لەرنىڭ ياكى بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن سەيياھنىڭ ھېكايى- سىنى ئاڭلايتتى ، بەزىدە قوشاقچىلارنىڭ كىشىنى لەرزىگە سالىدى- غان داستانلىرىنى ئاڭلايتتى . قوشاقچىلار غېجەكنىڭ غىڭشىغان

ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ، يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىلىرىدا ئەجدادلار-نىڭ — شان ـ شەرەپكە نائىل بولغان چۆل باھادىرىنىڭ قازانغان شۆھرەتلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان قەدىمدىكى قوشاقلارنى ئېيتاتتى.

بەش سەيياھ گۈلخان يېنىغا كېلىپ توختاپ ناخشىغا قۇلاق سېلىشتى .

— ئۇ قايسى قوشاقنى ئېيتىۋاتىدۇ ؟

— ئۇ «قوش مۈڭگۈزلۈك» ئىسكەندەرنىڭ قىزىل ساقاللار بىلەن قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى مەدھىيىلەپ قوشاق ئېيتىۋا-تىدۇ...

ئۇشتۇمتۇت ، ئىككى ئاتلىق چەۋەنداز بىر ـ بىرىنى قوغلى-شىپ تۇزلەڭلىكتىن كېلىپ بارگاھنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى . ئىككىسى قوغلىشىپ گۈلخان ئالدىغا كەلگەندە ، گۈلخان ئۈستىگە سېلىنغان ئوتۇنلار كۆيۈپ يالقۇنى راسا ئەۋجىگە چىققاند-دى . چۆرىدەپ ئولتۇرغان چېرىكلەر ۋارقىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇشۇپ كەتتى ھەم شەمشەرلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىشتى .

ئالدىدا قېچىپ كېلىۋاتقىنى تەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان ئەرەبچە كىيىم كىيگەن ، يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس ئادەم بولۇپ ، قولىدا ھېچقانداق قورال يوق ئىدى . ئۇ مىنگەن چىلانتورۇق ئايغىر يەڭ-گىلگىنە بىر سەكرەپ گۈلخان يالقۇنىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆ-تۈپ ، كىرىچتىن چىققان ئوقتەك تېز چېپىپ كەتتى . ئۇ قوغلىغۇ-چىدىن ئىمكانقەدەر ئۇزاپ كېتىشكە تىرىشاتتى . قوغلاپ كەلگۈچى بولسا دۈبۈلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيگەن ، قولىغا ئۇزۇن دەستىلىك نەيزە تۇتقان ئادەم بولۇپ ، قاراگىر ئاتنىڭ يالىغا يېپىشىۋېلىپ ، ياۋايى چوشقىدەك پۇشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . بۇ ئىككى چەۋەنداز لاگېردىكى غەزەپلەنگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ، يىراقتىكى ئېدىرلىق ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى .

بىر ھازادىن كېيىن ، قوغلاپ كەتكەن چەۋەنداز قايتىپ كەل-دى ، ئۇ ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك قاراگىر ئاتقا مىنگەن ، ئالدىرىماي

كېلەتتى ، گۈلخانلار يېنىدىن ئېھتىيات بىلەن ئەگىپ ئۆتەتتى ، «جىنىدىن تويغانلار »نىڭ تىللاشلىرىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇ- راتتى . «جىنىدىن تويغانلار» ئەمدى جىمىپ ، بۇرۇن كۆرۈپ باق- مىغان بۇ ئەزىمەتكە ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن قاراپ قېلىشتى .

ئۇنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى رەڭگارەڭ زىننەتلەنگەن ، ئېگەر ئۈستىگە قاردەك ئاپئاق بۇغا تېرىسى ئارتىلغان . ئاتنىڭ يۈگىنىگە كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى تاقالغان ، نوختىسىغا قاپ- قارا ، ئاجايىپ بىر نەرسە ئېسىلغان ، كۆرۈنۈشى خۇددى مۈشتۈمى چىڭ تۈگۈلگەن ئادەمنىڭ بىلىكىگە ئوخشايتتى .

چەۋەنداز بىر توپ ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ يەردە قىزىل يوللۇق ۋە سېرىق يوللۇق تونلارنى كىيگەن لەشكەرلەر بار ئىدى . چەۋەندازنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ قوشاقچى جىمىپ قالدى ، قىلى- شىۋاتقان پاراڭلارمۇ توختىدى . كۆپچىلىك بۇ چەۋەندازغا سەپسېلى- ۋاتقاندا ، ئۇ توساتتىن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ قوشاقچى مۇقامىدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى :

كوردىستانلىق ئۆتبويمەن ، تەڭ كېلەلمەس دۈشمەن ماڭا !
يەڭگەچ دىنى غەيرىيلەرنى ، شۆھرىتىم ئاشتى يانا !
ئاھ ، نېمىدېگەن ياخشى !
پەرەڭلەرگە ھىيلە قىلىپ ، قۇتۇلۇپ چىقتىم شۇنچە تېز ،
كەستىم دۈشمەن كاللىسىنى ، ئېگىزلىكى تاغدىن ئېگىز !
ئاھ ، نېمىدېگەن ياخشى !
جالالىدىنمۇ يىغلىدى ، ماڭدى باقىي دۇنياغا !
تېرىسىنى شىلىۋالدىم ، توقۇم قىلدىم ئېتىمغا !
ئاھ ، نېمىدېگەن ياخشى !
بىلىكىنى كېسىپمەن ، تۇمار قىلدىم ئېتىمغا !
كىم چېقىلسا گەر ماڭا ، كۈنى چۈشەر شۇ ھالغا !
ئاھ ، نېمىدېگەن ياخشى !

ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، بەش نەپەر سەيياھنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى ئۇستىدىكى جەندىسىنى سېلىپ يەرگە تاشلىدى ـ دە ، تونلىشىپ تۇرغان قىپچاقلارنىڭ ئالدىغا يۇگۇرۇپ كەلدى .

— يىغلىماس باتۇر ئەزىمەتلەر ، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار !

كۆپچىلىك بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى . بويى ئېگىز ، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ يىگىت ئۇرگەنچ چەكمىنىنى كىيىپ ، بېلىگە ئىككى دانە خەنجەر ئاسقان ھالەتتە تۇراتتى .

— بۇ پوچى ئەبلەخ بىزنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنىمىز جالالىدىننى[1] ئۆلتۈرگەن ئەمەس ، جالالىدىن ھازىرمۇ ھايات . جابا نويون ھازىرمۇ ئىراندا ئۇنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپتۇ ، تېخى ئۇ تۇتۇلغىنى يوق ، ئۇنى تۆمۈر زەنجىرگە باغلاپ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگىنى يوق . مەن بۇ ئالەمشۇمۇل پوچى بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقماقچىمەن . ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ قولىدىكى نەيزىگە تاقابىل تۇرىدىغان بىر دانە شەمشەر بەرمىسەڭلار ، بىر ئات بەرمىسەڭلار ، مەن پەقەت مۇشۇ ئىككى خەنجىرىم بىلەن مەيدانغا چۈشىمەن . جەڭ مەيدانىدا ئۆلسەم رازىمەنكى ، ھەرگىز بۇ پوچى بىلەن بىر يەردە سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمەن !

— نام ـ شەرىپىڭنى ئېيتقىن ـ دە ، مېنىڭ شەمشىرىمنى ئال ! مېنىڭ ئېتىمنى مىنگىن ! مانا ساڭا قالقان ۋە نەيزە···· بىز بىر قېتىملىق ئاللانىڭ ھۆكمىنى ئورۇنداۋاتىمىز ، ئاللا غەلىبىنى ھامان ھەق سۆزلىگەنلەرگە بۇيرۇيدۇ ، جىنايەتكارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ .

— مېنىڭ ئىسمىم غالىب «تۆمۈرئىت» يىسۇن نوغاي !

— ھە ، ئۇ ئەسلىي چەكسىز شان ـ شەرەپ ئىگىسى يىسۇن نوغايخان ئىكەن ـ دە···· جاھانگىر باتۇخاننىڭ ياخشى كۆرىدىغان جىيەنى··· كېلىڭلار ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلايلى .

قىپچاقلار دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى ، شەمشەر ۋە نەيزىلەرنى

---

① جالالىدىن — ئەڭ ئاخىرقى خارەزم شاھى ، موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن .

ئېلىپ كەلدى ، توقۇقلۇق ئاتلاردىنمۇ بىرنەچچىسىنى يېتىلەپ كې-
لىشتى . ئاتلارنىڭ ئىگىلىرى ئۆز ئېتىنى ماختاپ ئۇنى مىنىشكە
تەكلىپ قىلاتتى .
نوغايخان ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىنلا بويى ئېگىز بىر جەرەن
ئاتقا سەكرەپ مىندى . قىپچاقلار بىر دانە قىلىچنى ئەكېلىپ
نوغايخاننىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى . بىر دانە نەيزە بىلەن بىر دانە
دۇگىلەك قالقاننى قولىغا تۇتقۇزدى .
ئوتبوي ئىسمىلىك كوردىستانلىق سېمىز قاراگىر ئاتنى مەي-
لىگە قويۇپ بەرمەي ، تىزگىنىنى تارتىپ تۇراتتى . ئۆزىنىڭ بولسا
بەدىنى تىترەپ ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ ، كۆزلىرى غەزەپتىن ئالا-
يىپ كەتكەنىدى .
— خۇدا ئۆزى ساڭا مەدەت بەرگەي ! — دېيىشتى قىپچاقلار
نوغايغا ۋارقىراپ .
سودىگەرلەر ۋە تۆگە كارۋانلىرى دەرھال سىرتقا ھەيدەپ چى-
قىرىلدى . ھەر تەرەپتىن كەلگەن چەۋەندازلار ئوتتۇرىدىن چوڭ بىر
مەيدان چىقاردى . ئەتراپىدا كىشىلەر قىستىلىشىپ دائىرە بولۇپ
تۇردى . ئاللا ھۆكۈم چىقىرىدىغان دۇئېل ، مانا مۇشۇ يەردە ھازىر
باشلانماقچى . خالىس سودىيە بولۇش ئۈچۈن چېچى ئاقارغان بىر-
نەچچە كىشى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى .
دۇئېل باشلاندى .
يىسۇن نوغاي ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ كوردىستانلىققا شىددەت
بىلەن ئېتىلدى . بۇنى كۆرگەن ئوتبوي ئۇزۇن نەيزىنى زەربە بىلەن
نوغاينىڭ كۆكسىگە ئۇردى . لېكىن ، نوغاي چاققانلىق بىلەن ئات-
نىڭ بېشىنى بۇراپ ، ئۆزىنى ئېتىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئېلىشقا ئۈل-
گۈردى . ئوتبوينىڭ نىشانغا تەگمىگەن نەيزىسى يەرگە سانجىلدى .
بىراق ، ئۇنى يەردىن سۇغۇرۇپ ئالالمىدى .
نوغاي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى قاي-
رىدى - دە ، كوردىستانلىققا قاراپ ئېتىلدى ۋە يالتىراپ تۇرغان
شەمشەرنى چاقماق تېزلىكىدە قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ رەقىبىنىڭ

بويىنىغا ئۇردى .
ئوتبوي مەيدان كۆرگەن چەۋەنداز بولغاچقا ، ھە دېگەندە نوغاي-
نىڭ ھۇجۇمىغا خېلى ئوبدان تاقابىل تۇردى . كېيىن ساۋۇتى
يىرتىلىپ كەتكەچكە ، ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى . ئۇنىڭ ئېتى تىزگىـ-
نىنى سۆرەپ قاچتى . تاماشىـبىنلاردىن بىرنەچـچەـسى ئۇنى تۇ-
تۇۋالدى .
نوغاي يەردە ياتقان رەقىبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، نەيزىنىڭ
تىغىنى ئاغزى ـ بۇرنى تۈپتۈز بولۇپ قانغا بۇلغانغان يۈزىگە تەڭلەپ
تۇرۇپ :
— ھەي ئەرزىمەس قۇرت ، كوچىدا قالغان لالما ئىت ، تەسلىم
بولامسەن ـ يوق ! — دېدى .
— ئالتۇن بىلەن گۇناھىمنى يۇياي ، نېمە تەلەپ قىلساڭ شۇنى
بېرەي ، — ئوتبوي يەنە يالۋۇردى ، — گۇناھىمدىن كەچكەيسەن .
— ئېگىرىڭنىڭ ئۈستىگە ياپقان ئاق تېرە كىمنىڭ ؟ راستىنىڭ-
نى ئېيتساڭ ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچەي .
— گۇناھىمنى تىلەيدىغان ئالتۇننى بېرەي ، — كۆرد غودۇڭ-
شىدى ، — ئېتىمنى ۋە ئېگەر ـ جابدۇقلىرىمنى ، قوراللىرىمنى ،
ھەتتا دىنار توشقۇزۇلغان ھەميانىمنىمۇ ئالغىن ، مېنىڭدىن سوئال
سورىماي قويۇۋەتسەڭلا بولدى .
نوغاي نەيزىنىڭ تىغىنى ئوتبوينىڭ يۈزىگە تىرەپ تۇرۇپ :
— ئالتۇننى ئالىمەن ، بىراق سەن راستىڭنى ئېيت ، ھېلىقى
چارچىماس جالالىـدىن ھازىرمۇ ھاياتـمۇ ؟ قەيـەردە يوشۇرۇنۇپ
يۈرىدۇ ؟
— مەن جالالىدىننى زادىلا ئۆلتۈرگەن ئەمەس ، ئۇنى كۆرۈپمۇ
باقمىغان . ھازىر يالغان سۆزلەپ…
دەل بۇ چاغدا چىلانتورۇق ئاتقا مىنگەن ياش ئەرەب يىگىتى
دۇئىل مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، نوغايخاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ
كېلىپ :
— بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماڭلار ! ئېگەر



www.uyghurkitap.com

ئۈستىدىكى ئاق تېرىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى . ئاندىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز ، — دېدى .

— ھەممىسىنى تاپشۇراي ، — دەپ ۋارقىرىدى يەردە ياتقان كۇرد ، ئاندىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ ئاتنىڭ تارتقۇچىنى بوشىتىپ ، ھېلىقى تېرىنى يېنىدىكى خەنجەر بىلەن قاتلانغان يېرىدىن ئىككىگە ئايرىدى . ياش ئەرەب ئۇنى ئېگەر ئۈستىدىن ئېلىپ يايدى . ئەمدى ئۇنىڭ ئادەم تېنىدىن شىلىنغان تېرە ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇراتتى . باش تەرىپىنى ئاچقاندا ، تۇيۇقسىزلا بىر تۇتام ئالتۇن رەڭلىك ئايالنىڭ چېچى چۇۋۇلۇپ چىقتى...

ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان ئالىمان ئارىسىدىن گۇرۇلدىگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى . ئوتبوي يېغى بىلەن توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئېسەدەپ تۇرۇپ :

— بۇ ئەسلى مېنىڭ چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىدىغان ئايالىم ئىدى . كېيىن ئۆزگىرىپ رەزىل ئايال بولۇپ كەتتى . ئۇ مېنىڭ ئاتچىم بىلەن — يوغان قولاق ، دورداي كالپۇك ئەبلەخ بىلەن كەچۇرگۇسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدىم . شەرمەندە ئۆي قولىنىڭ بىلىكى ئېتىمنىڭ تۇقتىسىدا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ ، ئۆزۈم كېسىۋالغان .

كۇرد خەنجەر ۋە شەمشەر ئېسىلغان كەمەرنى يېشىپ يەرگە قويدى . ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى نوغايغا بەردى .

— مانا بۇلار مېنىڭ گۇناھىمنى تىلەش مېلىم ، يەنە ئىچى لىق تىللاغا تولغان ھەميانىمۇ بار ! مەن خوتۇنىدىن ، ئاتتىن ، يۈز - ئابرۇيىدىن بىراقلا ئايرىلدىم . پۇتۇنلەي تۈگەشتىم ، — دېدى - دە ، ئۇ مەيداندىن چىقىپ كەتتى . ئۇنى «جىنىدىن تويغانلار»نىڭ مەسخىرە كۈلكىلىرى ۋە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشلىرى ئۇزىتىپ قويدى .

ئۇشتۇمتۇت ، قارارگاھ ئاسمىنىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر ئاۋاز ئىشتىلدى . بۇ خۇددى تاغ چوققىسىدا تۇرغان ياۋايى بۇغى-

نىڭ قىچقىرغان ئاۋازىغا ئوخشايتتى ، ئەسلىي سوبەتەي باھادىر ئات بىلەن ئۆدۈللا دۈشمەن مەيدانىغا كىرىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدە پاسىبانلىق قىلىپ يۈرگەن تۆت كىشى بار ئىدى .

— يېڭىلمەس باتۇخاننىڭ قەھرىمان ئەزىمەتلىرى ، مېنىڭ كۆزۈمگە قاراڭلار ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ! «جىنىدىن تويغانلار» لاگېرىنىڭ شۇڭقارلىرى ، پۈتۈن دىققىتىڭلار بىلەن قۇلاق سېلىڭلار ! سىلەرگە سۆزلەۋاتقان كىشى ئۇلۇغ ، ئاتاقلىق سۇبەتەي باھادىر بولىدۇ ! جېدەلنى توختىتىڭلار ، ۋارقىراشماڭلار ! تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەپ يېقىن كەلگۈسىدە «قۇياش پاتقان ئەللەر» دىكى نومۇسسىزلارنىڭ ئۈستىدىگە قىلىنىدىغان يۈرۈشكە قاتنىشىڭلار ! بۈيۈك «ياساق»تا : «ئۆز قوشۇنىدىكى بارلىق چېرىكلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆچمەنلىشىشىگە ، نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋېلىشىغا ، يالغان سۆز قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ ، ئەگەر كىمدە كىم بۇ قائىدىگە مۇخالىپ ئىش قىلسا ، شۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم !» دېيىلگەن .

پۈتكۈل «جىنىدىن تويغان»لار لاگېرى تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك جىمىپ كەتتى . ھەربىر چېرىك تەڭداشسىز غالىب قوماندانىنىڭ — باتۇخاننىڭ يەكچەشمە ئۇستازىنىڭ بۇيرۇقىنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلايتتى .

— ئاڭلاڭلار ، جاھانگىر يېقىندا يېڭى پەرمايىش جاكارلىدى . دەرھال «مىڭ» لىقلار ، «يۈز» لۈكلەر بويىچە ئونبېشى ۋە يۈزبېشى سايلىنىدۇ . ئۇلۇغ باتۇخان سىلەرگە مىڭبېشى ، تۈمەنبېشىلىرىنى بەلگىلەپ ئەۋەتتى . سىلەرنىڭ «جىنىدىن تويغانلار» لاگېرىدا ھازىرغىچە تەرتىپ يوق . جەڭگىۋار كۈچىمۇ ئاجىز ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ تۇتىدىغان قاتتىق قول رەھبەرمۇ يوق . ھازىردىن باشلاپ ، يەنى جاھانگىر يېڭى پەرمايىشنى جاكارلىغاندىن كېيىن ، سىلەر ئاۋانگارت قىسىم قىلىپ بەلگىلىنىسىلەر . جاھانگىرنىڭ سەزگۈر قۇلىقى ، ئۆتكۈر كۆزى بولىسىلەر . بۈگۈندىن ئېتىبارەن ،

بۈيۈك باتۇخانىنىڭ قوشۇنىدا ھەرقانداق بىر چېرىك ئۆز بېشىمچە-لىق بىلەن سايائلىق قىلىپ يۇرۇشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ . ھەر-قايسى «ئون»لۇقلارغا كىرمىگەن، بوينىغا «پەيزە» ئاسمىغان لەشكەر ۋە مۇشۇلارغا ئوخشاش سايائلار نەق مەيداندىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ... جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، سىلەرگە مىڭبېشىلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قەھرىمانلار ئىچىدىكى قەھرىمان نوغايخان ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقىنى ھازىر ھەممىڭلار ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار .

بارلىق «جېنىدىن تويغانلار» ئۆزئارا قولاق قېقىشىپ كىم-نىڭ ئونبېشى، يۈزبېشى بولىدىغانلىقىنى غۇلغۇلا قىلىشتى . ھې-لىقى ئەرەب يىگىتىلا ئۆزىنىڭ كوردىستانلىق رەقىبىنى تېخى ئۇن-تۇمىغانىدى . ئۇ ئوتبوينى كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈپ قېلىپ، بىر ئامال قىلىپ قىستىلىپ يۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆزلىدى :

— يۇسۇپ ئەس ساكافى دېگەن مەن بولىمەن . قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا نامىدىن قەسەم ئىچىمەنكى، ھەي، شەرمەندە ئوتبوي، مېنىڭ قولۇمدىن ئەمدى قېچىپ كېتەلمەيسەن . سېنى تۇتقۇن قىلىمەن . تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرەڭنى سويۇۋېلىپ، ئىتىمغا يەپۈق قىلىمەن .

كۇرد دەرھال كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ قاراڭغۇلۇق پەردىسى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى ھەم بىر تەرەپتىن غودۇڭشىدى :

— ھازىرلا تەلۋە نوغايخانىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققاند-ىم، ئەمدى ئەخمەق ئەرەب يۇسۇپنىڭمۇ قولىدىن قۇتۇل-دۇم، بۇمۇ ياخشى !

باتۇخان ئۆزىنىڭ تۆت نەپەر ھەمراھى بىلەن ئاستا - ئاستا مەيداندىن يىراقلاشتى .

ھەرخىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان «جېنىدىن تويغانلار» «قو-ياش پاتقان ئەللەر»دىكى ئاۋام خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار-نىڭ بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك چاقماق . بۈيۈك يۇرۇشتە بۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلاي، ئۇلارنىڭ تېخى

پايدىسى كۆپ . ئۇلار ئەمدى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . ئاۋانگارت قىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن مىـ نىلىڭ ئاساسىي «تۈمەن»لىرىم قەدەم باسقان يەرلەردە دەھشەت ۋە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلالايدۇ . مەن دەرھال ئۇلارنى رۇسلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتەي . ئۇلار كىيىنى كۆيدۈرۈپ كۆلىنى كۆككە سورىسۇن .

## ئالتىنچى باب

# ئۇرۇشقا يۇرۇش قىلىش كۈنى بېكىتىلدى

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن)

جاھانگىر باتۇخان (ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي) بۈگۈن ئەتىگەن ماڭا مۇنداق دېدى:

— ساڭا بۇيرۇق قىلىمەن، سادىق ئۇستازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ئېسىدە ساقلاشقا تېگىشلىك بولغان چوڭ ئىشلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭغىن. بارلىق تۇمەنباشلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈردۈم، ئەتە، يەنى «بەيگە ئېيى»نىڭ بىرىنچى كۈنى (10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) ھەرقايسى قىسىملار «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە قاراپ يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈش ھەرىكەت جەھەتتە چاقماقتەك تېز، خۇددى جىمجىت چۆللۈكتە تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قارا بوراندەك شىددەتلىك بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ئالەمشۇمۇل غەلىبىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاتلىرىمىزنىڭ تۇيىقى ئاستىدا قالغان «قۇياش پاتقان ئەللەر»دىكى خەلقلەرگە يەر يېرىلىپ، ئاسمان كۆمتۈرۈلگەندەك بولىدۇ. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم «يېڭىلمەس» دەپ ماختىنالمايدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئۇلارنىڭ تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان، خۇشبۇي شاراب كەيپىنى سۈرۈۋاتقان پەيتتە ئۇشتۇمتۇت باشلىنىشى كېرەك...

بۇ سۆزلەر بولۇنۇۋاتقاندا، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ، پۇتلىرىم ماڭا بويسۇنماس بولۇپ قالدى. ساھىبقىران مېنىڭدىكى ئۆزگە-

رشنى سېزىپ قالدى بولغاي :

— نېمە ئۈچۈن چىشلىرىڭ كاسىلداپ تىترەپ كەتتى ؟ قورقۇۋاتامسەن ؟ — دېدى .

— ياق ، خاقان ! ھەرگىز قورقمايمەن . «قوياش پاتقان ئەللەر»نى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىڭغا ۋە ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سەندىن شاپائەت تىلەيدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمەيمەن . بىراق ، مەن سېنىڭ قۇۋۋىتىڭ ۋە سالامەتلىكىڭ مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرەرمۇ ، ھەممە ئىشلار تازا ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان چاغدا ، قوينۇڭدىكى بىرەر دۈشمەن ئارقاڭدىن پىچاق ئۇرۇپ سېنى نابۇت قىلارمۇ ، دەپ قورقىمەن . شۇڭا ، كېچىسى ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇش كېرەكمۇ...

ساھىبقىران قاۋاندەك كۈچلۈك قولىدا يەلكەمنى تۇتۇپ :

— راستىڭنى ئېيت ، كىمدىن گۇمانىڭ بار ؟ — دېدى .

— بارلىق كىشىلەردىن . سەن غەلىبە قازانغاندا سېنىڭ ئورنۇڭغا كۆزىنى قىزارتىدىغان كىشىلەردىن...

— ئىسمىنى ئېيتقىن ! نېمىشقا كۆزۈڭنى ئېلىپ قاچىسەن ؟

— قول ئاستىڭدىكى نەچچە ئونلىغان مىڭبېشى ۋە تۈمەنباشىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر چەتتىن ئېيتىپ بەرسەم بولىدۇ . لېكىن ، ياردەمچىلىرىڭنى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەن بۇنداق قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئىچىدە ئۇزاققا بولغان يۈرۈشنى باشلاش مۇمكىنمۇ ئاخىر ؟

— ئەڭ ياخشىسى قانداق قىلىش كېرەك ؟

— ئەڭ ياخشى چارە ، يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىڭنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلدۇرۇشۇڭ كېرەك .

گەپ تۈگىدى . مەن ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان بىر مەنزىرىنى كۆرۈۋاتىمەن . باتۇخاننىڭ دەرەخ پوستىدەك يېرىلىپ كەتكەن قاپقارا ، ھېسسىياتسىز يۈزىدە بىردەمگە بولسىمۇ كۈلكە يېنىپ ئۆچتى . ئۇنىڭ بىرنەچچە تال چىشى كۆرۈندى . ئىككى كۆزىدىن ھېچنەرسىگە ئىشەنمەيدىغان گۇمانخورلۇق يېغىپ تۇراتتى ، ھەتتا ئۇ



www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن يىللىق ئۇستازى بولغان ماگىمۇ ئىشەنمەيتتى. مىنىڭ ئويلىغانلىرىمنى خۇددى ئىچىمگە كىرىپ چىققاندەك بىلىۋالغاندى. كېيىن ئۇ ئاستا سۆزلىدى:

— مىنىڭ توشقان يۈرەك ئۇستازىم! موڭغۇل يايلاقلىرىدا: «ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشسەڭ كۆتۈم ئاغرىدى دېمە» دېگەن بىر ماقال بار. مىنىڭ قوشۇنۇم ئەتە ئۆزىمىزدىن يۈز ھەسسە كۈچلۈك بولغان دۈشمەن ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى. سەن بايا ئېيتقان ئىشلارنى ئاللىبۇرۇنلا سەزگەن ۋە ئاڭلىغانىدىم. سەن ئەڭ مۇھىم بولغان مۇنۇ بىر نۇقتىنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا: مۇقەددەس قوشۇنۇمنى بەش «ئوردۇ»غا بۆلدۈم. ھەربىر «ئوردۇ»دا··· — ئۇ بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىرقانچە تۈمەن چەۋەنداز بار. مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلار ھۇجۇم جەريانىدا ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ تەجرىبىلىك ۋە قالتىس باھادىرلىق شۆھرىتىنى نامايان قىلالايدۇ. دەھشەت سالغۇچى بۇ بەش شۇڭقار ھەرقايسى قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ غايەت زور قوشۇنۇمنى ئۆز ئىلكىدە كونترول قىلىپ تۇتالايدۇ. مەن مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر «ئوردۇ» بىلەن بىرگە يۈرۈش قىلىمەن. مىنىڭ ھەرقايسى «ئوردۇ»لىرىمنىڭ شۆھرىتى ئۇزۇندىن بېرى مەشھۇر. ھەرقايسىسىغا نويۇزلۇق قوماندانلاردىن مۆھتەرەم ئاكام ئورداخان، ئەلەم ئۇستازىم سۇبەتەي باھادىر، قېرىندىشىم مۆڭكەخان، بورۇنتاي، شەيبان خان، خادان، ھەيدەرلەر قوماندانلىق قىلغان. مەن ئۇلارغا مۇقىم بىر ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەردىم. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ھەرقانداق بىر ئاۋات شەھەردە توختاپ قالمايدۇ. ئۇلار بىلىدۇكى، ئالدى بىلەن «قۇياش پاتقان ئەللەر»نىڭ باش تەرىپىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئاندىن يەنە ۋاقىتنى بەلگىلەش كېرەك. بەلگىلەنگەن ئورۇن ھەر جەھەتتىن قۇلايلىق بولۇشى كېرەك. مەن ئىشىنىمەنكى، ھەرقايسى قەبىلىلەردىن تۈزۈلگەن بۇ غايەت زور قوشۇن ئالدىن بەلگىلىنىپ قويۇلغان ۋاقىتتا بىر يەرگە جەم بولالايدۇ. ئۇ چاغدا مەن

ئۇچقۇر تۇلپارلىرىمىغا ۋە دەھشەت سالغۇچى شۇڭقارلىرىمىغا قانات ـ قۇيرۇقىنى تۇزۇۋېلىش ئۇچۇن قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىش بېرىمەن . ئاندىن بۇيۇك يېشىل «ئوردۇ»لىرىمنى باشلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيمەن . مەن ئۆزىنى گېرمانلارنىڭ، ئىتال- يانلارنىڭ ، ساكسونلارنىڭ ، ئەرەبلەرنىڭ پادىشاھى دەۋالغان ، ئە- مەلىيەتتە بولسا بايقۇشتەك دېڭىز ئاراللىرىغا يوشۇرۇنۇۋالىدىغان ، خۇددى بىر زەھەرلىك يىلاندەك قاتراپ يۈرىدىغان فىدىرىخنى[1] تۇتىمەن ، مەن ئۇنى ئارالدىن ئېلىپ كېلىمەن . ئاندىن بۇ پادىشاھ- نى ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ، ھىيلىگەر پاپا بىلەن خۇددى ئىككى غالجىر ئىتنى تالاشتۇرغاندەك تالاشتۇرىمەن . ئاخىر ئۇلار سوقۇ- شۇپ ھالى كەتكەن خورازدەك مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ تىز پۇكۇپ ھالىنى ئېيتىدۇ . ئاندىن مەن ئۇلارنى ئىشەنچلىك شامان باخشىلى- رىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن . شامان باخشىلىرى ئۇلارنى تىرىك پېتى پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان داش قازانلارغا باسىدۇ .

مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە غەزەپلەنگەن باتۇخانغا قارايتتىم ۋە ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى خاتىرەمدە چىڭ ساقلاش ئۈچۈن تىرىشاتتىم .

ساھىبقىران توختىماي سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسې- رى قەبىھلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— بىرىنچى قېتىملىق قىسقا دەم ئېلىش رۇس شەھىرى كىيېفتا ، ئەڭ ئاخىرقى دەم ئېلىش دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى بولغان چەكسىز دېڭىز قىرغىقىدا بولىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا ، مۇقەد- دەس بوۋامنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ…

ساھىبقىران ھاياجانلانغانلىقتىن نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ كەتتى . ئۇ قولىدىكى ئالتۇن قەدەھتىن كىشىگە ئارام بېغىشلىغۇ- چى شارابتىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالدى ـ دە ، ئۇشتۇمتۇت شىددەت بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئىشىك

---

[1] فىدىرىخ — گېرمانىيە خوۋېن ستافون سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فىدىرىخ (1220 — 1250) . ئۇ يەنە ئىتالىيىنىڭمۇ پادىشاھى بولغان .



www.uyghurkitap.com

تۇۋىدە ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان ياش نوغايخاننى كۆردى . ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، بېشىنى ئېگىپ ، تۇمىقىنى پېشانىسىگە بېسىپ كىيگەن ، كۆزىنى يۇمغان ھالەتتە ئولتۇراتتى .

— خۇش ، نېمە ئىش ؟ بىزگە ئېيتىدىغان قانداق مۇھىم ئىشىڭ بار ؟

— كەچۈرگەيسەن ، ئۇلۇغ جاھانگىر ! سۈزۈكنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە جۈملىسى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . سېنىڭ قىزغىنلىقىڭدىن تەسىرلەندىم . سەن بويسۇندۇرماقچى بولغان پايتەختلەر ئىچىگە يەنە بىرنى قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم .

— قايسىنى ؟ — ساھىبقىران بارماقلىرى بىلەن قەدەھنى قاتتىق سىقىمداپ تۇتتى ، قىزىل رەڭلىك شاراب چايقىلىپ گىلەم ئۈستىگە تۆكۈلدى .

— سەن گىرېكلارنىڭ پايتەختى رۇمنى ئىشغال قىلساڭ ئارقاڭدىن كېلىدىغان دۈشمەندىن خاتىرجەم بولىسەن . يەنە شۇنى بىلىش كېرەككى ، رۇم بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ، سەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى كۆرپەزلىرىگە بېرىپ توختايدىغان نەچچە مىڭلىغان كېمىلەرگە ئىگە بولىسەن . بۇ كېمىلەر سېنىڭ ھەربىي قۇدرىتىڭنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىدۇ ، سېنىڭ ئاۋازىڭ چەكسىز زېمىن ئۈستىدە جەۋلان قىلىدۇ . مېنىڭ رۇمنى ئىشغال قىلىش جېڭىگە قاتنىشىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن .

ساھىبقىران جىيەنىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرمىدى . لېكىن ، ئانچە رازى بولمىغان ئاھاڭدا دېدى :

— سەن ئۆزۈڭچە ماڭا تەربىيە بېرىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ ؟ مەن سېنى مۇھتەرەم ئاكام ئورداخاننىڭ «تۇمەن»ىگە مىڭبېشى قىلىپ بېكىتتىم . سەن ئۆزۈڭنىڭ «جېنىدىن تويغانلار»ىڭ بىلەن رۇس پايتەختى كىيېفقا ھۇجۇم قىل . ئۇ يەرگە بېرىپ ، ئۆزۈڭنىڭ شۆھرىتىنى چىقارغىن ، ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ ! — ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېيتتى .

نوغايخان يەرگە باش قويۇپ ، ئىچىدە ئۆزى بىلىدىغان دۇرۇت-
لارنى ئوقۇدى - دە ، غىدىك - پىدىك قىلماي چىكىنىپ ماڭدى .
ئۇ بوسۇغىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، باتۇخان :

— ئۇ خۇددى سۆڭەك غاجىلاۋاتقان ئىتقا ئوخشايدۇ . ئۇ بۇ
يوغان سۆڭەكنى غاجىلاپ تۈگەتمىگۈچە ھەرگىز تاشلىمايدۇ . ئۇنىڭ
رۇمدىن ئىبارەت بۇ گىرېك زېمىنىنى ئىشغال قىلىشتىكى مەقسىتى
ئۆزىنىڭ قولىدىكى گىرېك قىزىنى بۇ دۆلەتنىڭ مەلىكىسى قىلىپ
قويۇش . قانلىق جەڭلەرنى سۆيىدىغان بىر قوماندانىنىڭ بۇنداق
ئەزىمەتنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولى بارسۇن ؟ — دېدى .

جاھانگىرنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىۋالدىم .
بۈيۈك كىشىلەرنىڭ مەيلى تۆھپىسى بولسۇن ياكى ئۇلارنىڭ ئۆز
نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى بولسۇن ،
ھەممىسى بۇ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىشى كېرەك . كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرىمىز بۇ تارىختىن تەربىيە ئالىدۇ . ئاللا ئۇلارنى ۋە بىزنى
ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي !

## ئالتىنچى قىسىم

# «قۇياش پاتقان ئەللەر» خەتەر ئاستىدا

## بىرىنچى باب

# مۆڭكەخان كىيىۋ بوسۇغىسىدا

بۇلتۇر يازدا، باتۇخان ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا چېدىر تىكىپ بارگاھ قۇرغان پەيتلەردە، ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن پۈتۈن قوشۇن پات ئارىدا غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلامدۇ، دۇنيانى داۋاملىق بويسۇندۇرامدۇ... دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە سوئال قويۇشىنى ياكى كېڭەش بېرىشىنى ياقتۇرمايتتى. مۇبادا شۇنداق دېگۈچىلەر بولسا، ئۇنى مانگوسقا ئوخشىتىپ تىللاپ ئەدىپىنى بېرەتتى. ئۇنىڭچە، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاش، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىش يۈرگۈزىدىغان بۈيۈك ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزگەنلىك ھېسابلىناتتى.

بىر كۈنى ئۇ سۆيۈملۈك قېرىندىشى خانزادە مۆڭكەخانغا:

— پات ئارىدا سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاجمەن... — دېدى.

— مەن ھەر قاچان ساڭا ياردەم بېرىش كويىدىمەن. لېكىن، بۇ خىيالىم ھامان رەت قىلىنىپ كەلدى. سەن ھەرقانداق ئىش بولسا ئالدىن كېڭەشمەيسەن.

— ناھايىتى ياخشى! مەن تەڭداشسىز ئۇلۇغ قانات «تۇمەن»

لىرىمنى ساڭا تاپشۇرىمەن . ئەتىلا يۇرۇشكە ئاتلان . كۇمان يايلاقلى-
رىنى بېسىپ ئۆتسەن ، دنېپرنى كېسىپ ئۆتسەن ، ئاندىن رۇس-
لارنىڭ ئەڭ باي شەھىرى كىيېفقا بارىسەن . ئۇ يەرگە بارغاندىن
كېيىن ئالدى بىلەن رۇسلارنىڭ چوڭ كىنەزىنى چاقىرتىپ كې-
لىپ ، ماڭا بويسۇندۇرغانلىقى ۋە ساداقەتلىكى توغرىسىدا قەسەم
ئىچىشكە بۇيرۇق قىلىسەن . بۇ ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ،
مەكتۇپ ئەۋەتىپ مېنى ۋاقىپلاندۇرىسەن . سەن قوشۇنۇڭنى ۋاقىت-
لىق يايلاققا چېكىندۈرىسەن — چوقۇم كۈندۈزى ھەرىكەت قىلى-
سەن . ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا سېنىڭ باھادىرلىرىڭنىڭ كىيېف-
نى بېسىۋېلىشىغا بولمايدۇ ، ھەتتا كىيېف ماڭا تەسلىم بولۇش
رازىلىقىنى بىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ .

— بۇيرۇققا قەتئىي ئەمەل قىلىمەن .

— مۇبادا رۇس كىنەزى ۋە كىيېف خەلقى مېنىڭ ئۇلارنىڭ
بىردىنبىر ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىمگە رازى بولمىغان تەقدىردىمۇ ،
كىيېفقا ھۇجۇم قىلىشىڭغا بولمايدۇ . يەنىلا يايلاققا چېكىنىسەن .
يايلاققا بارغاندىن كېيىن ئېتىڭنى باققاچ مېنى كۈتىسەن . مەن
كىيېفقا يېتىپ بارغاندا شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى ، رۇس پاي-
تەختىگە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان كىشى باشقا ئادەم ئەمەس ،
مەن بولۇشۇم كېرەك . بۇ ئاۋات ۋە مەشھۇر شەھەرنى بۇلاشنى
ئالدى بىلەن ئۆز «تۇمەن»ىمگە تاپشۇرىمەن .

— ئېيتقانلىرىڭنى پۈتۈنلەي چۈشەندىم ، بۇيرۇقۇڭ بويىچە
ئىجرا قىلىمەن !

— كەتسەڭ بولىدۇ !

مۆڭكەخان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۆز قېرىندىشىغا باش ئۇ-
رۇپ سالام قىلدى ، ئورنىدىن ئەمدى تۇرۇشىغا باتۇخان يۈگۈرۈپ
كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى . قېرىنداشلار ھاسىراشقىنىچە بىر نەرسە-
لەرنى دېيىشتى ، بىر - بىرىنىڭ يۈزىنى يالاشتى . بۇ ئادەت
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېلىن دوستلۇقنى ئىپادىلەيتتى .

مۆڭكەخان باتۇخاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدى . ئۇ قوشۇننى

باشلاپ دەرھال يايلاقنى بېسىپ ئۆتتى . يول بويى پولۇۋىسلارنىڭ ئۆي ۋە قوتانلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ ، ئاخىر كىيىق شەھىرى-نىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە كىيىق ئەلچىلىرىنى ۋە يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرىنى قوبۇل قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاتارلارغا قەتئىي تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلىدى .

كىيىقلىقلار سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ، ئۇزاقتىكى شەرق يايلاقلىرىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىشاتتى . ئۇلارنىڭ خىيالىدا ، چەكسىز كەتكەن چۆللۈكتىن خۇددى ھازىرلا ئىنتايىن زور بولغان قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق بۇرۇنلىرى بىلەن تىمىسقىلاپ ، ھەممە تەرەپنى يالماپ چىقىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى . ئۇ يەرگە ھەرقايسى يوللارغا بۆلۈنگەن موڭغۇل قوشۇنلىرى توختىماي كېلەتتى ۋە چېدىر تىكىپ بارگاھ قۇراتتى .

قامچىلارنىڭ قارسىلداشلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، تۆ-گىلەرنىڭ بوزلاشلىرى ، كارۋانلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ، ھارۋىلار-نىڭ غىچىلداشى ۋە تاتار قوشۇنىنىڭ ھەرخىل تىللاردا چۇۋۇلدى-شىپ سۆزلەشلىرى بىرلىشىپ پۈتۈن ئەتراپنى بۇنىڭدىن بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىر غوۋغا ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى .

دالادىن كەلگەن كىشىلەر تۆگە ۋە ئاتلار ئۈستىدىكى تېڭىقلار-نى چۇشۇرۇپ ، دۇگىلەك دائىرە قىلىپ چېدىرلارنى تىكىشتى . ئاندىن گۈلخان ياقتى . تاش ئۈستىگە قويۇلغان ئۈچ پۇتلۇق داڭقان-لار قايناشقا باشلىدى .

مۆڭكەخاننىڭ چېدىرى دۈگىلەك دائىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تىكىلدى . چېدىر ئۈستىگە ئاپئاق كىگىزلەر تارتىلىپ ، ئۈستىدىن گۈللۈك ئارقانلار تارتىلدى . چېدىرنىڭ ئۈستىدىكى چاڭغىراق ئو-چۇق بولغاچقا ، قويۇق ئىس ئۇ يەردىن تولغىنىپ چىقىپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى . چېدىر ئىچىدە ئات تېزىكى ۋە شاخ ـ شۇمبىلاردىن يېقىلغان گۈلخان كۆيۈپ تۇراتتى . يورۇشكە مۆڭكە بىلەن بىرگە چىققان موڭغۇل تۆرىلىرى ئەتراپتىكى چېدىرلارغا ئورۇنلاشتى .

چوڭ چېدىرغا بايراق خادىسى تىكلەندى. خادىدا مۆڭكەخاننىڭ بايرىقى يەلپۈنۈپ تۇراتتى — ئۇزۇن خادىنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا بىر ياغاچ باغلىنىپ، بەش دانە موڭغۇل قوتىزىنىڭ قارا قۇيرۇقى ئەنە شۇ توغرا ياغاچقا ئېسىلغانىدى. بۇخىل مۇقەددەس بايراق ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ دۇنيادىن ئۆتكەن مۇقەددەس ئاتا — دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى بۈيۈك چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

پەقەت چىڭگىزخان پۇشتىدىن بولغان خانزادىلەرلا بۇنداق مۇقەددەس تۇغ ـ ئەلەملەرنى ئېسىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايتتى.

جەدە ئاتقا مىنگەن مۆڭكەخان تولۇق قورال‌لانغان بىر توپ چەۋەندازلار ۋە رۇس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان تىلماچ — قىپچاق خابۇلانىڭ ھەمراھلىقىدا شامالدەك تېز يۈرۈپ كەلدى.

بۇ تىلماچ ئىككى تورغاۋۇت بىلەن بىرگە دنېپر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كىيېفنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىنى ھەم كىيېف كىنەزى بىلەن پايتەخت تۆرىلىرىنىڭ پات ئارىدا مۆڭكەخاننى زىيارەت قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغانىدى.

مۆڭكەخان ئىككى دانە كىمىنى ئايرىم تەييارلاپ، ئىچىگە گىلەم سالدۇردى. ئۈچ نەپەر موڭغۇل ئەمەلدارى بۇ كىمىلەرگە ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە مۇھاپىزەتچىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قاراپ ماڭدى.

كىمە قىرغاقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىرنەچچە جارچى گۈرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ كاناي چېلىپ، رۇسلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەلچىلەرنىڭ كىيېف شەھىرىگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

كىمە دنېپردىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، ئۈستىگە قىممەت باھالىق تېرە جۇۋىلار، بېشىغا ئەلا سۆپەتلىك بۆلغۇن قۇلاقچىلارنى كىيگەن تۆرىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. رۇس لەشكەرلىرى ئۇزۇن نەيزىلىرىنى ئىشقا سىلىپ

قىزىقچىلىقنى كۆرۈشكە توپلانغان ئامىمنى تارقاتتى . تىلماچ خابۇلا
تۆرىلەرگە چۈشەندۈرۈپ : «پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرا-
نى بولمىش باتۇخاننىڭ ئىنىسى خانزادە مۆڭكەخان دنېپر دەرياسى-
نىڭ قارشى قىرغىقىغا كېلىپ توختىدى ، مۆڭكەخان كىيېۋ كىنە-
زىنىڭ موڭغۇل بارگاھىغا كېلىپ سۈلھ قىلىشنى كۈتمەكتە . ئۇ
ھازىر ئۆزىنىڭ چېدىرىدا كىنەزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ» دېدى .
ھالبۇكى ، رۇس تۆرىلىرى بۇ تەكلىپكە قوشۇلماي ، ئۆز پى-
كىرلىرىنى بايان قىلدى :
— كىنەزىمىز ھازىر ئوردىسىدا ئۆز سەلتەنىتى بىلەن ئولتۇ-
رۇپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىمكى ۋە شەۋكەتلىك بىر شەھەرنىڭ ھۆ-
كۈمرانى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ئالدىغا بې-
رىپ سالام بەجا كەلتۈرۈشنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلىدۇ . ئۇ تاتار
قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىنى ئۆز ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ . سىلەر
ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلار ، سىلەرنىڭ كىيېۋقا كېلىشتە قانداق
مۇددىئا ۋە مەقسەتلىرىڭلار بار ، شۇ يەرگە بېرىپ سۆزلىشەيلى .
بىر مەيدان قاتتىق تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن ، ئىككى تە-
رەپ : «پەقەت ئۈچ نەپەر موڭغۇل ئەمەلدارى بىلەن تىلماچ خابۇلا
كىنەزنىڭ ئەڭ يېقىن ئۈچ نەپەر تۆرىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىغا
بارىدۇ» دېگەن قارارغا كەلدى . كىيېۋلىقلار ئۆزلىرىگە مىسلىسىز
بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى تاتارلارغا ھومىيىپ قارىشاتتى . تاتار-
لار شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئوردىغا قاراپ كېتىۋېتىپ
ئۆزئارا كۈسۈرلىشاتتى . ئۇلار سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ، تۆت تە-
رەپكە قاراپ شەھەرنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىغا زەن سېلىپ قارىشاتتى
ھەم كۆرگەنلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئۈچۈن تىرىشاتتى .
ئاشۇ تەرزدە مېڭىپ ئالاھەزەل يېرىم يولغا بارغاندىن كېيىن ،
تىلماچ خابۇلا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان رۇسلارغا ئۇش-
تۇمتۇتلا :
— بىزنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك مۆڭكەخانىمىز بىزنى سىلەر
بىلەن سۈلھ قىلىشقا ئەۋەتكەن . ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ كىنەزىڭلار-

www.uyghurkitap.com

نى تاۋاپ قىلىش ئۇچۇن ئەۋەتكەن ئەمەس . ئەگەر رۇس كىنەزى بىزگە ھۆرمەت قىلسا ، مۆڭكەخاننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسا ، ئۇ ئالدىمىزغا بېرىپ بىزنى قارشى ئېلىشى كېرەك . ھازىر ئۇردىغا بارماسلىق قارارىغا كەلدۇق . ئۆز قارارگاھىمىزغا قايتىمىز . سى-لەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، نېمىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىڭلارنى شۇ چاغدا بىلىسىلەر .

— ئەلچى ئەمەس ، پايلاقچى ! — دەپ ۋارقىرىدى غەزەپلەنگەن تۆرىلەر ، — سەنلەر سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ، كىيىۋ شەھىرىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆرۈۋېلىپ ئەمدى كەتمەكچىمۇ ؟ بۇ ئەبلەخلەرنى تۇتۇڭلار ! ئەدىپىنى بېرىڭلار !

بىر توپ ئادەم ھەش - پەش دېگۈچە موڭغۇللارنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى ، كېيىن ئۇلارنى تىلماچ بىلەن بىرگە سېپىلدىن ئېلىپ چۈشتى .

مۆڭكەخان كۈتە - كۈتە ، ئەلچىلەرنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكى-دىن كىيىۋنىڭ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى . باتۇخاننىڭ ، شەھەرگە سېنىڭ ھۇجۇم قىلىشىڭغا بولمايدۇ ، دېگەن بۇيرۇقى بويىچە ، ئۇ كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە چېكىنىشنى قارار قىلدى .

مۆڭكەخان قىرغاق يېنىغا كېلىپ ، يىراقتىن خۇددى ئۇستا رەسسام سىزغان مەنزىرىگە ئوخشاش كۆرۈنۈۋاتقان كىيىۋ شەھى-رىگە ، ئۇنىڭدىكى ئاقسۆڭەك تۆرىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلىرى-غا ، ئالتۇن گۈمبەزلىك چىركاۋلارغا ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى (تاتارلار چىركاۋ ئۈستىدىكى گۈمبەزلەرنى پۈتۈنلەي ئالتۇن دەپ ئىشىنەتتى ) ، ئاندىن قوشۇنىنى باشلاپ چۆل ـ لۇككە چېكىنىپ كەتتى .

# ئىككىنچى باب

# كوتان خاننىڭ چېدىرىدا

قىپچاقلارنىڭ ياشانغان پادىشاھى كوتان خان شارۇكان[①] يايلىقىدىكى چېدىرىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى، ھەتتا ئوغۇللىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىمۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى ئەندىشە بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتەلمىدى. ئۇنىڭ بەستلىك كەلگەن زەبەردەس ئوغۇللىرى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ئىززەت-ئىكرام بىلەن باش كىيىمىنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سېلىنغان قولىنى سىلىدى. كوتان خانمۇ ئوغۇللىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارنى رەڭدار گىلەملەر بىلەن يېپىلغان چېدىرىنىڭ تۆردىكى شىرداق ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى.

ئوغۇللار يېقىندىن بېرى يايلاقلاردا بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى نۆۋەت بىلەن بايان قىلىپ، يايلاقلارغا كېلىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ يېقىندىن بېرى كەلمەس بولغانلىقى، ئات-كالىلارنى، يۇڭ-تېرىلەرنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ يوقلۇقىدىن ئاغرىندى.

— ھازىر كىممۇ بىزنىڭ يايلاقلىرىمىزغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ھەممىسى تاتارلاردىن قورقۇشىدۇ. تاتارلار توپ-توپى بىلەن ئۇياقتىن-بۇياققا چېپىپ يۈرىدۇ. قارىماققا ئۆزلىرىنى دالىدىغا ئالغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئولجىنىڭ كويىدا، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى پايلاپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ شارۇكاندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردا بىرنەچچە قېتىم پەيدا بولغان-

---

① شارۇكان — پولوۋىسلارنىڭ (قىپچاقلارنىڭ) يايلىقى، ھازىرقى خاركوف ئەتراپى.

لىقنى چېلىقتۇرغان كىشىلەر بار .
كوتان بېشىنى ئىرغىتىپ ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى ـ دە ، چاڭغىراقـتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زۇمرەت ئاسـمانـغا تىـكىلىپ قارىدى .
— بۈگۈن مەن پەۋقۇلئاددە بىر خەۋەرگە ئىگە بولدۇم . لې-كىن ، ئۇنىڭ نە خۇشالـلىق ، نە قايغۇدىن خەۋەر بېرىدىغانـلىقىنى بىلمەيمەن .
— باتۇخانىدىنمۇ ؟
— سەۋر قىلىڭلار ، هازىر هەممىسى ئايان بولىدۇ . هەي ، يىگىتلەر ! قوشنا چېدىرغا قامالغان هېلىقى «ئەۋلىيا»نى ئېلىپ كىرىڭلار ! — كوتان سۇ قۇيىدىغان مىس ئىدىشنى بىرنەچچە قېتىم ئۇردى ، — تېز كەلتۈرۈڭلار !
چېدىر ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، يۈگۈرۈپ كەتتى . هايال بولماي ، ئۇلار بويى ئېگىز ، ئۆزى ئورۇق ، بىر تۇتام ئاپئاق ساقىلى بار بىر ئادەمنى ئېلىپ كىردى . ئۇ كىشى بېشىغا گۈللۈك رەختتىن دەستا يۆگە-گەن ، بېلىگە خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان مىس ۋە تۆمۈر قورالـلار-نى ئاسقان ، چىرايى بەكمۇ جۇدەڭگۈ ، ئىككى ياڭىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى . لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا ، ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر زىرەكلىك چاقناپ تۇراتتى . ئۇ بىر قولىغا كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن مۇقاۋىسى توزۇپ كەتكەن ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كىتاب تۇتقان ، يەنە بىر قولىدا پادىچى بالىنىڭ قولىدىكى تاياققا ئوخشاش ئەگرى هاسا تۇتقانىدى .
— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي ! بۈيۈك كۇمان① خاقانى ! — دېدى ناتونۇش كىشى كوتانغا هۆرمەت بىلدۈرۈپ .
— هەي ، يىگىتلەر ، بۇ ئەۋلىيانىڭ ئاستىغا شىرداق سېلىڭ-لار ، ئۇنىڭغا بوغۇرساق ۋە قىمىز كەلتۈرۈڭلار ، — دەپ بۇيرۇق

---

① كۇمان — پولوۋس ياكى قىپچاق ، هەممىسى بىر رايوندىكى بىر مىللەتنىڭ هەرخىل ئاتىلىشى .

قىلدى كوتان دەرھال .

كوتاننىڭ بىر ئوغلى بۇ سەيياھنىڭ ئاستىغا شىرداق سالدى . ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇدى .

— سەن ئالدى بىلەن مۇنۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگىن . ئىسمىڭ نېمە ؟ نېمە ئادەمسەن ؟ قەيەردىن كەلدىڭ ؟ بۇ ۋەھشىيلىك قوترىغان يىللاردا نېمە ئۈچۈن خاتىرجەمسىز جايلارغا سەپەر قىلماقچىسەن ؟

— ئىسمىم يولئان . ئەۋلىيانىڭ مالىيمەن . بۇ مۇدھىش ماكانغا چۆپ دورىلارنى قېزىپ كېسەللەرنى داۋالاش ، دۇرۇت ئوقۇپ ئەرۋاھلارنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كەلدىم . ماجار دۆلىتىنىڭ پايتەختى بۇدادىن كېلىمەن . ئاسمان ئىلاھى ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەممە يەردە ماڭا ياردەم قولىنى سوزدى ، ماڭا ئىچ ئاغرىتتى ، مېنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈشۈمگە يول قويۇشمىدى . ھازىر دەھشەتلىك تاتارخانى باتۇخاننىڭ ھۇزۇرىدىن كېلىشىم .

— ماڭا قانداق ئالاھىدە خەۋەر ئېيتماقچىسەن ؟

— بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرغان بۇ كىشىلەر ئارىسىدا مۇبادا ئانچە ئىشەنچلىك بولمىغان ئادەملەر بولسا ، ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىپ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقىمەن . شۇڭا ، كۆپرەك ئادەمنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشىغا ئىجازەت بەرگەيسەن .

— ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار ، — كوتانخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ بۇيرۇق چۈشۈردى ، — پەقەت مېنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلۇم قالسۇن ، تىلماچمۇ چىقىپ كەتسۇن ، سەن كۇمان تىلىدا ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدىكەنسەن .

ئولتۇرغان كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ، سىلىق قەدەملەر بىلەن چېدىردىن چىقىپ كېتىشتى .

يولئان پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— مېنىڭ قەلەندەر سىياقىدا كىيىنىۋالغانلىقىمغا قارىما ،

قولۇمدا تاتارلارنىڭ بۈيۈك خاقانى باتۇخاننىڭ ماجارنىڭ كارولى بىلىغا يازغان مەكتۇپى بار . بۇ خەتنى موڭغۇل خاقانى ئۆز قولى بىلەن ماڭا بەرگەن ۋە مېنىڭ بۇنى ساڭا كۆرسىتىشىمگە رۇخسەت قىلىغانىدى .

كوتان سەسكەنگەنلىكتىن تىترەپ كەتتى ، لېكىن دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى .

— ئۇنداقتا باتۇخان يازغان مەكتۇپنى ماڭا ئوقۇپ بېرەلەمسەن ؟

— شۇنداق ، خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ، قەھرىمان كوتانخاننىڭ ئالدىغا كېلىشتىكى مەقسىتىممۇ شۇ ئىدى .

يولئان قوينىنى خېلى ۋاقىت ئاختۇرغاندىن كېيىن قاتلانغان بىر پارچە قەغەزنى ئالدى . ئۇ پۈكلەنگەن قەغەزنى تىزىغا قويۇپ ئالىقىنى بىلەن تۈزلىگەندىن كېيىن ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كوتانخانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— ھە ، ئوقۇ !

— بۇ مەكتۇپ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ، — دېدى يولئان ، — لېكىن تىلى موڭغۇلچە ، يەنى تاتارچە . باتۇخان بۇ خەتنى ماجار كارولى بىلىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىم توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىغانىدى . لېكىن ، كارولنىڭ ئوردىسىدا بۇ مەكتۇپنى ئوقۇيالايدىغان ۋە بۇخىل تىلدا سۆزلىشەلەيدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقى ماڭا ئايدەك ئېنىق . شۇڭا ، پۈتۈك مۇدەررىسىدىن بىرنى تەكلىپ قىلىپ بۇ خەتنى كۇمان تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇۋالدىم .

— بۇ زادى قانداق مەكتۇپ ؟

— بۇ باتۇخاننىڭ ھەددىدىن ئاشقان تەكەببۇرلۇقى بىلەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك يېزىلغان مەكتۇپ . بۇ مەكتۇپ ئۇنىڭ ئېغىزچە ئېيتقان سۆزىنىڭ خاتىرىسى .

ئۇ ئوقۇشقا باشلىدى :

*«مەن تەڭرى بەلگىلىگەن خانلارنىڭ خاقانىمەن . ئۇ ماڭا*

*سەلتەنەت ئاتا قىلدى . ئۇ بولغاچ ماڭا يۆلەك ، دۆلىتىم زىيا-
دە ، دۈشمىنىم پىيادە بولدى . ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 30
قېتىم مەكتۇپ يوللىدىم ، ماجاردەك ئەرزىمەس بىر كىچىك
مەملىكەت ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ جاۋاب قايتۇرمىدى . بۇ
ھالنى كۆرۈپ سەۋر قاچام قىنىمدىن تاشتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ،
كارول بىلىنىڭ پۇقرالىرىم بولمىش كۇمانلارنى (ئۇلار مې-
نىڭ قۇللىرىم ) غەرەزلىك ھالدا ئۆز تەۋەسىدە ئېلىپ قالغاز-
لىقىدىن ۋاقىپ بولدۇم . ساڭا شۇنداق بۇيرۇق قىلىمەنكى ،
ئۇلارنى ئېلىپ قېلىشقا ھېچقانداق ھەددىڭ يوق . كىڭىز ئۆي-
لەردە ياشايدىغان خەلقلەر مېنىڭ ئىلكىمدىن يىراققا كېتىشى
مۇمكىن ، لېكىن ، سېنىڭ قەسىر - ئوردىلىرىڭ ، سېپىل
ۋە شەھەرلىرىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالارمۇ؟ تاتارنىڭ خا-
قانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تەڭرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ، بۇ
دۇنيانى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى زىممەمگە ئالغاز-
مەن . ئىلكىمگە ئۆتكەن پۇقرالارنىڭ بېشىنى سىلايمەن ، ئا-
سىيلىق قىلغانلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن . ماجاردەك بىر
كىچىك دۆلەتنىڭ ئىشىنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكىدىن بەكمۇ
ھەيرانمەن » .*

يولىئان تىنىق كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە بىر قۇر قاراپ
چىققاندىن كېيىن ، خەتنى ئېھتىيات بىلەن قاتلىدى - دە ، سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى :

— بۇ ئىشنى سەمىڭگە سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ، داللاردا
تەمتىرەپ ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئالدىڭغا كەلدىم . پات
ئارىدا باتۇخان ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ مەغرىبتىكى مەملىكەتلەرنى
بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ . كۇمان يايلاقلىرى تەبئىي-
كى ئۇنىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يولى . مۇبادا سەن ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلمىساڭ ، ئۇ سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ .
بەلكىم سېنىڭدەك بىر قۇدرەتلىك ئىتتىپاقدىشىدىن ئايرىلىپ قال-

غانلىقى ئۇچۇن سېنىڭدىن ھەسسىلەپ ئۈچ ئىلىشى مۇمكىن . مېنىڭچە ، سەن دەرھال ماديالىقلار تەسلىم بول . كارول بىلى سېنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرۈپ ئۆز يېنىدا ئىلىپ قالىدۇ ، تېزرەك مىدىرلا !

كوتاننىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى ، قوللىرى توختىماي تىترەيتتى . كېيىن ئۇ خۇددى ئۇستىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئىرغىتىپ چۆرۈۋەتكەندەك ، كەڭ يەلكىسىنى سىلكىپ قويۇپ ئىككى ئوغلىغا بۇرۇلۇپ قارىدى . ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ بىر بولۇڭدا شۇمشەيگىنىچە ئاتىسىغا تۆشۈكتەك قاراپ تۇراتتى .

— بۇ مەكتۇپقا سىلەر نىمە دەيسىلەر ؟ ئىككىنچى ئوغلۇم — كۇچۇم ، سەن ئالدى بىلەن سۆزلىگىنە .

— بىزمۇ ؟ باتۇخاننىڭ ئېيتىشىچە ، كارول بىلىغا 30 قېتىم خەت يېزىپتۇ ، لېكىن بىر قېتىممۇ جاۋابقا ئىگە بولالماپتۇ . بىلىنى قورقۇتۇش ئۇچۇن ئۇ ئوتتۇز بىرىنچى قېتىملىق مەكتۇپنى يېزىپتۇ . بىراق ، باتۇخان تېخى پايتەختىدىن بىر چامدام نېرىغا چىققىنى يوق . ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرجەم كۆڭلىرىنى بۇزۇشنى خالىمىسا كېرەك . رۇسلارنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن چېرىك ۋە ئاتلىرىدىن ئايرىلدى . ئۇ ئەڭ باي بولغان نوۋگورودقىمۇ يېتىپ بارالماي ئامالسىز كەينىگە قايتىدۇ . ئۇنىڭ ماجارنى بويسۇندۇرۇشقا قانداقمۇ چامى يەتسۇن ! بۇ ، ئادەمنى قورقۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ! ئۇرۇش قىلماي تەسلىم بولىدىغان قورقۇنچاقلاردىن ئەمەسمىز .

— ھە ، سېنىڭ پىكرىڭ قانداق ، چوڭ ئوغلۇم — مۇچۇگان ؟

— مەن ئىنىتايىن خاۋاتىرلىنىۋاتىمەن ، بۇ خەت مېنىڭ ئارامىمنى بۇزدى . «ئەۋلىيا»غا كۆپ رەھمەت . ئۇ بىزگە بۇ مەكتۇپنى يەتكۈزۈپ ، خەتەردىن بىزنى ئاگاھلاندۇردى . باتۇخاننىڭ نۇرغۇن شەھەرلەرنى بويسۇندۇرغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان . ئۇنىڭ قوشۇنىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك قوشۇن دېيىشكە بولىدۇ . ئۇلار

ئادەم قېنىنىڭ تەمىنى تېتىغان ، غەلىبە شادلىقىدىن خۇدىنى يوقات-
قان كىشىلەر . هازىر ئۇنىڭ قوشۇنى دەم ئېلىپ تەرتىپكە سېلىنىد-
ۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا پۈتۈن مىللەتنى ، پۈتۈن دۇنيانى
بويسۇندۇرماقچى . بۇرۇن ئۇ كۆپ قېتىم بىز كۇمانلىقلارنى ئۆزلى-
رى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە
يۈرۈش قىلىشنى تەكلىپ قىلغان .

— سەن زادى نېمە دېمەكچى ؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كې-
رەك ؟ — دەپ سورىدى كوتان خان پەس ئاۋازدا .

— ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق . ئەگەر بىز باتۇخانغا تىز پۈك-
سەك ، بۇنىڭ ئۆزى ئۇرۇش قىلماي تەسلىم بولغانلىق ، كاللىمىز-
نى ئۆزلۈكىمىزدىن تاتارلارنىڭ قىلىچىغا تۇتۇپ بەرگەنلىك بولى-
دۇ . بىر كۇنمۇ دېلىغۇلدا بولۇشقا بولمايدۇ . دەرهال چېدىرلارنى
يىقىتىپ ، ماجارغا قاراپ ئاتلىنىش كېرەك . ۋەھشىي تاتارلار ئار-
قىمىزدىن قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن . لېكىن ، بىز ماجار دالالىرىغا
يېتىۋالساقلا ، ماجارلىقلارنىڭ تەۋرەنمەس دوستلۇقى ۋە قوللىشىنى
هېس قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن تاتارلار بىلەن يۈرەكلىك هالدا ئېلىشا-
لايمىز .

چېدىر ئىچى بىر پەس تىمتاسلىققا چۆمدى . پەقەت يىراقتىن
كىشنىگەن ئاتلارنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— ئېيتقانلىرىڭ تامامەن توغرا ! سېنىڭ دېگەنلىرىڭ سەمى-
مىي بىر چېرىكنىڭ ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان سۆزلىرى بولدى .
ئوغلۇم ، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا ، يەنە ئارىسالدى بولۇشقا بولماي-
دۇ . بۇيرۇق قىلىمەن ، بۇ پەرمان دەرهال كۇمان يايلاقلىرىنىڭ
بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئۇقتۇرۇش قىلىنسۇن ! «چېدىرلار يىقى-
تىلىپ ، بايلىقلار يىغىلىپ ، دەرهال يايلاقتىن يۆتكىلىپ ، كارپات
تاغلىرىدىن هالقىپ ئۆتۈلسۇن ! بىز بۇ خەۋەرنى كېچىلەپ يەتكۈ-
زەيلى . تاتارلار بۇ خەۋەرگە ئىگە بولغۇچە ، بىز ئەۋلادلىرىمىز
ماكان تۇتۇپ كەلگەن دالالىرىمىزنى خېلى يىراقتا قالدۇرۇپ كې-

ـتىپ قالايلى !

كوتان خان ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتتى ـ دە ، ھەسرەت بىلەن :

— نەقەدەر قىيىن ! ئاھ ، نەقەدەر ئېغىر ! ئەلۋىدا ، ئەي تۇغۇلغان ماكان ! ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان سەرگەردانلارمىز ، ئەمـ ـدى ئۆزىمىزگە يېڭى ماكان ئىزدەيلى...

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

# تەمبەردىنىڭ ھېكايىسى

ئىنتايىن قەھەتچىلىك بىلەن باشلانغان بۇ يىلنىڭ كۈز پەسلىدە، باتۇخان ئۆزىنىڭ غايەت زور قوشۇنىنى باشلاپ «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن غەربكە يۈرۈش قىلىشنى، يەنى ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كەلگەن «دۇنيانىڭ ئىككىنچى يېرىمى»نى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى.

باتۇخان مۇھىم قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئادەتتە ھەرقانداق كىشى بىلەن كېڭەش قىلمايتتى. ھالبۇكى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىلىرىگىمۇ ئۇشتۇمتۇت بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. لېكىن، ئۇ پات ئارىدا بېسىپ ئۆتمەكچى بولغان قىپچاق دالاسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، باھادىرلارنىڭ يايلاقتىن تۇتۇپ كېلىنگەن چارۋىچىلارنى ياكى يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلارنى سوراق قىلىشى ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلدى. ئۇ دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۆۋرۈك سالماقچى، يەنى پۈتۈن قوشۇن پات ئارىدا بېسىپ ئۆتىدىغان بۇ دالىلاردا ھازىر قانداق ئىشلارنىڭ روي بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى ئىدى.

تەمبەردى ئىسىملىك بىر يۈزبېشى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن چەبدەس ۋە قەھرىمان كىشى ئىدى. ئۇ باتۇخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەت شارۇكان يايلىقىغا بارغان، كوتان خاننى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، نۇرغۇن ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقانىدى. لېكىن، شارۇكاندىن قايتىپ كېلىش ئۇنىڭغا ئوڭايغا توختىمىدى. باتۇخان بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا ئۇ بىرئاز خاۋاتىر-

لىنىپ تۇراتتى .

تەمبەردى ئەھۋالنى بايان قىلدى :

— پۇتكۇل كۇمان يايلىقى پاتىپاراقچىلىققا چۇشۇپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى . بۇرۇن ئۇ يەرلەر بەكمۇ تىمتاس ئىدى . ئەركىن كۆچۈپ يۇرىدىغان چارۋىچى كۇمان قەبىلىلىرى ھازىر ئۇياقتىن - بۇياققا كۆچمەكتە . ئۇلار نېمە قىلماقچى ، نەگە بارماقچى ؟ ئۇلار پۇتۇنلەي ئۇركۇگەن . ھەرقانداق ئادەمگىمۇ ئىشەنمەيدۇ . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، تاتارلار ئەينى زاماندا كەلكە بويىدا بولغان ئۇرۇشتا رۇس ۋە كۇمانلارنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان . ھازىر ئۇلار كۇمانلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتماقچى . كۇمانلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنى ، يىغقان ئالتۇن - كۇمۇشلىرىنى ، بولۇپمۇ ئاتلىرىنى بۇلىۋالماقچى . چۇنكى ، باتۇخان «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇشتا ئاتقا بەكمۇ ئېھتىياجلىقمىش ، ئۇلاردا يەنە ، باتۇخان بارلىق كۇمانلارنى ئۆزىنىڭ ئاتچىسى ۋە مالچىسى قىلارمىش دېگەن گەپمۇ بار .

— توغرا ! — دېدى باتۇخان سۆز قىستۇرۇپ ، — بارلىق كۇمانلار ئاللىبۇرۇنلا پۇتۇمغا باش قويۇشى كېرەك ئىدى . ئۇلارنىڭ زۇلپىقار دەستىسىنى يەنە قولىغا ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق .

— يەنە قانداق پەرمانلىرىڭ باركىن ؟

— سەن دەرھال قايتىپ بېرىپ كوتان خانغا ئېيت ، ئۇ تېزدىن مېنىڭ يېنىمغا كەلسۇن . ئۇنىڭ قوشۇنى مېنى كۇتۇپ تۇرسۇن . مېنىڭ قەھرىمان قوشۇنۇم بىلەن بىرگە يۇرۇشكە ئاتلىنىدۇ . ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يولغا چىق ، ئەتە ئەتىگەندە مۇساپىنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولۇشۇڭ كېرەك !

بىرنەچچە كۇن ئۆتمەي ، تەمبەردى قايتىپ كەلدى . باتۇخان ئۇنى چاقىرتقاندا ، ئۇنىڭ روھى بەكمۇ چۇشكۇن ئىدى .

— ھە ، ھېلىقى قۇدرەتلىك ، ئادەمنى بىزار قىلغۇچى كۇمان شاھى كوتان نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ ؟ — دەپ سورىدى باتۇخان ، — ئۇ نېمە ئۇچۇن ھازىرغىچە يېتىپ كەلمەيدۇ ، نېمە

ئۇچۇن ئايغىمغا يىقىلىپ ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرمەيدۇ؟ ئۇ ھازىر ماڭا بەكمۇ زۆرۈر!

— كەچۈرگەيسەن، شارۇكاندىن كوتان خاننى ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئۇ يەردە مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ئات تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلەنگەن گۈلخان كۈللىرى، مۇڭلىنىپ قالغان يۇرت ئورنى ۋە ئۇنى ئەگىپ يۈرگەن ئىگىسىز ئىتلار. كوتان خاننىڭ ئۆز چارۋىچىلىرىنى باشلاپ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلىگۈدەك بىرمۇ ئىنسان تېپىلمىدى.

باتۇخان تەمبەردىنىڭ بايانىنى ئاڭلاۋاتقاندا، گەرچە بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چىرايى بارغانسېرى قارىداپ، بارماقلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھال باتۇخاننىڭ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تەمبەردى دەرھال ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، باتۇخاندىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى. باتۇخان پۇتىنىڭ ئۆكچىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا دەسسەپ كۈچ بىلەن باستى.

— سەن بۇ ئىشنى كىچىكتۈرۈشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋالنى بۇرۇن مەلۇم قىلمايسەن؟ — باتۇخان غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى، — ئەھۋالنى بىلگەن بولسام كوتاننى ئۆز ئورنىدا ئۇچۇقتۇرۇپ، پۇتۇن قوشۇنىنى پارە - پارە قىلاتتىم.

— مەن بۇنداق بولار دەپ ئويلىماپتىمەن. سەن يىراقنى كۆرەلەيسەن، بىلىدىغىنىڭ كۆپ، — تەمبەردى باتۇخاننىڭ ئېغىر ئايىغىنىڭ ئاستىدا يېتىپ ئىڭرايتتى، — سەن ھەممىنى بىلىشكە قادىر خاقانسەن!

باتۇخان شۈك بولۇپ قالدى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان، داۋاملىق ئۇچۇق - يورۇق يۈرىدىغان مۆڭكەخان كىرىپ كەلگەنىدى. مۆڭكەخان ئۇنچىقماي كېلىپ باتۇخاننىڭ تەمبەردىنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرغان پۇتىنى ئاستا ئېلىپ گىلەم ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

باتۇخان زۇۋان سۈرمەيتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، قوللى-

رى تىترىگەن ھالدا تېخىچىلا ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى . مۆڭكەخان بۇ تاتار خاقانىنىڭ غەزەپ بولۇتى قاپلىغان كۆڭلىنى قانداق ئېچىش- نى ياخشى بىلەتتى . ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان تۇرغاۋۇتقا ئاستا شەرەت قىلىپ ، قوشنا چېدىردا تۇرىدىغان ھېكايە ۋە خەلق ناخشى- لىرىنى ئېيتىدىغان ئۆلگىبىرچىنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

چاچلىرى ئاقارغان ، دوك ئۆلگىبىرچ يېتىپ كەلدى . ئۇ ئېگى- لىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ، ئۇن - تىن چىقارماي باتۇخاننىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى - دە ، غېجەك تارلىرى- نى قولى بىلەن يەڭگىلگىنە سىيرىپ قويدى .

— مېنىڭ ياشانغان ، سادىق ، قەدىناس ھەمراھىم ، سەن مېنى ئازابلاندۇرىدىغان ناخشىلارنى ئېيتقىن ! سەن مېنىڭ دەردىمگە دەر- مان بولىسەن ! — دېدى باتۇخان ئۆلگىبىرچقا قاراپ .

ئۆلگىبىرچ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى - دە ، غېجەكنى تىزىغا قويۇپ ، بىرخىل مۇقامدا ئېيتىلىدىغان ئۇزۇن ناخشىنى باشلىدى . ئۇ ناخشىنى خۇددى بىر پەستىلا تۈگىتىدىغاندەك ئىنتايىن تېز ئېيتتى :

يۇرۇش قىلار خاقانىمىز «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە ،
ئۇ باشلىغان زور قوشۇن ، كېزەر چەكسىز چۆللەردە .
ياز كېتىپ كەلدى كۈز ، يوپۇرماقلار ئۇچار كۆكتە ئەركىسىز ،
كۈز كەينىدىن كېلەر قىش ، سوغۇق چاقار رەھىمسىز .
توختىتالماس ئۇنى سەپەردىن ، قارلىق چوققا - تىك داۋان ،
ياكى كەتكەن پايانسىز چۆل - جەزىرە ، باياۋان .
ئۇزۇپ ئۇ قۇياشنى قويماقچى تۈۋرۈك بېشىغا ،
ئۇزۇپ ئۇ ئاينى قوندۇرماقچى ئېگەر قېشىغا .

بىر كۈنى خاقان بەھۇزۇر ياتاتتى چېدىر ئىچىدە ،
ئۆتكەن مۇشكۈل سەپەرلەر كەلدى ئۇنىڭ ئېسىگە .
ئۇشتۇمتۇتلا ئاتتى ئۇ ، كۆزىنى باسقان تۇماقنى ،

ئەسلىتەتتى شۇ تۇرقى، ئازاد بولغان بىر قۇشنى.
كىڭىز ئۈستىدە سەكرەيتتى، جاسارەتتە - غەيرەتتە،
ئوخشار ئۇنىڭ شۇ تۇرقى پەرۋاز قىلغان بۈركۈتكە.
نەرە تارتتى كۈچ بىلەن، يېيىلدى سادا دالىغا،
ئوخشار ئۇنىڭ شۇ تۇرقى تاغدىن چۈشكەن يولۋاسقا.

«قېرىنداشلىرىم، يولداشلىرىم، ئەسكەرلىرىم،
قول ئاستىمدىكى سان - ساناقسىز پۇقرالىرىم.
سۆزۈمگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالغايسىلەر،
پىكرىمنى يوشۇرماي ئۇدۇل ئېيتاي سىلەرگە.
مېنىڭ نامىم، شۆھرىتىم،
يېيىلدى بۇ كەڭ ئالەمگە.
تەڭداشسىز باتۇرلۇقۇمغا، قايىل بولدى ئالتاي،
ھەم قىپچاق دالاسى، قالمىدى سىرتتا خانگاي.

بىراق مەن ۋۇجۇدۇمدىكى پۈتۈن كۈچۈمنى،
سەرپ قىلىش ئۈچۈن تېخى تاپمىدىم ئىمكان.
شۇڭا تولغىنىمەن ئازابتا، ۋارقىرايمەن غەزەپتە،
ھەي! بارمىدۇ بۇ دۇنيادا ماڭا تەڭ كېلىدىغان ئىنسان.
جەڭ تۇلپارىغا مىنىپ، نەرە تارتىپ ماڭالىسا،
ئۆتكۈر نەيزە تىغىنى قۇياش نۇرىدا چاقنىتالىسا.
ئات ئۈستىدىن يۇلۇپ ئالىدىغان غەيرىتى بولسا،
ئۈستۈمگە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ماڭا جەڭ ئېلان قىلسا.

قېنى باھادىرلىرىم، ھەرىكەتكە كېلىڭلار،
كەلتۈرۈڭلار تۇلپارىمنى، ئۇنتۇماڭلار ئۇنى بېزەشنى.
كىيگۈزۈڭلار پولات ساۋۇتنى، ئېگەرلەڭلار تۇلپارىمنى،
مىنگۈزۈڭلار مېنى ئاتقا، ئۇزىتىڭلار شەمشىرىمنى.
ئەگەر مەن ھەقىقىي باتۇر، سەردان بولسام،

قايتۇرىمەن جەڭدىن ئېلىپ بىھېساب ئولجا .
ئۆتەر ئىلكىمگە يەنە بىپايان زېمىن ،
قورۇ ـ قورۇ مال بىلەن ھېسابسىز پۇقرا .»

چىقتى خاقان بۈيۈك يۈرۈشكە ، چايقالدى زېمىن ،
چەكسىز كەتكەن سامادىن يوقالدى مەڭگۈلۈك ئەمىن .
ئېغىر قارا ئىس ، توپا ـ چاڭ توزۇدى ئۈستىدىن ،
مىڭلىغان ئاتلىق لەشكەرنىڭ تۇياق ئاستىدىن .
ئۇنىڭ غالىب قوشۇنى يېڭىلمەيدۇ ھەرقاچان ،
«ئالغا» دېگەن شوئارى ئاڭلىنىپ تۇرار ھەر زامان .

باتۇخان ئولتۇرغان كۈرسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئۇلىگېرچى-
نىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ كۈچ بىلەن سىلكىدى . ئاندىن
كۈرسىنىڭ يۆلەنچۈكىدە ئېسىقلىق تۇرغان گۈللۈك خالتىدىن بىر
پارچە سېرىق ھىندى قەنتىنى ئېلىپ ناخشىچىنىڭ ئاغزىغا سالدى
ھەمدە ئۇنىڭغا :
— سەن ماڭا تەسەللى بەردىڭ ، كۆڭۈل ئاسمىنىمدا قاپقارا
سايە تاشلاپ تۇرغان بۇلۇتلارنى سۈر ـ توقاي قىلدىڭ ! ئەتە سەن
ئەڭ ياخشى ئاتان تۆگىگە مۆيەسسەر بولىسەن . ئۇنى مىنىپ مېنىڭ
بىلەن بىراققا يۈرۈش قىلىسەن . مەن ئالدى بىلەن ئۇزۇن ساقال
رۇسلارنىڭ پايتەختى كىيېفنى بويسۇندۇرىمەن . غەلىبىنى تەبرىك-
لەش تويىدا ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ كۆڭلۈمنى ئاچىسەن .
ئاندىن مەن ئاساسىي كۈچۈم بىلەن «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە
يۈرۈش قىلىمەن .

## تۆتىنچى باب

# قىپچاق دالاسى كۆيمەكتە

شامان باخشىلىرى ئۇزۇن ۋاقىت دۇرۇت ئوقۇپ ۋە سەكرىدىشىپ ، ئاخىر يۇرۇشكە ئاتلىنىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتنى بېكىتتى . بۇ كۈنى قۇدرەتلىك ، لېكىن كۈلمەيدىغان باتۇخانىنىڭ بەش چوڭ «ئوردۇ»غا بۆلۈنگەن قوشۇنى بۈيۈك ئەتىل بويىدىن بىراقلا قوزغالدى . ئۇزۇن ئۆتمەي چۆپى بولۇق ، پايانسىز قىپچاق دالالىرىغا سىڭىپ كەتتى .

ئون مىڭلىغان چەۋەندازلاردىن قۇرۇلغان ھەرقايسى «تۈمەن»لەر ئالدىن بەلگىلەنگەن يوللار بويىچە يۈرۈش قىلدى . ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتمەيتتى . لېكىن ، ھەرقايسى قىسىملار خۇددى ياۋايى توڭگۇز ئوۋلىغاندەك بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ماڭاتتى . شۇڭا ، ھەرقانداق يولۇچىنىڭ ، بولۇپمۇ موڭغۇللار ئىنتايىن ئۆچ بولغان قىپچاقلارنىڭ بۇ توردىن ئامان قۇتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

بۇ قوشۇنلار دنېپىر دەرياسىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىدى . پەقەت كۆز باغلىنىپ ، چارچىغان ئاتلارنى چۆپكە قويمىسا بولمايدىغان ۋاقىت بولغاندىلا توختاپ ، قونالغۇ ئۈچۈن تەييارلىق قىلاتتى .

ھەر ئاخشىمى چېرىكلەر گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ باتۇخاننىڭ رۇس ۋە قىپچاقلارنىڭ بويسۇندۇرۇلمىغان زېمىنلىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان كۈچلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقلىرى

ھەققىدە پاراڭ قىلىشاتتى .
ھەرقايسى «تۇمەن»لەرنىڭ ئالدىن يۇرەر چارلىغۇچى قىسىم-
لىرى بولۇپ ، ئۇلار ماڭىدىغان يوللارنى ۋە دەريالارنىڭ ئۆتكەللى-
رىنى ئالدىن بېكىتەتتى . چارلىغۇچىلارنىڭ كەينىدىن ئاساسىي
قوشۇن ، ئاساسىي قوشۇننىڭ كەينىدىن سانسىزلىغان ئۆكۈز ھار-
ۋىلىرى ، چاڭ ـ توزانلارنى ئاسمانغا كۆتۈرىدىغان ھېسابسىز نۇر-
غۇن چارۋا ماللار ، قاقىرداق ئۇزۇۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۆگە
كارۋانلىرى كېلەتتى . بۇ تۆگىلەرگە چېدىرلار ، كىگىزلەر ، قازان-
لار ، ئۈچ پۇتلۇق داشقانلار ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر — تاماق تاللى-
مايدىغان موڭغۇل چېرىكلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان يېمەكلىكلەر-
نىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئىچىدىن تېپىلاتتى — ئارتىلغانىدى .
ھەرقايسى «تۇمەن»لەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدى . ئۇلار-
نىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم فورمىسى ، ئىشلىتىدىغان پارولى ، كۆتۈ-
رىدىغان تۇغى بار ئىدى . ئۆزىنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى جەۋلان
قىلىپ يۈرگەن تەجرىبىلىك ۋە نوپۇزلۇق سەركەردىلەرنىڭ ئىچىدە
ئەينى يىللاردا تېمۇچىن — چىڭگىزخان بىلەن بىرگە دۇنياغا
يۈرۈش قىلغان مەشھۇر سەركەردىلەر بىرقەدەر كۆپ ئىدى . بەزىلى-
رى خارەزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى ، مەغرۇر ۋە بويسۇنماس
جالالىدىن بىلەن بولغان جەڭلەردە سىنالغان باھادىرلار ياكى كاپكاز
قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان تۇمەن باشلىرى ئىدى . بەزىلىرى بول-
سا ، ئۆزىگە ئىشىنىپ ، دائىم خۇشخۇي يۈرىدىغان شەيبان خان
بىلەن بىرگە يۈرۈش قىلىپ (ھازىر بۇلغار زېمىنىنىڭ ئەمەلدارى
بولغان ) بۇلغارلارنى مەغلۇپ قىلغان قەھرىمانلار ئىدى . ئۇنىڭدىن
باشقا قار قاپلىغان ، بوران گۇركىرەپ تۇرغان رۇس ئورمانلىرىنىڭ
ئىچىدە ۋىلادىمىرنىڭ كىنەزى يۈرگا (يۇرى ) بىلەن جەڭ قىلغان
ئالدىراقسان بۇرۇنتاي ، ئەزەلدىن يۈز قېتىم جەڭ قىلسا ، يۈز
قېتىم غەلىبە قىلىپ شۆھرەت قازانغان يەكچەشمە سۇبەتەي باھا-
دىر ، ئوقيانىڭ ئوقىدەك تېز ھەرىكەت قىلىدىغان جابا نويۇن ،
كۈچلۈك يولۋاس دەپ نام ئالغان مۆڭكە ، خادان ، پايدار ، نارىن

خوتۇن ۋە قورماشلارمۇ بار ئىدى .
موڭغۇللار ۋە ئۇلارغا تەۋە بولغان باشقا قەبىلىلەرنىڭ چېرىك-لىرى بۇ قېتىمقى يۇرۇشكە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك قاتناشتى . بۇنداق قۇدرەتلىك زور قوشۇننىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچرىغان ھەر-قانداق بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى قايسى كۇنگە چۇشۇپ قالار ؟ بۇ مىللەتلەرنىڭ نادامەتلىك تەقدىرى شامان دىنى باخشىلىرىنىڭ ئال-دىن بەلگىلەپ قويغان ئەپسۇن چەمبىرىكىدىن سىرتقا چىقىپ كې-تەلمەيدۇ ، ئەلۋەتتە . بۇ يۇرۇشكە قاتنىشۋاتقان بارلىق موڭغۇل سەرۋازلىرى ، تەڭداشسىز بەخت يۇلتۇزى كۆكتە پارلاپ تۇرغان باتۇخاننىڭ «قۇياش پاتقان ئەللەر»نىڭ بىپايان زېمىنىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇشىغا شەك كەلتۇرمەيتتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان «ئاخىرقى دېڭىز»غا ، يەنى دۇنيانىڭ ئاخىرقى گىرۋىكىگە[1] يېتىپ بېرىشقا ئىشەنچى كامىل ئىدى . جاھاننىڭ ئەڭ چېتىگە يەتكەن سادىق نۆكەرلەر مۇقەددەس ئاتىنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۇچۇن تەنتەنە قىلىش ۋە ئۇرۇشتا قۇربان بولغان موڭغۇل باھادىرلىرى ئۇچۇن تەزىيە بىلدۇرۇش يۇزىسىدىن دېڭىز بويىدا يالقۇنى ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن سۆيۈشىدىغان ئىنت-تايىن زور گۇلخان ياقماقچى . ئەنە شۇ چاغدا باتۇخان جەدە ئېتىغا مىنىپ ، تاغ ئۇستىگە چىقىپ پارقىراپ تۇرغان نەيزىسىنى بويسۇن-دۇرۇلغان ئەلنىڭ زېمىنىغا سانجىيدۇ . ئۇ بۇركۇتنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز بىلەن : «مۇقەددەس ئاتىنىڭ ئەرشتىكى روھى ، مېنىڭ سۆ-زۇمگە قۇلاق سالغايسەن ، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بۇگۇن ئەمەلگە ئاش-تى . پۇتۇن دۇنيا بويسۇندۇرۇلدى !» دەپ ئۇنلۇك ۋارقىرايدۇ . ئۇ چاغدا ئەزەلدىن كۇلۇپ باقمىغان باتۇخان بىرىنچى قېتىم قاقاق-لاپ كۇلۇپ كېتىدۇ .

---

① ئۇ زامانلاردا موڭغۇللار زېمىننى ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغان بىر پارچە قۇرۇقلۇق دەپ قارايتتى .

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

# يۈزبېشىنىڭ كالا ھارۋىسى

ئۈچ جۈپ ئۆكۈز قوشۇلغان كېلەڭسىز موڭغۇل ھار-ۋىسى ئوت - چۆپى قۇرۇپ كەتكەن پايانسىز دالادا ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە . ئۇنىڭ ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى ياغاچ چاقلىرى غىچىلداپ ، قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولغان پىغان-لىرىنى نالە قىلغىنىچە ئەزەلدىن ئىگىسىز ياتقان بۇ دالانىڭ باغرىغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر جۈپ چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ توختىماي ئايلانماقتا .

سول تەرەپ ئالدىغا سوزۇلغان تاغىل ئۆكۈز قاۋۇل ، شاش بولۇپ ، ئۇنى ئاربان — چاگ (ئونىنچى) دەپ ئاتايتتى . بۇنداق قاۋۇل ئۆكۈزلەر ئادەتتە ئابرۇيلۇق تەيجى ياكى تۇيانلارنىڭ ھارۋى-سىغىلا قوشۇلاتتى . تەيجى ياكى تۇيانلارنىڭ ھارۋىلىرىغا ئادەتتە بەش جۈپ ياكى ئون جۈپ ئۆكۈز قوشۇلاتتى . ئەڭ ئالدىغا قوشۇل-غان ئۆكۈزنىڭ يىراقتىن بىر قاراپلا تونۇۋالغۇدەك بەلگىسى بولۇ-شى كېرەك ئىدى . بۇنداق بولغاندا ھەركىم ئۆز ھارۋىسىنى ، موڭغۇللارنىڭ ئۇزاقتا يۈرۈش قىلغان بۇ زور قوشۇنى ئىچىدە غىچىلداپ كېتىۋاتقان مىڭلىغان ھارۋىلارنىڭ ئىچىدىن ئاسان تونۇ-ۋالالايتتى .

بۇ كالا ھارۋىسى ئادەتتىكىدەك بولۇپ ، مەرتىۋىسى ئانچە يۇ-قىرى بولمىغان بىر موڭغۇلنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ئىدى . بۇ كىشى موڭغۇل يۈز بېشى ئازارگا — تەقىيە ئىدى . دەسلەپتە ، ئۇ ھورو-لۇن دەرياسى بويىدىكى بەختىيار ۋە گۈزەل ماكانىدىن ئايرىلىپ ،

يىراقتىكى چىنلىقلارنىڭ پايتەختىگە بارغان . بۇ ئۇزۇن ۋە مۇش-
كۇل سەپەرلەردە ئۇ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىپ چاچلىرى ئاقار-
غان ، كېيىن دەشت - باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ خۇشخۇي مىجەز-
لىك خارەزملىكلەرنىڭ (موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئىلگىرى ئۆز-
لىرىنى دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ بەختلىك دەپ ھېسابلاپ
يۈرگەن مىللەت ) پايتەختى ئۈرگەنچكە كەلگەن . بۇ قېتىمقى يۈ-
رۈش تېخىمۇ جاپالىق بولدى . ئازارگا — تەقىيەنىڭ بۇ ئىككى
قېتىملىق يۈرۈشى ، بۈيۈك بىر شەخسنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان-
دى . بۇ بۈيۈك شەخسنىڭ ئىسمىنى ھازىر موڭغۇللار بىۋاستە
ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . ئۇ موڭغۇل مىللىتى ئۈچۈن چەك-
سىز شان - شەرەپ كەلتۈردى ، موڭغۇل ئوردىسى ئۈچۈن ھېساب-
سىز بايلىق توپلىدى . يەنە بىر قىسىم قىممەتلىك ماللار ئاددىي
موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ قولىدا قالدى . بۇنداق كۈچلۈك ئۆكۈز
قوشۇلغان خۇسۇسىي ھارۋىغا ئىگە بولۇش — ئىلكىدە بويى پاكار ،
ئەمما قۇۋۋەتلىك بولغان بىر جەڭ ئېتى ، جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن
ئېگەر - توقۇم بولغانغا قارىغاندا چوڭ بەخت ئىدى . بۇنداق ھارۋىدا
بولسا ۋاپادار خوتۇنى ئولتۇرغان ، ئۇنىڭ يېنىدا چاققان بىر ئوغۇل
ياكى ئۆي ئىشىغا ئەسقېتىپ قالغان بىر قىزى ئولتۇرغان بولىدۇ .
بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە . ئازارگا — تەقىيەنىڭ خوتۇنى
يۈرۈشلەردە ئۇنىڭغا سادىق ھەمراھ بولۇپ كەلدى . ئۇ ئۆي ئىشلى-
رىنى باشقۇرۇش ، ئۇرۇشتا غەنىيمەت چۈشكەن ماللارنى بىر تەرەپ
قىلىشقا ماھىر ئىدى . ئېرى ئولجىغا ئىگە بولغان ھامان ھارۋا
تەرەپكە چاپتۇرۇپ كېلەتتى - دە ، ئۇنى ھارۋىغا تاشلاپلا يەنە كېتىپ
قالاتتى . چۈنكى ، ئۇ خوتۇنىنىڭ بۇ ئولجىلارنى ئەڭ مۇۋاپىق يەرگە
يوشۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

ئازارگا — تەقىيە بۇ ھارۋىنى ئۈرگەنچ ئەتراپىدا قولغا چۈ-
شۈرگەنىدى . ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەمەلدارى — قۇرماش
تۈمەن بېشىنىڭ ھارۋىسىدا قول ئايالى بىلەن بىرگە ئىدى . ئۇلار
ھەرخىل تونلارنى ھارۋىغا يوشۇرۇپ قوياتتى . بۇ ھارۋىغا ئورۇقلۇ-
قىدىن ئۆركەشلىرىمۇ سالپىيىپ كەتكەن ئىككى تۆگە قوشۇلغان-

www.uyghurkitap.com

دى . كېيىنچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خۇددى باھار پەسلىدە ياشنىغان يايلاقتەك ياخشىلىنىپ كەتتى . خوتۇنىنىڭ ئانىلىگە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى ئارقىسىدا ، ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ئازارگا — تەقىيە قەلەندەر ھالەتتىن كاللىسى سەگەك بىر خوجايىنغا ئايلاندى . قۇرماش ئۇنى دەسلەپ ئونبېشى ، ئىككى يىلدىن كېيىن يۈزبېشى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە بىر قىسىم مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى .

بۇ كالا ھارۋىسى ئۇزۇندىن بېرى ئازارگا — تەقىيە ئائىلىسىنىڭ يۇرۇشتە كۆلىكى ، تۇنەشتە تۆشكى بولۇپ كەلدى . بۇ ئائىلە ئاستا - ئاستا كۆكلەشكە باشلىدى . ئۇلاردا بىر تاغىل ئۆكۈز ۋە بەش تۇياق قوڭۇر ئۆكۈزدىن باشقا ، يەنە ئىككى ئىتمۇ بار بولدى . بىرى ئائىلىنى سادىقلىق بىلەن قوغدايدىغان قارا يۇڭلۇق يوغان ئىت ، يەنە بىرى ئائىلىنى ياۋايى ھايۋانلار بىلەن تەمىنلەيدىغان ئوۋچى ئىت . ئۇ كۈن بويى دالادا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ، بىردە دالا چاشقىنى ، بىردە توشقان ، ھەتتا بەزىدە تۈلكىمۇ تۇتۇپ كېلەتتى . ئۇ تۇتقان ئولجىسىنى نېرى - بېرى قىلماي ئۇدۇل ئايال خوجايىنىغا ئەكېلىپ بېرەتتى . ئايال خوجايىن ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ ، گۆشىنى قازانغا سالاتتى ياكى قورۇيتتى . بۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ تامىقى ھەل بولاتتى . تاماقتىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى ئىككى ئىتقا تاشلاپ بېرەتتى .

ھارۋىدا يەنە ئۈچ بالا بار . بىرى ئۈچ ياشلاردىكى قىز بالا ، قالغان ئىككىسى بەش - ئالتە ياشلاردىكى ئوغۇل باللار . بۇ باللارنىڭ ھەممىسىنى ئايال خوجايىن ساراي شەھرىدە بېقىۋالغانىدى . ئۇ يەردە نۇرغۇن ساقاللىق رۇس قۇللار بولۇپ ، ئوردا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەيتتى . ئۇلار ۋىلادىمىرلىقلار ۋە رەزانلىقلاردىن تۇتقۇن قىلىنغان ئەسىرلەر ئىدى .

بۇ خوتۇن قۇللاردىن بۇ باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى كىم ، دەپ سورىدى ھەم ئۇلارنى بېقىۋالماقچى بولغانلىقىنى شەرەت بىلەن ئۇقتۇردى . بىر قۇل قولى بىلەن ئاسماننى ۋە يەرنى كۆرسىتىپ ،

ئاندىن ئىشارەت بىلەن «يوق» دېگەننى ئۇقتۇردى. باشقا بىر قول:

— سەن ئېلىپ كېتىپ باققىن! بۇ يەردە قالسا ئۆلار ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

ھازىر ھارۋا يايلاقتا كېتىۋاتىدۇ. ھارۋىنى ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئوغۇل يۈگۈرۈشۈپ بەزىدە ھارۋىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى، بەزىدە كەينىدە قالاتتى. قىز بالا بولسا بېقىۋالغان ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، ئانىسى بىلەن تەڭ ناخشا ئېيتىپ، كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

كۈزنىڭ شارقىراپ ياغقان يامغۇرىدا ياكى قار ئۇچقۇندىغان چاغلىرىدا ئىككى ئوغۇل ھارۋا ئۈستىگە چىقىپ چۈشەپ قويغان ئۈچ مېكىيان، بىر خوراز بىلەن بىرگە قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئانىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر كىگىز يېپىپ قوياتتى. كىگىزنىڭ ئوتتۇرىسى تۆشۈك بولۇپ، باللار ئاشۇ تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا قارىشاتتى. ئانىسى ئۇلارغا موڭغۇلچە چاچ قويغاندى. چېچىنى چۈشۈرۈپ، كەينى سول تەرەپتە بىر سېكىلەك قويۇپ، ئۇنى بىر تال بوغقۇچ بىلەن قوشۇپ ئۆرۈپ قوياتتى.

ئازارگا — تەقىيە بەزىدە كېلىپ ھارۋىنى يوقلاپ كېتەتتى. تەرتىپ بويىچە ئۇنىڭ ئۆز «يۈز»لۈكىدىن ئۇزاقتا ئايرىلىپ كېتىشكە بولمايتتى. شۇڭا، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشى خوتۇنىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. كەچ بولغاندا، ئىككى ئوغلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆكۈزلەرنى ھارۋىدىن چىقىراتتى. ئىككى ئىت ئۆكۈزلەرنى ئەتراپتىكى يايلاقتا باقاتتى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئىتلار ئۆكۈزلەرنى ھەيدەپ كېلەتتى. باللارنىڭ ئانىسى ھارۋىنى قوشۇپ يەنە سەپەرگە ئاتلىناتتى. ئۇ بەلكىم يېڭى بىر كۆڭۈلسىزلىككە قاراپ ياكى يېڭى بىر بايلىققا قاراپ كېتىۋاتقاندۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان چوڭ شەھەر كىيېۋ بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەرنىڭ بايلىرى ئۆينىڭ ئۈستىنى ئالتۇن تاختىلار بىلەن ياپارمىش. ئازارگا — تەقىيە خوتۇنىغا ئاشۇ ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىشكە، ھېچ بولمىغاندا كىچىككىنە بىر پارچىسىنى بولسىمۇ ئېلىپ كېلىشكە ۋەدىلەر قىلاتتى.

## ئالتىنچى باب

# سوۋەتەينىڭ تۆمۈر ھارۋىسى

سوۋەتەي باھادىرنىڭ ھارۋا كارۋىنى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى . قاۋۇل ۋە ئايغى ئىتتىك تۆت ئۆكۈزگە ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان قارا ئۆيى ۋە چىن پاسونىدا ياسالغان تۆت تېرە ساندۇقى ئارتىلغانىدى . ساندۇقلارغا قوي تېرىسىگە سىزىلغان خەرىتىلەر قاچىلانغان . بۇ خەرىتىلەردە موڭغۇل قوشۇنى بېسىپ ئۆتكەن يەرلەرنىڭ ئىشارەتلىك شەكلى چۈشۈرۈلگەنىدى . بۇ ساندۇقلاردا يەنە قوشۇننىڭ سەپەر خاتىرىسى ساقلىناتتى .

بۇنىڭدىن باشقا ، بۇ چوڭ قوماندانىنىڭ خۇسۇسىي قوشۇنىدا تۆمۈردىن ياسالغان بىر ئۇرۇش ھارۋىسى بار ئىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى چاقنى ئوتاشتۇرۇپ تۇرغان تۆمۈرنىڭ ئۈستىگە بىر دانە تۆمۈر ساندۇقنى بېكىتىش ئارقىلىق ياسالغان . تۆمۈر ساندۇقنىڭ تۆت تەرىپىدە كىچىك يوچۇق قالدۇرۇلغان . بۇ يەردىن ساندۇق ئىچىدە ئولتۇرغان ئادەم سىرتىنى كۆزىتەلەيتتى ھەم نىشانغا ساداقتىن بىمالال ئوق ئۈزەلەيتتى ، بۇ ئۇرۇش ھارۋىسىنىڭ سىرىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر يېقىن جايدىن ئېتىلغان زەھەرلىك ئوقنىڭ زەربىسىدە ئازاب بىلەن ئۆلۈپ كېتەتتى .

تۆمۈر ھارۋىنىڭ ئىچىدە بىر مەرگەن ئايال ئولتۇراتتى . ئۇ سوۋەتەي باھادىر ئۇخلىغان ۋاقىتتا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلاتتى . سوۋەتەي باھادىر دائىم تۆمۈر ھارۋىنىڭ ئىچىدە ئۇخلايتتى . كۈندۈزى يول يۈرگەندىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراتتى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇرۇش ھارۋىلىرىدا چىن نەسلىدىن بولغان

ئىت بېقىلاتتى . ئۇ ئاياغ تىۋىشىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىنى سېزىۋالاتتى . ئەگەر كەلگۈچى ئۆز خوجايىنى بولسا ، تىۋىش چىقارمايتتى . ئەگەر كەلگۈچى يات ئادەم بولسا ، جەھلى بىلەن قاۋاپ كېتەتتى .

بۇ تۆمۈردىن ياسالغان ئۇرۇش هارۋىسىغا تۆت ئات نۆۋەت بىلەن قوشۇلاتتى ، بىر قېتىمدا ئىككى ئات قوشۇلاتتى ، هارۋىكەش سول تەرەپتە ئولتۇرۇپ هەيدەيتتى .

بىر قېتىم سۆبەتەي باهادىر باتۇخانغا ئېهتىيات يۈزىسىدىن مۇشۇنداق بىر مۇستەهكەم تۆمۈر هارۋا ياسىتىش توغرىسىدا مەسلىهەت بەرگەنىدى .

باتۇخان ناهايىتى ئاچچىقلانغان هالدا : «سېنىڭ ئاشۇ بىر دانە ئۆتكۈر كۆزۈڭ مېنىڭ ئېهتىياتچانلىقىم ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدۇ» دېگەنىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يەتتىنچى باب

# ئېتىقاد قىلغۇچىدىن خەلىپىگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ

ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس، ئالىي ھۆكۈمرانى مۇستەنسىر خەلىپە (ساڭا خاتىرجەملىك يار بولغاي)، سېنىڭ سادىق قۇلۇڭ ۋە سېنى ھۆرمەت قىلغۇچى، سېنىڭ يىراقنى كۆرەر دانا پىكىرلىرىڭنى ۋە ئۇلۇغ تالانتىڭنى ئىجرا قىلغۇچى، سېنىڭ ئاق، يېشىل ۋە ساناپ تۈگەتكۈسىز موڭغۇل تۇغلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان يېڭىلمەس خاقانىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن تىرىشچان ئەلچىڭ، ساڭا تۈگىمەس شان - شەرەپ، ئىشلىرىڭغا ئوڭۇشلۇق، تېنىڭگە سالامەتلىك تىلەيدۇ. سېنىڭ تارتقان كىرىچىڭدىن ئېتىلىپ چىققان، نىشانغا توغرا تېگىدىغان ئوقۇڭ، مەشقاۋۇللار قولىدا ئۆگىتىلگەن جەڭ ئېتىڭ ئابدۇراخمان «ئېتىقاد قىلغۇچىلار»نىڭ يۈكسەك ھامىيسىغا خاتىرجەملىك تىلەيدۇ، شەپقەت ۋە شاپائەت يېغىپ تۇرغان كۆز نۇرۇڭدىن مېنى ساقىت قىلمىغايسەن.

سوغۇق نەشتەردەك سانجىپ تۇرغان پايانسىز دالادا تۇرۇپ ساڭا بۇ مەكتۇپنى يېزىۋاتىمەن. ئەتراپ ئاپئاق قار، پەقەت قۇرۇپ قالغان ياۋا گىياھلارنىڭ ئۇچىلا قار ئاستىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. مۇدھىش بوران ھۆكۈم سۈرگەن سوغۇق بۇ دالادا، قوي تېرىسىدىن كىيىم كىيگەن، كىگىز ئۆيلەردە قومۇش ۋە تېزەك يېقىلغان گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئىسسىنىدىغان قىپچاقلارلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا بەڭۋاش دەريا سۇلىرى خۇددى ئەپسۇن كۈچىدىن توختىغاندەك قاتتىق ۋە سۈزۈك تاشقا ئايلىنىدۇ.

چەۋەندازلار ۋە ئونلاپ ئۆكۈزلەر قوشۇلغان ئېغىر ھارۋىلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىمالال ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ .

قەھرىمان ، غالىب موڭغۇل قوشۇنى سوغۇق پەسىلدىن پايدىلىنىپ دەھشەت سالغۇچى يۈرۈشكە ئاتلاندى . ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانى ، ئاللا ساڭا يار بولغاي ، خۇدا بىزنى بۇ ئاپەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن خالىي قىلغاي . بۇلارنىڭ قوشۇنى سان ـ ساناقسىزدۇر . پايانسىز دالادا كېلىۋاتقان دولقۇنغا ئوخشاش تۈگىمەس ـ پۈتمەستۇر . كىممۇ بۇ قوشۇننى ساناپ تۈگىتەلىسۇن ؟

لېكىن ، مەن يەنىلا سېنى تەخمىنەن سان بىلەن تەمىنلەشكە ئىمكانىيەت تاپتىم . خاقاننىڭ چېدىرىدا بولۇنغان كېڭەشلەرگە دائىم قىرىق ئەتراپىدا تۈمەن بېشى قاتنىشىدۇ . ھەربىر تۈمەن بېشىنىڭ قولىدا ئون مىڭ چەۋەنداز بار . دەرۋەقە بەزى تۈمەن باشلىرى ئاتاققا بولغان بىلەن ئەمەلىي قوشۇنى يوق . لېكىن ، ئەمەلىي ئەھۋالدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى ، باتۇخاننىڭ مىسلىسىز زور قوشۇنى يىگىرمە ئوردۇدىن قۇرۇلغان . ھەربىر ئوردۇدا ئۈچتىن بەشكىچە تۈمەن بار . دېمەك ، پۈتۈن تاتار قوشۇنى ئۈچ يۈزمىڭدىن تۆت يۈزمىڭغىچە كېلىدۇ . بارلىق چەۋەندازلار ئەمەلىي جەڭ مەيدانلىرىدا تاۋلانغان ھەم سىنالغان . ئۇلار رەھىمسىز سىپاھلارنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدۇ . بۇيرۇققا بويسۇنماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . مۇبادا تۈمەن بېشى قولىنى شىلتىگەن تەرەپ ئوت دېڭىزى بولسا ، ئۇلار ئىككىلەنمەي شۇ ئوتقا سەكرەيدۇ . ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىنى ھېچقانداق بىر كۈچ تارمار قىلىشقا ياكى توسۇشقا مۇۋەپپەق بولغان ئەمەس .

جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، «قۇياش پاتقان ئەللەر» دە موڭغۇل قوشۇنىدەك قۇدرەتلىك قوشۇننى تېپىش قىيىن ئىكەن . دېمەك ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»نىڭ تەقدىرى ئالدىن بېكىتىلدى . ئۇلار بويسۇندۇرۇلىدۇ ، تالان ـ تاراج قىلىنىدۇ . موڭغۇل ـ تاتار چەۋەندازلىرىنىڭ ئات تۇيىقى ئاستىدا چەيلىنىپ يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ .

ساڭا سادىق ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىدىن يوللىغان بۇ مەكتۇپۇمدا ئىككى مۇھىم خەۋەرنى ساڭا ئېيتماقچىمەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى مۇھىم خەۋەر: ياشانغان كارمات — ئىسمائىلە پىرقىسىنىڭ (يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچىلەر) ئاتامانى «تاغ ـ دالا پىرى» نىڭ «قۇرغۇي ئۇۋىسى» يېقىندا ماڭا مۇنداق دېدى: موڭغۇل خاقانى ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن يېقىنمىش، ئىككىسى قېرىنداشلاردەك ياخشى ئۆتەرمىش، لېكىن بۇ پۈتۈنلەي ساختا كۆرۈنۈش. بىر كۈنى كەچكى تاماقتا مەن باتۇخاندىن ئەگىشىپ سوراپ كۆردۈم. ساھىبقىراننىڭ ئېيتىشىچە، قۇرغۇي ئۇۋىسىغا يوشۇرۇنغان «تاغ ـ دالا پىرى»نىڭ تەقدىرى ئۇۋچىلارنىڭ قولىدىكى قۇرغۇيلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇۋغا سالىدىغان قۇرغۇيغا ياخشى ماھارەت ئۆگىتىش ئۇۋچىنىڭ كۆپرەك ئولجىغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ياكى ئۇۋچىنىڭ ئۇنىڭ بويىنىنى بۇراپ ئۈزۈۋېتىشى ئۈچۈن ئىكەن. دۇنيادا پەقەت بىرلا پادىشاھ بولىدىكەن (ئۇ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنى كۆرسەتتى). ئۇ يەنە «تاغ ـ دالا پىرى» ئالدىمغا كېلىپ ساداقەتلىكىنى بىلدۈرمىسە، ئۆزىنىڭ توپلىغان پۈتكۈل دۇنياسىنى ئايىغىمغا ئەكېلىپ تۆكمىسە، مەن ئۇنى باش ئەگمەس دۈشمەن دەپ تونۇيمەن. ئۇنىڭ تەقدىرى پەقەت ئەرشتىكى تەڭرى ئۇنىڭ «تەقدىر لەۋھەسىگە» يازغان يازمىشى بويىچە بولىدۇ، دېدى.

ئىككىنچى مۇھىم خەۋەر: ئەتىل دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان يېرىدە، مەن باتۇخاننىڭ ئوردىسىدىكى كۈنلەردە، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ «قوياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى ئاڭلىدىم. باتۇخان ئۆزىنىڭ بۇ پىلانىنى قوللاش يۈزىسىدىن، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يۈرۈشكە قاتنىشىشىمنى ئېيتتى.

ئۈچىنچى خەۋەر: بۇنى مەن بۈيۈك دېنېپر دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېقىلغان گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن. قارشى

ئالدىمدىكى قىرغاقتا رۇس پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ بۈيۈك پايتەخت شەھىرى تۇرماقتا . بۇ پايتەختنىڭ نامى كىيېۋ . بۇ ئىنتايىن چوڭ ۋە گۈزەل شەھەر . ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن چېركاۋلارنىڭ قۇببە ـ مۇنارلىرى ئالتۇندىن ياسالغانمىش . بىراق ، كىيېۋنىڭمۇ باشقا پايتەخت شەھەرلەرگە ئوخشاش كۈلى كۆككە سورۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن بۇرۇن رۇسلار قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىشىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنى ھازىر موڭغۇللارغا تەسلىم بولۇڭلار دەپ تەشۋىق قىلىش ياكى ئۇلارنى تاتارلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . ئېھتىمال رۇسلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەتئىي تەسلىم بولماس . ئۇلار ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغۇچە ئېلىشىشى مۇمكىن . باتۇخان مەن قاتناشقان بىر كېڭەشتە مۇنداق دېگەنىدى :

— مەن باشقا پايتەختلەرنىڭ پايتەخت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايمەن . پايتەختلەر ئىچىدىكى پايتەخت پەقەت بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ بۈيۈك ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان كېچ — ساراي . مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئېغىشماستىن ئىجرا قىلىشى ، شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم . بۇ بۇيرۇقلار كېچ — سارايدىن تارقىلىشى كېرەك !

پەقەت بىر ئاللانىڭ ئۆزى ھەممىنى يورۇتقۇچى ، ئالدىن بىلگۈچىدۇر . بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ئۇنىڭ قولىدا . خۇدا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي !

ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانى ، مۇقەددەس خەلىپە مۇستەنسىر ، بۇ مەكتۇپنى ئېلىپ بارغۇچىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭغا نەزىرىڭىزنى سېلىپ قويۇشۇڭىزنى ، سىزنىڭ مەردانە تونۇڭىزنىڭ ئۇنىڭ ھامىيسى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن .

مەڭگۈ ئارزۇ قىلىدىغان كەپىنىڭ ئىشىكى ئالدىڭىزدا ئوچۇق بولغاي ، كەپە ئالدىدىكى تۇپراق مەڭگۈ ساڭا باش قويغۇچىلارنىڭ پېشانىسىدىكى چاڭ بولغاي .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىسى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى قىسىم

# دنېپر بويىدا

## بىرىنچى باب

## نوۋگورودتىن ئايرىلىش

كۆلپەتلىك 1240 ـ يىلى ، يەنى تاتارلار «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن هازىرلىق كۆرۈۋاتقان كۈنلەردە ، يىراقتىكى ئەركىن شەھەر نوۋگورودنىڭ كوچىلىرىنى بىر ۋەھىمە كېزىپ يۈرەتتى .

خەنجىرىنى يەڭ ئىچىگە يوشۇرغان رەزىل دۈشمەنلەر كۆرۈ- نۈشتە چەت ئەللەرنىڭ «جاۋاھىرات» ۋە ئەرزان باھالىق ماللىرىنى كېمىلەرگە بېسىپ كەلگەن سودىگەر قىياپىتىدە بولۇۋېلىپ ، ئەمە- لىيەتتە بۇ شەھەرگە بېسىپ كىرىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى . ئۇلار نوۋگورود ۋە پىسكوپتەك ئەڭ مۇنبەت زېمىننى قولغا كەلتۈرۈش- نىڭ قەستىدە ئىدى .

ئاخىر گېرمان ، شىۋىد ، فىن ۋە دانىيىلىكلەر بىلەن قەھرى- مان نوۋگورودلۇقلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان كەسكىن جەڭ باشلان- دى . بۇنداق شارائىتتا «تۆۋەنكى ئېقىن»دىكى پىرىياسلاۋ ، ۋىلادى- مىر ، سۇزدالى ۋە پالوسكى قوشۇنلىرى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلى- شىپ ، باتۇر ۋە پاراسەتلىك يارۇسلاۋ ۋىسۋالۇدوۋىچ بىلەن ئۇنىڭ

ياش ئوغلى ئالېكساندىرنىڭ رەھبەرلىكىدە كېچىلەپ نوۋگورودقا يۈرۈپ كەتتى . كېيىن نوۋگورودلۇقلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئالېكساندىر يارۇسلاۋىچ ۋىلادىمىردە قالدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئالېكساندىرنىڭ ياش خوتۇنى پالىسكو كىنەزىنىڭ مەلىكىسى بىرياچىسلاۋمۇ بۇ يەرگە كەلدى .

بۇ ياش مەلىكىنىڭ سىرداش دوستلىرى ئىچىدە ۋادىم ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى . ۋادىم مەلىكىنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى دوستى بولۇپ ، ھازىر ئۇ مۇقەددەس رەسىملەرنى سىزىش ئۇچۇن چېركاۋ رەسسامىغا شاگىرتلىققا كىرگەنىدى .

بۇرۇن ۋادىمنىڭ ئاتىسى گرىگورى كىنەز بىرياۋچىسلاۋنىڭ ئەڭ ماھىر ئوۋچىسى ئىدى . ئۇ بىر قېتىملىق شىكار ئۈستىدە ئېيىق بىلەن ئېلىشىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان . شۇنىڭدىن كېيىن كىنەز بىرياچىسلاۋ بۇ ئوۋچىنىڭ ئائىلىسىگە باشپاناھ بولۇپ ، ۋادىمنى ئۆز قىزى بىلەن بىرگە تەربىيىلىگەنىدى . كىنەز ئائىلىسىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ۋادىمنى ياخشى كۆرەتتى . چۈنكى ، ئۇ ياغاچتىن كانكى بەتىنكىسى ، خوراز ياكى نەي چېلىۋاتقان دېھقاننىڭ مودېلىنى ئويۇپ ياسايتتى . ۋادىم بەكمۇ تېتىك ئىدى . ئۇنىڭ ياغاچتىن ئويغان ئاجايىپ چىرايلىق ئويۇنچۇقلىرى زەڭگەر كۆزلۈك سانيوشكىنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقاتتى .

ۋادىم بالىلىقتىن ئۆتۈپ يىگىتلىككە قەدەم قويغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كىنەز بىرياچىسلاۋ ئۇنىڭغا :

— مېنىڭ بايقىشىمچە ، سەن ئەلەم ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلىمىدىڭ ، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن قول ھۈنەرگە بېرىلىپ كەتتىڭ ، شۇ ۋەجدىن سېنى نوۋگورودقا ئەۋەتىش قارارىغا كەلدىم ، ئۇ يەردە مۇقەددەس رەسىملەرنى سىزىدىغان داڭلىق بىر رەسىمخانا بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇقەددەس رەسىملەرنى سىزىشتا كامالەتكە يەتكەن ماكارى ئاتا بار . سەن ئۇ ئاتىغا قول بەرگىن ، ئۇ يەردە مۇقەددەس رەسىملەرنى سىزىشنى ئۆگىنىسەن ، بۇ ئىنتايىن ساۋابلىق ۋە ئالىيجاناب ئىش ، — دېدى .

كىنەز ئائىلىسىدە ئۆتكەن قوۋناق ھاياتىدىن بىر يولى قول ئۈزۈپ كېتىش ۋادىم ئۈچۈن ئەلۋەتتە قىيىن ئىدى. لېكىن، سەنئەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە ئۇ كۆڭلىدە رازى بولدى ۋە كىنەزنىڭ تەلىپىگە شەرتسىز بويسۇندى.

ئاز كۈندىن كېيىن، ۋادىم ئىنىكئانىسى بىلەن بىرگە ۋىلادىمىرغا كۆچۈپ كېلىپ، تەلەپچان رەسسام ماكارى ئاتىغا شاگىرت بولدى.

ئالېكساندىر يارۇسلاۋىچ بىلەن مەلىكە بىرياچىسلاۋ توي قىلىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا بىز ئېيتقاندەك ئۇلارمۇ نوۋگورودقا كۆچۈپ كەلدى. ۋادىم كىنەز ئائىلىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئائىلىدە ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشكە مۇيەسسەر بولدى. ئەمما، ئۇ بايرام كۈنلىرىدە كىنەز دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى خەلق ئارىسىدا تۇرغان ۋاقىتلىرى بولسۇن ياكى كىنەزنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا بولسۇن، ياش مەلىكىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىشقا تىرىشاتتى، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ قارايتتى، ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلىگەن ھالدا مەلىكىنىڭ كىنەزگە قاراپ تەبەسسۇم قىلغاندىكى چىرايىنى دىققەت قىلىپ كۆزىتەتتى. ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىدىن چىققان ۋەيران قىلغۇچى نۇرلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى، بەزىدە قۇچىقىدىكى مۈشۈكىنى ئەركىلىتىپ تۇرغان چاغلىرىدىكى غۇبارسىز كۈلكىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى.

ۋادىم بۇ ئۈمىدسىز ھېسسىياتلىرىنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇراتتى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئويلىنىپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. كېتىش كېرەك! قەيەرگە بولسىمۇ مەيلى، قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى، پەقەت نوۋگورودتىن كېتىش كېرەك!

ۋادىم بىر كۈنى كىنەز ئالېكساندىرنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئاندىن ئىشخانىغا كەلدى - دە، رەسىم جازىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بۇۋىمەريەمنىڭ رەسىمىنى ئەسلى نۇسخىسىغا

قاراپ كۆچۈرۈپ سىزىشقا باشلىدى . ئەسلىي نۇسخىدىكى رەسىمدە بۈۋىمەريەمنىڭ ئۆڭى قارىراق ئىدى ، قاپقارا بىرجۈپ كۆزىدىن قايغۇ - ھەسرەت ئەكس ئېتەتتى ، قۇچىقىدا بولسا بۇدۇر چاچلىق بىر بالا بار ئىدى . بۇ رەسىم نادىر ئەسەر سۈپىتىدە بۇ پادىشاھ شەھىرىگە كەلتۈرۈلگەنىدى . ۋادىم بۇنى ئەسلىي نۇسخىسىغا ئوخ- شاش قىلىپ سىزىپ چىقماقچى بولدى . ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دۈۋەتنى كۆتۈرۈپ كەلدى - دە ، سىزىشقا باشلىدى . ئىش ناھـايىتى ئوڭۇشلۇق مـاڭدى . تاخـتا ئۈستىدە بۈۋـمەريەمنىڭ كىيىم - بېزەكلىرى ئاستا - ئاستا كۆرۈنۈشكە باشلىدى . باش قىسىمىمۇ ئېنىق چىقىشقا باشلىدى . ئەمما ، رەسىم تاختىسىدا ئەكس ئېتىۋاتقىنى بۇغداي ئۆڭلۈك ، كۆزلىرىدىن غەم - قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان بۈۋىمەريەم ئەمەس ، بەلكى كۈلكە جىلۋىسى بىلەن زەڭگەر كۆزلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ تۇرغان مەلىكە ئىدى . بۇ رەسىم ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە لال قىلاتتى .

ۋدىم ئارقىسىدىكى ئېغىر تىنىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ ، ماكارى ئاتىنىڭ ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنىڭ ئاستىدە- كى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىـلەن ئۆزىـگە تىـكىـلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى .

— ساراڭ ! — دېدى موناخ پەس ئاۋاز بىلەن ، — يۈرىكى قاپتەك قارا نىيەتچى ! سەن كىمنى سىزماقچى ؟ بۇ مۇقەددەس رەسىمنى قارىلىق بىلەن بۇرمىلىغانلىق ! مۇبادا موناستىرنىڭ دىياكونى بۇنى كۆرىدىغان بولسا ، پۈتۈڭغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلايدۇ ! ناۋادا خۇدا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدىغان بولسا (ئىلاھىم ئۇنداق بولمىغاي ) ، راست گەپنى قىلسام ، ھازىر جېنىڭنى ئالىد- دۇ ! سەن دىنغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەردەك زىندان ئىچىدە چىرىپ تۈگەيسەن ! دەرھال بۇ نەرسەڭنى كۆزدىن يوقات ، باشقىد- دىن بىرنى سىزىپ چىققىن ، ئەھۋالدىن قارىغاندا مەزلۇملارنىڭ رەسىمى سېنىڭ كاللاڭدا ناشايان خىياللارنى پەيدا قىلسا كېرەك ، شۇڭا سەن ساقاللىق پىترنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىققىن ياكى

بولمىسا ھايۋانلارنىڭ پۇشتى پاناھى ۋىلاسىيانى سىزغىن. مەن خىزمەت ئورنۇمغا سادىق ئادەممەن ، نېمىلا بولسۇن ، موناستىرنىڭ چاشتاپ بېگىگە بېرىپ كېلەي ، تەنتەك شاگىرت ئۈچۈن قانداق چارە بېرىدىكىن . — ماكارى ئاتا سۆزىنى تۈگىتىپلا كېتىپ قالدى. ۋادىم قەلەم ۋە دۇۋەتلىرىنى رەتلەپ كىچىك بىر ساندۇققا سالدى. ئاندىن سىزىپ بولاي دېگەن رەسىمنى تۇرۇپ ، كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ، رەسىمخانىدىن ئېھتىيات بىلەن چىقتى ـ دە ، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ موناستىرنىڭ گۈللۈكىگە كەلدى .

دەرھال ھەرىكەت قىلىش كېرەك ، جۇۋىسىغا يۆگىنىپ مۆگدەپ ئولتۇرغان دەرۋازىۋەن ئەركىن مېڭىپ يۈرگەن ۋادىمغا دىققەت قىلمىدى . «قارام شاگىرت» دەرۋازىدىن لىپپىدە چىقىۋېلىپ ، ئۇدۇل شەھەر ئەتراپىدىكى بىر كەپىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى . بۇ كەپىدە ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى تۇراتتى . ۋادىم ئىنىكئانىسىغا ئۆزىنىڭ ۋىلادىمىر شەھەر ئەتراپىدىكى باشقا بىر موناستىرغا بېرىپ ئىستىقامەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ، ھەققىي ئەھۋالنى مومايغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى بىر خالتىغا سېلىپ مۇرىسىگە ئارتىپ مېڭىشقا ھازىرلاندى . ئىنىكئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ :

— جېنىم بالام ، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان مومايىنى كىمگە تاشلاپ كېتىسەن . سېنىڭ خەيرلىك بولمىغان بىر كۈندە ئۆيدىن ئايرىلىشىڭ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ، — دېدى .

— ھەرگىز ئەندىشە قىلما ، تېز ئارىدا قايتىپ كېلىمەن . ساڭا سەنسەن جۇۋا ۋە ياغلىق ئېلىپ كېلىمەن . كۆز يېشى قىلما ، مېنىڭ ئامانلىقىمنى تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرغىن .

ۋادىم مومايىنى باغرىغا باستى . موماي ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆيدى .

— مەن يوق چاغدا تۇرمۇشتىن قىسىلىپ قالساڭ ، كىنەگىنە بىرياپچىسلاۋغا ئېيتقىن ، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ .

ۋادىم كەپىدىن چىقىپ ، چىتلاقتىن بىردانە ياغاچنى ئېلىپ

سەپەر ھاسىسى قىلدى ـ دە ، يولغا راۋان بولدى . ئۇ يولدا كېتىۋې‑تىپ : «كىيىپ ، مەن كىيىپقا بارىمەن ! ئۇ يەردە پىچىرسكوم دېگەن موناستىر بار ئىكەن . ئۇنىڭدا دۇنيادا تەڭدىشى يوق رەسسام‑لار بار ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى داڭدار ئۇستىلاردىن بىرىنى ئۇستاز تۇتىمەن . شۇنىڭ بىلەن ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىمۇ ئۇنتۇي‑مەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن ، ۋادىم پالوسكا ۋە سىمۇ‑لىنسكىغا بارىدىغان سېرىكچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇلار ۋادىمنى خۇشاللىق بىلەن ئۆز توپىغا قوشۇۋالدى . ئۇلار ۋادىمغا :

— سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىنتايىن ئەركىن ياشايسەن . تەنتە‑نىلىك سورۇنلاردا بولسۇن ياكى توي ـ تۆكۈنلەردە بولسۇن ، دائىم داستىخاندا بىز بىلەن بىرگە بولىسەن . پەقەت بىزگە يۈز نىقابتىن بىرنەچچىسىنى سىزىپ بەرسەڭ ، رەڭلىك تونلاردىن تىكىپ بەر‑سەڭ بولغىنى ، — دېيىشتى .

ۋادىم ئاخىر بىر كۈنى بۇ سېرىكچىلەردىن قۇتۇلۇپ ، خىلۋەت يول بىلەن كېتىۋاتقان چاغدا ، بىر توپ قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى . ئۇلار ۋادىمنى ئۇرۇپ بىھوش قىلىپ ، يېنىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت ھېلىقى رەسىم بىلەن دۇۋەتلا قالغان‑دى . ۋادىم نىمجان ھالەتتە يول بويىدىكى بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن شەمشاد دەرىخىنىڭ ئاستىدا ياتاتتى . ئۇ ئەمدى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەندى .

دەل شۇ پەيتتە ، بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياشانغان بىر دېھقان ۋادىمنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ پۈتۈن بەدىنى يارىلانغان بىھوش يىگىتنى يۆلەپ ئېتىغا مىندۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى . ۋادىم بۇ دېھقاننىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى . بوۋاي ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزەتتى ، موماي بولسا سۈت پىشۇ‑رۇپ بېرەتتى . ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى بوۋاي بىلەن مومايغا سۆزلەپ

بەردى .

— بەك ئەپسۇس ، ئەسلى سەن يول بويى ئۆسىر كچىلەردىن ئايرىلماسلىقىڭ لازىم ئىدى ، — دېدى بوۋاي ، — ئۇلار ئاغزىدا ئويۇن ـ چاقچاق قىلغان بىلەن ، قەلبى پاك كىشىلەر . ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ ، دېگەندەك ، ئۇلاردىن ئايرىلىپلا قاراقچىلارغا يولۇقۇپ- سەن . ئالدىڭدىكى يولۇڭدا ھەم قاراقچىلار كۆپ ، خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق ، دېگەن گەپ بار . ھېلىمۇ باشقىلارغا قىلغان ياخشى- لىقىڭنىڭ دۇئاسى بولسا كېرەك . جېنىڭ ئامان قاپتۇ ، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر . بۇنىڭدىن كېيىن سەپەر قىلساڭ شۇ نەرسە يادىڭدا بولسۇن- كى ، چوقۇم بىرنەچچە ھەمراھ بىلەن بىرگە ماڭغىن . سېنىڭ ئاۋۇ رەسىمىڭنى يارتىپ قالدىم . مېنىڭ قىزىم ناستىيەگە ئوخشىشىدى- كەن . ئۇنىڭ روھى قورۇنمىسۇن ! ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئاشۇنداق تىنىق زەڭگەر ئىدى . جامالىمۇ سەن سىزغاندەك شۇنداق گۈزەل ئىدى . كۆيئوغلۇم ئاندىرى ئۇۋچى يىگىت ئىدى ، قىزىم بىلەن ئىككىسى توي قىلغاندىن كېيىن ئىنتايىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن ، كېيىن ئۇلار بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى . بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاندىرى قويدۇق . كېيىن قىزىم تۇيۇقسىز قىزىتما كېسىلىگە گە- رىپتار بولۇپ قالدى . ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بەش كۈن يېتىپ بىزنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى . ئۇنىڭدىن يادىكار بولۇپ نەۋرىمىزلا قالدى . بوۋاي ـ موماي ئىككىمىز نەۋرىمىزنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراپ قوي سۈتى بىلەن بېقىپ ئادەم قىلدۇق . بىر كۈنى كۆيئوغلىمىز ئاندىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ : «يۈرىكىم بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، چېدىغۇچىلىكىم قالمىدى ، سىرتقا چىقىپ كۆڭۈل ـ كۆكسۈمنى ئېچىپ كېلەي» دېدى . ئۇ بۇرۇن قەيسەر ئوۋچى ئىدى — ئۆزى يالغۇز بىر نەيزە بىلەن چىقىپ كەتتى ـ دە ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، بەش دانە ئېيىق تېرىسىنى كۆتۈ- رۈپ قايتىپ كەلدى . كېيىن ئۇ بۇ ئۆيدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىدى . يېقىندا بىر تونۇشىمىزدىن سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپ-

تۇ ، ماڭا بىر پارە ئۆتۈك ، بەك پىششىق ئىكەن ، ئايالىمغا ساراپان كۆڭلەك ، نەۋرىمىزگە چىرايلىق بىر كۆڭلەك ئىكەن . سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلگەن كىشى نۇرغۇن مەشھۇر جايلارنى زىيارەت قىلغان ، كىشىلەرنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ جان باقىدىغان خىرىستىئان مۇخ-لىسى ئىدى . بىزنىڭ سوۋغاتلىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى ئاسراپ ئېلىپ كەپتۇ . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، كويئوغلىمىز ئاندرى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بوپتۇ . دنېپر دەرياسىدا سال ھەيدەپ ، سمولىنسكىدىن كىيېفقا بارىدىكەن . ئۇ ئۆزى باش سالدا ئولتۇ-رۇپ ، ساللارنىڭ دەريانىڭ ئاساسىي ئېقىنىدا ئېقىشىغا ، جىددىي بۇرۇلۇشلاردا ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈشىگە قوماندانلىق قىلىدىكەن . ئۇ كىشىنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ، جىددىي بۇرۇلۇش-لاردىن ئۆتكەندە سەللا ئېھتىيات قىلمىسا سال دەريا قىرغىقىغا ئۇرۇلىدىكەن ـ دە ، ئۇنى قايتا ئېقىنغا سېلىش ئىنتايىن قىيىن بولىدىكەن .

— ئۇنداقتا مەن سېنىڭ كويئوغلۇڭ ئاندرىنى ئىزدەپ تاپا-لارمەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى ۋادىم .

— مەنمۇ ساڭا شۇنى دەي دېگەنىدىم . سەن سمولىنسكىغا بېرىپ دەريا بويىدىن سالچىلارنىڭ باشلىقى ئاندرىنى سۈرۈشتە قىلغىن . كىملا بولسۇن ئۇنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىدۇ . چۈنكى ، ئۇنى ھەممىسى بىلىدىكەن . سوۋغات ئەكەلگەن كىشىنىڭ دېيىشى-چە ، ئاندرى ھەر يىلى سال ئېقىتىدىغان پەسىلدە تۆت قېتىم ، بەزى يىللىرى بەش قېتىم قاتنايدىكەن . ھەرقېتىم سالنى ئاپارغان-دىن كېيىن ئاندرى كىيېفتىن سمولىنسكىغا قايتىدىكەن ، كې-لىپلا باغلانغان سالنى دنېپر دەرياسىغا سالىدىكەن . بىزدىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتىپ ، ھەممىمىزنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىمىزنى ، ئوغلىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقىن . ئۇ دادىسىنىڭ سوۋ-غاتلار ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ . ئۇنىڭ بالدۇرراق كېلىپ بىزنى كۆرۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىمىز .

ئايرىلىش ئالدىدا ، ۋادىم ئۆزى سىزغان رەسىمنى ئۆي ئىگە-

www.uyghurkitap.com

سى مېھماندوست پروخورو ستېپانوۋىچقا ھەدىيە قىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بوۋاي ۋە مومايغا كىيىم - كېچەك بېرىپ ، ئۇلارنىڭ قىزغىن مېھماندوستلۇقىغا رەھمەت ئېيتىپ يولىغا راۋان بولدى .

ۋادىم ساق - سالامەت سىمولىنسكىغا يېتىپ كېلىپ ، دەريا بويىدىكى باغلانغان ساللارنى كۆردى . ئۇ ئالدىغا يولۇققان كىشى-لەردىن سالچىلارنىڭ باشلىقى ئاندىرىنى سۈرۈشتە قىلدى . ئەڭ ئاخىرىدا بىرى :

— مەن شۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

بەستلىك كەلگەن بۇ كىشىنىڭ كۆل رەڭ كۆزلىرى قۇشلار-نىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر ، چىرايى شامال ۋە قۇياش تەپتىدىن قارايغا-نىدى .

— سىنى بۇ يەرگە قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟

— قېيناتاڭ پروخورو ستېپانوۋىچ قېينىناڭ ۋە ئوغلۇڭ ئاند-رىيۇشا ساڭا سالام ئېيتتى .

ئاندىرىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى ، ئۇ قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى .

ئۇ خۇددى بىردەمدىلا مۈكچىيىپ كەتكەندەك بولۇپ كۆرۈن-دى ، لېكىن بىردىنلا قەددىنى رۇسلاپ :

— بوۋاي ۋە مومايىنىڭ سالامەتلىكى قانداق ؟ ئوبدان تۇرۇۋا-تامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— خۇداغا شۈكۈر ، ئۆيدىكىلىرىڭ ھەممىسى ياخشى . بۇ يىل ھوسۇلمۇ يامان ئەمەس ، ئۆيلىرىڭ ئوبدان تۇرۇپتۇ . كىشىلەر بۇ يىلقى يامغۇرنىڭ كۆپلۈكىدىن بىرئاز ئەندىشە قىلىشۋاتىدۇ . قېينا-ناڭ بەك ئالدىراش ئىكەن ، ھېلى كالىغا يەم بەرسە ، كەينىدىنلا قويغا چۆپ بېرىۋاتقان ، ئاندىن نەۋرىسىگە قارىغان ، ئۇمۇ چوپچوڭلا بولۇپ قاپتۇ . بەك شوخ ئىكەن .

— يىگىت ، ئۆزۈڭ نەگە بارماقچىسەن ؟

ۋادىم ئۆزىنىڭ كىيىۋفقا بېرىپ پېچېرسكوم موناستىرىدا رەسىم سىزىش سەنئىتىنى ئۆگەنمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى .

ئاندىرى بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەڭ باشتىكى سالغا قارا، — دېدى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — سالنىڭ ئۈستىدىكى كەپىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ سېنىڭكى بولسۇن. ئۇ يامغۇر ۋە سوغۇقتا ساڭا پاناھ بولىدۇ. كەپە ئىچىدە پاخال تۆشەك بار، كىيىفقا بارغۇچە يېتىپ بارىسەن.

ھەربىر سال ئۈستىدە بىردىن كەپە بار ئىدى. بۇ كەپىلەر ئۇزۇن، لېكىن ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك پاكار، ئۇنىڭ ئىچىگە پەقەت ئۆمىلەپلا كىرىش مۇمكىن ئىدى. ئەتىسى سەھەردە، سال ئويغۇشلۇق ھالدا ئېقىنغا چۈشتى. ۋادىم كەپە ئىچىدىكى تۆشەكتە يېتىپ ئەتراپنى تاماشا قىلدى. كەپە يوچۇقىدىن يېزىلار، داللار، دەريا قىرغىقىدىكى قېلىن ئورمانلار غۇيۇلداپ كەينىگە چاپاتتى. بەزىدە دەرياغا سۇ ئىچىش ئۈچۈن كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئانا ئېيىقنى ياكى چىرايلىق مۈڭگۈزلۈك بۇغىلارنى كۆرۈپ قالاتتى. ئۇلار دەريادا كېتىۋاتقان سالغا قاراپ قويۇپ، ئاندىن پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاستا ماڭغىنىچە قېلىن ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى.

باش بولۇپ كېتىۋاتقان سال ئۈستىدە بىر دانە چوڭ قولۋاق — «دۇبىۋك» باغلاقلىق ئىدى. «دۇبىۋك» ئىچىدە چوڭ بىر ياكور بار ئىدى. ئۇنى بىرقانچە كىشى بىرلىكتە ئاران يۆتكىيەلەيتتى. ئاندىرى باش سالدا ئولتۇرۇپ، ئالدىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇ دەريا ئېقىنىنى بەش قولدەك بىلەتتى. سال جىددىي بۇرۇلۇشقا كىرەي دېگەندە «دۇبىۋك»نى سۇغا چۈشۈرۈپ، كېمىچىنى سالدىن ئىلگىرى ماڭغۇزاتتى ۋە بەلگىلەنگەن نىشانغا يەتكەندە ئۇلارنىڭ ياكورنى تاشلىشىغا بۇيرۇق بېرەتتى. ياكور سۇغا چۆكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا باغلانغان توم ئارقان چىڭ تارتىلاتتى. كەينى - كەينىدىن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بەش سال، ئەگەر بۇ جىددىي بۇرۇلۇشتا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا، توپتوغرا قارشى قىرغاقا بېرىپ سوقۇلاتتى. لېكىن، باش سال توم ئارقان ئارقىلىق ياكورغا باغلانغاچقا، ئېقىننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ

توختاپ قالاتتى . كەينىدىن كېلىۋاتقان ساللارمۇ دەرھال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختايتتى . نەتىجىدە باش سال ئەڭ ئاخىرقى — بەشىنچى بولۇپ كېلىۋاتقان سال ئەمدى بىرىنچى بولۇپ تىزىلىپ ، بۇرۇنقى رەت تەرتىپى پۈتۈنلەي ئەكسىگە ئۆزگىرەتتى . شۇ زامان ئاندىرى «دۈبىۋۈك»تىكى ماتروسلارغا قول ئىشارىتى قىلغاندىن كېيىن ، ماتروسلار ياكورىنى سۇدىن تارتىپ چىقىراتتى . سالار يەنە ئالغا قاراپ كېتەتتى . «دۈبىۋۈك» دەرھال ئالدىغا ئۆتەتتى . ئاندىرى ۋە كېمىچىلەر بۇرۇن ئەڭ ئاخىرىدا ، ئەمدى ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سالغا چىقاتتى . ئەگەر يولدا يەنە شۇنداق بىرەر جىددىي بۇرۇلۇش بولسا ، سالارنىڭ بۇ تەرتىپى يەنە بىر قېتىم ئالمىشاتتى .

شۇنداق قىلىپ ، ۋادىم 1240 - يىلى يازدا كىيېفقا ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدى .



www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# ۋادىم كىيېفتا

كىيېفنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋادىمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلـ
ـدى . پۈتكۈل شەھەر بىرنەچچە تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقانىدى .
بۈك ـ باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدا چاقناپ تۇرغان مەشھۇر بىناـ
لار ، ھەيۋەتلىك چېركاۋلار ، ئالتۇن رەڭلىك ئەگمە ئىشىكلەر ،
بايلارنىڭ ياسىداق بىنالىرى ۋە تاش ئۆيلىرى ، شەھەر پۇقرالىرىـ
ـنىڭ چېدىرى قومۇش بىلەن يېپىلغان ھېسابسىز نۇرغۇن ئاپئاق
ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ۋادىم بىلەن ئاندىرى كىيېفنىڭ «تۈزلەڭ» دەپ ئاتىلىدىغان
بۇ يەردە تۆمۈرچىلەر ، ياغاچچىلار ، كوزىچىلار ، مىسكەرلەر ، قوـ
رال ـ ياراغ ياسايدىغانلار ئۆز ئالدىغا دۇكان قۇرۇپ ھۈنەر قىلاتـ
ـتى ، ئادەملەر مىغىلدايتتى . كىيېفلىقلار ۋە سىرتتىن كەلگەن
ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە قاتنايتتى .

— مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن دوستلىرىم بار ، —
دېدى ئاندىرى ، — مەن ئۇلارغا ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم ياغاچ
يەتكۈزۈپ بېرىمەن . سەن بۇ يەردە ئۆزۈڭنىڭ نوۋگورودلۇقلىـ
ـرىنى ، پسكوۋلۇقلارنى ۋە پالۇچانلارنى ئۇچرىتىسەن ، بولۇپمۇ تاـ
تارلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن بۇ يەرگە سۈزدالىقلار بىلەن ۋىلادىـ
ـمىرلىقلار ناھايىتى كۆپ كەلدى . ئۇلار كىيېفقا كېلىپ بىرەر
كەسىپ تېپىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ .
ھالبۇكى ، بۇ يەردىمۇ تىنچلىق يوق . تاتارلار گەرچە ئەتىلىنىڭ
تۆۋەنكى ئېقىنىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن

توختاپ قالمايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇلارنىڭ ياۋۇز خاقانى باتۇخان ئۆزىنىڭ ھېسابسىز زور قوشۇنىنى باشلاپ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلەمدۇ تېخى؟

ۋادىم كېيىفتا كىشىنى خۇشال قىلمايدىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى. ئاندىرىنىڭ كونا تونۇشى «تۇزلەڭ»لىكتە تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان گىرىگورى ئاندىرىغا قاشلىرىنى ھىمىرىپ چىرايى ئۆچكەن ھالدا:

— قەدىرلىك ئاندىرى، بۇ قېتىم كېيىفقا ئىنتايىن بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ قالدىڭ، ئەكەلگەن ياغىچىڭغۇ بىزگە يەنىلا كېرەك، گەرچە بىز يېڭى قۇرۇلۇش سالمىساقمۇ، ھازىر ئەڭ مۇھىمى، پۈتۈن كۈچ بىلەن شەھەرنىڭ سېپىلىنى ياساش كېرەك، كېيىفنى مۇستەھكەملەش كېرەك. قىيىن كۈنلەر ئالدىمىزدا، جېنىمىز ئامان قالسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ سەن بۇ شۇم خەۋەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەجەبلىنىپ.

— ئۆزۈڭمۇ كۆرگەنسەن. قىپچاقلار، قاچاقلار، يەنە باشقا سەھرا خەلقلىرى باياۋان دالالارنى كېزىپ، دنېپىردىن ئۆتۈپ، كېيىفتىن ئۆتۈپ يىراقلارغا كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇگارنىڭ پوشتا يايلىقىغا كېتىۋاتسا كېرەك. ئۇلار ئائىلىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يايلاق بويىچە ياكى پۈتۈن قوۋمى بىلەن كۆچۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىچارىلەر تاتارلاردىن قورققىنىدىن پۈتۈنلەي ئېسىنى يوقاتقان. تاتارلار پۈتكۈل قىپچاق دالاسىدا ئۇلارغا كۈن كۆرسەتمەپتۇ. رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىپتۇ، ناۋادا تىرىك قولغا چۈشۈپ قالسا، ئۇلارنى ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا ئەۋەتىپ، ھايۋان قاتارىدا بۇخارالىق ياكى پارس سودىگەرلىرىگە قۇل قىلىپ سېتىپتۇ.

— بىز يول بويى بۇنداق خەۋەرلەرنى ئىشىتمىدۇق، — دېدى ئاندىرى.

— سەن ئاۋۇ تەرەپكە قارا، — دېدى تۆمۈرچى گىرىگورى

www.uyghurkitap.com

دەريانىڭ ئۇ قېتىنى كۆرستىپ تۇرۇپ ، — ئۇ يەرگە يىغىلغان پىيادە ۋە ئاتلىق ئادەملەرنى كۆردۈڭمۇ ؟ يەنە يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر ، هارۋىلارمۇ بار . ئۇلار قىپچاقلار ۋە باشقا سەهرا مىللەتلىرى . ئۇلار تېزرەك بۇ قاتقا ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن كېمە ، قولۋاقلارنى ياللاپ ئالماقتا . ئۇلارنىڭ بېرىۋاتقان ھەققى يۇقىرى ، ھەق ئۈچۈن تىرىك مال ياكى تېرە - يۇڭ بېرىۋاتىدۇ . ھەتتا بەزىلىرى باھا تالاشماي ، پەقەت بۇ قىرغاققا ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا ھېچ نەرسىنى ئايىماۋاتىدۇ .

بولۇنغان سۆزلەردىن ۋادىم شۇنى چۈشەندىكى ، يازدا تاتار قوشۇنى يىراق سەھرالاردىن كىيېۋ شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا بىر قېتىم كەلگەن . شۇ چاغدا تاتارلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان . ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى كېمە بىلەن بۇ ياققا ئۆتۈپ كىيېفنىڭ تۆرىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن . تاتار باشچىلىرى «ئەگەر كىيېۋ شەرتىمىز بويسۇنسا ، تاتارلار كىيېۋ خەلقىنىڭ ھېچ نەرسىسىگە تەگمەيدۇ . پەقەت كىيېۋ ھەر يىلى تاتارلارغا ئولپان تاپشۇرسىلا بولىدۇ» دېيىشكەن .

— بىراق ، تاتارلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشكە بولامدۇ ؟ — دېدى تۆمۈرچى ، — بىز ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمىدۇق ، ئەكسىچە ئەدىپىنى بېرىپ ئۇزىتىپ قويدۇق . تاتارلار شەھەر بوسۇغىسىدا دنېپر دەرياسىنىڭ توڭلىشىنى كۈتۈپ ئۇزۇن ياتتى . لېكىن ، ئۇ يىلى قىشتا ھاۋا ئىللىق بولغاچقا ، دەريا توڭلىمىدى . ئۇلار كۈتە - كۈتە ئاخىر يىراقتىكى يايلاقلىرىغا قايتىشتى .

— گرىگورى ، — دېدى ئاندىرى ، — مۇبادا بۇ يىل قىش بالدۇر چۈشۈپ سوغۇق بولۇپ كەتسە ، تاتارلارمۇ دەريانىڭ توڭلىشىغا ئۈلگۈرۈپ كەلسە ، ئۇلار ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا كىيېۋ شەھىرىگە بېسىپ كىرەلەرمۇ ؟ ئۇ چاغدا سىلەر قانداق قىلماقچى ؟

— كىنەزىمىز ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۆرىلەر بىلەن پۈتۈن خەلق مۇشۇ ئىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتىدۇ . سەن باشلاپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن بۇ يىگىت كىم بولىدۇ ؟

— بۇ نوۋگورودلۇق ، ئىسمى ۋادىم ، مېنىڭ سىلىمغا ئۇلتۇ-رۇپ سمولېنىسكىدىن كەلدى . ئۇنىڭ كىيىپىنىڭ پىچرسكوم موناس-تىرىدا ئۆگىنىش ئارزۇسى بار . ۋادىم ، سەن ئۆزۈڭ دېگىنە ، سېنىڭ ھېلىقى ھۈنىرىڭنى نىمە دەيتتى ؟

— سەن موناخ بولۇشنى خالامسەن ؟ — دېدى تۆمۈرچى .

— مەن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنمەكچىمەن . بۇ كەسىپنى بىز رەسساملىق دەپ ئاتايمىز . مەن موناخ بولۇشنى خالىمايمەن . شە-ھەردە بىرەر ئۆي تېپىپ ، شۇ يەردە تۇرسام ، ھەركۈنى موناستىرغا بېرىپ رەسساملىقنى ئۆگەنمەكچىمەن .

— ئۇنداقتا سەن ئالدى بىلەن ياتىدىغان بىر ماكان تاپقىن . مەن سىلەرنى ئاغىنەم كوندىراتنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ باراي ، ئۇ مېنىڭ قوشنام ، كوزىچىلىق قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ، دۇكىنى تۆۋەندە ، يەنى «تۇزلەڭلىك»تە ، بۇ يەرگە يېقىن .

تۆمۈرچى ۋادىم بىلەن ئاندىرىنى باشلاپ ئاغىنىسى كوندىرات-نىڭ دۇكىنىغا كەلدى . كوندىرات ئۇزۇن ساقاللىق ، چىرايى ئىلل-لىق ئادەم ئىكەن . ئۇ چوڭ بىر دەرەخنىڭ ئاستىدىكى دۇكىنىدا ھەرخىل كوزىلارنى تىزىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ . تۆمۈرچى كوندى-راتقا :

— ئاغىنە ، قولى ئەپلىك مۇنۇ يىگىتنى ئالامسەن ؟ ئۇ ھازىرلا سال بىلەن سمولېنىسكىدىن كەلدى . ياتىدىغان يېرىمۇ يوق . ئۇنىڭغا كۆلبەڭدىن باش قويغۇدەك بىر ئورۇن بېرەرسەنمۇ ؟

كوزىچى بىر كۆزىنى قىسىپ ۋادىمغا قارىدى .

— نىمە ھۈنىرىڭ بار ؟

— نىمىنى دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن !

— بۇ يىگىتنىڭ مىجەزى ياخشى ، ئۆزى كەم سۆز ئىكەن ، — دېدى ئاندىرى ، — ئۇ يول بويى بىزگە لايدىن ئېيىق ، ئات ، نەيلەرنى ياساپ بەردى .

— بۇ يەر بەكمۇ تارچىلىق ، مەن سىنى ئۆيگە باشلاپ باراي ، بۇ ئىت سىنىڭمۇ ؟

ۋادىم كەينىگە قارىۋىدى ، يوڭلىرى پاخپىيىپ تۇرغان بىر ئىت ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇپتۇ . ئۇ بۇ ئىت بىلەن بىر سالدا كەلگەندى . گەپنىڭ ئۆزى توغرىسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك ، ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ كۆپچىلىككە قاراپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى .

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بولغىن ! — دېدى ۋادىم ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— شۇنداق بولسۇن ، — دېدى كوزىچى ، — شېرىكىم ئۆلگەندىن كېيىن كۇنۇم بەكمۇ غېرىبچىلىقتا ئۆتكەنىدى ، ئەمدى سەن كەلدىڭ ، ئىككىمىز مۇڭدىشىپ ئۆتىمىز ، ئۆيۈمدە پەقەت بىر مۇشۇك بىلەن چېدىردا بىرقانچە كەپتەرلا بار ، مېنىڭ تۇرغان تۇرقۇم مۇشۇ ، سەن بۇ ئىتنى ئەگەشتۈرۈۋال .

شۇندىن باشلاپ ۋادىم كوزىچى كوندىراتنىڭ كۆلبىسىگە ، ئۇنىڭ ئىتى بولسا كۆلبە يېنىدىكى كىچىك بىر ساتمىغا كىردى . ئۇ يوچۇن كىشىلەرگە قاۋاپ ئادەم كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى .

ۋادىم شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى پىچىرسكوم موناستىرىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى رەسسام ئۇستازلار بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلار بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋاقتىنى كېلىشىۋالدى .

كوزىچىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ئۇستى پاخال بىلەن يېپىلغان بىر كىچىك ئۆي بار ئىدى . ئۇ يەردىن ھەردائىم قىزلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ۋە كۇلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىر كۈنى ئۇ يەردىن خۇشخۇي ئىككى قىزچاق يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ۋادىمغا :

— ياخشىمۇسىز ، قوشنا ؟ سىز ئۆي ئىگىمىزگە ئوخشاش كەم سۆز ئادەممۇ ياكى گاچىمۇ ؟ — دېدى .

— ياخشىمۇ سىلەر ؟ سىلەر نېمە ئىش قىلىسىلەر ؟ ئۆينىڭ تۇرخۇنىدىن چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرىمىز ، ئەمما ئۆزۈڭلەرنى كۆ-

رەلمەيمىزغۇ ؟
— راست دەيسىز ، مومىمىزنىڭ ئاچچىقى يامان ، ئۇ بولكا پىشۇرىدۇ . بولكا پىشقاندىن كېيىن «تۇزلەك»دىكى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ . بىز ئۆيدە مومىمىزغا ياردەملىشىمىز ، ئىشىمىزمۇ ئىنتايىن كۆپ .
— ئىسمىڭىز نىمە ؟ — دەپ سورىدى ۋادىم .
— مېنىڭ ئىسمىم سۇفىيې ، ھەدەمنىڭ ئىسمى سىمورىنكوي .
ئۇلار ۋادىمغا ئىككى بولكا ئەكېلىپ بەردى . ئۇلار مومىسىنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ : «موماي كەلدى !» دەپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى .

# ئۈچىنچى باب

# چارۋىچىلارنىڭ دوستى

دنېپر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئىككى تەرىپى
بۇك ـ باراقسان تاللار بىلەن قاپلانغان قىرغاقتا تار ، ئۇزۇن ، ئەمما
ئىنتايىن پۇختا ئىشلەنگەن ، ھەممە يېرى دېۋىرقاي بىلەن سىرلاز-
غان بىر كېمە (ئادەتتە كىشىلەر بۇنداق كېمىلەرنى «دۇبىۋېك»
دەپ ئاتىشاتتى ) يېقىنلاشتى . «دۇبىۋېك»تىكى كېمىچىلەر پالاقلى-
رىنى يىغىشتۇرۇپ قىرغاقتا چىقىشقا باشلىدى . ئۇلار ئىنتايىن
بەختلىك ، كۇچتۇڭگۇر كۆرۈنەتتى . بۇ ئادەملەر پۇچقاقلىرىنى تى-
زىغىچە تۇرگەن ، بويىنىغا كىچىك ياغاچ كرېست ئاسقان ، چىرايى
بولسا ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەنىدى . ئۇلار كېمە ئارقىنىنى
قىرغاقتىكى مەزمۇت بىر تالغا تارتىپ باغلىدى .

— ئورۇسلار كەلدى ! — قىلىن قومۇشلۇقنىڭ چېتىدە قاراپ
تۇرغان كۆچمەن تۇركلەر[1] كەلگەنلەرنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئۇلارنى
جەزم قىلغانىدى .

كېمىدە يەنە گرېك سودىگەرلىرى ، «مۇقەددەس» جايلارنى
زىيارەت قىلىپ پادىشاھ شەھىرىگە قايتقان تاۋاپچىلار بار ئىدى .
تاۋاپچىلار باشقا يولۇچىلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ ، قوللىرىغا پالما
ياغىچىدىن ياسالغان ئۇزۇن ھاسىلارنى تۇتقان . ئۇلارنىڭ ئىچىدە

---

① تۇركلەر — مۇشۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرىندى خەلقلىرى بىلەن
بىرگە ياشىغان ، باشقىلار تەرىپىدىن «قارا قالپاق» دەپ ئاتالغان . ئۇلار تۇرك تىلىدا
سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى بولۇپ ، ئەينى يىللاردا كىيېفنىڭ دۆلەت چېگراسى
بويىدا ياشىغان .

www.uyghurkitap.com

بىرى دەبدەبىلىك ھالدا يوغان ياغاچ كرېستنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ ، ھەممىسى بىرلىكتە مۇناجات ئېيتاتتى .

كېمىدە قالغانلاردىن بىرنەچچىسى قىرغاققا چىقتى . ئۇلار قىرغاققا چىقىپلا شەرققە قاراپ چوقۇنغاندىن كېيىن ، يەنە چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچ ئايال قارا ئۇزۇن كۆڭلەك ، بېشىغا قارا كىيىمچەك كىيگەنىدى . ئۇلار قاتار مېڭىپ ، زىل ئاۋاز بىلەن مۇناجات ئېيتىپ ، كېمىچىلەر ياققان گۈلخان ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇردى .

قومۇشلۇق يېنىدا تۇرغان تۇركلەر بىردەمدىلا غايىب بولدى . ھايال ئۆتمەي يەنە پەيدا بولۇشتى . ئالدىدا كېلىۋاتقىنى بېشىغا تاقىر تۇلكە تۇماق كىيگەن چال ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىغا ، سالماق قەدەم تاشلاشلىرىغا قارىغاندا ، بۇ توپنىڭ ئاتامانىغا ئوخشايتتى . ئۇ قولىغا دەرەخ يىلتىزىدىن قىلىنغان ئۇزۇن ھاسا تۇتقان ، چاشما يىلتىزى بار تەرەپنى يۇقىرىغا قارىتىۋالغانىدى . قارىغاندا ، ئۇ خۇددى مۈڭگۈزلۈك غەلتە بىر ھايۋاننىڭ بېشىغا ئوخشىشاتتى . ھايۋاننىڭ ئىككى كۆزىگە تەقلىد قىلىنغان ئورۇنغا قىزىل ياقۇتتىن كۆز قويغانىدى . چالنىڭ ئاپئاق ئاقارغان ئۇزۇن چېچى بىر تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ ، بىر تەرەپ مۈرىسىگە تاشلانغانىدى .

— بۇ كىشى تۈركلەرنىڭ كىنەزى ، — دېدى دنېپىر دەرياسىدا كۆپ قېتىم قاتناشقان بىر كېمىچى .

— ياخشىغۇ دېمەمەن ! — قوشۇمچە قىلدى يەنە بىرى .

ئاتاماننىڭ كەينىدە ساقاللىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان ، تونلىرى توزغان ، چىرايى ساماندەك سارغايغان كېسەل بوۋاينى كۆتۈرگەن ئىككى تۈرك سۆكۈنۈشۈپ كېلەتتى . ئۇلار بوۋاينى گۈلخان يېنىدىكى قۇمغا ئاۋايلاپ قويدى . ئۈچ ئايال بىمارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى رۇسلاپ قويدى . بىر تۈرك چاپىنىنى بىمارنىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى . ئاياللار بىمارنىڭ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ گىرەلەشتۈرۈپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭ بويىنىدىكى

سەككىز بۇرجەكلىك مىس كرېستنى ئېلىپ ، قېتىپ كەتكەن ، قانسىز ئالقىنىغا سېلىپ قويدى .
— چاتاق بولدى ! — دېدى بىر ئايال پەس ئاۋازدا .
— ئۆلىدىغان بولدى ! — دېدى يەنە بىر ئايال .
— نېمە بولدى ، تېخى هاياتقۇ ! — دېدى ئۈچىنچى ئايال قەتئىي قىلىپ ، — بۇ خىلدىكى ئادەملەر قارىماققا ئاجىزدەك بولغىنى بىلەن ، جېنى چىڭ بولىدۇ ! بوۋام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا خەقلەر ئۇنىڭ قولىغا شام ياندۇرۇپ تۇتقۇزغان . ئۇ ئاشۇ ياتقان پېتى بەخۇدۇك ئۈچ يىل ياتتى . كېيىن تەرخەمەك بېلىقتىن گۆشنان قىلىپ بەرگەندۇق ، ئورنىدىن تۇرۇپ يېدى ئەمەسمۇ…
— تەرخەمەك بېلىقتىن ياسىغان گۆشنان دېدىڭما ؟ ئۇنداقتا سەن چوۋكىلىدىن كەلگەن ئوخشىمامسەن ؟ — دېدى هېلىقى ئۆلۈم تۆشىكىدە ياتقان بوۋاي دەرهال هوشىغا كېلىپ .
— هەئە ، شۇ تەرەپتىن كەلدىم ، بوۋا ! پىسكوۋنىڭ يېنىدىكى تالابىسكا دېگەن يەرنى ئاڭلىغانمۇ ؟
— مەن تالاب كۆلىگىمۇ بارغان… ئۇنىڭ تەرخەمەك بېلىقىنىدىمۇ يېگەن . مېنى پراسكوۋايا تەكلىپ قىلىپ ئاپارغانىدى .
— پاھ ، نېمىدېگەن ياشانغان ئادەم ـ هە ! — دېدى هېلىقى ئايال ، — پراسكوۋايا سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ ؟
— ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ مېنى يوشۇرۇپ قويغان ، ئۇ چاغدا مەن پىسكوۋنىڭ تۆرىسى تىۋېردىلو ئىۋان كوۋېچنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىققانىدىم . مەن تۆرىنىڭ ئۆيىدە قۇل بولۇپ ئىشلەيتتىم ، ئۇ ئىنتايىن قەبىھ ئادەم ئىدى .
— ئۇنداقتا تىۋېردىلو ئىۋان كوۋېچ غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىلا بوپتىكەن ـ دە ؟
— ئاغزى بېسىلماي ئادەم تىللايتتى ، قۇللارغا قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايتتى ، كېيىن مەن كىيىۋقا قېچىپ بېرىپ راهىب بولدۇم ، شۇندىن بۇيان تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرىمەن .

www.uyghurkitap.com

— سىز نېمىشقا يۇرتىڭىزغا قايتماي بۇ يول ئۈستىدە ئۆلۈشنى قارار قىلدىڭىز ؟

— مەن قاتتىق چارچىدىم··· سەرگەردانلىق تۇرمۇش مېنى ھالىمدىن كەتكۈزدى . پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىيدۇ ، قورزىغالغۇدەك مادارىم يوق··· يۇرتۇمغا كېتەي دەيمەن ، لېكىن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق···

كېسەل بوۋاي پۇت - قوللىرىنى سۇنۇپ جىمىمدە بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆككە تىكىلگەن ، ئاغزى يېرىم ئوچۇق ھالدا ياتاتتى . بىر ئايال موناخ ئىككى ھەمراھىغا :

— بىز كېمىدىكى پوپنى چاقىرىپ كېلەيلى ، ئۇ ئاغرىقتا دۇرۇت ئوقۇپ قويسۇن ، — دېدى - دە ، يۈگۈرۈپ كېمىگە بېرىپ جۇۋۇسىغا يۆگىنىپ ئۇخلاۋاتقان پوپنى ئويغاتتى .

— مېخۇدىي ئاتا ، تېز تۇرۇڭ ! قىرغاقتا ھالىدىن كەتكەن بىر بوۋاي ئۆلۈم تۆشكىدە ياتىدۇ ، ئېھتىمال بىز بارغۇچە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلار···

ئورۇق كەلگەن ، ئۇزۇن ساقال پوپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، پاخما چاچلىرىنى تۈزەپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، ئەتراپىغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ قالدى .

— تەڭرى ئۆزۈڭ بار ، بىز نەلەرگە كېلىپ قالدۇق ! يۇرتىمىزغا زادىلا ئوخشىمايدىغۇ ؟ ئەسلى ئېزىتقۇ بىزنى ئازدۇرۇپ دېڭىزغا ئەكەپ قويۇپتۇ - دە ! — دېدى ھەيرانلىق ئىلكىدە .

— ئېسىڭىزنى يىغىۋېلىڭ ، ئاتا ! كەينىمدىن مېڭىڭ .

— بوۋاي نەدە ؟ نەدىن كەپتىكەن ؟

— مۇشۇ يەردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئېلىپ كەلدى . بىزنىڭ مۇخلىسلىرىمىزدىن ئىكەن . يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە ھالىدىن كېتىپتۇ . ئۇ يۇرتىنى ، تەرخەمەك بىلىقنى پراسكوۋايا دېگەن بىر ئايالنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ .

ھەي ، ئۇ بىچارىگە ئۆلارنى قايتا كۆرۈش نېسىپ بولارمىكىنتاك ؟ پوپ ئورنىدىن تۇردى ، ئۇ ئورۇق ھەم ئېگىز بولۇپ ، كىيگەن

تونلىرى يىرتىلغانىدى . لېكىن ، كېمە سۇدا تەۋرىنىپ تۇرغاچقا ، ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي كېمە ئۇستىگە يىقىلىپ چۈشتى . يەنە قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مۈلكى بولغان بىر جۈۋىسىنى ، لىۋان شەمشادىدىن ياسالغان ھاسىسىنى ، ياغاچ چۆچىكىنى ، ساپال كومزىكىنى ئېلىپ ، كېمىدە ياتقان يولۇچىلارنى ئېھتىيات بىلەن ئاتلاپ ئۆتۈپ قىرغاققا قاراپ ماڭدى . ئۇ ھالىدىن كەتكەن بىمارغا يېقىنلاشقاندا ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ دۇرۇت ئوقۇدى ، ئاندىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قولىقىنى بىمارنىڭ ئاغزىغا ياقتى ، بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئالدىرىماي بىر چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇردى . سورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى .

— ئۇ ئۇخلاپ قالدى ! — دېدى پوپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ .

كېمىچىلەر قازاندىكى ئۇمىچىنى ئىلەشتۇردى . ئەھۋالدىن قارىغاندا يېقىن ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنىڭ بارغۇسى بولسا كېرەك . چۈنكى ، چوڭلار ، بالىلار ئۇزلۇكسىز كۆپەيگىلى تۇردى . ئۇلار گۇلخانغا يىراق بولمىغان بىر جايدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە دەريا قىرغىقىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولۇپ تۇرۇشاتتى . ئۇلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتاتتى . كېيىن ، كېمىچىلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، كەينىگە بۇرۇلۇپ پاتپاراق بولۇپ قېچىشىپ كېتىشتى .

ئەسلى كېمىچىلەر ئۇماچلىرىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، «دۇبىۋك»نىڭ باشلىقى تاۋاب قىلغۇچىلارنى «كېمىگە چىقىڭلار» دەپ ۋارقىرىغانىكەن .

— تاۋاپچى جانابلار ، دەرھال كېمىگە چىقىڭلار ! ھاۋانىڭ ئوزايى يامان ، يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ ، نەرسە - كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇڭلار ، كېمە ھازىر قوزغىلىدۇ !

كۆپچىلىك ئالمان - تالمان «دۇبىۋك»كە چىقىشتى . قىرغاقتا پەقەت ئاغرىق بوۋاي بىلەن ئورۇق پوپلا قالغانىدى . پوپ

www.uyghurkitap.com

قوينىدىن كونىراپ كەتكەن «مۇناجات»لار تونۇلمىنى ئېلىپ ئۇنـ
لۇك ئوقۇشقا باشلىدى .
— پوپ ئاكا ، سىز نېمىشقا ماڭمايسىز !
— كۆردۈڭمۇ ، ماۋۇ موناخ هازىر جان ئۈزەي دەپ تۇرسا .
— بىز ئۇنى كېمىگە سېلىۋالايلى ، ئۇنىڭغا لايىق بىر يەر
چىقىپ قالار .
— ماڭا قارىماڭلار ، — دېدى ئاغرىق ئىنجىقلاپ ، — مېنى
مۇشۇ تالنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويسا بولدى .
— بىز كۆپ كۈتەلمەيمىز ، مەنزىلىمىز تېخى ئۇزۇن ، سېنى
يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ ، بۇ يەر بەكمۇ خىلـ
ۋەت ئىكەن ، ئەتراپتا چارۋىچىلار بولغان بىلەن ، ئۇلار دېگەن بىر
قاراقچى .
— قانداقلا بولسا بەرىبىر ئەمەسمۇ ، يەنىلا خۇدانىڭ بۇيرۇغىـ
نى بولىدۇ ـ دە .
— چېچى كۈمۈشتەك ئاقارغان بۇ موناخنى مۇشۇ ئايدالاغا
تاشلاپ كەتسەك زادىلا بولماس .
كېمىچىلەر تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ «دۈبۈنك»قا قاراپ
مېڭىشتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى توختاپ تۇرۇپ :
— بۇ يەردە بولسىمۇ ، يۇرتىدا بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياتىدىغان بىر
غۇلاچ يەر تېپىلىدۇ . ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئېلىپ كېتەيلى ! —
دېدى .
— مەن ئاغرىق موناخ بىلەن بىرگە قالاي ، — دېدى پوپ
ئەسلىدىكى ئورنىدىن قىمىرلىماي تۇرۇپ ، — كېيىنچە ئۆزۈم پىيا-
دە كېتەلەيمەن .
— سىز پىيادە هەرگىز بارالمايسىز ! مەنزىل ئۇزۇن ، يوللار
تىنچ ئەمەس ، كەينىمىزدىن كېلىدىغان «دۈبۈنك»نى كۈتۈپ شۇـ
نىڭغا چۈشۈپ كېتىڭ .
— مەن جەهەننەمگە چۈشۈپ كەتسەممۇ چىقالايمەن . ئەينى
يىللاردا تاتارلار رەزاندا پۇتكۈل پراۋوسلاۋنى قىرغىن قىلمۇۋاتقاندىمۇ

مەن رەزاندا ئىدىم . شۇنىڭ ئىچىدە ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ ئۆيۈمگە قايتقانىدىم . هازىرزە ، يايلاقتىكى قېرىنداشلاردىن قورقىـ مەنمۇ ؟ خۇدا سىلەرنى ئۆز پاناهىدا ساقلىغاي ، سەپىرىڭلار خەيرـ لىك بولسۇن !

كېمىچىلەر ئارقانلارنى يېشىپ ، مورىلىرىگە سالدى . ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكەپ كېمىنى سۆرەشكە باشلىدى . قالغان ئىككى كېمىچىنىڭ بىرى كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، يەنە بىرى كېمىنىڭ بېشىدا ، بىرى پالاق بىلەن ، بىرى ئۇزۇن خادا بىلەن كېمىنى تاشلار ئارىسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ ، دەريانىڭ ئاساـ سىي ئېقىنىغا سىلىۋالدى .

ئىككى موناخ قىرغاقتا قالدى . مۇناجات ئوقۇۋاتقان موناخ گاهىدا توختاپ دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ساداغا قۇلاق سالاتتى . يىراقتىن «دۇبىۋىك» كېمىچىلىرىنىڭ ئېيتقان «كېمە ناخشىسى» لەرزان ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇلار ئاشۇ ناخشىنىڭ كۈچى بىلەن «دۇبىۋىك»نى دەريا ئېقىنىغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئالغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى .

قومۇشلۇق تەرەپتە تۇرغان ئاتامان ئىككى موناخقا يېقىنلاپ كېلىپ ، قولىدىكى هاسىسىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇردى . باشقا چارۋىچىلارمۇ كەينى ـ كەيندىن كېلىپ ئولتۇرۇشتى .

كەڭ قىزىل كۆڭلەك كىيگەن ، بوينىغا هەرخىل رەڭلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئاسقان بىر جۇۋان ئىدىشتا سۈت ئېلىپ كەلدى . ئاتامان ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا بىر نەرسىلەرنى تاپىلىدى . جۇۋان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاغرىقنىڭ يېرىم ئوچۇق ئاغزىغا سۈت تېمىتتى . ئاغرىق لەۋلىرىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ سۈتنى يۇتتى .

ئاتامان پوپنى تۇرتۇپ ، ئاندىن قولى بىلەن ئاسماننى كۆرسىـ تىپ تۇرۇپ :

— تېڭگىر... — دېدى . ئاندىن ئۇ مۇشتۇمىنى تۈرۈپ ، ئاغـ رىقنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى دېدى ، لېكىن پوپ هېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى .

— ئۇنىڭ... «تېنگىر» دېگىنى خۇدا دېگىنى. ئۇ يەر يۈزىدىكى قېرىنداشلار... بىر قولدىكى بەش بارماققا ئوخشىشىدۇ. ئەگەر لازىم بولسا بىز مانا مۇشۇنداق تۈزۈلگەن مۇشتتەك ئىتتىپاقلىشالايمىز... مەن ئۈچ يىلدىن بېرى بۇلارنىڭ ئىچىدە دىن تارقىتىپ يۈرىمەن، مۇنۇ چال ئۇلارنىڭ ئاتامانى... ئۇ باشقىلار بىلەن بىرگە مېنىڭ چوقۇندۇرۇشۇمنى قوبۇل قىلدى... لېكىن ئۇ يەنىلا پىرىخونلۇقىنى تاشلىدى...

ئاغرىق جىمىپ قالدى. پوپ كىتابنى قويۇپ ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مۇبادا مەن كىيىفقا بېرىپ قالسام، سېنىڭ خەۋىرىڭنى كىمگە ئېيتسام بولىدۇ، ئۇنى قايسى موناستىردىن ئىزدەيمەن؟

— كىيىفقا بارساڭ، مىڭبېگى دېمىترىنى ئىزدە... ئۇنىڭغا ئېيتقىن، ئۇ تونۇيدىغان موناخ ۋېنىئامىن يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بېرى «قاراقالپاق» ۋە تۈركلەر ئارىسىدا دىن تارقاتتى، ئۇ هازىر قېرىپ ئۆلەر هالەتتە ياتىدۇ (دېمىترىنىڭ قوشۇنىغا جەڭ مەيداندا غەلىبە يار بولغاي)، هازىر پۈتكۈل يايلاق خەلقى بۇ تەرەپكە، يەنى «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە قاراپ قاچماقتا. ئۇلارنىڭ كەينىدە دۈشمەن گويا بوراندەك بېسىپ كەلمەكتە. ئۇلارنى «تاتار» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى پۈتمەس - تۈگىمەس... بىراق، بىزنىڭ رۇس پەرزەنتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ پاك دىنى ۋە مۇستەھكەم قورغانلىرىغا قايتىپ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ. تەڭرى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە يار بولغاي، بىزگە غەلىبە ئاتا قىلغاي!

## سەككىزىنچى قىسىم

# كىيىڤنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

## بىرىنچى باب

# كىيىڤتا خاتىرجەمسىزلىك

1240 ـ يىلىنىڭ ئىسسىق ياز كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتتى، ئالتۇن كۈزلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، قىپچاقلار «قارا قالپاقلار» ۋە باشقا سەھرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ ئاتلىق، پىيادە، ھارۋىدا غەربكە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقان كۆچلىرىنىڭ ئايىغى تېخىچىلا ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار كېمە ۋە ساللارغا ئولتۇرۇپ دنېپردىن ئۆتۈپ كىيېڤ ئارقىلىق غەربكە توختىماي ئاقماقتا. قاچاقلار قېلىن ئورمان بىلەن قاپلانغان كارپات تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، نامەلۇم بولغان يەرلەردە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئۆكۈز قوشۇلغان ئېغىر ھارۋىلار ئەلەم بىلەن غىچىرلايتتى. كىگىز ئۆيلەر ئارتىلغان تۆگىلەر ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ماڭاتتى. سەركە باش بولغان قوي پادىلىرىنىڭ چېڭى ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. توپ ـ توپ يىلقىلار شامالدەك تېز يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كىگىز قالپاق كىيگەن يىلقىچىلار قورۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ يىلقىلار توپىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قورۇپ، ئۇلارنىڭ پايانسىز دالاغا پىتىد-

ـراپ كېتىشىنى توسۇپ ، يىلقىلار بىلەن تەڭ چاپاتتى .
كىيېف پۇقرالىرى رۇس پايتەختىنىڭ كونا تاملىرى ، سېپىلـ
لارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ شەرقتىكى پايانسىز يايلاقلارغا كۆز تىكىپ
قارايتتى . ئۇپۇقتا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دېگەندەك قارا چېكىتـ
لەر پەيدا بولاتتى . بارا ـ بارا بۇ قارا چېكىتلەر سەھراھ خەلقىنىڭ
كۆچلىرىگە ئايلىناتتى . پۈتكۈل دالادا قاچاقلارنىڭ كېتىۋاتقان
كۆچلىرى . نە ئۇنىڭ بېشى ، نە ئۇنىڭ ئاخىرى بولسۇن .
— يايلاقتا نېمە ئىش بولدىكىنە ؟ — ئەندىشىگە چۈشكەن
كىيېفلىقلار پىچىرلىشاتتى ، — تەڭرى بۇ ئاپەتنى پراسلاۋ خرىستىـ
ئانلىرىغا نەدىن يەتكۈزگەندۇ ؟ پراسلاۋ خرىستىئانلىرى نېمە گۇناھ
قىلغاندۇ ؟
— مۇبادا قىپچاقلار ، تۈركلەر ، «قارا قالپاقلار» پۈتۈنلەي
ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ ، كارپات تاغلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ،
ئوگۇر يايلاقلىرىغا كېتىدىغان بولسا ، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ !
سەھرا خەلقلىرى ئەزەلدىن ئۆز ماكانىنى تاشلاپ كەتكەن ئەمەس !
ئۇلارنى زادى قانداق ئاپەت قوغلاپ كېلىۋاتقاندۇ ؟ ئۇلارغا دەھشەت
سېلىۋاتقان زادى نېمىدۇ ؟
— ئېھتىمال ئىنتايىن قۇدرەتلىك كىشىلەر بولسا كېرەك .
— دۇنيادا زادى كىم ئەڭ قۇدرەتلىك ؟ پەقەت تاتارلار ! ئەجە-
با ، بۇ قورقۇنچلۇق تاتارلار ، ۋەھشىي موڭغۇللار بىزنىڭ مۇشۇ
يەرلىرىمىزگە بېسىپ كېلىپ ، زالېسكويلۇق رۇسلارنىمۇ قىرىپ
تۈگىتىۋېتەرمۇ ؟
دەريا بويىدىكى تۈزلەڭلىكتە غۇلغۇلا پەلەككە كۆتۈرۈلمەكتە .
پۈتۈن ھۈنەرۋەنلەر قورال ـ ياراغ ياسىماقتا . كىيېفنىڭ مەيلى ياش
ياكى قېرىلىرى بولسۇن ، ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلىۋېلىپ ، ئۆز-
لىرىنىڭ دات باسقان قىلىچلىرىنى ، نەيزىلىرىنى بىلەپ ئىتتىكلەتـ
مەكتە . دۈشمەنگە زەربە بېرىپ ، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىش
ئۈچۈن ھەممە كىشى قورال ئىزدىمەكتە ياكى قورال سېتىۋالماقتا .
كىيېفقا كەلگەن قىپچاقلار ۋە باشقا يايلاق خەلقى «تۈزلەڭلىك-



www.uyghurkitap.com

تە» ئالدىغا ئۈچرىغانلىكى تۆمۈر ئەسۋابلارنى باھاسىنى سورىماي ئالماقتا .

— تاتارلارنىڭ خانى باتۇخان راستىمنلا مۇشۇ يەرگە كېلەرمۇ ، — دېيىشەتتى كىيېفلىقلار ، — ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرارمىز ؟ ئۇ بىزنى شەرتسىز تەسلىم بولىسەن ، دەيدۇ . دۈشمەن رەھىمسىز ، ئەگەر ئۇنىڭغا كىم قارشى چىقسا ، ئۇ ئالدى بىلەن شۇنى ئۇجۇقتۇرىدۇ .

— ئەجەبا ، پۇتكۈل قىپچاق دالاسى ئۇلارغا ئازلىق قىلىشۋاتامدىغاندۇ ؟

— قىپچاقلارنىڭ خاقانى كوتان خان نەگە كەتتى ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆز يايلاقلىرىنى تاشلاپ كەتتىكىنە ؟ ئۇنىڭ سەرۋازلىرى ئوگۇرلىقلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتماقچىمۇ ؟

— ئۇنىڭ مېڭىشىنىڭ قانچە تېز بولۇشى ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشۋاتقان كىشىنىڭ شۇنچە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ خۇددى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بوراندەك كېلىشۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ .

— ئادەمنى قورقۇتىدىغان گەپنى قىلىشۋەرمەڭلار ! ئەگەر قىشتا ھاۋا يەنە ئىللىق بولسا دنېپر قاتمايدۇ ، تاتارلارمۇ دنېپردىن ئۆتۈشكە ئامال تاپالماي ، ئۆز يايلاقلىرىغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

— مۇبادا شىمالنىڭ شامىلى سوقۇپ ، دنېپر توڭلاپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق ؟ ئۇ چاغدا موڭغۇللار باھاردىكى كەلكۈندەك بېسىپ كېلىپ ، كىيېفنى يەر بىلەن يەكسان قىلمامدۇ ، ئۇلار ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى ، ھەتتا پودۋاللىرىمىزنىمۇ ساق قويماي تۇپتالاس قىلىشىدۇ .

— موڭغۇللار ھەممىمىزنى قىرىۋېتەمدىكەن ؟ ئەجەبا بىز قول قوۋۇشتۇرۇپ ، ئۇلارغا قارشى چىقماي ئولتۇرىمىزمۇ ؟

— ئۇ چاغدا قاچىمەن دېسەڭمۇ ، قاچىدىغان يەر تاپالمايسەن .

— بىز قېچىشنى ئويلىمايمىز ، مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانىكەنمىز ،

مۇشۇ يەردە ئۆلىمىز !

كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ كۈنلەردە ، قىشنىڭ كېلىشى ئۈزىراپ كەتكەندەك ، قىشتىن تېخى شەپە يوق ئىدى . ئەڭ ئاخىرقى ساللارمۇ دنېپىرنىڭ يۇقىرىدىكى سمولېنسكىدىن كىيىفقا يېتىپ كېلىپ قىرغاقتا توختىدى . سالچىلار دۇكانلارنى ئارىلاپ ، بەلۋاغلىرىغا باغلىغان تىيىن ، تۈلكە تېرىلىرىنى بازارغا سالدى . بۇرۇن مۇنداق ياۋايى هايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى كىشىلەر بىردەمدىلا تالاپ كېتەتتى . هازىر بولسا ئۇنى سورايدىغانمۇ ئادەم يوق .

— بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ ئۇستىدىكى تېرىگە ئىگە بولالمايۋاتساق ، سېنىڭ بۇ تېرەڭگە قارايدىغان ئادەم بولامدۇ .

— هەي ، ئۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭلار ، — دېدى ئۇلارنى پراسلاۋدا كۆرگەن هەم ئۇلارنى قوغلىغانلار ، — ئۇلار بىرگە بەش بولۇپ هۇجۇم قىلىپ قەهرىمان ئاتالغان . ئەگەر بىز هەممىمىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ، قەتئىي ئىرادە بىلەن شەهەرنى قوغدايدىغان بولساق ، ئۇلار هەرگىزمۇ بىزنىڭ رەقىبىمىز بولالمايدۇ .

ۋەهىمە ئىچىدە قالغان خەلق ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى .

## ئىككىنچى باب

# كىنەز سارىيىدا

كىنەز سارىيى پايتەخت شەھەر كىيىفنىڭ مەركىزىگە (قەلئە ئىچىگە ) جايلاشقانىدى . ساراي دەرۋازىسىدا بېشىغا ئۈچلۈق دۇبۇلغا كىيگەن ئىنتايىن بەستلىك بىر قاراۋۇل تۇراتتى . ئۇ بىر قولىدىكى ئۇزۇن نەيزە بىلەن دەرۋازىنى توراپ ، يەنە بىر قولى بىلەن ساراي ئىچىگە كىرمەكچى بولغان بىر موناخنى ھەدەپ كەينىگە ئىتتىرەتتى . موناخ قورايدەك ئورۇق ھەم ئېگىز ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بېرەلـمەي ، ھاسىسىنى يـەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— مېنى قويۇۋەت ، ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان تەلۋە ! — دېدى .

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ ، سارايغا ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا كىنەزنىڭ پەرمانى بار .

— كىنەز موناخلارنىمۇ كىرمىسۇن دېگەنمۇ ؟

— مەيلى جاھانكەزدى دەرۋىشلەر بولسۇن ياكى شەرىئەت تونىنى كىيگەن مۇناخلار بولسۇن ، بىردەك كىرگۈزۈلمەيدۇ !

— بالام ، مەن بەكمۇ يىراقتىن ، يەنى دنېپرنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان يېرىدىن كەلدىم . ئۇ يەرلەردە پۈتكۈل سەھرا خەلقى ۋەھىمە ئىچىدە ، ئۇلار دنېپردىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ قاچماقتا . مەن يەنە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردۈم . بۇ ئىشلارنى كىنەزگە ئېيتىشىم لازىم . سەن خۇددى غەرەز ئۇقمايدىغان بۇقىدەك مېنى ئۆتكۈزمەيسەن !

www.uyghurkitap.com

— كىرىشكە بولمايدۇ ! — دېدى قاراۋۇل ئۇزۇل - كېسىل قىلىپ ، — كىنەز دانىلا مۇھىم بىر ئىش بىلەن بەند .

— ئوغلۇم ، مەن كىنەز بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ۋېنئامىن موناخنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلدىم . ۋېنئامىن موناخ ئەينى يىللاردا مىگىبېگى دېمىترىنىڭ تۇۋىسىنى قوبۇل قىلغان پوپ !

— مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي ، كىرگۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ ! — دېدى قاراۋۇل تېخىمۇ قەتئىي قىلىپ ، — سىزنى قەتئىي كىرگۈزمەيمەن !

دەل شۇ چاغدا ، خانزادىلەر مىنىدىغان بىر ئېسىل ئارغىماق دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلدى . سىپاھىنىڭ قۇۋۋەتلىك قولى تارتىپ تۇرغان تىزگىن كۆچىدىن ئات ئاران توختىدى . ئۇنىڭ كەينىدە يەنە ئون نەچچە سەرۋاز بار ئىدى .

— ياخشىمۇسىز ، دېمىترى سەركەردە ! — دېدى دەرۋازىدا تۇرغان قاراۋۇل ئاتلىق كىشىگە كۈلۈپ تۇرۇپ .

— رەھمەت ، ستېپان ! — جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى سەركەردە ، — كىنەز دانىلا بارمۇ ؟

— مەجلىسخانىدا ، يولغا چىقىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتىدۇ . سىزگە دەرۋازىنى ئېچىپ بېرەي .

— يولغا چىقىشقا ھازىرلىنىۋاتامدۇ ؟ — ئاتلىق كىشى تەئەججۈپ بىلەن سورىدى ، — ئۇرۇش مەيدانىغىمۇ ؟

— كىنەز سىزگە ئېيتىپ بېرەر ، ئەمما بىز بىلمەيمىز .

ئاتلىق سەكرەپ ئېتىدىن چۈشكەندىن كېيىنلا ، ئالدىدا تۇرغان ئورۇق ، ئېگىز موناخنى كۆردى . موناخ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— مېنىڭ سۆزلىشىمگە ئىجازەت قىلغايسەن ، — دېدى .

— بىجىرىشكە تېگىشلىك نېمە ئىشىڭ بار ، ئاتا ؟

— كىنەز دانىلا ئىنتايىن ئالدىراش ئىكەن ، خۇدا يولىدا ساڭا دۇئا قىلاي ، مېنىڭ سۆزۈمنى تىڭشا .

— ئېيتقىن ، لېكىن قىسقا بولسۇن ، مەنمۇ ئىنتايىن ئالدىرايمەن .

— مەن ئۇزاقتىكى پادىشاھ شەھىرىدىن كەلدىم ، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى مۇقەددەس جايلارنىمۇ زىيارەت قىلدىم . كېمىگە ئولتۇرۇپ دنېپرنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن كېلىۋېتىپ ، مەن ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر يايلاقتىن ئۆتكىنىمدە ، ھالدىن كەتكەن پوپ ۋېنئامىننى بىر توپ سەھرا ئاھالىسى كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئېلىپ كەلدى .

— ۋېنئامىن پوپ ؟ مەن تونۇيدىغان ھېلىقى ۋېنئامىن ئەمەستۇ ـ ھە ؟

— دەل شۇنىڭ ئۆزى . ئۇنى كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىلەر مۆمىن سەھرا خەلقلىرى . ئۇنىڭ تەربىيىسى بىلەن سەھرا خەلقلىرى ئۇنىڭ چوقۇندۇرۇشىنى قوبۇل قىپتۇ . ۋېنئامىن پوپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇندۇرۇپتۇ .

— سەن دنېپر قىرغىقىدىكى چارۋىچىلار بىلەن پاراڭلاشتىڭمۇ ؟ ئۇلارنىڭ قانداق خىياللىرى بار ئىكەن ؟ بىزگە قارشىمىكەن ياكى بىز بىلەن بىرگە بولۇشنى خالامدىكەن ؟

— مېنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغىنىم مۇشۇ ئىدى . سەھرا خەلقلىرى بىزنىڭ ياردەم بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . ئۇلار تاتارلارنىڭ چارلىغۇچى قىسىملىرىنىڭ دنېپرنىڭ قارشى قىرغىقىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، چىرايى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئاتلىق چېرىكلەر كېلىپ ، بىرنەچچە قول تۇتۇپ يايلاققا قايتىپ كېتىپتۇ ، دنېپر بويىدىكى چارۋىچىلار بىزنىڭ دوستىمىز . ئۇلار بىزگە «كىيېۋ كىنەزىدىن سوراپ بېقىڭلار ، بىز قانداق قىلساق ياخشى بولىدۇ ، ئۆز ئورنىمىزدىن قوزغالماي تۇرايلىمۇ ياكى يىراقتىكى ئۇگرالىقلارغا قېچىپ كېتەيلىمۇ ؟ كىيېۋ كىنەزى تاتارلارغا قارشى ئاتلىنامدۇ ياكى سېپىل ئىچىگە بېكىنىپ ياتامدۇ ؟ ياكى بولمىسا قېلىن ئورمانلىرى بار كارپات تاغلىرىغا كېتەمدۇ ؟ » دەپ ئىلتىجا قىلدى .

مىكىپىگىنىڭ غەزىپى تېشىپ ۋارقىرىدى :

— مەن ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا سەزگەنىدىم . تۆت كۈندە بىر كىنەز ئالماشتۇرۇپ يۈرگەچكە ، مانا ھازىر بىرگە باش بولغۇدەك بىرەر قابىل ئادەم يوق . مۇشۇنداق پەيتتە كىيېۋنى تاشلاپ كەتكىلى بولامدۇ ؟ پوپ ئاتا ، بىز بىرلىكتە كىنەزنىڭ ئالدىغا كىرەيلى . سىېنىڭ ئىسمىڭ نېمە ؟

— مىخۇدىم ، موناخ مىخۇدى دەپمۇ ئاتايدۇ ، پراسلاۋ ليازلىسكوۋدا تۇغۇلغانمەن .

— ۋېنئامىن ئاتىمۇ سېنىڭ بىلەن بىرگە قايتىپ كەلدىمۇ ؟

— ياق ، مۆھتەرەم مىكىپىگى ، ئۇ دنېپىر دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆزىنىڭ پاك ھاياتىنى تەڭرىگە تەقدىم قىلدى . مەن ئۇنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان جەسىتىنى ئاشۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىپ ، ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى ئادا قىلدىم . ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانىدىم . مەن چوقۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلغان چارۋىچىلارنىڭ ئاتامانى ماڭا ھەدىيە قىلغان ئاتنى مىنىپ قايتىپ كەلدىم . ۋېنئامىن ئىشلەتكەن مۇراسىم كىتابىنى قايتۇرۇپ كەلدىم . ئۇ ئىشلەتكەن يەنە بىر مۇقەددەس كىتابنى چارۋىچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلارغا خاتىرە قىلىپ تاشلاپ كەلدىم .

— تەڭرى ، تەقۋادار پوپ ۋېنئامىننىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغايسەن ! — دەپ مىكىپىگى دۇرۇت ئوقۇدى ۋە كرېست سىزىپ چوقۇندى .

— مۇنداق بولسۇن ، سەن دىسياتىننوي چېركاۋىنىڭ باش پوپىنى تېپىپ ئۇنىڭغا ، مېنى سەردار دېمىترى ئەۋەتتى دېگىن ، ئۇ ھەممە ئىشىڭنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ .

دەرۋازا ئېچىلدى ، مىكىپىگى ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى مۇھاپىزەتچىلىرىگە بېرىپ ، چوڭ ــ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .

مىكىپىگى دېمىترى مەرمەر پەلەمپەي بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەڭ

زال ئىچىگە كىردى . زال ئىچىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر مىڭبېگىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردى .
مىڭبېگى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ ، ھەيۋەتلىك قەدەملەر بىلەن مېھمانخانىغا كىردى ، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە تونۇش ، كەڭ مېھمانخانا ، ئىككى تەرەپتە دۇب ياغىچىدىن ياسالغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلار ، قارشى تەرەپ تام ئالدىدا ئۈستىگە مەشۇتتىن توقۇلغان داستىخان سېلىنغان ئۇستەل قويۇلغان ، بۇلار بۇرۇن قانداق بولغان بولسا ، ھازىرمۇ شۇنداق تۇراتتى...
دېمىترى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، قارشى تەرەپتىكى بۇلۇڭدا كۆمۈش رامكىغا ئېسىلغان مۇقەددەس مەبۇدقا قاراپ چوقۇندى . مەبۇدنىڭ ئالدىدا تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئالتۇن قەندەللەردە ئۈچمەس چىراغلار يېنىپ تۇراتتى . بۇ چىراغلار باش باھاردىكى پاسخا بايرىمىدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ياندۇرۇلغانىدى . يان تەرەپتىكى ئىشكاپلارغا ئەسلىي قىممەت باھالىق تەخسىلەر ، باكاللار ، رومكىلار ، ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن ياسالغان قوشۇقلار ، يەنە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قېلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىمۇ تىزىپ قويۇلاتتى . ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇ يەردىن ئېلىنىۋېتىلگەنىدى .
تامغا ئادەتتە ئوۋ قوراللىرى ئېسىلاتتى . بۇ قوراللارنىڭ ھەربىرىنىڭ قاچان ، قايسى قېتىملىق جەڭدە قايسى سەھرا قەبىلىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان دېگەندەك بىر ھېكايىسى ئىدى . ئەجەبا بۈگۈن بۇلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ ؟
كىيىپ تۆرلىرى ۋە ئاتاقلىق بەگلىرى كىنەزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مېھمانخانىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىغانىدى ، ئۇلارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى سالاپەتلىك ، كىيىملىرى ئالىپتە ئىدى . كەلگەن مېھمانلار مۇقەددەس مەبۇد ئالدىدا چوقۇنۇپ ، ساقاللىرىنى سىلىغاندىن كېيىن ، ئۆرۈلۈپ مىڭبېگىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، تام يېنىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئالدى

ھەمدە ئۆزئارا پەس ئاۋازدا پاراڭ سېلىشقا باشلىدى .

ياقا ۋە يەڭلىرىگە قىزىل لاتىدىن جىيەك تۇتقان ، ئۇزۇن نىل رەڭلىك تون كىيگەن مالاي ئىچكىرى ئۆيدىن چىقتى . ئۇ ئۇدۇل مىڭبېگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، پەس ئاۋازدا :

— كىنەز ھازىر ئىنتايىن ئالدىراش ، ئۆزىنىڭ چىقالمايدىغان-لىقىنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلدى ، — دېدى .

— مېنىڭ سەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق . سەن دەرھال بېرىپ كىنەزگە مىڭبېشى دېمىترى سەھرادىكى ئالدىنقى سەپتىن كىنەز بىلەن مۇھىم ئىش توغرىسىدا كېڭەش قىلغىلى كەپتۇ ، دېگىن .

— بولمايدۇ ! كىنەز ئاچچىقلاۋاتىدۇ ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ھالاقىت كەلتۈرۈشىگە بولمايدۇ .

— ماڭە ، تولا ئەزمەڭنى ئەزمە ! — دېمىترى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى — مېنى كۈتۈۋاتىدۇ دەپ دەرھال كىنەزگە ئېيتقىن ، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي بۇ يەردىن كەتمەيمەن ! — ئۇ مالاينى ئىتتىرىۋەتتى . مالاي ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچ-قۇچە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .

سورۇندىكى تۆرىلەر ھەيرانلىقتىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مىڭ-بېگى تەرەپكە قاراپ كېلىشتى . مىڭبېگى قولىنى ئالماشتۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى .

— دېمىترى مىڭبېگى ، نېمە ۋەجىدىن شۇنچىۋالا ئاچچىقلاي-سىز ؟ ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئوندىن بىر - ئىككىسىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ باقساق .

— بىرئاز تەخىر قىلىڭلار ، ھېچقايسىڭلار قوزغالماڭلار ، ئىشنىڭ تەكتىنى ھازىر ئاڭلايسىلەر ، لېكىن بىز كىنەز دانىلانىڭ چىقىشىنى كۈتۈشىمىز كېرەك .

— ئەڭ بولمىغاندا بىر جۈملىسىنى بولسىمۇ ئاڭلىساق…

— بىر جۈملىسىنى ؟ — مىڭبېگى سۇرلۇك نەزىرى بىلەن تۆرىلەرگە باشتىن - ئاياغ بىر قاراپ چىقتى ، — ئۇرۇش خۇددى

قار ـ يامغۇردەك ئۇستىمىزگە بېسىپ كەلمەكتە ، — دېدى .
تۆرىلەر ئالاقزادە بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى .
— تەڭرىم ، بىزنىڭ ئۇستىمىزگە قانداق تەقدىر ـ قىسمەتلە-ىرىڭنى ئەۋەتكەنسەن ؟
ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كىنەز دانىلا رومانىۋىچ تېز قەدەملەر بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قەددى قامەتلىك ، كېلىشكەن چىرايىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇراتتى .
دېمىترى بىر قولى بىلەن زۇلپىقارنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تىككىدە تۇرۇپ كىنەزگە ئېھتىرام بىلدۈردى . كىنەز پەس ئاۋازدا سورىدى :
— نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز ؟ يۇقرالارنى قورقۇتۇش ئۇچۇن-مۇ ؟ بۇنداق قىلساق بولامدۇ ؟ ئۇرۇش ئىشلىرىنى سەردارلار بىر-لىكتە مەخپىي كېڭەش قىلىش كېرەك . يۇقرالارنى قانداق قىلىپ سەپەرۋەر قىلىدۇ… ئوۋچىلاردىن قانداق قىسىملارنى تەشكىللەي-دۇ ، ئۇلارغا قانداق سىپاھلارنى بەلگىلەش لازىم… نېمىشقا سۆزلە-مەيسىز ؟ مۇبادا ھازىر شەھەر يۇقرالىرى كېلىپ شەھەر خەلق كېڭىشى ئاچسا ، كۆپچىلىكنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرىنىڭ ئايىغى تۈگىمەيدۇ . بىز ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز ؟
— توغرا ! — دېدى دېمىترى ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — بۇ قېتىمقى شەھەر خەلق كېڭىشىنى ئېچىش ئىنتايىن مۇھىم ، لېكىن ئېھتىمال بۇ كىيېفنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەھەر خەلق كېڭىشى بولۇپ قالار .
— قانداقسىگە ئەڭ ئاخىرقىسى بولىدىكەن ؟ — كىنەز ئالاقزا-دە بولۇپ ئىختىيارسىز كەينىگە شوخشىدى ، — سىز نېمىشقا يۇقرالارنى قورقۇتىسىز ؟ كىيېف مۇھاپىزەت خىزمەتلىرىنى ناھايە-تى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ . چوقۇم دۈشمەننى توسۇپ ، ياردەم كۈچلەر كەلگۈچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ . مەن بۇ ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلى-شىپ قويدۇم . ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپلىرىمنى بىزگە ھېسداش-لىق قىلىۋاتقان پولەك كارولى ۋە ئورگار كارولى بىلىغا ئەۋەتتىم

www.uyghurkitap.com

هەمدە ئۇلارنىڭ دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ بىزگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم .

— ئۇلار ھەرگىزمۇ قوشۇن چىقىرىپ بىزگە ياردەم قىلمايدۇ ، — دېدى يىغىن ئەھلى ۋارقىراپ تۇرۇپ ، — بىز پەقەت ئۆزىمىزگە تايىنىشىمىز لازىم !

ئىشىك ئېچىلدى . كىنەگىنە (دانىلانىڭ ئايالى ) بۇغداي ئۆڭلۈك ، قارا كۆز گۈزەل ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى . ئۇ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن ئىنتايىن يېقىملىق سۆزلىدى :

— بۇ نېمە غوۋغا ؟ نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر ؟ كىنەز ، سىز نېمانچىۋالا چىچىلىپ كېتىسىز ؟ ئۆزىڭىزنى بىر ئاز بېسىۋېلىڭ .

مىكېيگى دېمىترى كىنەگىنەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، چوڭقۇر تەزىم قىلىپ :

— تەڭرى سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ، ھۆرمەتلىك كىنەز خانىم ! سىز ھەرگىز مالال بولماڭ ، مەن سەھرادىن كىشىنى خۇشال قىلمايدىغان خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىم . بۇنىڭغا دەرھال تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن ھەممىسىنى دانىلا رومانوۋىچقا دوكلات قىلدىم . تىغنى بىلەپ ، سېپىلنى مۇستەھكەملەپ ، پۈتۈن خەلقنى شەھەرنى قوغداشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى .

— ئاننا ! ئۆز بۆلۈمىڭىزگە قايتىڭ ، — دېدى كىنەز جىددىي قىلىپ ، — سىزنىڭ بۇ يەردە ئورنىڭىز يوق .

— مېنىڭ قېشىڭىزدا قېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز ، بولغان ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىنى مەنمۇ ئۇقاي ، ئەگەر قىسمەت بالاسى بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىپ ، دۈشمەن شەھەرلىرىمىزنى ئىشغال قىلىش نىيىتىدە بولىدىكەن ، ئۇ چاغدا رۇسلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ ، ئۆز ئەرلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىشى كېرەك . رۇسىيىنىڭ زېمىنى بىزنىڭ مۇقەددەس ماكانىمىز ! ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ، كىنەز دانىلا ! — ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى .

كىنەز دانىلا ئاخىر بىرئاز قىنىغا چۈشكەن ئاھاڭدا مىڭىپگە-
دىن سورىدى :

— ماڭا ئېيتىڭە ، سەردار دېمىترى ، كىيىن راستىنلا بۇ قېتىمقى قىسمەت بالاسىدىن ئامان قالماسمۇ ؟

— تاتار خاقانى ھېسابسىز قوشۇنغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىد-لىپ ، ئات ئۈستىدىن چۈشمەي ، خۇددى ۋەھشىي بۆرىدەك كىيىفقا يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە .

كىنەگىنە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قورققىنىدىن بېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالدى . بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى بىر-ئاز ئوڭشاپ :

— كىنەز دانىلو[1] ، سىز نېمىشقا ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرمايد-سىز ؟ نېمىشقا سەردار دېمىترى ۋە باشقا تۆرىلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمايسىز ؟ ھەممىمىز بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مۆھتەرەم سەردارنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىنى ئاڭلايلى .

كىنەز رەئىس كۇرسىغا ئولتۇردى . كىنەگىنە ئاننا بىلەن مىڭىپگى دېمىترى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىن ئورۇن ئالدى . تۆرىلەر ۋە باشقا سەردارلار ئىككى تەرەپتىكى ئورۇندۇقلارغا بۆلۈنۈپ ئول-تۇردى . ئۇلار ئېغىر ۋەھىمە ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن سۆھبەت-لەشتى .

— پولەك كارولى بىلەن ئوگار كارولىنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن بىزگە ياردەم بېرىشى مۇمكىنمىدۇ ؟ ئۇلار بىز بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تاتار قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلارمۇ ؟

— مەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا كارول بىلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بارماقچىمەن ، — دېدى كىنەز ، — ئەگەر بىز ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلاشماي يەنىلا ئۆز ئالدىمىزغا ئىش كۆرىدىغان بولساق ، تاتار قوشۇنلىرى بىزنى بىر - بىرلەپ مەغلۇپ قىلىدۇ .

— ئۇنداقتا كىيىن قانداق قىلىش كېرەك ؟ — دېدى بىر تۆرە مەسخىرە بىلەن .

---

① دانىلو — دانىلا دېمەكچى .

www.uyghurkitap.com

— ئوگارلىقلار بىلەن پولەكلەر ياردەمگە كېلىشتىن ئىلگە-ىرى ، بىز ئۆزىمىز يالغۇز تاتارلارنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك . ئېھتىمال بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھۇجۇم بولۇپ قالار . مەن ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىڭلار ، پۈتۈن ھەرىكەتتە سەردارىمىزنىڭ قوماندانلى-قىغا بويسۇنۇڭلار . مەن ئۇنىڭ بۇ يەردە قېلىپ ماڭا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىشىنى قارار قىلدىم . كىيېفنىڭ سېپىلى ئىنتايىن پۇختا ، ئۇنى دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ بۇزۇۋېتەلمەيدۇ . سىلەر پۈ-تۈن كۈچۈڭلار بىلەن دۈشمەن ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈڭلار . قاراق-چىلار شەھەرنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىد-شى مۇمكىن . سىلەر سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بېشىغا تاش ئېتىپ ، داغلىغان ماي قۇيۇپ ئۇلارنى ھەرگىز يېقىن يولاتماڭ-لار . كىيېف بىرقانچە قەۋەت سېپىل بىلەن قورشالغان ، بۇ سېپىل-لار ئىنتايىن مۇستەھكەم . تاتارلارنىڭ بىسىپ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس . ئەگەر بىز ئۇلارغا ئىمكان بەرمىسەكلا ، ئۇلار ئۆزۈنغا قالماي قايتىپ كېتىدۇ .

— بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمىز ، قانداق قىلىش لازىم-لىقىنىمۇ بىلىمىز . ئەڭ يامىنى ، تاتارلار ئىنتايىن جاھىل ، شە-ھەر سېپىلىنى بۇزمىغۇچە توختىمايدىكەن . ئاڭلىشىمىزچە ، باتۇ-خاننىڭ قوشۇنى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن ، ئۇ چېرىكلىرىگە ئىنتايىن قاتتىق قول ئىكەن .

— مۇبادا تاتارلار سېپىلنى بۇزۇپ شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرسە قانداق قىلغۇلۇق ؟

كىنەز دانىلا مۇنداق دېدى :

— مەن سەركەردە دېمىترىنى شەھەرنىڭ مۇداپىئە قوماندانى قىلىپ بەلگىلىدىم . ئۇ ماڭا ۋاكالىتەن پۈتۈن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدۇ . مەن دەرھال ئورگاركارولى بىلىنىڭ يېنىغا ماڭىمەن . ئۇنى پۈتۈن قوشۇنىنى ۋە قىپچاق خانى كوتان خاننىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى دەرھال كىيېفقا سەپەرۋەر قىلىشقا كۆندۈرىمەن .

ئۇ تۆرىلەرگە قاراپ تۇرۇپ :
— ھازىر مەن سىلەردىن ئايرىلىمەن ، تەييارلىقىم پۈتتى . ئاننا ، ئىشلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ ، — دېدى .
كىنەگىنە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىپ تۇرۇپ :
— ئاھ تەڭرى ، بۇ كۈنلەر نەقەدەر دەھشەت ! — دەپ پەرياد چەكتى .
كىنەز دانىلا زۇۋان سۇرمەي ئولتۇرغان سەردار دېمىترىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيدى . دېمىترى قىمىر قىلمايتتى . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى .
— ئۇ قايتىپ كېلەرمۇ ؟ — دېيىشتى تۆرىلەر ، — مەنزىل بەكمۇ يىراق .
قورۇدىن : «ئاتقا مىن ! ماڭ ! ئالغا !» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى . مېھمانخانىدا قالغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە . ئۇلار پۈت - قولىنىڭ ماغدۇرى قاچقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ قايتىدىن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى .
دېمىترى دېرىزە ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ، دانىلا ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئاتقا مىنىپ قورۇدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇردى .
ئۇ ئۆرۈلۈپ ئولتۇرغانلارغا پەس ئاۋازدا :
— گەرچە بىز بېشىمىزنى سېپىل ئۈستىگە ئېسىپ قويغان بولساقمۇ ، لېكىن كېيىنكىنى بىكارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەيمىز .
— توغرا ! توغرا ! — كۆپچىلىك ۋارقىراشتى ، — بىز بۇ قەدىمكى شەھەر كېيىنكىنى ھەرگىز بەرمەيمىز . بىز ئۇنىڭ مۇقەددەس قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن جېنىمىزنى تىكىپ قويدۇق .
— بىزنىڭ ئاياغ ئاستىمىزدىكى بۇ تۇپراق رۇس خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سۇغىرىلغان ، ئەجدادلىرىمىز ماكان قىلغان مۇقەددەس زېمىن كېيىنكىنى كىملەر كەلمىگەن ! بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز رۇسلارنىڭ بۇ ئانا شەھىرىنى قوغداش ئۈچۈن ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قې-

نىنى تۆككەن !

ئۇزۇن ۋاقىت مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، يىغىن ئەھلى بىر ئېغىزدىن مۇنداق قەسەم قىلىشتى: دۈشمەن ئالدىدا ھەرگىزمۇ تىز پۈكمەيمىز، ئەگەر لازىم تېپىلسا، تۇپرىقىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ھاياتىمىزنى تەقدىم قىلىمىز. يىغىن تۈگىدى، كۆپچىلىك تارقىلىپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باب

# كىيېفنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلق كېڭىشى

*... پراسلاۋلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ۋەتەنـ-*
*نىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرىنى بىلەتتى .*

— ئا . س . پۇشكىن

1240 ـ يىلنىڭ نويابىر ئېيى ئىدى . بىر كۈنى تاڭ سەھەردە خەلق كېڭەش مەيدانىنىڭ قوڭغۇرىقى ئەنسىز ئۇرۇلۇشقا باشلىدى ، ئۈزۈلمەي ئۇرۇلۇۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە بىرخىل ۋەھىمە سالاتتى . ئۇ ئۇيقۇدا ياتقان كىيېف خەلقىنى مۇقەدـ-دەس سوفىيە چېركاۋىنىڭ ئالدىدىكى خەلق كېڭىشىگە قاتنىشىپ ، ۋەتەننىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قارار چىقىرىشقا ئالدىراتماقتا ئىدى . كىشىلەر خەلق كېڭىشىنىڭ چوڭ قوڭغۇرىقىدىن چىققان ياڭراق ، ئەمما ئەنسىز ئاۋازنى كىيېفتىكى نۇرغۇن چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىدىن بىر ئاڭلاپلا پەرق ئېتەلەيتتى .

ۋادىم ئادىتى بويىچە بۇگۈنمۇ ئىشخانىغا ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەنىدى . تونۇگۇن ئۇستازى ئۇنىڭغا قەتئىي قىلىپ :

— مۇقەددەس رەسىملەرنى سىزغاندا ئەينەنلىككە ھۆرمەت قىلىش كېرەك . شەخسىي ھەۋەسنى ئارىلاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولـ-مايدۇ . ئۇنداق بولمايدىكەن ، كۆچەتنىڭ يىلتىزى نابۇت بوـ-لىدۇ ، — دېگەنىدى .

شۇڭا ، ۋادىم گرېك رەسسامى سىزغان تەقۋادار يىكۈننىڭ رەسىمىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ، بۇ ئۇلۇغ مۇخلىس ۋىلا-

سىيانىڭ يۈزىدىكى ھەربىر قورۇقنى ، ھەربىر تال چېچىنى ۋە كىيىملىرىنى ئەينەن سىزىشقا تىرىشاتتى .

«ئۆزۈممۇ بىر مۇخلىسقا ئايلىنىپ قالاي دەپ قالدىم ، — دەپ ئويلايتتى ۋادىم ، — كۆزگە كۆرۈنمەس روھىي كىشەن مېنى بەند قىلدى ، بۇ مېنى گۇناھكار شاگىرتقا سېلىنغان كىشەندىنمۇ ئارتۇق ئازابلىماقتا… »

دەل شۇ پەيتتە ، ئۇنىڭ ھەمراھى (مۇقەددەس رەسىملەرنى سىزىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن شاگىرت ) ياش كوسىيان ئىشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— رەسىمىڭنى قوي ! كىشىلەر ، خەلق كېڭىشىنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنىدى ، يىغىن بار ئىكەن ، دېيىشىۋاتىدۇ . كىيېفنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى بۇ يىغىنغا بارىدىكەن ، بىزمۇ بارايلى . مەن سېنى پۈتۈن يىغىننى كۆرگىلى بولىدىغان يەرگە باشلاپ بارىمەن ، — دېدى .

ئىككى ياش شاگىرت ئۇستازىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ، قارلار دۆۋىلەنگەن تار كوچىلارنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى .

چىتلاق ۋە تاختاي تاملار كەينىدىن چېدىرى چۈپ بىلەن يېپىلغان ئاپئاق ئۆيلەر كۆرۈنۈپ قالاتتى . چېدىر ئۈستىدە كۆل رەڭ ۋە چىپار كەپتەرلەر بۇقۇلدىشىپ يۈرەتتى . بولكا پىشۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك ، تۈرخۇنلاردىن ئىسلار تولغىنىپ چىقاتتى . چىتلاق يېنىدا ئىككى مۈشۈك بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلماقتا . پۈتۈن نەرسە تىنچ ۋاقىتتىكىدەكلا ئىدى .

لېكىن ، ئۇلار كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپلا ، كىيىف خەلقىنىڭ قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆردى . ئىشىكلەر جالاقلاپ ئېچىلماقتا ، يېڭىنى سىپىشقا ئۈلگۈرمىگەن كىشىلەر جۇۋىسىنى ئۈستىگە ئارتقان پېتى كوچىغا چىقىپ يۈگۈرمەكتە ، ياشانغان كىشىلەرمۇ ئۆيدىن چىقىپ قولاق قېقىشىپ ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورۇشتۇرەتتى . ھەممە تېز قەدەملەر بىلەن شەھەرنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان سوفىيە چېركاۋىغا قاراپ

ئاقماقتا .

— ھەي ۋادىم ، بۇياققا كەل ، يۇرتداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۇۋال ، — ۋارقىرىغانلار تۆمۈرچى گرىگورى بىلەن دنېپردا سال ھەيدەيدىغان ئاندىرى ئىدى . ئاندىرى بۇرۇنقىدەكلا ئېغىر - بېسىق ، تەمكىن ئىدى ، ئۈستىگە جۇۋا كىيگەن بولۇپ ، بەلۋېغىغا سالچى پالتىسىنى قىستۇرۇۋالغانىدى .

— تاتارلارنى كۆردۈڭمۇ ؟

— نەنىڭ تاتارلىرى ؟ تاتار ئەسىرلىرىنى ئېلىپ كەلگەنمىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ۋادىم .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ؟ ئەگەر تاتارلاردىن ئەسىر ئالىدىغان بولساق باشقا گەپ بولاتتىغۇ . يۇر ، ساڭا ئۇلارنى كۆرسىتىپ قوياي .

ئاندىرى ئىككى يىگىتنى باشلاپ ، تار بىر كوچىدىن ئۆتۈپ ئۈستى دەرەخلەر بىلەن پۈركەنگەن بىر تۆپىلىككە چىقتى . ياز كۈنى بۇ يەر ياشلارنىڭ يىغىلىپ ناخشا ئېيتىپ ، تانسا ئوينايدىغان يېرى ئىدى . ھازىر بۇ يەر تىپتىنچ ، ئەتراپىنى قار باسقانىدى . بۇ يەردىن دنېپرنىڭ ئۇ قېتىدىكى پايانسىز كەتكەن يايلاقلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى .

— كۈنچىقىشقا قارا ، ئاۋۇ يەردىكى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسلارنى كۆردۈڭمۇ ؟

— قومۇشلۇققا ئوت كەتكەنمۇ نېمە ؟

— ياق ، ئۇ تاتارلارنىڭ ئىسىسىنىش ئۈچۈن ياققان گۈلخانلىرى .

يىراقتا ، ئاپئاق قار ئاستىغا كۆمۈلگەن كۆز يەتكۈسىز يايلاقتىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىسلار ئىزغىرىن شامال بىلەن يىراق - يىراقلارغا يېيىلماقتا . يايلاق ئۈستىگە چېچىلغان سانسىز قارا چېكىتلەر بارا - بارا كېيىپقا قاراپ سىلجىماقتا .

— ئاۋۇ گازىردەك چېچىلىپ تۇرغان قارا نەرسىلەر نېمە ؟ — دەپ سورىدى كوسىيان .

— ئۇلار تاتارلار ! تۈنۈگۈن تاتارلارنىڭ چارلىغۇچى قىسىملىرى كىيىۋنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ كەتتى .

ۋادىم چۆچۈگەندەك ئاندىرىغا قارىدى . ئاندىرىنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش يوق ئىدى . ئۇ بۇرۇنقىدەكلا بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈنلەردىمۇ باش سالدا مەزمۇت تۇرۇپ ، زەڭگەر كۆزلىرى بىلەن دنېپرنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىغا ۋەزمىن قاراپ تۇرغاندەك تۇراتتى .

— ئۆيگە قايتىپ ئوغلۇم ئاندىرىشكانى كۆرۈپ كەلسەم بولغۇدەك ، — دېدى سالچى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، — لېكىن ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشەلەيمەنمۇ ـ يوق ، بۇنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ ! يۇرۇڭلار ، خەلق كېڭىشىگە بارايلى . كۆپچىلىك نېمە دەيدىكىن .

ئاندىرى بىلەن ئىككى يىگىت سوفىيە مەيدانىغا قاراپ كەتتى . مەيداندا مەشھۇر سوفىيە چېركاۋى بار ئىدى . بۇنى بۈيۈك كىنەز ياروسلاۋ بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ياساتقانىدى . ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ تاملىرىغا پۈتۈنلەي ۋىزانتىيە رەسىملىرى سىزىلغانىدى . شۇنىڭدىن بېرى سوفىيە مەيدانى ئادەتتە شەھەر خەلقى كېڭەش ئۆتكۈزىدىغان جاي بولۇپ قالغان . ئۇنىڭدىن سىرت ، ھەر يىلى تۆت پەسىل بۇ يەردە چوڭ يەرمەنكە ئۆتكۈزۈلەتتى . دوستلار ۋە چەت ئەللىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل ماللىرىنى ئەكېلىپ بازارغا سالاتتى . بۇلغار سودىگەر (ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن كەلگەن )لىرىنىڭ قىممەت باھالىق تېرە ـ موينلىرى ، گېرمانلارنىڭ ئۈنچە ـ مارجان ۋە رەڭدار تاۋار ـ دۇردۇنلىرى ، ماجارلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئاتلىرى ، قىپچاقلارنىڭ چارۋا ۋە تېرە ـ يۇڭلىرى ، قىرىملىقلارنىڭ تۇز ، ھاراق ۋە خۇشبۇي ئەتىرلىرى كېلەتتى .

ئۇلار مەيدانغا كېلىپ نۇرغۇن تونۇشلارنى ئۇچراتتى .

— ھەي ئاندىرى ئاغىنە ، بۇياققا كەل ، بۇ يەردە ئۆز ئادەملىرىڭ بار ! — دەپ ۋارقىرىدى مەيدان ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان بىر توپ كىشىلەر . ئۇ يەردىن

پۈتۈن كېچەشىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

كىيېفلىقلار بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى چېرنىگوۋ بىلەن پراسلاۋدىن كەلگەن قاچاقلارنى كۆرگەنىدى. ئۇلار بېشىغا بۆرە تېرىسىدىن تۇماق كىيگەن، ئۇستىگە جۇۋا كىيگەن تاتارلارنىڭ كەلكۈن سۈيىدەك بېسىپ كەلگەنلىكىنى، نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئالغانلىقىنى، شەھەر سېپىللىرىغا ئارقان شوتىلار ئارقىلىق خۇددى يىرتقۇچلاردەك ئۆمىلەپ چىققانلىقىنى، بارغانلا يېرىدە خەلقنى قېرى - ياش، ئانا - بالا دېمەي دەھشەتلىك قىرغىن قىلغانلىقىنى ئېيتىپ داد - پەرياد كۆتۈرگەنىدى.

ۋەھىمە ئىچىدە ساراسىمىگە چۈشكەن كىيېف خەلقى بۇنداق ئەنسىز خەۋەرلەرگە دەسلەپتە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى. بۇ ۋەھشىيلەرنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر! بۇ دۇنيادا ھەققانىيەت دېگەن نەرسە بارمىدۇ! بۇرۇن بىزدىن ئىليا مورامىس، دۇبرىنيا نىكىنىچ، سۇياتوۋىر، باگاتىر[1]غا ئوخشاش قەھرىمانلار چىققان. ھازىرمۇ بىزدىن شۇنداق قەھرىمانلار چىقىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس زېمىننى قوغداپ دۈشمەننى سۈر - توقاي قىلىدۇ.

مەيدانغا يىغىلغان خەلق بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. سوفىيە چېركاۋىنىڭ تاش پەلەمپىيىدىن تارتىپ مەيداننىڭ مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىق غايەت چوڭ يېرىم دائىرىنى ھاسىل قىلاتتى. چېركاۋنىڭ تاش پەلەمپىيى كىيېفنىڭ تۆرىلىرى، مىڭبەگلىرى ۋە سەردارلار تۇرىدىغان جاي ئىدى.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چېركاۋنىڭ ئىشىكىگە تەقەززالىق بىلەن قارىماقتا. چېركاۋ ئىچىدە ئىبادەت قىلىنىۋاتاتتى. ئىبادەت تۈگىگەندىن كېيىن، كىنەز ئۆزىنىڭ سىپاھىلىرى بىلەن بۇ يەرگە چىقاتتى.

ئاخىر ياڭراق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. كەينىدىنلا چېركاۋنىڭ

---

① يۇقىرىدىكىلەر رۇسلارنىڭ قەدىمكى قوشاقلىرىدىكى ئىجابىي قەھرىمانلار، ئۇلار يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىققان باتۇرلار.

ئېغىر ئىشىكى ئېچىلدى . ئالدى بىلەن ئالتۇن جىيەكلىك پەشلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان تونلارنى كىيگەن مەرسىيىچىلەر چىقتى ، كەينىدىن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دۇرۇت ئوقۇپ ، قوللىرىغا كۈمۈش ئىسرىقدانلارنى تۇتقان ئىككى ياردەمچى نازارەتچى ۋە بىرنەچچە قانۇن كىيىمىنى كىيگەن روهانىيلار چىقتى . ئەڭ ئاخىرىدا باش پوپ چىقتى . ئۇ بېشىغا ئالتۇن تاج كىيگەن ، قولىدا ئۇزۇن هاسا تۇتقان بولۇپ ، يېنىدا ئىككى ياش بالا ئۇنى يۆلەپ ماڭاتتى . بارلىق روهانىيلار چېركاۋ ئىشىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ، تۆرىلەر ۋە سەركەردىلەر سول تەرىپىدە تۇردى .

پۇقرالار ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى .

— ئەجەبا ، كىنەز كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

ئادەت بويىچە روهانىيلارنىڭ كەينىدىن كىنەز چىقىشى لازىم ئىدى . ئۇ چىققاندىن كېيىن تۆرىلەر ئۇنىڭغا هۆرمەت بىلدۈرەتتى . پاسىبانلار تەنتەنە قىلىپ ، قورال - ياراغلار چاقناپ كېتەتتى . بۈگۈن كىشىلەر كىنەزنى كۆرمىدى .

مەرسىيىچىلەر هەيۋەتلىك مەرسىيە ناخشىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتتى . لېكىن ، بۇ ناخشا ئاۋازى خەلقنىڭ قەلبىگە ئېيتقۇسىز قايغۇ - هەسرەت سېزىمىنى ئېلىپ كەلدى . مەرسىيە ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن ، پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان جاكارچىلار كاناي ئارقىلىق ۋارقىرىدى :

— مۆھتەرەم خالايىق ، تىنچ بولۇڭلار ! هازىر كىيېفنىڭ شەۋكەتلىك سەركەردىسى — مىڭبېگى دىمىترى سۆز قىلىدۇ !

ئالىمان جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكتى . قامەتلىك ۋە قۇۋۋەتلىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى ، ئۇ قىپچاق پاسونىدا ساقال قويغانىدى . كىشىلەر تەرىپىدىن هۆرمەتكە سازاۋەر بولغان سەردار دىمىترى ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ چىقتى .

— هازىرقى ۋەزىيىتىمىز ئىنتايىن ئېغىر ، دوستلار ، هەردكەتلىنمەيلى ! بىز مەردلەرچە مەيدىمىزنى كېرىپ ، قۇدرەتلىك دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلايلى…

ئالدىنقى رەتتە تۇرغان بويى ئېگىز ياشانغان بىر كىشى ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى :

— بىزنىڭ كىنەز دانىلا نەگە كەتتى؟ ئۇ بولمىسا چوڭ ئىشلارنى قانداقمۇ بەلگىلەيمىز؟ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كېلىڭلار!

— كىنەز نەگە كەتتى؟ — پۈتۈن ئالىمان غۇلغۇلا قىلاتتى. دېمىترى كۆپچىلىكنىڭ ۋارقىرىغىنىغا پەسەنت قىلماي ۋەزمىنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— كىنەز دانىلا مانغۇچ كىيېفتىن كەتتى. ئۇ كېتەر ۋاقتىدا مۇنداق دېدى : «تاتارلارنىڭ خاقانى باتۇخان قۇدرەتلىك ۋە ياۋۇز دۈشمەن. بىز يالغۇز ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايمىز. بىز كۈچلۈك ياردەمگە موھتاجمىز. مەن دەرھال دوستۇم ئۇرگار كارولى بىلەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا : ‹تاتار قوشۇنى بىزگە تەھدىت سالماقتا، شۇنداقلا دۇنيادىكى پۈتۈن خىرىستىئانلارغا تەھدىت سالماقتا، شۇڭا دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ بىزگە ياردەم بېرىشىڭ كېرەك› دەيمەن». ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ماڭا : «پۈتۈن كۈچ بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇڭلار، ئۇرگار كارولى ۋە پولەك كارولىنىڭ قوشۇنلىرى ياردەمگە كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى ـ دە، ئالدىراپلا كېتىپ قالدى.

— كىيېفتا مېنىڭدىن باشقا ھوقۇقى ئەڭ كۈچلۈك ئورۇن — كىيېف شەھەرلىك خەلق كېڭەشى بار. شۇڭا، مەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى ئاڭلايمەن.

— مېنىڭ باش قوماندان بولۇپ، كىيېفنىڭ پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمغا شەھەرلىك خەلق كېڭەشى قوشۇلامدۇ ـ يوق؟ ئۇرۇش قىلىشقا يارايدىغانلىكى كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى خەلق قوغدىنىش ئەترەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشىمغا خەلق ئىشىنەمدۇ ـ يوق؟ ئەگەر شەھەر خەلق كېڭەشى مېنى ماقۇل كۆرسە، شەھەرنىڭ قوغدىنىش ئىشلىرىنى

قولۇمغا ئالىمەن . بىز خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەينى چاغلاردا پىچىنگوۋ ، قاراقالپاق ، تۈرك ، قىپچاقلارنى ئۆز يايلاقلىرىغا قوغلىغىنىنى ئۆلگە قىلىپ ، تاتارلار بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلىمىز .

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ، خۇددى ھەممە كىشى ئويلىشىۋالغاندەك پۈتۈن مەيدان تىمتاسلىققا چۆمدى ، كەينىدىن پۈتۈن مەيدان گۈرۈلدەشكە باشلىدى .

— قوشۇلىمىز ! قوشۇلىمىز ! سەن بىزنىڭ سەردارىمىز . دېمىترى ، بىز سېنى چۈشىنىمىز ! سەن ھەرگىز كەينىڭگە چېكىنمە ! بىز ساڭا يۆلەك بولىمىز !

توساتتىن غەيرىي كىيىنگەن بىر كىشى كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ ، سەردارغا چوڭقۇر تەزىم قىلدى . ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى . دېمىترى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

— ئۇنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىڭلار ، — دېدى ، ئاندىن جاكارچىغا ئامىغا جاكارلاشنى ئېيتتى .

جاكارچى بار كۈچى بىلەن :

— كىيېف پۇقرالىرى ! ھازىر چەت ئەللىك روھانىي لاتىن يۇئاكىم سۆز قىلىدۇ . قۇلاق سالغايسىلەر !

يېقىملىق قوڭغۇراق ساداسى بىلەن بىرگە 12 نەپەر كاتولىك مۇرىتى كەينى ـ كەينىدىن پەلەمپەي ئۈستىگە چىقتى . پۈتۈن خەلق ئۇلارغا زور قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇراتتى . ئۇلار ئەجنەبىيچە ئۇزۇن ئاق تون كىيىپ ، بېلىنى كەندىر ئارقان بىلەن باغلىغان ، ھەممىسى چاچلىرىنى پاكىز قىردۇرۇپ ئالغۇزغان بولۇپ ، ئاق تونىنىڭ ئۈستىگە قارا يېپىنچا ئارتىۋالغانىدى .

12 چەت ئەللىك بىر رەت بولۇپ تۇردى . باش روھانىي دەبدەبە بىلەن 12 مۇرىتىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ كۈمۈشتىن ياسالغان چوڭ كرېستنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋالغان ، ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىك بالا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرى قولىدىكى كۈمۈش

قوڭغۇراقنى توختىماي چېلىپ تۇراتتى .
باش روھانىي يەڭگىل ، ئاۋازىنى سوزۇپ سۆزلەشكە باشلى- دى ، ئۇنىڭ تىلىدا چەت ئەل تەلەپپۇزى ئېغىرراق ئىدى :
— مەن ۋە مۇقەددەس بۇۋىمەريەم موناستىرىدىكى 12 موناخ شەۋكەتلىك كىيېۋ شەھىرىدە 20 يىلدىن بېرى ئىستىقامەت قىلىپ كەلدۇق . شەھەرنىڭ نۇرغۇن پۇقرالىرى بىزنى تونۇيدۇ ، شۇنداقلا بىزنىڭ رۇسلارغا ۋە مۆھتەرەم كىيېۋ ئاھالىسىگە بولغان يۈكسەك سەمىمىي - سادىقلىقىمىز نۇرغۇن ئەمەلىي سىناقلاردىن ئۆتكەن . بىز كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولدۇق ، قىيىنچىلىقتا يولۇققان- لارغا ياردەم بەردۇق . ئاچ قالغانلارغا ئاشلىق بەردۇق . بۈگۈنكى رۇسلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت بالاسىنى پۈتۈن خرىستىئانلار- نىڭ بېشىغا كەلگەن بالا دەپ قارايمىز . شۇڭا ، بىز قورقۇنچلۇق دۈشمەن — يات دىندىكى تاتارلارنىڭ خاقانى باتۇخاننىڭ كىيېۋ شەھىرىگە تەھدىت سېلىپ قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان- دىن كېيىن ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىنى سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلارغا قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق .
بۇ سۆزلەر كىشىلەرنى تەئەججۇپلەندۈردى ، بەزىلەر :
— ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىدۇقۇ ، ئۇ زادى نېمە دېمەكچى ؟ — دېيىشتى .
— مۇقەددەس رىم پاپاسىنىڭ ماڭا بەرگەن ھوقۇقىغا بىنائەن ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن شاگىرت تەربىيىلەيمەن . بىز خۇدانىڭ سۆزى- نى يەتكۈزگۈچىلەرمىز . مول تەسەۋۋۇر كۈچىمىزگە تايىنىپ غەيى- رىي دىندىكىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيمىز . تەسىرلەندۈرۈشنىڭ ئېھ- تىياجى ئۈچۈن ، ئادەم سانى ئاز بولغان ئۆمىكىمىزدىكى ھەممە كىشى تىرىشىپ كوتان تىلىنى ئۆگەندۇق . ھازىر پۈتۈن خرىستى- ئان دۇنياسى خەتەرگە يۈزلەنمەكتە . بىز ئۆزىمىزنىڭ بىلىمى ۋە پاراستىگە تايىنىپ بۈيۈك شەھىرىمىز كىيېفنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىزنى سەرپ قىلىمىز . تەڭرى ئادەملەر ئارىسىغا مې- ھىر - مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچقان . شۇڭا ، بىز مۇنداق دەپ

قارىدۇق : نېمە ئۈچۈن بىز تاتارلار بىلەن جەڭ قىلىپ بىھۇدە قان تۆكىمىز ؟ تاتارلار بىلەن سۈلھ تۈزەيلى ، سەۋر ـ تاقەت بىلەن تىنچلىق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويايلى . ئۆزئارا دوستانە كېلىشىش ئارقىلىق ئۇرۇشقا خاتىمە بەرسەك بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ شۇڭا ، بىز خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئېلىپ ئەلچى بولۇپ ، تاتار خاقانى باتۇخاننىڭ ھوزۇرىغا بېرىشقا بەل باغلىدۇق . بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ كېيىنكى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى بولغان-لىقىنى بىلمەكچىمىز . بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تىنچلىقنى قوبۇل قى-لىشتىكى ئاساسىي سەۋەبىنى تېپىپ چىقساق بولمامدۇ ؟

خۇددى بىر دەھشەتلىك بوران خەلق ئىچىنى ئارىلاپ ئۆتكەن-دەك پۈتۈن ئالمان گۇرۇلدەپ كەتتى .

— تاتار يالاقچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايمىز ! خائىن لاتىنلار بۇ يەردىن يوقالسۇن !

— ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ، — دېدى سەركەردە دېمىترى قاتتىق ۋارقىراپ ، ئاندىن لاتىن پوپقا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — ھەي مەككار پوپ ، سېنىڭ تاتارلار بىلەن دوستلى-شىش دېگىنىڭ زادى نېمە؟ تاتارلار بىزگە بىر ئەمەس ، بىرنەچچە قېتىم ئۆزلىرىنىڭ «دوستلۇق» ، «تىنچلىق» ئەپت ـ بەشىرىسى-نى كۆرسەتكەن ئەمەسمىدى . ئەجەبا مۇشۇلار بىزگە ئازلىق قىلام-دۇ؟ رەزان ، سۇزدالى ، ۋىلادىمىرلارنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇ-شى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى ئەمەسمۇ؟ بىز سېنىڭ مەقسىتىڭنى بىلگەن بولساق ، سېنى بۇ كېڭەشكە ھەرگىز يېقىن يولاتمايتتۇق ، بۇ سەھنىگىمۇ چىقارمايتتۇق . ھازىر كۆزۈمدىن يوقال ! بىز ئۆزى-مىزنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ، قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئۇسۇلىمىز ئارقى-لىق دۈشمەن بىلەن پاراڭلىشالايمىز . ئۇ بولسىمۇ قولىمىزغا قو-رال ئېلىش !

«لاتىنلار يوقالسۇن ! مەيداندىن چىقىپ كەتسۇن ! » دېگەن شوئارلار كۆككە كۆتۈرۈلدى .

ئالىماننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە .
— ئۇنى يوقىتىڭلار ! بۇ تاتارنىڭ كۈچۈكى قايسى تۆشۈكتىن چىقتى ؟ !
شەھەر ئاھالىسى توختىماي ۋارقىراشتى .
سەركەردە دېمىتری بىرئاز ئۆزىنى بېسىۋالدى . ئۇ كاتولىك روھانىيسىنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندىلىقىغا قاراپ تۇردى . ئاندىن ئاستا - ئاستا تىنچىغان شەھەر خەلقىگە قاراپ :
— كىيېف پۇقرالىرى ! بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قولىمىزغا تىغ ئېلىپ قەھرىمانلارچە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى تىز پۈكۈپ باش ئېگىمىزمۇ ؟
بويى ئېگىز ، ساقاللىق بىر يىگىت — ئۇنىڭ يۈزىدە تاتۇق ئىزى بار ئىدى ، ئەھۋالدىن قارىغاندا تۆمۈرچى بولسا كېرەك — دۆۋىلەنگەن ياغاچ ئۈستىدە تۇرۇپ ، ياڭراق ئاۋاز بىلەن مەيداندىكى خەلققە مۇراجىئەت قىلدى :
— مېنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر ! ئەجدادلىرىمىز قىپچاقلارغا ، قارا قالپاقلارغا ۋە باشقا دۈشمەنلەرگە ئەزەلدىن تىز پۈكمەي ، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ ، پالتا ۋە نەيزە بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلگەن . ئەجەبا ، بۈگۈن تاتارلارغا تەسلىم بولىمىزمۇ ؟ تاتارلار ئېتىزلىرىمىزنى ، باغلىرىمىزنى چەيلەپ يەر بىلەن يەكسان قىلماقچى . ئۆيلىرىمىزگە ئوت قويۇپ ، كۈلىنى كۆككە سورۇۋاماقچى . خوتۇن - بالىلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىپ دەپسەندە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ . شۇڭا ، بىزگە پەقەت بىرلا يول بار . ئۇ بولسىمۇ ۋەتەن ئۈچۈن مەردلەرچە ئېلىشىش ! دۈشمەننى ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش كۈتۈۋالايلى ! كىيېفنى ھەرگىز بېرىپ قويمايلى . ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغۇچە ئېلىشايلى . ئاياللىرىمىز ، قىز - ئوغۇللىرىمىزمۇ بىز بىلەن مۇنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلسۇن ! بۇ مۇقەددەس تۇپراقنى ھەرگىز دۈشمەن قولىغا بېرىپ قويمايلى !

www.uyghurkitap.com

پۇتۇن يىغىن قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىرىغان ئاۋازلار ياڭرىماقتا.

— رۇس تۇپرىقى ئۇچۇن كۇرىشەيلى! پالتاڭنى ئال! سەركەردە جاكارچىغا قول ئىشارىتى قىلدى.

— تىنچلىنايلى! كىيىف پۇقرالىرى دىققەت! هازىر سۆز سۆزلىنىدۇ، — دېدى جاكارچى.

— كىيىفلىقلار! ھەممىمىز ئىشكىلەرنى ئېتىپ سىپىل ئۇستىگە چىقايلى! ھەرقايسى كوچىلاردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنلار تەشكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقلىقىنى مەھەللە باشلىقلىرى ئۇستىگە ئالىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا دېمىترى ۋەزمىن ۋە قىزغىن ئاھاڭدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى.

— كىيىفلىق پۇقرالار! بىزنىڭ كەلگۇسى ئەۋلادلىرىمىز چوقۇم بىزنى ئەسلەيدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ دەھشەتلىك دۇشمەن ئالدىدا تىز پۇكمەي، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە كۇرەش قىلغانلىقىنى چوقۇم ئەسلەيدۇ. ئۇلار بىزنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالىدۇ. بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزدىن ئۆگىنىدۇ.

ئالقىشلىغان سادالار پەلەككە يەتتى:

— ۋەتەنگە ئۆزىمىزنى بېغىشلايمىز، بالىۋاقىلىرىمىزنى قوغدايلى! ئۆلسەكمۇ تىز پۇكمەيمىز!

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پۇتكۇل كىيىف خەلقى شەھەرنىڭ مۇداپىئە خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتى. كىچە ـ كۇندۇز شەھەر سىپىلىنى مۇستەھكەملەش، ياغاچ ۋە تاشلاردىن كوچىلارغا بارگاھ ياساش، قايناق سۇ قايىنىتىدىغان، ماي داغلايدىغان داش قازانلارنى سىپىل ئۇستىگە ئاچىقىش خىزمەتلىرى ئىنتايىن جىددىي ئىشلەندى.

يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن دېھقانلار كېلىپ شەھەر مۇداپىئەسىگە قاتناشتى. قوشۇنىنىڭ سېپى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە.

ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قورالىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلىدى . قورال ـ جابدۇق ئۇستىلىرى ، تۆمۈرچىلەر دۇبۇلغا ، نەيزە ، قالقان ، ئايپالتا ۋە ساداق ئوقى ياسىماقتا . مەھەللە باشلىقلىرى بۇ قوراللارنى ھەربىر پۇقراغا تارقىتىپ بەرمەكتە .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

# باتۇخاننىڭ چېدىرىدا

دەسلەپتە باتۇخان يۇرۇشتە ئىشلىتىدىغان چېدىرنى دنېپىر دەرياسىنىڭ سول تەرەپ قىرغىقىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە تىكتۇرۇپ دەريانىڭ توڭلىشىنى كۈتۈپ ياتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، باتۇخان تۈلكە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ بىر قانچە باھادىرنىڭ ھەمراھلىقىدا چېدىر ئالدىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇلار پۈتلىرىغا كىگىز ئورىغان ئاتلارغا مىنگەن موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ قارشى قىرغاقتىن ئانچە يىراق بولمىغان سىپىل ئۈستىدىكى رۇسلارغا ساداقتىن ئوق ئۈزۈۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇراتتى. تاتارلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرگەن رۇسلارنىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى دۈشمەنگە قارشى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. مۇز ئۈستىدە بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىش باشلاندى. كىيىپقلىقلار قىسقا دەستىلىك نەيزە، چاقناپ تۇرغان شەمشەر، ئايپالتىلار بىلەن تاتار چېرىكلىرىنى قىرماقتا. باتۇخان تەجرىبىلىك قوماندان سۇبەتەيدىن، كىيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش كېرەك، دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە، كىيىپنىڭ رۇسلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئانچە ئوڭايغا توختىمىسا كېرەك، — دېدى چىرايى ھامان سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان يەكچەشمە قېرى جاۋاب بېرىپ، — رەزان ۋە ۋىلادىمىر ئورۇسلىرىنىڭ ئۆز شەھەرلىرىنى جان تىكىپ قوغدىغانلىقى ئېسىڭدە بولسا كېرەك. شۇڭا، شەھەرنى پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھەممە تەرەپتىن بىردەك ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك.

لېكىن ، بىز ئالدى بىلەن سېپىلدىن بىر تۆشۈك ئېچىشىمىز لازىم .

— ئۇنچىۋالا قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ! سەن قاراپ تۇر ، ئۇزۇن ئۆتمەي رۇس ئەلچىلىرى پۇتۇمغا يىقىلىپ گۇناھىنى تىلى-مىگىنىنى مەن بىر كۆرەي . ئۇلار بىزنىڭ قانچىلىك قوشۇن بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەمدۇ ؟ بىزنىڭ يىراقتا يۇرۇش قىلىۋاتقان غايەت زور قوشۇنىمىز ئۆز يولىدىكى بىر قونالغۇدا توختاپ قالارمۇ ؟

ئەزەلدىن باتۇخاننى كۆزگە ئىلماي يۈرىدىغان گويۇك خان مەسخىرە بىلەن :

— موڭغۇللارنىڭ مۇقەددەس قېنىنى بىھۇدە تۆكۈشنىڭ نە ھاجىتى . بۇ گۆھەرنى تاشقا ئۇرغانلىق ، ئەڭ ياخشىسى ، شەھەرنىڭ قولىمىزغا كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرايلى ، — دېدى .

— سەن بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۇ بىر قوماندان بولالمايسەن ، — دەپ جاۋاب بەردى باتۇخان زەردە بىلەن .

— سۇبەتەي باھادىر ، سېپىل بۇزىدىغان ئەسۋابلىرىمىز تېخى يېتىپ كەلمىدىمۇ ؟

— يات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ ، — دېدى چىن ئۇستىسى لى تۇڭپۇ خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ ، — بىراق ، ھازىر كەلگىنى بىلەنمۇ دەريا ئۈستىدىكى مۇزدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ . ئالدى بىلەن مۇستەھكەم بىر ئۆتكەل ياساش كېرەك . بۇنداق قىلى-مىساق ، مۇز ئويۇلۇپ چۆشۈپ كېتىدۇ .

سۇبەتەي باھادىر نۆكەرگە بۇيرۇق قىلدى . ھايال ئۆتمەي بىر توپ قىپچاق ئەسىرلىرى ئۇزۇن نەيزە تۇتقان موڭغۇل چېرىكىنىڭ نازارىتىدە دەريا بويىدا ھازىر بولدى . ئەسىرلەر دەريا بويىغا دۆۋى-لەپ قويۇلغان ياغاچلارنى مۇز ئۈستىگە تىزىپ قارشى قىرغاققا ئۆتىدىغان يول ياسىدى . بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈرىدىغان قىپچاقلار ، ھازىر ھەممە يېرى بۇلغانغان ، ھەتتا ئايىغىغا تېرىلەرنى يۆگىۋالغان بولۇپ ، ئىنتايىن روھسىز كۆرۈنەت-

تى . ئۇلار بېشىنى كۆتۈرمەي سۈكۈت ئىچىدە چىشىنى چىشلەپ ئىشلەيتتى . بەزىدە بېشىدا قاراپ تۇرغان ھۆكۈمرانلارغا غەزەپ بىلەن يوشۇرۇن ھومىيىپ قارايتتى . توغرىسىغا بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىپ قويۇلغان ياغاچلاردىن بارا ـ بارا قارشى قىرغاققا قاراپ سوزۇلغان بىر ياغاچ يول بەرپا بولدى .

قارىماققا ، باتۇخان ئەتراپتىكى ئىشلارغا نەزەر كۆزىنى سالمىغاندەك ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك جەدە ئېتى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر يېنىدىكى موما ياغاچقا باغلاغلىق تۇرغان چىپار ئېتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا نان بەردى . ئاندىن ئېتىنىڭ يالىنى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈدى . ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە چۇۋۇۋەتتى . ئەمەلىيەتتە باتۇخان كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى ۋە ئاجايىپ سەزگۈرلۈك بىلەن ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى يوشۇرۇن كۆزىتەتتى .

بىر توپ تاتار سەرۋازلىرى قارشى قىرغاققا ئەۋەتىلدى . يېقىن ئەتراپتىكى ئورمان ئىچىدىن بىر توپ رۇسلار چىقىپ ، تاتار سەرۋازلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىشقا باشلىدى . تاتارلار ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامال قىلالماي ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . رۇسلارنىڭ قىسقا قىلىچلىرى بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئەگرى قىلىچلىرى سەھەردە بالقىپ چىققان قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى .

كىيېفنىڭ قار قاپلىغان چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا ، تاش سېپىللىرىدا ، چېدىرى تاختاي بىلەن ياكى چۆپ بىلەن يېپىلغان ئۆگزىلەردە ، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىيېف خەلقى جىددىي ھەرىكەتتە ئىدى . ئۇلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ ، ئەمدىلا باشلانغان بۇ قانلىق جەڭگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى . گۈيۈك خان قايتا ئېغىز ئاچمىدى . كۆپچىلىك بىر مەيدان قانلىق جەڭدىن خالىي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئىككى دانە تاش ئاتىدىغان ، بىر دانە سېپىل

بۇزىدىغان قورال يېڭى ياسالغان ياغاچ يول ئۈستىدە پەيدا بولدى . ھەربىر قورالنىڭ ئالدىغا نەچچە ئوندىن كالا قوشۇلغان ، ئەتراپىدا بىر توپ ئەسىرلەر ئەگىشىپ ماڭاتتى . ئۇلار بىر تەرەپتىن ، ۋارقى-راپ ئۆكۈزلەرنى ھەيدىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، خەتەرلىك جايلارغا كەلگەندە چاق ئاستىغا ياغاچ ۋە تاختايلارنى قويۇپ ، قورالنىڭ ئوڭۇشلۇق مېڭىشى ئۈچۈن ياردەم قىلاتتى .

باتۇخان قارشى قىرغاقتىكى كېيىڧلىقلاردىن تۇتقۇن كەلتۈ-رۈشنى بۇيرۇدى . بىرنەچچە نۆكەر ئاتلىرىغا مىنىپ جەڭ مەيدانىغا ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى . ئۇلار ئات تۇتىدىغان ئوقۇرۇقلار بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئېلىشىۋاتقان بىرنەچچە رۇسنى تۇتقۇن قىلىپ ، باتۇخاننىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلىدى .

باتۇخان ئايغى ئاستىدا ياتقان رۇسلارغا قىزىقىپ قارىدى . بېشىغا تەگكەن قامچا زەربىسىدىن رۇسلار زورىغا ئورنىدىن تۇر-دى . بىرىنچىسى بويى ئېگىز ، كالتە جۇۋا كىيگەن ئەسكەر ئىدى . ئۇ يېنىدىكى ئەسىرنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ ، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن ھومىيىپ قاراپ قويدى ـ دە ، ئاندىن تىلماچنىڭ سوئاللىرىغا ئىرىنچەكلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى .

— سەن قەيەرلىك ؟ نېمە ئىش قىلىسەن ؟

— سمولېنسكلىق ، دنېپردا سال ھەيدەيمەن .

— سمولېنسكلىق بولساڭ ، نېمىشقا كىيېفتا جەڭ قىلىسەن ؟

— نېمىشقا جەڭ قىلمايدىكەنمەن ؟ بۇ شەھەرمۇ رۇسلارنىڭ تۇرسا !

تىلماچ تۇتقۇننىڭ ئېيتقانلىرىنى باتۇخانغا سۆزمۇ سۆز ئاغدۇ-رۇپ بەردى .

— سەن بۇ جاھىل ئەبلەختىن سورا ، ئۇ نوۋگورودقا بارغانمى-كەن ؟ نوۋگورودنىڭ كىنەزى ئىسكەندەرنى تونۇمدىكەن ؟

— نوۋگورودقا بارغان ھەم ئۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇرغانمەن . كىنەز ئالېكساندىرنى نېمىشقا تونۇمايدىكەن ؟ ئۇ ھەممە يەرگە مەش-

ھۆر ئادەم تۈرسا .

— راستىڭنى ئېيت ، كىيىڧتا قانچىلىك ئەسكەر بار ؟ راستىڭنى ئېيتمايدىكەنسەن بېشىڭنى ئالىمەن .

— كىيىڧتا قانچە ئادەم بولسا ، شۇنچە ئەسكەر بار . ھازىر ھەممە ئادەم قولىغا پالتا ئالدى .

بۇ جاۋاب باتۇخاننىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىۋەتتى .

— بۇ ئەبلەخ ئىنتايىن جاھىل ئىكەن . بىراق ، ئۇ يەنە بىر نەرسىگە ياراپ قالار . ئۇنىڭغا كىشەن سېلىپ ، لى تۇڭپۇغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار ، بۇنداق ئادەملەرگە كىشەن سالمىسا قېچىپ كېتىدۇ .

ئىككىنچى تۇتقۇن ياش جۇۋان ئىدى . ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر بولۇپ ، قانسىراپ كەتكەنىدى . ئايال يوغان كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ ، ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋارقىرىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ، لېۋىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى .

— خوتۇن كىشىنى نېمىدەپ ئەكېلىشتىڭ ! — باتۇخان ئاچچىقى بىلەن سورىدى .

— ئۇنى ئەكېلىشنى مەن بۇيرۇق قىلغان ، ئۇمۇ بىزگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ئادەم . ئۇلارنىڭ بارلىق ئاياللىرى قېرىنداشلىرى ۋە ئەرلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلماقتا ، — دەپ چۈشەندۈردى تىلماچ .

— بۇ قانداق مىللەت ! — باتۇخان غودۇڭشىدى ، كەينىدىن قوشۇمچە قىلىپ ، — كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزدىن ئۆچ ئالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى بالا تۇغقۇزماسلىق كېرەك . ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ، — دېدى .

دنېپىر دەرياسىنىڭ بويىدىكى كىچىك بىر ئورماندا ، باتۇخاننىڭ چېدىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە يەنە بىر چېدىر تىكىلگەنىدى . بۇنىڭدا چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان خانزادە ، باتۇخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى گۈيۈك خان بار ئىدى .

مۇشۇ پەيتتە ، گۈيۈك خان چىڭ قىلىپ باغلانغان تۆگە تېگىد-



www.uyghurkitap.com

قىنىڭ ئۈستىدە دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ قاتتا نوپۇسى كۆپ، يېرى كەڭرى كىيېۋ شەھىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى موڭغۇللار بۇ شەھەرنى ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىكى بىر مەنبە دەپ قاراپ كەلگەنىدى.

بۇ شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈندىن بېرى كەسكىن جەڭ قىلىنىدى. لېكىن، ھازىرغىچە غەلىبىدىن ئۈمىد يوق. نوغايخان يېتەكچىلىك قىلغان «جېنىدىن تويغانلار» قېلىن ئورمان ۋە تاغلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ شەھەر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئاندىن شەھەر مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى سېپىلغا دۇچ كەلگەندە «جېنىدىن تويغانلار» كىيېۋ خەلقىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قالدى. باتۇخان يەنە بىر «تۇمەن»نى ئاۋانگارت قىسىملارغا ياردەمگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى.

تۇرغاۋۇتلار قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر توپ رۇس تۇتقۇنلىرى گۈيۈك خاننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ قول ئىشارىتى بىلەن ئەسىرلەرنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

كىيىملىرى جۇل ـ جۇل يىرتىلغان، ھارغىن چىراي ئەسىرلەر گۈيۈكخان ئالدىدا زوۋان سورمەي تىنچ تۇراتتى. بىر تىلماچ گۈيۈك خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى ۋە بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى گىلەم ئۈستىگە قويدى.

— سىلەر ھۈنەرۋەنمۇ؟ بۇ زىبۇ زىننەتلەرنى سىلەر ياسىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى گۈيۈكخان.

— خوجايىنىڭغا ئېيت، بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۈنەرۋەن يوق، — دېدى ئاپئاق چاچلىق، بومبا ساقال چال قەتئىي قىلىپ.

— يالغان ئېيتماي، راستىڭنى ئېيتىش! شۇ چاغدىلا گۈيۈك خان سەن خەققە ھاياتلىق يولى بېرىدۇ. سىلەرنى ئەتىل دەريا

بويىدىكى ساراي شەھىرىگە ئاپىرىدۇ، ئۇ يەردە باتۇخان ئۇچۇن تىنىچ ئەمگەك قىلىسىلەر ياكى يىراقتىكى خاقان شەھىرى قارا قورۇمغا ئەۋەتىدۇ، ئۇ يەر سەنئەتلىك ئۇستىلارغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق. خان سىلەرنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىڭلارنى بىلىدۇ. كۆرسەتكەن خىزمىتىڭلارغا خاس ئىنئامغا ئىگە بولىسىلەر.

— بىز ھۈنەرۋەن ئەمەس، بىز كىيىپنى قوغدىغۇچىلار. بۇنىڭدىن باشقا سۆزىمىز يوق، — دېدى كۆك كۆز يىگىت.

— ھۈنەرۋەن ئەمەس؟ سىلەر ھۈنەرۋەن ئەمەسمۇ؟ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەنە تەكرارلاپ قوياي، ھۈنەرۋەنلىرىڭ بۇياققا چىق! قالغانلار دەرھال ئۆلتۈرۈلسۇن! — دېدى گويۇك خان غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

ئۇ ئۆمىد بىلەن ئالدىدىكى رۇسلارغا تەلمۈرۈپ قارىدى. رۇسلار قىمىر قىلماي كرېست سىزىپ چوقۇنۇۋاتاتتى. ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى. سەپنىڭ ئىچىدىن بىرمۇ ئادەم ئايرىلىپ چىقمىدى.

— بۈگۈن سىنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ، مانا بىزنى ئۆلتۈر. بىراق، بىز ھۈنىرىمىزنى ھەرگىز دۈشمەنگە ساتمايمىز! — دېدى ئەسىرلەرنىڭ بىرى جاراڭلىق ئاھاڭدا. كەينىدىنلا قوراللىق بىر موڭغۇل كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئارقان تاشلىدى.

## بەشىنچى باب

# ۋادىم قۇربان بولدى

شەھەرلىك خەلق كېتىشى تارقالغاندىن كېيىن ، ۋادىم ئۇدۇل پىچرسكوم موناستىرىغا بېرىپ ئۇستازى بىلەن خوشلاشتى .

— ئۇستاز ، كۆپ ئىشلاردا سىز بىلەن تاكاللىشىپ قالاتتىم . رەنجىتكەن بولسام ئەپۇ قىلغايسىز . خىزمىتىڭىزنى ئوبدان قىلالـمىدىم . قىشلىق سەرجان ئوتتۇنلارنىمۇ تەييارلاپ بولالمىدىم ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ ، — دېدى ـ دە ، ئۇستازىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ كەچۈرۈم سورىدى .

— ئەگەر سېنى رەنجىتىپ قويغان ياكى ياخشى ئۆگىتەلمىگەن يەرلىرىم بولسا مېنى ئەپۇ قىلغىن ، — دېدى ياشانغان ئۇستاز تونىنىڭ يەڭلىرى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — ئوتتۇنىڭ ئىشىنى كۆڭلۈڭگە ئالما ، ھازىر ئۇنىڭغا قارايدىغان كىمـنىڭ چولىسى ! جېنىمىز ئامان قالـسا شۇنىڭـغا شۈكـۈر ! نـەگە بارماقچى بولۇۋاتىسەن ؟

— ئالدى بىلەن ئۆيگە بارىمەن ، ئاندىن كوزىچى ئۇستامنىڭ ئۆيىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئۆزۈمگە مۇۋاپىق بىر جاي تاپىمەن .

— بىز مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىشىپ كېتەرمىزمۇ ـ ھە ؟ — موناخ ئەنسىزلىك بىلەن سۆزلەيتتى ، — خۇدا تاتار باسقۇنچىلىرىـنىڭ سېپىلدىن ئارتىلىپ شەھىرىمىزگە بېسىپ كىرىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرارمۇ ؟ كىيېۋ بىنا بولۇپ ھازىرغىچە نەچچە يۈز يىل ئۆتتى ، تا ھازىرغىچە پىچىنگلار ، بېرىنلار ، تۈركلەر ۋە قىپچاقلارـ

نىڭ ھېچقايسىسى بىزنى يېڭەلمىگەن ، بەلكى ئەجدادلىرىمىز تەرد-
پىدىن يېڭىلىپ چېكىنگەن . ئەي خۇدا ! دۇشمەننى بۇ قېتىممۇ
شۇنداق چېكىندۈرگەيسەن !
بوۋاي ۋادىمنىڭ جەڭدە نۇسرەت تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى .

ۋادىم بىلەن كوندىرات تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ يېرىمى يەر ئاستىدا
ئىدى . ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ بىرى كەڭرەك ، ئىككى دېرىزد-
لىك ، يەنە بىرى كىچىكرەك بولۇپ ، بىر دېرىزىلىك ئىدى ، بۇ-
لۇڭدىكى خۇمدان ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەننىدى .
چوڭ ئۆينىڭ تام تەرىپىگە قويۇلغان ئۇستەللەر ئۈستىگە پۇختا
ئىشلەنگەن ساندۇقلار قويۇلغان ، ئۇلارغا نەپىس ئىشلەنگەن كوزد-
لارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى قاچىلانغانىدى . بۇ ئەۋرىشكىلەردىن قارىغاند-
دا ، ۋادىم كوندىراتنىڭ ھۈنىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ كاما-
لەتكە يەتكەن ئۇستا بولۇپ يېتىشكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى .
ۋادىم ئۆيگە كەلگەندە كوندىرات تازا جىددىي ئىشلەۋاتاتتى .
ئۇ ۋادىمدىن خەلق كېڭىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەشۋىش ئىچىدە
ئاڭلىدى .
— بۇ نېمە پىشكەللىك ؟ ھال - كۈنىمىز ئەمدىگىنە ياخشىلاند-
غاندا بىزنى نەس بېسىپتۇ - دە ! «ھەممە ئادەم سىپىلغا چىقسۇن»
دەپ چاقىرىق قىلغانىكەن ، ئىشنى تاشلاپ چىققۇلۇق . يوشۇرۇنۇپ
يۈرۈش بىزگە نومۇس ! كۆپ بىلەن بولغان ئۆلۈم بەجايىكى توي ،
دەپتىكەن ، ئۆيدە ئىت بىلەن مۈشۈك قالدى .
ئۇستام ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ ، تۇرخۇننى ئەتتى ، ئاند-
دىن پاراڭلاشقىلى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى . ۋادىم ئۈس-
تەلنىڭ يېنىدا ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ
قالدى ، ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى تىرىكچىلىك ئەمەس ئىدى .
ئىككىسى كېچىچە ئۇياققا ئۆرۈلۈپ - بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا
ئۇخلىيالمىدى . كوندىرات توختىماي يۆتىلەتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ
چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قوياتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇستام پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ، بىر پارچە بولكىنى ئالدى. ئۆزى بىر پالتىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، يەنە بىر پالتىنى ۋادىمغا بەردى ـ دە، ئىككىسى بىرلىكتە ئۆيدىن چىقىپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئۆي ئىچىدە يالغۇز قالغان مۇشۇكنىڭ مىياۋلىغان مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇلار خېلى يەرگە بارغۇچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

قوشنىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سىمىرىنكا بىلەن سوفىسا تۇراتتى.

— سىلەرمۇ بىز بىلەن بىرگە بارامسىلەر! بۇيرۇق دېگەن ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش. كومزەككە پاكىز سۇ ۋە پاكىز لاتا ئېلىۋېلىڭلار، ياردارلارنىڭ يارىسىنى تاڭىسىلەر.

— بىزمۇ شۇنداق قىلايلى دېگەن. موماي كەلسىلا بارىمىز.

تاتارلار شەھەرنى پۈتۈنلەي قامال قىلغانىدى. كىيېف خەلقى مەركىزي كوچىلارغا يىغىلغان، سېپىل ئۇستىدىمۇ ئادەم ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

ۋادىم بىلەن كوندىرات سېپىل ئۇستىگە ئەمدىگىنە چىقىۋىدى، تاتارلارنىڭ ئاتقان ساداق ئوقى ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يېقىنلا يەردىكى قارغا سانجىلىپ قالدى. ئارقىدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مۆكۈنۈڭلار! ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال!

بىر كىشى ئازاب بىلەن ئىڭراشقا باشلىدى.

زەھەرلىك ئوق ئۇنىڭ يەلكىسىگە سانجىلغانىكەن.

ۋادىم تەقەززالىق بىلەن يىراقلارغا قارىدى. ئۇ ھازىر كىيېفنىڭ تۆپىلىك ئۇستىگە جايلاشقان قىسمىنى قورشىغان ئىچكى سېپىل ئۇستىدە ئىدى. تۆۋەندە ئادەم ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار، كۆپرەكى ياشلار ئىدى. ئۇنىڭ نېرىسىدا مۇز بولۇپ قاتقان دنېپر دەرياسى سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— ئۇ قاتقا قارا، — دېدى كوندىرات پەس ئاۋاز بىلەن، — ئەنە تاتارلار، ۋاي ـ ۋۇي، بۇ خەق چۇمۇلىدىنمۇ كۆپقۇ؟

www.uyghurkitap.com

دەرۋەقە تاتارلارنىڭ كۆپلۆكىدىن ئۇ قاتتا قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيتتى ، يېقىلىپ تۇرغان گۇلخانلار ھەددى ـ ھېسابسىز نۇرغۇن ئىدى . تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلەرى ، قوشۇن بىلەن بىرگە يۇرۇۋاتقان ھارۋىلارنىڭ ئەنسىز غىچىرلاشلىرى ، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرى ، نۆكەرلەرنىڭ بۇيرۇق بېرىشلىرى قوشۇلۇپ كىشىنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان بىر غوۋغا پەيدا قىلغانىدى .

تاتارلار سان جەھەتتىن ئېيتقاندا كېيىنكى مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ ئىدى . ئۇيۇقتا كۆرۈنۈۋاتقان قارا نۇقتىلارغا قارىغاندا موڭغۇل قوشۇنىنىڭ باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى .

ۋادىم ئارىلىقتا ئۆيىنى بىر يوقلاپ كەلدى . ئاچ قالغان ئورۇق ئىت ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ۋادىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى .

— ھازىر ساڭا قارايدىغان ۋاقىت ئەمەس ! — دېدى ۋادىم ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

ئۇ چىتلاقنى ئەگىپ ئۆتۈپ قوشنا قىزلارنى كۆردى . قىزلار ئۇنىڭدىن سېپىل ئۈستىدىكى ئەھۋاللارنى سوراشتى . ئۇلار تاتارلار توغرىسىدا ھەرخىل سوئاللار سورىدى . شەھەر ئىچىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەندىن قورقۇپ ، ئۆيىدىن چىقالماي قالغانلىقىنى ، مومىسىنىڭ تېخىچىلا قايتىپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى .

— موماي قايتىپ كەلگەندە بىز يوق بولۇپ قالساق قانداق قىلغۇلۇق . ئۇ چاغدا بىزنى ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغان قانجۇقلار دەپ راسا تىللايدۇ .

ۋادىم تۈنۈگۈن مومايىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، بۇ ھەقتە قىزلارغا ئۈنچىقمىدى . ئۇ كۈنى موماي ئەڭ ئاخىرقى بولكىسىنى پىشۇرۇپ ئۆيىدىن چىققان پېتى كۈندىكىدەك بازارغا ئېلىپ بارماي ، ئۇدۇل سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بولكىنى مۇھاپىزەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىپتۇ . دەل شۇ يەردە تاتارلار ئاتقان ساداق

ئوقى ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ .
ۋادىم ئۆزىنىڭ بۆلۈمىگە كىردى . ئۆي ئىچى بۇرۇنقىدەك رەتلىك ۋە تىنچ ئىدى . ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىدە كرېست ، زىننەت بۇيۇمى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان سۇزۇك كەھرىۋا «ۋاپىنسا» غا قاچىلانغان ھەرخىل بوياقلار تۇراتتى . بۇرۇن بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا قانچىلىك خۇشاللىقلارنى بېغىشلىغان - ھە !
ئۇ بىر بولكىنى ئېلىپ يېرىمىنى ئىتقا بەردى ، يېرىمىنى پاكىز داستىخانغا يۆگەپ قوينىغا سالدى . قالغان بولكىنى چوڭ كۇپىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى . مۈشۈكنى چاقىرىۋىدى ، ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى . ۋادىم ئاخىرقى قېتىم ئۆي ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن ، ئۆيدىن چىقىپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى . ئۇ تېخىچىلا ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان قىزلار بىلەن قول ئىشارىتى قىلىپ خوشلاشقاندىن كېيىن ، ۋارقىراش - جارقىراشلار پەلەككە كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە قاراپ يول سالدى .
توساتتىن بىرخىل ناتونۇش ئاۋاز ۋادىمنى يولدىن توختاتتى . بۇ بىر خىل يەر تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئاۋاز ئىدى . ئاۋاز ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ بىرخىل رىتىم بىلەن چىقاتتى .
ئەسلىي بۇ موڭغۇللارنىڭ سېپىل بۇزىدىغان قورالىنىڭ ئاۋازى ئىكەن .
دېمىترى سەردارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سېپىلنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە بۆلۈنگەن كىيېفلىقلار دۈشمەننىڭ زەربىدار قوشۇنىنىڭ قايسى ئورۇنغا ئاساسىي كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمىگەنىدى .
بىرى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى :
— تاتارلار سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىردى !
دەرۋەقە تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك سېپىل بۇزۇش قورالىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ، كىيېفنىڭ ليودىسكى دەرۋازىسىنى بۇزۇپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولغانىدى . دۈشمەن ئاتلىق چېرىكلىرى

www.uyghurkitap.com

دەرۋازىدىن خۇددى توسمىدىن كىرگەن سۇدەك شەھەر ئىچىگە بۆسۇپ كىرىپ كوچا ـ كوچىلارغا بۆلۈنۈپ ئاقتى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كوچىلاردا جەسەتلەر تاغ بولۇپ دۆۋىلەندى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاتارلارمۇ ، رۇسلارمۇ بار ئىدى . كەسكىن ئېلىشىش يەنىلا داۋام قىلماقتا . ۋادىم قالايمىقان توپنىڭ ئىچىدە كوندىراتنىڭ بىر توپ دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە ئالدىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلغان ياۋنى پالتىسى بىلەن يەر چىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەزەلدىن مۇلايىم ، تىنچ يۈرىدىغان ۋادىم ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بىلمەيتتى . ئۇ پەقەت ئۆز يولدىشىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىدىكى دۈشمەن ئېتىنىڭ تۇمشۇقىغا پالتا بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويدى . ئات ۋە ئات ئۈستىدىكى موڭغۇل گۈپپىدە يىقىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلدى . ھاڭۋېقىپ تۇرغان يەنە بىر تاتارمۇ پالتا يەپ يەر چىشلىدى . شۇنىڭ بىلەن كوندىرات دۈشمەن مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى . ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋادىمنى چاقىردى . ھەممە يەردە «ئۇر ! يىقىت !» بولغاچقا ، ۋادىم ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىدى .

توساتتىن ، يان كوچىدىن بىر توپ موڭغۇللار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى . ئۇلار ھۆركىرىگىنىچە ۋادىمغا قاراپ تاشلاندى . ئۇ بېشىنى ئەمدى كۆتۈرۈۋىدى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياللىق ئاتنىڭ بېشى ، پارقىراپ تۇرغان قىلىچ ، كۆزلىرى قىسىق قاپقارا بىر ئادەمنىڭ يۈزى نامايان بولدى ، ئۇ ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن چەتكە ئېلىپ يوغان بىر دەرەخكە يۆلىنىۋالدى ، شۇ ئەسنادا بېشىغا چاقناپ تۇرغان دۇبۇلغا كىيگەن موڭغۇل سەرۋازنىڭ دۈمبىسىگە قاياقتىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان بىر نەيزە كېلىپ قادالدى . ئۇ ئاتتىن غۇلاپ قار ئۈستىگە يىقىلدى . لېكىن ، بىر پۇتى ئۈزەڭگىدە قالغاچقا ، ئات ئۇنى سۆرىگىنىچە چېپىپ كەتتى . ۋادىم يۈگۈرۈپ بېرىپ دۈشمەندىن قالغان قىلىچنى ئېلىۋالدى . دەل شۇ چاغدا ، كەينىدىن بىرى كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى ، ھەتتا ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىققان ئىسسىق تىنىق ۋادىمنىڭ بوينىغا تېگىپ تۇرات-

تى . ۋادىم پەملەپ تۇرۇپ دۈشمەننىڭ بېشىغا ئارقىچىلاپ قىلىچ ئۇردى . موڭغۇل سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈۋېتىپ ، ئۆز سالمىقى بىلەن ۋادىمنىمۇ يىقىتىۋەتتى . ۋادىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دۈشمەنگە قايتا زەربە بېرىشكە تەييارلانغاندى ، قارىغا ئېلىنغان ساداق ئوقى دەل ئۇنىڭ كۆكسىگە كېلىپ تەگدى . ئۇ يەرگە يىقىلدى . دۈشمەننىڭ بىرقانچە ئاتلىق چېرىكلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېتىنى دەسسىتىپ ئۆتۈپ كەتتى . ۋادىمغا پۈتۈن ئەتراپ توساتتىن تىمتاس بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ سېزىمى بارغانسېرى غۇۋالىشىشقا باشلىدى . پەقەت ئۇنىڭ سەزگىنى ئۈستىدىكى كۆك ئاسمان تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى . بۇ ئاسماندۇ ؟ ياق ! ئۇ ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش ، ئىنتايىن يېقىملىق بولغان ھېلىقى بىر جۈپ زەڭگەر كۆز ! ئەنە ، ئۇ بارا – بارا يېقىنلاشماقتا . مانا يۈزىگە شۇنداق يېقىن كەلدى…

ئەتراپ پۈتۈنلەي ئوت دېڭىزىغا ئايلانغاندى .

موڭغۇللار ۋادىملارنىڭ كوچىسىغا بېسىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ قوشنىسى سۇفىسا بىلەن سىمىرنىكا قورقىنىدىن ئۆلەيلا دەپ قالغاندى . ئۇلار دەرھال ئۆيىنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋالدى .

ئۇشتۇمتۇت دەرۋازا ئۆكتەملىك بىلەن ئۇرۇلدى .

دەرۋازا سىرتىدا ۋارقىرىغان ۋە ئېلىشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— دەرھال يوشۇرۇنايلى ! نەگە مۆكىمىز !

— سىمىرنىكا ، بولكا پېچىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالايلى . بۇگۈن پېچقا ئوت يېقىلمىدى . بىزنىڭ ئۇ يەرگە مۆكۈنىۋالغانلىقىمىز ھېچكىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلمەيدۇ .

ئىككى قىزچاق قىستىلىشىپ ئاران دېگەندە پېچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى .

سىرتتىكى ۋارقىرىغان ئاۋازلار بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى . پېچىنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقان كۆمۈر گازىنىڭ پۇرىقى ئۇلارنى بارغانسېرى بىئارام قىلىۋاتاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى .

ئۇلارنىڭ غېمى تاتارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئىدى .

كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان موڭغۇل سەرۋازلىرى بۇ كوچىدىكى بىر ئائىلىنىڭ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىنمىغانلىقىنى بايقاپ قالدى . ئارىدىن ئىككى موڭغۇل ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى . دەرۋازا ئىچىدىن ئىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئىككى موڭغۇل بىرلىشىپ مۈرىدەپ ئاخىر ئاچتى .

ئىككىسى كىرىپ ئۆينىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى . پەقەت دېرىزە تۈۋىدە ساندۇق تۇراتتى . ئۇلار ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭدىن ئاياللارنىڭ كىيىملىرى ، تېرىلەر ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر چىقتى .

بۇ ئىككى ئەبلەخ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ بىر نەرسىنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قېلىشتى . ئۇلار جېدەل بىلەن بولۇپ ئۆينىڭ تورۇسىغا تۇتاشقان ئوتنى سەزمەي قېلىشتى . ھەش - بەش دېگۈچە ئوت يالقۇنى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالدى .

ئىككى موڭغۇل ئوتنى كۆرۈپ پەسكويغا چۈشتى بولغاي ، ئولجىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى . دەل شۇ پەيتتە ، كۆيۈۋاتقان تورۇس بىراقلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى . يايلاقتىن كەلگەن ئىككى قاراقچى بىلەن پېچ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىككى قىز ئۆينىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى .

ئۇنىڭ قۇلىقىغا چىركاۋدا ئېيتىلىۋاتقان مۇناجات ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى . تۇرۇپلا بۇ ئاۋاز مەسۇم بىر قىزچاقنىڭ چاقىرغان ئاۋازىغا ئوخشىشاتتى ... ياق ! بۇ شىۋىرغاننىڭ ئاۋازى ، كوندىرات ئەنە شۇنداق تەسلىكتە ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى . چېكە تومۇرلىرى تارسىلداپ سوقۇۋاتاتتى .

بەلكىم بىرى تەۋرىتىۋاتقاندۇ ؟

— كوندىرات تاغا ! كوندىرات تاغا ! سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسىز ؟ تېزرەك تۇرۇڭ ! قانداقمۇ قىلارمەن ! ئەگەر سىزنى تاشلاپ كەت-

سەم ، تاتارلار ھازىرلا كېلىپ سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

كوندىرات ھوشىغا كەلدى . ئۇ ئالدىدا تۇرغان مەسۇم بىر چىرايىنى كۆردى .

— نېمە بولدىڭىز ، مېنى تونۇيالمايۋاتامسىز ؟ مەن سىزنىڭ جىيەن قىزىڭىز لىيۇباشا ئەمەسمۇ ، سىزگە ئات ئېلىپ كەلدىم .

كوندىرات ئىككى بىلىكىنىڭ ۋە بېشىنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى . بىراق ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك ، ھايات قالغان كىيىفلىقلار قېچىپ بارغان يەرگە بېرىشى كېرەك . بېشىغا قولاقچا ، ئۇچىسىغا ئەرەنچە كىيىم كىيگەن بۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ جىيەن قىزى لىيۇباشا ئىكەنلىكىنى تەستە تونۇدى .

— ھوشىڭىزغا كەلگەنلىكىڭىز بەك ياخشى بولدى ! ئەمدى خەتەردىن قۇتۇلدىڭىز . تاتارلار بايا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى ، ئېھتىمال دىياتوي موناستىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كەتكەن بولسا كېرەك . بۇ ئات ئىگىسىنى قەيەرگە تاشلىۋەتتىكىن . مەن كۆرگەندە چۇلۋۇرى بىر دەرەخكە يۆگىلىپ قاپتىكەن ، شۇ يەردىن يېشىپ كەلدىم .

— سەن دەرھال بۇ ئاتقا مىنىپ بۇ يەردىن كەتكىن ، قارا بۇ يەر نېمە بولۇپ كەتكەن !

— سىز مىنىڭ كوندىرات تاغا ! سىز مىنىڭ ! مەن ئات تاپالايمەن . كىيىفنىڭ ھەممە يېرىدە چۇلۋۇرىنى سۆرەپ يۈرگەن ئىگىسىز ئاتلار كۆپ . بىراق ، مەن كىيىفنى تاشلاپ كەتمەيمەن . مەن كۆپچىلىككە ئوخشاش بۇ نەرسە بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرىمەن ، — دېدى لىيۇباشا بېلىدىكى چاققان بىر پالتىنى كوندىراتقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

قىزچاق كوندىراتنى ئاتقا مىنگۈزۈپ قويدى . ئايرىلىش پەيتى يېتىپ كەلدى . ئەتراپتىكى ئۆيلەر ياناقتا . لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلگەن يالقۇن كۆكتىكى بۇلۇتلارنىمۇ قىزارتىۋەتكەنىدى .

لىيۇباشا ئېلىپ كەلگەن بۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئېگەر رۇس پاسونىدا بولمىغاچقا ، مىنىشكە بەكمۇ ئەپسىز ئىدى . ئات توختىماي

www.uyghurkitap.com

پۇشقۇراتتى ، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ئالدىغا كەلگەن ئادەمنى چىشلەيتتى .

— چاپسان ، تېزرەك بولۇڭ ! — قىزچاق ئالدىراتتىشقا باشلىدى ، — تاتار باسقۇنچىلىرى هازىرلا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، خەير ـ خوش ، كوندىرات تاغا ! — دېدى ـ دە ، ليۇباشا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

كوندىرات ئاتنىڭ بېشىنى دەرهال بىر تار كوچىغا بۇراپ چاپتۇرۇپ كەتتى . يول بويى تاتارلاردىن هوشيار بولۇپ ماڭدى .

قوزغال ، قەهرىمان رۇس خەلقى يەنە !
كېچە ئۇخلىسۇن ، لېكىن ئۇخلىمىسۇن كىيىڭ يەنە !
بىلەڭلار ، ئۆتكۈرلەشسۇن ساداق ئوقۇڭلار ،
بىلەڭلار ، پارقىراسۇن زۇلپىقارىڭلار .
يېقىنلاپ قالدى ياۋۇز تاتارلار ،
شۇم ئەجەل بىر توپ ۋەهشىي هايۋانلار .
ئۇلار سۆڭەكلىرىمىزدىن سالماقچى بىنا ،
قوۋۇرغىلىرىمىزدىن سالماقچى ساراي .
رۇسلارنىڭ جەسەتلىرىنى كېسىپ ۋە تىزىپ ،
ياسىماقچى ئۆزىگە ئورۇندۇق قىلىپ…

ناخشا ئىنتايىن مىسكىن ۋە مۇڭلۇق ئىدى . بۇنى كوندىراتنىڭ جىيەن قىزى ليۇباشا ئېيتىۋاتاتتى . ئۇ سېپىل ئۈستىدە ئاياللار بىلەن سېۋەت توقۇغاچ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى . سېۋەتنى توقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا قۇم ـ شېغىل قاچىلاپ دەرهال سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يېرىگە تىزاتتى .

بۇ جاپالىق كۈنلەردە ، كىيىۋفتا بىكار يۈرگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى ، لېكىن ئەڭ جىددىي ، ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىشلارنى هۆددىگە ئالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايتتى .

باللار تاش ، تاختاي توشۇيتتى ، قىزلار ماي داغلاپ ، سۇ

قاينىتاتتى . قىلىچ ـ نەيزە ، ساداق ، ھەتتا پالتا ئىشلىتەلەيدى-
غانلىكى ئادەم بولسا ، ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپتە بىر كىشىلىك ئورنى
بار ئىدى . ئۆز ئورنىدا تۇرغان ھەربىر ئادەمنى ، ئۇ تا ئۇرۇشتا
ئۆلمىگۈچە ھېچكىم ئۇنى ئۇ يەردىن قوزغىيالمايتتى .

كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتمەكتە . قەھرىمان مۇداپىئەچى-
لەرنىڭ سېپى بارغانسېرى قىسقارماقتا . كېمەيگەن جەڭچىنىڭ
ئىزنى باسىدىغان ئادەم يوق ئىدى .

تاتارلار تەۋرەنمەي ھۇجۇم قىلماقتا . ئۇلارنىڭ ساداقلىرىدىن
ئېتىلغان ئوق دەستىدىن كۈننىڭ يۈزى توسۇلۇپ قالاي دېگەندى .
سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىرگەن ئاتلىق چېرىكلەر ساناپ تۈگەتكۈ-
سىز . ئۇلار پۈتۈن نەرسىنى قىرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . دۈشمەن-
نىڭ غەلىبە قىلىشى باھادىرلارنىڭ قەھرىمانلىقىدىن ياكى ئۇرۇش
شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ئەمەس ، بەلكى ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈ-
كىدىن بولۇۋاتاتتى . ھەربىر رۇس ئادىمى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى
نۇرغۇنى ئەسكەر ئەمەس ، بەلكى ئۆمرىدە قىلىچ ، نەيزە دېگەننى
ئىشلىتىپ كۆرمىگەن ئۇستىلار ياكى ئاددىي پۇقرالار ئىدى . ئۇلار
خىل قوراللانغان ، مول تەجرىبىگە ئىگە ئۈچ ـ تۆت تاتار چېرىكلى-
رىگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى .

بىرنەچچە كوچا ئىككى تەرەپنىڭ قۇچاقلىما جەڭدىن كېيىنكى
جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى . دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە چەمبىرى-
كى بارغانسېرى تارايماقتا . مۇھاپىزەتچىلەر كەينىگە بۇرۇلغۇدەكمۇ
ئىمكان قالمىدى . لېكىن ، كېيىنكىلار شۇنى كۆردىكى ، تاتارلار
غايەت زور تالاپەت كۆرۈۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن
ياردەمگە كېلىۋاتقان قىسىملىرى جەڭگە كىرەتتى . لېكىن ، ئامان
قايتىپ چىقالمايتتى . دۈشمەن ئۈچۈن ئازغىنە ئىلگىرىلەش كۆپ
بەدەل تەلەپ قىلاتتى . كېيىنكىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئالدىغا كەلگەن
دۈشمەننى زەربە بىلەن قىرماقتا ، ئۇلار ئاخىرقى بىرتامچە قېنى
قالغۇچە ئېلىشماقتا . ئۇلارنىڭ قېنى ھەرگىز بىكارغا ئاقمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## كىيىفنىڭ ئاخىرقى كۈنى

ئۇرۇش ئەڭ كەسكىن باسقۇچقا كىرگەندە، باتۇخان بىر چېر-كاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدا تۇرۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، جەڭگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. موڭغۇللار ئىنتايىن زور بەدەل تۆلەپ، تاش ۋە ياغاچلار بىلەن توسۇلغان كوچىلارنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ، ئاخىر مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بۇ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان چېركاۋ ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى دەھشەتلىك جەڭ باشلاندى.

باتۇخان ئات بىلەن بۇ مەيدانغا كەلگەندە، ئەتراپىنىڭ پۈتۈنلەي جەسەتلەر، ئىگراپ ياتقان ياردارلار، سۇنايلىنىپ ياتقان جەڭ ئاتلىرى بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى. دىياتنوي چېركاۋىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قالدۇق جەڭ داۋاملاشماقتا. چېركاۋ ئىشىكى ئالدىدىكى ۋە ئۆگزىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھېلىمۇ تاتارلارغا ساداقتىن ئوق ئۈزمەكتە، تاش دومىلاتماقتا.

بىر كىشى ئۆلارنىڭ ئارىسىدىكى بەستى قامەتلىك، يىشى توختىغان، پولات ساۋۇت كىيگەن ئادەمنى باتۇخانغا كۆرسەتتى. بۇ كىشىنىڭ دۇبۇلغىسى تېشىلگەن، بېشىدىن ئاققان قان يۈزىنى بويلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ چېركاۋ سېپىلىغا يۆلىنىپ نەپسى قىسىلىپ ئاغزىنى ئاچقان ھالەتتە تۇراتتى.

— ئاۋۇ بويى ئېگىز باھادىر كىيىف قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالىي سەردارى دىمىترى بولىدۇ، — دېدى تىلماچ باتۇخانغا چۈشەندۇ-رۇپ، — ئەگەر سەن بۇيرۇق قىلساڭ، باھادىرلىرىڭ ئۇنى ھازىر

جەھەننەمگە يوللايدۇ.

— بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. مېنىڭ چېدىرىمغا تىرىك ئېلىپ بارسۇن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

ئات تۇتىدىغان بىر سالما تۇپتوغرا ھېلىقى يارىلانغان ئەسكەرنىڭ بېشىغا چۈشتى. ئارقان چىڭ تارتىلغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە يىقىلدى. تاتارلار دېمىترىنى باغلاپ ئاتقا يۈك ئارتقاندەك ئارتىپ ئېلىپ كەتتى.

تاش بىلەن ياسالغان ئالتۇن مۇنارلىق ئاجايىپ كۆركەم چېركاۋ ئىچىگە كىيېفنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تۆرە ۋە بايلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن بالىلىرى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ جاي ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھلانغان ماكانى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلىرى ۋە قىممەت باھالىق مويىن ۋە كىيىملىرىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ نەرسىلەر كىيېفقا بېسىپ كىرىپ كاتتا باي بولۇش خىيالىدا يۈرگەن موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ ئىگە بولماقچى بولغان ئولجىلىرى ئىدى.

چېركاۋنىڭ ئىچى گۈڭگا ۋە ئىنتايىن دىمىق ئىدى. ھەممە كىشى دۇرۇت ئوقۇپ تەڭرىنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشىنى ئىلتىجا قىلاتتى، بالىلار يىغلايتتى.

بىرنەچچە كىشى خېلى بۇرۇنلا چېركاۋنىڭ ئاستىدىن تۆپىلىكنىڭ كەينىگە چىقىدىغان بىر ئۆڭكۈر قېزىپ، كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانغا كىرىپ كېتىشنىڭ پىلانىنى قۇرغانىدى.

ئۆڭكۈردىن چىققان توپىنى ئۇزۇن ئارقانغا باغلانغان ياغاچ چېلەك بىلەن تارتاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆڭكۈرمۇ خېلى يەرگە يېتىپ باردى. كىشىلەردە قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈمىدى تۇغۇلدى. ئۇلار ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا ئىشىكنى قەتئىي ئېچىپ بەرمەسلىك نىيىتىگە كەلدى.

لېكىن، موڭغۇللار كۈتۈپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدى. چۈنكى، ئەتراپ ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان، مەيدان ئىس - تۈتەك ۋە

يالقۇننىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغانىدى . شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئۇل-
غايغان ئوتتا تاختاي ، ياغاچلار كۆيۈپ ، بىنالار تۇشمۇ تۇشتىن
ئۆرۈلۈۋاتقان شارائىتتا بۇ جايدا تۇرۇش خەتەرلىك ئىدى .
ئۇنىڭ ئۈستىگە ، باتۇخان غەزەپ بىلەن :
— بۇ ئۆيىنىڭ تاش تېمىنى دەرھال بۇزۇڭلار ، — دەپ بۇي-
رۇق قىلدى .
سىپىل بۇزىدىغان ئەسۋابنى سۆرەپ كېلىشتى . تەجرىبىلىك
نۆكەرلەر بۇ ئەسۋابنى تاش تامغا روبىرو قىلىپ قۇردى . تۆمۈر
باشلىق يوغان لىمنى ئالدى ـ كەينىگە ھەرىكەتلەندۈرۈپ سالمىقىنى
ئاشۇرغاندىن كېيىن زەربە بىلەن تامغا ئۇرۇشقا باشلىدى . تامنىڭ
ئۆرۈلۈشى بىلەن بىرگە ھەيۋەتلىك چېركاۋ بىناسى بىراقلا غۇلاپ
چۈشتى . ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ قىممەتلىك بايلىق-
لىرىنىڭ ھەممىسى يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى . موڭغۇللارمۇ
ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىدى .
ئەتراپتىكى ئوت تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى . ئەمدى مەيداندا
تۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى . باتۇخان قوشۇننى باشلاپ ئوت چەمبە-
رىكىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى .
تاتار داھىيسىنىڭ بۇيرۇقى ئەمەلگە ئاشتى . نۆكەرلەر
چەمبەرچاس قىلىپ باغلانغان سەردار دىمىترىنى دنېپر دەرياسىنىڭ
سول قىرغىقىدىكى خاقاننىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلدى .
خاقاننىڭ چېدىرىدا تارىخچى ھاجى رەھىم بىلەن ھەكىم تەقۋا-
دار دۇتان بىرلىكتە رۇس تۇتقۇننىڭ يارىسىنى يۇيۇپ ، قان توخ-
تىتىدىغان دورىلار بىلەن تاڭدى . دىمىترىنىڭ شۇنچە ئازابقا تەرىنى
بۇزماي بەرداشلىق بېرىشى ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى .
باتۇخان چېدىرغا كىرىپ يارىلانغان بۇ سەردارغا ئۇزۇنغىچە تىكى-
لىپ قارىدى . ئاخىر ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى :
— سەن ھەقىقىي باھادىرسەن . ئىختىيارىڭ بىلەن مېنىڭ
قوشۇنۇمغا كىرىپ ، خىزمىتىمنى قىل .
دىمىترى جاۋاب بەرمىدى .

— مېنىڭ قوشۇنۇم رۇس تۇپرىقىدا قالسۇنمۇ ياكى دەرھال يۇرۇشكە ئاتلىنىپ «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرسۇنمۇ، مەسلىھەتىڭنى بەرگىن. راست سۆزلىسەڭ ساڭا جازا يوق، بەلكى ئىنئام بار. ماڭا جاۋاب بەرگىن.

دىمىترى تەستە ئېغىز ئېچىپ سۆزلىدى:

— تاتارلارنىڭ بۇ يەردە قېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، رۇسلارنىڭ تۇپرىقىنى بويسۇندۇرۇپ بولدۇڭ، كىيىڭنىڭ كۆلىمۇ كۆككە سورۇلدى. شەھەر ئىچىدە ئادەم ئۆلتۈرگۇدەك بىر ئېغىز ئۆي قالمىدى ياكى شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى بىرەر بېجىرىم ئادەممۇ قالمىدى. سەن ئۇرۇشخۇمارسەن. سەن يەنە يېڭى جەڭلەردە زەپەر قۇچۇشۇڭ، يېڭى شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇشۇڭ كېرەك. تېزدىن يۇرۇشكە ئاتلىنىپ باشقا ئەللەرنى بويسۇندۇرغىن. مېنىڭچە، ئۆزۈڭمۇ بۇ يەردە قېلىشنى خالىمايسەن.

دىمىترى سۆزىنى ئىنتايىن ئاستا قىلاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ لەۋلىرىنى يالايتتى.

باتۇخان ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرى بىلەن سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، سۇبەتەي باھادىرغا پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ ماڭا دەرھال غەربكە يۇرۇش قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىۋاتىدۇ. نۆكەرلىرىمنىڭ بۇ زېمىندىن پاتراق كېتىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە دىمىترىدىن سورىدى:

— مەن قايسى جايدا، قايسى مەملىكەتتە ئاتلىرىم ئۈچۈن ياخشى بوغۇز - يەمگە ئىگە بولىمەن؟

— ئەلۋەتتە، پايانسىز ئورگار يايلاقلىرىدا.

— سەن مېنىڭ بىلەن بىرگە بارغىن، — دېدى باتۇخان، — يول بويى مېنىڭ سەركەردەم بولغىن.

— سەركەردە بولۇش؟ ئۆزۈممۇ ياخشى سەركەردە ئەمەسمەن. ھاياتىم ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدۇ، — دېدى دىمىترى مەسخىرە بىلەن، — مەن ھازىر ئۆلۈپ كېتىمەن، بۇمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى

ـدەك ئىش .

باتۇخان تىترەپ كەتتى . ئەتراپتىكى كىشلەرمۇ بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى . دەل شۇ چاغدا ئىككى تاتار يۈزبېشى ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ كىرىپ باتۇخاننى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزۈپ :

— ئۇلۇغ جاھانگىر ! بۇ خۇدا ئۇرغان يەر ئىكەن ! بىزنىڭ ئەمدى كېيىڧتا قىلىدىغان ئىشىمىز قالمىدى ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى ، — دېدى .

گۈيۈك خان باتۇخانغا ئەگىشىپ كېيىڧتىن ئايرىلىدىغان چاغـدا ، يېنىدا يۈرىدىغان بىر ھەقەمسايىگە شۇنداق دېدى :

— بۇ يەرنىڭ يېشىل ئاسمىنى باتۇخانغا كۈلۈپ باقمىدى ، ماڭمۇ شۇنداق . جاھانگىر قوشۇن ئەۋەتىپ كېيىڧنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا ، كەينى ـ كەينىدىن ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار ئالدىنقى سەپكە بارديۇ ، قايتىپ كەلمىدى . شۇ چاغدا مەن ساھىبقىرانغا : ئۇلۇغ جاھانگىر ! ئۇرۇش خۇداسى سولدى ئەڭ قەھرىمان كىشىلەرگىلا غەلىبىنى يار قىلىدۇ . ئەڭ ياخشىسى ، سەن ئۆز قوشۇنۇڭنى باشلاپ تىز يۈكەس بۇ شەھەرنى بويسۇندۇرمامسەن ؟ ئەگەر سەن بىۋاستە ئالدىغا چىقساڭ ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئۆزلۈكىدىن ئېـچىلىدۇ . بىزنىڭ چېرىكلىرىمىزمۇ يېڭى باھادىرلاردەك سىرلىق بىر كۈچكە ئىگە بولاتتى ، دېدىم . ئۇ ماڭا قاراپ قويدىيۇ ، ئۈنچىقـمىدى . ئاخىر ئۇ مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمىدى . بەك ئەپسۇس ! ئەگەر ئۇ تىغلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇۋاتقان جەڭ مەيدانىغا بۆسۈپ كىرگەن بولسا ، تەڭرى ئۇنى ئامان قويمايتتى . بۇ ئەخمەقـنە ئۇرۇشمۇ ئاخىرلىشاتتى .

— لېكىن ، پۈتكۈل قوشۇن ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئالغا ئىلگىـرىلەيتتى ، ھەرگىزمۇ چېكىنمەيتتى . ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق .

— ئۇ چاغدا شۇنداق بىر قەھرىمان چىقىپ باتۇخاننىڭ ئورنىدا پۈتۈن قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلاتتى...

— ئۇ كىشى ئەلۋەتتە سىز بولىسىز ـ دە !

— تىنچ ، ئېھتىيات قىل ، ئەتراپتا قۇلاق بار .

# يەتتىنچى باب

## باغداد خەلىپىسىگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ

ئابدۇراخىمانىنىڭ يۇرۇشتە ئېلىپ يۇرىدىغان كىگىز ئۆيى قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلانغان دنېپرنىڭ ئۇ قات قىرغىقىدا كىيىفقا ئۇدۇل قىلىپ تىكىلگەنىدى . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇس يېلىنـ جاپ تۇرغان گۇلخان يېنىدا تەقۋادار دۇتان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن ، سۇكۇت ئىچىدە ئولتۇرغان ياش خوجاـ يىنىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى :

— يېزىپ بولدۇڭمۇ ؟ — دېدى ئابدۇراخمان يېپىنچاقلىۋالـ غان قىپچاق پاسونىدا تىكىلگەن جۇۋىسىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ .

— يازدۇرماقچى بولغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى يازدىم . ساڭا ئوقۇپ بېرەي .

— مەرھەمەت ، دانا ئۇستازىم .

دۇتان قىرائەت ئاھاڭىدا ، سوزۇپ ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى :

*بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم ! ئەي ئالىي ھەقىقەتنى قوغدىغۇچى ، بارلىق ياخشىلىق ئىزدىگۈچىلەرنى كۈزەتكۈچى ، ئېتىقادچىلارنىڭ دانا داھىيسى ، تەقۋادارلارنىڭ تەقۋادارى ، دانا باغداد خەلىپىسى موستەنسىرگە — ئاللا ساڭا ھەر قاچان يار بولغاي ، سېنىڭ قەھرىمان قوشۇنۇڭ زەپەر قۇچۇپ ، ھېـ سابسىز نۇرغۇن تۇغلىرىڭ كۆكتە جەۋلان قىلغاي ، سېنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان چەت ئەل ئەلچىلىرى كۆپەيگەي ،*

تاتارلارنىڭ كۆك چېدىرلىق پادىشاھلىقىنىڭ سەلتەنەتلىك ئالىي قوماندانى باتۇخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن سېنىڭ سادىق قۇلۇڭ، ئاجايىپ توسۇن ئايغىرلارنى كۆندۈرگۈچى يىراقتىكى قار - مۇز قاپلىغان پايانسىز دالادىن ساڭا ئەڭ قىزغىن، ئەڭ سەمىمىي سالام يوللايدۇ.

بۇ مەكتۇپنى ساڭا دەل ۋاقتىدا ئەۋەتتىم. مېنىڭ قايغۇ ۋە ئەندىشىلىرىم پۈتۈلگەن بۇ مەكتۇپنى ئېلىپ يۈرگۈچى ئىشەنچلىك ئايغاقچىنىڭ تاغۇ دەريالاردىن، ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك سوقماقلاردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، ئۆز قەرەلىدە ساڭا يېتىپ بېرىشىغا خىزىر - پەيغەمبەر ئۆزى يار بولغاي.

مەن رۇسلارنىڭ باي، ئەڭ گۈزەل شەھىرى كىيېفقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جەريانىنى باشتىن - ئاخىر كۆزىتىپ تۇردۇم. ھازىر ساڭا — ئەڭ ئالىي ھەقىقەتنى قوغدىغۇچىغا كۆرگەنلىرىمنى بايان قىلاي:

مەزكۇر شەھەر بىرنەچچە تۆپىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، تۆت تەرىپى ئۈچ قەۋەت سېپىل بىلەن ئورالغان. تاتارلار پەقەت تاش ئاتقۇچى قورالدىن بىرنى، سېپىل بۇزىدىغان قورالدىن ئىككىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاندىن تاتار ئاتلىق چېرىكلىرى خۇددى تاغدىن كەلگەن قىيانىدەك كىيېۋ شەھىرىگە بېسىپ كىردى. تۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى، مۇقەددەس ئىبادەتخانىلار، كىنەز سارىيى جايلاشقان چوڭ كوچىلار ئەڭ مۇھىم ھۇجۇم نىشانى بولدى. بۇ كوچىدا يېسۇن نوغاي قوماندانلىق قىلغان «جېنىدىن تويغانلار» شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى يېڭىپ، قان كېچىپ يول ئاچتى.

مەن ئات بىلەن ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى كەسكىن جەڭ بولغان مەيدانلاردىكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن رۇس ۋە تاتارلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆردۈم، موڭغۇللارغا ئەگىشىپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىنلا، تاتارلارنىڭ بۇ قەھرىمان مىل-



www.uyghurkitap.com

لەتنى يېڭىپ چىقالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى چۈشەندىم .
تاتارلار رۇسلاردىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئىدى .
كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بارلىق ئۆيلەر قۇلۇپلانغان .
دېمەك ، شەھەر ئاھالىسىدىن بىرمۇ كىشى ئۆيدە قالماي كى-
يېفنى قوغداش كۈرىشىگە قاتناشقان . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
سېپىل ئۈستىدە ، بەزىلىرى كوچا جەڭلىرىدە بولدى .
ئۇلۇغ ھامىيىم ، مەن ساپ دىللىق بىلەن شۇنى ئىقرار
قىلىمەنكى ، ئەجدادلىرىمدىن مىراس قالغان شەمشىرىمنى بىر
قېتىممۇ ئىشلەتمىدىم ، چۈنكى ئۆزىنىڭ پايتەختىنى جان تى-
كىپ قوغداۋاتقان رۇس خەلقىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكى
ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى مېنى تەسىرلەندۈرۈپلا قال-
ماي ، بەلكى مېنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىمنى ئاشۇرۇ-
ۋەتتى .
غايەت زور قەھرىمانلىق بىلەن قوغدالغان كىيېف شەھ-
رى ئاخىر قولدىن كەتتى . موڭغۇللارنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى-
نى ئەسكەرتىپ ئۆتەي ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئۇ-
لار ئۇرۇشتا ئۆلگەن چېرىكلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى بىر -
بىرلەپ يىغىپ ، ياغاچلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تىزىپ ، غايەت
زور جەسەتلەر مۇنارى ياسايدىكەن ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت قويۇپ
چۆرىسىنى ئايلىنىپ تا گۈلخان ئۆچكۈچە ناخشا ئېيتىدىكەن ،
ئەگەر بىرەر جەسەت گۈلخانغا ئەكىلىپ كۆيدۈرۈلمەي سىرتتا
قېپقالسا ، ئۇنى جىنايەت ۋە خورلۇق ھېسابلايدىكەن . لې-
كىن ، باتۇخان كىيېفتا بۇ ئەنئەنىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنداق جە-
سەت مۇنارى ياسىمىدى ، بەلكى پۈتۈن شەھەرنى ئوت دېڭىزىغا
ئايلاندۇرۇپ ، غايەت زور بىر گۈلخان ياسىدى ، خالاس .
موڭغۇللار ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان كىيېفنى تاشلاپ چىق-
تى . رۇسلارنىڭ قىش ئۈچۈن تەييارلىغان دۆۋە - دۆۋە
چۆپلىرى ، ئاشلىقلىرىمۇ كۆيۈپ كەتتى . شۇڭا ، شەھەر ئى-
چىدىمۇ ، تېشىدىمۇ يەم - چۆپ تېپىلمايتتى . تاتار قوماندانى

پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىشىغا بۇيرۇق قىلدى . مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە يۈرمەكچىمەن . مەن خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي ، مېنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان بىر ئەرەب بۇ مەكتۇپنى باغدادقا ئاپىرىپ سېنىڭ مۇقەددەس قولۇڭغا تاپشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچتى .

ئۇنىڭ موڭغۇللار ئىلكىدىكى رايونلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن ، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ، بويىنىغا ئاسىدىغان تەمتەكتىن بىرنى تاپتىم . بۇ تەمتەككە بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ، خەت ئېلىپ بارغۇچىنى ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

ئاللا سېنىڭ مەملىكىتىڭنى مەڭگۈ ئامان قىلغاي ! ئىشلىرىڭغا مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان ـ شەرەپلەر بولغاي ! مەن كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغان ھېلىقى ئىشنى يەنە سەمىڭگە سېلىپ قويماقچىمەن . غالىب موڭغۇل قوماندانىدىن پەخەس بول ! ئۇنىڭ قىزىل قانغا بويالغان قولى كوروستان ۋە ئەرمەنىستان تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ساڭا — باغدادقا سوزۇلماقچى . قۇدرەتلىك ئىسلام ئارمىيىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېشىل تۇغى ئاستىغا دەرھال يىغىلىپ ، مۇقەددەس شەھىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى كېرەك . موڭغۇللارنىڭ باغدادقا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى زور . چۈنكى ، ئۇلار بۇ توغرىدا كۆپ قېتىم كېڭەشلەر ئۆتكۈزدى . مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بىنائەن باتۇخانغا ئەگىشىپ يۈرۈشكە ئاتلىنىمەن ۋە يات ئاردا تاتارلارنىڭ يېڭى جەڭلىرى توغرىسىدا — شەكسىزكى يېڭى غەلىبىلىرى توغرىسىدا خەت يازىمەن .

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى ، تاتارلارنىڭ كېيىنكى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇچرىغان تالاپىتى ئىنتا-

يىن ئېغىر بولدى . گەرچە تاتارلار قوشۇنىنىڭ يېرىمى دېگۇ-
دەك كىيىمنىڭ بىرنەچچە تۆپىلىكلىرىدە قالغان بولسىمۇ ،
لېكىن باتۇخان شەھەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇغاندىن باشقا
ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىدى . بۇرۇندىن مۇشۇ جايدا بېيىشنى
ئويلاپ كەلگەن تاتارلار ئىچىدە قاتتىق غۇلغۇلا پەيدا بولدى .
شۇڭا ، باتۇخان قۇدۇقلا چۇشكەن تاشتەك جىمىپ كەتتى .
بۇنىڭدىن بۇرۇن تاتار قوماندانىنىڭ بۇنداق روھى چۈشكەنلىد-
كىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم .

گۈزەل پەيتلەر ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ . ئۇ چاغدا مەن
بەختلىك ھالدا سىزنىڭ ئۇرۇش ۋەھىمىسى تۇگىگەن ، ھۆر-
مەتلىك جامالىڭنى قايتا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# تاتارلار كەتكەندىن كېيىن

تاتارلار كىيېفقا ھۇجۇم قىلىش يولىدا قۇربان بولغان باھادىرلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن جەسەتلەر مۇنارى ياساپ كۆيدۈرۈشكە ئۈلگۈرمىدى . قار - بوران ئۇلارنىڭ مېڭىش يولىنى توسۇپ قويىدى . ئالدىدىن چىققان كۈچلۈك بوران - قارلارنى ئۇچۇرۇپ كىشىنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزمايتتى .

باتۇخان يۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان چېدىر ئىچىگە بېكىنگەنىدى . ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك غەزەپتىن يېرىلاي دەپ تۇرغان ئەپتىنى بۇرۇن ھېچكىممۇ كۆرۈپ باققان ئەمەس . ھازىر ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى . ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاياقتەك قېتىپ تۇرغان ئىككى جىسەكچى نۆكەرمۇ ئەزەلدىن سۈرلۈك يۈرىدىغان جاھانگىرنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا ھەيران بولۇپ قارىشاتتى . باتۇخان چېدىر ئىچىدە خاتىرجەمسىزلىك بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى . تۇرۇپلا ئۈستىگە كەشتە چېكىلگەن تاۋار يوپۇقنى پارە - پارە قىلىپ يىرتاتتى . بىردىنلا بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالاتتى . ئاخىرىدا ئۇ يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە قۇرتتەك تۈگۈلۈپ يېتىپ تىپتىنچ بولۇپ قالدى .

باتۇخاننىڭ چېدىرىغا ياندىش قىلىپ تىكىلگەن چېدىر ئىچىدە چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان خانزادىلەرنىڭ كېڭەشى بولۇۋاتاتتى . مىجەزى چۇس ، يۈزىسىز گۇيۇك خان ئوتتۇرىغا چىققانىدى . ئۇلار غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ شەھەرنىڭ پۇقرالىرى جىن -

شاياتۇن «توڭگۇس»نى چاقىرىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قەھرىمان قوشۇنىمىزنى شىۋىرغانغا تىرىك كۆمۈۋەتمەكچى، نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى يىغقان ئالتۇن - كۈمۈش دۇنياسىنى بىزدىن يوشۇرۇپ قالماقچى، هازىر خاقانىمىز خۇددى ئۆلجىنى قاچۇرۇپ قويغان يولۋاستەك غەزەپتىن ئۆزىنى باسالمايۋاتىدۇ. باتۇخاننىڭ بۇ شەهەرنى ئېلىش ئۈچۈن غالىب قوشۇنىمىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ئادىمىنى قۇربان قىلىشىنى كىممۇ ئويلىغان؟

گۈيۈك خاننىڭ يېقىنلىرى پەس ئاۋازدا:

— باتۇخان بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ قۇربان بولغۇچىلارغا رەسمىي قائىدە بويىچە تەزىيە ئۆتكۈزمىدى. دۇرۇت ئوقۇپ نەزىر - چىراغ قىلمىدى. تەڭرىنىڭ غەزىپى كېلىپ ئۇنىمۇ، بىزنىمۇ جازالايدۇ، — دېيىشتى.

ئەتىسى سەهەردە، باتۇخان «پۈتۈن قوشۇن توختاۋسىز ئىلگىرىلىسۇن» دېگەن يوليورۇقنى چۈشۈردى ۋە يەنە:

— مەڭگۈلۈك تەڭرى ۋە ئۇرۇش خۇداسى سۇلدەر بۇ گاز شەهەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش بىلەن بىرگە، بىزگە ۋاكالىتەن قۇربان بولغان باهادىرلارنىڭ تەزىيىسىنى غايەت چوڭ گۈلخان يېقىپ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزدى، — دېدى.

موڭغۇللار كېتىش ئالدىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان كىيېف شەهىرىنىڭ يېنىدىغا «يام» (پوچتا بېكىتى)دىن بىرنى قۇرۇپ، خەت - ئالاقە ۋە ئاتلارغا قارايدىغان بىر قىسىم چېرىكلەرنى قالدۇرۇپ قويدى. خەتلەر ساراي شەهىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ بىرىنچى پايتەختى قارا قۇرۇم بىلەن يىراقتىكى موڭغۇل تۇپرىقىدىن بارغانسېرى غەربكە قاراپ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان باتۇخان چېرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت باغلايتتى. موڭغۇللار «يام»نىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇچىلارنىڭ هەممىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزەتتى. «يام»دىن ئۆتكەن چاپارمەنلەر ياكى ئەتراپتىكى يېزىلارغا ئاشلىق، چۆپ ئىزدىگىلى بارغان چارلىغۇچىلار

ئاياغ ئاستىدىن يوقاپ كېتەتتى .

موڭغۇللار بۇ ھالدىن يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن قەھرىمان قىساس-چىلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى .

موڭغۇل قوشۇنى غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئەڭ ئاخىرىدا ئاياللار ھەيدىگەن تۆگە ۋە كالا ھارۋىلىرىمۇ كارپات تاغلىرىغا بارى-دىغان چوڭ يول ئۈستىدە كۆزدىن غايىب بولدى . شۇنىڭدىن كې-يىن كىيېۋ شەھرىدىكى يانغىن يەنە بىرنەچچە كۈنگىچە يېنىپ تۇردى .

گۈزەل ، باي كىيېۋ شەھىرى كۆيۈپ كۇل بولغان بىر خارا-بىگە ئايلاندى . يېقىندىن ياغقان قار دەھشەتلىك جەڭ ئىزنالىرىنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت ئاق داستىخان يېپىپ ، بۇ غايەت زور جاراھەت-نى تەبىئەت ئۆز قوينىغا يوشۇرماقچى بولغاندەك بولدى .

بەختكە يارىشا ئامان قالغان ئاز ساندىكى پۇقرالار يەر ئاستى ئۆي ۋە گەمىلەردىن ئۆمىلەپ چىقىشتى . ئۇلار ئىنتايىن ئورۇق ۋە ئاجىز ئىدى . ئۇلارنى ھايات ئادەم دېگەندىن كۆرە ، تىرىك ئەرۋاھ دېگەننىڭ ئۆزى مۇۋاپىق ئىدى .

ئامان قالغان بىرنەچچە موناخلار سىپىل ئۈستىدىن پېچىرسكوم موناستىرىنىڭ لەخمە يولىغا بېرىپ ، قەدىمكى شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىش يولىدا قۇربان بولغان رۇسلارغا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى .

يارىدارلارنى موناستىرنىڭ ئاستىدىكى لەخمىگە ئاپاردى . بۇ كىشىلەر گەرچە تېرروۋلۇق چېكىدىن ئاشقان كۈنلەردە قورقۇپ ، ئاچلىق ئازابىدىن قىينىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ھەقدە-قەت ۋە چىدامنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ، تاتارلارنىڭ يە-راقتىكى ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىغا ، بىر يېڭى كې-يىنىنىڭ — گۈزەل ، ئەركىن ، قۇدرەتلىك ، گۈللەنگەن يېڭى كې-يىنىنىڭ قۇرۇپ چىقىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى .

كىيېۋ ئۇزۇن يىللارغىچە خارابە ھالدا ياتتى . يۇقىرىدىكى ۋەقە بولۇپ بەش يىلدىن كېيىن (1246 - يىلى ) رىم پاپاسىنىڭ

مەكتۇپىنى قاراقورۇم خاقانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاتاقلىق فرانسۇز موناخى بىلا نوكارچىن كىيىفتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرگەنلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن :

«ئۇلار (موڭغۇللار) رۇسلارنىڭ پايتەختى كىيىفنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ، ئۇزۇن ۋاقىت جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاندىن شەھەرنى قولغا ئالغان ۋە پۈتۈن ئاھالىنى قىرىپ تاشلىغان. بىز ئۇ يەردىن ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا پايانسىز دالادا ئادەم بېشى ۋە ئىسكىلىتلارنىڭ هەددى - ھېسابسىز ياتقانلىقىنى كۆردۇق. ئەينى زاماندا بۇ شەھەر ئىنتايىن چوڭ ۋە ئاھالىسىمۇ كۆپ ئىكەن. ھازىر پۈتۈنلەي قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپتۇ. ھازىر ئۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئىككى يۈز ئۆيلۈكتىن ئاشمايدىكەن. ھەممە كىشى موڭغۇللارنىڭ ئاسارىتىدىن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق قۇللۇق تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. موڭغۇللار بۇ يەردىن كېتىش ۋاقتىدا ، رۇسلارنى بۇلاپ قۇرۇق قاقشال قىلىپ قويۇپتىكەن» .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باب

# ئالغا ! تېزلىك بىلەن ئالغا !

كىيېۋ غايەت زور بىر گۈلخانغا ئوخشاش پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ يانماقتا . بايلىق بۇلاش كويىدا ئەس ـ يادىنى يوقاتقان تاتارلار بۇ ئوت ئىچىدىن تەسلىكتە قېچىپ چىقتى .

بىرىنچى كۈنى باتۇخان بىر كىچىك چېركاۋ ئىچىدە تۈنىدى . بۇ موڭغۇل سەردارىنىڭ چېدىرى مۇشۇ چېركاۋنىڭ هويلىسىغا تىكىلگەنىدى . چېدىرنىڭ يېنىدىكى موما ياغاچقا باتۇخاننىڭ مىنىدىغان ئاتلىرى باغلانغان ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ، ئۈستىگە يوپۇق يېپىلغان ئاق بوز ئات «سەتتار» بار ئىدى . يەردە دۆۋىلىنىپ تۇرغان قورۇق چۆپنى ئاتلار ئانچە خالىمايتتى . باتۇخان چېدىردىن بىرنەچچە قېتىم چىقىپ ئاتقا ئۆز قولى بىلەن نان بەردى ھەمدە نۆكەرلەرگە ياخشى چۆپ ئەكەل دەپ ۋارقىرىدى .

— بۇ چۆپ ئەمەس ، جاھىل ئورۇسلارنىڭ ئۆيىنى ياپىدىغان قاتتىق چىغ .

— بىزنى چۆپ ئالمىسۇن دەپ ، ئەتراپتىكى رۇسلارنىڭ ھەممىسى يىغىپ قويغان چۆپلىرىگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ . بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى . قار تۇرمايدىغان ، ئاتلار ئەركىن يايلايدىغان جايلارغا كېتەيلى ، — دېدى نۆكەرلەر چۈشەندۈرۈپ .

باشقا بىرنەچچە نۆكەر غۇتۇلداشتى :

— بالدۇرراق ھەرىكەتكە كەلمىسەك ئاتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ ، پىيادە قالىدىغان ئوخشايمىز . ئۇ چاغدا بىز ئۆز چېدىرىمىزنى ، ئاچلىق ۋە ئىنتىزارلىقتىن ھالىدىن كەتكەن ئاياللىرىمىزنىمۇ

كۆرەلمەيمىز .
— ئەتىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى پايتەخت شەھىرى «ئالتۇن ئوردا»نىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمىز .
چارلاشقا ئەۋەتىلگەن نۆكەرلەر قايتىپ كەلدى . ئۇلار دەرھال سۇبەتەي باھادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى . سۇبەتەي باھادىر يورغا ئېتىغا مىنىپ چېركاۋغا كەتكەنىدى . نۆكەرلەر سۇبەتەي باھادىرغا ، رۇسلار ئىنتايىن قاتتىق تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ بىرىمۇ تەسلىم بولمىدى . ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئېلىشىۋاتىدۇ ، — دېيىشتى .
كەچتە باتۇخان مۇھىم تۇمەن باشلىرىنى چاقىردى . ياشانغان چارلاش بېگى ئەھۋالنى دوكلات قىلدى :
— بىز ئۇرۇشۇۋاتقان رۇسلار ئىنتايىن جاھىل . ئۇلار تەسلىم بولۇشنى خالىماي ، تەرەپ - تەرەپكە يوشۇرۇنۇپ كەتتى . كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن جىمجىت ، لېكىن بۇ جىمجىتلىق پۈتۈنلەي ساختا . رۇسلار ھەممىلا جايدا بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقتا ، تۆت كوچا ئېغىزلىرى ، لەخمە ئېغىزى ياكى كىشىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان يەرلەردە بىزنىڭ نۆكەرلىرىمىزنىڭ جېنىنى ئالماقتا ، ئېتىنى بۇلىماقتا .
تۇمەن باشلىرىمۇ سۆزلىدى :
— پۈتۈن رۇس پۇقرالىرى بىزگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى . ئۇلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى بېسىۋالدۇق . ئۇ يەرلەردىكى رۇسلار ھازىرچە بىزگە بويسۇنغان قىياپەتتە بولسىمۇ ، لېكىن ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ جېنىمىزغا زامىن بولىدۇ .
تۇمەنبېشى ، مىڭبېشىلار ئەھۋاللارنى كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈردى . لېكىن ، باتۇخان يۇمغان ئاغزىنى ئاچمىدى . ئۇنىڭ قاپقارا يۈزىدە ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە زىددىيەتلىك پىكىرلەر كۈرەش قىلاتتى . بىرىنچىسى ، كىيىنكى ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا ئەڭ خىل قىسىملارنى نابۇت قىلدى ؛ يەنە بىرى ، ئەسلىدە داڭلىق رۇس پايتەختىنى ئالغاندا ئىگە بولماقچى

بولغان غايەت زور بايلىق يوققا چىقتى . بۇ ئىش موڭغۇللار ئىچىدە قاتتىق نارازىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى .

باتۇخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان سەردارلارغا سۈرلۈك نەزىرى بىلەن سەپسىلىپ چىققاندىن كېيىن ، گۈلخاننى چۇخچىلاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن :

— سىنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭ بار ؟ — دەپ سورىدى .

بىرنەچچىسى : «بۇنىڭدىن كېيىن كىيىۋ زېمىنىدا رۇسلار بىلەن تۇتۇشقاق بولمايدىكەن» دېيىشتى .

نوغايخان بۇرۇنقى ئوچۇق مىجەزى بىلەن تەپ تارتماستىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— تەڭداشسىز ساھىبقىرانىمىز رەزاندىن كىيىۋقىچە مىسلى-سىز غەلىبىلەرگە ئېرىشتى ! ھازىر بىز گالىچ چېگراسىغا يېتىپ كەلدۇق . غەربكە يەنە بىرئاز سۈرۈلسەك «قۇياش پاتقان ئەللەر» گە يېتىپ بارالايمىز . شۇڭا ، بۇ ئورۇندا توختاشقا ھەرگىز بولمايدۇ .

يەڭگىل مىجەزلىك ، ھېچ نەرسىدىن قانائەت ھاسىل قىلمايدى-غان گۈيۈك خان سۆزلەشكە باشلىدى :

— بىزنىڭ ئارقىمىزدا قالدۇرغانلىرىمىز بىقسىپ تۇرغان دۆۋە - دۆۋە گۈلخانلار . ئالدىمىزدا رۇسلاردىنمۇ قەتئىي رەقىبلەر يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ كەينىمىزدە يېنىۋاتقان گۈلخانلار ۋەجى-دىن ئالغا ئىلگىرىلەۋەرسەك ، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قو-يامدۇق ، قانداق ؟

— خاتالىق ؟ سەن بىزنىڭ يۈرۈشىمىزنى خاتالىق دېمەكچىمۇ ؟ سەن بىز ئۈچۈن زادى قانداق مەسلىھەت بېرەلىدىڭ ؟ — باتۇخان ئاۋازىنى سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئاھاڭى گەرچە ۋەز-مىن بولسىمۇ ، لېكىن ئاڭلىغۇچىلار باتۇخاننىڭ سۆزىدىكى تەھدىت ئاھاڭىنى ئوڭايلا سېزىۋالغانىدى . چۈنكى ، گۈيۈك خاننىڭ بايىقى دېگەنلىرى باتۇخاننىڭ «تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى» بويىچە يىراققا يۈ-رۈش قىلىشىغا قارشى ئېيتىلغانىدى . قائىدە بويىچە باتۇخانغا تەنە

قىلغۇچىغا دەرھال جازا بېرىلەتتى ، يەنى ئىككى بەستىلىك «پالۋان» ئۇنىڭ بېلىنى ئۇشتۇيتتى .

ئولتۇرغانلار ئۆزئارا كۇسۇلدىشىپ كەتتى . كۆپچىلىك باتۇخاننىڭ بۇ خاقان ۋارىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى تەشۋىش ئىچىدە كۇتەتتى .

گۇيۇك خان گويا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك دادىللىق بىلەن سۆزلەيتتى :

— كىيىنكى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا تېگىشلىك بولمىغان قۇربانلارنى بەردۇق . ئەمدى قىسقىغىنا توختاپ ئۆزىمىزنى تەرتىپكە سېلىشۋالساق بولمامدىكەن ؟ بىز مۇنبەت ۋالوندى زېمىنىدىكى گالىچ ، كىرىمنىس ياكى باشقا شەھەرلەردە بىرنەچچە ۋاق دەم ئالساق بولمامدىكەن ؟ بۇ جايلارغا بىر تۇركۇم تۆرىلەر ۋە پۇلدار سودىگەرلەر پاناھلانغان . بىزنىڭ سەرۋازلىرىمىز ياخشى جەڭ ئولجىلىرىغا ئىگە بولىدۇ . ئاچ قالغان جەڭ ئاتلىرىمىز تويۇنۇۋالىدۇ . ئاندىن كېيىن «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە يۈرۈش قىلساقمۇ بولىدۇ .

— سېنىڭ ئارزۇيۇڭ دىكىدەك بولسۇن ، — دېدى باتۇخان ، — شۇڭا ۋالوندى زېمىنىدىكى شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ساڭا تاپشۇرىمەن . كىيىنكى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا سادىر بولغان خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ، بۇرۇنتاي تۇمەننى ساڭا ياردەمگە ئەۋەتىمەن . تېزدىن ھەرىكەت قىل .

بۇ قايتماس بۇيرۇق ئىدى . گۇيۇك خان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن مېڭىشقا تەمشەلدى . لېكىن ، باتۇخان ئۇنى توختىتىپ :

— توختا ! باشقا تۇمەن باشلىرىنىڭ قانداق پىكىرلىرى بار ، كېڭەش قانداق قارار چىقىرىدۇ ، بۇنى ئاڭلاپ كەت .

گۇلخان چۆرىسىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى باتۇخاننىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق ئەستە ساقلاش ئۈچۈن قۇلاقلىرىنى

www.uyghurkitap.com

دىلىڭ تۇتتى .

باتۇخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بىزنىڭ بۇ توققۇزى تەل بولغان ، بۈيۈك خاقانىمىزنىڭ ئوغلى گۈيۈك خان بىر مەھەل دەم ئېلىپ تەرتىپكە سېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنداقتا «قوياش پاتقان ئەللەر»نىڭ سەردارلىرى بىزنىڭ چاقماق تېزلىكىدە قىلىۋاتقان يۈرۈشىمىزنى توختىتىپ قويغانلىقىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداق قاراشتا بولار ؟

— بۈيۈك خاقانىمىزنىڭ پەرەڭ پادىشاھىغا ئەۋەتكەن ، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان مەكتۇپىنى كۆپچىلىك ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن .

تۇمەن باشلىرى تەۋرىنىپ كەتتى .

— شۇنداق بىر مەكتۇپنى ئاڭلىغانىمىز ، لېكىن بىزگە ئوقۇپ بەرمىگەن . ھازىر ئوقۇپ بەرسۇن ! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار .

— ھازىر ئاڭلايسىلەر ! ئىجتىھاتلىق ھاجى رەھىم ، ئۇ خەتنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى سەندە بولسا كېرەك . قېنى ئوقۇپ بەرگىن !

— ھازىر ئوقۇيمەن ، خاقانىم ! — دەپ جاۋاب بەردى يىراققا قىلىنغان يۈرۈشنىڭ شاھىتى بولۇپ كېلىۋاتقان تارىخچى ھاجى رەھىم .

ئۇ چەتلىرى يىرتىلىپ كەتكەن كۆن مۇقاۋىسىنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر قوي تېرىسىدىن ياسالغان قەغەزنى تاپتى . ئاندىن ئۇنى ئېچىپ تىزىغا قويدى - دە ، ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى .

*«مەن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بىنائەن ، پەرەڭلەر كارولى لىيودنۇىكقا قائىدە بويىچە ئىش كۆرمەكچىمەن . سېنىڭ خالايدىغىنىڭ ئۇرۇشمۇ ياكى تىنچلىقمۇ ؟ تەڭرى ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى شەكسىزدۇر .*

*پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىكەنلىكىمنى ئې-*

*تىراپ قىلدى . پۈتۈن ئىقلىم دۇنياۋى تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بويسۇنىدىغانلىقىغا قايىل . مۇبادا تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش كۆرسەڭ ، قانچىلىك خېيىمخەتەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مېنىڭ غالىب قوشۇنۇم سېنىڭ بىلەن جەڭگاھتا سۆزلىشىشنى ياخشى بىلىدۇ . ھېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ» .*

ھاجى رەھىم باتۇخانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم قول ئىشارىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ، خەتنى يىغىشتۇرۇپ ھېلىقى كۆن مۇقاۋىسىنىڭ ئىچىگە ئاۋايلاپ سالدى .

باتۇخان سۇبەتەي باھادىرغا :

— بۇ خەتكە قانداق قارايسەن ؟ بىرەر مەسلىھەتىڭ بارمۇ ؟ — دېدى .

سۇبەتەي باھادىر يېغى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈپ قويۇپ ، سۆزلەشكە باشلىدى :

— خاقانىمىزنىڭ پەرەڭلەر كارولىغا يوللىغان مەكتۇپىنى بىزگە يوللانغان مەكتۇپ دېيىشكىمۇ بولىدۇ . بىز دۈشمەنىڭ بارلىق توسقۇنلۇقلىرىنى بىتچىت قىلىپ ، غالىبلارغا خاس غۇرۇر بىلەن پەرەڭلەر دۆلىتىگە بېسىپ كىرىشىمىز كېرەك . پەرەڭ دۆلىتى كارولى ئۆزىگە ھەل بېرىپ ، ئىسمىنىڭ ئالدىغا «مۇقەددەس» دېگەن بىر سۆزنى قوشۇۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ قۇرۇق سۆلەت پوچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ، گۇناھىدىن ئۆتكىلى بولمايدىغان جىنايەتكار . ئۇ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ھازىرغىچە خېتىمىزنى جاۋابسىز قويدى . ئەگەر ئۇ بىزنى باش ئېگىپ قارشى ئالمىسا ، ئۇ ھالدا خاقانىمىزنىڭ بۇيرۇقىنى نەيزە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىمىز ، پەرەڭلەر كارولىنى تىزلاندۇرۇپ تۇپراقنى سۆيگۈزىمىز .

باتۇخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەرەب ئەلچىسى ئابدۇراخمان سۆزنىڭ پەرەڭلەر توغرىسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ شۈركۈنۈپ كەتتى ـ دە ، ئىختىيارسىز ئالدىغا سۈرۈلۈپ قويدى . ھە ، ئۇلار-

نىڭ مۇزاكىرە ئەھۋالىغا قارىغاندا ، بۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش قىلىشنىڭ مەقسىتى ئاشۇ مەملىكەتلەر ئىكەن ـ دە ! شۇ بەرلەرگە ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزگەيسەن ! ئۆتكۈر شەمشىرىمنى قولۇمغا ئېلىپ ، شەۋكەتلىك ئەجدادلىرىمىزنى قىرغان كىشىلەر بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىدىغان بولدۇم…

— جاھانگىر ! — دېدى ئۇ پوسۇققىدە ، — مېنى قەھرىمان قوشۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرەڭلەر چېگراسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش شەرد- پىگە نائىل قىلغايسەن ! ماڭا مىڭ چەۋەنداز بەرگىن ، پەرەڭلەر كارولى لىيودۇىكنى چەمبەرچاس باغلاپ چېدىرىڭنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرەي .

كۆپچىلىك ئابدۇراخمانغا قاراپ قېلىشتى . باتۇخان قېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ :

— ئوغۇل بالا ! سېنىڭ تەلىپىڭنى قاندۇرىمەن . سەن ماڭا غەلىبە بىلەن جاۋاب قايتۇرىسەن .

— ئوغۇل بالا ! ئوغۇل بالا ! — دەپ مەدھىيىلەشتى ئولتۇر- غانلارنىڭ ھەممىسى .

گۈيۈك خان باتۇخاندىن سورىدى :

— قەھرىمان قوشۇنىمىزنى پەرەڭلەر ئېلىگە باشلاپ بېرىشتا قايسى يولنى تاللىدىڭ ؟

— ئالدى بىلەن غالىب سۈبەتەي باھادىر ئويلىغانلىرىنى ئېيتى- سۇن ، ئاندىن مەن سۆزلەي .

ياشانغان بۇ يەكچەشمە سەركەردىنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ تۇراتتى . ئۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان سول قولى بىلەن بىر تەرەپكە قىيسايغان جاۋغايلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ كېكەچلەپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ، بىزنىڭ ئاساسىي دۈشمىنىمىز ۋە رەقىبىمىز ئاتلارنىڭ يەم ـ خەشىكى بىلەن ئاشلىق . قوۋ ، ساقال- لىق ئورۇسلار بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىدىكەن . بىز كېلىشىمىز بىلەنلا تەييارلاپ قويغان بارلىق ئوت ـ چۆپ ۋە ئاشلىقلىرىنى

www.uyghurkitap.com

كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، بىز-نىڭ قۇدرىتىمىز ، بىزنىڭ ئالغا بېسىش سۈرئىتىمىزدە ، بىز تىنچ ئاھالىلەر تېخى ئۈرۈش تەييارلىقى قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن پەيتتە ، بىزگە ئېھتىياجلىق بولغان لازىمەتلىكلەرنى يوشۇرۇپ ياكى كۆيدۈ-رۈپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك . بىز خۇددى قىران بۈركۈت ئۆز يەمچۈكىنى بەخىرامان يۈرگەندە ئوقتەك شۇڭغۇپ كېلىپ چاڭگىلىغا ئالغاندەك ، ئاھالىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىمىز لازىم . قوشۇنىمىزنىڭ قايسى يولدا مېڭىشىنى تاللاش ، ئۇلۇغ جاھانگىرنىڭ پىكرى بويىچە بولسۇن .

باتۇخان ئولتۇرغانلارغا سالقىن نەزىرى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆز باشلىدى :

— «قۇياش پاتقان ئەللەر»دىكى خەلقلەر بىزنىڭ يۈرۈش قى-لىشىمىزنى خېلىدىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئۇلار ئىنتايىن قورقۇپ ، بىزنىڭ كەلمەس-لىكىمىزنى ئۆتۈنۈپ ھەر كۈنى خۇداسىغا سېغىنماقتا . مېنىڭ ئايغاقچىلىرىمنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھ-لىرى ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىپ ، كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ، تاغ ئۈستىلى-رىگە قاراۋۇل قويۇپ ، ياغاچ ـ تاشلار بىلەن ئىستىھكام قۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بۇ بىرلەشمە قوشۇننىڭ باش قوماندانى كىم بولىدۇ ، دېگەن مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ تېخىچە بىرلىككە كېلەلمەيۋېتىپتۇ . ئۇلار گەرچە ئۈرۈش توغرىسى-دا كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ، تالاش ـ تارتىشلار تۈپەيلىدىن ۋاقىتنى قولدىن بەرمەكتە . بىز ئۇيۇقتىن كۆتۈرۈلگەن بۇلۇتلاردەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك . ھازىرچە ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى بىرەر قوماندانىنىڭ قۇدرەت-لىك كۈچ قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئالدى بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىل-غانلىقىنى تېخى كۆرەلمىدىم .

— توغىرا ! توغىرا ! — دەپ ۋارقىراشتى ئولتۇرغان-لار ، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن جاھانگىرنىڭ تەڭداشسىز قوشۇنىغا

www.uyghurkitap.com

هۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ.

«ئەڭ ئاخىرقى دېڭىز» غىچە توختىماي ئالغا ماڭايلى!

تاتارلار غايەت چوڭ قۇربان بەرگەن كىيىنتىن ئايرىلىپ گالىچ ـ ۋالىنىسكىنى بويلاپ كۆن پېتىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئالدىن يۈرگەن قوشۇنلىرى بىرەر شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۇقرالاردىن تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەگەر شەھەر خەلقى دەرۋازىنى ئېچىپ بەرسە، ئۇلار خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك شەھەر كوچىلىرىغا بېسىپ كىرىپ، ئاھالىنى تالان ـ تاراج قىلاتتى، خۇددى ئاچ بۆرىلەردەك، ئالدىغا يولۇققان ھەرقانداق نەرسىگە چىپىلاتتى. ئالغان ئولجىلىرىنى بويى پاكار، چىداملىق موڭغۇل ئاتلىرىغا ئارتىپ، قارشىلىق قىلغان كىشىلەرنى ئايىماي قىرىپ يولىغا راۋان بولاتتى. مەسىلەن، كۆلۈد ياۋىن، كامىنىس شەھەرلىرىنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ياكى ئالدامچىلىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن، دانىلو شەھىرى دەرۋازىنى ئېچىشنى قەتئىي رەت قىلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى ئەتراپتىكى يېزا خەلقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ مەردانىلىك بىلەن شەھەرنى قوغدىغان، ئۇلار تاش ـ بوران قىلىش، پالتا چېپىش، نەيزە سانجىش ئارقىلىق شەھەر سېپىلىغا چىققان دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، موڭغۇللار باتۇخاننىڭ «پىسەنت قىلماي» «قۇياش پاتقان ئەللەر» گە يۈرۈش قىلىش دېگەن بۇيرۇقى بويىچە دانىلو شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنى توختىتىپ، غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

گۈيۈك خان كىرىمىنسا شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندىن كېيىن ھىيلە بىلەن شەھەرنى تېزلا قولغا ئېلىش كويىدا بولدى. ئۇ باتۇخاننىڭ بۇيرۇقىنى مەنسىتمەي، ئۆز كۆڭلىدە ئۇنى مەسخىرە قىلدى. ئۇ كىرىمىنسانى بىر مۈشت بىلەن پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغاندەك ئوڭاي چاغلىدى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە

بولدى .

ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ شەھەر تاغ ئارىسىدىكى ئادەم ئاسان يېقىنلىشالمايدىغان بىر يانتۇلۇق ئۇستىگە قۇرۇلغانىدى . پەقەت يىلانباغرى بىر يوللا تاغ باغرىغا بارالايتتى . بۇ يولغا مۇستەھكەم سېپىل ياسالغان . سېپىل ئۇستىگە ھەرقاچان ئەجەل ئۇزىتىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر ئورۇنلاشقانىدى . گۆيۈك خان چىلان تورۇقنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ مۇستەھكەم سېپىل دەرۋازىسىغا قارىدى . مەيلى تاغ يولى بولسۇن ياكى شەھەر تۇرغان يان باغرى بولسۇن ، ھەممە يەر ئەينەكتەك سىلىق ئىدى . قانداق قىلساق بولار ؟ ئۇ تىلماچنى ئىككى نۆكەر بىلەن بىرگە سېپىل دەرۋازىسىغا شەھەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۇندەش ئۇچۇن ئەۋەتتى . ئۇ يەنە شەھەر خەلقىنىڭ گۇناھدىن كېچىدىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى قوغدايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدىلەرنى قىلدى . لېكىن ، بۇ ئۈچ كىشى سېپىل دەرۋازىسىغا بەكمۇ تەستە يېتىپ بارالىدى . چۈنكى ، موڭغۇللار كەپتۇ دېگەننى ئاڭلىغان خەلق تاغ باغرىغا سۇ چېچىۋەتكەنىدى . نەتىجىدە ، ئەتراپنى كۆپكۆك بىر قەۋەت مۇز قاپلىغانىدى . ئاتلار تېيىلىپ يىقىلاتتى . سېپىل ئۇستىدىكى كىشىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى ، تاش ئاتاتتى .

گۆيۈك خان غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي ھازىرلا ئەدىپىنى بەرمەك بولۇپ ، قوشۇن بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان قورغان بۇزۇش ئەسۋابىنى دەرھال ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى . ئىككى كۈندىن كېيىن تاش ئېتىش قورالىدىن بىرى يېتىپ كەلدى . بىراق ، 12 ئۆكۈز قوشۇلغان بۇ كېلەڭسىز قورالنى كۆپكۆك مۇز بولۇپ كەتكەن تاغ باغرىدا ھەيدەپ سېپىل ئالدىغا ئاپىرىش مۇمكىن بولماي ، جىلغىغا ئورۇنلاشتۇردى . تاغنىڭ تاپىنىدىن ئېتىلغان تاشلار دەرۋازىغا ئاران - ئاران يېتىپ بارغانلىقى ئۇچۇن مۇستەھكەم قاپقىنى بۇزالمىدى . نۇرغۇن تاشلار دەرۋازىغىمۇ يېتىپ بارالمىدى . موڭغۇللارنىڭ قاتتىق - يۇمشاق ئامالللىرىنىڭ ھەممىسى كارغا كەلمىدى .

بۇرۇن تۇتۇلغان بىرنەچچە رۇسنى گۆيۈك خاننىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەلدى، كەينىدىنلا بىر تىلماچمۇ كەلدى. بۇ كىشى ئۇزۇندىن بېرى تاتار قوشۇنى بىلەن بىرگە كېلەتتى. ئۇنىڭ كېيىملىرى يىرتىلغان، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان، ئەمما ئۇ تاتارلار ئۇچۇن ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئادەم ئىدى. چۈنكى ئۇ قىپچاق، تاتار ۋە رۇس تىلىنى بىلەتتى.

— جاھىل شەھەرنى قوغداۋاتقان كىم! — دېدى گۆيۈك خان تۇتقۇنلاردىن سوراپ.

— گالىچ كىنەزى دانىلنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، كىرىمنىسانى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن مىتىبىگى بولۇپ تەيىنلەنگەن سىكادوما ئىسكادوما.

— پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى تاغ ئۈستىدىن سۇ قۇيۇشقا بۇيرۇق قىلغان، ئۇ يەنە، ئاخىرقى نەپەسىمىزگىچە ئېلىشىمىز، تاتارلارغا ئىشەنمەڭلار، دەرۋازىنى ھەرگىز ئاچماڭلار، دېگەن.

گۆيۈك خان كىرىمنىسانىڭ تۇۋىدە بىكاردىن - بىكارغا خېلى كۈنلەپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. رۇس تۇتقۇنلىرىنى بولسا شۇ يەردىلا قىرىپ تاشلىدى.

# توققۇزىنچى قىسىم

# موڭغۇل سالمىسى ياۋروپا بويىندا

## بىرىنچى باب

## موڭغۇللار ھۇجۇمى ئاستىدىكى ياۋروپا

ئەينى يىللاردىكى تارىخچىلارنىڭ يازما بايانلىرىدىن قارىغاندا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ياۋايى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ۋە ئالمان ـ تالمان قوشۇن تۈزۈپ، پۇقرالارنى قوراللاندۇرغان.

كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، گېرمانىيە ئىمپېراتورى فرىدرىخ IIنى ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەن، ئۇ پۈتۈن ياۋروپا ئارمىيىسىنى باشلاپ قورقۇنچلۇق باتۇخاننىڭ قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولغان.

ھالبۇكى، بۇ چاغدا ئىمپېراتور ئۆزى ئىتالىيىدە تۇرۇپ، پارتىيە گۇرۇھىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرگە كاتولىك دىنىنىڭ روھانىي باشلىقلىرى ۋە 90 ياشتىن ئاشقان رىم پاپاسى گرىگورى XI باشچىلىقىدىكى گۇرۇھى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلماقتا ئىدى. رىم پاپاسى گرىگورى XI ئۈچ قېتىم دىنىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ئىمپېراتور فرىدرىخ II نى تەختتىن چۈشۈرمەكچى بولدى ھەمدە

www.uyghurkitap.com

گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى ئەمەلدارلىرىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى باشقىدىن ئىمپېراتور سايلاپ چىقىشقا چاقىردى. ئۇ چاغدا پاپا ئۆزى فرانسىيىنىڭ لىئون شەھىرىدە تۇرۇۋاتاتتى. پاپا بىلەن ئىمپېراتور ۋە ئۇلارنىڭ مەسلەكداشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايىغى چىقماس كۈرەشلەر ئىچكى نىزاغا ئايلىنىپ، ياۋروپانى قۇتۇلدۇرىدىغان ئەڭ ياخشى چارە ـ تەدبىرلەرگە توسقۇنلۇق قىلدى. ياۋروپا دۆلەتلىرى پۈتۈنلەي تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغاندا، پاپا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تاتارلارغا قارشى كرېست ئارمىيە تەشكىللىشىنى ۋە بۇ بىرلەشمە ئارمىيىگە ئۆزىنىڭ رەقىبى ئىمپېراتور فرىدرىخ II نى ئالىي قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئىمپېراتور فرىدرىخ سىتسىلىيە ئارىلىدىكى تۇرالغۇسىدىن قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق ۋە يارلىقلىرىنى چۈشۈرگەن چاغدا، باتۇخاننىڭ پۈتكۈل قوشۇنى بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ، ياۋروپاغا كەلكۈن سۈيىدەك بېسىپ كىرگەنىدى. موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ياۋروپاغا ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈش جەريانى خاتىرىلەنگەن بايانلارنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى بەكمۇ قالايمىقان ۋە سان جەھەتتىن ئىنتايىن ئاز. تۆۋەندە ھەرخىل تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغان بايانلاردىن ئۈزۈندە بېرىمىز.

«1240 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كىيىۋ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان 500 مىڭ موڭغۇل ئەسكىرىنى باشلاپ غەربتىكى كاتولىكلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندى.»

«ئۇنىڭ يۈرۈشتىكى بىرىنچى بېكىتى پولشا ئىدى. 1241 ـ يىلى قىشتا موڭغۇللار كىچىك پولشاغا ھۇجۇم قىلىپ، ساندومېر ۋە كراكوۋنى بېسىۋالدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى.»

«كېيىن باتۇخان پۈتۈن قوشۇننى بىرنەچچە قاناتقا بۆلۈپ، داۋاملىق غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قانات كارپات تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ۋېنگرىيە

پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلدى . بۇ قاناتنىڭ سەپىرى ئىنتايىن مۇشكۇل بولدى . چۈنكى ، تاغ ئارىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەللەر يۈز نەچچە يىللىق چوڭ دەرەخلەرنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئىگە ئىدى . باتۇخان بارلىقىنى كۆيدۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى . ئاھالىلەر ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى ۋە ئىس - تۈتەكلەردىن موڭغۇل قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى . »

«بۇ بىر قانات موڭغۇل قوشۇنى ۋېنگرىيە چېگراسىغا توپلانغان ۋاقىتتا ، يەنە بىر قانات قوشۇنى چوڭ پولشاغا بېسىپ كىرگەن پېتى چېخ چېگراسىغا بېرىپ بىراقلا توختىدى . دەھشەتلىك موڭغۇل قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى پۈتكۈل غەربنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . »

«جۇملىدىن ، گېرمانىيە ئالدىنقى سەپ رايونلىرىنى دەرھال قورالاندۇردى . بىر قىسىم كىنەزلەر نىژنى سىلېزىيىدە① ئۇرۇش قىلىۋاتقان پولشا كارولى كىنرىخقا قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم قىلدى . »

«بىر قىسىم ياردەمچى قوشۇنلار چېخقا ئەۋەتىلدى . چېخنىڭ كارولى ۋياچىسلاۋ ھەممە ئىشنى تاشلاپ قويۇپ ، پۈتۈن كۈچىنى مۇداپىئە تەييارلىقىغا قاراتتى . ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا 400 مىڭ پىيادە ئەسكەر ، 60 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر يىغىلغانىدى . بۇ قوشۇنلار ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا دەرھال پراگاغا ، سىلېزىيە چېگراسىغا بېرىپ گىنرىخنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە بايدارخاننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى موڭغۇل قوشۇنى شىددەت بىلەن لىگنىتسقا② يۈرۈپ كەتتى . »

«كارول گىنرىخ لىگنىتس كارول ۋياچىسلاۋ بىلەن مۇناسىۋەتلەشمەستىنلا ئۆز ئالدىغا تەييارلىق قىلدى . 1241 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مۇستەقىل ھالدا موڭغۇللار بىلەن بىر

① سىلېزىيە — پولشانىڭ غەربىي جەنۇبى ، چېخنىڭ شىمالى ۋە گېرمانىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئورۇننىڭ نامى .

② لىگنىتس — لىگنچمۇ دېيىلىدۇ . پولشا چېگراسى ئىچىدە .

مەيدان دەھشەتلىك ئۇرۇش باشلاندى . 10 مىڭ خرىستىئان مۇخلىسى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى . كارول گىنرىخمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى . ئۇرۇش خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاياغلاشتى . »

«ئەتىسى ، كارول ۋىياچىسلاۋ دۆلەت چېگراسى بويىدىكى زىتوۋىسكى رايونىدىن لىگنىنىسقا يېتىپ كەلدى . ئەگەر كارول گىنرىخ ۋىياچىسلاۋنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەندە ئىدى ، ئۇرۇش نەتىجىسى باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى . »

«موڭغۇللار ۋىياچىسلاۋنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، مەيدانغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي قۇيرۇقىنى قىسقان پېتى سىلىزىيىگە قايتىپ كەتتى . »

«ۋىياچىسلاۋنىڭ گېرمان ئىتتىپاقداشلىرى خەتەرنىڭ ئۆز چېگراسىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تارقىلىپ كېتىشتى . مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كارول ۋىياچىسلاۋ چېخنىڭ چېگرا رايونلىرى بىلەن مۇراۋىسكىنىڭ چېگرا رايونلىرىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالدى . »

«موڭغۇللارنىڭ گاراسكو رايونى ئارقىلىق چېخقا تاجاۋۇز قىلىش سۈيىقەستىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى . ئۇ يەردىكى مۇھىم تاغ ئۆتكەللىرى تاشلار بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ ئېتىلگەن ۋە نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مۇداپىئە قىلىنغانىدى . بىراق ، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۈچ ھەپتە تۇشمۇ تۇشتىن ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئوپاۋىسكى رايونىدىن مۇراۋىسكىغا ھۇجۇم قىلىدىغان يول ئاچتى . ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوپاۋىسكى ، پىشرووۋ ، لىتوۋىل ، ئىۋىچكى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى . گىراش رايىگىراۋ قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمىي مەشھۇر موناستىرلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى . مۇنبەت گاتۇ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى . يول بويىدىكى ھەممە نەرسە كۆيدۈرۈلدى . »

«كىشىلەر مۇھىم لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ تاغ ۋە ئورمانلارغا قاچتى . »



www.uyghurkitap.com

«پەقەت ئالمۇس، بىريون ۋە ئونچۇدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر
دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە تەسلىم بولمىدى. گاستىنى دەريا ۋادد-
سىدىكى ۋانىسلاۋ پىراستىلۋمۇ مۇھىم ئۆتكەللەر ۋە قورغانلارنى
جان پىدالىق بىلەن قوغداپ، موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئەجەللىك
زەربە بەردى.»
«شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كارول ۋىياچىسلاۋ تاتارلارغا قار-
شى قوراللىق كۈچلەرنى قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇراۋىسكىغا بې-
رىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توستى. ئاۋسترىيە كارولىنىڭ قەھرد-
مانى فرىدرىخ ياردەمگە كەلدى.»
«دۈشمەن مۇھاسىرىدە قالغان ئالمۇستا مىسلى كۆرۈلمىگەن
قانلىق ئۇرۇش باشلاندى. چېخ قوشۇنىنىڭ قوماندانى ياسىروسلاۋ
تاتار قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ مەغلۇپ قىلدى. بايدار-
خانمۇ ئۇنىڭ قولىدا جان تەسلىم قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇللار مۇراۋىيە ۋە ۋېنگرىيىدىن قې-
چىپ، باتۇخاننىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن بىرلەشتى.»

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# لىگنىستىكى ئۇرۇش

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن )

قۇدرەتلىك باتۇخاننىڭ «قۇياش پاتقان ئەللەر» خەلقلىرىگە
يۇرگۇزگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ھۇجۇمىنى ۋە بۇ يولدا ئۆز رەقىب-
لىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا
كەلتۇرۇشتىكى مۇھىم سەۋەبلەرنى ئەينەن تەسۋىرلەپ يېزىپ چىقى-
شىم ئۇچۇن ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ ماڭا يېتەرلىك كۈچ - قۇۋ-
ۋەت ۋە ماھارەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن .
باتۇخان كىيىنكى مۇھاسىرىگە ئالغان كۇنلەردە، ئۆزىنىڭ
ئوڭ قانات كۇچىنى يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا
ئەۋەتتى .
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردا
بەل تۇتۇشىدىغان رەقىبلىرىنىڭ ماغدۇرىنى بىلىپ بېقىش ئۇچۇن
بىر قىسىم ئايغاقچىلارنىمۇ ئەۋەتتى .
تاتارلارنىڭ بىر ئەترىتى يول بويى تالان - تاراج قىلىپ
ليۇبلىن شەھىرىگىچە بارغان، قايتىشىدا نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى
ئېلىپ ئاساسىي قوشۇنغا كېلىپ قوشۇلغان .
باشقا قىسىملار توخلىغان ۋىسلىس دەرياسىدىن ئۆتۇپ، باي
كراكوۋ شەھىرىگە قاراپ ماڭغان . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم
موڭغۇل قوشۇنى كراكوۋنىڭ گېنېرال ۋىلادىمىر قوماندانلىق قىل-
غان ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان . گېنېرال ۋىلادىمىر

قوماندانلىق قىلغان قوشۇن قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئالغان تاتار قوشۇنلىرى تازا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان يېرىم كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ، دۇشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ۋە ئەسىرگە ئېلىنغان نۇرغۇن يۇرتداشلارنى قۇتۇلدۇرغان. ئەسىرگە ئېلىنغان كىشىلەر كېچىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئورمانلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنغان. كراكوۋنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى قېچىپ چىققان. ئۇلار قېچىپ چىقىش جەريانىدا ئوت قويۇۋەتكەچكە، پۈتۈن شەھەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان.

باتۇخاننىڭ غايەت زور قوشۇنى بەش قىسىمغا بۆلۈنۈپ، غەربىي ياۋروپاغا بېسىپ كىردى.

ئەسكىرىي كۈچى غايەت زور بولغان بۇنداق چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىنى توسۇش ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش ئىدى. 1241 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لىگنىس شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدا بىر مەيدان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا «قۇياش پاتقان ئەللەر» بىلەن «دۇنيانى تىترەتكۈچى» چىڭگىزخان ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قاتتىق كۈچ سىنىشىش بولدى.

موڭغۇللار بىلەن تۇنجى قېتىم تۇتۇشقىنى چېخ تاغلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن پىيادە قىسىملار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆكسىدە چوڭ ئاق كرېست ئىزنىكى ئېسىلغان بولۇپ، بۇ ۋەتەن ئۈچۈن بىر قەددەممۇ چېكىنمەيمىز دېگەن نىشاننى بىلدۈرەتتى. ئۇلار ئىنتايىن زىچ ۋە رەتلىك تىزىلغان، ھەربىي مارشنى ياڭراتقىنىچە دۇشمەنگە قاراپ ئېتىلدى. موڭغۇللار ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، يالغاندىن قاچقان بولۇپ، بىر ھۇجۇم قىلىپ، بىر چېكىنىپ، رەقىبىنى سازلىققا سۆرەپ كىرىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. قەھرىمان چېخلار غەلىبە قىلىمىز دېگەن ئىشەنچ بىلەن زىچ تىزىلغان سېپىنى بۇزۇپ، قاچقان موڭغۇللارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. موڭغۇللار ئۇشتۇمتۇت كەينىگە بۇرۇلۇپ، مىس قالقانلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلدى ۋە چېخ ئەسكەرلىرىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ قورشاۋغا ئالدى. تاتارلار رەقىبى بىلەن قۇچاقلىشىپ جەڭ قىلىشتىن ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

تارتىپ ، يىراقتىن ساداق ئېتىپ چېخلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرات- تى . تاغلىقلار ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغۇچە جان تىكىپ كۈرەش قىلدى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، تاغلىقلارغا ياردەمگە كەلگەن چېخلارنىڭ ئىككى قىسىم ، پولەكلەرنىڭ بىر قوشۇنى موڭغۇللارنىڭ چاقماق- تەك تېز ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا پۈتۈنلەي بىتچىت بولدى . رىتسار پروسكوۋنىڭ ئاتلىق قىسمى داۋاملىق ئىشلىتىپ كېلىۋات- قان «شىنا» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ، خۇددى تەۋرەتكىلى بولماي- دىغان غايەت زور شەمشەردەك موڭغۇل قوشۇنىنىڭ كۆكسىگە تاقال- دى . بىراق ، سەرۋازلار موڭغۇللارنىڭ ھەرقانداق ئېھتىماللىقتا ئورۇن قالدۇرىدىغان جانلىقلىقىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىدى . موڭ- غۇللار ئۇشتۇمتۇت ئاتلىرىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ ، سەرۋازلار- نى بۆلۈپ - بۆلۈپ قورشاۋغا ئېلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى . شۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغلاردا «قۇياش پاتقان ئەللەر» ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك دەپ شۆھرەت قازانغان گېرمان ئاتلىق قوشۇنىمۇ ئوقيا ۋە نەيزىلەر ھۇجۇمى ئاستىدا بەربات بولدى .

تاتارلارنىڭ يەڭگىل ئاتلىق ئەسكەرلىرى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا روشەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى . دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى كىيگەن ھەيۋەتلىك سەرۋازلار ئات ئۈستىدە ئىنتايىن ئېغىر ۋە بىئەپ ئول- تۇراتتى ، تېزلىكىمۇ موڭغۇللارنىڭكىدىن كۆپ ئاستا ئىدى . ئەگەر تۇيۇقسىز سازلىققا كىرىپ قالسا ، ھەرىكەت قىلىش تېخىمۇ قىيىن- غا چۈشەتتى . تاتارلار ئۇلارنى يىراقتىن تورۇپ بىمالال ئوققا تۇتاتتى . ئۇلار بولسا سازلىقتىن قېچىپ كېتەلمەيتتى .

سىلىزىيىنىڭ گېرتسوگى گىنرىخ — بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قەھرىمان قوماندانى شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا قۇربان بولدى .

موڭغۇللار لىگنىتسىنىڭ ئەتراپىدا چۇمۇلىدەك لۆمشۈپ يۈر- گەن بولسىمۇ ، شەھەر خەلقى قاتتىق مۇداپىئە كۆرگەنلىكتىن ، شەھەرگە بۆسۈپ كىرەلمىدى . ئۇلار باتۇخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن راتىبورغا قايتىپ ، مۇراۋىيىگە ھۇجۇم قىلدى . مۇراۋىيىنى قىر-

غىن قىلغاندىن كېيىن باگمىيگە يۈرۈش قىلدى .
باگمىيە كارولى ۋىنسلوۋ تەجرىبىلىك چېخ قوماندانى پاروس-لاۋنى موڭغۇللارغا قارشى ئاتلاندۇردى . بىراق ، ئۇنىڭغا ئوچۇق دالادا جەڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى ، پەقەت بورنو شەھىرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنىلا تاپشۇردى . پاروسلاۋ بورنو شەھىرىنى قوغ-داۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى كۆرۈپ ، بىر قىسىم كىشىلەرنى بورنو شەھىرىنى قوغداشقا قالدۇرۇپ ، ئۆزى 5 مىڭ پىيادە ئەسكەر بىلەن 500 ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ ، موڭغۇللار كەلگەن ئالۇمۇستقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . پاروسلاۋ ئەمدىلا شەھەر ئىچىگە كىرىپ بولۇشىغا ، تاتارلار شەھەرنى سىرتتىن مۇھاسىرىگە ئالدى .
بىراق تۇن پەردىسى يېيىلغاندىن كېيىن ، پاروسلاۋ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشنى قارار قىلدى . كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېهتىيات بىلەن چىقىپ ، ئۇيقۇدا ياتقان دۈش-مەنگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى .
ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن قىلىنغان هۇجۇمدىن كېيىن ، گەرچە ئاز ساندىكى كىشىلەرلا شەهەرگە هايات قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، بىراق بۇ غايەت زور غەلىبە ئىدى . بۇ خەۋەر تېزلا مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىپ كەتتى . كىشىلەر شۇنى چۈشەندىكى ، موڭغۇللار يەڭگىلى بولمايدىغان كىشىلەر ئەمەس ئىكەن .
بۇ قېتىمقى كەسكىن كېچە ئۇرۇشىدا چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان خانزادە ، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ قوماندانى هەيدەر ئۆلتۈرۈل-دى . يۇرۇشتە ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ يۈرگەن مىسىق — باتۇخاننىڭ ئامراق خوتۇنى يۇلتۇزنىڭ ئاكىسىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇ-رۇشتا ئۆلدى .
ئەتىسى موڭغۇللار تۈنۈگۈنكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان هەيـ-دارخان ، مىسىق قاتارلىقلارنىڭ جەسەتلىرىنى سەرجان قىلىپ تىـ-زىپ غايەت زور مۇسىبەت گۈل خانىنى ياساپ ئوت قويدى . ئەر-ۋاهلىرىنى چاقىرىپ ۋارقىراپ ، هەربىي مارش ئېيتىپ ، ئۇ-

ياقتىن ـ بۇياقتىن گۈلخاننى ئايلىنىپ چۆرگىلىدى. بىراقتىكى زېمىنلارغا كېلىپ بەختكە قارشى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان جېرىكلىرىنىڭ «قەھرىمان روھى»غا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مۇسىبەت گۈلخانىغا ئوتۇن ـ ياغاچ ئېلىپ كەلگەن ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئەرشكە چىقىپ، قۇربان بولغان موڭغۇللارنىڭ قۇلى بولارمىش.

كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى بۇلۇتقا تاقاشتى. ئۇپۇقمۇ قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى.

موڭغۇللار قوماندانى ۋە باھادىرلىرىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالۇمۇستقا قىلىنغان مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ، باتۇخاننىڭ قەتئىي بۇيرۇقىغا بىنائەن ۋېنگرىيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئالدىن بەلگىلەنگەن كۈندە ئۇ يەردە ئۇچراشماقچى ئىدى.

ئىككىنچى تۈرلۈك سۆز بىلەن ئېيتقاندا، موڭغۇللار مەلۇم بىر شەھەرنى دەرھال ئىشغال قىلىشقا ئىمكان قىلالمىسىلا، باتۇخاننىڭ يۇقىرىقى مەزمۇندىكىدەك بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بۇ شەھەرگە قىلىنىۋاتقان مۇھاسىرىنى بىكار قىلاتتى.

## ئۈچىنچى باب

# قەھرىمان ناخشىچى

تاتارلارنىڭ ساندۇمىرنى قامال قىلغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولدى . ئۇلار يىراقتا يېتىدىغان ئوقيا بىلەن تاش سېپىل ئۈستىدە تۇرغان مۇھاپىزەتچى ئەزىمەتلەرگە ئوق ئۈزەتتى . ئورۇق ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ئەسىرلەرنى قامچا ۋە كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ ، ئارقان شوتىلار بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن يول ئېچىشقا مەجبۇرلايتتى . سېپىل ئۈستىدىن قايناق سۇ ۋە داغلانغان مايلار قۇيۇلاتتى .

بايرام كۈنلىرى ساندۇمىر خۇشاللىققا چۆمەتتى . ياڭراق ناخشىلار ئۈزۈلمەي ئېيتىلاتتى . كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن گۈزەل قىز ـ جۇۋانلاردىن كىشىنى مەست قىلىدىغان ئەتىرنىڭ ھىدى كېلەتتى . بۈگۈن گۈلخان ۋە ئىس ـ تۈتەكلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان شەھەردە نالە ـ پەرياد كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېزەتتى .

شەھەرنىڭ بارلىق ئاھالىسى ، چېچى ئاقارغان قېرىلاردىن تارتىپ ئاغزىدىن سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن گۆدەك ئۆسمۈرلەرگىچە ھەممىسى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تاش ئاتاتتى . قىلىچ ، پالتا ، توقماقلار پالىلدايتتى ، شەھەر سېپىلىدىن تاتارلارنىڭ نالە قىلغان ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

جاپاكەش ئاياللار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاش توشۇماقتا ، تاماق ئەكەلمەكتە ، يارىلانغانلارنى تاڭماقتا .

بەزىدە كەچ كىرگەندە ياكى قار ـ شىۋىرغان بولغان پەيتلەردە موڭغۇللار ھۇجۇمنى توختىتاتتى ، بۇ چاغدا شەھەر ئىچىدىكى

داد ـ پەرياد ئاۋازىنى ۋە سىپىل سىرتىدىكى بۆرىگە ئوخشاش ھۇۋلاپ ئېيتقان مۇدھىش ناخشا ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. بۇ ناخشىنى قىسىق كۆزلۈك تاجاۋۇزچىلار ئېيتاتتى.

ھەر كۈنى كەچ بولۇشى بىلەن چىرايى قاپقارا موڭغۇللار گۈلخانلار ئەتراپىدا كۆيۈپ چوغقا ئايلانغان ياغاچلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ كەينىدە خوتۇنلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار قىسىق كۆزلىرىنى گۈلخاندىن ئۈزمەي، چىرىكلەرنىڭ نىمە توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار: «بۇ قارغىش تەگكۈر شەھەرنى ئالغىلى بولارمۇ؟ قان بىلەن بۇلغانغان كىيىملەر، يەكپاي ئاياغلار، يۇمشاق مويلۇق جۇۋىلار ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان قەدەھلەر قاچانمۇ ھارۋىمىزغا لىق توشار؟» دېيىشەتتى... ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ كەينىدە قوللىرى چىتىپ باغلانغان ھەسرەتلىك قۇللارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش قىزلار، يىگىتلەر ۋە يارىسى بەك ئېغىر بولمىغان ئەزىمەتلەرمۇ بار. ئۇلارنى قۇل بازىرىغا ئېلىپ بارسا ئوڭايلا قولدىن ئۆتكۈزەلەيدۇ، ئەگەر بولمىغاندا، ئاغلىق ئىككى ئىشتانغا بولسىمۇ تېگىشەلەيدۇ.

جاھانگىر باتۇخاننىڭ «جىنىدىن تويغان»لار تۈمەنى ساندۇمىرغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى.

چۈنكى بۇ تۈمەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ياسالغان سىپىل بۇزار ۋە تاش ئاتار قوراللارنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەر مەزگىلىدە، تاش ئاتىدىغان قورالنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يوغان ـ يوغان تاشلار شەھەرگە قاراپ ئۇچماقتا. ئۇ تاشلارنى تۆت ئادەم تەستە مىدىرلىتاتتى. سىپىل ئۈستى ۋە شەھەر ئىچىگە چۈشكەن تاشلارنىڭ غايەت زور بۇزغۇنچىلىقى تىز پۈكمەس مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشە پەيدا قىلدى. ئۇلار ھەر قانداق قەھرىمانە روھنىڭ قۇدرەتلىك دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قورالى ئالدىدا ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندى.



www.uyghurkitap.com

قارشىلىق ئىنتايىن تېز سۇندۇرۇلدى . تاتارلارنىڭ بويى پا-
كار ، تۇكلىرى ھۇرپىيىپ تۇرىدىغان ئاتلىرى سېپىلدىن ئىچىلغان
تۆشۈكتىن تاشقىندەك بېسىپ كىرىپ ، شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىغا
يامراپ كەتتى .

ساندۇمىر قولدىن كەتتى . شەھەر ئاھالىسى قانداق قىسمەت
بولۇشىنى ، ئۆز بېشىغا قانداق بالالارنىڭ يېغىشىنى ئەنسىزلىك
بىلەن كۈتمەكتە . موڭغۇللار پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ
كىرىپ كۆڭلىگە ياققان نەرسىنى بۇلاپ ـ تالىماقتا ھەمدە قورقۇپ
ئېسىدىن كەتكەن ئاھالىنى مال ـ بىساتىنى كۆتۈرۈپ شەھەر مەيدا-
نىغا ئاپىرىشقا زورلىماقتا . موڭغۇل يۈزبېگىلىرى ئالدى بىلەن بۇ
غەنىيمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى باتۇخانغا ، بەشتىن بىرىنى يىراق-
تىكى موڭغۇل خاقانىغا ئاپىرىپ ، قالغان ئۈچ ئۈلۈشىنى چېرىك-
لەرگە بۆلۈپ بەرمەكچى .

شەھەردە تۈشمۇ تۈشتىن يانغىن ياناماقتا ، ئۈمىدسىزلەنگەن
پۇقرالار ئۆيلىرىنىڭ يات تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى
قىلىنىشىنى خالىماي ، ئۆيلىرىگە ئۆزلىرى ئوت قويۇپ بېرىپ ،
يەر ئاستى ئۆيلىرىگە كىرىپ پاناھلانغانىدى .

موڭغۇللار سېپىل دەرۋازىسىغا دۆۋىلىۋەتكەن ياغاچ ـ تاشلار-
نى ئەسىرلەرگە ئالدۇرۇپ ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتى . دەل چۈش
مەزگىلىدە باتۇخان مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەر ئىچىگە
ئاتلىق كىرىپ كەلدى . ئۇ بېشىغا قوتان ئۇكىسى تاقىغان پولات
دۇبۇلغا ، ئۇچىسىغا ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان ساۋۇت ، ئالتۇن
كالۋۇتۇندىن توقۇلغان يوپۇق ، بېغىررەڭ رەخت بىلەن تاشلانغان
قارا بۇلغۇن جۇۋا كىيىپ ، جەدە ئات مىنگەنىدى . ئېگەر ـ جابدۇق-
لىرى ئالتۇن ۋە ئېسىل جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن ئات ئاستا
قەدەم تاشلاپ كېلەتتى .

باتۇخان شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى . مەيدان
شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن قېچىپ كەلگەن دېھقانلارنىڭ هارۋى-
سى بىلەن تولغانىدى . تاشتىن ياسالغان ئىككى ئېگىز مۇنارلىق

ھەيۋەتلىك چىركاۋ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

— بۇ پولەك ئىلاھىنىڭ ئۆيىمۇ؟ — دېدى باتۇخان.

— شۇنداق، — دېدى تىلماچ جاۋاب بېرىپ، — بۇ لاتىنلارنىڭ كاتولىك چىركاۋى، يان تەرەپتىكى ئۇزۇن تاش ئۆي لاتىن موناخلىرىنىڭ موناستىرى، ئۇلار بۇ يەردە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، مۇقەددەس كىتابلارنى كۆچۈرىدۇ.

— مېنىڭ لاتىن شامانلىرىنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن! — دېدى ـ دە، باتۇخان ئاتتىن چۈشمەي كاتولىك چىركاۋغا كىرىپ كەتتى.

قارا دۇب ياغىچىدىن ياسالغان چىركاۋ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق ئىدى. ئىشىك قاناتلىرىغا ئىلاھلارنىڭ رەسىملىرى چاپلانغانىدى. ئىشىكتىن كىرگەن باتۇخان تامدىكى چوڭ رەسىم ئالدىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

— بۇ كىمنىڭ رەسىمى؟

— بۇ «ئاخىرەتتە ھۆكۈم قىلغۇچى»نىڭ رەسىمى، — دېدى تىلماچ چۈشەندۈرۈپ، — بۇ رەسىمدە ئاخىرقى زامان بولغاندا، بارلىق ئۆلگۈچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇدانىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدىغانلىقى ۋە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ ھەربىر كىشىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن...

— بۇ ئۇزۇن قۇيرۇق، غەلىتە مۈڭگۈزلۈك، چىرايى بەتبەشرە نېمە قىلىدىغان ئادەم؟

— بۇ كىشىلەرنى يامان ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان شەيتان، پولەكلەر ئۇنى «دىيابىل» دەيدۇ...

— پولەكلەر بۇ «دىيابىل»غا ئېتىقاد قىلامدۇ؟

— ياق، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ.

— ئۇلار بىزدىنمۇ قورقسۇن! — ئورداخان باتۇخاننىڭ يېنىغا كېلىپ دېدى، — قۇللار ئەلۋەتتە خوجىسىدىن قورقىدۇ.



www.uyghurkitap.com

باتۇخان ئات بىلەن چىركاۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ رەت ـ رەت
تىزىلغان ئورۇندۇقلىرىنى ئارىلاپ ماڭدى . يەرگە يېيىلغان تاشقا
تەگكەن تۇياق ئاۋازى چىركاۋ تاملىرىدىن قايتقان ئەكس سادا بىلەن
بىرلىشىپ زال ئىچىنى ياڭرىتىۋەتتى . ئۇ نەزىر ـ چىراغ سۇپىسى-
نىڭ يېنىغا كېلىپ مۇقەددەس رەسىملەرنى سوراشقا باشلىدى .
نەزىر ـ چىراغ سۇپىسىنىڭ يان تەرىپىگە ئېسىلغان رەڭلىك سى-
زىلغان ئايالنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ : «بۇ كىم؟ نېمە ئۇچۇن
ئۇنىڭ رەسىمىنىڭ ئەتراپىغا گۇللەرنى تىزىپ ، مەرۋايىتلارنى ،
رەڭدار لېنتىلارنى ئېسىپ قويغان؟» دېدى . ئۇنىڭ بۇۋىمەريەم
ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ، يەنە سوراشقا باشلىدى :

— ناخشا ئېيتىدىغانلار نەگە كەتتى؟ بۇ يەردىكى باشقا كىشى-
لەر قاياققا كەتتى؟ نېمە ئۈچۈن ئالدىمغا چىقىپ قارشى ئالمايدۇ؟
ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرمەيدۇ؟ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىڭلار !

باتۇخان ئاتتىن چۈشۈپ ، يېشىل رەڭلىك مەشۈت بىلەن
قاپلانغان كەڭ كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئادەتتە ئىبادەت ۋاقتىدا
ساندومىر شەھىرىنىڭ گېنېرالى بۇ كۇرسىدا ئولتۇراتتى .

نۆكەرلەر باتۇخاننىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چې-
پىپ چىقىپ كېتىپ ، هايال بولماي بىر پوپنى هەيدەپ كەلدى .
ئۇ موناخلارنىڭ قارا تونىنى كىيىپ ، قولىدا تەسۋى سىيرىپ تۇرات-
تى . ئۇ باتۇخاننىڭ يېنىغا تەسلىكتە مېڭىپ كەلدى ۋە بۇ تاتار
داھىيسىغا تىكىلىپ قارىدى .

— قېرى ، راستىڭنى ئېيت ، سىلەرنىڭ شامانىڭلار قاياققا
كەتتى؟ ئۇلار نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

— چىركاۋىمىزدىكى بارلىق موناخلارنىڭ روھى ئالىلقاچان
خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى . ئۇلار كاتولىك دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى
بىلەن قەهرىمانە كۆرەش قىلدى . سېنىڭ رەھىمسىز چېرىكلىرىڭ
ئۇلارنىڭ هەممىسىنى سېپىل ئۈستىدە چېپىپ ئۆلتۈردى . پەقەت
مەنلا ئامان قالدىم . مەن بۇ چىركاۋغا قاراش ئۈچۈن قالغانىدىم .
هازىر قەهرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغان قېرىنداشلار ئۈچۈن تىلا-

ۋەت قىلىۋاتىمەن .

— بۇنداق باتۇر رەقىبلەرنى ھۆرمەت قىلىمەن . ھاجى رەھىم ! ھاجى رەھىم نەگە كەتتى ؟

ھاجى رەھىم باتۇخانغا سوڭدىشىپ كېلىپ ، كۆرسىنىڭ كېينىدە تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى . بۇ تارىخچى ئۆزىنىڭ دانا بېشىنى ئاق سەللە ئىچىگە يوشۇرغان ، ئۇستىگە قارا تون كىيىپ ، بېلىنى يوللۇق پوتا بىلەن باغلىغانىدى . باتۇخاننىڭ چاقناپ تۇرغان قوراللارنى ئاسقان قولداشلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ كىشىنىڭ تۇرقى بەكمۇ پېقىر كۆرۈنەتتى .

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز ! بۇ قېرىدىن لاتىن چىركاۋىدىكى شامانلارنىڭ سىپىل ئۇستىدە ئۆلگەنلىكى زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ بىل ، ئاندىن بۇ ئىشلارنى سەپەر خاتىرەڭگە ئېنىق قىلىپ يېزىۋال .

— باش ئۇستىگە ! خاقان ، مەن سىنىڭ دىققىتىڭگە سازاۋەر بولىدىغان بىر ئىشنى ئەسكەرتمەكچىمەن . سەن پولەك مۇرىتلىرىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىماقچى ، ئەپسۇسكى ، بۇ يەردە ساڭا ناخشا ئېيتىپ بەرگۇدەك ئادەم يوق . مەن مەيدانغا يېقىن يەردە ، شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئارىسىدا ناخشا ئېيتىپ يۈرگەن بىر كىشىنى كۆردۈم ، ئۇ يارىلانغان ، بېشىدىن قان ئاقماقتا ، بىراق ئۇ تاش ئۇستىدە مەغرۇرانە تۇرۇپ ، مەردانىلىك بىلەن ناخشا ئېيتماقتا . چېرىكلەر ئۇنىڭغا تىغ سانجىسىمۇ ، پىسەنت قىلمىدى···

باتۇخان يېنىدىكى بىر تورغاۋۇتقا دېدى :

— ناخشىچىنى مەيدانغا دەرھال كەلتۈرۈڭلار !

تورغاۋۇت ھايال ئۆتمەي ، چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ياش بىر بالىنى سۆرەپ كەلدى . ياش بالىنىڭ بىر قولىدا ليوتنيو[①] ، يەنە بىر قولىدا قولياغلىق بىلەن بېشىدىكى يارا ئېغىزىنى تۇتۇۋالغانىدى . قىپقىزىل قان ماڭلىيىنى بويلاپ تۆۋەنگە ئاقماقتا . ئۇ كەڭ ئاغلىق ئىشتان كىيگەن ، پۇتى يالاڭ ئاياغ

① ليوتنيو — تارلىق چالغۇ ئەسۋاب .

(ئۈتۈكىنى تاتارلار سالدۇرۇۋالغان ) ئىدى .
باتۇخان بىر چەتتە تۇرغان دۇتانغا ناخشىچى بىلەن سۆزلەش دەپ بۇيرۇدى .
— ئاڭلىشىمىزچە ، سەن مەيداندا ساندۇمىرلىقلارنى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىشقا ئۈندەپ ناخشا ئېيتىپسەن ، بۇ راستمۇ ؟ — دېدى دۇتان .
— راست ، مەن شۇنداق قىلدىم . مەن هاياتلا بولىدىكەنمەن ، ناخشام بىلەن ئۆز خەلقىمنى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمەن . گۈزەل يۇرتىمىزغا ئاپەت ئۇرۇقىنى چاچقان تاتار داهىيسىنىڭ ئالدىدىمۇ بۇ ناخشىنى ئېيتالايمەن .
— بىزنىڭ سەلتەنەتلىك ساھىبقىرانىمىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقان .
ناخشىچى قەددىنى رۇسلاپ ، ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن سۇكۇت ئىچىدە ئولتۇرغان باتۇخانغا تىكىلىپ قارىدى . باتۇخاننىڭ چىرايى سوغۇق ، قىسىق كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك ھەرىكەتسىز ئىدى . بۇ داهىينىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى .
— ناخشا ئېيتىشتىن قورقمايمەن ، گەرچە ئۆلۈم مېنى كۈتۈپ تۇرسىمۇ !
تىلماچ ناخشىچىغا ، خاقاننىڭ قانداق خىيالدا ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئېھتىمال ئۇ سېنى ئۆلتۈرمەي ، بەلكى مۇكاپات بېرىشى مۇمكىن ، دېگەنلەرنى ئېيتتى .
— ئېيتسۇن ! — دېدى باتۇخان .
ناخشىچى قانغا بويالغان قولياغلىقىنى بىر چەتكە تاشلاپ ليوتنىيونى سازلىدى . ئاندىن ياڭراق ئاۋاز بىلەن ناخشىسىنى باشلىۋەتتى . دۇتان پەس ئاۋازدا تەرجىمە قىلىپ تۇردى .

دۆۋە ـ دۆۋە سۆڭەكلەر ، غېرىب بولدى دالادا ،
ۋەيران بولغان يېزىلار ، ئوخشار بىر گۆرىستانغا .
ئاھ شورۇم ، بىزنىڭ شورىمىز !

قىزلار ئەمدى بارالماس ، ئورمانغا مېۋە تەرگىلى ،
پادىچى بالا بارالماس ، دالاغا قوي باققىلى .
ئاھ شورۇم ، بىزنىڭ شورىمىز .
تاتارلارنىڭ ئاتلىرى ، چەيلەر بىزنىڭ زېمىننى
يىگىتلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، قىزلارنى دەپسەندە قىلغىنى .
ئاھ شورۇم ، بىزنىڭ شورىمىز !

— تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان كىشىلەرگە ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك ، — دېدى باتۇخان ، — بۇ دېگەن ئۇرۇش ـ دە !

باتۇ كېچىسى تولغىنىپ ياتىسەن ، لېكىن ئۇخلىيالمايسەن…

دۇتان بۇ سۆزنى ئاغدۇرۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . بىراق ، باتۇخاننىڭ نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغان كۆزىنى كۆرۈپ ، ئامالسىز تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى .

ھەي دىنسىز ، ئىنسانلارنى سەن قىرىپ تۈگىتەلمەيسەن ،
ئاھ شورۇم ، بىزنىڭ شورىمىز !
باتۇ ! نېچۈن بولالمايسەن تۈندە خاتىرجەم ،
چۈنكى مەن قېنىڭنى تويۇپ ئىچمىدىم .
ئاھ شورۇم ، بىزنىڭ شورىمىز .

دۇتان تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . باتۇخان ناھايىتى تەبىئىي ھالدا مۇنداق دېدى :
— بۈيۈك ھۆكۈمران ئەلۋەتتە سوغۇق قان بولۇشى كېرەك .

ئالۋاستى يادىدۇ ، بولغاچقا ئەتراپ قىپقىزىل قان ،
يىرتقۇچ خۇشال ، بولغاچقا بەختسىز كىشىلەر سەرسان ،
بىز قارشى كۈرەش قىلىمىز ، ئالۋاستىنى تۇۋرۇككە مىخلاشقا ،
بىز قارشى ئۇرۇش قىلىمىز ، يىرتقۇچنى كالتەك بىلەن قوغلاشقا .

باتۇخان دىققەت بىلەن تىڭشىماقتا . ئۇ بىر تەرەپتىن ، ناخشىدىكى ھەربىر ھەرىكەتنى كۆزەتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، دۇتاننىڭ قالدۇرماي تەرجىمە قىلىشىنى سۈيلەپ تۇراتتى .

گەرچە بىز ئازابتا ، دۇشمەنمۇ ئەمەس خاتىرجەم ،
گۇللەيمىز يۇرتىمىزنى ئىچىپ يىگى بوز يەر .
خاقان ئەۋلادىنى ، قويمايمىز تىرىك ئەسلا ،
ئۇلارنىڭ ياتار يېرى ، بولار ئاشۇ قارا يەر .
ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىدىن ياسايمىز كۆۋرۈك ،
ئاھ ۋەتەن ، بىلىگنى رۇسلا ، تىكلەنسۇن قامەت .
ئاھ ئانا ، كىشەننى پاچاقلا ، كۆتۈر بىشىگنى ،
دۇشمەننى يۇرتىمىزدىن قوغلايلى ئەبەد !

باتۇخان ناخشىنى ئاڭلاۋېتىپ ، رەڭگىرويىنى پەقەتلا ئۆزگەرتمىدى . ئۇ يەنىلا كىشى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق قىياپەتتە تۇراتتى . چارچىغان ناخشىچىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا جىمىپ قالدى . ئۇ سەنتۇرۇلەتتى ، جاۋغىيىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ ئاقماقتا ئىدى . قولىدىكى لىيوتنيو يەرگە چۈشۈپ داراڭلاپ كەتتى .
دۇتان ناخشىچىنى يۆلەپ تاش ئۇستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى .
باتۇخان بۇرۇلۇپ ، سۇكۇت ئىلكىدە ئولتۇرغان ھاجى رەھىمگە قاراپ :
— دانا ئۇستازىم ، بۇ ئىشقا سىزنىڭ مەسلىھەتىڭ قانداق ؟ — دېدى .
ھاجى رەھىم باتۇخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئېگىشىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا شىۋىرلاپ سۆزلىدى .
باتۇخان ئۇنىڭ سۆزىنى ياراتمىغان نەزەر بىلەن :
— ھەي ، سەنزە خاتىرجەمسىزلىك شاماللىرى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بىر سەيياھقا زادىلا يەتمەيسەن ـ دە ، بىزنىڭ موڭغۇل ئۇلگىرىچمۇ ناخشىنى مۇشۇنداق چىرايلىق ، مەردانە ئېيتىدۇ . ئۇنىڭ

ئۈستىگە ،بۇ سولتەك بۈيۈك جاھاننى تىترەتكۈچىنىڭ ئەۋلادىغا تىل تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلدى . ئۇلارنى مەسخىرە قىلدى... بۇنداق ئادەملەرنى مۇكاپاتلاش كېرەكمۇ ؟ شۇنىڭغا ئەرزىمدۇ؟

كۈن ئولتۇرۇپ كېچە ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك قارا پەردىسىنى يايدى . چىركاۋ يېنىدىكى موناستىرنىڭ تار ھۇجرىسىدا چارسىلداپ يېنىپ تۇرغان ماي چىراغ يېنىدا ھاجى رەھىم «سەپەر خاتىرىسى»نى يازماقتا .

«دەھشەتلىك تاتارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان پولشا شەھىرى ساندۇمىردا ، غالىب ساھىبقىران ئۆزىنىڭ قاتتىق قولluق ئادىتى بويىچە ھەرقانداق خەيرخاھلىق قىلىشنى قەتئىي رەت قىلدى . چىركاۋدا بىر مەردانە يىگىتنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىدى . بۇ يىگىت ساھىبقىراننى چاقىرىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ناخشىسى بىلەن پۈتكۈل پولشالىقلارنى ۋەتىنىنى قوغداشقا چاقىردى .

جاھانگىر مېنى چاقىرتىپ ، بۇ ناخشىچىغا نېمە سوۋغات قىلساق بولار دېدى . مەن ، بۈيۈك ‹قوش مۈڭگۈزلۈك› ئىسكەندەرنىڭ ئەينى يىللاردىكى يوسۇنى بويىچە ئىش كۆرگىن . سەن پۈتۈن پولشا زېمىنىنى بويسۇندۇردۇڭ ، ئەمدى خەلقىنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشۇڭ كېرەك . شۇڭا ، سەن ئۈستۈڭدىكى ئىبىسل جۇۋىنى بۇ ناخشىچىغا سوۋغات قىل ، پولشا خەلقى سېنىڭ بۇ سېخىيلىقىڭنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ھېكايە قىلىپ قوشاق ئېيتىپ مەدھىيىلەيدۇ ، دېدىم .

ئەسلى مەن ‹باتۇخان بويسۇندۇرغان نۇرغۇن مەملىكەتلەردىن تىزىلغان بۇ بىر تىزىق مارجانغا يەنە بىر زۇمرەت ياقۇت قوشۇلغان چاغدا ، بىر دانە جۇۋا ئۇنىڭ پۈتۈن بايلىقى ئالدىدا بىر ئەرزىمەس چاڭدىن ئىبارەت › دەپ ئويلىغانىدىم .

ئېھتىمال يىگىتنىڭ ناخشا ئاۋازى ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بەرگەندۇ ؟ ياكى ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇن مىللەتلەر خۇددى شامال سۇرگەن بۇلۇتلاردەك بۇ دۇنيادىن پۈتۈنلەي يوقاپ كېتەر ؟ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ ، بۇنى كىم بىلسۇن ؟ بىراق بۈيۈك بوي-

سۇندۇرغۇچى باتۇخان ئۇستىدىكى قىممەت باھالىق جۇۋىسىنى ۋە-
تەنپەرۋەر مەردانە ناخشىچى يىگىتكە ھەدىيە قىلغان بولسا ، ئېھتى-
مال بۇ مەردلىك ناخشا ئاۋازىغا قوشۇلۇپ نەچچە مىڭ يىللار
كىشىلەر قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىدى . ھالبۇكى ، باتۇخان ئۇنداق
قىلمىدى ، ئەكسىچە ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-
دى . ناخشىچى يىگىتنىڭ جەسىتى ئاشۇ پولشا چېركاۋىنىڭ تاش
سۇپىسىدا يالغۇز قالدى » .

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن )

باتۇخاننىڭ : «مېنىڭ ‹قۇياش پاتقان ئەللەر›نى ۋەيران قىلى-
شىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەپسىلىي خاتىرىلەن-
سۇن» دېگەن بۇيرۇقىغا بىنائەن ، ئالدىمغا ئېلىپ كېلىنگەن ئە-
سىرلەردىن ئۆز دۆلىتىنىڭ تۇرمۇش ، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا
نەرسىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سورىدىم . ئەلقىسسە ، ئۇلارنىڭ
تاتارلارنىڭ باسقۇنچىلىقىغا قارشى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىنتا-
يىن بىپەرۋالىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىنى بىلىپ ، ھەيرانلىق ئىلكىدە
ياقامنى تۇتتۇم . ئاسىيادىن كېلىدىغان بۇ زور قوشۇننىڭ شۇنچە
يىراق جايدىن كەلگەنلىكىگە ، ئۇنىڭ غايەت زور قۇدرىتىگە ئىشىنى-
دىغان بىرمۇ ماجارلىقنى ئۇچراتمىدىم . ئەسىرلەر بىلەن سۆھبەت-
لىشىش جەريانىدا دائىم ئەرەب ئەلچىسىنىڭ مىرزىسى «تەقۋادار»
دەپ ئاتالغان دۇتاننىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇم . ئۇنىڭ كۆپ
خىل تىللارنى راۋان سۆزلەش ئىقتىدارى كىشىنى تەئەججۈپ چۆلى-
گە سالاتتى . ئۇ ھەرقانداق بىر ئەسىر ئېغىز ئېچىشى بىلەنلا ئۇنىڭ
تىلىنى بىلىدىغان بولۇپ چىقاتتى ۋە شۇ زامانلا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى
ماڭا بىرمۇبىر تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى . مەن بۇ قېتىمقى سۆھبەت-
لەر ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى بىلدىم . بۇ ئىشلارنى مۇمكىنچە-
لىك بولغىنىچە «سەپەر خاتىرىسى»گە يېزىپ قالدۇردۇم .

«ھەيدەرخاننىڭ قوشۇنى پولەك كاروللۇقى ، سىلىزىيە ۋە
مۇراۋىيىنى قولغا ئالغاندا ، باتۇخان ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان
قوشۇننى باشلاپ ، قېلىن ئورمانلار بىلەن قاپلانغان ئالىپ تاغلىرى-

www.uyghurkitap.com

دىن ئېشىپ ماجار دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلدى . بۇ چاغدا گالىچ كىنەزى دانىلا كىيىپتىن قېچىپ ، ماجار دۆلىتىنىڭ پايتەختى بۇداغا كېلىپ ، كارول بېلىدىن پاناھلىق تىلىدى . دانىلا كارولدىن دەرھال لەشكەر چىقىرىپ ، رۇس قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىشنى ۋە موڭغۇل باسقۇنچىلىرىغا رۇسلار بىلەن بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى .

كارول بېلى قۇدرەتلىك دۈشمەننىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلسىمۇ ، لېكىن ئۇشتۇمتۇت ماجار چېگراسىغا يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنمىدى . شۇڭا ، ئۇ ئالىپ تاغلىرىغا ماجار ۋە كوتان قىسىملىرىدىن بىرنەچچىنى ئەۋەتىپ ، ياغاچ كېسىپ بارلىق ئۆتكەللەرنى توسۇشنى ئورۇنلاشتۇردى .

پەقەت كوتان خانلا غايەت زور بىر ئاپەتنىڭ ماجار ئېلىگە بېسىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇردى . بىراق ، بېلى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى . ئۇ كوتان خاننى «ماڭا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ . مېنىڭ ئوڭ قول ياكى سول قول ۋەزىرىم بولۇشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ » دېگەن خىياللاردا بولدى . ئەمەلىيەتتە بولسا ھەقىقىي بىراقنى كۆرگەن ئادەم مۇشۇ كوتان خان ئىدى .»

# تۆتىنچى باب

## ماجار ئېلىدە

1240 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ، كىيېفنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى
ۋە نۇرغۇن رۇس بەگلىكلىرىنىڭ موڭغۇل تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن
تالان ـ تاراج قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ماجارغا يېتىپ
كەلدى . بۇ خەۋەر ماجار ، پولشا ، بوگمى[①] كاروللىرىنى ، ھەتتا
ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى تەشۋىشكە سالدى . ئۇلارنىڭ مەملىكەت-
لىرى رۇسلارغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بەختسىزلىكلەر-
گە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى . ئارقىدىنلا يۇقىرىدا تەرىپى ئېيتىلغان
ئاسىيادىن تاسادىپىي كۆتۈرۈلۈپ چىققان دەھشەتلىك قوشۇننىڭ
500 مىڭ تاتار لەشكىرى ماجار چېگراسىغا توپلاندى ، دېگەن خەۋەر
تارقالدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش تېخنىكى-
سى يۇقىرى ، پۇتكۇل قوشۇننىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشچانلىقى كۈچ-
لۈك ، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان خەتەرلىك كۈچ ، ئۇلار ئۆلۈم-
دىن ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدۇ . ئالدىغا ئۇچرىغان بارلىق
ياۋروپا قوشۇنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ ، دېگەن گەپ ـ
سۆزلەرمۇ بولۇندى .

بەزىلەر ئۆز كۆڭلىنى ياساپ :

— تاتارلار نۇرغۇن رۇس كىنەزلىكلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن
كېيىن نەپسى تويدى ، ئەمدى يەنە ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلماي-

---

① بوگمى — چېخوسلوۋاكىيىنىڭ قەدىمكى نامى .

دۇ ، — دېيىشتى .

ئەينى چاغدا ، دالماسىيىنىڭ① سپالاتو② شەھىرىدىكى مۇناستىردا تۇرۇشلۇق كاتولىك تارىخچىسى موناخ خوما ماجار كارولىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلىپ مۇنداق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان : «يېقىنقى يىللاردىن بېرىقى دۆلەت ئىچىدىكى ئەمىنلىك بىلەن پاراۋانلىق ماجارلىقلارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قويدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ئويلىمايدىغان ، ۋەتەنىنىڭ مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىشتە ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايدىغان بولۇپ قالدى» . بۇ تارىخچى ماجار ئاقسۆڭەكلىرىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ مۇنداق يازىدۇ : «ئاقسۆڭەك ياشلار شېرىن ئۇيقۇسىغا قېنىپ سائەت 11دە ئورنىدىن تۇرىدۇ . ئاندىن قىزلار ياخشى كۆرىدىغان تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن كىيىملىرىنى كىيىدۇ . ئۇلار قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىدۇ . خەتەرلىك ئاپەتنىڭ بېشىغا كېلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا بېرىلگەن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشلارغا ، خۇددى دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەستەك كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، بۇ سۆزلەر موناخ ۋە پوپلارنىڭ تارقاتقان ۋەھىمىسى بولۇپ ، كىشىلەرنى ھەر ھەپتىدە چېركاۋغا بېرىپ خۇداغا سىغىنىپ ئىبادەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر تەدبىر ئىكەن» .

ماجارلىق بىر پوپ 1240 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پارىژدىكى ئېپىسكوپقا خەت ئەۋەتىپ ، قۇدرەتلىك «ئىلاھ قامچىسى» توغرىسىدا تەپسىلىي بايان يازغان . ئۇ مۇنداق دېگەن : «بۇ ‹ئىلاھ قامچىسى› ھازىر رۇسلارنىڭ دنېپر دەرياسىغا يېتىپ كەلدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرى ئاللىقاچان ماجار چېگراسىغا كېلىپ بولدى» .

دەرۋەقە ، مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنگەن ماجار كاروللۇقى مۇ-

---

① دالماسىيە — ھازىرقى يۇگوسلاۋىيىنىڭ دېڭىز ياقىسى رايونلىرى ، ئەينى يىللاردا ماجار دۆلىتىنىڭ تەۋەسىدە ئىدى .

② سپالاتو — دالماسىيىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئىدى .

كەمەل بىر قوشۇن تەشكىللىمىگەن ۋە تېگىشلىك تەرتىپ ـ ئىنـ
تىزاملارنىمۇ ئورناتمىغانىدى . ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەر
ئوتتۇرىسىدا ئىچكى نىزا ۋە سۈركىلىشلەر بولۇپ تۇراتتى . ماجار-
نىڭ دېھقانلىرى — دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى ئاق-
سۆڭەكلەرنىڭ قاتتىق ئېزىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن ، ئۇلار بۇ ئىشقا
نارازى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەر ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئۆچ-
مەنلىك بىلەن قارايتتى . ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرگە
ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلغان دەۋرلەرنى تېخى ئۇنتۇمىغانىدى .
پەقەت 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا كارولنىڭ بۇيـ
رۇقى بىلەن يەر تېرىيدىغان دېھقانلار كروپوستنويلارغا ئۆزگەرتىلـ
گەن . ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى ساكسونىيىدىن
كەلگەن نېمىسلارنىڭ شەخسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . نەـ
تىجىدە پۈتكۈل مەملىكەت ئىنتايىن نۇرغۇن فېئودال بەگلىكلەرگە
بۆلۈنۈپ كەتتى . يېڭى شەكىل بىلەن مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈمرانلار
ئۆزلىرى ئېزىۋاتقان دېھقانلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كەلـ
گەنلىكتىن ، دۆلەت بارلىق دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا
ئامالسىز قالغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەر ئىگىلىرى ئۆزلىرىنى دۆـ
لەتنىڭ ھۆكۈمرانى ھېسابلاپ ، كارول بىلىنىڭ ھوقۇقىنى ھەر
جەھەتتىن چەكلەشكە تىرىشاتتى . ھەرخىل يىغىنلاردا ئۇنىڭغا قار-
شى چىقاتتى . ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئاجىزلاشتۇرد-
دىغان ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان تەدبىرلەرنى
قوللىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# پوشتا

ئۆتكەن ئەسىردە ياشىغان ۋېنگرىيىلىك بىر شائىر تاتار چىرىكلىرى بىلەن ماجار قوشۇنىنىڭ تۇنجى قېتىم جەڭ قىلغان ئورنى پوشتا يايلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى :

«قىش پەسلى ، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان شىۋىرغان قىلىن قار قويىنىدا ياتقان پايانسىز پوشتا دالاسىنى تىنماي كېزەتتى . ياز پەسلى كىشىنىڭ كۆزىگە قۇم تىقىدىغان قاتتىق بوران يولۇچىنى نىشانىدىن ئازدۇراتتى . پوشتا چارۋىچىلار ياخشى كۆرىدىغان جاي ، ئۇ ھەرگىزمۇ شەھەرلىكلەرنىڭ ئىستىراھەت باغچىسى ئەمەس . پۇتكۈل پوشتا دالاسىدا مال سۇغىرىش ئۈچۈن قازغان سانسىزلىغان قۇدۇقلار بار . بۇ قۇدۇقلار چوڭقۇر بولغاچقا ، ئۇستۇنكى قۇم قەۋىتى بىلەن تۇپراق قەۋىتىنىڭ تۇتاشقان يېرىگىچە چۆرىسى ياغاچ بىلەن تورالغان . قۇدۇق ئۇستىدە بولسا ، موما ياغاچ بىلەن يەلكە ياغاچتىن ياسالغان سۇ تارتىش چىغرىقى ئورنىتىلغان ، قۇدۇقتىكى سۇ ئۇستىدە لەيلەپ ياتقان ياغاچ چېلەك ئاشۇ ئىنچىكە ئۇزۇن يەلكە ياغاچنىڭ بىر ئۇچىغا باغلانغان بولۇپ ، ئىككىنچى ئۇچىغا يەلكە ياغاچنى تارتىدىغان يىپ باغلانغانىدى . قۇدۇق بېشىغا مال سۇغىرىش ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك قىلىپ ئىككى نو قويۇلغان . مالچىلار سۇنى تارتىپ بۇ نولارغا قۇيىدۇ ، ئاتلار چوڭ نودىن ، قويلار كىچىك نودىن سۇ ئىچىدۇ .

قۇدۇققا يېقىن ئەتراپتا مال سۇغارغۇچىلارنىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن ياسالغان باراك — ‹ئىستاللو› ، ‹ئىستاللو›نىڭ يېنىدا

مال سولايدىغان قاشا ‹ئاكول› بار .
ئەتراپ كۆز يەتكۈسىز پايانسىز دالا . بەزى جايلاردا رەت ـ رەت ئېگىز ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسلەر كۆرۈنۈپ قالىدۇ . سازلىقلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . قومۇشلۇقلار ئىچىگە ئاچ بۆرىلەر يوشۇرۇنغان . ناگان ـ ناگاندا بۆرە باسار ئىتلارنىڭ مۇھاپىزىتىدىكى كىچىك مەھەللىلەر ئۇچراپ قالىدۇ . كىچىك مەھەللە دېگىنىمىز ، بىرنەچچە ئېغىز پاكار ئۆيلەر بىلەن ئاسمان ـ پەلەك بېسىلغان چۆپ دۆۋىلىرى بار ئاددىي بىر قورۇق .

تاتارلار ۋە 15 ـ ئەسىردىكى ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن ، بۇ يەردىكى ھەممە ئىگىلىك ۋەيران قىلىنىدى . خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ماجار دېھقانلىرى گەمىلەردە ۋە قىڭغىر ـ قىيسىق كەپىلەردە ئىستىقامەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى . يوقسۇزلۇقنىڭ قاتتىقلىقى چېكىگە يەتتى . ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئورۇلغان چۆپتەك چۇشۇپ ، چىرايلىرى سارغىيىپ ھالىدىن كەتتى » .

ماجارلىق باشقا شائىر پوشتىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

«مەن يۇرتۇمنى يەنە كۆردۈم . تىس دەرياسى بىلەن دوناي دەرياسى خۇددى ئانىنىڭ باغرىنى قۇچاقلاپ ياتقان بوۋاقتەك ، بۇ پايانسىز چۆللۈك ئۈستىدە چىرمىشىپ ياتاتتى . بۇ بىپايان دالانى بىر چوڭ يول كېسىپ ئۆتىدۇ . ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولغاچقا ، ماللار چۆپ يېيىشتىن توختاپ ، بىر ـ بىرىنى پاناھ تارتىپ سالقىندىماقتا . كىگىز يېپىنچا يېپىنغان چوپان قاشاغا يۆلىنىپ مۈگدىمەكتە . ئىسسىقنىڭ دەستىدىن قوينى كۆزەت قىلىدىغان ئىت بۆرەباسارمۇ يولدىن ئۆتكەن ئادەمگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقا ئېرىنەتتى .

تار جىلغىدا كىچىك بىر ئېقىن بار ئىدى . بۇ ئېقىنمۇ شۇنداق ياۋاش . بېلىقئالغۇچ پەسلەپ كېلىپ بېلىق ئالغان پەيتلەردىلا بىر نەچچە تامچە سۇ چاچراپ قوياتتى .

چىغرىق يىراقتىن كۆزگە كۆرۈنەتتى . ئەسلى بۇ يەردە قۇ-دۇق بار ئىدى . لېكىن ، ئۇ بۇرۇنلا تىنىپ كەتكەن ، ھازىر ئۇنىڭ-دىن خاتىرە ئۈچۈن ياۋا ئوتلار ئۆسكەن بىر ئازگال قالغانىدى .

يېتىمسىرەپ تۇرغان بۇ يالغۇز چىغرىق ئەپسانىۋى شەھەرلەر-دىكى ئېزىتقۇ مۇنارلىرىدەك كۆرۈنەتتى . ئۇ زادى نېمىگە قاراپ تۇرىدۇ؟ بۇ مۇگدەك باسقان ، بىپايان دالادا كېتىۋاتقان ھارغىن يولۇچى ئەگەر مۇشۇ چىغرىققا يۆلىنىپ بىردەم ئارام ئالسا ، ئەنە شۇ كىشىدە بۇ پوشتىنىڭ ئۆتمۈشىگە دائىر ئەسلىمىلەرنى ئويغىتى-دۇ ، خالاس » .

# ئالتىنچى باب

## ھەمراھ شەھەرلەر

ماجار دۆلىتىنى كېزىپ چىققان بىر سەيياھ بۇ زېمىندا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنى يازغان خاتىرىسىدە، ماجار پايتەختى بۇدا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھ شەھىرى پىشنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ئەزەلدىنلا بۇ ئىككى شەھەر تىنچ ئاقىدىغان دوناي دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بىر - بىرىگە روبىرو جايلاشقان. مۇز ئويۇلۇپ، قار ئېرىگەن پەيتلەردىلا بۇ ئىككى شەھەر دەريا سۈيى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ تۇرىدۇ. قالغان پەسىللەردە بولسا ئۇلار يەنە قوشماق شەھەر بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. قىش كۈنلىرى دەريا سۈيى قاتىدۇ. ياز كۈنلىرى بولسا چوڭ كېمىلەردىن چېتىپ ياسالغان لەيلىمە كۆۋرۈكلەر ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن كىرىشتۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. كېمىلەردىن قۇرۇلغان لەيلىمە كۆۋرۈك ئىككى قىرغاقتىكى چوڭ تۈۋرۈكلەرگە مۇستەھكەم قىلىپ باغلانغان بولىدۇ. لەيلىمە كۆۋرۈك كەڭ بولۇپ، ئىككى ھارۋا بىمالال قاتار ئۆتۈشەلەيدۇ.

پىش ۋە بۇدالار ئايرىم - ئايرىم تاش سېپىل ۋە چوڭقۇر خەندەكلەر بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنغان. شەھەرگە كىرىدىغان پەقەت ئىككىلا ئاسما كۆۋرۈك بولۇپ، كۈندۈزى چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. ئاخشىمى زەنجىر بىلەن تارتىپ يىغىپ قويۇلىدۇ. پۇختا، ئېغىر قىلىپ ياسالغان شەھەر دەرۋازىسى پۈتۈنلەي تۆمۈر بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭغا پولات ساۋۇتلارنى كىيگەن نۆكەرلەر قاراۋۇللۇق قىلىدۇ. ماجارنىڭ پايتەختى خۇددى دۈشمەن قولىغا چۈشمەيدىغان مۇستەھكەم قورغاندەك كۆرۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇدا دوناي دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا، پىش شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. پىشنىڭ شەرقىي تەرەپى بىپايان پوشتا يايلىقى.

پوشتا يايلىقىدا دۇنياغا داڭلىق ماجار ئېتى بېقىلىدۇ. ماجارلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى (هونلار) ناخشىلىرىدا كۈيلىگەندەك، بۇرۇنقى زاماندا، پۈتكۈل ياۋروپاغا خۇددى تۆمۈر ئېقىندەك باستۇرۇپ كىرىپ، هەرقايسى كارول، كېنىزەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىررىتورىيىلىرىگە ۋەهىمە ۋە ئاپەت ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ هالەت تا ئۇلار جىمجىت يايلاقلارغا قايتىپ كەتكۈچە داۋاملاشقان.

بۇدانىڭ ئەتراپى مۇستەهكەم سېپىل بىلەن قورشالغان. شەهەر مەركىزىدە بىر تۆپىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزىتىش مۇنارى ياسالغان. كارولنىڭ ئوردىسىمۇ بىر قەلئەگە ئوخشايتتى. قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز بىر مۇنار بولۇپ، مۇنار ئىچىدىكى قاراۋۇل ئەتراپنى شۇ جايدىن بىمالال كۆزىتىپ تۇراتتى.

بۇدا شەهىرىدىكى بىنالارمۇ كىچىك - كىچىك قەلئەلەرگە ئوخشايتتى. تار، ئەگرى - توقاي كوچىلارغا كېچىسى زەنجىر تارتىلاتتى. كوچىغا قارىغان دېرىزىلەر خۇددى مىلتىق ئېغىزىغا ئوخشايتتى».

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن مۇهاپىزەت تەدبىرلىرىدىن بۇ جايدا هەر زامان خەۋپ - خەتەر، سۇيىقەست ۋە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىنىشىنىڭ ئېهتىمالى مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىزگە ئايان بولىدۇ. كارولغا كېلىدىغان تەهدىتنىڭ خەتىرى شەهەر ئىچىدىن، شۇنداقلا شەهەر سىرتىدىنمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇدانىڭ ئەتراپىدا فېئودال قەلئەلەر بولۇپ، ئۇلاردا تەكەببۇر ئېسىلزادىلەر ياشايدۇ. ئۇلار هەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بارون، كىنەز ۋە گېرتسوگ بولۇپ، ئۆزلىرىنى گېرمان كارولى جەمەتى ۋە چەت ئەللەردىكى مەشهۇر ئارىستوكراتلار بىلەن قانداشلىقىمىز بار، دەپ تەمەننا قويۇشىدۇ، هەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى ماجار كارولىنىڭ هوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، كاروللۇق تەختكە ئولتۇرۇشقا هەقلىقمىز دەپ قارايدۇ.

ماجارنىڭ قاشاق دېهقانلىرىدا هەتتا تېرىلغۇ يەرلىرىگە ئىگە-

دارچىلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ ئېلىپ يۈرۈشى ياكى ساقلىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغان . بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئۇلار ئەركىن دېھقانلار ئىدى . كېيىنچە گېرمانىيە ، سىلىزىيە ، سىمگرادىيە ۋە باشقا يەرلەردىن كەلگەن ئېسىلزادىلەر مەملىكەت ئىچىدە دۆلەت ھوقۇقىنى ۋە كارولنى قوغدايمىز دېگەن باھانە بىلەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز چاڭگىلىـ غا كىرگۈزۈۋالدى . بۇخىل ئەھۋال ئاستىدا كارولنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ زەربىگە ئۇچرىدى ۋە ئاجىزلىدى . ئۇ ئامالسىز مەملىكەت ئېسىلزادىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى .

كارول بىلى كوتان خانىنىڭ نۇرغۇن كومانلىقلارنى ماجار كا- رولىلۇقىغا ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، بىلى كارولىلۇقىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك سوۋېتىنىڭ ئەزالىرىنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئۇلارغا چۈشەندۈردى . بىر نەپەر ئوردا تارىخچىسىمۇ بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ شاھىتى بولدى . بۇ تارىخچى كېيىنچە «تۇتارى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن بۇ تارىخنى يېزىپ قالدۇردى . ئۇ يېزىپ قالدۇرغان «تارىخنامە» دە ئەينى يىللاردىكى بىرقەدەر چوڭ تارى- خىي ۋەقەلەر يېزىلغان . ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى دەلىللەي- دىغان مەنبەلەر يوق . بىراق ، ئۇنىڭ يازغان تارىخنامىسى «ئىمزا- سىز تارىخنامە» دېگەن نام بىلەن ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى . بىز بۇ تارىخنامىدىن ئەينى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى بىلىۋالالايمىز .

بىلى ئالىي دەرىجىلىك سوۋېتتە كومانلىقلارنىڭ ئولتۇراقلى- شىش ئۈچۈن كوتان خانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ يەرگە كېلىۋاتقان- لىق خەۋىرىنى ئېلان قىلدى . ئۇنىڭ زور بىر تۈركۈم كومانلىقلار- نىڭ چېگرا ئىچىگە كىرىشىگە قوشۇلۇشى ئاۋستىرىيىلىك گېرتسوگ فرىدرىخ باشچىلىقىدىكى بارلىق يىغىن ئەھلىلىرىنىڭ قاتتىق قار- شىلىقىغا ئۇچرىدى . ئۇلار كومانلىقلارنى ماجارنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

## يەتتىنچى باب

# كوتان خاننىڭ ئۆلۈمى

مىللىتىنىڭ تەقدىرىنىڭ كۆپ قېتىم ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر-
گە ۋە بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغانلىقى كوتان خاننىڭ ئېسىدىن
ھەرگىز چىقمايتتى . مانا بۈگۈن ئۇ تەقدىرنىڭ قورقۇنچلۇق زەربە-
سىنى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى . كومانلار
ۋە رۇسلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ، كەلكە بويىدىكى ئۇرۇشتىن بۇيان
تاتارلار بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلغىنىغا 17 يىل بولدى . كوتان
خان ئۇزۇندىن بېرى ماجار كارولى بېلىدىن ئۆز خەلقىگە تىنچ
ياشايدىغان بىر پارچە زېمىن بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدى ۋە
بۇ ئىش توغرۇلۇق بېلىغا رەسمىي ئەلچى ئەۋەتىپ 40 مىڭ ئۆيلۈك
كومانىنى پۇشتا يايلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ
قىلدى .

كارول بېلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ كوتان
خاننىڭ مەڭگۈ ماجار دۆلىتىدە ئولتۇراقلىشىپ ، ئۇنىڭ ۋە ماجار
دۆلىتىنىڭ سادىق قۇرغۇچىسى بولۇش تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن ، بۇ ئىشقا ماقۇل بولدى .

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىپچاقلار ۋە كومانلار كارپات تاغلىرى-
دىن ئېشىپ ماجار تۈزلەڭلىكىگە كىرىشكە باشلىدى . ئۇلار قوي
پادىلىرىنى ، يىلقىلىرىنى ھەيدىشىپ ، بىپايان يايلاق ئۈستىگە تارى-
لىپ كەتتى .

كارول كومانلىقلارنى پۈتۈنلەي خرىستىئان دىنىنى قوبۇل
قىلىش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلدى . بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ مۇنداق

ئۈچ مەقسىتى بار ئىدى: بىرىنچىسى، رىم پاپاسى يېڭى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا ئىگە بولاتتى؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ كاروللۇقى باتۇر ۋە تەجرىبىلىك غايەت چوڭ قۇدرەتكە ئىگە ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە بولاتتى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇ ئۆزى كومانلىقلاردىن ئۆزىنى قوغدايدىغان ئىشەنچلىك موھاپىزەت قىسمى تەشكىللەيتتى. بۇ قوشۇن ئۇنىڭ كاروللۇق ئورنىغا قىلىنغان قىدمىسلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالايتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، بىلى كومانلىقلارنى تاتارلارغا قارشى تۇرۇشتا مەڭگۈلۈك ئىتتىپاقدىشى دەپ قارىدى. چۈنكى، كومانلىقلار تاتارلارنىڭ ھەرخىل ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ۋە نەيرەڭلىرىنى ئوبدان بىلەتتى.

بىلى ماجار دېھقانلىرىدىن ئىشەنچلىك بىر قوشۇن تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى. سەۋەبى، ماجار دېھقانلىرى ھوقۇقلۇق ۋە نوپۇزلۇق پومېشچىكلار تەرىپىدىن قاتتىق خورلىنىپ، ھازىر كەم - كۈتىسىز كروپوستنويلارغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ يەر ئىگىلىرىگە قارىتا ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك. شۇڭا، دېھقانلار قولىغا قورال چۈشىسىلا، تىغىنىڭ ئۇچىنى ئالدى بىلەن ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قارىتاتتى، كارول بىلى كوتان خانىنىڭ پۇقرالىرىغا پاناھلىق بېرىشكە قوشۇلۇشى بىلەنلا باتۇخانمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنىڭ بىر باھانىسىنى تاپتى. باتۇخان كارول بىلىنىڭ تاتارلارغا ئوخشاش كىگىز ئۆيدە ياشايدىغان مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، بىلىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كوتان خان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى دەرھال ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە، كوتان خان بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى ئېلىپ پايتەخت بۇداغا كېلىپ، بىلىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. كوتان خان كارولغا ئەمدى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى، باتۇخان يېتەكچىلىكىدىكى تاتار قوشۇنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كو-

تان خان پۈتۈن كومانلىقلارنىڭ كارولنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قوماندانلىق قىلىشىغا تامامەن بويسۇنىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق قىلىپ ئىزاھلاپ ئۆتتى ھەمدە كارول قوشۇنى بىلەن بىرگە مۇرنى مۇرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھالبۇكى، كومانلار ماجار كاروللۇقى چېگراسى ئىچىدە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ گۇمان ۋە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىشىغا دۇچ كەلدى. پومېشچىكلار ئاۋام خەلق ئارىسىدىمۇ كومانلارغا قارشى پىتنە تارقاتتى. ئۇلار ئاغزىغا كەلگەنچە: «بۇ مىللەتنىڭ مىجەزى ياۋايى، ئۆرپ-ئادەتلىرى كۆچمەن چارۋىچىلارغا ئوخشاش. ئۇلارنى تىنچ ئاھالە دېگەندىن كۆرە، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى دېگىنىمىز توغرا، ئۇلار بىزنىڭ مۇھاپىزەتچىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنى تاتارلارغا ساتىدىغان ساتقىن!» دېيىشتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان چەتتىن كەلگەن مىللەتلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇردى. كارول ئەنسىنچ قىلغانلىقتىن، كومانلىقلارنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ شۇلار تەرەپتە تۇردى.

پۈتۈنلەي خاتىرجەمسىزلىك ۋەھىمىسى قاپلىغان، ھايات-مامات ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقان، ۋەھشىي تاتار قوشۇنى كۈنسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، دۆلەت بارلىق كۈچىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىشى لازىم ئىدى. ئەكسىچە، كاللا سوقۇشتۇرۇش شەكسىزكى، بالايىئاپەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئوردىدىكى ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلار، كوتان خاننى تاتارلارغا شەرتسىز تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە كومانلارنى ماجار چېگراسىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك، دېگەن پىكىردە بىردەك چىڭ تۇردى. ئۇلار يىراقتىن كېلىۋاتقان باتۇخاننىڭ قانچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتى، بەلكى ساددا خىيال بىلەن رىم پاپاسى خرىستىئان دۇنياسىدىكى بارلىق مۇرتلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ دىنسىزلارغا



www.uyghurkitap.com

ئورتاق قارشى تۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ياۋروپادىكى بىرمۇ دۆلەت قالماي تاتارلارغا قارشى قۇدرەتلىك بىر قوشۇن تۈزسە، ئۇلار بىلى كارولغا ياردەم قىلىدۇ. دەھشەتلىك باتۇخاننىڭ ۋېنگرىيىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى بەربات بولىدۇ، دەپ ئويلايتى. شۇڭا، ئوردىدىكى ئەمەلدارلار قىلچە ئويلاشماستىنلا كارول بىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان تاتار ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىش باتۇخاننىڭ غەزەپ ئوتىغا ماي قۇيغاندەك بولدى.

كارول بىلى چاقىرغان كوتان خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قاتناشقان يىغىندا ماجار پومېشچىكلىرى ۋە تەسىرى بار ئاقسۆڭەكلەر ئوچۇق-تىن - ئوچۇق: «كارول بىلى خائىن كومانىنى قوبۇل قىلىپ بىزنى بالايىئاپەتكە تىقتى. ئەمدى ئۇ تاتارلار بىلەن ئۆزى بېرىپ ئۇرۇش قىلسۇن! ماجارلىقلارنىڭ ھەممە يېرىنى كومانلارغا ئۆتۈنۈپ بەر-گەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەمدى كومانلىقلار ئۆزى بېرىپ ياردەم قىلسۇن!» دەپ بايانات ئېلان قىلدى.

كارول مېھمانلارنى، تۇغقانلىرىنى (بىلىنىڭ ئانىسى قىپچاق مەلىكىسى ئىدى) ۋە كوتان خاننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. ئۇ يىغىن ئەھلىدىن ئالدى بىلەن كوتان خان-نىڭ ئاسىي ياكى ئەمەسلىكىنى، باتۇخاننىڭ جاسۇسى ياكى ئەمەس-لىكىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. كوتان خانمۇ كارول ئالدىدا قەسەم ئىچىپ، پۈتۈن ئەسكەر كۈچىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ماجار قوشۇنى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلىد-غانلىقىنى، يېڭى دۆلىتىنى قوغداش يولىدا ئۆز جېنىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھالبۇكى، قوراللانغان ئوردا ئەمەلدارلىرى كوتان خانغا ئۇش-تۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. «خائىن! تاتارلارنىڭ جاسۇسى! ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن ئاۋازلار تۇشمۇ تۇشتىن كۆتۈرۈلدى.

كوتان خان گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن غەيرىتى تېخى كەتمىگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىنى ئېلىۋېلىپ

ئۆزىنى قوغدىدى ۋە بىرقانچە ئاقسۆڭەكنىڭ جىننىنى ئالدى . بىد-
راق ، ئاخىر كۆكسىگە شەمشەر يەپ جان تەسلىم قىلدى . ئۇنىڭ
بىلەن كەلگەن ئوغۇللىرىنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولدى . ئاقسۆ-
ڭەكلەر ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ دېرىزىدىن كوچىغا قارىتىپ
ئاتتى . ئۇلار : «كومانلارنىڭ ھەممىسى خائىن ! مۇشۇنداق ئۆلتۈ-
رۈش كېرەك !» دەپ ۋارقىراشتى .

كومانلار سۆيۈملۈك يولباشچىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن خە-
ۋەر تاپقاندىن كېيىن ، دەرھال ئۆيلىرىنى يىغىشىپ ئۇلاغلارغا ئار-
تىپ ، ماللىرىنى ھەيدەپ ، دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى
دوبرودژۇغا قاراپ يۆتكىلىپ ، بۇلغارىيە پادىشاھى كالۇماتۇدىن
پاناھلىق تىلىدى . ئۇلار ئەڭ مۇشكۇل پەيتتە ماجاردىن كەتتى .
ئەينى چاغدا ماجار كارولى ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش
ئۈچۈن بارلىق كۈچلەرنى ئىنتىياقلاشتۇرۇش يولىدا كۈچ سەرپ
قىلىۋاتاتتى . چۈنكى ، ھازىر بىر ئەسكەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىباھا
گۆھەر ئىدى . بۇلغارىيە پادىشاھى كومانلارنىڭ ماكانلىشىش تەلد-
پىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى يايلاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى
ھەم دەرھال ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ كومانلاردىن تۆت تۈمەن ئالاھىدە
ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىدى .

بۇدادا ئايىغى چىقماس مەجلىسۋازلىق داۋاملاشماقتا . تۈگى-
مەس - پۈتمەس بەس - مۇنازىرىلەر بىلەن ۋاقىت بىھۇدە ئۆتمەك-
تە . بۇ چاغدا باتۇخان كارپات تاغلىرىغا قويۇلغان ماجارنىڭ مۇھاپى-
زەتچى قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىپ مۇنكاچا ۋە ئۇنگاۋار تاغ ئې-
غىزلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ماجار كارولىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم
باشلىدى .

كارول بىلى بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ،
بۇدادا تۇرۇۋاتقان بارلىق فېئوداللارنى دەرھال ئۆز يۇرتلىرىغا قاي-
تىپ بېرىپ چاقماق تېزلىكىدە قوشۇن تۈزۈپ پايتەختكە كېلىشىنى
ۋە ماجارنىڭ غايەت چوڭ قوشۇننى بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلدى .
بىلى يەنە ئالېنى ۋە ستىدوگوننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدى-

كى ئۆز قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ ، دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ بارگاھ قۇرۇپ ، مۇداپىئە خەندەكلىرىنى كولاتتى . ئۇ يەنە مەملى-كەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپ ، پۈتۈن خەلق قوراللىنىپ ۋەتەننى قوغداشقا ئاتلىنىڭلار ! دەپ چاقىرىق قىلدى . ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ۋە خەزىنىسىنى شىمالدىكى ئاۋستىرىيە چېگراسىغا يېقىن جايغا يۆتكىدى . بەختكە قارشى بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاۋستىرىيە گېرتسوگىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

# سايىئو بويىدىكى ئۇرۇش

تاتار قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتى پولشا ۋە گېرمانىيىدىن قايتۇ-رۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ، بۇيرۇق بويىچە تېزدىن ماجارغا كىرىپ ئاساسىي قوشۇن بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى . قىزىق قان باتۇخان ماجارنىڭ سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىغان ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرىنى ئاتتىن چۈشمەيلا بىر تەرەپ قىلىپ ، ۋېنگرىيە چېگ-راسىغا ئىچكىرىلەپ كىردى ھەم توپتوغرا بۇداغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ، بۇدا شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ بارگاھ قۇردى ، بىر قىسىم چېرىكلەرنى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى بۇلاشقا ئەۋەتتى ، يەنە بىر تۈركۈم ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن چەۋەندازلارنى سېپىل تۈۋىگە ئەۋەتىپ ، سېپىل ئىچىگە بېكىنگەن ماجارلىقلارنى تۈزلەڭگە چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرتتى .

كارول بىلى شەھەردىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي ، ياردەمگە كەلگەن ئېپىسكوپ ئۇگولەننىڭ مەسخىرىسىگە قالدى . ئېپىسكوپ-نىڭ نەزىرىدە كارول ئۆتۈپ كەتكەن توخۇ يۈرەك ئىدى . شۇڭا ، ئۇ كارولنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سالماي ، ئۆز ئەترىتىنى (ئۇلار سان جەھەتتىن ئاز ئىدى ) باشلاپ شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندى .

موڭغۇللار كونا ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ، ئۇلاردىن قورقۇپ قاچقان بولۇپ ، رەقىبىنى تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى سازلىققا ئا-پارماقچى بولدى . ئېپىسكوپ ئۇگولەن غەلىبە شادلىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ ، قاچقان دۈشمەننى جېنىنىڭ بارىچە قوغلىدى . نەتىجىدە

ئۆزىنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى چوڭقۇر سازلىققا ياتقۇزۇپ ، ئۇنىڭدىن قايتىپ چىقىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى . بۇنى كۆرگەن موڭغۇللار دەرھال ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى كەينىگە بۇراپ ، ئۇلارنى ساداق ئوقى يەتكۈدەك دائىرىدە قورشاۋغا ئالدى ـ دە ، ئاندىن شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇپ قىرىپ تاشلىدى . ئۇگۈلەن ئۈچ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئاران قېچىپ قۇتۇلدى . ئېپىسكوپ مەغلۇبىيەتكە تەن بەر- مەي ، يەنىلا موڭغۇللارنى بىر پەشۋاغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ، دەپ ھېسابلاپ ، كارولنى پۈتۈن قوشۇننى ئىشقا سېلىپ تاتارلارنى بىر يولى ئۈجۈقتۇرۇشقا قىستىدى ، لېكىن كارول بۇنداق مۇستەھكەم قورغاندىن چىقىپ ئوچۇق مەيداندا ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى .

باتۇخان ھەرقايسى جايلارغا كىچىك ئەترەتلەرنى ئەۋەتىپ ، داۋاملىق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى . ۋاردىنىسكىنىڭ ئېپىسكوپى ئۆز ئەترىتىنى باشلاپ پوشتاغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە موڭغۇل بۇلاڭ- چى ئەترىتىنىڭ نۇرغۇن مال ـ دۇنيالارنى ئېلىپ يېقىن ئەتراپتىن- كى يولدىن كېتىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى . تاتارلار يالغاندىن قاچتى . ماجارلىقلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى . نەتىجىدە ئۇلار تاتارلارنىڭ بىر قارارگاھىغا بېرىپ قالدى . پۈتۈن ئەترەتتىن ئامىتى ئوڭ كەلگەن ئېپىسكوپلا قۇتۇلۇپ كەتتى ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قۇربان بولدى . ئېپىس- كوپ كېچىلەپ كېلىپ كارولغا بۇ شۇم خەۋەرنى مەلۇم قىلدى .

موڭغۇللار بۇدانى ئىككى ئاي مۇھاسىرە قىلىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى . بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا ناغرا ـ بۇغىرىلار- نىڭ ئاۋازى ياڭراپ ، قورال ـ قالقانلارنىڭ جاراڭلىغان ، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى دالانى بىر ئالدى . ماجارلىقلار ھەيران بولغان ھالدا موڭغۇللارنىڭ بۇ داغدۇغا ئىچىدە چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئۇلار يىراق شەرقتىكى يايلاقلىرىغا چېكىنگەن بولسا كېرەك .

كارول بىلى يەڭگىللىك بىلەن بۇدادىن چىقىپ موڭغۇللارنىڭ

كېيىندىن قوغلىدى . سايئو دەرياسىنىڭ (سالىنوي دەرياسى) غەربىي قىرغىقىغا يەتكەندىلا ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قوغلاشنى توختاتتى ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇن چوڭ كېمىلەردىن ياسالغان لەيلىمە كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا بارگاھ قۇردى . بۇ لەيلىمە كۆۋرۈكنى بۇرۇن مىڭغا يېقىن ماجار ئەسكەرلىرى مۇھاپىزەت قىلاتتى . بىر قىسىم تاتارلار شەرقىي قىرغاقتا تۇرۇپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتمەكتە ئىدى .

ماجارلىقلار دەرھال پۈتۈن بارگاھنى ئايلاندۇرۇپ خەندەك كولاپ مۇھاپىزەتنى كۈچەيتتى . بىرنەچچە كۈنگىچە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى . بىر كۈنى موڭغۇللار يىراقتا تاش ئاتىدىغان خىتاي قوراللىرىنى لەيلىمە كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئېلىپ كەلدى . ئۇلار ئالدى بىلەن كۆۋرۈكنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ماجارلىقلارنى تاش - بوران قىلدى . مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىش ئىقتىدارى تۈگىگەن ھامان موڭغۇللار كۆۋرۈك ئارقىلىق ۋە سۇدىن ئۈزۈپ غەربىي قىرغاققا چىقىشقا باشلىدى . ئانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا سانسىزلىغان تاتار قوشۇنى غەربىي قىرغاققا ئۆتۈپ ماجار قوشۇنىنىڭ بارگاھىنى ئارىدىن يىڭنە ئۆتمەيدىغان ھالەتتە مۇھاسىرىگە ئالدى ، ساداق ئوقى ماجارلىقلارنىڭ بېشىغا مۆلدۈردەك چۈشۈشكە باشلىدى .

ماجارنىڭ ھەرقايسى ئەترەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان گېرمانىيە فېئودال بەگزادىلىرى ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇللارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى . ماجارلىقلار بۆرە تەگكەن قويغا ئوخشاش پىتىراپ كەتتى .

دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ سەپ تارتىپ ئۇرۇشقانلار پەقەت كارول بىلىنىڭ ئىنىسى گېرتسوگ كالامان ، ئېپىسكوپ ئۇگولەن ۋە گېرمانىيە چەۋەندازلىرىنىڭ قوماندانىلا ئىدى . بىراق ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەلەپ كەتكەن تاتار قوشۇنىنىڭ زەربىسى تەرىپىدىن سۇندۇرۇلدى .

چىقىم ئىنتايىن ئېغىر بولدى. كارول بىلىنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن پەقەت ئۇگۇلەن بىلەن كالامانلا قەھرىمانە كۆرەشكە ئاتلاندى. گېرمانىيە فېئوداللىرىنىڭ بەگزادىلىرى بارگاھتىن ئاي-رىلىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، بەلكى ئۆزلىرىنى خەندەك، تاملارنىڭ كەينىگە يوشۇردى. ئۇلاردا قىلچىمۇ جەڭگىۋارلىق يوق ئىدى.

گېرتسوگ كالامان ئۆز قوشۇنىنى يۈرەكلىك بىلەن بارگاھتىن باشلاپ چىقىپ قان كېچىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان كەسكىن پەيتتە، بەزى فېئودال بەگزادىلەر ئەپلەپ يۈرۈپ بارگاھتىن چىقىپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى. موڭغۇللار ئۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرسىمۇ غەرەز-لىك ھالدا كۆرمەسكە سالدى. باشقا ماجارلىقلارمۇ قېچىشنىڭ جاننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى كۆ-رۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بارگاھنى تاشلاپ قاچقىلى تۇردى. كارول بىلىمۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ بارگاھنى تاشلاپ غىپپىدە تىكىۋەتتى.

ماجارلىقلار بارگاھنى تاشلاپ قاچقاندىن كېيىن، موڭغۇللار خۇددى پادا ھەيدىگەندەك ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. لېكىن، ھۇجۇم قىلمىدى، پىتىراپ كېتىشكىمۇ، ھۇجۇم قىلىشقىمۇ يول قويمىدى. كېيىن ئۇشتۇمتۇت تەرەپ ـ تەرەپتىن قىسىپ كېلىپ دەھشەتلىك قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. فېئودال بەگزادىلەر بىلەن كارولنىڭ، بەگزادىلەر بىلەن بەگزادىلەرنىڭ چىقىشماسلىقى، كا-رول بىلىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ماجارنىڭ سانسىزلىغان قەھرىمان ئەزىمەتلىرى قەدىر ـ قىممەتسىز ئۆلۈپ بېشى چۆللەردە قالدى. يالغۇز كارول بىلى ۋە يۈگۈرۈك، قۇۋۋەتلىك ئاتلارغا مىنگەن ئىنتايىن ئاز سان-دىكى كىشىلەرلا ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ كەتتى.

سەھەردە بىرقانچە ئاتلىق سەرۋازلار موڭغۇل بارگاھىدىن چى-قىپ شەرققە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار يېتەكلىگەن ئاتلارغا يوغان

www.uyghurkitap.com

تاغارلار ئارتىلغانىدى . ئۇ تاغارلارنىڭ ھەربىرىدە نەچچە مىڭدىن قۇلاق بار ئىدى . بۇ قۇلاقلار ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەنلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئۇرۇق قۇلىقىنى كېسىپ يىغىش ئارقىلىق يىغىلغان . موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە، بۇ ئۇرۇق قۇلاقلار غەلىبىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە باتۇخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە يىراقتىكى قاراقۇرۇمغا ئەۋەتىلىدىكەن . بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق سوۋغات ـ ھە !

موڭغۇللار ماجارلىقلارنىڭ قارارگاھىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، كارولنىڭ چېدىرىدىن بىلى ئېھتىياتسىزلىقتىن قالدۇرۇپ قويغان دۆلەتنىڭ ئالتۇن مۆھۈرىنى قولغا چۈشۈردى . ئۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىر نەيرەڭ ئىشلەتتى . باتۇخان تىلماچقا كارول بىلىنىڭ نامىدا پۈتكۈل ماجارلىقلارغا — ھەر قايسى جايلاردىكى فېئودال قورغانلىرىغا ، ئاۋام خەلققە مۇنداق پەرمان يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇدى :

*بۇ ۋەھشىي موڭغۇل كۈچكۈلىرىدىن ھەرگىز قورقۇپ كەتمەڭلار ، ئۆز ئورنۇڭلاردىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار ، موڭغۇللار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقتىن ئۆز بارگاھىمىزنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق . لېكىن ، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ، خۇدانىڭ ياردىمى ئارقىسىدا تېز ئارىدا يەنە قولىمىزغا قورال ئالىمىز ، خۇداغا ئىلتىجا قىلايلى ، دۈشمەننى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات قىلىشىمىز ئۈچۈن خۇدانىڭ بىزگە مەدەت بېرىشىنى تىلەيلى .*

*كارول بىلى*

ئەسىرگە چۈشكەن بىرنەچچە گېرمان ئاقسۆڭەكلىرى بۇ پەرمانىنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى ، مۆھۈرنىڭ قايسى ئورۇنغا بېسىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتى . موڭغۇللار بۇ يارلىقنى كۆپەيتىپ يېزىپ پايتەخت ئەتراپىدىكى جايلارغا كەڭ تارقاتتى .

ئەسلىي تاغ ـ ئورمانلارغا بېرىپ پاناھلىنىشنى ئويلاۋاتقان

ماجارلىقلار پەرمانغا ئاساسەن ئۆز ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقماي خا-
تىرجەم ئولتۇردى . لېكىن ، ھېچقانداق بىر كۈچ كېلىپ ئۇلارنى
موڭغۇللارنىڭ ئەگرى قىلىچىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى .

كەينىدىنلا موڭغۇللار پۈتۈنلەي مۇھاپىزەتسىز قالغان بۇدا
بىلەن پېشقا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۇلىنى كۆككە
سورۇدى . پۈتۈن ئاھالىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى .

شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل قوماندانى باتۇخان 1241 ـ يىلى ماجار
كاروللۇقىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى .

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

# «ئاخىرقى دېڭىز»غا بېرىش يولىدا

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن)

«مۇقەددەس ئاتا ئەرشتە تۇرۇپ قەھرىمان نەۋرىسىنىڭ سايىئو بويىدا ماجار قوشۇنىنى بىتچىت قىلغان شانلىق غەلىبىسىنى كۆردى . ئېھتىمال ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۇسسۇلغا چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن .

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇخان شەيبان خاننى ماجارنىڭ كارولى دەپ ئېلان قىلدى . ھەرقايسى جايلاردا تاتار ‹كىنەز› لىرى تەيىنلەندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇلار شۇ جايلارنىڭ ئەڭ ئالىي سودىيىسى بولدى . ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تاتارلار ئۇچۇن ئات - چارۋا ، سوۋغات ، قورال ۋە كىيىم - كېچەك يىغىش ئىدى .

بەزى زېمىندارلار ئۆزلۈكىدىن موڭغۇللار ئۇچۇن خىزمەت قىلىمىز ، دەپ ‹كىنەز› بولۇۋالدى . ئۇلار پۇقرالارنى تاتارلار بىلەن قارشىلاشماسلىققا ئۈندىدى . تاتارلارغا سوۋغات تەقدىم قىلدى . كارول بىلىنىڭ ساختا يارلىقىنى مانا مۇشۇ ئادەملەر تارقاتتى[①] .

تاتارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەرنىڭ دەسلىپىدە ماجار-

---

① بۇ جەھەتتە تارىخچى پوپ راگىروس ئۆز خاتىرىسىدە تەپسىلىي توختالغان . بۇ كىشى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلمۇۋاتقان پەيتلەردە ۋېنگرىيىنى ئايلىنىپ چىقىپ قىممەتلىك تارىخىي يازمىلارنى قالدۇرغان .

لىقلارنىڭ ھال - كۈنى قەدىر - ئەھۋال ئىدى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي موڭغۇللار تەرىپىدىن قويۇلغان ‹كىنەز›لەر ئاھالىدىن ئۆزلىرىگە چىرايلىق قىزلارنى ھەدىيە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىنچە ھەرقايسى يېزىلاردىكى ياش - قېرىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېسىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزلىرىنى يوقلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئېسىل سوۋغا - سالاملارنى قوبۇل قىلغاندىن كې- يىن، سوۋغات ئېلىپ كەلگۈچىنى پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈردى.

باتۇخان بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپتىمۇ - يوق؟ بىزگە نامەلۇم. خەۋەر تاپقان ھالەتتىمۇ بۇنچىلىك ئىشلار ئۇنىڭ قاپتىلىغىمۇ كەل- مەيتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا بىر ئىستەك بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش، يەنى قولىدىن قېچىپ كەتكەن ماجار كارولى بىلىنى تۇتۇپ كېلىپ پۇخادىن چىقىش. لېكىن، داۋاملىق ئىلگىرىلەش ئۈچۈن قىيىنچىلىق كۆپ، ھەرقايسى يۆنىلىشتىكى قوشۇنلار تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چىغىر يوللار بىلەن مېڭىشى كېرەك، ئۇ يەرلەردە ئات يېمى تېپىشمۇ قىيىن، تاقىسى يوق ئاتلار تاشلىق سايلاردا ماڭالماي قېلىشى تۇرغان گەپ.»

«باتۇخان سىرتقا ئايغاقچىلارنى ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، جاھىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ قاتمۇ قات تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ زاگىرىپ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ قەدەم باسقانلىكى يەردە، كارول بىلى ھازىرلا بۇ يەردىن كەتكەن، دېگەن خەۋەرگە ئىگە بولاتتى. باتۇخان ئاتلانتىك ئوكيان تەرەپكە داۋاملىق قوغلاپ ماڭدى. ئاخىر بىر كۈنى بىر ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان كۆز يەتكۈسىز زەڭگەر دېڭىزنى كۆردى. تاتارلار بىر - بىرىدىن ‹ئاخىرقى دېڭىز دېگەن مۇشۇمىدۇ؟›، دەپ سوراشتى. ئۇلار تاغ ئۈستىدىن چۈشۈپ ئەتراپى مۇستەھكەم تاش سېپىللار بىلەن قورشالغان بىر كىچىك شەھەر — قەدىمكى شەھەر سپالاتو[1]نى كۆردى. سپالاتو شەھىرىنىڭ يېنىدا كىچىك بىر

① سپالاتو — سپالاتشۇ دېيىلىدۇ. ھازىر يۇگوسلاۋىيە چېگراسى ئىچىدە.

پورت بار ئىدى . پورتتا تۇزۇك كېمە يوق ، پەقەت بىرنەچچە يەلكەن-لىك كېمە ئۇپۇقتا بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇراتتى .
باتۇخان سىپالاتو شەھەر خەلقىگە ، ئاسىي كارول بىلىنى تاپ-شۇرۇپ بېرىڭلار ، دەپ بۇيرۇق چۇشۇردى . سىپالاتو ئاھالىسى شەھەر دەرۋازىسىنى ئەدەپ بىلەن ئېچىپ شەھەر باشلىقى ۋە بىر-نەچچە پوپىنىڭ باشچىلىقىدا تاتارلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى . ئۇلار يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، يەر ۋە ئاسماننى شېپى كەلتۇ-رۇپ قەسەم ئىچىپ ، كارول بىلىنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەردە بولغانلىقى ، كېيىن موڭغۇللارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ھېساب ئېلىشىدىن قورقۇپ پۇتۇن مۇلازىملىرىنى بىرگە ئېلىپ بۇگۈن سەھەردە ئۇچۇق دېڭىزغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇلارنىڭ كېمىسىنىڭ يەلكىنى يوللۇق بولۇپ ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئەلەڭلەپ كۆرۈنۈپ ئاخىر كۆزدىن غايىب بولدى .
باتۇخان دەرغەزەپكە كەلدى . ئۇ چېرىكلىرىگە ، شەھەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ ، بارلىق ئوزۇقنى يىغىپ كېلىڭلار ، دەپ بۇي-رۇق قىلدى . ئەسلى بۇ يەرنىڭ ساڭلىرىدا ساقلانغان ئاشلىق ئىنتايىن مول ئىدى . بۇنى ۋېنىتسىيە سودىگەرلىرى تەييارلىغان-دى . ئاسىيادىن بۇ يەرگە كەلگەن بۇ تەكەللۇپسىز مېھمانلار يول بويى تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ ، يېتەرلىك ئوزۇق يوق ئېچىرقاپ كەتكەنىدى . ئەمدى ئۇلار پۇخادىن چىققۇچە يەپ - ئىچىپ يايرايدى-غان بولدى .
باتۇخان ئېتىغا مىنىپ دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قىيا تاشلىق قىرغاققا كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . ئات تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنى پۇراپ قويۇپ ئىچمىدى . باتۇخان زۇمرەت دېڭىزغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :
— بۇگۈنگە قەدەر بىز موڭغۇللارنىڭ ئېسىل نەسىللىك ئاتلى-رىمىز تالاي دەريا ۋە سۇلارنى كېچىپ ئۆتكەن . ھازىر ئۇلار بىر باشقا چىقتى . ئەمدى مېنىڭمۇ ئامالىم يوق . ئەينى يىللاردا بۇيۇك «دۇنيانى تىترەتكۈچى» دادام جۇجىخانغا : «سەن قۇياش پاتقان

ئەللەرگە يورۇش قىلغىن ، موڭغۇل ئېتىنىڭ تۇيىقى يەتكەن يەر-
لەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتسۇن ، دېگەن ۋەسىيەتنى
قالدۇرغانىكەن . ھازىر بىز زادى دۇنيانىڭ چېتىگە يەتتۇقمۇ يوق ،
بۇنى بىر نەرسە دېيىش قىيىن ، لېكىن ئېتىم يەنە ئالغا مېڭىشنى
خالىمايۋاتىدۇ . ھازىر قەدەمنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقىت كەلدى . ئۇ-
رۇش قىلىش ئىستىكى ئۇرغۇپ تۇرغان باھادىرغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا ، ئېگەرنى كېمىگە ئايلاندۇرىدىغان پەيت كەلدى . لېكىن ، مەن
چوقۇم ئات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمەن . دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ
تىرگوستومغا[1] بارىمەن . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن غالىب قوشۇنى-
مىزنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەش يولىنى ئاندىن بېكىتىمەن . تەكەب-
بۇر ئىتالىيىلىكلەرنى ، پەرەڭلەرنى ۋە گېرمانلارنى قىرىپ تاشلاي-
مەن ، ئاخىر نەيزەمنى يەرگە سانجىپ بۇيۇك يورۇشنى ئاخىرلاشتۇ-
رىمەن !»

[1] تىرگوستوم — تىرست دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر پورت .

www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى قىسىم

# باتۇخان ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدا

## بىرىنچى باب

## ياۋروپادا خاتىرجەمسىزلىك

بىزنىڭ زېرەك ئوقۇرمەنىمىز ئەگەر ئۆزىنىڭ پىكىر كەپتىرى- نى قانات يايدۇرۇپ ، 1241 - يىلىدىكى «قوياش پاتقان ئەللەر» نىڭ كۆك ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرسا ، شۈبھىسىزكى ، ئۇ مۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان بولاتتى . ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ ھاي- ۋان تېرىلىرىدىن كىيىم كىيگەن ، قورقۇنچلۇق نامەلۇم تاتارلار- نىڭ شەرقىي چېگرا تەرەپتە پەيدا بولغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ چاقماق تېزلىكىدە پولشا ، گېرمانىيە ، باگمىيە ، ۋېنگرىيىلەرنى بېسىۋال- غانلىقىنى ، گېرمانىيىنىڭ داڭلىق رىتسارى ۋە باشقا قوشۇنلارنىڭ لىگنىتس ، ليوبلىن ، ساندۇمىر ، كراكوۋ ، بىرىسلاۋى قاتارلىق ئۇرۇشلاردا تاتارلار تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغانلى- قىنى ، ماجار قوشۇنىنىڭ سايئو بويىدا ، بۇدا ۋە پېشلاردا بىتچىت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي يوقى- تىپ قويىدى . بۇ نېمىدېگەن پاجىئە - ھە !

ئەھۋالدىن قارىغاندا ، تاتارلارنىڭ ئەمدىكى قەدەمدە ئىتالىيە ،

فرانسىيىلەرگە ھۇجۇم قىلىشى مۇقەررەر ئىدى . بۇ دەھشەتلىك بويسۇندۇرغۇچىلارغا قانداق بىر كۈچ تاقابىل تۇرالار ؟ گېرمانىيە ئىمپېراتورى فرىدرىخ II گوگىنىشتاۋفىن مەردانىلىك بىلەن يېزىلغان بىر يارلىق چۇشۇردى . يارلىقتا بارلىق كارول ، گېرتسوگ ۋە ياروتلارنىڭ بىرلىكتە غايەت كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللەپ باتۇخان باشچىلىقىدىكى ئاسىيادىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئېيتىلغانىدى . بىراق ، ئۆزى سىتسىلىيە ئارىلىدىكى ئوردىسىغا بېكىنىۋېلىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمىدى . ئىمپېراتورنىڭ يارلىقىدا يەنە مۇنۇلار يېزىلغان :

«بىز ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، دۇنياغا ۋىجدانىي كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان پەيت كەلدى ! تاتارلارنىڭ ئېغىر پالتىسى ھاياتلىق دەرىخىمىزنىڭ يىلتىزىغا تەگدى . خرىستىئان دۇنياسىغا كەلگەن ئۆلۈم تەھدىتىدىن ھەممە ئادەم خەۋەر تاپتى . بىز گەرچە تاتارلارنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان بولساقمۇ ، لېكىن ئۇلارنى يىراقتا دەپ ئويلىغاندۇق . ئەسلىي بىزدە نۇرغۇن قەھرىمان خەلق ۋە كاروللار بار ئىدى . ھازىر بەزى كاروللار قۇربان بولدى ، بەزى كاروللار قېچىپ كەتتى . بۈيۈك خرىستىئان دىنىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەت بىزنىڭ زىممىمىزغا چۈشتى» .

ئىتالىيىدىن قېچىپ كېلىپ فرانسىيىنىڭ لىئوندا يوشۇرۇنۇپ ياتقان رىم پاپاسىمۇ خرىستىئان مۇرىتلىرىنى «غازات جېڭى» قىلىشقا چاقىردى . ئۇلارغا مەيلى بۇلغارلار بىلەن ئۇرۇش قىلسۇن ، چار رۇسىيىنىڭ بۆلگۈنچى مۇرىتلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلسۇن ، پەقەت قولىغا قورال ئېلىپ كرېست ئارمىيىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلسىلا ، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى ، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى . پاپا يەنە ئىمپېراتور فرىدرىخ II نىڭ ئاسىيلىق جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىدى . تاتارلارنى ياۋروپاغا ئاشۇ شەيتاننىڭ مالىيى باشلاپ كەلگەن ، دېدى .

پۇقرالار، مۇقەددەس پاپا نېمە ئۈچۈن ماجار چېگراسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى كۈچلەرنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ ياۋغا قارشى تۇرۇشىنى تەشكىللىمەيدۇ، دېيىشتى.

خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەر بىر-بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئىدى: تاتار قوشۇنىنىڭ سانى چەكسىز ئىكەنەي، يۈرۈش قىلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتلىق ئادەمگە 20 كۈنلۈك، كەڭلىكى 15 كۈنلۈك مۇساپە ئىكەن، بۇ قوشۇننىڭ كەينىدە پادا-پادا ياۋا ئاتلار كېلىۋېتىپتۇ. تاتارلار ئەسلى دوزاخنىڭ ئەھلى ئىمىش①. شۇڭا، ئۇلارنىڭ چىرايى باشقا كىشىلەرگە ئوخشىمايدىكەن.

بالقان يېرىم ئارىلىدا موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن موناخ خوما «تارىخنامە» سىگە مۇنداق سەھىپىلەرنى خاتىرىلىگەن.

«بۇ ئادەملەر بويى پاكار، گەۋدىلىك كېلىدۇ. يۈزى تاۋاقتەك، كوسا، يەلكىسى كەڭ، چىرايى قورقۇنچلۇق، بۇرنى ياپىلاق، قىسىق كۆز».

ئۇلار ئىككى قەۋەت تېرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى (ئۈستىدىكى بىر قەۋىتىنىڭ يۈڭى سىرتىغا قارايتتى). بۇنداق كىيىملەر ئىسسىق بولۇپ، نەملىكنى ئاسان ئۆتكۈزمەيتتى. بېشىدىكى دۇبۇلغىلار پولاتتىن ياكى بۇلغاردىن ياسىلاتتى. ئۇلارنىڭ قورالى ئەگرى قىلىچ ۋە ئوقيا بولۇپ، ئوق ئۇچى تۆمۈردىن ياكى سۆڭەكتىن ياسىلاتتى. تاتارلارنىڭ ئوقى بىزنىڭ ئوقتىن تۆت ئىلىك ئۇزۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇغلىرى قارا رەڭدە بولۇپ، ئۈستىدە ئاتنىڭ يالى يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

تاتارلار ئادەتتە ئاتنى ئېگەرلەپ مىنەتتى. ئاتلىرىنىڭ بويى پاكار، چىدامىلىق بولۇپ، ئۇزۇن يۈرۈشلەرگە ئادەتلەنگەنىدى،

① «تاتار» دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى گرېك تىلىدىكى «تاتار»، يەنى دوزاخ دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن. شۇڭا، كىشىلەر تاتارلارنى دوزاخنىڭ ئىچىدىن چىققانىكەن، دېيىشكەن.

كۆتۈش تەلەپ قىلمايتتى . بۇ ئاتلار گەرچە ئالاھىدە بولمىسىمۇ ، لېكىن تاغلاردا كېيىكتەك چاققان يۈرەتتى . تاتارلار ئۈچ كۈن قاتتىق يۈرۈش قىلىپ ، ئاندىن قىسقا ۋاقىت توختاپ ئاتلارغا يەم - بوغۇز بېرىپ يەنە يۈرۈپ كېتەتتى .

تاتار چېرىكلىرى خۇددى قاتتىق مەشىق كۆرگەندەك يېمەك - ئىچمەككە ھېچقانداق تەلەپ قويمايتتى . ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاشلىق ئىستېمال قىلمايتتى . گۆش يەيتتى ، قىمىز ۋە قان ئىچەتتى .

تاتارلار نۇرغۇن چېرىكلەرنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرەتتى . بۇلار سان جەھەتتىن كۆپرەك قورallıق كۈچلەر ئىدى . ئۇلارنى ئەڭ خەۋپلىك جايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيتتى . ئەگەر بۇيرۇقنى قوبۇل قىلمىسا ، شۇ جايدىلا چېپىپ ئۆلتۈرەتتى . ئادەتتە تاتارلار بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش مەيدانىغا كىرمەيتتى .

ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى ھەرقانداق بىر دەريا توسۇپ قالالىغان ئەمەس . دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە ، كۆپتۈرۈلگەن تۇلۇملار ۋە قومۇشتىن ياسالغان ساللار بىلەن ئۆتەتتى .

ھەربىي يۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان چېدىرلىرى رەختلەردىن ياكى كۆندىن تىكىلگەن . تاتار چېرىكلىرىنىڭ سانى ھېسابسىز نۇرغۇن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ بارگاھلىرىدا جەڭگە - جېدەل-لەرنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى جاپاغا چىداپ ، قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشقىلا يارالغاندەك ئىدى .

ياۋروپادىكى پۈتكۈل خرىستىئانلار «پەيغەمبەر» ئاتالغان فرانـ-سىيە كارولى لېۇدىۋىك XI نىڭ تاتارلارغا قارشى تۈزۈلگەن كرېست ئارمىيىسىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . تاتارخانى باتۇخاننىڭ ياۋروپاغا باستۇرۇپ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان مۆھتەرەم كارول قانداق ئويلاردا بولدى ؟ بۇ ھەقتە ئۇردا چېركاۋىدىكى موناخ ماتىي پارى ئۆزىنىڭ «يىلنامە»سىدە مۇنداق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان :

«فرانسىيە كارولىنىڭ ئانىسى ، خرىستىئان دىنىنىڭ سادىق

مۇرىتى خانىش بلانىش دەھشەتلىك قوشۇنىنىڭ تەڭرىنىڭ غەزىپىگە بىنائەن خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلى- غاندىن كېيىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالايمىقان ۋارقىراشقا باشلىدى .

— كارول لىۋدىۋىك ، ئوغلۇم ، سەن قەيەردە ؟

كارول ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ئانا ، نېمە بۇيرۇقىڭىز بار ؟ — دېدى .

خانىش ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى . ئاندىن كۆزىدىن مونچاق- تەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ، ھازىرقى يۈزلىنىۋاتقان خەتەر ئۈستىدە سۆز ئاچتى :

— بىز ھازىر ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئادەم چىدىغىلى بولمايدىغان خەۋەرلەر تۇشمۇ تۇشتىن كەلمەكتە . جېنىم بالام ، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا بىز ۋە بىزنىڭ مۇقەددەس دىنىمىز تاتارلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي خاراب بولىدىغان بولدى .

كارول ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئازابلانغان بولسىمۇ ، لې- كىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردى :

— تەڭرى بىزگە مەدەت بېرىدۇ ! مەيلى تاتارلار بىزنىڭ يېرد- مىزگە بېسىپ كەلسۇن ياكى بىز ئۇلارنى ئەسلىدىكى يۇرتلىرىغىچە قوغلاپ بارايلى ، بىزگە ھامان جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق .

ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ، مەيلى بىز تاتارلارنى مەغلۇپ قىلاي- لى ياكى تاتارلاردىن مەغلۇپ بولايلى ، ھامان بىز تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارىمىز . ئۇخشمايدىغان بىرلا يېرى ، ئالدىنقىلىرى جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ ، كېيىنكىلىرى دوزىخى بولىدۇ ، دېگەنلىك ئىدى » .

ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان چاغدا ، پەقەت ماجار كارولى بېلى VI پارلاق كېلەچەككە قەتئىي ئىشىنىپ ئىش كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . ئۇ تاتارلار-



www.uyghurkitap.com

دىن قېچىپ زاگىرىپ شەھىرىگە يوشۇرۇندى . كېيىن دېڭىز بويىـ
ـدىكى كىچىك قورغان تروگاغا كەلدى . تروگادىن چىقىپ ئۆز
مۇلازىملىرى بىلەن ۋېنىتسىيىنىڭ سودا كېمىسىگە ئولتۇرۇپ يېـ
ـقىن ئەتراپتىكى بىر ئارالغا بېرىپ بىر مەزگىل ئەھۋالنى تىڭتىڭـ
ـلاپ ياتتى . كېيىنچە ئوچۇق دېڭىزغا چىققان بېلىقچىلاردىن ئادرىـ
ـئاتىك دېڭىزى ساھىلىدە بولۇۋاتقان ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتى ھەم
ماجار خەلقىگە قورقۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ، ۋەتەنىنىڭ
ئۈزۈنغا قالماي دۈشمەن قولىدىن ئازاد قىلىنىشىغا قەتئىي ئىشىـ
ـنىش توغرىسىدا مۇراجىئەتنامە چىقاردى . رۇس كىنەزلىرىدىن
چېرنىگوۋلۇق مېخائىل ۋە گالچىلىق دانىلامۇ پات ئارىدا يۇرتىغا
قايتىپ ، ۋەتىنىنى تاتارلارنىڭ قولىدىن تەلتۆكۈس ئازاد قىلىشقا
چوڭقۇر ئىشىنەتتى .

كارول بىلى رىم پاپاسى ، گېرمانىيە ئىمپېراتورى فرىدرىخ II ۋە فرانسىيە كارولى لىيۇدىۋىك XI لاردىن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى . بىراق ، ئۇ رىم پاپاسىنىڭ بىر پارچە خېتىگىلا مۇيەسسەر بولالىدى . پاپا خەتتە تاتارلارغا قارشى سەپ تۈزگەن ئەسكەرلەرگە «بەخت» تىلىگەنىدى . ئۇنىڭدىن باشقىچە بىر نەرسە يېزىشىمۇ مۇمـكىن ئەمەس ئىدى ، ئەلۋەتتە .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# بۇ «ئاخىرقى دېڭىز»مۇ

موڭغۇل قوشۇنى خۇددى ئۇشتۇمتۇت چىققان قارا بوراندەك تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، توسالغۇلارنى ۋەيران قىلىپ ، ماجار كاروللۇقىنى بىتچىت قىلغاندىن كېيىن تويتوغرا غەربكە قاراپ ماڭدى . بۇ ۋەھشىي لەشكەرلەر ھاۋا رايىنىڭ قانداق بولۇشى-دىن قەتئىينەزەر ، دائىم قېلىن جۇۋا كىيىپ يۈرەتتى . ئۇلار بويى پاكار ، ئەمما قوۋۋەتلىك ، ياللىرى تىك تۇرىدىغان ئاتلارغا مىنىپ قاتتىق ئىنتىزام بىلەن تەشكىللەنگەن «مىڭ»لىق ، «يۈز»لۈك ۋە «ئون»لۇقلىرى بويىچە شەھەر - يېزىلارغا بېسىپ كىرەتتى . قې-لىن ئورمان ، ئېگىز تاغلارنى ئىزدەيتتى . تاتارلارنىڭ ئۇرۇش ئەلچىلىرى شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى ، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ ئۇنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەي قالدى .

ئۇلار دائىم كاتتا زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ماجارلىق بارىنلار-نىڭ يەر ئاستى ئامبارلىرىدا ساقلانغان ئېسىل شارابلىرىنى بولۇ-شىچە ئىچىشەتتى . بۇ شارابلارنىڭ بەزىلىرى ياغاچ تۇڭلاردا ، بەزى-لىرى چەمدىن ياسالغان چاناشلاردا ساقلانغانىدى . بۇنداق ئىچىش-ۋازلىق بولغان چاغلاردا موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ پايانى يوق ئالتۇن رەڭلىك دالىلىرىنى ، كۆپكۆك دەريالىرىنى ، بۇلۇتلارغا باش قويغان سايان تاغلىرىنى ، ئۈستىدىن قار كەتمەيدىغان ئېگىز ھىنگان تاغلى-رىنى ، ئۇلاردىكى ئېيىق ، يىلپىز ، بۇغا ۋە تاغ ئۆچكىلىرىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتاتتى .

غەرق مەست بولغان موڭغۇللار شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى . بىر

جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى بېكەت «ئاخىرقى
دېڭىز»غا يېتىپ كەلدى . بۇ چاغدا باتۇخان شوخ ئېتىغا مىنىپ ،
شىددەتلىك دولقۇنلار ئۇرۇلۇۋاتقان تىك قىيا ئۈستىگە چىقتى ۋە
ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئادىتى بويىچە ئاسمان ئىلاھىغا — موڭغۇللارنىڭ
نۇرغۇن ئىلاھلىرى بار — ئۆتكۈر نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان
دۇنيادا تەڭدىشى يوق قەھرىمان باھادىرلارغا ئاتاپ قارا ئارچا ياغى-
چىدىن ياسالغان تۇڭدىكى قىمىزنى چاچتى ، ئۇ چاغدا… موڭغۇللار
ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىسمەتكە يولۇقىدىغانلىقىنى ، ئۆزلىرى ئىگى-
لىگەن دۇنياغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى بىلمەيتتى…

ئۇ چاغدا «قۇياش پاتقان ئەللەر»دىكى توشقان يۈرەك پۇقرالار
بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىغانلار قامچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ باشلى-
رىغا ئۇرۇپ ، ئۇلارغا موڭغۇللارغا بويسۇنۇش ئادەتلىرىنى ئۆگىتى-
دۇ ، بۇنداق قىلىشنى كىم خالايدۇ ؟ كىم بۇنداق قىلىشتىن زېرىك-
كەن بولسا ، شۇ يىراقتىكى يۇرتقا — يايلاققا قايتىدۇ .

موڭغۇللار دولقۇنسىمان ئاۋازلىرىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا
سوزۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى :

تالاي يىل جەڭ ئارا ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم ،
قورقۇمسىز قەيسەر ئىدىم ، ئەمدى قېرىدىم .
چاچ ـ ساقال ئاقاردى ، مىسكىن چىرايىم ،
بۇرۇن بىغۇبار ، خۇش چاقچاق ئىدىم .
تاڭ ئاتارغىچە ئىچسەممۇ بولمىغانتىم مەست ،
ئەمدى ئون ئۈچ كاسا ماجار شارابى قىلدى بىر ئەلەس .
ھىنگان ئۆچكىسىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسايتتۇق ئوقيا ،
يىراقتىن قارىغا ئالاتتۇق مىسالى بىر گىياھ .
گەر ئۇزسەك ساداقتىن ئوق ، تېگەتتى چەنلەپ ،
ئەمدى ئاتساق نىشاندىن كېتىدۇ چەتنەپ .
ئاھ ئەجەب قېرىلىق ئالدىراپ كەلدىڭغۇ ،
تەڭداشسىز ئالتۇن ياشلىقىم قېچىپ كەتتىڭغۇ .

ئۇشتۇمتۇت خۇددى قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىنى كۈچلۈك بىر نۇر يېرىپ ئۆتكەندەك ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بىر خەۋەر پۈتكۈل موڭغۇل بارگاھلىرىغا تارقىلىشقا باشلىدى . ئۇلار ئايىغى ئۈزۈلمەي بولۇۋاتقان ئۇرۇشلار ئىچىدە يۈرۈپ ، ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىغان دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ قالغىنىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمەي قالغانىدى — دېڭىز بەكمۇ يېقىملىق ۋە تىنىق ئىدى . ھاۋا ياخشى كۈنلىرى گويا ئاسمان يەرگە قونغاندەك كۆرۈنەتتى . بورانلىق كۈنلەردە بولسا ، قۇترىغان دېڭىز دولقۇنى ئۆز قىدىنىدىن چىقىپ يەر - جاھاننى يۇتىدىغان ئەلپازدا چايقىلاتتى . كۆپچىلىك غەربكە قىلىنغان يۈرۈشنىڭ ئەمدى ئانچە ئۇزۇنغا بارماي ئاخىرلىشىدىغاندلىقىدىن خۇشال ئىدى…

بىراق ، بوراندەك بىر خەۋەر كېلىپ موڭغۇللارنىڭ خۇشاللىق ۋە ئۈمىدلىرىنى بىر يولى سۇپۇرۇپ كەتتى . تىلماچلار ئەسىرلەرنى تەپسىلىي سوراق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىشتى :

— ئالدىمىزدا يېقىنلا يەردە راستىنلا بىر زۇمرەت دېڭىز بار ، لېكىن ئۇ ئالتۇن رەڭلىك قۇياش ھەر كۈنى كەچتە پارقىرىغان «ئاخىرقى دېڭىز» ئەمەس ئىكەن . ئۇ تار ، ئۇزۇن دېڭىز بولۇپ ، توغرىسىنى ئېيتساق ، ئۇ بىر قولتۇق ئىكەن . قارشى قىرغاقتا باي ۋە گۈزەل ئىتالىيە دۆلىتى تۇرىدىكەن . «قۇياش پاتقان ئەللەر» نىڭ پايتەختىنىڭ پايتەختى — نامى جاھانغا مەشھۇر بولغان رىم شەھىرى ئەنە شۇ يەردە ئىكەن .

— لېكىن بىز كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ باي پايتەختكە قانداق يېتىپ بارىمىز ؟ — دېيىشەتتى موڭغۇللار بىر - بىرى بىلەن تالىشىپ ، — بىز ئۇنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك . دۇنيادا موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرىدىغان ئىككىنچى بىر چېرىك بولغان ئەمەس ، بىراق بىز بۇ چەكسىز كەتكەن زۇمرەت دېڭىزدىن قانداق ئۆتىمىز ؟ ئاتلىرىمىز دەريالاردىن ئۆتۈشكە ئادەتلەنگەن . بۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن چوقۇم جەڭ كېمىسى بولۇشى كېرەك . بىراق ، بىزنىڭ ئالغان ئولجىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس .

مۇبادا ھەممىنى كىمىگە سالساق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتلارنى ، لەشـ.
كەرلەرنى باسساق ، بۇ كىمە دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۆكۈپلا كېتەر ؟
ئۇنداقتا ئەرلىكا[1] نىڭ دوزىخىغا ئۇدۇللا كىرىمىز . ئۇنداق قىلغاند.
ـدىن كۆرە ، دېڭىزنى ياقىلاپ بارساقلا بولمامدۇ ؟
— ئولجىلىرىمىزنى ۋاقىتلىق مۇشۇ قىرغاقتا قويۇپ قويساق ياخشىمىكىن .
بەزى موڭغۇللار بۇنىڭغا قارشى چىقىپ :
— قويۇپ قويساق بولارمۇ ؟ سىلاۋىيانلار تاغدىن چۈشۈپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە يىغقان بۇ دۇنيالىرىمىزنى ئېلىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق ؟ — دېيىشتى .
ئېمىلا دېگەنبىلەن كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە موڭغۇللارنى خۇ.
شال قىلاتتى . ئاخىر ئۇلار دېڭىز بويىغا يەتتى . ئۇلارنىڭ يىراقتا قىلىنىدىغان يۈرۈشىدە بىرەر بۇرۇلۇش بولۇشى مۇمكىن — بىپايان دالا ۋە چەكسىز يايلاقلار دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .
ئۇزۇن ئۆتمەي ، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئادرىئاتىك دېڭىزىنىڭ بويىغا كېلىپ ، دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ بوسۇغىسىدا بار.
گاھ قۇرۇشتى . بۇ شەھەر ئېگىز تاش سېپىللارنىڭ مۇھاپىزد.
ـتىدە ئىدى .
تىنىق دېڭىز مالچىلارنىڭ ئالدىدا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلايتتى ، ئۇلار دەسسەپ تۇرغان قىيا تاشلارغا كېلىپ ئۆزىنى ئۇرۇپ ، رەڭمۇ رەڭ گرانىت تاشلارنى ۋە سەدەپتارلارنى يۇيۇپ كېتەتتى . يوپۇق يېپىلغان جەڭ ئېتى ساھىلغا كەلدى . ئۇ دېڭىز دولقۇنلىرىغا سە.
گەكلىك بىلەن قارايتتى ، توختىماي يەرنى چاپچىيتتى ، پۇشقۇرات.
ـتى ، تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنى ئىچكۈسى كەلمەيتتى .
ئات موڭغۇللار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەڭ سادىق دوست ، كۆندۇ.
رۇلگەن مالاي ۋە ئەقىللىق ئۇستاز ئىدى . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن موڭغۇللار :

---

[1] ئەرلىكا — موڭغۇلچە سۆز بولۇپ ، ئەزرائىل دېگەن گەپ .

— بولدى . مەن ۋە مېنىڭ ئېتىمغا دېڭىز نەماجەت ! بىزنىڭ ئاق چوققىلىق ئېگىز تاغلىرىمىز ، بىپايان يايلاقلىرىمىز ۋە دەريا-لىرىمىز دېڭىزدىن مىڭ ئەلا ! ئاتلىرىمىز ئېقىن سۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ . بۇ دېڭىز بويىدا بىزگە نېمە بار ؟ شەۋكەتلىك قولباشچى-مىز ساھىبقىران بۇ يەردە ئاتلىرىمىز يەيدىغان يېتەرلىك يەم-خەشەك يوقلۇقىنى چوقۇم كۆرىدۇ . ئاتلىرىمىز تاغلاردىكى گىياھ-لارنى قويمىدى ، ھەتتا ئاچ قالغان تۆگىدەك دەرەخ شاخلىرى ۋە ئۇنىڭ قوۋزاقلىرىنىمۇ يەپ تۈگەتتى ، ساھىبقىران ۋە سۇبەتەي باھادىر بىزدىن مىڭ مەرتەم ئەقىللىق ، ئالغا باسىمىزمۇ ياكى مۇشۇ جايدا تۇرىمىزمۇ ، بۇ ھەقتە ئۇلار تېز ئارىدا بىر بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ .

## ئۈچىنچى باب

# كۆتۈلمىگەن ۋەقە

باتۇخان ھەربىي كېڭەش بولىدىغان جاينىڭ ئالدىدىكى كىچىك مەيدانغا كېلىپ ئەرەب ئەلچىسىگە مۇنداق دېدى :

— ئۇرۇش ئىلاھى پەقەت بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ بۈيۈك ئىلاھىمىز سۇلدەر . ئۇ ئۆزىنىڭ سىماسىنى كۆرسەتمەيدۇ ياكى ئۆزىگە بىرەر مەبۇدە تىكلەشنىمۇ خالىمايدۇ . بىراق ، مەن تەكرار ئويلىنىپ «قۇياش پاتقان ئەللەر »گە بولغان يۈرۈشنى مۇشۇ يەردە توختىتىشنى قارار قىلدىم . شۇ ۋەجدىن مۇشۇ تاغنىڭ ئۈستىگە بىر تاش ھەيكەل ئورناتماقچىمەن . ئۇ ئىلاھ ئەمەس ، بەلكى بىر ئاق بوز ئات . موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ مۇشۇنداق غايەت زور كۆ-لەمدىكى يۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بۇ ئاق بوز ئاتنىڭ ھەيكىلى تىكلەنسۇن . بۇ موڭغۇل ئېتى تەۋەررۈك سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرسۇن ، بارلىق مىللەتلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ باش قويسۇن ، ئۇنىڭ تۇياقلىرىنى سۆيسۇن .

مەيداننىڭ بىر چېتىدە يېگانە بىر قېرى قارىغاي بولۇپ ، شاخلىرى بەكمۇ شالاڭ ، بىر يېرى كۆيۈپ كەتكەنىدى . بۇ ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈرگەن چاقمىقىنىڭ جاراھىتى ئىدى . بۇ يەردە ئەسلىي يەنە بىرنەچچە تۈپ كىچىك دەرەخ بولۇپ ، ھازىر ئۇلار پاكار قىلىپ كېسىپ تاشلانغان ، قالغان قىسمىنى خۇددى نەيزىدەك ئۈچلاپ قۇرۇق قويغانىدى . بۇنى كۆرگەن موڭغۇللارنىڭ ھەممىسىلا قورققىنىدىن دىر - دىر تىترىشىپ كەتتى . چۈنكى ، بۇ ئۇلارنىڭ قوماندانى باتۇخاننىڭ كىمگىدۇر بىرىگە قاتتىق غەزىپى

كەلگەنلىكىنى ، ئۇ كىشىگە بۇ يەردە دەھشەتلىك جازا بېرىلىدىغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى .

مەيدانغا سەپەردە سېلىنىدىغان گىلەملەر سېلىندى. بارگاھتا ھەربىي ئىشلار بىلەن بەند بولۇۋاتقان چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان بارلىق خانزادىلەر ۋە ھەرقايسى قاناتلارغا بۆلۈنگەن قوشۇنلارنىڭ سەردارلىرى جەم بولدى .

باتۇخان سەپەردە ئېلىپ يۈرىدىغان تەختتى ئۈستىدە (توققۇز قەۋەت كىگىزدىن ئېگەر شەكلىدە قىلىپ ياسالغان كۇرسى ) باداشقىنىنى قۇرۇپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئورداخان ئولتۇردى . ئۇ ئىنتايىن بەستلىك ئادەم بولۇپ ، سەپەردە بىر ئات ، يېتەكتە بىر ئات ئېلىپ دائىم ئالماشتۇرۇپ مىنىپ ماڭاتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۆڭكەخان ئولتۇردى . بۇ خان ئىنتايىن خۇش پېئىل ئىدى ، شۇڭا چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدە باتۇخان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان بىردىنبىر ئادەم مۇشۇ ئىدى . ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە گۈيۈك خاننىڭ ئورنى بولۇپ ، ھازىر بوش تۇراتتى .

باتۇخاننىڭ سول تەرىپىدە ، ئۇنىڭ كەم سۆز ، سۇرلۈك تەربىيىچىسى سۈيەتەي باھادىر ۋە گېرمان ، پولشا ، چېخ قوشۇنلىرىنى يېڭىپ كەلگەن ئاتاقلىق سەردارلاردىن قورماش ، بۇرۇنتاي ، خادانلار گىلەم ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى . موڭغۇل قولباشچىسىنىڭ بۇ سادىق سەپداشلىرىنىڭ چىرايى قارىدىغان ، شامالدا يۈزلىرى يېرىلغان ، تۇرقى سۇرلۈك ۋە جىددىي ئىدى . ئەرەب ئەلچىسى ئابدۇراخمان باتۇخاننىڭ ئالدىدىكى گىلەمدە ئولتۇردى . ئۇنىڭ يېنىدا تارىخچى ھاجى رەھىم ، ئىككىسىنىڭ كەينىدە «تەقۋادار» دۇتان ئولتۇردى .

يىغىن ئەھلى سۈكۈتتە ، ئاندا ـ ساندا پەس ئاۋازدا پىچىرلاشلار بولۇپ تۇراتتى . ئۇلار باتۇخاننىڭ قارارىنى كۈتمەكتە . قارار- دىن كېيىن دېڭىز بويىدىكى باي شەھەرلەر ترىگىستوم ، ۋېنىتسىيە ۋە ئىتالىيىلەرگە قىلىنىدىغان ھۇجۇم توغرىسىدا ئۆز پىكىرلىرىنى

بايان قىلماقچى ئىدى .
دەل شۇ پەيتتە ، كىمدۇر بىرى :
— يىراقتىن چاپارمەن كەلدى ! — دەپ ۋارقىرىدى .
ئىككى ئاتلىق نۆكەر ئۇچقاندەك تۆپىلىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى . كىراكوۋ ئۇرۇشىدا ھالاك بولغان تورغاۋۇت يۈزبېگى مىسقىنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن ئارسلان مەرگەن قورال - ياراغلىرىنى جاراقشىتىپ ، تۆپىلىك ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقتى . ئۇ سېرىق تاۋار ياغلىق بىلەن يۈزىدىكى تەردىنى سۈرتۈپ ، گىلەم ئۈستىگە كەلدى - دە ، ئارقىسىدىن ئالدىرىماي كېلىۋاتقان موڭغۇل كىشىگە قارىدى . بۇ كىشىنىڭ بويى پاكار ، ئەمما غوللۇق ئىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈستۈبېشى ئۇزۇن سەپەرنىڭ قېلىن چاڭلىرىغا كۆمۈلگەن ، ھەتتا شالاڭ ساقاللىرىمۇ چاڭ دەستىدىن ئاقىرىپ كەتكەنىدى .
— مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىن ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئارسلان مەرگەن . بۇ موڭغۇل قوينىدىن بىر بۇلغار نەيچىنى ئېلىپ ، قوش قوللاپ بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ ئالدىغا سۇندى ۋە قەتئىي ئاھاڭدا پىششىق يادلىغان سۆزلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى :
— موڭغۇل ئېلىنىڭ بۈيۈك نازارەتچىسى تۆركىن ، يېشىل چېدىر خانلىقىنىڭ «قۇياش پاتقان ئەللەر»دىكى ئالىي ھۆكۈمرانى باتۇخانغا...
باتۇخان ئورنىدىن تۇردى . باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى . كىمدۇر بىرى ئەنسىزلىك بىلەن :
— بالا - قازا يۈز بېرىپتۇ - دە ! — دېدى .
باتۇخان ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن :
— بۇياققا كەل ، — دېدى .
موڭغۇل چاپارمىنى ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى ۋە سەجدە قىلىپ گىلەمنى سۆيدى . ئاندىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بۇلغار نەيچىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن تۈرۈلگەن بىر نامەنى ئالدى . نامە قىزىل يىپ بىلەن باغلانغان ، يىپقا خاقاننىڭ خۇسۇسىي دۇگىلەك كۆك

www.uyghurkitap.com

رەڭلىك تامغىسى بېسىلغانىدى . باتۇخان نامەنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ئالدى بىلەن ئۇنى پېشانىسىگە ، ئاندىن لىۋىگە ، ئاخىرىدا كۆكسىگە تەگكۈزۈپ ئاندىن ئاچتى . نامەنى ئۆزى ئىچىدە بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، خېلى بىر هازاغىچە قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتتى ، كېيىن ئىنتايىن سالماقلىق بىلەن نامەنى كۆكسى بىلەن تەڭ تۇتۇپ هاسان ئاغىغا تاپشۇردى :

— مۆھتەرەم كىچىك ئاغا ، ئالىي خاقانىنىڭ نازارەتچىسى تۇركىنىنىڭ نامەسىنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەرگىن .

هاسان نامىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاۋازىنى سوزۇپ ئۇنلۇك ئوقۇشقا باشلىدى :

*«تەڭرىنىڭ چەكسىز هىمايىسىدىكى موڭغۇل پۇقرالىرىنىڭ مۇقەددەس ماكانىدىن سىلەرگە سالام . مېنىڭ قەدىردان ئېرىم ، تەڭداشسىز قەهرىمان ئۆگەتەي خان ئەرشتىكى سادىسىز قوشۇنلىرىنىڭ قاتارىغا كەتتى . مۇقەددەس ئاتىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى تومۇرىدا ئۇرغۇپ تۇرغان هەرقاندىق ئادەم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرهال قاراقورۇمغا كېلىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىپ ، خاقانىنىڭ ئىز باسارىنى ، چەكسىز كەتكەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يېڭى هۆكۈمرانىنى بېكىتىشى كېرەك»* .

بىرقانچە سەردار يىغلاشقا باشلىدى . بىراق ، باتۇخانىنىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايىنى ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق قىياپىتىنى كۆرۈپ دەرهال يىغىدىن توختاشتى .

باتۇخان يىراققا قاراپ ، چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن تۇرۇپ :

— بۈگۈندىن باشلاپ خاقان ئۈچۈن توققۇز كۈن نەزىر ئۆتكۈزۈلۈپ ، بىزدىن ئايرىلىپ شانۇ شەۋكەتلىك ئەرش دۆلىتىگە سەپەر قىلغان بۇ زات ئۈچۈن تەزىيە بىلدۈرۈلسۇن ! بىراق ، مېنىڭ بۇي-

رۇقۇمسىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ قاراقۇرۇمغا قايتىشىغا رۇخسەت يوق . مەن نىيەت قىلغان بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمەن ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»نى ئۇزۇل - كېسىل بەربات قىلىمەن . قۇرۇلتاي پەقەت مەن بىكىتكەن ۋاقىتتا ئېچىلىدۇ .

باتۇخان كۇرسىغا ئولتۇردى . قالغانلارمۇ شەپىسىزلا ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى . چاپارمەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان گىلەمدىن تۇرۇپ ئارسلان مەرگەننىڭ كەينىگە ئۆتتى . باتۇخان ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئاستىرتتىن كۆزىتىپ تۇردى .

— ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن ، — دېدى ئارسلان مەرگەن .

— ئېيتقىن !

— گۇيۇك خان ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى ، تورغاۋۇتلىرى بۇگۇن سەھەردە بىزنىڭ قارارگاھىمىزدىن كېتىپ قالدى . ئۇ شەرققە قاراپ كۆچكەن يۇلتۇزدەك ماڭماقتا . چېرىكلىرىنىڭ دېيىشىچە ، گۇيۇك خان ئۇلارغا قارا قۇرۇمغا قايتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ . مەن گۇيۇك خاننى قوغلاپ يەتتىم . ئۇ جېدەللەپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتماي تۇرۇپ : «ساھىبقىرانىڭغا ئېيت ، ‹ئاخىرقى دېڭىز›نى ئۆزى تېپىۋالسۇن . مەن ئىنتايىن مۇھىم ۋە شەرەپلىك بۇرچۇمنى (ۋەتەننىڭ ھەيۋەتلىك توققۇز قۇيرۇقلۇق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۈتكۈل دۇنيا پۇقرالىرىنىڭ بېشىدا جەۋلان قىلدۇرۇش) ئادا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن» دېدى .

ھەممە باتۇخاننىڭ ئېغىزىغا قاراشتى . باتۇخان بىر قوزۇقنى قولىغا ئېلىپ :

— مانا مۇشۇ گۇيۇك خان ئىگە بولماقچى بولغان «شەرەپلىك» ئورۇن ! ھەربىي يۈرۈش قىلىۋاتقان بىر چېرىك قوماندانىنىڭ رۇخسىتىسىز قوشۇندىن ئايرىلىپ قالسا ، ئۇ ئەلۋەتتە مۇناپىق بولىدۇ . گۇيۇك خان ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزسا ، ئۇ قانداق قىلىپ «مۇھىم ۋە شەرەپلىك» بۇرچىنى ھۆددى-

سىدىن چىقالىسۇن؟ گۈيۈك خاننىڭ كۆنى ئۆزۈنغا بارمايدۇ. ئۇ چوقۇم ئۆرۈش تەگرىسى سۈلدەرنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، — دېدى.

— مېنىڭ بىر ئېغىز سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن، — دەپ ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى ئەرەب ئەلچىسى ئابدۇراخمان، — سېنىڭ سەگەك كاللاڭ ئىنتايىن توغرا هۆكۈم چىقاردى، بىزنىڭ بۇ بۈيۈك ئۆرۈشىمىز ئاخىرغىچە داۋاملىششى كېرەك، ئەزەلدىن ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان «قۇياش پاتقان ئەللەر» كاروللىرىنىڭ تەكەببۇر هەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، بىلىنى قايتا ئۇڭشىيالماس هالەتكە كەلتۈرمىگۈچە، بۇ ئۆرۈشنى توختاتقىلى بولمايدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە خاقانىمىزنىڭ نازارەتچىسى ئەقىللىق تۈركىي تەجرىبىلىك مۇلازىملارنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى ئۆزى مۇستەقىل ئىشلەپ كېتىشكە تامامەن قادىر. ئاق بوز ئېتىڭنىڭ تۇيىقى زېمىنىمىزنى ئوراپ تۇرغان «ئاخىرقى دېڭىز»نىڭ دولقۇنلىرىدا يۇيۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيا خەلقى تەبىئىي هالدا سېنى بىردىنبىر، ئەڭ بۈيۈك هۆكۈمران ۋە خاقان دەپ بېشىدا كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆتۈرىدىغىنى سەن. هەرگىزمۇ قاپاق گۈيۈك خان ئەمەس!

مۆڭكەخان بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— بىزنىڭ سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ ساھىبقىرانىمىز تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!

— هەيۋەتلىك، يېڭىلمەس ساھىبقىران، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى ياشىسۇن!

كۆپچىلىكنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ شوئارىغا جور بولۇشتى.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

# قەيسەر تاغلىقلار

دېڭىز دولقۇنى قىرغاقتىكى قىيا تاشلارغا ئېرىنچەكلىك بىلەن كېلىپ ئۇرۇلاتتى. قىرغاقتىكى ئۇششاق شېغىللار ۋە قىزىل يوللۇق قۇلۇلە قاپلىرى دولقۇن بىلەن بىرگە دېڭىزغا قايتىپ كېتەتتى. پاكار، يۇڭلۇق ئاتلارغا مىنگەن تاتار «يۈز»لۈكى دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلدى. ئاتلار دېڭىز سۈيىنى پۇراپ قويۇپ ئىچمەي بېشىنى كۆتۈرۈشتى. بىر پارول ئاۋازى ئاڭلاندى. «يۈز»لۈك ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئايرىم - ئايرىم كەينىگە قايتتى. ھەربىر ئەترەت ئۈچ قۇيرۇقلۇق خان تۇغىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

تۆپىلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ ئاتلىق بىر ئەترەت كېلىۋاتاتتى. جەدە ئات مىنگەن تۇغچى باتۇخاننىڭ سېرىق دۇردۇنىدىن تىكىلگەن بەش قۇيرۇقلۇق خاس تۇغىنى كۆتۈرگەنىدى. تۇغقا قاغىنى قاماللاپ تۇتقان بۈركۈتنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن. تۇغ ياغىچىغا توققۇز ئاتنىڭ قۇيرۇقى باغلانغان بولۇپ، دېڭىز شامىلىدا مەيىن يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغىنى باتۇخاننىڭ ئاستىدىكى كېلىشكەن بوز ئارغىماق ئىدى، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ كەلگەچكە، ئات بىرئاز جۇدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرلا ئۇچۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان قىياپىتى، چىرايلىق قەدەم ئېلىشلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. باتۇخاننىڭ ئېتى قۇلۇلىلەر قاپلاپ كەتكەن قىرغاققا كېلىپ توختىدى. باتۇخان تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ زەڭگەر

دېڭىزغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى .

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن نېمە كېمە ؟ — دېدى ئۇ يىراقنى كۆرسىتىپ .

ئابدۇراخمان چىرايلىق بېزەلگەن ماجارنىڭ چىلان تورۇق ئې-تىغا مىنىپ ساھىبقىرانغا سوڭدىشىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتا قارايغان، ئۇستىگە ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ياش ئەلچى قولىنى سايىۋەن قىلىپ، كۆزىنى قىسىپ تورۇپ يىراق - يىراقلارغا قارىدى .

— مېنىڭچە...

— هازىر مېنى - مېنى دەيدىغان ۋاقىت ئەمەس، — باتۇخان سوغۇقلۇق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — هازىر سەن ھەممە نەرسىنى توغرا بىلىشىڭ كېرەك .

سۆبەتەي باھادىر يوغان قولا ئاتقا مىنىپ يانداپ كەلدى . بۇ ياشانغان قوماندان بىر قولىدا تىزگىنىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ئېتىنىڭ يالىنى سىلاپ تورۇپ جاۋاب بەردى :

— قارا، ساھىبقىران، مېنىڭ بۇ قىرى ئېتىم دېڭىز سۈيىنى ئىچمىدى . دېمەك، بۇ «ئاخىرقى دېڭىز» سۈيى ئەمەس . بۇ بىر قولتۇق ئىكەن، ماجارنىڭ كارولى بىلى دەل مۇشۇ يەردىن ئاشۇ كېمىگە چۈشۈپ قېچىپ كەتكەن . خائىن بىلى سەن يىراققا كېتەل-مەيسەن ! بىزنىڭ نەيزىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن ؟

— كارول بىلىنىڭ بۇ كېمىدە ئىكەنلىكىنى ساڭا كىم ئېيتتى ؟

— ئەسىرگە چۈشكەن ئادەملەر ئېيتتى . ئۇلار قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ : «كارول بىلى ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى مۇشۇ كېمىگە چۈش-تى، هازىر ئۇلار ئۇلۇغ شامالنى كۈتمەكتە» دېيىشتى .

— ئەسىرلەر بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشنى ئىستەيمەن !

سۆبەتەي ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قامچىسىنى شىلتىدى . قولا ئات كەلگەن چىغىر يولنى بويلاپ چېپىپ كەتتى .

تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە تۇرغان باتۇخاننىڭ مۇلازىملىرى ئۆزئارا

www.uyghurkitap.com

چاقچاق قىلىشقاچ ئۇچۇق دېڭىزغا قاراپ تۇراتتى . پايانسىز كەتكەن
زۇمرەت دېڭىز ئۈستىدىكى ھېسابسىز نۇرغۇن يەلكەنلىك كېمىلەر
خۇددى ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن بىر توپ ئاق قۇلاردەك دېڭىز
دولقۇنى بىلەن ئويىنىشاتتى . تىنچ دېڭىز كۈچلۈك قۇياش نۇرى
ئاستىدا بەكمۇ جىلۋىدار كۆرۈنەتتى .

مۇلازىملار ئىچىدە يەنە باتۇخاننىڭ ئاغرىقچان ئوغلى سەرتەك ،
ئاكىسى ئورداخان ، ئىنىسى بىرىك ، تارىخچى ھاجى رەھىم ۋە
بىرنەچچە تۇمەنبېشىلىرى بار ئىدى . خىزمەتكارلار يول چېتىدە ئات
ۋە يۈك ئارتىلغان قېچىرلارنى تەق قىلىپ تۇراتتى . تاتار قوشۇند-
نىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى . كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى
كۆز ئالدىدا تۇرغان ، ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلغان زەڭگەر دېڭىزغا
تويماي قاراتتى . بۇ دېڭىز ئۇلارنىڭ ھايات يولىدا بىر ئۆزگىرىش
بولۇشىدىن ، يەنى «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە ھۇجۇم قىلىپ ، تېخى-
مۇ كۆپ غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولۇشىنىڭ بەختلىك مىنۇتلىرىدىن
بېشارەت بەرمەكتە .

يىراقتىن ھايت ـ ھۇيت دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى . بىرنەچچە
تاتار نۆكەرلىرى يىگىرمىدەك ئەسىرنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى ، ئە-
سىرلەر ياقىسىز ، يەڭسىز تېرە يېپىنچىلارنى ئۈستىگە ئارتقان ،
كەڭ ئاغلىق ئىشتانلارنى كىيگەن ، پۇتىغا چورۇق تارتقان ، چۇۋۇل-
غان قاپقارا چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەن ، ئىچىدىكى كۆڭلەكلىرى
يىرتىلغان ، قوللىرى ئارقىغا قىلىنىپ باغلانغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغاند-
لىقىنىڭ نىشانى ئىدى . بەزىلىرىنىڭ يارا ئىزلىرىدىن ھازىرمۇ قان
تەپچىپ تۇراتتى . بەزىلىرىنىڭ مېڭىشقا ماجالى يوق ئىدى . بەزىلى-
رى بولسا لەۋلىرىنى چىشلەپ غەزەپ بىلەن ئالغا ماڭاتتى ، موڭ-
غۇللار ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلايتتى ، تىللايتتى .

سۇبەتەي سەپىنىڭ ئارقىسىدا ئاتلىق كېلىۋېتىپ نۆكەرلەرنى
تېز مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى . بۇ قوماندانىنىڭ كەينىدىن كۆك ئې-
شەككە مىنگەن تەقۋادار دۇتان ئىككى پۇتىنى توختىماي ئېشەكنىڭ

بىقىنىغا ئۇرۇپ ئارقىدا قالماسلىققا تىرىشاتتى .
دىڭىز بويىغا كەلگەندىن كېيىن ، موڭغۇل نۆكەرلىرى ئەسىر-
لەرنى رەتكە تۇرغۇزدى . ئەسىرلەرنىڭ يېرىمى دىگۇدەك ئۇرە تۇرال-
ماي يەرگە ئولتۇردى . كېيىن خۇددى زەھەرلىك ئوق يېگەن هايۋ-
ۋاندەك كۆز قارىچۇقى كەينىگە كېتىپ يەرگە يىقىلدى .
باتۇخان ئەسىرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇلار تەرەپكە ئۆت-
تى . بىر موڭغۇل نۆكىرى يەردە ياتقان ئەسىرلەرنىڭ بېشىدا قامچا
ئوينىتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى :
— سەن ئەبلەخلەر ، ئالدىڭدا تۇرغان بۇ ئاق بوز ئات مىنگەن
كىشىنى تونۇشامسەن ؟ دۇنيا خەلقىنىڭ هۆكۈمرانى شۇ !
ئولتۇرغان ئەسىرلەر قامچا زەربىسىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن
ئۆزلىرىنى هەريان تاشلىشاتتى . باتۇخان قولىنى كۆتۈرۈپ :
— بەس ! — دەپ نۆكەرنى توختاتتى .
— سىلەر دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىغا قارشى چىقماقچى بولۇۋا-
تامسىلەر ؟ — دەپ سورىدى سۇبەتەي باھادىر خىرقىرىغان ئاۋازدا .
بۇ چاغدا ، قىزىل ساقاللىق دۇتان ئېشىكىنى مىنىپ يېتىپ
كەلدى . ئۇ 22 مىللەتنىڭ تىلىنى بىلگەچكە ، ئەسىرلەرنى سوراق
قىلاتتى . ئۇ تاتارلار چۈشەنمەيدىغان بىرخىل تىل بىلەن سۆزلىۋې-
دى ، ئەسىرلەر جانلىنىپ كەتتى . يەردە ياتقانلىرىمۇ ۋارقىراشقا
باشلىدى :
— ئامىن ! — دېدى دۇتان ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۇرۇپ ، ئاندىن
سۇبەتەي باھادىرغا بۇرۇلۇپ دېدى ، — بۇ كىشىلەر سىلاۋيانلارنىڭ
تاغلىق تائىپىلىرىنىڭ بىرى ئىكەن . ئۇلار بۇ تاغ چوققىسىدىكى
قەلئەگە ئوخشاش يېزىدا ياشايدىكەن . ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن
ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە ئېلىشىدىكەن ، تىرىك قولغا چۈشمەيدى-
كەن ، ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىكەن .
— سىلەر ئۇلارنى قانداق قىلىپ تىرىك قولغا چۈ-
شۈردۈڭلار ؟ — دەپ سورىدى باتۇخان نۆكەرلەردىن .
— بىزگە ئەسىر ئېلىش بۇيرۇقى كەلگەندىن كېيىن ، بۇ

كىشىلەرنى سالما تاشلاپ يۈرۈپ بىر - بىرلەپ تۇتتۇق.
— سەن ئۇلاردىن سورا، مېنىڭ قوشۇنۇم خۇددى ئاسماندىكى بۇلۇتتەك كۆپ، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى بولسا شۇنچە ئاز تۇرسا، نېمە ئۈچۈن قارشىلىشىدۇ؟

دۇتان ئىشەكتىن چۈشۈپ، ئەسىرلەر بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى.

دەسلىپىدە ئەسىرلەر قۇشقاچتەك چۇۋۇلدىشىپ كەتتى، كېيىن دۇتان ئۇلارنى بىر كىشى ۋەكىل بولۇپ جاۋاب قايتۇرۇشقا قايىل قىلدى. جۇغى كىچىك، يۈز - كۆزى يارىلانغان، جاۋغىيىدىن هازىرمۇ قان ئېقىپ تۇرغان بىر ياش هاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دېدى باتۇخان.

— ئۇ مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى تاغلىق يېزىدا مال باقىدىكەن. هازىر ئۇ يەردە كەسكىن جەڭ بولۇۋېتىپتۇ، ئاۋۇ تۇرۇلۇپ چىققۇاتقان ئىسلار ئۇلارنىڭ كۆيگەن ئۆيلىرىدىن كۆتۈرۈلگەنىكەن. ئۇلار تاغ قاپتاللىرىدىكى كىچىك - كىچىك يەرلەرگە ئېكىن تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بىز هېچكىمنىڭ تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزمىدۇق. بىز چوڭ يولدىن خېلى يىراقتا تۇرىمىز، بىزدىن باشقا هېچكىممۇ ئۇ تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئارپا - بۇغداي تېرىمايدۇ. بىزنىڭ ئاشۇ تاغ قاپتاللىرى ۋە ساتما كەپىلىرىمىزدىن باشقا تۇرار جايىمىز ۋە خۇشاللىقىمىز يوق.

— سەن ئۇلارغا ئېيت، بىز ئەزەلدىن ئەمگەكچىلەرگە هۆرمەت قىلىمىز، ئەگەر ئۇلار تەسلىم بولۇپ، مېنىڭ موڭغۇل ئېتىمىنىڭ تۇيىقىنى سۆيۈشكە رازى بولسىلا، مەن ئۇلارنى ئەركىن تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇپ بېرىمەن.

دۇتان موڭغۇل هۆكۈمرانىنىڭ سۆزىنى ئەسىرلەرگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولۇپ، تېڭىرقىغان هالدا قىزىل ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇلار ساڭا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن

ئاستىغدىكى ئاتنىڭ تۇيىقىنى سۆيۈشكە رازى ئىكەن ، بىراق تۇتۇپ كەتكەن بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن . سى-نىڭ چېرىكلىرىڭ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇپ ئۆز قارارگاھلىرىغا ئېلىپ كېتىپتۇ .

— بۇ قالتىس ياخشى بوپتۇ ، — دېدى باتۇخان ، — بۇ بالىلارنى تەربىيىلەپ كەلگۈسىدە تەجرىبىلىك قەھرىمان نۆكەرلەر-دىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز . سۇبەتەي باھادىر ، خەرىتىنى كۆرەيلى ، ترىگىستوم شەھىرى بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقتىكىن ؟

— ھازىر كەلتۈرۈلىدۇ ، خاقان ! — دېدى يەكچەشمە قوماند-دان . ئاندىن ئۇك قولىنىڭ بارماقلىرىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىسقىرتـ-تى . ئىسقىرق ئاۋازى تاغ باغرىلىرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى . ئۇ ئەكس سادا ئەمەس ، بەلكى خىزمەتكارنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب قايتۇرغان ئاۋازى ئىدى . ھايال ئۆتمەي ، تورۇق ئاتقا مىنگەن بىر موغۇل چال يۇك ئارتىلغان بىر ئاتنى يېتىلەپ ، سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇرغان ئاتلىق چېرىكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەلدى .

ئۇ كېلىپ ، تېرە خالتىنى سۇبەتەي باھادىرغا بەردى . سۇبەتەي باھادىر خالتا ئىچىدىن بىر خەرىتىنى ئالدى . ئۇنىڭغا ماجار دۆلىتى ۋە ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى جايلارنىڭ ئىشارەتلىك بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى .

ئەسىرلەرنىڭ قوللىرى بوشىتىلدى . ئۇلار تاسما قىيىۋەتكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تەستە ئەيۋەشكە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، تىزلىد-نىپ تۇرۇپ باتۇخاننىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقىنى نۆۋەت بىلەن سۆيۈپ چىقتى .

باتۇخان قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— ئاۋۇ دېڭىز بويىدا تۇمانغا پۈركىنىپ تۇرغان يېزا ۋە قەلئەنى نېمە دەيدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

بىر ئەسىر تەپسىلىي جاۋاب بەردى :

— ئۇ سىپالاتو شەھىرى . ئۇ يەردە رىم ئىمپېراتورىنىڭ بىر سارىيى بار .

— بۇ سارايىنى تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك . ئۇ يەردە يەنە باشقا شەھەر بارمۇ ؟

— پەقەت كىچىك كۆرپەزلەر ۋە كىچىك قەلئەلەر بار . ئۇنىڭ نېرىسىدا بىر ئاۋات شەھەر بار . ئۇنىڭدا نۇرغۇن ۋېنىتسىيە كېمە-لىرى بار . ئەنە شۇ ترىگىستوم شەھىرى . ترىگىستوم قەلئەسىدە بىر سەردار بولۇپ ، ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن قوشۇن بار .

— ئۇنىڭ نېرىسىدا يەنە شەھەر بارمۇ ؟

— يەنە پارس دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىدا بىر ئاۋات سودا شەھىرى بار . ئۇ — ۋېنىتسىيە سودىگەرلىرىنىڭ .

— ۋېنىتسىيەدىن «قۇياش پاتقان ئەللەر »نىڭ پايتەختى رىم-غىچە نەچچە كۈنلۈك يول ؟

— ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى پۈتۈن يوللارغا جېسەك قويۇلغان . ئۇ يەردىكىلەر ھۇجۇمغا مۇداپىئە كۆرۈۋاتىدۇ . بىراق ، سەن ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ باشقا ئىش ! سەن باشقىلارنىڭ ئايغاقچىلىرىغا ياكى رىمغا نەچچە كۈندە بېرىشقا بولىدىغانلىقىغا موھتاج ئەمەس .

— ئۇ يەردىكى قوشۇنلار كۆپمۇ ؟

— ئۇ يەردە نەدىكى قوشۇن بولسۇن ! ھېچكىم ئۇرۇش قىلىش-نى خالىمايدۇ . ھەممىسى قېچىپ كەتتى ، ھەتتا ئىمپېراتورمۇ رىمدىن قېچىپ سىتسىلىيە ئارىلىغا بېرىۋالدى .

— بۇ ئالىمۇ پىشىپ تەييار بوپتۇ ، قولۇڭنى ئاچساڭ ئۆزى چۈشكۈدەك ، — دېدى بارلىق پەرەڭلەرگە ئىنتايىن ئۆچ بولغان ئابدۇراخمان .

— بۇ ئەسىرگە چۈشكەن تاغلىقلارغا قانداق ئىنئام بېرىشنى ئېسىڭدىن چىقارما ، — دېدى سۇبەتەي .

باتۇخان چىش يېرىپ سۆز قىلمىدى . ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا قولىنى ھاۋادا شىلتىپ ، بارمىقى بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا بىر

سىزىق سىزدى . بۇ ھەرقانداق كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ئىشارىتى ئىدى .

باتۇخان ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزگەن كىچىك مەيدان چۆلدەرەپ قالدى . جازالانغۇچىلارغا دەھشەت سالىدىغان ئۇچلۇق قوزۇقلار يىغىن مەيدانىنىڭ شاھىتى بولۇپ قالغانىدى . مۇلازىملار يەرگە سېلىنغان گىلەملەرنى يىغىۋاتاتتى .

كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ باغرىدىكى بۇدۇشقاقلىقتا ھازىرلا قەتلى قىلىنغان ئەسىرلەرنىڭ جەسەتلىرى خۇددى تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان باللاردەك پۈت ـ قوللىرىنى ئەركىن تاشلاپ ياتاتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ باشلىرى يېرىلغان ، يۈزلىرى قانغا بويالغانىدى . ئۇلار ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئاداققى پەيتلەردىمۇ موڭغۇللارغا قارشى غەزەپ بىلەن ئېتىلدى . بىراق ، ئاخىرى زوراۋان دۈشمەن تەرىپىدىن چېپىپ تاشلاندى .

چىدىر ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بەتبەشىرە جاللات ئېغىر گۈرزە بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇۋاتاتتى . جاللات ئەرەب ئەلچىسىنىڭ مىرزىسى قىزىل ساقاللىق دۇتاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسىر بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . دۇتان ئەپتىدىن غۇربەتچىلىك يېغىپ تۇرغان بۇ ئەسىرنى جاللاتنىڭ زەھەرلىك قولىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى . ئۇ كىشى بىردەم ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ، بىردەم ياغاچ كىرېستىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توختىماي دۇرۇت ئوقۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ چاڭگا بولۇپ كەتكەن ساقاللىرى شامالدا يەلپۈنەتتى .

جاللات تاقەت قىلىپ تۇرالماي ، خىرقىرىغان ئاۋازدا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى :

— باتۇخان ئۆزى بۇ باشباشتاقنى جەھەننەمگە يوللا دەپ ماڭا بۇيرۇق قىلغان . ئەجەبا سەن بۇ بۇيرۇققا قارشى چىقماقچىمۇ ؟

دۇتان بويىنىدىكى مىس تەمتەكىنى ئېلىپ جاللاتقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ :



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— كېيىنكى بۈيرۈق ئالدىنقى بۈيرۈقنى ئەمەلدىن قالدۇردۇ . بۇ بىر قائىدە ! — دېدى بىرئاز توختىۋالغاندىن كېيىن ، — يەنە ساھىبقىراننىڭ تەربىيىچىسى سۈبەتەي باھادىر ھازىر يېتىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ بۇ ئەسىرنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . مېنىڭ بۇ ئەسىرگە قىلدۇرىدىغان مۇھىم ئىشىم بار . سەن كېتىۋەرگىن !

— يەكچەشمە سەردارىمىز سۈبەتەي باھادىرمۇ بۇ كىشىنى ئېلىپ قېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن ، لېكىن مەن ئۇنى بەجا كەلتۈرەلمەيمەن . چۈنكى ، دەسلەپكى بۇيرۇقنى باتۇخان (ئۇنىڭ ھاياتى ۋە دەۋرانى بىر مىڭ بىر يىل داۋاملاشقاي) چۈشۈرگەن .

— ئۇنداق بولسا ساقلايلى ! — دېدى - دە ، دۇتان جاللاتنى ئىتتىرىۋەتتى . جاللات كۆزىنى ئالايتىپ ، قولىدىكى گۈرزىنى غەزەپ بىلەن كۆتۈردى ، گۈرزە ھاۋادا توختاپ قالدى .

قۇلا ئاتقا مىنگەن سۈبەتەي باھادىر ئاققان يۇلتۇزدەك تېز كەلدى . ئېتىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇراتتى .

دۇتان ئالدىغا چىقىپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۈيۈك شەۋكەتلىك سەردار ، سىزگە دەيدىغان ئىلتىماسىم بار .

سۈبەتەي ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ :

— تېز سۆزلە ، قىسقا بولسۇن ، — دېدى .

— بۇ ئەسىرنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسەڭ .

— سەۋەب ؟

— ئۇ ئەڭ مۇھىم ئەھۋاللارنى بىلىدىكەن ، «قۇياش پاتقان ئەللەر »نىڭ پادىشاھ ۋە قوشۇنلىرىنى كۆرگەنىكەن . بىزگە نۇرغۇن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىدۇ ، مەن...

— يالغان ! — سۈبەتەي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تېپىپ ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشاتماقچى بولدى .

— مەن سىناپ كۆردۈم ، ئۇ راست گەپ قىلىۋاتىدۇ .

— ئۇنداق بولسا قالسۇن ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى بىرىنى قويماي

يېزبۋال ، — سۆبەتەي ئاندىن جاللاتقا بۇرۇلۇپ دىدى ، — بۇ پوپنى بۆگۆن كېچە ئۆنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىن ، — ئۇ ئېتىغا قامچا ئۇردى . ئات ئۆچقاندەك چېپىپ كەتتى . ھەيران قالغان جاللات بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتتى ، ئۇنىڭ قولىدىكى گۇرزە تاش ئۇستىگە چۈشۈپ جاراڭلاپ كەتتى .

## بەشىنچى باب

# قىپقىزىل قانغا بويالغان قول

(هاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن )

«ئىش مۇنداق بولغانىدى . بۇ يىل سەپەر ئېيىدا ئادرىئاتىك دېڭىزى ساھىلىدىكى نۇرغۇن كىچىك شەھەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك شەھەرگە بىر توپ ئاتلىق موڭغۇل سەرۋازلار يېقىنلاپ كەلدى . شەھەر دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىلگەن ، ئاھالىلەر بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا مۆكۈنگەن ، شەھەر گويا گۆرىستاندەك جىم-جىت ئىدى .

باتۇخان ۋە ئۇنىڭ تۈمەن باشلىرىمۇ بۇ توپنىڭ ئىچىدە ئىدى . هاۋا ئۆزگىرىپ بوراندىن شەپە بەرمەكتە ، ساھىبقىران بۇ شەھەردە تۈنەپ دەم ئالماقچى بولدى .

باتۇخان ئوت ئالدۇرغۇچى ئوقلارنى ئېتىشقا بۇيرۇق قىلدى ، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ساداق ئوقلىرى شەھەرگە قاراپ ئۇچتى . ھەش - پەش دېگۈچە شەھەر ئىچىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى . كىشىلەرنىڭ جىددىي ھەرىكەتلىرى سېزىلدى . ئۇلار كىرىستلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ، ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈ-رۈشتى .

بىر ئازدىن كېيىن ، شەھەر مەركىزىدە چوڭ بىر يالقۇن پەلەككە كۆتۈرۈلدى . ئاھالىلەرنىڭ يىغا - پەريادلىرى ئاڭلاندى . ئەنە شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتى . سالاپەت-لىك كىيىنگەن بىرنەچچە موسىپىت دەرۋازا ئالدىغا چىقتى . ئۇلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى كىشىنىڭ قولىدا كۈمۈش پەتنۇس بولۇپ ، بىرىدە ھەرخىل تائاملار ، يەنە بىرىدە ماموق ياستۇق بو- لۇپ ، ئۇستىدە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى بار ئىدى.

ساھىبقىران سورىدى :

— شەھەر باشلىقى كىم ؟

— ماۋۇ...— دېدى كۆپچىلىك بىر ئاقساقالنى كۆرسىتىپ . بۇ مويسىپىت ئۇستىگە ئالتۇندىن زەرلەر چېكىلگەن ھاۋارەڭ تون كىيگەنىدى .

شەھەر باشلىقى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋال- غاندىن كېيىن بىردەك يەرگە تىزلىنىپ ، خاننىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ باردى ـ دە ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى قويۇلغان ياستۇقنى باتۇرخاننىڭ پۇتىغا قويدى .

— بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى نېمە ؟

— سالۇنو ! سپالاتو ! سپلىت ! — دەپ بىردەك جاۋاب بەردى شەھەر باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى .

— كىچىككىنە بۇ شەھەرگە نېمە مۇنداق تولا ئىسىم ، — دېدى سۇبەتەي باھادىر چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ .

— ئاۋۇ خارابىلىكنىڭچۇ ؟ — دېدى ساھىبقىران قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن تۆپىلىك ئۇستىدىكى تاش سېپىل ۋە ئۇنىڭ دەرۋا- زىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

— ئۇ خارابىلىك دىئولىتىنا سارىيى[①] .

بۇ دىئولىتىنا سارىيىدا كىملەر تۇرغان ؟

— ھەي ، — دېدى شەھەر باشلىقى ، — ئۇ ئەڭ قۇدرەتلىك رىم ئىمپېراتورى بولغان ، ئەينى زاماندا پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇر- غانىدى .

— مەن ئەزەلدىن پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغان بۇنداق ئىمپې- راتورنى ئاڭلاپ باقمىغان . پۈتۈن دۇنيانى پەقەت مېنىڭ بوۋام

---

① دىئولىتىنا — رىم ئىمپېراتورى مارىيە 284 ـ يىلىدىن 305 ـ يىلىغىچە تۇرغان جاي ، ئۆزى 313 ـ يىلى ئۆلگەن .

بويسۇندۇرغان . ئۇنىڭدىن بۇرۇن يەنە بىر دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئىسمى «قوش مۇڭگۈزلۈك» ئىسكەندەر . بۇ رىم ئىمپېراتورىنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىققان بولساڭلار كېرەك .
— ھەددىمىز ئەمەس ! سەن ھەرگىز ئاچچىقلانما ، بىز راست سۆزلەۋاتىمىز .
— ئۇ قايسى زامانلاردا ئۆتكەن ؟
— ئۇ بۇنىڭدىن بەكمۇ بۇرۇنقى زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىش . ئۇنىڭغا مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتتى . ئەينى چاغلاردا ئىمپېراتور دىئولىتنا بۇ سارايىنى سالدۇرۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى مىسىردىن داڭلىق بىناكارلارنى كېيمە بىلەن بۇ يەرگە ئەكەلدۇرگەن .
— نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر خىلۋەت ماكانغا بۇ سارايىنى سالدۇرغان ؟
— چۈنكى ، بۇ يەر ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى . ئۇ ئەسلى دىئوكلىيىلىك بىر سىلاۋيان ئىدى . كېيىن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلغان . شۇڭا ، پۈتكۈل ھاكىمىيەتنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىشداشلىرىغا قالدۇرۇپ ، ئۆزى بۇ سارايغان كۆچۈپ كېلىۋالغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان ، بەلكى سارايدا گۈل ئۆستۈرۈپ ، سەي تېرىپ ، ئاشۇ سەيلەرنى ئۆزىنىڭ ئوزۇقى قىلىپ دۇنيادىن ئۆتكەن .
— نېمە ئۈچۈن بۇ شانۇ شەۋكەتلىك سارايى بۇنچىۋالا خارابلىشىپ كەتكەن ؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن ياخشى مۇھاپىزەت قىلمىدىڭلار ؟
— بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋالغاندا مۇشۇنداق خاراب ئىكەن .
— ھۇ نانقىپىلار !
ساھىبقىران بۇ خارابىنى سەيلە قىلماقچى بولدى . ئۆزىنىڭ بىرقانچە مۇلازىمىغا ، بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى ۋە ئىككىنچى ۋەزىرىگە

ئۆزى بىلەن بىرگە بېرىشقا بۇيرۇق قىلدى.

خارابىلىكتە ئايلانغان بۇ ساراي كۆپ جەھەتلەردىن يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى قەسىر قىياپىتىنى يوقاتمىغانىدى. پۈتۈن قەسىر غايەت چوڭ چاسا تاشلاردىن ياسالغانىدى. مۇشۇنداق نۇرغۇن ۋە يوغان نەرسىلەرنى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ كەتكەندۇھە! قەسىر خۇددى بىر قەلئەگە ئوخشايتتى. تاملىرى پۈتۈنلەي تۆت چاسا تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان، ئىچىدە ئۈستى كۈنگۈرىلىك يېپىلغان بىرنەچچە چوڭ زال بار ئىدى. كۈنگۈرىلىك ئۆگزىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆرۈلگەن، بىر قىسمى ھېلىمۇ مەزمۇت تۇراتتى.

زاللارنىڭ بىرىدە تەختكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر كۈرسىنى كۆردۇق. تەختنىڭ يان تەرىپىدە بىر تاش ھەيكەل بولۇپ، ئۇنىڭغا رىۋايەتلەردىكى غەلىتە مەخلۇق — شىر تەنلىك ئادەمنىڭ تەسۋىرى چېكىلگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ھەيكەلمۇ مىسىردىن كەلتۈرۈلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى «سفىنكس» بولۇپ، مىسىرنىڭ سىمۋولى ئىكەن. مىسىرلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدىكەن.

ھەممىمىز ئاتتىن چۈشتۇق. مۇلازىملار ئەينى يىللاردىكى رىم ئىمپېراتورىنىڭ تەختىگە گىلەم سالدى. تەختنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى مەشئەل سانجىلدى. باتۇخان تەختكە كېلىپ ئولتۇردى.

شەھەر باشلىقى باتۇخاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەرخىل نېمەتلەر تىزىلغان پەتنۇسنى تۇتۇپ تۇراتتى. كۈنگۈرىلىك تورۇسنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— بۇ يىمەكلىكلەرنى ئالدىن سەن تېتىپ كۆرگىن، — دېدى باتۇخان پەتنۇس تۇتۇپ تۇرغان شەھەر باشلىقىغا، — ئەگەر ئېغىز تەگكەندىن كېيىن يەنىلا ھايات قالساڭ، مەن سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن. ئەگەر ئۆلسەڭ ياكى ئاغرىساڭ، پۈتۈن شەھىرىڭنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىمەن.

شەھەر باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر چەتكە سۈرۈلۈپ

بېرىپ ، ئالدىراپ ـ تېنەپ تاماقلارنى يېدى . شارابلارنى ئىچتى . موڭغۇل نۆكەرلىرى بىر چەتتە ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردى . بەزىدە نەيزە بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرىسىگە تۇرتۇپ قوياتتى . دەسلىپىدە باتۇخانمۇ بىر ئاز قاراپ تۇردى ، كېيىن ئاتنى ئەكىرىڭلار ، دەپ بۇيرۇق قىلدى . ئىككى نۆكەر يۈگۈرۈپ چىقىپ ، كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان «ساتتا»نى يېتىلەپ كىردى . «ساتتا» تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئۇ كۈمۈش ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قاپقارا كۆزىدە يېنىپ تۇرغان مەشئەللەر ئەكس ئېتەتتى .

باتۇخان كەمىرىگە ئۆتكۈزۈۋالغان تېرە خالتىدىن سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە قەنتنى ئېلىپ ئاتنىڭ ئاغزىغا سالدى . ئاندىن يېنىدىن كىچىك بىر پىچاقنى ئېلىپ ئاتنىڭ بويىنىنى ئازراق تىلدى . دەرھاللا شۇ ئورۇندىن ئاتنىڭ قېنىنى شورىدى . بوز ئات تېپىرلاپ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى . لېكىن ، ئىككى نۆكەر ئۇنى ھېچ يەرگە مىدىرلاتماي يەرگە مىخلىغاندەك تۇتۇپ تۇردى .

باتۇخان ئاتنىڭ قېنىنى ئىچىپ تويدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى قىپ-قىزىل قانغا بويالدى . ئاق بوز ئاتنىڭ بويىنىدىن قان توختىماي ئېقىپ تۇراتتى .

— بۇ مېنىڭ كۆڭۈل تىنچىتىش تامىقىم ! ھېلىقى شەھەر باشلىقى تىرىكمۇ ؟

— تىرىك ! تىرىك ! — دېيىشتى بىرقانچە ئاۋاز بىردەكلا .

— بىر ئاز كۈتەيلى ، كەچتە بىر گەپ بولار ، ئەگەر ئۇ يەنىلا ئۆلمىسە ، ئۇنى قويۇۋېتەيلى ، شەھەرگە كەلسەك ، ئۇنى چېرىكلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى پۈتۈنلەي يوللۇق .

باتۇخان ئاتنىڭ بويىندىكى تىلىنغان يارا ئېغىزىنى قولى بىلەن بېسىپ ـ بېسىپ قويدى . ئاندىن قىپقىزىل قانغا بويالغان ئالىقىنىنى كۆرسىنىڭ كەينىدىكى سىلىق تامغا ياقتى . تامدا باتۇخاننىڭ بەش بارمىقى ئېنىق چۈشكەن ئالقان ئىزى قالدى .

— بۇ ئالقان ئىزى ، — دېدى باتۇخان ، — مېنىڭ «قۇياش

پاتقان ئەللەر ،دىكى بۈيۈك پادىشاھنىڭ بۇ سارىيىدا قالدۇرغان ئەڭ ياخشى خاتىرەم بولدى . بىراق ، مەن ئەتىل بويىغا قايتقاندىن كېيىن ، بۇنداق ساراي سالماقچى ئەمەسمەن . ساراي ئەتراپىدا كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان كۆكتاتلارنىمۇ تېرىمايمەن . ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى كېرەك .

شۇڭا ، مەن ئاددىي چېرىك سۈپىتىدە جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى خالايمەن . »

# ئون بىرىنچى قىسىم

# تالاش - تارتىشنىڭ باشلىنىشى

## بىرىنچى باب

## باتۇخان تىرىگىستوم بوسۇغىسىدا

موڭغۇل ئاتلىق چېرىكلىرى كۆپرەك ئادرىئاتىك دېڭىزىنىڭ تاشلار بىلەن قاپلانغان ساھىلىنى بويلاپ، شىمالغا قاراپ تېزلىكتە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئاتلىق چېرىكلەر تاغ ئارىسىدىكى تار چىغىر يوللاردىن ئۆتۈپ، خۇددى دېڭىز ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان غەلىتە مەخلۇقلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاجايىپ چوڭ تاغ تىز-مىلىرىغا ياماشتى. ئاندىن ئۇچىسىغا شۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كۆرۈپ باقمىغان پېشى ئۇزۇن جۇۋا كىيىۋالغان بۇ نامەلۇم چېرىكلەر پەلەمپەي شەكلىدە تاختا - تاختا مۇنبەت ئېتىزلار سوزۇلۇپ ياتقان تاغ جىلغىسىغا قاراپ تۆۋەنلىدى، بىر چەتتە تۇرغان كىچىك ئېرىق-نى كۆرۈپ ئاتلىرىنى دېڭىزتىكىنىچە ئېتىزلىقلار ئىچىدىكى مايسى-لارنى دەسسىتىپ ئۇدۇل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تاغلارنى ئېشىپ جىلغىلارغا چۈشۈپ سەپە-رىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سورلۇك ھۆكۈمرانىنىڭ خاتاسىز بۇيرۇقىغا بىنائەن تۇمانلىق كەلگۈسىگە قاراپ يول ئالماق-تا، ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ئاتلىق چېرىكلەر دېڭىز يۈزىگە ئېسىلىپ تۇرغان ياردىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغانلىقىدىن ئىختىيارسىز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ھەر تەرەپكە قاراشقا باشلىدى. تاغ باغرىدىكى كۆرپەز كۆك رەڭدىكى يوغان پەتنۇسقا ئوخشىشىپ قالغانىدى. كۆرپەزنىڭ ئۈچ تەرىپى پاكار دۆڭلۈكلەر بىلەن ئورالغانىدى. تۆپىلىكلەردە ياپيېشىل بۈك - باراقسان ئورمانلار، باغلار ۋە ئېتىزلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. دېڭىز قىرغىقىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر يالغۇز چوققىدا تاشتىن ياسالغان كىچىك قەلئە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۈستى تۈپتۈز كەتكەن بۇ تۆپىلىكنىڭ ھەممە يېرىدە كەنتلەر بولۇپ، پاكار - پاكار ئۆيلەر، ساتمىلار ۋە بۈك - باراقسان باغلار، سايە تاشلاپ تۇرغان، تاشتىن ياسالغان موناستىرلارنىڭ ئۈچلۈق مۇنارلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن يىراقراق يەرلەردە تاختا قىلىنغان ئوتلاقلار ۋە ئېتىزلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يات بىر دۆلەتنىڭ كىشىلىرى ئۇ يەردە خۇددى چۈمۈلىگە ئوخشاش پايپېتەك بولۇشۇپ يۈرۈشەتتى. ئېتىز يوللىرىدا كالا ھارۋىلىرى بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن يەر بېغىرلاپ كېتىپ باراتتى. توپا - چاڭلار ئارىسىدىن بىر توپ كالا - قوي پادىلىرى ۋە يۈك ئارتىلغان ئېشەكلەرنىڭ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

كۆك رەڭدىكى ئىس - تۈتەكلەر تىنىق ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىكى سانسىزلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ مەردلەرچە ۋە تولۇپ - تاشقان شاد - خۇراملىق بىلەن چوڭ تەبىئەت قوينىدا كۆڭۈللۈك ماكانىنى بەرپا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

قاتمۇ قات تاغ تىزمىلىرى خۇددى قاتارلىشىپ تۇرغان قوپال بىلەكلەردەك، كۆپكۆك دېڭىز قولتۇقىدا سانسىزلىغان رەڭگارەڭ چوڭ يەلكەنلىك كېمىلەر موكىدەك ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

— كۆز ئالدىڭدا نامايان بولغان بۇ باي ، ئاۋات شەھەر مەشھۇر تىرىگىستوم بولىدۇ . ئۇ نېمىدېگەن گۈزەل ، نېمىدېگەن باي جاي ـ ھە ! ئۇ كەلگۈسىدە سىنىڭ بويسۇندۇرغان بارلىق شەھەرلىرىڭدىن ئىبارەت بۇ بىر تىزىق مارجان ئىچىدىكى ئەڭ دۇردانە مەرۋايىت بولۇپ قالغۇسى . سەن ئۇنىڭغا سەل قارىما ، شۇنداقلا ئۇنى ھەرگىزمۇ قولدىن چىقىرىۋەتمە . ئۇ تېخى سىنىڭ قولۇڭغا ئۆتمىگەن چاقناپ تۇرغان بىر ئالماس . بۇ كەڭ ۋە تىنچ كۆرپەزگە مىڭدىن ئارتۇق كېمە سىغىدۇ .

يۇقىرىقى قىستۇرما گەپلەرنى ئابدۇراخمان دېگەنىدى . ئۇنىڭ كىيىۋالغان دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلىرىدىن كۈمۈش نۇرلار جۇلالىنىپ تۇراتتى ، چىرايى قېلىن ئورمانلارغا پۈركەنگەن تاغ چوققىسىنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان جەنۇب قۇياشىنىڭ نۇرىدا بەكمۇ جەزبىدار كۆرۈنەتتى . ئاستىدىكى ئاتمۇ ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ ، ئۇنىڭ كۈچلۈك قولىدىكى تىزگىننى سىيرىپ ، بۇ جايدا توختىماي ئويناقشىپ تۇراتتى .

— بۇلارنىڭ ماڭا قىلچىمۇ كېرىكى يوق ، — دېدى باتۇخان خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك . ئۇ ئۆز ئورنىدا تىنچ تۇرغان بوز ئېتىنىڭ ئۈستىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىم ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى .

— قىلچىمۇ كېرىكى يوق ؟ سەن مۇشۇنداق ئېتىبارسىز قاراماسەن ؟ — دېدى ئابدۇراخمان گەپنى ياپتا قىلىپ ، — سەن تۆۋەنگە قاراپ باق ، ئاۋۇ قىرغاقتىكى خۇددى قانىتىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان بىر توپ ئاق قۇلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن كېمىلەرنى كۆردۈڭمۇ ، ئۇلار قېچىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ ، سىنىڭ ئۇلۇغ نامىڭ خۇددى بىر كۈچلۈك قۇيۇن . سەن ئالدى بىلەن بۇ غالىب قوشۇنۇڭنى بىر يەرگە توپلا ، بۇ ئارقىلىق چاشقاندەك مۆكۈنۈپ يۈرىدىغان قورقۇنچاق پۇقرالار ئارىسىغا ۋەھىمە سېلىپ ، ئۇ دۆلەتلەرنى جەڭ قىلدۇرمايلا تەسلىم قىلغۇز . ئەنە شۇ چاغدا «قۇياش پاتقان ئەللەر»نىڭ سىنىڭ ئالدىڭدا تالىپلاردەك ئېگىلىپ

www.uyghurkitap.com

تەزىم قىلماقتىن باشقا چارىسى يوق . دۇنيانى تىترەتكۈچىنىڭ ساڭا قالدۇرغان ۋەسىيىتىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلماسلىقىڭ كې- رەك . سەن بويسۇندۇرغان قۇرۇقلۇقتىن باشقا ، دۇنيانى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدىغان بىپايان دېڭىز - ئوكيانلار بار . بۇ زۇمرەت ياقۇتقا ئوخشىشىدىغان پايانسىز دېڭىز - ئوكيانلارنى ئەل- ۋەتتە بويسۇندۇرۇشۇڭ كېرەك . سەن مۇشۇ جايدىن ، مۇشۇ گۈزەل يۇرتتىن باشلاپ دېڭىز ئىگىلىكىنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرالايسەن . سەن ئالدى بىلەن مۇشۇ مىڭدىن ئارتۇق ئاق يەلكەنلىك كېمىلەرنى قولۇڭغا چۈشۈرگىن ، بۇ كېمىلەر سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە دۇنيادى- كى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بېرىپ باشقا مىللەتلەرنىڭ بايلىقىنى ساڭا ئېلىپ كېلىشى كېرەك . بىلىشىڭ كېرەككى ، بۇ يەر پۇتكۇل دېڭىزلار ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى بىر پورت··· بۇ پورت قولۇڭنى سوزساڭ يەتكۇدەك ئارىلىقتا تۇرۇپتۇ . قۇدرەتلىك قولۇڭنى بىرلا شىلتىساڭ بۇ توسۇن ئاتنىڭ بويىنىغا چۈشكەن سالما سېنىڭ تېقىد- مىڭدا بولىدۇ .

تاتار قوشۇنىنىڭ چىرايى سېرىق كەلگەن بىر سەردارى بو- لۇپ ، ئۇ دائىم يەڭگىل دۇبۇلغا كىيىپ يۇرەتتى . بۇگۈن دۇبۇلغى- سىنىڭ ئۈستىگە قارا بۇركۈت پېيى قىستۇرۇۋالغانىدى . ئۇ ئابدۇراخ- ماننىڭ مەردانە سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى . كەينىدە ئۇن - تىنىسىز كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىملار ئارىسى- دىن قانداقتۇر بىر كىشىنى ئىزدىگەندەك كۆرۈنەتتى . ئاخىر ئۇنىڭ كۆزى بىر چەۋەندازغا كېلىپ توختىدى ۋە :

— يىسۇن نوغاي ، بۇياققا كەل ! — دەپ چاقىردى .

بۇ قوپال ، ئەمما غەم - قايغۇنى بىلمەيدىغان يىگىت ئاستىدى- كى ئېتىنى دېۋىتىپ خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سەن بۇ شەھەرنى ، كېمىلەر توختاپ تۇرغان بۇ دېڭىز پورتىنى ۋە سانىنى ئېلىپ بولالمايدىغان باغلارنى ياخشى كۆرەمسەن ؟ — ئابدۇراخمان بۇ جايلارنى ماختاپ تەرىپلەپ ئۇلار- نىڭ ھەممىسىنى ئۆزى دېگەندەك تونۇشقا كەلتۈرۈپ بولغانىدى .

— بۇ يەرگە دۈشمەنلەر يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا ، ئۇ يەر مېنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بوغما يىلاننىڭ كونا ئۇۋىسىدەك ياكى توختىماي ھۇۋۇلايدىغان بۆرە ئۆڭكۈرىدىنمۇ بەتتەررەك يىرگىنچلىك بىلىنىدۇ . مۇبادا ، سەن ئۇ يەرنى بويسۇندۇرۇپ ، ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ، بارلىق ئاھالىلەرنى ئۆزۈڭنىڭ قۇللىرىڭغا ئايلاندۇرالىساڭ ، ئۇ چاغدا مەن ئۇ يەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن بولاتتىم .
— مەن بۈگۈن كەچتە ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزىمەن . كېڭەشتە ئەتە ۋە ئۆگۈنلۈككە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمىزنى مەسلىھەتلىشىمەن — دېدى باتۇخان .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىي ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# «ئۇلگىرچ»نىڭ ناخشىسى

ئەزەلدىن ئەقىللىق ، كۆپنى كۆرگەن سۇبۇتەي باھادىر مۇنداق دېدى :

— ئايغاقچى قوشۇننى تەيىنلەپ ، تۈركىستومدىكى مۇداپىئەچىلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىش كېرەك ، كۆرۈپ بېقىش كېرەك . ئەمما ، ساھىبقىران ، سېنىڭ بىزنىڭ ھۆكۈمرانىمىز بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن كىچىك بىر ئاتلىق لەشكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ چارلاشتىن ئىبارەت بۇ خەتەرگە تەۋەككۇلچىلىك قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوقتۇر . كىم بىلىدۇ ، قەيسەر[1] ، فىردىرىكوس[2] ئۆزى ئۇ يەردە بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدىغاندۇ . بەلكىم «ماڭ گوسى»لار ئۇ يەردە زور تۇركۇمدىكى قوشۇنلىرىنى توپلاپ ، تاغ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ ، جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندۇ . بىر كۈن ئىچىدە سېنى مەغلۇپ قىلىش ياكى يوقىتىشنى ئويلاپ ، بۈگۈنگە قەدەر تەڭداشسىز مىليونلىغان ئەسكەرلىرىنى ئۇدۇل ساڭا قارىتىپ تۇرۇشقاندۇ . ئەمما گېرمانىيىنىڭ ، ئىتالىيىنىڭ ۋە پەرەڭلەرنىڭ قوماندانلىرى بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ، شۇنداقلا ئۇرۇش تەييارلىقىنىمۇ ياخشى ئىشلىمىگەندى . ئۇلار بىر توپ دۆت ئېشەك ۋە گومۇش قويلار... دەرۋەقە ئۇلار قۇربى يەتكەن ئىشلارنى قىلدى

① قەيسەر — كېسار ، سېزارنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى ، مەنىسى پادىشاھ دېگەن بولىدۇ .

② فرىدرىكوس — گېرمان پادىشاھى فرىدرىخنى دېمەكچى .

دېسەكمۇ بولىدۇ . ئۇ بولسىمۇ ، قىلىچ ـ قالقاننى كۆتۈرەلەيدىغان ، ساداقنى ئېگىپ ئوقيانى ئۈزەلەيدىغان بارلىق پۇقرالارنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت . مەن ئۇلۇغ تەڭرى ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى ، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مەلۇم بىر جايدا زور تۈركۈمدىكى قوشۇن توپلىنىپ تۇرغان بولۇشى ، بىزنىڭ شەھەرگە كىرىپ غەلىبىنى تەنتەنە قىلىۋاتقان پەيتىمىزدىن پايدىلىنىپ ، بىزگە قول سېلىشى مۇمكىن ، چۈنكى ئۇلار ھەر ھالدا بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىپ ، ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقىمىزغا قاراپ قالىدىغان ھاڭۋاقتىلاردىن ئەمەس ـ دە !

بارلىق چېرىك باشلىقلىرى دائىم سۇكۇتتە يۇرۇشكە ئادەتلىنىپ قالغان ، ئەمما بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى كۆپ بولغانلىقتىن قېرىپ چاچلىرىغا ئاق كىرىپ قالغان سۇبەتەي باھادىرنىڭ ئاقىلانە ئېھتىياتچانلىقى ۋە يىراقنى كۆرەرلىك دانالىقىغا قارىتا باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىل بولماقتا ئىدى .

ئەمما ، ياش نوغايخان بىردىنلا ئالدىغا چىقىپ ، داۋراڭ سېلىپ ، باشقىلارنى ئويلاندۇرىدىغان بىر چارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىكنى تاڭ قالدۇردى ، ھەتتا قاقاقلىتىپ كۈلدۈرۈۋەتتى .

— تەڭداشسىز ، شانۇ شاۋكەتلىك سۇبەتەي باھادىرنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي توغرا ، شۇنداقلا ئوچۇق بولدى . بىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمىتىمىزگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان خاقانىمىز تەربىيىلەۋاتقان كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقۇم يوق . ئەمما ، مەن مېنىڭ يۈرەكلىك ھالدا سىناپ كۆرۈش تەكلىپىمگە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنىمەن . ماڭا مېنىڭ قول ئاستىمدىكى «جېنىدىن تويغانلار»دىن يۈز كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ بېرىلسە ، ئۇن كىشىلىك بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ . مەن ئۇدۇللا تىرگىستومغا كىرمەكچى ، بىزنىڭ ئۇ يەردە قانداق مەنزىرىنى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ، قانداق مۇئامىلىگە ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى ھازىرلا سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر .

— ئۇنداق بولسا سۆزلە ، ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، شۇنىڭغا قارىتا ئىش كۆرەرمىز ، — دېدى باتۇخان ئۇڭ قېشىنى لىكىلدىتىپ قويۇپ .

— بىزنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن چارلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ، شۇنداقلا ئاھالىلەردىن تىرىكچىلىك قانچىلىك مۇھاپىزەتچى بارلىقىنى ، باشلىقىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ بېقىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق . بىز ۋارقىرىغان پېتى شەھەرگە بېسىپ كىرىمىز . بىر تەرەپتىن ، قىلىچىمىزنى ئوينىتىپ ، بىر تەرەپتىن : «تەسلىم بولۇڭلار ! دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى بۈيۈك ، قۇدرەتلىك باتۇخاننىڭ ئۆزى شەھىرىڭلارغا يېتىپ كەلدى ، گىلەملەرنى سېلىپ ، تائام ۋە شاراب كەلتۈرۈڭلار ، بۈگۈن ھەممىمىزنىڭ بايرام كۈنىمىز بولىدۇ ! » دەپ ۋارقىرايمىز .

بارلىق چېرىك باشلىقلىرى كۆلكىدىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۆزئارا بىر – بىرىگە كۆز تاشلىشىپ قويۇشتى .

نوغاي باتۇخانغا قاراپ قويدى . باتۇخان پايانسىز چوڭ دېڭىزغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى . دېڭىزدىكى سانسىزلىغان كېمىلەر ئاستا – ئاستا يىراقلاشماقتا ئىدى . كېمە يەلكەنلىرى تەتۈر شامالدا يىغىلاتتى ، ئوڭ شامالغا يولۇققاندا يېيىلاتتى . مۆڭكەخان مۇنداق دەپ سورىدى :

— سەن تىرىكىستومدا مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بولۇشىنى ئالدىن بىلىۋاپسەن ، ئۇنداقتا ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ شەھەرنى قوغداشقا تەييارلانغان ياكى تەييارلانمىغانلىقىنى بىزگە سۆزلەپ بېرەلەمسەن ؟

— ھەي ، ياق ! ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى خوتۇن بالا – چاقىلىرىنى ئېلىپ ، ئۆي – ۋاقىنى يىغىشتۇرۇپ شەھەرنى تاشلاپ تاغ – ئورمانلارغا يوشۇرۇندى . ئەمما ئۇچىسىغا يالتىراپ تۇرغان ساۋۇت ، بېشىغا قىرغاۋۇل پېيى قىستۇرۇلغان قالپاق كىيگەن ، ئالتۇن رەڭلىك ئۈزەڭگىگە سېلىنۋالغان پۇتلىرىغا ئۆتۈك كىيىۋالغان باي ئەمەلدارلار مەيداندا توپلىشىپ ، ھەدەپ پو ئېتىپ ، خۇددى

بىر توپ غازلاردەك قاقىلداپ يۈرمەكتە . ئۇلار ، بىزنىڭ ئىلاھىمىز موڭغۇل قوشۇنىنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىگە يول قويـ-مايدۇ ، دەپ جـار سالـماقـتا . ھەربىر ئەمەلـدارنىڭ قول ئاستىـ-دا ئون ـ يىگىرمىدىن رەتلىك كىيىنىپ پۇختا قوراللانغان لەشـ-كەرلىرى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار يەنىلا تالاشماقتا ، ھەتتا بۇگۈنگە قەدەر بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك قوشۇننى قۇرالمايۋاتىدۇ . چۈنـ-كى ، ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر كىمنىڭ قوماندان بولۇش ئىشىدا بىرلىككە كېلەلمەيۋاتىدۇ . ھەربىر كىشى ئۆز ئورنىدىن ۋاز كېـ-چىشنى خالىمايدۇ .

— ئۇنداقتا ، ئۇلار سېنى قانداق كۈتۈۋالىدۇ ؟ ساڭا ئېسىل ھاراق ، تاماقلارنى تەييارلاپ قويارمۇ ؟

— ياق ، بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىسىلا ، بارلىق قوـ-شۇنلار پاتىپاراق بولۇشۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىغا بېكىنىپ ئىشىكىنى تاقىۋالىدۇ . خۇددى بىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ قورـ-غانلىرىنى ئالالمايدىغاندەك .

باتۇخان نېمىشقا يەنىلا ئۇن ـ تىن چىقارماي جىم تۇرىدىغانـ-دۇ ؟ كۆپچىلىك ئۇنىڭ قارارىنى كۈتۈۋاتاتتى ، ئەسلىدە نوغاي خانـ-نىڭ بۇ مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ساھىبقىران بارلىق قوشۇنلارنىڭ تېزلىكتە ترىگىستومغا ھۇجۇم قىلىشىغا چوـ-قۇم بۇيرۇق چۈشۈرۈشى كېرەك ئىدى . ئەمما ، ئۇ ھازىر ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىزدەك پۈتۈن زېھنى بىلەن يىراقلارغا نەزەر تاشلىـ-ماقتا ئىدى ، ھەتتا بەزىدە يۈزىدە خۇددى بىر نېمىدىن نارازى بولغاندەك كۆڭۈلسىز سايە لىپپىدە پەيدا بولۇپ قالاتتى .

ئاخىر باتۇخان ئېغىز ئاچتى :

— باتۇر يىسۇن نوغاينىڭ سۆزى مېنىڭ قەلبىمنى ئىللىتتى . ئۇنىڭ سۆزى بىلەن قەلبىم بىردەك . لېكىن ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئاساسلىق ۋەزىپە كەينى ـ كەينىدىن شەھەرلەرگە ھۇـ-جۇم قىلىپ تارتۇۋېلىش بولماستىن ، بەلكى بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېـ-رىيىسىنى مەڭگۈلۈك مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت . ئىمپېرىيەـ-

مىزنىڭ چېگراسى مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭەيدى، بەلكى ئىككى دېڭىز قۇتۇپىنىڭ ئارىلىقىنى ئىگىلەپ بولدۇق. شەرق تەرىپى قۇياش ھەر كۈنى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان چىن دېڭىزى، غەرب تەرىپى قۇياش ھەر كۈنى ئولتۇرىدىغان، ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كېتىدىغان «ئاخىرقى دېڭىز». ھازىر بىز قانداق قىلىشىمىز كې-رەك؟ مېنىڭ ھەربىر بۇيرۇقۇم بىزنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىپ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز ياكى كەلتۈرەل-مەسلىكىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەربىر مەيدان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئالدىدا رەقىبلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىشىمىز كېرەك، ئەل-ۋەتتە. ئۇلار غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان ھەرىكەتلەرنى قول-لىنىشى مۇمكىن.

مەيداندىكىلەر سۈكۈت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە كۆز تاشلىشىپ قويىدى.

— بۇ ئەھۋاللارنى ئويلىغىنىمىزدا، بىز تىرگىستومغا ھۇجۇم قىلىشتا بەك ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك، — باتۇخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن يەنە بىرئاز كۈتۈپ باقاي. ئەڭ مۇھىمى ئالدى بىلەن مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى بىلىپ بېقىشىم كېرەك. شۇڭا، ماھارەتلىك شامان باخشىلىرىنى چاقىرتىش كېرەك. ئۇلار بىز ئۈچۈن دۇرۇت ئوقۇپ، پىرى ئوينىسۇن، بىزگە ئۇرۇش ئىلاھى سۈلدەر بىلەن باشقا ئىلاھلارنىڭ ئىرادىسىنى ئېيتىپ بەرسۇن.

— سەن ھازىرلا بىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ تەجرىبىلىك شامان باخشىلىرىنىڭ دۇرۇتلىرىنى ئاڭلايسەن، — دېدى سۇبەتەي باھادىر، — ئۇ بىزنىڭ يىراق يۇرتىمىزدىكى ھىنگان تاغلىرىدىن كەلگەن. ھازىر مېنىڭ تۇمۇر ھارۋامدا ئولتۇرىدۇ. بىزگە ئىنتا-يىن يېقىن يەردە تۇرىدۇ. مەن تورغاۋۇتلارنى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلەي، كەچتە گۈلخان يېقىپ پىرى قىلسۇن. ساڭا يۇرتىمىزنىڭ

چۆل قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بەرسۇن .

كەچقۇرۇنلۇقى ، يار ئاستىدىكى كەڭرى غار ئىچىدە گۈلخان يېقىلدى ، موڭغۇل خاقانلىرى دۈمبىلىرىنى غارنىڭ تېمىغا يۆلەپ ئوتىسىنىشىپ ئولتۇرۇشتى . ئاددىي لەشكەرلەر سىرتتا ئاتلىرىنىڭ چۆلۈۋۈرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى .

قارا بوران چىقىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . تەرەپ - تەرەپتىن چاقماق چېقىپ ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى . چېقىلغان چاقماق كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆڭكۈر ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ ، قىستىلىشىپ ئولتۇرغان موڭغۇل لەشكەرلىرىنى ئېنىق كۆرسىتەتتى .

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئالغا بېسىش مۇمكىن بولمايلا قالغانىدى . تاغ ئۈستىدىن چۈشكەن كەلكۈن تاغ جىلغىلىرىدا زور ئېقىننى پەيدا قىلىپ ، قورام تاشلارنى دومىلىتىپ ئۆزى بىلەن سايغا قاراپ ئېقىتماقتا . ئاددىي موڭغۇل چېرىكلىرى خەتەرلىك يار ۋە قىيا تاشلارنىڭ دالدىسىغا كىرىپ يامغۇردىن پاناھلىناتتى . ئۆڭكۈردە باتۇخاننىڭ ئەتراپىنى ئوراپ ئولتۇرۇشقان تەلەيلىكلەر بولسا ، بۇ دۇنيادىن بىغەم ئىدى .

بىر تۇرغاۋۇت ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ كېلىپ ئاتاقلىق «ئولگېرچ» — موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ ناخشىچىسى بولۇچۇخارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى . ئولگېرچ بۈيۈك ساھىبقىرانغا جاھانگىرنىڭ ئىلكىدىكى يايلاق خەلقلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزمەكچى بولدى . باتۇخان تۇزۇت قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ھازىر ، مۇشۇ قارا بوران چىقىپ يامغۇر يېغىۋاتقان مەزگىلدە ، ئۇ بىزگە ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن . تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ، شۇنداقلا يامغۇر توختاپ ، كۈن ئېچىلغاندىن كېيىن ، بىز يەنە داۋاملىق يۈرۈش قىلىمىز .

بىر نۆكەر گۈلخانغا بىر تۇتام ئوتۇننى تاشلىدى ، ئوتۇن يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكتىن ، گۈلخان ئىچىدە پىژىلداپ

ئاستا كۆيۈۋاتاتتى، قويۇق ئىس كىشىلەرنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ ئاستا ـ ئاستا سىرتقا قاراپ تارقىلىشقا باشلىدى.

— ئۇ كەلدى، — دېدى كۆپچىلىك پەس ئاۋازدا، — ئۇلگېرچ — شامان باخشى بولۇچۇخار كەلدى.

بىر موڭغۇل كىشى ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كونا چاپان كىيىۋالغان، يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى ئىككى چېكىسىنى بويلاپ يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئىككى قولىدا لاتىغا ئورالغان نەرسە بولۇپ، ئەسلىي ئۇنىڭ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى ئىدى. تۇرغاۋۇت ئۇنىڭ خۇرجۇنىنى مۇرىسىگە ئارتىۋالغانىدى.

گۇلخان چۆرىسىدە ئولتۇرۇشقانلار قىستىلىشىپ بولۇچۇخارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشتى. ئۇ كاسىسىنى يەرگە قويۇپلا ئولتۇردى. بولۇچۇخارنىڭ ئىككى قېشى تۇم قارا، بىر جۈپ كۆزى دائىم تەئەججۇپلەنگەندەك مۆلايىم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بىر جۈپ كۆزى، سارغايغان چىرايى ئۆزىگە ياراشقان، ئەمما پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى ئاستىدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ خۇرجۇن ئىچىدىن غىجەكنى چىقىرىپ قول بارماقلىرىنى ئېگىپ تىزلىكتە تارلارنى ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى دەرھال تاغ ئۆڭكۈرىنى قاپلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ بېشىدىكى قالپىقىغا ئۇزۇن قارا بۈركۈت پېيىنى قىستۇرۇۋالغانىدى. ئولگېرچ ئالدى بىلەن سوئال نەزىرىدە كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىقتى، ئاندىن يەنە بۈركۈت پېيى قىستۇرۇۋالغان موڭغۇل كىشىگە نەزەر سالدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراپ باشلىرىنى لىڭشىتاتتى. ئۇ پېشقەدەم ئۇستازلاردەك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئاھاڭى دولقۇنلى-

نىپ بىردەم يۇقىرىلاپ ، بىردەم تۆۋەنلەيتتى . ئەمما ، ناخشا ئېيتـ-
قۇچى توختىماي داۋاملاشتۇراتتى . ئاڭلىغۇچىلارمۇ ھېچقانداق ھەيـ-
رانلىق ھېس قىلمايتتى . ئۇنىڭدىكى بۇنداق زور كۈچ ـ قۇۋۋەت
ۋە بۇنداق تۈگىمەيدىغان نەپەس نەدىنمۇ كەلگەندۇ ؟ ئاخىر ئۇ بىر
ئىگراپ ناخشىنى تۈگەتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇركۈت پېيى قىستۇرۇ-
ۋالغان موڭغۇل كىشى قاتتىق بۇيرۇق ئاۋازى بىلەن ئەمەس ، بەلكى
ئادەتتىكى ناخشىچىلار ئورۇندىغان قەھرىمانلار سەپىرىنى مەدھىيە-
لەپ ئېيتىدىغان ئاۋازى بىلەن سوزۇپ تۇرۇپ سورىدى :
— مەرھەمەتلىك مېھمان ، چاچلىرى ئاقارغان ئۆلگىرچ ، يىر-
راقتىكى يۇرتۇڭ قەيەردە ئىدى ؟ ئىسمىڭ ـ شەرىپىڭ كىم بولىدۇ ؟
نېمە ھاجىتىڭ ، نېمە ئارزۇلىرىڭ بار ؟ يوشۇرماي بارىنى ئېيتقىن ،
بىز ئاڭلايلى .
ئۆلگىرچ غىجەكنى چېلىپ تۇرۇپ سوزۇق ئاھاڭ بىلەن ناخشا
ئېيتىشقا باشلىدى :

ياخشىمۇسەن ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم ،
مەن سېنىڭ قاۋۇل يەلكىلىرىڭدىن ،
ئاشۇ كەڭ ، كۈچلۈك قاناتلىرىڭدىن ،
كىم ئىكەنلىكىڭنى تونۇۋالدىم ، ئوغلۇم .
سەن بىزنىڭ شادلىق بۇلىقىمىز ،
سەن قارا رەڭلىك ھىنگان چوققىسى .
ھەيۋەتلىك نەرە تارتقۇچى چىپار قاپلانسەن ،
سەن بارلىق پۇقرالارنىڭ يۈرەك ـ قەلبى ، ئوغلۇم .
سەن پۈتكۈل تاغلار چوققىسى ئۈستىدە كۆككە قانات يايغان ،
ئۆچساڭ ئۈنۈڭ ئاڭلانماس كۆك شۇڭقارىمسەن .
سېنىڭ گۈزەل دۆلىتىڭ ئالماس كەبى مۇستەھكەم ،
سانسىزلىغان پۇقرالىرىڭ تىپتىنچ ھەم خاتىرجەم ،
مەن بىر چاچلىرى ئاقارغان ئۆلگىرچمەن ،
شۇنداقتىمۇ يىلدا ئۈچ قېتىم ساڭا تاۋاپ قىلىمەن ، ئوغلۇم .

— ئۇنداقتا سەن كېلىشۈەرگىن ، ئەمما ھەر قېتىم كەلگىنىڭدە بىزگە موڭغۇل پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ، خۇشاللىقىنى ۋە ئەندىشىلىرىنى بىزگە ناخشا قىلىپ ئېيتىپ بېرەمسەن؟
ياشىنىپ قالغان ناخشىچى جاۋاب قايتۇردى :

بىزدە نە بولغاي ئۇنداق خۇشاللىق ؟
مۇتتەھەم دۈشمەن تۇرسا تۈگىمەي .
تۈگەتمىگەچ زىيان توسقۇننى ،
خۇشال ـ خۇراملىق بىزگە يار بولمىغاي .
كۆپچىلىك نەزەر سالماقتا سىنىڭ دۈشمەنگە قىلغان جازا ئۇرۇشۇڭغا ،
ئاڭلىسام ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»دە بارمىش بوغما يىلان ،
ئۇلار ئىنتايىن باي ئىكەن ، ئەمما ئەپت ـ بەشىرىسى يىرگىنچلىك ،
سەن چوقۇم تارتۇۋېلىشىڭ كېرەك ئۇلارنىڭ قوي ۋە ئاتلىرىنى .
بويسۇندۇرۇشۇڭ كېرەك ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىنى ،
سەن چوقۇم ئىگىلەيسەن يەتمىش سەككىز دۆلەتنى
بۇ ئىشلار رىۋايەتتە ئېيتىلىپ بولغان…

— يەتمىش سەككىز دۆلەت ، توغرا ، مەن مۇشۇنداق كۆپ دۆلەتنى ئىگىلىشىم كېرەك ، — دېدى بۇركۇت پېيى قىستۇرۇۋالغان موڭغۇل كىشى سۆز قىستۇرۇپ .
«ئىلاھىم شۇنداق بولغاي» دەپ تىلەشتى ئولتۇرغان موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى ، ئارقىدىنلا ئۇلار بىرلىكتە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى .

تەڭرىم ياراتتى سېنى ، شۇنداق بولۇشقا
شۇم دۈشمەننى تەسلىم قىلىشقا !
بۇ كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى ، چەت ئەل پادىشاھى
ئاشۇ مۇنبەت زېمىن ئايلىنىدۇ سېنىڭ زېمىنىڭغا ،
كەلگۈسىدە بولغۇسى ئېگىرىڭ ئاستىدىكى خۇرجۇن…

پۇتۇن كىچە بولۇچۇخارنىڭ ناخشىسى بىلەن ئۆتتى . ئۇ ناخشىسىدا شامالدەك ئۇچقۇر قۇلۇنلارنى ۋە چەكسىز كەتكەن موڭغۇل يايلاقلىرىدا توپ - توپ بولۇپ يۇرگەن يىلقىلارنى ، بۇككىدە ئورمانلار بىلەن قاپلانغان ھىنگان تاغلىرىنى ، گۇزەل مەنزىرىلىك سايان چوققىلىرىنى كۇيلەيتتى . ئالۋاستىلارنى يەڭگەن موڭغۇل باتۇرلىرىدىن يوم - ئەردىن ، شارخا - يودىنا ۋە دايىنا - كورولىيالارغا مەدھىيە ئوقۇيتتى…

ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرغان موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئاپىرىن ئوقۇدى . ئاخىرىدا ھەممىسى بىرلىكتە موڭلۇق ئاۋاز بىلەن سوزۇپ ناخشا ئېيتتى :

ئاھ ، گۇزەل ۋە پايانسىز يۇرتۇم ،
ئاھ ، كۆپكۆك كۇرولىن ، ئالتۇندەك ئوتۇن .
يات دۆلەت تۇپرىقى ئالماق نەقەدەر قىيىن ، نەقەدەر جاپا ،
يات مىللەت نەقەدەر تەكەببۇر ، نەقەدەر تەرسا .
يات دۆلەت ، يات مىللەت ئىچىدە يۇرگەندە ،
سەن ئاسرا ئېتىڭنى كۆز قارىچۇقىدەك .
ئۇ ساڭا بەخش ئېتەر بەخت ۋە بايلىق ،
قۇتقۇزۇپ ئاپەتتىن يەتكۇزەر سىنى ئۆيۇڭگە .

# ئۈچىنچى باب

# يىراقتىكى ئەلچى

ئەتىسى سەھەردە بوران پەسلەپ، يامغۇر توختاپ قالدى، ئاخىرقى كەلكۈن سۈيىمۇ تاغ جىلغىسىغا چۈشۈپ كەتتى. ھاۋامۇ ئېچىلدى.

سۈبەتەي باھادىر ئېتىغا مىنىپ قىرغاقنى بويلاپ ئاستا كېلەتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، ئۈچۈپ يۈرگەن قۇش كۆرۈنەمدىكىن، دەپ ئاسمانغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

— قاراڭلار، قاراڭلار! ئەنە بىر بۈركۈت ئۈچۈپ يۈرىدۇ، — دەپ قامچىسى بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بىزنىڭ بۈركۈت بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ ئىككى قۇشچى دەرھال يەمچۈك ئېلىپ كەلسۇن، ئۇلارغا ئېيتىڭلار، بۈركۈتنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلسۇن، بۈركۈت ئۈچۈپ كەتسە قايتىپ كەلمەيدۇ.

سۈبەتەي باھادىر ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۆزىنىڭ قېرى خىزمەتكارى ساقلاپنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ساقلاپ بىر پارچە قوي گۆشىنى كۆتۈرۈپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئاتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلەتتى. سۈبەتەي ئېتىنى توختىتىپ، ئاسمانغا قارىدى. ئېگىز ئاسماننىڭ قەرىدە ئىككى بۈركۈت ئەگىپ يۈرەتتى. ئۇلار بىردە ئوقتەك تۆۋەنگە شۇڭغۇسا، بىردە ئېگىزگە ئۆرلەيتتى ياكى قاناتلىرىنى كېرىپ كۆكتە ئەگىپ يۈرۈشەتتى.

چاچلىرى قاردەك ئاقارغان ساقلاپ بوۋاي بىر پارچە قوي گۆشىنى چوڭ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويدى. تۆۋەنگە بىر قارا

قوينىڭ تېرىسىنى يايدى . ئاندىن بېلىدىن پىچاقنى ئېلىپ قوي گۆشىنى ئۇششاق قىلىپ پارچىلىدى .

شۇ ئارىدا ساقلاپ بوۋاي سوغۇق بىر شامالنىڭ قۇلاق تۇۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئالدى . سېرىق رەڭلىك چوڭ بىر بۈركۈت ئۇدۇل گۆش پارچىلىغان تاش ئۈستىگە كېلىپ قونۇپ ، بىر پارچە گۆشنى چاڭگاللاپ ئالدى ـ دە ، بىر ـ ئىككى تاقلاپ چەتكىرەك بېرىپ قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەمشەلدى . دەل مۇشۇ پەيتتە ئەتراپتا يوشۇرۇنغان موڭ-غۇللار چىقىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى .

ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ بۈركۈت قولغا كۆندۈرۈلگەن بولۇپ ، ئادەمدىن ئانچە قاچمايتتى . موڭغۇل چېرىكلىرى ئۇنى يەنە يەمچۈك قويۇلغان تاش ئۈستىگە ئەكەلدى . بۈركۈت گۆشنى تىرناقلىرى بىلەن چاڭگاللاپ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى .

— بار ئىكەن ! بار ئىكەن ! — دەپ ۋارقىرىدى بىر موڭغۇل بۈركۈتنىڭ بوينىنى تۇتۇپ تۇرۇپ . ئۇ بۈركۈتنىڭ قانىتى ئاستى-دىن مۇشتۇمدەك بىر تۇگۈننى ئېلىپ سۇبەتەي باھادىرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تەزىم بىلەن تۇتتى . سۇبەتەي باھادىر تۇگۈنگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قوينىغا سالدى ـ دە ، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ چاپتۇرۇپ كەتتى .

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي كېڭەش

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن )

«ئاھ ، كارامەتلىك قادىر خۇدا ! مېنىڭ بۇ قېتىمقى مەخپىي كېڭەشنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى تولۇق يېزىپ چىقىشىم ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن . بۇ قېتىمقى ھەربىي كېڭەشنىڭ قارار قىلىنغان مەسىلىلىرىدىن بىرى : ‹قۇياش پاتقان ئەللەر ، موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى كېرەكمۇ - يوق ؟ ‹قۇياش پاتقان ئەللەر ›نىڭ ئاق يۇزلۇك كىشىلىرىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاتنىڭ بېشىنى كەينىگە قاي-تۇرۇپ ، ۋاقتىنچە قىپچاق دالالىرىغا قايتىپ ئاتلىرىمىزنى تىنىق-تۇرغاندىن كېيىن ، تەڭرى يېنىدىكى موڭغۇللارنىڭ بۇيۇك ھامىي-سى قۇياش پاتقان تەرەپنى كۆرسىتىپ ‹ئالغا › دەپ بۇيرۇق قىلغان-دىلا ، ئاندىن يۈرۈشكە ئاتلىنىمىزمۇ ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى .

بۇ كېڭەشكە چىڭگىزخان جەمەتى (ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ كېتىپ قالغان گۇيۇكخاندىن باشقا ) بىلەن بىرقانچە قىسىمنىڭ سەردارلىرىلا قاتناشقانىدى . ياشلاردىن باتۇخاننىڭ مەرھەمەتىگە سازاۋەر بولغان ھېلىقى قىزىقچى ، جەسۇر مېڭبېشى يېسۇن نوغاي ، سادىق مەسلىھەتچى سۇبەتەي باھادىرلارمۇ قاتناشقانىدى .

كۆپچىلىك ھەممىمىز قول قوۋۇشتۇرۇپ ، كۆزىمىزنى يەردىن ئۈزمەي ، ھۆكۈمرانىمىزنىڭ سۆزلىشىنى ياكى بۇيرۇق بېرىشىنى كۈتۈپ ، ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇردۇق . ئاخىر باتۇخان جىمجىتلىق-

نى بۇزدى :

— ئايغاقچى بىزنى ئالدىماپتۇ . بۇركۇت ئەلچىمۇ بىزگە خەۋەر يەتكۈزدى... بۇ خەۋەر ئىنتايىن جىددىي بولۇپ ، بىزنىڭ خاتىرجەم-لىكىمىزنى بۇزدى . بۇ خەتنىڭ قانداق مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىملىقى توغرىسىدا بەزى نەرسىلەرنى قىياس قىلغان بولۇشۇڭلارمۇ مۇمكىن .

كېڭەش ئەھلى قىمىرلاشقا باشلىدى .

— ساھىبقىران ، زادى قانداق ئىش بولدى ؟

— سىلەرگە مەلۇم ، مەن باشتا سادىق تۇمەنبېشى ئەرەبشاھنى كۆپ قار يېغىپ ، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان يىراق ئۇرۇش شەھە-رى نوۋگورودتىكى ئۆز ئابرۇيىنى ساقلىمايدىغان كىنەز ئىسكەن-دەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەقىپ قىلىشقا ئەۋەتكەن-دىم . بۈگۈن بىزگە يېقىن تۇرىدىغان بىر قاراۋۇلدىن ئاڭلىغان خەۋەرگە قارىغاندا ، ئەرەبشاھ قايتىپ كەپتۇ . ئۇ بۇ يەرگە دەرھال يېتىپ كەلمەكچى . قاراۋۇلنىڭ ئېيتىشىچە ، ئىسكەندەر رۇس تۇپ-رىقىغا بېسىپ كىرگەن دۈشمەنلەر ئۈستىدىن شانلىق غەلىبىلەرنى قازانغان ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇش داۋامىدا تېخىم-مۇ زورايغان .

— شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى ، — دېدى سۇبەتەي چىرايىنى تۈرۈپ ، — ئىسكەندەر ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەم بوپتۇ !

— ئەجەبا ، ئۇلار بىزدىن شۇنچە يىراقتا تۇرسا - ھە ؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك .

— ئۇنداقتا سەن بىزگە ئۇرۇس كىنەزى ئىسكەندەرنىڭ نېمە ئۈچۈن خەتەرلىك ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن ، — باتۇخان سۆزلىگەچ چاقناپ تۇرغان قىسىق كۆزلىرى بىلەن ئولتۇر-غانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى .

— سىلەر بۇ نۇقتىنى ئانچە چۈشەنمىگەن بولساڭلار كېرەك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ساھىبقىرانمۇ ماڭا بۇيرۇق قىلدى . سۆزلىسەم سۆزلەي ، — سۇبەتەي باھادىر يەكچەشمە كۆزى بىلەن ئالدىغا

تىكىلىپ ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا سورۇن شۇنچىلىك جىمجىتلىقتا چۆمدىكى، ھەتتا تاغ سۈيىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى.

— بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغا بېرىشتا باتۇخان قوشۇنى يەنە ئىككى ئايدەك يول مېڭىشى كېرەك. پۈتكۈل موڭغۇل خەلقىنىڭ پايتەختى قاراقۇرۇمغا ئات ئالماشتۇرۇپ، تېز يۈرۈش قىلغاندىمۇ، يەنە بىرنەچچە ئايدا ئاران بارغىلى بولىدۇ ... — ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ چوققىسىغىچە كۆتۈرۈپ، ئاندىن چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇلۇغ خاقانغا تەزىيە بىلدۈردى، — بىز مۇشۇ ئۇلۇغ مۇساپىنى تىنچ - ئامان بېسىپ ئۆتۈشكە كاپالەت قىلىشىمىز، ئۇنى ھوجۇمغا ئۇچراتماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ يول مۇقەددەس ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن ئاچقان، كۆز يەتكۈسىز قىزىل قۇم چۆل-لۈكىنىڭ يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قوشۇنىمىزغا يۇرتىمىز-دىن ئۇزۇلدۇرمەي ياردەمگە كېلىپ تۇرىدىغان — موڭغۇل خەلقىگە مەڭگۈ سادىق غالىب باھادىرلاردىن تەشكىللەنگەن لەشكەرلەر ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىدۇ.

— ياھ، قالتىس توغرا گەپ قىلدىڭ! — دېيىشتى بەزىلەر ئۇنى ماختاپ.

— ھازىر بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم دۈشمىنىمىز كىم؟ — دېدى سۇبەتەي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۇ يولنى — بىز بىلەن ئېلىمىز موڭغۇلىيىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ قان تومۇرنى كىم ئۈزۈۋې-تەلەيدۇ؟ ئىمپېراتور فرىدرىخمۇ؟ ياق! گەرچە بۇ پادىشاھ ھازىر بىر قارانچۇق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋەھ-مىدە قالغان گېرمانلار بىلەن پەرەڭلەرنى موڭغۇل بارگاھلىرىنىڭ چۆرىسىدە يۈرگەن قوتۇر ئىتلاردىنمۇ قورقۇپ قۇيرۇقىنى تىكىۋې-تىدىغان قىلىش كېرەك.

— توغرا! توغرا! — دەپ تۆمەنبېشىلىرىنىڭ ھەممىسى ۋار-

قىراشتى .

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى ئاتاقلىق پادىشاھ نەگە مۆكۈ-ۋالغاندۇ ؟

— نەگە مۆكۈنۈۋالاتتى ، يوشۇرۇنۇشقا ئەڭ ئاسان جايغا مۆكۈ-ۋالدى ! — دېدى يىسۈن نوغاي كۈلۈپ .

— دېگىنىڭ توغرا ! ھازىر بىز ئۇچۇن خەتەرلىك بولغان ئىككى ئادەم بار ، ئۇنىڭ بىرى ، ئەبىسكۇن دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تەبرىزدە تۇرۇۋاتقان ، چىڭگىزخان جەمەتىدىن بولغان شۇلىپخان ، بىزنىڭ بۇ دۈشمىنىمىز ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە . ئۇ بىزنىڭ ساھىبقىرانىمىزغا ۋە ئۇنىڭ جەڭ نەتىجىلى-رىگە ھەسەت بىلەن قارايدۇ . شۇڭا ، چېرىك توپلاپ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېچ سارايىنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ . ئىشقىلىپ ، بىر كۈنى بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىپ ئۇنى يوقىتىمىز .

— شۇلىپ ، ساڭا جېنىمىزنى تىكىپ قويدۇق ! — دېيىشتى كۆپچىلىك .

— يەنە بىر خەتەرلىك ئادەم كىم ؟ سەن بىزگە ئېيتىپ بەر ، شەۋكەتلىك ، دانا سۇبەتەي باھادىر .

— سىلەر ئۆزۈڭلارمۇ تاپالايسىلەر ، سۇت ئېمىۋاتقان يولۋاس بالىسى ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس . لېكىن ، ئۇ سۇت ئېمىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆزىگە يېڭى كۈچ يىغىپ ، چىشلىرى چىقىپ ، بىر-دىنلا روھلىنىپ ھىنگان تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىۋالىدىغان بول-سا ، ئۇ خەتەرگە ئايلىنىدۇ . ھازىرقى ئەھۋال ئەنە شۇنداق…

سۇبەتەي سۆزدىن توختىدى . كۆپچىلىك بىرەر ئېغىز سۆزنى ئاڭلىيالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، دېمىنى چىقارماسلىققا تىرىشاتتى .

مەسلىھەتچى قويىنىدىكى كىچىكرەك بىر پارچە تېرە قاپچۇقنى چىقاردى . ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدە چۇچىسى بار ئىدى .

— ھاجى رەھىمگە ئېيتىڭلار ! — دەپ سۆزىنى باشلىدى

باتۇخان ، — ئۇ كېلىپ بىزگە بۇ خەتنى ئوقۇپ بەرسۇن . بۇ خەتنى ئەرەبشاھ بۇركۇت ئارقىلىق بىزگە يەتكۇزگەن . باشتا مەن بۇ بۇركۇتنى ئۇ يەردىكى قاراۋۇلخانىغا قويۇپ قويغانىدىم . ئاندىن بۇ بۇركۇتنى ئەگەشتۇرۇپ كەپتۇ . ئەرەبشاھمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تېز ئارىدا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن .

مەن تېرە قاپچۇقنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېچىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچە قاتلانغان نېپىز قوي تېرىسىنى ئالدىم . ئۇنى تىزىم ئۇستىگە قويۇپ قاتلىقىنى ئاچقاندىن كېيىن ساھىبقىرانغا قارىدىم .

— ئوقۇ ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق بېرىپ .

مەن قوي تېرىسىگە ناھايىتى زىچ يېزىلغان خەتلەرنى ئاۋازىمنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدىم . قوللىرىم تىترەيتتى . ھېچنېمىدىن قورقماس ئەرەبشاھ شۇنداق يازغانىدى :

*سادىق تۇرغاۋۇتنىڭ مۇقەددەس بوۋسىنىڭ سەلتەنەتلىك قىلىچىنىڭ بۇيۇك ھامىيسىغا ، يېشىل چېدىرلىق ئىمپېرىيە-نىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانىغا «قويااش پاتقان ئەللەر»نى بويسۇندۇرغۇچىغا جىددىي بىر خەۋەرنى مەلۇم قىلمەن ھەم ساڭا تىنچ - ئامانلىق تىلەيمەن . بىرمىڭ بىر يىل ئۆمۈر كۆرۈ-شۈڭنى ...*

— داۋامىنى ئوقۇ ! داۋامىنى !

*«ساڭا مەلۇم قىلىدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە :*
*گېرمان ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى تەرىپىدىن بوي-سۇندۇرۇلغان ئورمان رايوندىكى سانسىزلىغان دېھقان ئاھا-لىلىرىگە تەھدىت سېلىپ ، نوۋگورودنىڭ كىنەزى ئىسكەندەر-نى زور قوشۇن چىقىرىپ ، مۇز قاتقان چوڭ كۆل ئۇستىدە ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلىدى . كىنەز ئىس-*

*كەندەر ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىغا تايىنىپ گېرمانلار بىلەن بىر مەيدان ئېلىشتى .*

— داۋامىنى ئوقۇ ! داۋامىنى ئوقۇ ! زادى كىم كىمنى مەغلۇپ قىپتۇ ! — دېيىشتى موڭغۇل خانلىرى تەڭ ۋارقىرىشىپ .

— مانا هازىر ئوقۇيمەن . بۇ يەر ئانچە ئوچۇق يېزىلماپتۇ . ھە ، چۈشەندىم : ئىسكەندەر گېرمانلارنى مەغلۇپ قىپتۇ ، بەلكى ئۇلارنى خۇددى قوي پادىسىنى ھەيدىگەندەك قوغلاپ مېڭىپتۇ...

— قالتىس باھادىر ئىكەن ! — دېيىشتى موڭغۇللار بارىكاللا ئېيتىپ . ئۇلار ھەم ۋارقىرىشاتتى ، ھەم كۈلۈشەتتى ، لېكىن ئۇلار باتۇخاننىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرى ، غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ جىمىپ قېلىشتى .

— ئەرەبشاھ يەنە نېمىلەرنى يېزىپتۇ ؟ — دېدى باتۇخان .

— ئۇ مۇنداق يېزىپتۇ : ھازىر نوۋگورودنىڭ كىنەزى ئىسكەندەر ئۇرۇش سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ، ئۆز كۈچىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان ، ھەرقانداق جازا ئۇرۇشىغا قاتنىشىدىغان بىر قوشۇنغا ئىگە بولغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، ئورۇسلار ئىچىدىكى پۈتۈن رۇس تۇپرىقىنى ئۆز ئىلكىگە بىرلەشتۈرىدىغان بىر ئىسكەندەر بولۇپ قالغۇسى . مەن بۇ خەۋەرنى ئەۋەتمەۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇ تەرەپكە بېرىپ ، خەۋەردە ئېيتىلغان بارلىق ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچىمەن .

باتۇخان سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەن ، سۆزلىرى ناھايىتى تېز بولۇپ ، يېرىلغان كالپۇكلىرىنى پات ـ پات يالاپ قوياتتى .

— مەن بۇ ئىسكەندەر دېگەننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈم كېرەك . ئۇنى بۇ يەرگە ، مېنىڭ كىگىز ئۆيۈمگە دەرھال چاقىرتىپ كېلىش كېرەك . ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى مەن شۇ چاغدا بەلگىلەيمەن .

— ئەگەر ئۇ كېلىشنى رەت قىلسىچۇ ؟ — دەپ سورىدى

www.uyghurkitap.com

مۆڭكەخان .

— ئۇ چاغدا مەن قوشۇنۇم بىلەن نوۋگورودقا ھۇجۇم باشلىغان بولسام ، قاتتىق سوغۇقلىرى ، سازلىقلىرى ، دەريا تاشقىنلىرى دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىمۇ مېنىڭ بۇ زور قوشۇنۇمنى توسۇپ قالالمايدۇ . مەن ئورۇسلارنىڭ پۈتكۈل شىمالىنى خۇددى كېيىك ۋە باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئوخشاش تۈپتۈز گۆرىستانلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن .

كۆپچىلىك بىر - بىرىگە قاراشتى . ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەمسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتلىرى قاپلىغاندى . ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان نوغاي ئالدى بىلەن بىرىنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى :

— ئۇنداقتا تىرىكىستومچۇ ؟ ئەجەبا...

باتۇخان كۆپچىلىكنىڭ نېمىنى ئويلىغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي :

— بىر قوماندان ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئەڭ مۇھىمى باتۇر ۋە يۈرەكلىك بولۇش ، شۇنداقلا ئېھتىياتچان بولۇش زۆرۈر — دېدى ، — شۇڭا ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن بارلىق قوشۇنىمىزنى قىپچاق داللىرىغا قايتۇرۇپ ، جەڭ ئاتلىرىمىزنى ئارام ئالدۇرۇشىمىز كېرەك . ئەڭ مۇھىمى ، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ قارارگاھىمىز بولغان كېچ سارىيىنى قوغدىشىمىز لازىم... ئاندىن يېڭى يۈرۈشكە تەييارلىق كۆرىمىز .

— مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى يىسۇن نوغاي ، ئاندىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ، باتۇخاننىڭ ئالدىدا تىزلاندى ، — مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ! بۇ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان ھايات - ماماتلىق خاتالىق .

— مەن سەندىن ئىلتىماس قىلاي ، ئاتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا ھەرگىزمۇ قايتۇرۇشقا بولمايدۇ ! — دېدى ئەرەب ئەلچىسى ئابدۇراخمان نوغاينىڭ پىكرىنى قوللاپ ، — سەن دەرھال زور قوشۇنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە بۇيرۇق بەرگىن ! بىر كۈندىن

كېيىن تۈركىستوننى ئىگىلەيمىز ، يەنە يەتتە كۈندىن كېيىن سې-
نىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىڭ ۋېنتسىيىگە بېسىپ كىرىدۇ . يەنە بىر
ئايدىن كېيىن ئۇلۇغ پايتەخت رىم قولۇڭغا كىرىدۇ . رىمنى ئىس-
تېلا قىلغاندىن كېيىن ، پۈتكۈل دۇنيا سېنىڭ ئىلكىڭگە تولۇق
ئۆتىدۇ !

— ئەمدى ئارىسالدى بولۇشقا بولمايدۇ ! ئالغا ، تاكى «ئاخىر-
قى دېڭىز»غىچە ئالغا قاراپ مېڭىش كېرەك . مۇقەددەس بوۋىمىز
ئۆز ۋەسىيىتىدە ئاشۇنداق كۆرسەتكەن ! — دەپ بار ئاۋازى بىلەن
ۋارقىرىدى سۇبەتەي باھادىر يەكچەشمە كۆزىنى چەكچەيتىپ .

باتۇخان يېسۇن نوغاينىڭ باشلىرىنى سىلاپ ، ئورنۇڭغا ئولتۇر
دېگەننى ئىشارەت قىلدى ، ئاندىن سۇبەتەيگە قاراپ مۇنداق دېدى :

— دانا ئۇستازىم ، شۇكۇر سانانى بىلمەيدىغان ئىسكەندەر
خىللانغان زور بىر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ . ئۇلار گەرچە
بىزدىن يىراق بولسىمۇ ، بىراق بىزنىڭ چوڭ بارگاھىمىز كېچ
سارىيىغا ھۇجۇم قىلىپ ، بۇ پايتەخت شەھىرىنى قولغا چۈشۈرسە ،
ئاندىن يىراقتا قالغان يۇرتىمىزغا قايتىش يولىمىزنى ئۈزۈپ قويسا
قانداق قىلغۇلۇق ؟ سېنىڭ پىكرىڭ قانداق ؟ سەن مېنى شېرىن -
شېكەر سۆزلەر بىلەن بەزلىمە ، بەلكى ئاچچىق ھەقىقەتنى ، يۈرەك
سۆزۈڭنى دە .

— مەن سېنى ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ نەۋرە پادىشاھى ئورنىدا
كۆرۈپ سۆز قىلماقچىمەن ، نېمىنى ئويلىسام شۇنى دەيمەن ، نوۋ-
گورودلۇق ئىسكەندەرنىڭ زور قوشۇنى ھازىر بىزگە تەڭ كېلەلمىگۇ-
دەك دۈشمەن يوق ، دەپ ئۆزلىرىگە تەمەننا قويىدۇ . چۈنكى ، بۇ
زور قوشۇن ئىسكەندەرگە ۋە ئۇنىڭ يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە ئىشىنىدۇ . ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە رۇس خەلقى ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ھەرقانداق يەرگە ئۇرۇش قىلىپ بارالايدۇ ، ھەتتاكى
ماڭگوسلار تۇرىدىغان ، يالقۇنجاپ يېنىپ تۇرغان دوزاخقىچە بېسىپ
كىرەلەيدۇ . ئەگەر ئىسكەندەرلا خالىسا ، سەن قايتىپ كېتىشتىن
ئىلگىرى ، ئۇ سېنىڭ قارارگاھىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ

بىر قىسىم زور قوشۇنى سال ۋە كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ ئىلگىرىلەي-
دۇ ، ئاتلىق چەۋەندازلىرى ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغا
يېتىپ كېلەلەيدۇ . كېچ سارىيىغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ يەرنى
خالىسا شۇنى بۇلىۋالىدۇ . ھازىر ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ سەپەر
قىلىشىغا ناھايىتى زور قولايلىق . قەيەرگە بارسا يەم - خەشەك
تېپىلىدۇ .

باتۇخان قولىدا ئويناپ ئولتۇرغان يىپەك قولياغلىقىنى جارت-
تىدە يىرتىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى . ئاندىن بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ ، پەس ئاۋازدا سۆزلىدى :

— دانا ئۇستازىم ، يەنە بىر دېگىنە ، ئىسكەندەر زادى كېچ
سارىيىغا ھۇجۇم قىلارمۇ ؟

— باشتىن - ئاخىر شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ، ئىسكەندەر ئۇن-
داق قىلمايدۇ ، بەلكى شىمالدىن قوزغالمايدۇ ، — دېدى سۇبەتەي
باھادىر كەسكىن قىلىپ .

— نېمە ئۈچۈن ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، بىرىنچىدىن ، سەن بەخت يۇلتۇزىنىڭ
نۇرىدىن يارالغان ، ھەر ۋاقىت غەلىبە ساڭا يار ؛ ئىككىنچىدىن ،
ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ۋەسىيىتى ئېسىمدە چىڭ ساقلاقلىق ، چۈنكى
ئۇ مەڭگۈگە توغرا . ئۇنىڭ ، موڭغۇل قوشۇنى ‹ئاخىرقى دېڭىز›
غىچە بېرىشى كېرەك ، موڭغۇل قوشۇنى بۇ يولنى ئۇرۇش خۇداسى
سۇلدىنىڭ ھىمايىسىدە ئاسانلا تاماملىيالايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ
بوۋىلىرىمىزنىڭ ‹ياساق›نى جاھانغا تارتىدۇ... دېگەن ۋەسىيە-
تىنى ئۆز قولىقىم بىلەن ئاڭلىغان . بۈگۈن شۇنى ئوچۇق تۇيۇۋاتى-
مەنكى ، سەن تىرىگىستوم ، ۋېنىتسىيە ، ئىتالىيىلىكلەرنىڭ پايتەخ-
تى رىمنى كۆلكە - چاقچاق ئىچىدە قولغا ئالىسەن ، بەلكى ‹قۇياش
پاتقان ئەللەر›نىڭ پادىشاھلىرى ، بەگزادىلىرى ئارقىدا قېلىشتىن
ئەنسىرەپ ، ساڭا بورۇنراق كېلىپ سادىقلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئالدى-
رىشىدۇ ، سەندىن بىر رومكا مەي سەدىقە قىلىشىڭنى تىلەيدۇ .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، سەن ئۆزۈڭنىڭ بورۇنقى ‹قۇياش پاتقان ئەللەر›

www.uyghurkitap.com

نى جازالاش پىلانىڭدىن ۋاز كەچمەسلىكىڭنى يەنە بىر نۆۋەت ئېلتىماس قىلىمەن. لەنەت تەگكۈر گېرمانلار بىلەن پەرەڭلەرنى بويسۇندۇر، كۆلىنى كۆككە سورۇ، بۇيرۇق قىل، ئەتىلا ئاتلىنايلى!

— بىراق، مەن قوشۇنىڭ ئەتىلا كېچ سارىيىغا قايتىشىغا بۇيرۇق بېرىمەن! — دېدى باتۇخان سۇرلۇك هالدا كەسكىن قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا مەن سەن بىلەن ماڭمايمەن! هازىردىن باشلاپ هەر كىم ئۆز يولىغا ماڭسا بولغۇدەك! — دېدى سۇبەتەي خىرقىرىغان بوغۇق ئاۋازدا.

موڭغۇللار ئۆز ئىگىسىگە ئەجەبلەنگەن هالدا قارايتتى. سەل ئىلگىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوي - خىيالى، پىكىرلىرى بىردەك ئىدىغۇ!؟ ئۇلارنى هازىر مۇنداق پارچىلىۋەتكەن نەرسە نېمىدۇ؟

باتۇخان ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىككى قولى تىترەيتتى.

— ئەي ئۇستاز، ئەجەبا، بۇ سەن قىلىدىغان سۆزمۇ؟ ئەي تەربىيىچىم، ئەمدى سەن مېنىڭ ئىرادەمگە بويسۇنمايدىغان بولدۇڭمۇ؟ سەن بىلسەڭ، مېنىڭ قارارىمنى قوللىشىڭ، ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى مەدهىيىلىشىڭ كېرەك ئىدى. بىز بىرلىكتە مېنىڭ ئۇلۇغ تۆهپەم — يېشىل ئوردا خانلىقىنى ئاسرىشىمىز لازىم ئىدى. ئەگەر سەن ماڭا يەنە يارىماس تەكلىپلىرىڭنى بېرىدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا، بۇيرۇق بېرىپ سېنى ئۆلتۈرمەكتىن باشقا چارەم يوق ... — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— مېنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆلتۈر! — دەپ ۋارقىرىدى يىسۇن نوغاي، — ئەگەر سەن قوشۇن چېكىندۈرىدىغان بولساڭ، مەنمۇ ساڭا ئەگەشمەيمەن. سېنى ئالدىڭدا ئەتىل دەريا قولتۇقىدىكى يېشىل قومۇشلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان يېشىل چېدىر خانلىقى ۋە كېچ سارىيىدىنمۇ ئۇلۇغۋار ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرۇپتۇ! ماڭا ۋە مېنىڭ ‹جېنىدىن تويغانلار›، تۇمەنىمگە ئىجازەت قىلغىن! مەن ۋە مېنىڭ يىگىتلىرىمنى بەر! بۇلغارىيە پادشاهى مېنى ئۆزىنىڭ

خىزمىتىگە چاقىرتقانىدى . مەن بېرىپ ئۇنىڭغا يۇنان پادىشاھلىقلى- رىنىڭ قەدىمكى ئوردىسى رۇم ، ۋىزانتىيىنى ئېلىپ بېرەي . لې- كىن ، ۋىزانتىيىنى ئۇ ئەمەس ، بەلكى سەن — بۇيۇك ساھىبقىران ئىشغال قىلىشىڭ كېرەك ! ماڭا رۇخسەت قىل !

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بارىمەن ، باتۇر يەسۇن نوغاي ، — دېدى سۇبەتەي باھادىر بوغۇق ئاۋازدا . ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەشكە باشلىدى . ئۇ بېشىنى چايقاپ كۆكسىگە مۇشتلايتتى .

— مەن بىر دەستۇرنى يېنىمغا سېلىۋالغان ، ئۇنى ماڭا سې- نىڭدىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغان بىر كىشى ھەدىيە قىلغان . مۇشۇ دەستۇرنىڭ خاسىيىتىدىن مەن ھەرقانداق گۇناھتىن كەچۈرۈم قى- لىنىمەن . شۇنداق ، شۇنداق ، بۇ دەستۇرنى سېنىڭ ئۇلۇغ بوۋاڭ — پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قوماندانى بەرگەن . بۇ دەستۇر شۇ كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە قەلبىمنى ھاياجانغا سېلىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان ۋەسىيىتى مۇنداق پۈتۈلگەن : «بىز ئالغا بېسىشىمىز ، توختىماي مېڭىشىمىز ، ئاخىرقى دېڭىز- غىچە بېرىشىمىز لازىم» . «بىز موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ تۇيىقىنى ئاخىرقى دېڭىز سۈيىدە يۇيۇشىمىز ، بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ ھەممىسىگە «ياساق»نى قوبۇل قىلدۇرۇشىمىز كېرەك .» بۇ ئەڭ باتۇر ، ئەڭ دانا ، ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ تەلىمى . سەن ئۇنىڭ نەۋرىسى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئورۇندى- ماسلىققا ھەددىڭ يوق ، مېنىڭ ساھىبقىرانىم !

— سۇبەتەي باھادىرنىڭ بۇ گەپلىرىگە ياخشىراق قۇلاق سال ! — دېدى يەسۇن نوغاي قىزغىن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا .

— «قوياش پاتقان ئەللەر» كۆز ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ ، ئۇلار سېنىڭ ئىككى ئايىغىڭنى يالاشقا تەييارلىنىپ بولدى . ئورۇسلارنى تارمار قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئوردا شەھىرى كىيىۋنى كۈلگە ئايلاندۇ- رۇشتەك مۇشكۇل ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتتۇق . سەن ئەمدى كىيىۋ- لىقلارنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىدەك ئۇنداق كەسكىن قارشىلىققا ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۇچرىمايسەن . كىيىۋنى ئىگىلەشتە بىز-

نىڭ قانچىلىك سادىق باھادىرلارنى قۇربان بەرگەنلىكىمىز ئېسىڭدە. مۇ؟ سەن يەنىلا قايتماقچى بولۇۋاتىسەن! بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! سەن بۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلىسەن. يېڭى غەلىبىلەر ئالدىڭدا قۇچاق ئېچىپ تۇرسا، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ بوينۇڭنى تولغاپ كەتكۈڭ كېلىدۇ؟ كەلگۈسىدە سەن ئەمەل تۆشىكىدە يېتىپ بۇ قارارىڭغا پۇشايمان قىلغىنىڭ بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ سېنى ئەيىبلەيدۇ. «قۇياش پاتقان ئەللەر» دىكى ھېلىقى پو ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىنەز بىلەن بەگزادىلەر تەلۋە. لىك بىلەن گەپ توقۇپ، ھەممىلا يەردە، موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلدۇق، موڭغۇللار دۇبۇلغىمىزدىكى قىرغاۋۇل پەيلىرىدىن قور. قۇپ كەتتى، دېيىشىدۇ. ئۇلار يەنە، مۇقەددەس بوۋىسىنىڭ قول. دىكى ۋاقتىدا تەڭدىشى يوق، يېڭىلمەس باھادىرلار بىردىنلا ئاتلى. رىنى، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى تاشلاپ، خۇددى مۇسىبەتلىك ئائى. لىنىڭ ئىتلىرىدەك قۇيرۇقىنى قىسىپ يىراقتا قالغان ئوتلاقلىرىغا قاراپ پاتىپاراق بولۇپ قېچىپ كەتتى، دېيىشىدۇ.

— ئۇلاردا مۇنداق دەيدىغان جۈرئەت يوق!

— ئۇلار شۇنداق دەيدۇ!

— بولدى ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ۋارقىرىدى باتۇخان، — ھەي، تۇرغاۋۇتلار، كېلىڭلار!

ئىككى موڭغۇل چېرىك يۇگۇرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ قىلىچ. لىرىغا قولىنى تەگكۈزگەن پېتى باتۇخاننىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ:

— بۇيرۇقۇڭغا تەييارمىز! — دېيىشتى بىردەك.

غەزىپىنى باسالماي قالغان باتۇخان لاغىلداپ تىترەيتتى، ئۇ يىسۇن نوغاينى كۆرسىتىپ بوغۇق ئاۋازدا:

— ئۇنى تۇتۇڭلار، بېلىنى ئوشتۇپ ئىتلارغا تاشلاپ بې. رىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

تورغاۋۇتلار ئىككى خىيالدا بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

— مەن سەنلەرگە نېمە دېدىم؟ بۇ تەلۋىنى ئېلىپ كېتىڭلار،

قەدىمكى ئادەت ، «ياساق » بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇنىڭ بىلىنى ئۇش-
تۇڭلار !
تۇرغاۋۇتلار دەرگۇماندا دەسسەپ ، يىسۇن نوغاينىڭ ئالدىغا
كەلدى ، ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى كەينىگە قايرىپ تۇتتى . بۇ چاغدا ،
بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممەيلەن تەڭلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ، باتۇ-
خاننىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ باردى ، ئۇنىڭدىن يىسۇن نوغايغا كەڭچى-
لىك قىلىشنى ئىلتىجا قىلىشتى .
باتۇخان كۆپچىلىكنى قايرىۋېتىپ ، چوڭ قەدەملەر بى-
لەن تېز - تېز مېڭىپ سىرتقا چىقتى - دە ، ئېتىغا ئىرغىپ
مىندى . ئىككى تۇرغاۋۇت قولى باغلانغان نوغاينى ئېلىپ ئۇنىڭ
كەينىدىن ماڭدى .
نوغاي مەغرۇر ھالدا بېشىنى تىك تۇتۇپ ، قەدىمىنى چوڭ
بېسىپ ماڭغاچ قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرايتتى :
— مەن ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ قىلدىم ! لېكىن ئۆلسەم نېمە
بوپتۇ ؟ ھەر قېتىم ئۇرۇش قىلغاندا ، ئۆلۈم بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى
كۈتۈپ كەلدىم ، شۇنداقتىمۇ ، ئۇلۇغ ساھىبقىران ، بىلىم ئۆشتۈ-
لۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ساڭا دېيدىغان بىر تەلىپىم بار . مەن
ئۆلۈشتىن ئىلگىرى موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ مەرسىيە ناخشىسىنى
سەپداشلىرىم بىلەن بىللە ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ...
— بولىدۇ ، ئېيتىۋەر ! — دېدى باتۇخان ، ئۇ ئېتىنىڭ تىز-
گىنىنى تارتىپ ، قەدىمىنى ئاستىلاتتى . ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپى
كەلگەنلىكتىن يۈزىنىڭ تېرىسى توختىماي لېپىلداپ تۇراتتى .
— ھەي ئاقساقال ئولگېرچ ! — دەپ توۋلىدى نوغاي ، —
بۇ ياققا كەل ، بۇ يەردە ئولتۇر ، سەن بىزنىڭ يايلاقتىكى
ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە غېجەك بىلەن ماڭا تەڭكەش قىل-
ساڭچۇ !
چال ئولگېرچ ئورنىدىن تۇرۇپ ، نوغاينىڭ يېنىغا كېلىپ
ئولتۇردى ، تېرە خورجۇندىن غېجەكنى چىقىرىپ ، تاسمىسىنى مو-
رىسىگە سالدى - دە ، بىلىكىنى ئېگىپ جىددىي سۈرئەت بىلەن

چىلىشقا باشلىدى . باتۇخاننىڭ قول ئاستىدىكى چىڭگىزخان ئەۋلاد-
لىرى بىلەن تۇمەنبېشىلىرى يىسۇن نوغايىنى چۆرىدەپ ئولتۇ-
رۇشتى .
يىسۇن نوغاي مەرسىيە ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى :

ئەي تەڭرى ئاڭلىغايسەن بۇ مېنىڭ دۇئا تىلىكىم ،
تاش يۈرەك موڭغۇل لەشكىرى سورار سېنىڭدىن تىلىگىن !
ئۆتتى ئۆمرۈم زۇلپىقار ، نەيزىگە بولۇپ ئەسرا ،
ئاچ يىلپىز كەبى تاشلاندۇق دەھشەتلىك جەڭلەر ئارا .

مىنگۈزمە ماڭا بىمەھەل شۇم ئەجەل ئېتىنى ،
ئاڭلىغايسەن ياخشى قوشىغىن ، خوتۇن يىغىسىنى .
ئۆلمىگەيمەن تەمتىرىگەن دىۋانە كەبى ، ئورمان ئارا ،
ئاڭلىغايمەن تۆگىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى چۆللەر ئارا .

نېسىپ قىلغىن يەنە ئاڭلاي جەڭگىۋار بۇغرا ئاۋازىنى ،
نېسىپ قىلغىن يەنە چۇشەي مەردانە جەڭلەر ئارا .
سەپداشلار بىلەن يۈرۈش قىلىپ ئۇزارتايلى چېگرانى بىز ،
قانلىق جەڭگاھ بولسۇن بىزنىڭ ماكانىمىز .

باھادىرلار ئۈيقۇڭنى ئاچ ، يۈرۈش باشلاندى ،
ئېتىڭغا سال يۈگەن ، ئېگەرلە قالما غەپلەتتە .
دات باستىمۇ زۇلپىقارىڭنى ، ئۆتكۈرمىدۇ نەيزەڭ تىغى ؟
ئۇچۇرۇپ تۇلپارىڭنى ، بۆسۈپ كىر دۈشمەن بارگاھىغا .

قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلەر ، بىز ئۆتكەن يوللاردا ،
لەپىلدەر تۇغ ـ ئەلەملەر ، كۆرۈنمەس قوشۇن بېشى .
بۇغرا ئاۋازى چاقىرىدۇ ، بىزنى جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىشقا ،
مەرد يىگىتكە بېغىشلايدۇ خۇشاللىق ئاشۇ پايانسىز چۆللەر .

هەي پەلەك نېسىپ قىل ، قۇربان بولاي قانلىق جەڭلەردە ،
مەيلى ئوق تەگسۇن يۈرەككە ياكى ئالتۇن بېشىمغا .
پەقەت رازىمەن بۇ ئىش بولسا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ،
قارا يەرنى قۇچۇپ ياتسام ، تۇمەن تۇلپار چېپىپ ئۆتكەندە .

تۇمەن مىڭ تۇلپار ئىرغىپ ئۆتسۇن مېنىڭ تېنىمنى ،
ياكى ئات تۇياقلىرى پارچىلىسۇن ئەزىز جېنىمنى .
رازىمەن سەپداشلار قوغلاپ ماڭسا قورقاق دۈشمەننى ،
رازىمەن ئاڭلىسام ئاۋازلىرى ئۇزاپ پەسلەپ كەتكەننى .

بىلىسەن سەپداشلىرىم قايتىپ كېلەر زەپەر قۇچۇپ ،
ئىزدىشەر تېپىتىنچ جەڭگاھتىن قۇربانى كۆپ .
تاپىدۇ جەسەتلەر دۆۋىسىدىن مېنىمۇ ھەم ،
گەرچە تېنىم بۆلۈنۈپ تىتىلىسىمۇ ھەم .

ئامما تونۇيدۇ زۇلپىقار قىسىپ ياتقان قولۇمنى ،
كۆتۈرەر ئۇلار مېنىڭ لەختە تېنىمنى .
تىزىدۇ مېنى سەرجان ئوتۇنغا ،
كۆيدۈرۈپ بۇ ئوتتا دەپنىلەر مېنى .

يېنىمغا كەلتۈرەر سادىق دوستۇمنى ،
كېيىكتەك چاققان بۆرتە ئېتىمنى .
زۇلپىقارىم بىلەن قىلار ئۇنى قۇربانلىق ،
ئىككىمىزنىڭ قېنى قوشۇلۇپ كېتەر بىرگە ئېقىپ .

بۈيۈك جاھانگىر بوز ئاتتىن چۈشۈپ ،
يېقىپ گۈلخاننى ، سالار سۈرەننى .
‹باھادىر — چولغاي ! باي ، ئورال ،
ئەلۋىدا باتۇرلار ، كۆرۈشىمىز ئۇ دۇنيادا › .

www.uyghurkitap.com

يانىدۇ گۇلخان دەھشەت گۇركىرەپ ،
كۆتۇرۇلەر يالقۇنى ، قارا تۇتۇنى ،
بۇركۇتتەك قاناتلىنىپ باھادىر روھى ،
چىقار ئەرشكە — جەننەت ئۇنىڭ ماكانى .

باتۇخان كۆز ياشلىرىنى ياغلىقى بىلەن بىرنەچچە نۆۋەت سۇرتتى . ئاخىرىدا ئۇ ئات ئۇستىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۇشۇپ ، يىسۇن نوغاينىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئۇستىخان ساپلىق پىچىقىنى چىقىرىپ يىسۇن نوغاينىڭ قولىنى باغلىغان ئارقاننى كېسىپ تاشلاپ ، يىسۇن نوغاينىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاشقا باشلىدى .

— سېنىڭ ناخشاڭ چۇچۇتۇلگەن مايدەك قەلبىمنى پۇتۇنلەي ئېرىتىۋەتتى ! سەن يېڭى غەلىبىلەرنى قازىنىشقا بېرىشىڭ ، مېنىڭ قاتتىق جازايىمغا تارتىلماسلىقىڭ كېرەك . سېنىڭ ھېلىقى تەلۋە گەپلىرىڭنى ئۇنتۇپ كېتىمەن . سېنىڭ يەنە قانداق تەلەپ - ئويلىرىڭ بار ؟

— ئەگەر سەن يەنىلا ئالغا بېسىشنى ، «قۇياش پاتقان ئەللەر» نى بويسۇندۇرۇشنى خالىماي ، يايلاقتا قايتىپ كەتمەكچى بولساڭ ، ئۇنداقتا ماڭا «جېنىدىن تويغانلار» تۇمەنىمنى ئېلىپ بۇلغارىيە پادىشاھلىقىغا بېرىپ پاناھلىنىشىمغا ئىجازەت بەرگىن . ساڭا شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى ، ئۇ ياكى مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىدۇ ، ياكى بولمىسا سېنىڭ سادىق ئىتتىپاقچىڭغا ، چاكىرىڭغا ئايلىنىدۇ . بىز سېنىڭ ئورنۇڭدا رۇم ، ۋىزانتىيىنى بويسۇندۇرىمىز . ئۇنى يېشىل ئوردا خاقانلىقىنىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىغا ئايلاندۇرىمىز !

— قوشۇلىمەن ! — دېدى باتۇخان .

— ماڭىمۇ ئۇنىڭ بىللە بىللە كېتىشكە ئىجازەت بەر ! — دېدى قاپاقلىرى تۇرۇلگەن سۇبەتەي باھادىر بوغۇق ئاۋازدا ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن «ئاخىرقى دېڭىز» غىچە بارىمەن . مەن بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەن ، كېچ سارىيىنىڭ گىلەملىرىدە دەم ئېلىپ يېتىپ ، كۇرەش بىلەن ئۆتكەن ئۆتمۇشۇمنى ئەسلەشنى

خالىمايمەن .

باتۇخان تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئىشەنمىگەن كۆزلىرى بىلەن قىپ-رىپ قالغان بۇ ئۇستازىغا سىناق نەزىرى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن :

— مېنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرىم يېتىلىپ قالدى . سىزنىڭ ياردىمىڭىزسىزمۇ كۆككە پەرۋاز قىلالايمەن . مېنىڭدىن ئايرىلغۇڭ كەلگەن بولسا ، ساڭىمۇ رۇخسەت ! — دېدى بوغۇق ئاۋازدا .

باتۇخان ئېتىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ سۇبەتەي باھادىرغا قاراپ كەلدى . سۇبەتەي باھادىر بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئورنىدىن قوزغالمىغان-دى . شۇ دەقىقە ئېچىدە ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى ، بىر ـ بىرىگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئېتىلىپ بېرىپ قۇچاقلاشتى . بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە باشلىرىنى قويۇشتى .

شۇ كۈندىن باشلاپ موڭغۇل قوشۇنلىرى بۆلۈنۈپ ، تاغلار ئارىسىدىكى يوللار بىلەن شەرققە قاراپ چېكىندى . ئۇلار قىپچاق يايلاقلىرىغا ، ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارغا يەنە قايتىپ كەلدى . سۇبەتەي باھادىر غەمكىن بولۇپ ، دائىم تۇمۇر ھارۋىسىغا بېكىنىۋېلىپ كىشىلەرگە ناھايىتى ئاز كۆرۈنىدىغان بو-لۇپ قالدى . ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي باتۇخان ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللار بىللە ئىشلىگەن سادىق سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى .

قورقۇش ۋە ئەنسىرەش ئىچىدە قالغان «قۇياش پاتقان ئەللەر» ئەمدى ئارقىدا قالدى . بۇ مەملىكەتلەر موڭغۇللار قايتىپ كەتكەن-دىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۆز ئىچكى ئىنتىلىقىنى ، تەر-تىپ ـ تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالغان بولىسى-مۇ ، لېكىن بۇ ئوردا رەققاسلىرىنىڭ ئۆز قەلئەلىرىگە يېڭىلا قاي-تىپ كەلگەن پادىشاھى ، بەگلەر ۋە گېرتسوگ ، بارونلارنىڭ ئۆچ-مەس تۆھپىلىرىنى ئويدۇرما ناخشىلار بىلەن مەدھىيىلىشىگە قىل-

چىمۇ توسالغۇ بولمىدى .

ئەكسىچە ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدىغان ، ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدە قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ ئۆلگەن سان ـ ساناقسىز نامسىز قەھرىمانلارنى بولسا ھېچكىممۇ تىلغا ئېلىپ قويمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى قىسىم

# كۆكۈچ دېڭىز بويىدا

## بىرىنچى باب

## پادىشاھ داچىسىدا

رىم گېرمان ئىمپېراتورى فرىدرىخ خوۋىن ستافونىنىڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان داچىسى پالېرمۇ شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە سېلىنغان . داچىنىڭ تۆت تەرىپى مېۋىلىك باغ بىلەن ئورالغان ، باغ ئىچىدە يەنە بىرنەچچە تۈپ ئازادە ، تىك ئۆسكەن پالما دەرىخىمۇ بار ئىدى . ھەر قېتىم دەھشەتلىك بوران - يامغۇر كېلىش ئالدىدا شىددەتلىك كۆتۈرۈلگەن دېڭىز دولقۇنلىرى ئاق كۆپۈك ، ئۈنچە - مارجانلىرىنى كەڭ كەتكەن تاش پەلەمپەيگە ئۇراتتى .

داچا يېنىدا كىچىككىنە بىر پورت بار ، پورتتا يىپپېڭى بېزەلگەن ئىككى دانە كىچىك يەلكەنلىك كېمە توختىتىپ قويۇلغانىدى[1] . پادىشاھ جىددىي ئەھۋالغا يولۇققاندا ، بۇ ئىككى كېمىگە ئولتۇرۇپ ، ئالېكساندىرىيە پورتىغا ياكى بېيرۇتقا بېرىپ ئۆزىنى ئەرەب دوستلىرىنىڭ قوينىغا ئاتماقچى ئىدى . خەۋەرچىلەر ئۇزۇن

① بۇ خىل كىچىك يەلكەنلىك كېمىنى شامال يۆنىلىشىگە تايىنىپ ھەيدەشكىمۇ ، پالاق ئۇرۇپ ھەيدەشكىمۇ بولىدۇ .

مۇساپىلەرنى بىسىپ ، ئايغى ئۇزۇلمەستىن تۇرلۇك تەپسىلىي ئاخ-باراتلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشەتتى . دەسلەپ ساكسۇن ، چىخ ، گېرمان بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى كەلدى . ئۇنىڭ ئىچىدە لىۋتىسنىكى رىتسارلىرىنىڭ لىگنىس شەھىرى ئەتراپىدا تاتار ئاتلىق قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى بار ئىدى . كېيىن بۇدانىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرى ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا باتۇخان ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىغا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى .

قۇياشنىڭ كەچكى شەپەق نۇرى ئاخىرقى نۇرلىرىنى يىغماقتا ئىدى . مۇشۇ مىنۇتلاردا ، رىم ئىمپېراتورى داچىنىڭ بالكونىدا ئول-تۇرۇپ كەچكى شەپەقنىڭ قالدۇق نۇرىدا ھىلىراقتا يەتكۇزۇپ كېلىنگەن بىر پارچە خەۋەرنى ئوقۇماقتا ، خەۋەرنى ئوقۇپ بولغان-دىن كېيىن ، ئولتۇرغان ئايلانما ئورۇندۇقتىن ئىرغىپ تۇردى - دە ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ۋە قانداقتۇر بىرخىل ئوي - خىياللارنى زېھنىدىن ئۆتكۇزدى . كېيىن ئۇ پىچىقىنى چىقىرىپ قولىدىكى ھاسىسىنى يونۇشقا باشلىدى . يونۇلۇپ چىققان ياغاچ قىرىندىلىرى تاش پەلەمپەيگە ئۇزلۇكسىز سوقۇلۇۋاتقان دېڭىز سۈيىگە قوشۇلۇپ غايىب بولاتتى . باش ۋەزىر خەۋەر ئېلىپ كەلدى . پادىشاھ ئۇنىڭغا بۇگۇن سىياسىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلمايدىغانلىقىنى ، مۇھىم ئىشلارنى ئەتە ئەتىگەندە بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ يەنە ، مۇھىم ئىشلارنى ئەتە بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ، كېمىگە ئولتۇرۇپ ، شىمالغا يۇرۇش قىلىپ ، نىئاپوغا ياكى گىنوياغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

باش ۋەزىر «ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايغا بارغۇڭىز يوقمۇ» دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىغان بولسىمۇ ، پادىشاھ ئۇنى جاۋابسىز قالدۇردى .

باش ۋەزىر يېپىلغان قولياغلىق ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان ، سېرىق يىپ بىلەن باغلانغان قارا رەڭلىك پادىشاھ تامغىسىغا لەپپە-دە بىر قارىغان بولسىمۇ ، ئۆز خوجايىنىدىن قانداق خەۋەرنىڭ ئۇنى

www.uyghurkitap.com

بۇنچىۋالا ئەنسىزلىكىدە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى سوراشقا پېتىنالمىدى.

— ئالىيلىرى، يەنە بىر خەۋەرچى كەلدى! ئۇ تۈركىستۇمنىڭ يەرلىك ئەمەلدارىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئالغاچ كەلگەنىكەن، مەن ئېچىشقا پېتىنالمىدىم. سىز مېنىڭ بۇ خەتنى ئوقۇپ بېرىشىمنى زۆرۈر دەپ ھېسابلامسىز؟

باش ۋەزىر پادىشاھقا سەپسالدى، پادىشاھ تاش تۈۋرۈكلۈك رىشاتكا يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئاۋۋالقىدەكلا ھېچبىر مەقسەتسىز ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاسىسىنى يونۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، يۇزىدىكى مۇسكۇللىرى توختىماستىن لىپىلدايتتى. ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، فرىدرىخ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، غەزەپلىك كۆل رەڭ كۆزلىرىنى يېنىدا قىمىر قىلماي ئۆرە تۇرغان باش ۋەزىرگە تىكىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا:

— يەنە شۇ ئادرىئاتىك دېڭىزىدىن كەلگەن خەۋەرچىمۇ؟ ئۇ نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلەيتتى؟ ھەرقاچان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە يازغان ئەزمە گەپلىرىدۇر، ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە كېلىپ، ھازىرقى بولۇۋاتقان دەھشەتلىك ئىشلارنى ئۆز ئاغزى بىلەن بايان قىلىشقا رۇخسەت سوراشلىرىدۇر… ھىم، چەكسىز بالايىقازا… تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا، بىرلا ئىش، يەرلىك ئەمەلدارلار نەچچە كۈنلۈك نېرىدىن كېلىۋاتقان تاتار ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇھىم خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشنى باھانە قىلىپ، ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان شەھەر ۋە پۈتۈن رايونلارنى بىرىۋەتمەكچى… تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام، قاچماقچى!

— تامامەن مۇمكىن. خەتنىڭ ئۆزىلا ئالىيلىرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

— قېنى ئوقۇغىن!

باش ۋەزىر ئۇچ پۇتلۇق كىچىك شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىدىكى خۇرۇم سومكىنى ئۈستىگە قويۇپ، كۈمۈشتىن

ياسالغان ئاچقۇچ بىلەن قۇلۇپنى ئاچتى ھەمدە ئىچىدىن قىزىل ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلانغان بىر ئورام خەتنى ئالدى . ئۇ ئىمكاندىيەتىنىڭ بارىچە ئاۋازىنى تۈزەپ ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ ، بۇ كىبلەگىسىز خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، پادىشاھ يونۇپ بۇزۇۋەتكەن ھاسىسىنى دېڭىزغا چۆرۈۋەتتى ـ دە ، مەنسىتمىگەن ھالدا ئاغزىنى پورۇشتۇرۇپ :

— ئۇرۇش ئوتى ھەممە يەرنى قاپلاۋاتقان ، خەۋەرلەر ئىنتايىن مۇھىم بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ، بۇ يەرلىك ئەمەلدارلار خېتىدە زادى ماڭا نېمە خەۋەرنى دېمەكچى ؟ ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن ، ئۇنىڭچە ، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، موڭغۇللار ناھايىتى كۆپىمىش ، ئىنتايىن كۆپ ئىكەن . موڭغۇللارنىڭ باشچىسى باتۇخان سىپالاتوغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنمىش . پات ئارىدا ترىگىستومغا ھۇجۇم قىلارمىش . ئۇنىڭ توپلىۋالغان پىدائىيلار قوشۇنى تاغ ئىچىدىكى ئورمانلارغا قېچىپ كىرىپ كەتكەنمىش . ئاشۇ قىممەتلىك مەلىكە ، شاھزادە ـ بېگىملەر ۋە ئۇلارنىڭ جان تىكىپ قوغدىغۇچىلىرى قىلىچلىرىنى ئويىنتىپ باتۇرلۇق سۆلەتلىرىنى كۆرسىتىش ئورنىغا ، تاش قورغانلارغا قېچىپ كىرىپ بېكىنگەن . تاتارلارنىڭ ھۇجۇمىنى ھەقىقەتەن توسۇيالايدىغان قوشۇن زادى قەيەردە ؟ تاتارلار خالىغان ۋاقىتتا رىمغا بېسىپ كىرەلەيدۇ ، لىئونغا بېسىپ كىرەلەيدۇ . بۇنداق كېتىۋەرسە غەلىبە قىلىشنىڭ قانداقمۇ ئامالى بولسۇن...

— مىسىرغا بېرىش كېرەك ، — پادىشاھ فرىدرىخ ئويلىنىپ قالدى ، — مەن ئۇ يەرگە بېرىپ يېڭىۋاشتىن ئەرەب پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشنى باشلىسام بولغۇدەك .

پادىشاھ تېزدىن ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە ، تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ سارايغا ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

ئىككىنچى باب

# كۆتۈلمىگەن خەۋەرچى

كەچقۇرۇن پادىشاھ ئۆزىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئولتۇراتتى. ئۈستەلدىكى يوغان ـ يوغان كۈمۈش رەڭ گۈل چېكىلگەن قارا رەڭلىك ئەرەب دۆردۈنى ئالدىدا خۇرۇم مۇقاۋىلىق مىس توپچىلىق چوڭ بىر كىتاب ئېچىقلىق ئىدى. يېقىن كىشىلىرى تەرىپىدىن «دۇنيادا تەڭدىشى يوق» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇلۇغ ئادەم توق بىنەپشە رەڭلىك تۈۋت قاپلانغان چوڭ ئايلانما يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئېگىز ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىنىڭ كەينىگە بانان ياغىچىدىن نەپىس ئويۇلغان خوۋىن ستافون پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك جەمەت بەلگە تاختىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن ئاغزىنى يوغان ئاچقان، ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈۋالغان كۈمۈش رەڭلىك تەسۋىرى ئويۇلغان ياغاچ ھەيكەل بېكىتىلگەنىدى.

گېرمان ئىمپېراتورى فرىدرىخ II ئەقىدە ھەممىدىن ئۈستۈن دەيدىغان، ھەممىگە قىزىقىدىغان زات ئىدى. ئۇ لەشكىرىي ماھارەتكە قىزىقىشتىن باشقا، قەدىمكى گرېك، رىم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ياقتۇراتتى. ئۇ يەنە تېبابەت ئىلمىنى ياقتۇراتتى. بىراق ئۇنىڭ ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇرىدىغىنى يەنىلا شەرقنىڭ تارىخى، شەرقنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان شەرق مۇتەپەككۇر شائىرلىرىنىڭ

ئەسەرلىرى ئىدى . ئۇ بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشۋالغان . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرەب چاكارلىرى ، يەنى سىتسىلىيە ئارىلىنى بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى[①] بىلەن ئەرەب تىلىدا راۋان سۆزلىشەلىگەندىن باشقا ، باغداد ، قاھىرەلەردىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن ھەمدە ئۇ قۇرغان پالېرمو ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئەرەب ئوقۇغۇچىلىرى بىلەنمۇ خالىغانچە سۆھبەتلىشەلەيتتى . توققۇز گرېتسىيە مىيوسى[②] بىلەن ئونىنچى شەرق مىيوسى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي سادىق ئېتىقادچىسى دەپ تونۇشقا ھەقلىق ئىدى .

بۇگۈن كەچقۇرۇن پادىشاھ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ ، دىققىتىنى بۆلمەي ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىشلىرى ئۇستىدە باش قاتۇردى : «بۇركۈت ، قارچىغىلارنى ئۆگىتىپ ئوۋ ئوۋلاش» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازدى . ئۇستەل ئۇستىدە ياندىش قويۇلغان[③] يەنە بىر پارچە پەلسەپىۋى ماقالىسىمۇ بار ئىدى . ئۇنىڭ تېمىسى «ساختا ئۈچ ئەرباب : موشى ، ئىسا ۋە مۇھەممەد» بولۇپ ، بۇ ماقالىسى ئۈچۈن رىم پاپاسى خرىستىئان دىنى نامى بىلەن ئۇنى ئۈچ قېتىم قارغىغان .

ئۇزۇن ، كۆك رەڭلىك پەرىجە كىيگەن ، بېشىغا رەڭدار سەللە ئورىغان ، قىزغۇچ يوغان يۈزلۈك ياش ئەرەب چاكار ئۇن - تىنسىزلا كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇۋالغان ، كىتاب ئۇستىلىدىن ئىككى قەدەم نېرىدا توختىدى .

فرىدرىخ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بېشىدىكى بىرنەچچە تال ئاق كىرگەن سارغۇچ بۇدۇر چېچىنى بېسىپ تۇرغان قالپاقنى ئارقىسىغا ئىتتىرىپ قويدى .

---

① ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىنى بويسۇندۇرغىنىغا ئىككى يېرىم ئەسىر بولدى (مىلادى 827 — 1061) .

② مىيوسى — گرېك رىۋايەتلىرىدىكى توققۇز نەپەر سەنئەت ، ئىلىم - پەننىڭ ئايال مالائىكىلىرىنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى .

③ بەزى ئىلىم ئېتىقادچىلىرىنىڭ قارىشىچە ، بۇ ماقالە فرىدرىخ II نىڭ ئەمەس ئىكەن .

www.uyghurkitap.com

— بىرەر ئىشىڭ بارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئەرەب تىلىدا.

چاكار بىر كۆزىنى چىمچىقلىتىپ بىر خىل ئەنسىز قىياپەتتە تۇراتتى. ئۇ سورالغان سوئالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەرىم قىلىۋې- تىپ بوش ئاۋازدا:

— قاراۋۇل بېگى كېلىپ، قاراۋۇلنى ۋە ساراي مۇھاپىزەت ئەمەلدارىنى چاقىرىپ كەتكەن. كېيىن مۇھاپىزەت ئەمەلدارى كې- لىپ ماڭا بۇيرۇق قىلدى، سىنىڭ سادىق خىزمەتكارىڭ ئوسمان ساتما مۇنداق بىر ئەھۋالنى خەۋەر قىلماقچى، بىر بېلىقچى دەھشەت- لىك بوران ـ يامغۇرغا قارىماي كېمىسىنى ھەيدەپ بىر خەۋەرچىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. بۇ ئادەم كېيىملىرى يىرتىلغان بولۇپ، بىر موناخقا ئوخشاش بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بار ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا مۇھاپىزەت ئەمەلدارى يۇھاشىم ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرسۇن.

يالاڭ ئاياغ چاكار ئەرەب يېنىك قەدەم بىلەن قىنىق گىلاس رەڭلىك باغداد گىلىمى ئۈستىدىن مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

پادىشاھ ئاپئاق يىپەك پايپاق كىيگەن، ھاۋا رەڭ تىز ئاسرى- غۇچ تاقىغان سول پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك تاقىغان بارماقلىرىنى كىرىشتۇرۇۋالغان بولۇپ، ئەنسىز كۆزىنى ئېغىر، قارارەڭلىك گۈل چېكىلگەن ئوردا ئىشىكىگە تىكەتتى.

«زادى قانداق ئىشتۇ؟ — ئۇ تەسەۋۋۇر قىلماقتا ئىدى، — بۇ كۈنلەردە قانداقلا خەۋەر بولسۇن ھەممىسىنى مۇھىم ئىش دېيە- شىدۇ... ئەرەب سۇلتانىمۇ... ئاشۇ مەقسەتسىز قاراقچىلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنمۇ يا؟ ياكى بۇ فرانسىيە پادىشاھى بىلەن مېنىڭ ئىتتىپاقىمنى كۆرەلمەيدىغان پىتنە ـ پاساتچىلارنىڭ دۆتلەرچە ھە- رىكىتىمۇيا؟ گېرمان شاھزادىلىرى ئىسيان كۆتۈردىمۇ يا... ئۇنداق ئەمەس! ھېچقايسىسى ئەمەس! دەھشەتلىك بوران ـ يامغۇرغا قارىماي كېمىگە ئولتۇرۇپ كەلدى؟ كېيىملىرى يىرتىلغان موناخ؟ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر بىرىنچى مۇھىم ئىش تاتار چوڭ

قوشۇنىنىڭ تىرگىستومنى بىسىپ ئۆتۈپ ۋىنىتسىيىگە ھۇجۇم قىلى-
غانلىقىنى بىلىش، مانا بۇنىڭدا خەتەر مەۋجۇت. مانا بۇنىڭ ئۆزىدە
ئۇزلۇكسىز ۋەھىمىلەر كۆپىيىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ چاڭ - توزان،
قويۇق ئىس - تۈتەك پەيدا قىلىپ كۆن نۇرىنى قاپلاپ ئىتالىيىنى
قاتمۇ قات ئورىۋالغان قارا بۇلۇتنىڭ مەنبەسى... موناخ؟ كىيىملە-
رى يىرتىلغان؟ نەدىن كەلگەندۇ؟»

پادىشاھ قىسقۇچ بىلەن چىراغنى پەرلەپ قويدى.

ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. مۇھاپىزەت ئەمەلدارى يۇھاشىم كى-
رىپ كەلدى - دە، بىر چەتتە تۇردى. ئۇ بىنەپشەرەڭ تىۋىتلىق
كەمزۇل كىيگەن، بويىنىغا بىر تال ئىنچىكە زەنجىر ئاس-
قان. مۇھاپىزەت ئەمەلدارى بىر ياقتىن ئاق سانجىلغان ئۆچكە
ساقىلىنى سىيپىسا، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرگەن
خەۋەرچىنىڭ ئىشىكتىن كىرىشىنى كۇتەتتى.

كەلگۈچى پوپلارنىڭ قارا رەڭلىك ئۇزۇن ئىچىسىنى كىيى-
ۋالغان بولۇپ، ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن گۇل چېكىلگەن تورۇسقا
قاراپ توختىماستىن كرېست سىزىپ چوقۇندى.

— سەن بۇياققا كەل! — دېدى پادىشاھ كەلگۈچىگە قاراپ،
ئاندىن سەل ئالدىغا ئېگىشىپ، بىر ياقتىن ئېگىكىنى سىلىسا،
يەنە بىر ياقتىن ئوتلۇق كۆزلىرىنى كىرىپ كەلگەن موناخقا تى-
كىپ، بۇ ئادەمنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى جەزم قىلىشقا
تىرىشاتتى.

— ئالىيلىرى! — دېدى ئىنچىكە، سىلىق ئاۋاز بىلەن ساراي
مۇھاپىزەت ئەمەلدارى ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ئۇ پۇتىغا
بىر جۈپ كۇمۇش ئىزمىلىق قىزىل ئاياغ كىيىۋالغانىدى، —
ئىجازەت قىلغايسەن، سىنى مالال قىلىدىغان بولدۇم. بۇ خەۋەرچى
خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، قورقۇنچلۇق تاتارلار بارگاھى-
دىن ساڭا مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

فرىدرىخ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن ئۆزىنى رۇسلاپ ئو-
رۇندۇققا يۆلەندى - دە، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى موناخقا تىكتى.

— ياخشىمۇسەن ، خىرىستىئان قېرىنداش !

— ئىمپېراتورىمىز فرىدرىخنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي . ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي ! — موناخ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ، بېشى-نىڭ چوققىسىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان چۈشۈرۈلمىگەن ئەسلىدە چاچ قويۇشقا بولمايدىغان يەرلىرىنى ئاشكارىلىدى .①

— سەن نېمە ئادەم؟ سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ بىرمۇ بىر ئەسلەپ ، قىلچىمۇ يوشۇرماستىن ھەممىسىنى تولۇق سۆزلە .

موناخ جىمجىت ئۆرە تۇراتتى . ئۇنىڭ يۈزى شامال ۋە ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن ، چاچلىرى قالايمىقان ، يېرىم ئاقارغان ساقىلى چاڭگا ھەم پاسكىنا ئىدى ؛ مەيدىسىگە مىس زەنجىر بىلەن پالما ياغىچىدىن ياسالغان كرېست ئېسىۋالغان ، ئۇستىدىكى ئۇزۇن نىمە-چىسىنىڭ رەڭگى كۈننىڭ تەپتى ۋە يامغۇردىن ئۆڭگەنىدى ؛ پۇتىدى-كى سەندەل يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ ، بوغقۇچ بىلەن چىگىۋالغاندى . ئۇنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرى ، جۇدىگەن ، سولغۇن چىرايى ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت سەرگەردان بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىلا ئۇنىڭ روھلۇق قىياپى-تىنىڭ نامايەندىسى ئىدى .

— ئىسمىم ئى . ئاكىۇ ، ئۆزۈم پوپ ، پولونىيالىق بولىمەن . نازارەتچى ئاتلىق قوشۇنىدا تۇرغان . ھەممە يەرگە باردىم . يەم - خەشەك ئېشىم بولدى . كېيىن سىپالاتو ئەتراپىغا باردىم...

— سىپالاتو ، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى پادىشاھ ، — يەنە داۋام-لاشتۇرغىن .

— شۇنداق ، ئۇلۇغ شاھىم ! سىپالاتو ئەتراپىدا تاتار ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرى مېنى تۇتۇۋالدى . بىر تاتار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى . مەن كۆكرىكىمدىكى ئېسىقلىق كرېستنى ، قويۇۋالغان ئۇزۇن چېچىمنى ھەم بېشىمدىكى چاچ چۈ-شۈرۈۋېتىلگەن جاينى ئۇلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىن ، يەنە بىر تاتار

① خىرىستىئان دىنىدىكى سىنالىقلار بەلگىسىنىڭ بىرى .

چىقىپ مېنى قوغداپ قالدى . ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىم ، كېيىن تاتار مېنى قىل ئارغامچا بىلەن باغلاپ تاتارلار بارگاھىغا ئېلىپ كەتتى .

— تاتارلار بارگاھى ؟

— شۇنداق ، ئۇلۇغ پادىشاھىم ... — يوپىنىڭ بەدىنى تۈيۈقسىز ئىرغاڭلاپ كەتتى - دە ، ئالدىراپ قولى بىلەن كىتاب ئۈستىلىنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋالدى ، — كەچۈرگەيسىز ، مەن بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتتىم ، ئاچلىق مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەيرىتىمنىمۇ قورۇتۇۋەتتى .

پادىشاھ كىچىك تاياق بىلەن يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان ئەرەب مىس قالقىنىنىڭ تۇتقۇسىنى ئۇرۇپ قويۇۋىدى ; بىر ئەرەب چاكار كۇتۇپخانا ئىشىكى ئالدىدا ھازىر بولدى .

— بىر كۈپ ئىسسىتىلغان شاراب ، بىرئاز بولكا ، قاق ۋە ئىرىمچىكلەردىن ئېلىپ كەل !

— ئولتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلغايسەن ، — يوپ سۆزلىگەچ يۈكۈنۈپ گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى .

— ئازراق ھاراق ئىچكىن ، بىردەمدىلا روھلىنىپ قالىسەن ، بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، ئى . ئاكىۋ يوپ ، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرغىن .

— راستىنلا بۇ كىرېست سېنىڭ جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ ، — دېدى ساراي ئەمەلدارلىرى ھاياجانلانغان ھالدا .

— كاتولىك دىنى زاتلىرى ۋە يوپلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا تاتار خانىنىڭ بۇيرۇقى بار ئىكەن .

يوپ سۆزلىرىنىڭ پادىشاھنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانلىقىنى كۆرۈپ ، چاكار ئېلىپ كىرگەن كۈمۈش قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن ھاراقتىن بىر يۇتتى - دە ، ئاندىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى :

— مېنى تاتار پادىشاھىنىڭ قارارگاھىغا ئېلىپ كىرىشتى...

— پادىشاھ پەقەت بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ مۇقەددەس رىم پادىشاھى ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ قويدى ئەمەلدارلار .

— نادان ، بىلىمسىز سەرگەردانىنى كەچۈرگەيسەن ، مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىم ، ھەممىنىڭ ھۆكۈمرانى دېگەن بىلەن، ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان تاتارلارنىڭ باشلىقى باتۇخان .

— ئۇنداقتا سەن ئۇنى كۆرۈپسەن ـ دە ، — دېدى فرىدرىخ .

— ئۇنى كۆردۈملا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقتىم .

— كېيىن قانداق ئىشلار بولدى ؟ — پادىشاھ سۆزلىگەچ ساراي ئەمەلدارىغا قول ئىشارىسى قىلدى ، ساراي ئەمەلدارى ئالدىراپ پوپنىڭ رومكىسىغا ھاراق قۇيدى .

— تاتارلار بىزنى دېڭىز قىرغىقىغا ھەيدەپ كەلدى . ئۇ يەردىكى بىر تاغ تۇمشۇقىغا گىلەم سېلىنغان بولۇپ ، ئۈستىدە تاتار قوشۇنىنىڭ ئاتارمەنلىرى ئولتۇرۇشقانىكەن . باتۇخان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى . يولدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى .

— ئۇنىڭ قامىتى قانداق ؟

— ئۇنىڭ يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس ، يۈزى سەل ئورۇقراق ، رەڭگى قارامتۇل ، ئوتتۇرا بوي ، كۆزلىرى قىسىق ، دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈن قارا ئۆكە تاقىغان ، كۇلسە خۇددى بۆرىنىڭكىگە ئوخشاش ئۇچلۇق ئۆتكۈر چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ . كۆزى بەك ئۆتكۈر ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل سىرىنى بىلىۋالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى... ئۇنىڭ چېدىرى ئالدىدىكى بىرنەچچە توپ دەرەخنى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە كېسىۋېتىپ ئۇچىنى ئۇچلۇق قىلىپ ياساپ قويغان بولۇپ ، خۇددى قوزۇققا ئوخشايتتى . ئەگەر بىرەر ئادەم بۇ خاقاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسا ، ئۇ كىشىنى ئاشۇ قوزۇققا ئولتۇرغۇزىدىكەن ، بۇ قوزۇقلارنى كۆرۈش بىلەنلا پۇت ـ قوللىرىم مۇزلاپ ، قورقىنىمدىن ھوشۇمدىن كېتەيلا دەپ قالدىم .

— سەن بىرەردىنىڭ مۇشۇ قوزۇققا ئولتۇرغازىلىقىنى

كۆردۈڭمۇ ؟
— كۆرمىدىم ، پادىشاھىم . خۇدايىم مېنى كەچۈرگەي ، ماڭا مۇنداق دەھشەتلىك مەيداننى كۆرسەتمىگەي ، تاتار چېرىكلىرى مېنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىرنەچچە سىلاۋيان تاغلىقلىرىنىمۇ ھەيدەپ بارغانىدى .
— ئەسىرلەرمۇ ؟
— شۇنداق ، پادىشاھىم ، بۇلار بولسا باتۇر سىلاۋيانلاردىن ئىدى . ئۇلار تاغلارنىڭ ئەڭ ئېگىز يەرلىرىدە ياشايتتى . ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى تاتارلار ئۇچۇن خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرگەنىدى . شۇڭا ، بىرنەچچە ئەسىرنى باتۇخاننىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا ئەكەلگەنىدى . باتۇخانمۇ بۇ باتۇر سىلاۋيانلارنىڭ زادى قانداق نېمىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانىكەن . شۇڭا ، ئۇلارنى ئۆزى سوراق قىلدى ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدى . ئۇلار يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ، بەدەنلىرى تىتىلغان بولسىمۇ ، قىلچىمۇ قورقماي : «بىزنى قويۇپ بېرىڭلار ، ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ بالا - چاقىلىرىمىز بىلەن بىللە ئۆتەيلى ، بىز سىلەر تاتارلار بىلەن بىر يولدا ئەمەس» دېدى . باتۇخان ئاڭلاپ ماختاپ كەتتى . ھەربىرىنىڭ بوينىغا بىردىن ھەر-قايسىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختا ئېسىپ قويۇشقا بۇيرۇدى . بۇنى تاتارلار تەمتەك دەپ ئاتايدىكەن . بۇ خىل تەمتەك بار ئادەم تاتار چېرىكلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن ، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭغا چېقىلمايدىكەن… بىراق ئەڭ ئاخىرىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى .
— سەنمۇ تەمتەككە ئىگە بولدۇڭمۇ ؟ — پادىشاھ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا سورىدى .
— ئىگە بولالمىدىم ، ئالىيلىرى . مېنىڭ ئەھۋالىم ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى ، — ساراي قوغداش ئەمەلدارى پوپقا ھاراق تولدۇرۇپ قويدى . پوپ بىر تال ئۆرۈك قېقىنى ئۇرۇقچىسىدىن

ئايرىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — تاتارلاردا بىر قىرى تىلماچ بار ئىكەن ، ئۇ ئۇچىسىغا ئۇزۇن نىمچە كىيگەن ، بېشىغا ئاق لۆڭگە ئورىغان ، قويۇۋالغان قىزىل ساقىلىغا ئاق سانچىلغان ، قارىماققا مۇسۇلمان موللىسىغا ئوخشاش ئىدى . ئۇ سىلاۋيانلار بىلەن ناھايىتى قىزغىن سۆزلەشتى . سىلاۋيانلار ، ھەتتا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدىغان پوپ دەپ قارىغانىدى . قىزىل ساقاللىق تىلماچ ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ تاتارلار ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىدىن ناھايىتى رازى ئىكەنلىكىنى ، باشقا ئىشلار ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى سۆزلىدى .

— قىزىل ساقاللىق ؟ — فرىدرىخ ئويلىغاچ سۆزلىدى ، — ئۇ قانچە ياشلاردا باردۇ ؟

— مېنىڭچە ، كەم بولغاندا ئاتمىش ياشتا بار… ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا باشلاپ كىردى .

— سېنى سوراق قىلغاندۇ ؟ سېنى مېنىڭ قانچىلىك قوشۇنۇم بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە زورلىغاندۇ ؟ سەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىڭمۇ ؟ — پادشاھ ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ئالىيلىرى ، مەن مۇقەددەس مەريەم ئانىمىز نامىدىن قەسەم ئىچىمەنكى ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى دېمىدىم ، بەلكى ئۇمۇ بۇ توغرىدا ھېچ نەرسە سورىمىدى . بىز باشقا ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتۇق…

— ئەگەر سەن ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئېيتىپ قويغان بولساڭ ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن ، چۈنكى سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ بەلكى تاتارلارنىڭ ئىتالىيىگە بېسىپ كىرىش غەرىزىگە مەددەت بولۇشى مۇمكىن !

— پادشاھىم ، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن سىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ۋە قانداق قىلىپ سىلىنى كۆرگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەرسەم .

فرىدرىخ خاتىرجەم بولۇپ قايتىدىن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا

كېلىپ ئولتۇردى ـ دە ، ئوتلۇق كۆزىنى پوپنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم تىكتى . پوپنىڭ كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا ، ئۇ پادىشاھ-نىڭ ھەشەمەتلىك داچىسىدا ، گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى ، ئا-لىي ھاراقنى ئىچكەنلىكى ، يەل ـ يېمىشلەرنى يېگەنلىكىدىن بەكمۇ مەمنۇندەك قىلاتتى .

— مەن ھازىر ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي… ئۇ تىلماچىنىڭ ئىسمى دۇتان ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا باشلاپ كىردى…

— دۇتان ، — پادىشاھ ھەيران بولغىنىدىن توۋلىۋەتتى ، — بويى ئېگىز ، يۈزى ئورۇق ، قىزىل ساقاللىقمۇ ؟

— شۇنداق ، شۇنداق ، ئالىيلىرى !

— داۋامىنى تېز سۆزلە ، شۇنچە ئۇزۇن يىللار بوپتۇ ، ئۇ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەكتى ، ھېلىھەم ھايات ئىكەن ـ دە !

پوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— تىلماچ دۇتان ماڭا قوي تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇمغا ئىجازەت بېرىپ ، مەن سېنىڭ تاتارلار قارارگاھىدىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتەلىشىڭگە ياردەم قىلىمەن ، لېكىن سەن بۇنىڭ بەدىلىگە مەن تاپشۇرغان بىر ئىشنى ئورۇنداشقا ماقۇل بولامە-سەن ، قانداق ؟ — دېدى .

— ماقۇل بولىمەن ، — دېدىم مەن .

— ئەگەر سەن ناھايىتى چوڭ ئىنئامغا ئىگە بولۇشنى خالايدى-غان بولساڭ ، ئۇنداقتا تېزدىن تىرىشىپ ، ئاندىن ۋېنېتسىيىگە بېرىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا سىتسىلىيە ئارىلىغا چىقىپ مۇقەددەس ئىم-پېراتور فرىدرىخ بىلەن كۆرۈش . ئامال قىلىپ ئۆز قولۇڭ بىلەن بۇ خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىن ، بۇ كۈمۈش پۇللارنى يولدا خىراجەت قىلارسەن … — دېدى .

— خەت قېنى ؟ — پادىشاھ ۋارقىرىدى ، — نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق تاپشۇرمايسەن ، ئېزىلەڭگۈ قېرى ئالۋاستى ! ؟

پوپ گىلەم ئۈستىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . قولى بىلەن

قويۇنلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى . ئالدى بىلەن ئۇك يانچۇقىنى ، ئاندىن سول يانچۇقىنى ئاختۇردى ، كېيىن ئالاقزادە بولۇپ ئەنسىز-لىك بىلەن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ـ دە ، تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن قايتىدىن ئاختۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ :

— خۇدا ھەققى ، ئۇ خەت راستىنلا يېنىمدا بار ئىدى ! قەيەرگە كەتكەندۇ ! ئاھ خۇدا ، ھە ، ئېسىمگە كەلدى . مەن ئۇنى ئىشتاننىڭ يىرتىلغان لېپىزىگە تىقىپ قويغانىدىم ! — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، پوپ يىرتىق لېپىزىنى ئاختۇرۇپ گىرىتسىيە ياڭىقىدىن بىر ئۇش ئالدى ـ دە ، كەڭ ھەم پاسكىنا ئالىقىنىغا قويۇپ پادىشاھقا ئۇزاتتى .

— نېمە بۇ ، ئەجەبا ، ماڭا چاقچاق قىلماقچى بولمايۋاتقانسەن ؟ بۇنى قانداقمۇ خەت دېگىلى بولسۇن ؟

— ئالىيلىرى ، ئاۋايلاپ ئېھتىيات بىلەن ياڭاقنى ئاجراتسىلا ، خەت شۇنىڭ ئىچىدە . دەسلەپ تىلماچ دۇتان ئۆزى بۇ خەتنى پۇرلەپ كىچىك بولاق قىلىپ ياڭاقنىڭ ئىچىگە سېلىپ ، ئاندىن دېۋىرقاي بىلەن ياڭاق شاكىلىنى چاپلىغانىدى .

پادىشاھ قولىدىكى كۆك ياقۇت كۆزلۈك ياخشى ئاسرالغان ئۈزۈكى بىلەن ياڭاق شاكىلىنى چېكىپ قويدى ، ئاندىن ئىنچىكە-لەپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان خەنجەر بىلەن ياڭاق شاكىلىنى ئېچىۋىدى ، راستىنلا ھەر بىر ياڭاقنىڭ ئىچىدىن بىر بولاقتىن قەغەز چىقتى . پادىشاھ بۇ قەغەزلەرنى ئېلىپ تىزى ئۈستىگە قويۇپ ئېھتىيات بىلەن تۈزلە-دى . ئاندىن ئۈستەل ئۈستىگە يايدى ـ دە ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى .

— بۇ قانداق خەت ؟ — ئۇ قىياس قىلماقتا ، — ئەرەب يېزىقى ، — ئۇ قىينالسىمۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . بارا ـ بارا چۈشىنىشكە باشلىدى ، — خۇدايا ! بۇ ئەسلىدە ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان لاتىن سۆزى ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ پادىشاھ بۇ غەلىتە خەتنى لاتىنچىغا ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقتى ھەمدە ئوقۇپ مەزمۇن-نى چۈشەندى…

## ئۈچىنچى باب

# «تەقۋادار» دۆتاندىن كەلگەن خەت

«مۇقەددەس ئۇلۇغ ئىمپېراتورغا !

سىنىڭ بۈرۈنقى دوختۇرۇڭ ، ئۆزىنى ئاشكارىلاش جەمـ-ئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئەرەبلەرنىڭ پېرىخونلۇقىنى ۋە خىمىيە-سىنى تەتقىق قىلغۇچى ، لەقىمى «تەقۋادار» دۆتاندىن ساڭا سالام !

سىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭنى ، بەختلىك ، خاتىر-جەم بولۇشۇڭنى تىلەيمەن ، مەن سىنىڭ تاپشۇرۇقۇڭنى توغ-را ، خاتاسىز ئورۇندىدىم . ئاسراندى قىزىڭ مارىيە كىلار مونتىدىن بىرقەدەممۇ نېرى بولماي ، ۋەقىلىيىدىن قوزغىلىپ ئوچۇق دېڭىزغا قاراپ مېڭىپ ، سەن كۆرسەتكەن ھېلىقى كېمىگە ئۇنى يەتكۈزدۈم . بىزنىڭ كارۋىنىمىز كۈتۈلمىگەن يەردىن كېچىسى تاغ ئىچىدە ئەرەب قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى . ئۇلار يولۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ ئۆز تۇرال-غۇلىرىغا ئېلىپ كەتتى . مەن ۋە مارىيەمۇ بۇلاندۇق . بەختكە يارىشا مېنىڭ ئەرەبچىنى بىلىدىغانلىقىم بىزنى ئامان قالدۇر-دى . مەن قاراقچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تى-رىشتىم : «مەن بولسام بىر مۇسۇلمان تېۋىپ ، ئەقىل - پاراسەتلىك ، بىلەرمەن ئادەممەن ، مارىيە بولسا مېنىڭ نەۋرە قىزىم» دېدىم . مەن يەنە ئۇلارنى : «مەن ئاتالمىشنىڭ يوقىدىن كىرىپ قوشۇنى ئارىسىغا كەلدىم ھەمدە يالغاندىن كاتولىك دىن تارقاتقۇچىسى بولۇۋالدىم» دېگەنگە ئىشەندۈردۈم . مەن

ئەرەب ياربدارلىرىنى ھەقسىز داۋالاپ ياربلىرىنى تاڭدىم ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولدۇم . ئۇلار مېنى
«تەقۋادار» ، دۇتان دېيىشىدىغان بولدى ، كېيىن بىزنى باغداد
لىقلارغا سېتىۋەتتى . ئۇ يەردە نەچچە يىل ياشىدۇق .
ھازىر مەن ساڭا بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزىمەن ، سەن
ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييارلىق قىلغىن ، سىـ
ڭىنىڭ ئاسراندى قىزىڭ مارىيە سېنى كىچە ـ كۈندۈز ئەسلەپ
ئورۇقلاپ كەتتى . ئۇ تىنماستىن سىڭىڭ مۇقەددەس ئىسمىڭـ
نى تاكى نەپسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى توختىغىنىغا قەدەر
چاقىردى . ئۇ ئۆلگەندە بىر تىرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ
قالغاچقىمىكىن ، ئۆلۈم بىلەن تەڭ يېتىپ كېلىدىغان چىرىش
ئۇنىڭ تېنىدە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئۇدا بىرقانچە كۈن مەن
ئۇنىڭ ئۇچۇن توقۇپ بەرگەن قومۇش تۆشەكتە ياتتى . ئۇ
گۇللەر ۋە يېڭى چۆپلەر ئارىسىدا ياتقۇزۇلغان بولۇپ ، خۇددى
قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقاندەك ئىدى . شۇڭا ، مەن ئۇنى يەرلىككە
قويماسلىقنى قارار قىلدىم .
مەن بىرلا پەنجىرى بار ھۇجرىدا تۇراتتىم . كۈندۈزى
پەنجىرە قاپقاقلىرىنى بېكىتىۋېتىمەن ، چىۋىنمۇ ئۇچۇپ كىـ
رەلمەيدۇ . كەچقۇرۇن قاپقاقلارنى ئېچىۋېتىمەن . ئاي نۇرى
دېرىزىدىن كىرىپ مارىيەنىڭ گۈزەل جامالىنى يورۇتىدۇ...
ھەركۈنى كېچىنى ئىسسىق ياشلىرىمنى تۆكۈپ ، سىڭىڭ ئاشۇ
بەختسىز ئاسراندى قىزىڭ ئۇچۇن ماتەم تۇتۇپ ئېچىنىشلىق
كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزىمەن . مارىيە تاكى نەپسى توختىغانـ
غا قەدەر كېمىگە ئولتۇرۇپ يۇرتى سىتسىلىيە ئارىلىغا قايـ
تىپ بېرىپ ، مۇقەددەس ئىمپېراتورنى قايتىدىن كۆرىدىغان
بەختلىك مىنۇتلار چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ ، دېگەن ئىشەنچتە
بولدى .
كېيىن باغداد خەلىپىسى مېنى ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرى بىـ
لەن بىرگە تاتارلارنى قارشى ئېلىشقا بېرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرـ

گەندىلا ، بىر قېرى ئادەمنى ياللىۋېلىپ ، ساپ ، نۇقسانسىز مارىيەنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ بۈيۈك ئېفرات دەرياسىنىڭ ئېگىز قىرغىقىدىكى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەلدۇق . قەبرىستانلىقتىكى يالغۇز بىر تۈپ پالما دەرىخى تۈۋىدىن ئۇنىڭغا بىر قەبرە كولىدۇق . قەبرە ئالدىغا ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر خاتىرە تېشى ئورناتتىم . ئۈستىگە پالما دەرىخىنىڭ شېخىدىن تەسۋىرىنى چەكتۇردۇم ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب يېزىقىدا «مارىيە» دېگەن خەتنى ئويدۇردۇم .

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئەرەب شاھزادىسى ئابدۇراخماننىڭ دوختۇرى ، قوشۇمچە مىرزا نامى بىلەن كۆڭلۈم توق ھالدا يولغا چىقتىم . ئابدۇراخماننى باغداد خەلىپىسى بۈيۈك تاتار پادىشاھى باتۇخانغا ئەۋەتكەنىدى . كېيىن ، يەنە ئەرەب شاھزادىسىگە ئەگىشىپ باتۇخاننىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى سىپالاتو شەھىرىگە باردىم . مەن بۇ يەردە ياكوۋ ئىسىملىك پوپنى قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇش جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىم . ئۇ بۇ خېتىمنى مېنىڭ مۇقەددەس ئىگەم ، قۇتقۇزغۇچۇم سېنىڭ قۇدرەتلىك قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم قىلدى . مەن سېنىڭ زادى ئۆزگەرمەس ، سېخىي ، كەڭ قوللۇقلۇقۇڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە ئىنئام بېرىشىڭنى ئۆتۈنىمەن .

مېنىڭ ئىستىقبالىم قاراڭغۇ . ساڭا پەقەت تۆۋەندىكى ئەھۋالنىلا ئېيتالايمەن : باتۇخاننىڭ چوڭ قوشۇنىغا ئەگىشىپ ئەمدىلا دەسسەپ - چەيلەپ ۋەيران قىلىنىۋەتكەن يەرلەردىن ئۆتكىنىمدە ، جىنلارمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق دوزاخنى كۆردۈم .

مەن خېتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا ئىتالىيىلىك يۇرتداشلىرىمنى خۇشال قىلىدىغان بىر خەۋەرنى ساڭا يەتكۈزەي . سوغۇق تەلەت باتۇخان بۈگۈن ئەرەب شاھزادىسىگە ئۆزىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشنى توختىتىشنى قارار قىلغانلى-

www.uyghurkitap.com

*قىنى ئېلان قىلدى . ئۇ چوڭ قوشۇننى چېكىندۈرۈپ ئەتىل دەرياسىنىڭ قوينۇلۇش ئېغىزىدىكى پايتەختىگە قايتىدىغان بولدى .*

*ئەگەر سەن بۇ خەتنى ھەممىنى كۆزىتەلەيدىغان كۆز نۇرۇڭ بىلەن ئوقۇيدىغان بولساڭ ، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم ھەمدە بىرىنچى بولۇپ ساڭا تىنچ ئىتالىيىنى كۆيدۈرگۈچى ئورۇش ئوتلىرىنىڭ دۆلەت چېگراسىدا ئۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى ئادەم بولۇپ قالغان بولاتتىم . مەن ئەڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلدىم - ھە . ھالبۇكى ، مېنىڭ تەقدىرىم ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئىلكىدە ! »*

پادشاھ ئورۇندۇقتا يۆلىنىۋالغان ، كۆزلىرى نەملەنگەن ، يۈزلىرى ياش يۇقى ئىدى . ساراي قوغداش ئەمەلدارى بىر چەتتە قىمىر قىلماي ئۆرە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى .

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر . ماڭا سادىق بۇ ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە ، تاتارلار ھۇجۇمنى توختىتىپتۇ ، بەلكى چوقۇم چېكىنىدۇ...

— ئاھ ، مۇقەددەس مەريەم ئانا ! — ساراي قوغداش ئەمەلدارى ئۈنلۈك توۋلىدى - دە ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كرېست بەلگىسىنى سىزىپ چىقىپ كەتتى .

— ئەگەر بۇ خەۋەرنى تىرىگىستوم يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئايغاقچىلىرى ئىسپات قىلالىسا ، ئۇ ھالدا دەھشەتلىك تاتارلاردىن كۆتۈرۈلگەن غەزەپلىك دېڭىز دولقۇنى دۆلىتىمىز چېگراسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چۆللىرىگە قايتىپ كەتكەن بولىدۇ... قانداق قۇدرەتلىك كۈچ تاتارلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالالىغاندۇ ؟ ھازىرچە بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش ئىنتايىن قىيىن !

— ئۇلار ئەسلىدىكى پىلان بويىچە پوتكۇل ئىتالىيە ، فرانسىـ يە ، ئىسپانىيىلەرنى بىر يولى ۋەيران قىلىپ ۋە ئۇ يەرلەردە تەۋرەنمەس ھاكىمىيەت قۇرۇپ ، يات دىن تارقىتىپ ، چىڭگىزخان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن مۇدھىش قانۇنلارنى يولغا قويغان بولسا... بۇ خەۋەرچى موناخقا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك .

موناخ قولىنى ياستۇق قىلىپ قويۇپ ، گىلەم ئۇستىدىلا ئۇيۇ- قۇغا كەتتى . پادىشاھ خەتنى ئاۋايلاپ قاتلىغاندىن كېيىن ئېھتىيات قۇتىسىغا سالدى . ئاندىن كىچىك ياغاچنى ئېلىپ مىس قالقاننى ئۇردى . ئاۋازنى ئاڭلاپ كىرگەن ئەرەب خىزمەتچىسىگە :

— يەلكەنلىك كېمىگە ئېيتقىن ، مېنىڭ مىسىرغا بارىدىغان ۋاقتىم كەينىگە سۇرۇلدى ، — دېدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى قىسىم

# يورۇشنىڭ ئاخىرلىششى

## بىرىنچى باب

## دوناي بويىدىكى سۆھبەت

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن)

«مەن يېزىۋاتقان بۇ ‹سەپەر خاتىرىسى› پات ئارىدا ئاخىرلاشماقچى . بۇ خاتىرە دائىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى . كۈندۈزلىرى ئات ئۈستىدە يورگەندە ئۇنى خۇرجۇنۇمدا ساقلايتتىم . كېچىلىرى ئۇخلىغاندا بېشىمغا ياستۇق قىلاتتىم . خاتىرىنىڭ ئاق قالغان بەتلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس . مەن بۇ بەتلەرگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇغۇچۇم ، ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغان ھۆكۈمرانىنىڭ سۆزلىرىنى يازماقچىمەن .

پۈتكۈل موڭغۇل چوڭ قوشۇنى باتۇخانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ترىگىستومغا ھۇجۇم قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كەينىگە چېكىندى . موڭغۇل قوشۇنى بىتچىت قىلغان قوشماق شەھەر بۇدا ۋە پېش ئەتراپىدا دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ماجارنىڭ پوشتا يايلىقىنى كېسىپ بۇلغارىيە چېگراسى ئەتراپىدا توختىدى ـ دە ، قوشۇنلارنى تەرتىپكە سالدى .

جاھانگىر مۇنبەتلىك ياپپېشىل يايلاقتا ئېغىر تالاپەت كۆرگەن قىسىملارنى ۋە ئۇرۇشتا قازا تاپقان چېرىكلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلـ‍گەن ھەربىي پائالىيەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى . ئەتە ئۇدۇل مۇشۇ جايدا تاتار قوشۇنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈرۈش نىشانىنى ئېلان قىلماقچى...

بۇگۈن كەچكە يېقىن مەن ساھىبقىرانغا ھەمراھ بولۇپ ئېقىنى ئىتتىك دوناي دەرياسى بويىغا كەلدىم . دوناي دەرياسى تاغ بوغۇزىـ‍دىن ئۆتۈپ ئۆركەشلەپ ئېقىپ ، دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئەگىم ھاسىل قىلىپ ، ئاندىن جىمجىت ھالدا شەرققە قاراپ ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلاتتى .

بىز بىلەن بىللە بولغانلار ئىچىدە يەنە قايتىپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئەرەبشاھمۇ بار ئىدى . ئۇ نوۋگورودلۇق ئىسكەنـ‍دەر ، نوۋگورودنىڭ يەر شەكلى ۋە قوشۇنلىرى توغرىسىدا ئىنتايىن مۇھىم خەۋەرلەرنى سۆزلەپ بەردى .

بىز ئولتۇرغان يەردىن دوناي دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا كۆز تاشلىغاندا ، بۇلغارىيە زېمىنىدىكى مۇنبەت تۇزلەڭلىكلەرنى ، تۇزلەڭلىكتىكى چارۋىچىلىق مەيدانلار ۋە ئورمانلارنى كۆرگىلى بولاتتى . ئۇ يەرلەر خىلۋەت ۋە جىمجىت ئىدى . ئۇ يەردىكى ئاھالىـ‍لەر تاتار قوشۇنلىرىدىن قورقۇپ ئىچكىرى رايونلارغا كۆچۈپ كەتـ‍كەچكە ، ھازىر بەكمۇ خىلۋەت ۋە جىمجىت كۆرۈنەتتى . يىراقلارـ‍دىن قىسقا نەيزە تۇتۇۋالـغان بۇلـغار چەۋەنـدازلىرى كـۆرۈنۈپ قالاتتى .

باتۇخان بۇرۇلۇپ ئەرەبشاھقا شۇنداق دېدى :

— بەلكىم سەن بايىلا بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ كىچىككىنە بۇلغار پادىشاھلىقىنى سۈپۈرۈپ تاشلىمىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن . بىز ھەقىقەتەنمۇ قۇدرەتـ‍لىك ، ئاتلىرىمىزنىڭ تۇياقلىرى بىلەنلا بۇ بىر ئوچۇم نېمىلەرنى بىتچىت قىلىپ تاشلاش بىزگە نىسبەتەن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ! باشقىلار شۇنداق ئويلىشى مۇمكىن . ئىككىڭلارغا مەن كۆڭۈل

سىرىمنى ئېيتاي .

مەن باھادىرلىرىمنى ‹تەڭرى قوشۇنى›غا يەنە ئەۋەتمەكچى ئەمەسمەن ! بىز پات ئارىدا ئۇرۇس زېمىنىدىن ئۆتىمىز . ئەگەر نوۋگورودلۇق ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ داڭلىق ئاتلىق قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ بىزنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن قوشۇنىمىزغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قوزغاپ ، غەنىيمەت ئالغان ئۇرۇش ئولجىلىرىمىزنى ۋە ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرۈۋالسا قانداق قىلىمىز ؟ ياق ، بىز بۇلغارىينى گۇمران قىلىمىز دەپ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيمىز . دەرھال كېچ سارىيىغا قايتىپ بېرىشىمىز كېرەك . مېنىڭ سادىق چېرىكلىرىم ئەرەبشاھ ، سەن يەنە بىر قېتىم نوۋگورودلۇق ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا بېرىپ كەل ، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى كېچىككۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ . سەن بارغاندىن كېيىن ، ئىسكەندەرنىڭ ھەرىكىتىنى جىددىي كۆزىتىپ ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇر . مەن ئۇنىڭغا كېچ سارىيىغا كەلگىن دەپ بۇيرۇق بېرىمەن . يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ دېيىدىغان گەپلىرىم بار . ئۇ توغرۇلۇق سېنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك . بۇ كىشى ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك ، كۈچلۈك ، ئەقىللىق دۈشمەندۇر .

شۇ كۈنى ئاخشىمى باتۇخان بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق . ئۇ ماڭا ، ئەتە سەن ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە ماڭغىن ، دەپ بۇيرۇق قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۇرۇش مەيدانىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يۇلتۇزخانغا ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى .

دېمەك ، بۇ سۆزدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى ، مېنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى ئېزىدىغان ۋەقەلەرنىڭ ، شەھەرلەرنى خاراب قىلىپ ، دەريا ـ دەريا قان ئاققۇزىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ شاھىتى بولۇپ ۋە بۇ توغرىدا قەلەم تەۋرىتىپ خاتىرە يازىدىغان دەۋرىمنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئاز قاپتۇ .

بىراق ، مەن قىسقا بىر بايان بىلەن بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ قول



www.uyghurkitap.com

ئۇزۇش ئالدىدا تۇرغان ھەسرەتلىك تەقدىرىمنىڭ ئاخىرلىششىنى بايان قىلىپ ئۆتەي .
يىسۇن نوغاي باتۇخاننىڭ ئىجازىتى بويىچە «جىنىدىن تويغان-لار» تۇمەننى باشلاپ دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، بۇلغار پادىشاھ-لىقىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى . ئۇ ئۆزى بىلەن رۇم مەلىكى-سى دافنىنى ئېلىپ كەتكەنىدى . بۇ مەلىكە بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىدە ئۆزىنىڭ چىداملىقلىقى ۋە قەيسەرلىكىنى كۆرسەتتى . جەرراھلىقتىكى يۇقىرى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، كېيىنقا ھۇ-جۇم قىلىشتا ئېغىر يارىلانغان نوغاينىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قال-دى . ئۇ نوغايغا يەنە ، ۋىزانتىيە پايتەختىنى بويسۇندۇرۇشۇڭغا ياردەم قىلىمەن ، دېدى .
ئۇلار بىلەن بىرگە كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە خەلىپىنىڭ ئەلچىسى ئابدۇراخمانمۇ بار ئىدى . بۇ قورقماس ، شىر يۈرەك ، مەردانە ئەلچى باتۇخاننىڭ ئادەم قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى . ئۇ باغدادقا بېرىپ خەلىپىگە ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغان دەھشەتلىك بوراننىڭ گۈللەپ - ياشناۋاتقان زېمىننى نابۇت قىلىپ كېتىشىدىن ھوشيار بولۇشنى ئاگاھلاندۇرماقچى . مېنى خۇشال قىلىدىغىنى ، ھېلىقى ئايال رەھ-مالنىڭ ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بۇ جەسۇر يىگىتنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدا ئېيتقان ھۆكۈمىنىڭ توغرا چىققانلىقى . گەرچە ئۇ پۈتكۈل يۈرۈش جەريانىدا بۇ ئىشنى ئەستىن چىقارمىغان بولسىمۇ ، لېكىن تا ھازىرغىچە بىرسىگە ئاشكارىلىمىدى .
باتۇخاننىڭ تەربىيىچىسى ، تەرسا سۇبەتەي باھادىر بىزدىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى . تەربىيىچى بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدا «ئا-خىرقى دېڭىز»غا بېرىش - بارماسلىق ئىشىدا يۈز بەرگەن ماجىرانى ئەپلەشتۈرۈش ئىنتايىن تەسكە توختايتتى .
«تەقۋادار» دۇتانمۇ خېلى بۇرۇنلا بىزدىن ئايرىلىپ كەتتى . ئۇ ئىنتايىن سىرلىق ئادەم ئىدى . گەرچە مەن خېلى يىللاردىن

بېرى ئۇنىڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئۆتكەن بولسامۇ ،
لېكىن ئۇنىڭ زادى كىم ئۇچۇن كەتمەن چاپىدىغانلىقىنى، ھازىر
قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم .

ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ،ئاخىر
كېچە ـ كۈندۈز ئارمان قىلىپ يۈرگەن مەككىگە كېتىۋاتقان تاۋاپ-
چىلار كۆرۈندى . ئەنە ئۇلار ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر !»

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# يۇلتۇز خاتۇننىڭ يۇلتۇزى كۆچتى

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن)

«... بۇ كۈتۈلمىگەن، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ۋەقەنى يېزىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە. كېچ سارىيىغا قايتىپ كېلىش ئۈزۈن سەپەر جەريانىدا، ئۈستۈمدىكى تونۇمغا، ساقاللىرىمغا غەيرەت ۋە چارچاشنىڭ ئېغىر چاڭلىرى قونغانىدى.

پۈتلىرىدىكى ئېغىر كىشەنلەرنىڭ بىر ئۈچىنى ئۈزۈن ئورۇندۇقتا مىخلاپ قويغان 12 پالاقچى ھەيدىگەن كېمە بىلەن ئەتىل دەرياسىدىن ئۆتتۈم. شۇ چاغدا دەريا سۈيى بىلەن يۈز - قولۇمنى يۇيۇپ، ئاندىن ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ مېنى بۇ قېتىمقى ‹قۇياش پاتقان ئەللەر›گە قىلىنغان مىسلى كۆرۈلمىگەن جازا يۈرۈشىدە ئۆز پاناھىدا ئامان - ئېسەن ساقلىغانلىقىغا، يۈرۈشتىن كېيىن باتۇخاننىڭ قۇرۇلۇۋاتقان ياش پايتەختىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە نېسىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم.

‹ئالتۇن ئوردا›نىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان قىياپىتى يىراقتىكى تۆپىلىكتە نامايان بولدى. ئۇ يەردە تاتار خانىنىڭ سادىق جورىسى، ساپ دىل، مۇلايىم يۇلتۇز خاتۇن خانىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە. بىز بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دەريا ساھىلىدا نۇرغۇن كەپىلەر ۋە كۆمىلاچ بىلەن ياسالغان كىچىك - كىچىك ئۆيلەر بەرپا بوپتۇ. كەپە ۋە كىچىك ئۆيلەردە چەت ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ۋە ئۇستىلار تۇرىدىكەن. تەز-

www.uyghurkitap.com

لىرى مېيىپ بولغان، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ئەسىرلەر ھەممىلا جايدا كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلارنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنىغانىدى.

ئېتىمنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ ئاستا قوم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. گەرچە بۇ ئات ۋە ئات ئۈستىدىكى ئېگەر باتۇر ئوغلانغا مۇناسىپ ئورۇن بولسىمۇ، بىراق مەندەك خۇداگۇي ئادەمگە نىسبەتەن، يەنىلا چىراغ ئاستىدىكى گىلەمدە ئولتۇرۇپ كىتاب دېڭىزىدىن بىلىم ئىزدەش ھەممىدىن ئەلا ئىدى. مېنىڭ يۇرتۇم بولۇپ قالغان بۇ زېمىننىڭ مۇزدەك تۇپرىقىغا دەسسىگىنىمدە قەلبىم چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە مېنى يەنە قانداق بالا ـ قازالارنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى خىيالىمغا زىنھار كەچمىدى.

‹ئالتۇن ئوردا›نىڭ دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان ئىككى قاراۋۇل قىمار ئويناۋېتىپتىكەن. مېنى كۆرۈشى بىلەنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، چاپىنىمنىڭ پەشلىرىنى سۆيۈپ كەتتى، ئاندىن باشلىرىنى ئىككى يانغا ئىرغىتىپ، بىردە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، بىردە ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ، بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي سۆزلەشكە باشلىدى:

— بالا ـ قازا! بەختسىزلىك! ساھىبقىرانغا يامان بولدى! بىزگە يامان بولدى!

— تېز سۆزلە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— بۇ ‹شۇم خەۋەر›نى ئالدى بىلەن ماڭا ئېيتتى دەپ بىزنى جازاغا تارتمىساڭلار ساڭا ئېيتايلى.

— قورقماڭلار!

— پاك ـ دىيانەتلىك خانىشىمىز ئالەمدىن ئۆتتى!

ئىككى قاراۋۇل سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دەرھال ئوردا دەرۋازىسىغا قايتىپ بېرىپ ئادەتتىكىدەك قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىدا قېتىپ تۇرۇشتى.

— ئابدۇللا! سادىق! دەرھال چىقىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى قاراۋۇللارنىڭ بىرى.

دەرۋازىدىن ئىككى مالاي يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرد-
نى قولۇمدىن ئالدى .

مەن ئېسەنكىرەپ كەتتىم . ئېغىر مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىنكى كۆڭۈلسىز ھېسسىياتىم بىلەن ئوردا ئىچىگە
كىرىپ ، سۈكۈت ۋە ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمگەن پەلەمپەي ئارقىلىق
يۇقىرىغا ئۆرلىدىم...

سىلىق تاختايلاردىن كۆڭۈل قويۇپ ياسىغان ئاپئاق تاختىدا ،
رەڭگارەڭ تاۋار - دۇردۇنلارغا پۈركىنىپ يۇلتۇز خانۇن ياتاتتى .
ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويغان ، بىر قولىغا بىر دەستە گۈل
تۇتقانىدى . ئىنتايىن تونۇش ۋە مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك
بولغان بۇ چىرايغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم . مەن ئۇنى
تۇنجى قېتىم كۆرگەندە ، يەنى ئۇ ماڭا سۈت ۋە پىشلاق ئېلىپ
كەلگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ (ئۇ چاغلاردا ئۇ بىر كىچىك قىز
ئىدى ) مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم . لې-
كىن ، بۇ پاك مۇھەببىتىمنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا
ئىزھار قىلمىغان ۋە سەزدۈرمىگەنىدىم . ئۇ مېنىڭ ھاياتىم ، پۈت-
كۈل ھاياتىمنىڭ خۇشاللىقى ، ھاياتىمنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىدى .

تاختىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بېشىنى ئاق رەخت بىلەن چىگىپ
قارىلىق تۇتقان خىتاي دېدىكى يى لىيەنخې گىلەم ئۈستىدە جىمجىت
ئولتۇراتتى . بۇ ئايال ئەينى يىللاردا ئۆزىنىڭ ئېرى ۋە سۆيۈملۈك
ئوغلىدىن ئايرىلغان... بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈۋرۈكى-
دىنمۇ ئايرىلغانىدى . ئۇ جۇدەپ خۇددى خىتاينىڭ لايدىن ياسىغان
ھەيكەللىرىگە ئوخشىشىپ قاپتۇ . ئۇ خۇنۇك كۆزلىرىنى ئالدى-
نىدا تۇرغان ، قىپقىزىل ئانار ئۇرۇقىدەك جۇلالىنىپ تۇرغان
ئۈنچە - مارجاندىن ئۈزمەيتتى . ئۇ مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ ،
مەن بىلەن تىنچلىق سوراشمىدى . پەقەت زەئىپ ئاھاڭدا گەپ
ئاچتى :

— بۇ تاختىنى ئەقىللىق دوستىمىز ، ئوردىنىڭ قورغۇچىسى
لى تۇڭپۇ ئۆز قولى بىلەن ياسىدى . ئۇ سۆيۈملۈك بولبۇلىمىز

ئۆلۈشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن. يۈلتۈز خاتۇن يىراقتا قىلىنغان يۈرۈشنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانىدى. يۈلتۈز باتۇخاننىڭ لى تۇڭپۇدىن ئەۋەتكەن سوۋغىتىغا ئېتىبار قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئۇنچە - مارجاننى ئېلىپ ماڭا ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭچە، بۇ گۆھەر - مارجان خۇددى قان تامچىلىرىغا ئوخشىشىدىكەن، ماڭا مېنىڭ ئازاب بىلەن ئۆتكەن ھاياتىمنى داۋاملىق ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن. كېيىن ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيدىغان لى تۇڭپۇ ئۇنىڭ ئاكىسى مىسقىنىڭ بايدارخان بىلەن بىللە ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلىقىنى ئېيتتۇدى، يۈلتۈز چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ: «ئۇنى قەيەرگە دەپنە قىلدى؟» دەپ ئالدىراپ سورىدى. لى تۇڭپۇ: «ئۇنىڭ جەسىتى، بايدارخاننىڭ ۋە شۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن باشقا چېرىكلەرنىڭ جەسىتى بىلەن بىرگە گۈلخان ياساپ كۆيدۈرۈلدى. بىز بارلىق قەھرىمان چېرىكلەر بىلەن گۈلخاننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ قۇربان بولغان باھادىرلىرىمىزغا يىنىشلاپ مەرسىيە ئوقۇدۇق» دېدى.

بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۈلتۈز خاتۇن خۇددى تاش ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھېچكىم بىلەن پاراڭ قىلماي بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ شۈككىدە ئولتۇراتتى، يۇم - يۇم يىغلايتتى. مەن بۇنداق ئەھۋالنى ئۇنىڭ بوۋىقى (باتۇخان بۇ ئوغۇلىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كېچە - كۈندۈز ئارمان قىلىپ يۈرگەن) زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ۋاقىتتا كۆرگەنىدىم. ئۇ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايتتى. بىر كۈنى ساھىبقىراننىڭ ئىككى ئايالى كەلدى — ئۇلار يۈلتۈز خاتۇننى يوقلىغىلى كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن بىر بالايىقازا ئېلىپ كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۈزۈم، ئالما، تاتلىق قوغۇنلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. مەن يۈلتۈزغا بۇ نەرسىلەرنى يېمە دەپ پىچىرلاپ قويدۇم. يۈلتۈز ماڭا: «ئەمدى ماڭا ھەممە نەرسە بەربىر» دېدى. بىرئازدىن كېيىن ئىككى خانىش قايتىپ كەتتى. يۈلتۈز خاتۇننىڭ قورسىقى ئاغرىشقا باشلىدى، ئۇ راستتىنلا زەھەرلەنگەن-

دەك ئىدى . ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيان ئاتاتتى ، نالە قىلاتتى . ئاخىر ئاستا ـ ئاستا ھوشسىزلىنىشقا باشلىدى . تېۋىپلار ، مۇنەججىملەر كەلدى ، لېكىن ھېچقانداق مەنپەئەت بولمىدى . ھەي··· سەن ھاجى رەھىمنىڭ يوقلۇقى شۇنداق بىلىنىدى . كېيىن ، ئۇزۇن ئۆت-مەيلا ··· — خىتاي دېدىكى ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ، يۇلتۇزنىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ مەرھۇمنىڭ جەسىتىگە (مەن ئۇچۇن غايە ، جاھانكەزدى ھاياتىمنىڭ خۇشاللىقى بولغان چىرايغا ) سەپسېلىپ قارىدىم . ئۇنىڭ يېقىملىق چىرايىدىكى تەبەسسۇمنىڭ ئورنىنى جىددىيلىك ۋە ئېغىر سۈكۈنات ئىگىلىگەن ، نازۇك قەلەم قاشلىرى يادەك ئېگىلگەنىدى . ئۇنىڭ قەلەمدەك قاشلىرىنىڭ مىدىرلىشىنى ، كىشىنىڭ قەلبىنى لال قىلىدىغان كۆزلىرىنىڭ بىر دەقىقە بولسىمۇ ئېچىلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە (ئىچىمدە خۇدادىن ئىلتىجا قىلدىم )···

ئۇنىڭ ماڭا قاراپ ئۇنسىز ھالدا : «ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ماڭا بىر قارىۋال ، مەن يەتتە يۇلتۇز تۇركۇمىدىن ئۇچۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرىمەن . بىز يەنە قاچان ئۇچرىشىمىز ، بۇ ماڭا نامەلۇم . ھازىر بىرلا سەن يوق . كەلگۈسىدە بىز ئاشۇ جايدا كۆرۈشىمىز··· » دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم .

مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم . خىيال دېڭىزىنىڭ ئاستىنى تەلۋىلەرچە ئاختۇراتتىم . بېشىم قېيىپ ، كۆزلىرىم قا-راڭغۇلاشتى . ئۇ راستىنلا مېنى كۈتۈپ تۇرغاندىمۇ ؟

لى تۇڭپۇ كىرىپ كەلدى . ئىككىمىز قەدىناس دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلدۇق . ئورتاق قايغۇ ـ ھەسرەت بىزنى تېخىمۇ چىڭ باغلىۋەتكەنىدى .

بىز يۇلتۇز خانۇنىنى قەيەرگە دەپنە قىلىش ، قانداق دەپنە قىلىش ، دېگەندەك كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق . شۇنىسى ئايانكى ، يۇلتۇز باتۇخاننىڭ ھىمايىسىدە خاننىڭ باشقا خانىشلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئەركە خانىش بولسىمۇ ، لېكىن چىڭگىز-خاننىڭ جەمەتى ئىچىدە ئۇ يەنىلا خاننىڭ بىر توقال خوتۇنى ،

خالاس .

ئەقىلىلىق خىتاي دېدىكى يې لىيەنخې مۇنداق مەسلىھەت بەردى :
‹مېنىڭ يىراقتىكى يۇرتۇم خىتايدا مۇنداق بىر ئادەت بار . خىتاي پادىشاھى ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق خانىشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ، خانىش هايات ۋاقتىدا تۇرغان سارايىنىڭ ئىچىدىكى گۈللۈككە دەپنە قىلىدۇ . مەرمەر تاش ياكى ياۋا تاشنى قەبرە تېشى قىلىپ تىكلەيدۇ . سىلەر ئەڭ يېقىن كىشىلەرنى چاقىرىڭلار . بىز بۇ سۇباتلىق خانىشنى مۇشۇ كىچىك گۈلخانىغا دەپنە قىلايلى . قولى ئەپچىل بىرەر تاشچى ئۇستام تېپىپ قەبرە تېشىغا غازاڭ بولغان گۈلنىڭ تەسۋىرىنى چەكتۈرەيلى ، يەنە گۈل ئۈستىگە بىر يۇلتۇزنى چەكتۈرەيلى .›

لى تۇڭپۇ خىتاي دېدەكنىڭ تەكلىپىگە ئاپىرىن ئېيتتى ھەمدە باشقا ئادەمنى ئىزدەشنىڭ هاجىتى يوق ، باتۇخان يېتىپ كەلگۈچە قەبرە تېشىنى ئۆزۈم چېكىمەن ، دېدى .

كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن يۇلتۇز خاتۇننىڭ جەسىتىنى ئۆزى هايات ۋاقتىدا تۇرغان ئوردىنىڭ گۈللۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەپنە قىلدۇق . دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئۆزۈم يالغۇز قالدىم . قەبرە ئالدىدىكى ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ جاھانكەزدىلىك بىلەن ئۆتكەن ، مۇھەببەتنىڭ ۋەسلىگە يەتمىگەن ، بەختىنىڭ لەززىتىنى تېتىمىغان هاياتىمنى ئەسلىدىم . مەن قەيەرلەردىن بەختىمنى ئىزدەيمەن ؟ بېشىمنى كۆتۈرۈپ خىرەلەشكەن ئاسمانغا قارىدىم . ئاسماندا يېگانە بىر يۇلتۇز چاقناپ تۇراتتى . ئېهتىمال بۇ يۇلتۇز يۇلتۇز خاتۇن روھىنىڭ ئىككىنچى بىر دۇنياغا كۆچۈپ كەتكەن مۇقەددەس روهى بولۇپ ، هازىر يىراقتا تۇرۇپ مېنى يېنىغا چاقىرىۋاتقاندۇ… دېگەنلەرنى ئويلىدىم . بىراق بۇ ئالەمنىڭ سىرىنى كىممۇ ئېچىپ بېرەلىسۇن ؟

يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭ باتۇخاننىڭ غالىب قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە يۇرۇش قىلغان ۋاقتىمدىكى ‹سەپەر خاتىرىسى› گە يېزىلغان قايغۇ ـ ھەسرەتلىك خاتىرىلىرىمنىڭ بىر قىسمى .»

# ئۈچىنچى باب

## باتۇخاننىڭ ئەندىشىسى

(ھاجى رەھىمنىڭ «سەپەر خاتىرىسى»دىن)

«باتۇخاننىڭ كېچ سارىيىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، لېكىن يۇلتۇز خاتۇننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە ھېچكىمنىڭ جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ مەسئۇلىيەتنى دادىللىق بىلەن ئۈستۈمگە ئالدىم. باتۇخان بۇ كۈتۈلمىگەن ‹شۇم خەۋەر›نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ كاللامنى ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ سوئال سورىمىدى. ئۇ ئىنتايىن كەم سۆز ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنى خاۋاتىرگە سېلىۋاتقان باشقا ئىشلارمۇ باردەك كۆرۈنەتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مېنى چاقىرتىپ مۇنۇلارنى دېدى:

— مەن يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولدۇم. ئوغلۇم سەرتەكنىڭ ھەربىي ئىلىمنى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بىلمەك بولۇپ، بىر كۈنى ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا تۇيدۇرماي باردىم.

مەن ئۇنىڭغا سەپەر ئۈستىدىمۇ، ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس تەيىنلەنگەن خىتايلىق ھەربىي ئۇستازدىن تەلىم ئېلىشنى تاپىلىغانىدىم، شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ھەربىي ئىلىمنى ئۆگەنمەكتە. ‹ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش›، دېگەن داڭلىق كىتابنى ئوقۇدى. ھەربىي ئۇستازنى بىز ‹قۇياش پاتقان ئەللەر›گە يۈرۈش قىلىشنىڭ

ئالدىدا موڭغۇل قوشۇنىنىڭ قوماندانى مۇخۇلى خىتايدىن ئەۋەتىپ بەرگەندى .

سەرتەكنىڭ چېدىرىغا پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەلدىم . ئىشىك كىگىزىنى ئاچماقچى بولغان تۇرغاۋۇتنى توختىتىپ ، ئىچىدە بولۇۋاتقان گەپنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىم . چېدىر ئىچىدە ئىنتايىن پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى . ئاۋاز شۇنچە پەس بولسىمۇ ، لېكىن ئاڭلىغىلى بولاتتى . چېدىر ئىچىدە پال ئېچىۋاتاتتى . ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ خىرقىراپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى : ‹بۇ مۇقەددەس جاي — مەككىدىن ئەكەلگەن ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان دورا . شەپەرەڭ ، ئاق كەپتەرنىڭ تۇخۇمى ۋە يەتتە تال قارا چايانىنى قورۇتۇپ سوقۇپ ، بۇ دورىغا ئارىلاشتۇرۇپ قازانغا سېلىپ ئازراق سۇ قويۇپ ، سۇس ئوتتا قايناتىمىز . بۇنىڭ بىلەن تەييارلانغان دورىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ . بۇنى ئىچسەڭ ھەرقانداق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايسەن... ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىدە گەپ يوق... ›

مەن چېدىر ئىچىگە كىرسەم ، سەرتەك گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپتىكەن . گۈلخان ئۈستىگە بىر قازان ئېسىقلىق تۇراتتى . تەخت ۋارىسىنىڭ يېنىدا بىر مۇسۇلمان ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بېشىغا يۆگىگەن ئاق سەللىسىگە قارىغاندا ، ئۇ مۇھەممەدنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدەك قىلاتتى . ئۇ ئىككىسى مېنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى .

ھېلىقى ھەرىبىي ئۇستاز ئۇلارنىڭ سەل نېرىسىدىكى گىلەم ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇنىڭ يېنىدا بىر ساپال كوپ ۋە بىر پىيالە تۇراتتى . پىيالىگە لىپمۇلىق مەي قۇيۇلغانىدى . ئۇستاز كۆزلىرىنى يۇمۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى :

تۈن پاتقاندا ھېچ يەر كۆرۈنمەيدۇ ،
ھارۋىلار ماڭسىمۇ ئىزى قالمايدۇ ،
گۈزەلنىڭ ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدۇ...

سەرتەك بىلەن مۇسۇلمان كۆزلىرىنى يوغان چەكچەيتىپ يەر ئاستىدىن ماڭا قارىدى. قازاندىن كىشىنى مەست قىلغۇچى بىر پۇراق چىقاتتى.

— بۈگۈن سەن سالغان پالغا نېمىلەر چۈشتى؟ — دەپ سورىدىم مەن ھېلىقى مۇسۇلماندىن.

ئۇ دەرھاللا ئىشەنچ بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— سەرتەك خاننىڭ مەڭگۈ غالىب بولۇپ دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغانلىقى چۈشتى.

— ئۇنداقتا سەنچۇ؟ ھەممىنى بىلگۈچى مۇسۇلمان؟

پالچى دۇدۇقلاپ دېدى:

— مەنمۇ؟ ھە... پال يەنە مۇنۇلارنى سۆزلىدى: مەن سىزنىڭ تېۋىپىڭىز ۋە پالچىڭىز بولۇپ خىزمىتىڭىزدە بولىدىكەنمەن. مەن خانلارنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، خانغا ئۇزۇن ئۆمۆر تىلەيمەن. خان تەختى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە ئاسايىش ئىچىدە ئۆتكەي.

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىنكى ئىشلار. سەن ھازىر مۇشۇ پەيتتە بولىدىغان ئىشلارنى ھۆكۈم قىلالمايسەن-دە، بۇ سېنىڭ كاززاپلىقىڭنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشۇڭ كېرەك! تۇرغاۋۇت! بۇ يالغانچى كاززاپنى دەرھال مېنىڭ ئىنىم بىرىك خانغا تاپشۇرۇپ بەرگىن، ئۇنىڭغا ئېيت. بۇ ئالدامچىنى ئوبدانراق ئەدەپلەپ قويسۇن. بىرىك خان بۇنداق مۇسۇلمانلارغا ئامراق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار دائىم ئۇنى ئەگىپ كېتەلمەيتتى.

باتۇخان ماڭا بىر پەس قارىغاندىن كېيىن:

— مەن ئەنە شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈردۈم. بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئىگىسى ھاجى رەھىم، سەن ئېيتقىنا، مېنىڭ دېگەنلىرىم توغرىمۇ-يوق؟ — دېدى.

— مەن نېمە دېسەم بولار؟ مەن گويا دەرەخ يوپۇرمىقىدىكى بىر تال ئاجىز قۇرت، ھەرقانداق بىر ئۇچار قۇش مېنى يەۋېتەلەي-

دۇ . بىراق ، مەن ئەقىل - پاراسەتلىك ، مۇقەددەس بوۋاڭنىڭ سۆزى بىلەن ساڭا ئىككى ئېغىز تەنبىھ ئېيتماقچىمەن . ئىجازەت قىلغايسەن ؟

— سۆزلە !

— سېنىڭ ئەتراپىڭدا يۈرگەن مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كۆپ . بىراق شۇنى بىلىشىڭ لازىمكى ، سېنىڭ سادىق يۆلەنچۈكۈڭ ئۇلار ئەمەس ، بەلكى سېنىڭ جەمەتىڭ ، گوبى ، قۇرلۇن ، ئۇنۇن ، ھىندىگانلاردىن كەلگەن موڭغۇللاردۇر . بىر موڭغۇل ئون ، ھەتتا يىگىرمە قىپچاققا تەڭ كېلەلەيدۇ .

— بۇ دېگەنلىرىڭ ماڭا ئەزەلدىن ئايان . مېنىڭ ھازىر دېمەكچى بولغىنىم باشقا بىر ئىش . مۇبادا مەن ئەتىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتسەم ، كىم مېنىڭ تەخت ۋارىسىم بولۇشى كېرەك ؟ ئوغلۇم سەرتەكمۇ ؟ مەن ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمايمەن . ئۇ چاغدا ، سۇزدالى كىنەزى يارۇسلاۋغا قاراپ ئىچىم تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ . ئۇ ھازىر مەن يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن كىنەزلىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن گۈللەندۈرۈۋاتىدۇ ۋە مۇستەھكەملەۋاتىدۇ . مېنىڭ كۆزۈمنى قىزارتىۋاتقىنى ، ئۇنىڭ ياش ئىسكەندەردەك بىر ئوغلىنىڭ بولغانلىقى . ئۇنىڭ ئوغلى شانلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ ، ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، دۆلىتىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ . ئەلۋەتتە ، مەن ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرمەيمەن ، رۇسلارنى چەيلەپ يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن . ئۇلارنى خۇددى بىر ئۈيۈر يىلقىنى باشقۇرغاندەك باشقۇرىمەن . ئۇلار مېنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ . بىراق...

باتۇخان بىر پەس جىمىپ قالدى ، ئاندىن قولى بىلەن شەرقنى — موڭغۇل يايلىقى تەرەپنى كۆرسىتىپ :

— كەلگۈسىدىكى يېشىل چېدىر خانىدانلىقى ئاشۇ تەرەپتە قۇدرەت تاپامدۇ ياكى بىز تەرەپتىن ھېلىلا بىتچىت قىلىنغان كەيىنىمىزدىكى دۆلەتلەردىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ئېھتىيات بىلەن:
— ئەگەر سەن ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك بولساڭ، ئۇ خانىدان بىر يەردە ئەمەس، بەلكى كۆپ جايلاردا گۈللىنىشى كېرەك.
— لېكىن، بۇ قۇدرەت تېپىش كىم ئۈچۈن؟ كىم مېنىڭ ۋارىسىم بولالايدۇ؟ ئاتا - بوۋىلىرىم زىلزىلىگە كەلتۈرگەن دۇنيانى كىم ئاخىرغىچە تىزگىنلەپ تۇرالايدۇ؟ سەرتەكمۇ؟ ئۇ ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىدى. بىراق، نوۋگورودلۇق ئىسكەندەر بۇنداق ئەمەس. ئەرەبشاھنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دائىم جەڭنىڭ ئەڭ كەسكىن بولۇۋاتقان يېرىدە پەيدا بولىدىكەن ھەمدە ئاز ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئادەم تاڭ قالارلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىكەن... مەن ئەسلىي، كېچ سارىيىغا قايتىپ كېلىپلا يۇلتۇز خاتۇننى كۆرىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. يۇلتۇز ئۆزىنىڭ سېخىي قولى بىلەن ماڭا بىر تەخت ۋارىسى بەرمەكچى بولغان، ئۇ ۋارىس مېنىڭ دادام جۇچىغا ياكى سەن چوقۇنىدىغان ئىسكەندەرگە ئوخشاش باھادىر بولۇپ چىقاتتى. لېكىن، مېنىڭ ئۈمىدلىرىم كۆپۈككە ئايلاندى. يوشۇرۇن دۈشمەن، يەنى گۈيۈك خاننىڭ ئادەملىرى ۋارىسىمغا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار مېنى رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئالمايدۇ دەپ قالمىسۇن. مەن ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇمايمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ ئەكېلىپ، بىر - بىرلەپ تېرىسىنى تەتۈر سويىمەن.

شۇ چاغدا بۈيۈك پىلان ۋە قەلبىمدىكى ئازاب پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغانىدى. بۈگۈن سەرتەكنىڭ چېدىرىغا يەنە بىر قېتىم بارىمەن. ئېھتىمال سەرتەك ئۇستازى بىلەن ھەربىي تاكتىكىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندۇ. يېڭى بىر ھەربىي يۈرۈش پىلانىنى يۈرەكلىك تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقاندۇ؟ ئەگەر مېنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى ئىسپاتلاپ، سەرتەك بىر ھەققىي چېرىك ۋە قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، مەن قانچىلىك بەختلىك بولاتتىم - ھە...

بىز يەنە خېلى ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، «قۇياش پاتقان ئەللەر»گە قىلىنغان جازا يۈرۈشىدە قۇربان بولغان سەپداش-

www.uyghurkitap.com

لارنى ئەسلىدۇق . ئۇلار يايلاقلارنى ۋە يايلاقتا قۇرۇلۇۋاتقان بۇ كېچ سارىيىنى كۆرەلمىدى . بىز سۆيۈملۈك يۇلتۇز خاتۇننىڭ بىقىملىق ناخشىلىرىنى ۋە ئاقىلانە نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ بۇ «ئالتۇن ئۇردا» دا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەنىدۇق .

باتۇخان مېنى باشلاپ ۋەلىي ئەھدىنىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە بارغاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى . سەرتەكنىڭ چېدىرى ئالدىدا ئۈچ ئادەم تۇراتتى . ئۇلارنىڭ بىرى ساھىبقىراننىڭ ئىنىسى بىرىك خان ، يەنە بىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان مۇسۇلمان چاكار ، ئۈچىنچىسى «غەزەپ خەنجىرى » دېگەن لەقىمى بار جاللات ئىدى .

بىز چېدىرغا كىرسەك ، ھېلىقى خىتاي گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ يېنىغا بىر چىراغ قويۇلغانىدى . رەزگى كەلگەن سەرتەك ھۆرمەت بىلەن دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى . باتۇخان ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ قويدى . ئاندىن ھەممىمىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق . خىتاي ھەربىي ئالىمنىڭ ئالدىدا بىر قىسىم قولليازمىلار تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل كىيىملىرىنى كىيگەن چەت ئەل قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى ۋە قورغانلارنىڭ ، لەخمىلەرنىڭ شەكىللىرى سىزىلغانىدى . بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن بۇ خىتاينى كۆرگەنىدىم ، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەشكەنمۇ ئىدىم . بۇ خىتاي كەكە ساقال قويۇۋالغان بولۇپ ، ئۆزى ياداڭغۇ ، چىرايى تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى . بەلكىم زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئاقىۋىتى بولسا كېرەك . ئۇ ماڭا زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتقانىدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، زەھەرلىك چېكىملىكنى چەككەندە كىشى تۇرمۇشتىكى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىپ ، يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، قەدىمكى داڭلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، ئەڭ تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان خۇشاللىقتا ئېرىشكىلى بولىدىكەن . بۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ ئىككى قولى توختىماي تىترەيتتى .

تى . شۇڭلاشقا ، مەن ئۇنىڭ ئىزى بىلەن ماڭماسلىق ، ئۆزۈمنىڭ ئىرادەمنى يوقاتماسلىق ، سەگەك مېڭەمنى كېرەكتىن چىقارماسلىق قارارىغا كەلگەنىدىم .

باتۇخان سەرتەكنى قوچاقلاپ ماڭلىيىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ دېدى :

— ھازىر سېنىڭ نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن . سەن بۇ ئالدامچى كاززاپنى ئاپىرىپ ئۇنىڭ كارامىتىنى بىر ئاڭلاپ كۆرگىن . سەن شۇ نەرسىنى ئېسىڭدە ساقلىغىنكى ، بۇگۇن ئۇ قانداقتۇر بىر دورىلىرىنى ئىشلىتىپ مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرسە ، ئەتىسى ئۇنىڭ قولى ساڭا سوزۇلىدۇ . ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ تاپىلى-شى بويىچە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىپ قوي . ئۇنىڭ كاتتىۋېشى كىم ؟ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا قىلدۇرۇۋاتقان كىم ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئايدەك ئېنىق . چېدىر ئەتراپىدا ئۇشلاپ قويۇلغان تۇۋرۇكلەر بار . ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۇنىڭ ماكانى بولىدۇ .

باتۇخان سەرتەككە يەنە شۇنداق دېدى :

— بالام ، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا ! سېنىڭ ئەۋلىيا ئاتا - بوۋىلىرىڭ ماڭا كۆپ قېتىم مۇنۇلارنى ئېيتقان : ئەينى يىللاردا سېنىڭ موماڭ موڭغۇل يـايـلاقلىرىدا سەرگەردان بولغان ، شۇ چاغلاردا موماڭنىڭ كەينىدىن ياۋۇز گىنالىسلىقلار قوغلاپ كېلىۋا-تاتتى . لېكىن ، موماڭ باتۇر ، چەبدەس جاسارىتى بىلەن بۇلاردىن قۇتۇلۇپ قالغان ھەم مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە موماڭ يېرىم يولدا بىر بالا تۇغقان . بۇ بالا دەل مېنىڭ دادام پادىشاھ جوچى ئىدى .

موماڭ ئۇ چاغدا بوۋاقنى ئورايدىغان نەرسە يوق ، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان قەھرىتان سوغۇقتا شىلىم بىلەن بالىنىڭ بەدىنىنى سۈ-رۈپ ، ساق - سالامەت ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئەكەلگەنىكەن . سېنىڭ موماڭ - بوۋاڭ مـانـا مۇشۇنداق ئـاچ - يالـىڭاچلىق ، جاپا - مۇشەققەتلىك سىناقـلاردا ئۆسـۈپ يېتـىلىپ چىققـان . سەنچۇ ؟ تاۋار - دۇردۇن ئۇستىدە تۇغۇلۇپ ، يىلپىز تېرىسى ئۇس-

تىدە چوڭ بولدۇڭ . سەن سىناقلاردىن ئۆتكەن قەيسەر نۆكەر بولۇپ يېتىشىپ چىقالامسەن؟ سەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلاردىن بولۇپ چىقالامسەن؟ مەن سەن ئۇچۇن بارلىق بىلىملەرگە باي ، ئالدىنقىلارنىڭ ئەلەم تاكتىكىلىرىنى بىلىدىغان ، ئەڭ بىلىملىك خىتاي ئالىمىنى ئەكەلدۇردۇم . سەن ئۇنىڭدىن ئۆگەندىڭمۇ؟ سەن بىلىشكە تېگىشلىك ۋە بىلمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئۇ ساڭا سۆزلەپ بەردىمۇ؟

— مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن چۈشىنىۋاتىمەن ، — دېدى سەرتەك دىمىغىدا ، — سىز قوماندانلىق قىلغان ئۇرۇش ، سىز قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ۋە سىزنىڭ ھەرخىل تەربىيىلىرىڭىز ئالدىدا ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ .

— ھازىر سېنىڭ ئوقۇتقۇچۇڭ ماڭا ھەربىي بىلىملەرنى سۆزلەپ بەرسۇن ، مەن ئاڭلاپ باقاي ، بەلكىم ئۇنىڭ سۆزلىگىنى ماڭا نىسبەتەنمۇ زىيانلىق ئەمەستۇ .

بۇ خىتاي ئىككى قولىنى جۈپلەپ ساھىبقىرانغا قاراپ بىرنەچچە قېتىم تەزىم قىلىپ ، ئاندىن كېيىن كۆپ يىللار موڭغۇللارنىڭ ئارىسىدا ئەسىر بولۇپ يۈرگەندە ئۆگىنىۋالغان يېرىم - يارتا موڭغۇلچە سۆز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— خىتايلارنىڭ كىتابلىرىدا تونۇشتۇرۇلۇشىچە ، بىلىمى چوڭقۇر كىشىلەر مۇنداق دېگەن ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچى قوماندانلارنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت : كۆپ پىلانلاش ، ئۆزگىرىشكە ماھىر بولۇش ۋە دۈشمەنىنى قايمۇقتۇرۇش .

— ناھايىتى دانا پرىنسىپ ، بىراق پەقەت بۇلار بولغان بىلەن كۇپايە قىلمايدىغۇ دەيمەن ، — دېدى باتۇخان .

— خىتايلاردىكى داڭلىق قوماندانلارنىڭ ھەممىسىدە بار بولغىنى دەل مۇشۇ نەرسىلەر . چىرىكلەرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى — ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش ، تېز ھۇجۇم قىلىش ۋە دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئاجىز ۋاقتىدا كۈچلۈك كۆر-



www.uyghurkitap.com

ستنش ، ماھىر بولمىغان ۋاقتىدا ماھىر قىلىپ كۆرستىش ،
يىراق يەردىكىنى يېقىن قىلىپ كۆرستىشتىن ئىبارەت .
باتۇخان پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇ خىتاينىڭ بارلىق سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ بولۇپ ئاخىرىدا :
— بۇ بىر ئۇلۇغ قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتا بىلىشكە
تېگىشلىك بارلىق بىلىملەرمۇ ؟ سەن بىر ھەربىي ئالىم ئەمەس ،
بەلكى كىشىنىڭ كۆزىنى قۇرۇتىدىغان شەپەرەڭكەنسەن ، — دېدى .
ئۇ سەرتەككە كۆز يۇگۇرتتى . سەرتەك ئاغزى يېرىم ئېچىقلىق پېتى
مۈگدەپ ئولتۇراتتى .
باتۇخان ئورنىدىن تۇردى . خىتاي ئالىمى ئۈن - تىن چىقار-
ماي پەقەتلا تەزىم قىلاتتى . بىز چېدىردىن چىققىنىمىزدا ئاسماننى
يۇلتۇزلار قاپلاپ كەتكەن ، ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە گۇلخان-
لار ياناتتى .
— ھازىر سەنمۇ كۆردۈڭ ، مېنىڭ ۋەلىي ئەھدىم بىر ھەقىقىي
جاھانگىر بولۇپ چىقالارمۇ ؟ يەنە كىم زىممەمدىكى يۈكنىڭ تەڭ
يېرىمىنى بۆلۈپ ئۆز زىممىسىگە ئالالايدۇ . تېخى ئانچە ئۇزۇن
بولمىدى ، بىز بىر ئورۇس قۇرۇقلۇقىدىن ئۆتكەن . مەن بىر
مىللەتكە ئىشەنمەيمەن ، ئۇ خۇددى قاياقتا ئەگسە ، شۇ ياقتا ئېگىلى-
دىغان بىر توپ دەرەخكە ئوخشىشىدۇ ، ئۇ ئەگسە ئېگىلىدۇ ، لېكىن
سۇنمايدۇ . مەن ھېچبىر رەھىم قىلماي ئۇلارنى يوقاتقانىدىم . لې-
كىن ، ھازىر ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، ئۇلار
يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ ، يەنە
ھەربىي ئەسكەرلىرىنى يىغىۋېتىپتۇ . ئورۇسلارنى مەڭگۇ بېسىپ
تۇرۇش ئۈچۈن مەن ئۇ يەرلەردە ناھايىتى كۆپ ھەربىي كۈچلىرىمى-
نى چىقىم قىلغانىدىم . كىيىق قايتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ،
چۈنكى بۇ باي شەھەرنىڭ ئورنىنى تاغدەك دۆۋىلەنگەن جەسەتلەر
قاپلاپ يېتىپتۇ ، جەسەتلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن . بىزدەك غەلىبى-
نى قولغا كەلتۈرگەنلەرمۇ ئۆزىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى بول-
غان ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيې-

دۇرۇش رەسمىيىتىنىمۇ ئادا قىلالمىدۇق . كىيىفنىڭ تاغ باغرىدا بىرنەچچە ئون مىڭ جەسەت ياتاتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ چېرىكلىرىمىزمۇ بار . رۇس ئەسكەرلىرى بار ئىدى . يەنە ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن ئاياللار ۋە بالىلارمۇ بار ئىدى .

نۆۋەتتە ، مەن ئۆزۈم قۇرغان جەننەت شەھەر كىيچ سارىيىغا كەتمەكچى ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىمەكچى . مەن كىيىف ۋە رۇس شەھەرلىرىدە تىرىك قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇستىلارنى تاللاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىمەن ، بۇلار ھەرخىل قول ھۈنەرلەرگە ماھىر ، بۇ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ پايدىلىق .

مەن يىراق يۇرتۇم قاراقورۇمغا بىرىپ موڭغۇللارنىڭ يېڭى خانىنى سايلاشقا قاتنىشىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدىم . لېكىن ، مېنىڭ بارغۇم يوق . مېنىڭ يېڭى ماكانىم بار . مەن بۇ دۆلەتنى ئۆز ئالدىمغا مەھكەم تۇتۇشۇم كېرەك . قۇرۇلتايدا مېنى خان قىلىپ كۆرسەتسىمۇ ، مەن ئۇنى رەت قىلىمەن ھەم باشقىلارنى سايلاشنى ، يەنى مېنىڭ ئىنىم ، ئادىل ، باتۇر ، پادىشاھنىڭ ئىنىسى بولغان مۆڭكەخانىنى خان قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن . بىراق ، مەن شۇنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يەتتىمكى ، قۇرۇلتايدا كۆپچىلىكنىڭ چوڭ ھوقۇق كۇتۇپ تۇرغان گۇيۇك خانىنى ھېلىقى ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ھەم ياۋۇز گۇيۇك خانىنى سايلىشى تۇرغانلا گەپ . ئۇلار كەتسە كېتىۋەرسۇن . مېنىڭ پۈتۈن قۇدرىتىم دەل مۇشۇ قىپچاق ياپلىقىدا . شۇڭلاشقا ، مەن تۆۋەندىكىلەر ئۇستىدە قاتتىق ئويغا چۆمدۈم . مەن مۇقەددەس تەڭرى قوشۇنلىرىغا قوشۇلغاندىن كېيىن قۇرغان دۆلەت قانداق بولىدۇ ؟ مېنىڭ ئەھدە ـ ۋەدىلىرىم بۇ بىر كۈچلۈك موڭغۇل ئېتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرالامدۇ ؟ يەنە كىم تۆمۈر ئالقىنىم بىلەن بويسۇندۇرغان بۇ بىر چوڭ زېمىننى كونترول قىلالايدۇ ھەم قوغداپ قالالايدۇ ؟ مەن بۇ زېمىننى كىمگە تاپشۇرىمەن ؟ ساختىپەز گۇيۇك خانىنىڭ يۇرۇشتىن ، قوشۇندىن ئايرىلىپ كېتىشى دەرۋەقە ياخشى ئىش . مېنى باققان ، ياشنىپ قالغان سۇبەتەي باتۇر ۋە مەن باققان ھەم



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەزىمەت ياردەمچىلەردىن بولۇپ چىقىشىغا تەشنا بولغان ياش يىسۇن نوغايلار بىرلىكتە بىزدىن ئايرىلدى .

تۇنۇگۈن سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى ئېيتتىڭ . شىمالدىكى نوۋگورودنىڭ ياش كىنەزى ئىسكەندەرنىڭ كىشىنى خاتىرجەمسىزلىككە سالىدىغان قىياپىتى دائىم كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ... ئۇ تۇيۇقسىز قوشۇن باشلاپ ھۇجۇم قىلسا مەن قانداق قىلىمەن؟ بۇ خىياللار كېچە - كۈندۈز مېنى چىرمىۋالدى . بىراق ، بۇلارنى باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ بىلىشىگە ھەرگىزمۇ بولمايدۇ . مېنىڭ پادىشاھلىقىمنىڭ كەلگۈسىنى قارا تۇمان قاپلىدى ، ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن تولدى...

يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭ باتۇخان بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۆھبىتىمنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى . مەن ھازىر بۇ خاتىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا ، كىشىلەرنى تەشۋىشكە سالغان يىللاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ھەرخىل ئىشلارنى ئويلىغىنىمدا ، مېنىڭ پەقەتلا بىر ئارزۇيۇم بار ، يەنى مەن كەلگۈسىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ بۇ ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى ، يەنى شەپقەتسىز ، مېھرسىز ، مەنىسىز كۆرۈشۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بوران - چاپقۇنلارنى قايتىدىن بېشىدىن ئۆتكۈزمەسلىكىگە تىلەكداشمەن .

1941 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە موسكۋادا يېزىلدى .

[General Information]
书名=走向“ 最后的海洋 ”　维吾尔文
SS号=40296225

www.uyghurkitap.com